دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر

# غايىبتىن كەلگەن باغۋەن

ئايشىگۈل ئۆزەر ( تۈركىيە)



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



ئايشگۈل ئۆزەر ( تۈركىيە)

# غايىبتىن كەلگەن باغۋەن

تەرجىمە قىلغۇچى: دىلشات سۇلتان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

外来的葡萄园主：维吾尔文 / (土) 厄泽尔著；迪利夏提·苏力坦译. — 乌鲁木齐：新疆人民出版社, 2015.9
ISBN 978-7-228-18774-4

Ⅰ.①外 … Ⅱ.①厄 … ②迪 … Ⅲ.①长篇小说 - 土耳其 - 现代 - 维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.①I374.45

中国版本图书馆CIP数据核字(2015)第235571号

Copyright © 2008 by Ayşegül Özer
涉外合同登记新权图字29 — 2015 — 17

| | |
|---|---|
| 责任编辑 | 伊丽达娜·阿不都热依木 |
| 责任校对 | 沙娜瓦尔·依不拉音 |
| 封面设计 | 买买提·诺比提 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 电　　话 | 0991-2827472 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 印　　刷 | 北京顺诚彩色印刷有限公司 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230毫米 32开本 |
| 印　　张 | 13.25 |
| 版　　次 | 2015年9月第1版 |
| 印　　次 | 2015年11月第1次印刷 |
| 印　　数 | 1-3000 |
| 定　　价 | 37.00 元 |

دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر



# غايىبتىن كەلگەن باغۋەن

ISBN 978-7-228-18774-4

定价：37.00元

# كىرىش سۆز

تۈركىيە ئايال يازغۇچىسى ئايشىگۈل ئۆزەر 1952 ـ يىلى تۈركىيەنىڭ كىرسېھىر دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان، كېيىنچە باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئوقۇغان، ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى تېببىي دورىگەرلىك ئىنستىتۇتىنى پۈتكۈزگەن. «غايىبتىن كەلگەن باغۋەن» ناملىق ئەسەر ئاپتورنىڭ بىرىنچى ئەسىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئەسەرنىڭ ۋەقەلىكى باش پېرسوناژ تاھسىن بىلەن ئايسۇننىڭ تۇرمۇش، مۇھەببەت، خۇشاللىق، قايغۇلىرىنى چۆرىدىگەن ھالدا قانات يايدۇرۇلغان.

تاھسىن ئاق كۆڭۈل، ئاددىي ـ ساددا، تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيىدىغان، كەسپچانلىقى كۈچلۈك، گۈزەل كېلەچەككە ئىنتىلىدىغان، كەسپتە ئۇتۇق قازانغان تۈركىيە ياشلىرىنىڭ ۋەكىلى. تاھسىن ھەربىي سەپتىن چېكىنگەندىن كېيىن دادىسىنىڭ زورى بىلەن ئۆزىدىن ئالتە ياش چوڭ، مۇھەببەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىغان مەلىھا بىلەن توي قىلىدۇ. ئۇلار توي قىلىپ ئالتە يىلغىچە پەرزەنت يۈزى كۆرەلمەيدۇ، تاھسىن ئايىسىنىڭ قايتا ـ قايتا زورلىشى بىلەن قايتا ئۆيلىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ. بۇ چاغدا مۆجىزە يۈز بەرگەندەك، تاھسىن ئايسۇننى ياقتۇرۇپ قالىدۇ. ئايسۇن غايىبتىن كەلگەن باغۋەن ئوسماننىڭ يالغۇز قىزى بولۇپ، ئاق كۆڭۈل، ئاددىي ـ ساددا، ئەقىللىك قىز ئىدى. ئۇلارنىڭ توي قىلىشى بىلەن رومانىنىڭ ۋەقەلىكى تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كېتىدۇ. مەلىھە تاھسىن

بىلەن ئايسۇننىڭ مۇھەببىتى ۋە نىكاھىغا توسقۇنلۇق قىلىش ئۈچۈن تۈرلۈك سۈيىقەستلەرنى پىلانلايدۇ، ھەتتا ئايسۇننى زەھەرلىك گۈمبەمەدەك بىلەن ئۆلتۈرمەكچى بولىدۇ، ئايسۇن تەلىيىگە زەھەرلىك گۈمبەمەدەكنى يېمەي، ئۇنىڭ ئورنىدا ئايال خىزمەتكار يەپ سېلىپ ئۆلۈپ كېتىدۇ. مەلىھا ئۆزىمۇ ئاخىرىدا ئاشۇ خىل زەھەرلىك گۈمبەمەدەكنى يەپ ئۆلۈپ كېتىدۇ.

تاھسىن بىلەن ئايسۇننىڭ پاك مۇھەببىتى گەرچە نۇرغۇن ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، بىراق ئۇلار ئاخىر بەختلىك، پارلاق، گۈزەل تۇرمۇشقا ئېرىشىدۇ.

# بىرىنچى باب

ئىيۇلنىڭ ئاخىرلىرى ئاناتولىيەنىڭ تومۇز ئىسسىقى باشلانغانىدى. تاھسىن ئەڭ يېڭى تىپتىكى پىكاپىنى ھەيدەپ ئۆيىگە كېتىۋاتاتتى. ئۇ پىكاپىنىڭ سوغۇق شامال چىقىرىدىغان كونوپكىسىنى يۇقىرىلاتتى. تاشيولدىن يېزا يولىغا چۇشكەندىن كېيىن ئويمان ـ دۆڭلەردىن ئېھتىيات بىلەن ئۆتتى. شۇنداقتىمۇ بىر چاغدا بىر كىچىك تاش كېلىپ پىكاپىنىڭ ئەينىكىگە ئۇرۇلدى. تاھسىن ئىختىيارسىز تىلللىۋەتتى:

— ئۆلگۈر !

ئەنە، ئۇز يېزىسىنىڭ ئېتىزلىرى كۆرۈندى، بەزى ئېتىزلاردىكى زىرائەتلەر يىغىپ بولۇنغان، بەزى ئېتىزلاردا كىشىلەر يەنە ئورما ئورۇش بىلەن ئالدىراش ئىدى.

«بۇ زىرائەتلەر بىر ھەپتىگە قالماي يىغىپ بولۇنغۇدەك، زىرائەتلىرىنى ئامبارغا كىرگۈزۈۋالسا، دېھقانلارمۇ ئۇھ دەيدىغان بوپتۇ ـ دە» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى تاھسىن.

بۇ يىل ئەتىيازدا يامغۇر ـ يېشىن ئاز بولدى، شۇڭا يول بويىدىكى ئۆستەڭدە سۇمۇ ئاز، ئەتراپتا ئېچىلغان ياۋا گۈللەرمۇ ناھايىتى شالاڭ ئىدى، ھەتتا ھەرە، ئۇششاق ھاشاراتلارمۇ ئىسسىقتىن قېچىپ يوشۇرۇنۇۋالغاندەك كۆرۈنمەيتتى. قار ـ يامغۇر كۆپ بولغان يىللىرى دەريا ـ ئۆستەڭدىكى سۇلارنىڭ شارقىراپ ئاققان ئاۋازىنى كەنتتە تۇرۇپلا ئاڭلىغىلى بولاتتى، بۇنىڭغا قوشۇلۇپ پاقىلارنىڭ كوركىراشلىرىمۇ ئاڭلىناتتى، دالالاردا، يول بويىدا جۇخارگۈلى ۋە ماماساگۈللىرى ئېچىلىپ كېتەتتى. خوتۇن ـ قىزلار دالالارغا چىقىپ نۇرغۇن ياۋا

كۆكتاتلارنى يىغىپ كېلەتتى، ئۆي ـ ئۆيلەردە ھەر ھەپتىدە ئىككى ـ ئۈچ قېتىم تۇگمىگۇل يوپۇرمىقى ۋە باشقا ياۋا كۆكتاتلاردىن تۇرمەل قاتارلىق تاماقلارنى ئېتەتتى. مانا ئەمدى يول بويىدىكى گۈل ـ گىياھلار قىزىق قۇياش تەپتىدىن سارغىيىپ، ماغدۇردىن كەتكەندەك باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ سولىشىپ كەتكەندى. بىردىنلا تاھسىننىڭ سامساق ۋە قېتىق ئارىلاشتۇرۇپ، قىزىلچا بىلەن تۇگمىگۈل يوپۇرمىقىدىن ئەتكەن تۇرمەل يېگۈسى كېلىپ كەتتى.

«بېرىپ ئاپامغا دەي، ئەگەر يەنە بار بولسا، ئاپام ئادەم ئەۋەتىپ تۇگمىگۈل تەرگۈزۈپ كەلسۇن، بۇ يىل يازدا تۇگمىگۈل بەك كۆپ بولغانىدى، ئەمما بۇ چاغقىچە قېرىپ كەتتىمۇ دەيمەن.»

تاھسىن يەنە ئون مىنۇتتەك ماڭسا ئۆيىگە يېتىپ باراتتى. ئۆيى كۆز ئالدىغا كېلىشى بىلەنلا كۆڭلى بەكمۇ يېرىم بولدى. ئۇلار توي قىلغىلى ئالتە يىل بولدى، ئەمما بالىلىق بولالمىدى، ئۇلار شەھەردىكى دوختۇرخانىلارنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك بېرىپ كۆرۈنگەن بولسىمۇ، ھېچقانداق ئۈنۈمى بولمىدى. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشنىڭ نەتىجىسىمۇ بۈرۈنقىغا ئوخشاشلا چىققانىدى. ئەگەر ئۇ بۇنى خوتۇنىغا ئېيتسا، قانداق بولۇپ كېتەر؟ تاھسىننىڭ كۆڭلى ئېغىر دەردكە تولدى.

«ئۇنىڭغا بىر مەزگىل دېمەي تۇراي» دەپ ئويلىدى ئۇ.

ئۇ بۇ ئىشنى ھېچكىمگە دېمەسلىك قارارىغا كەلدى، چۈنكى ھازىر ئۆزىنى قايتا ئۆيلەن دەپ كۆزىگە كىرىپلىۋالغان ئاپىسىنى توسۇيالمايلا قالغانىدى، ئاپىسى بولسا ھە دەپ ئۇنىڭغا بىسىم ئىشلەتمەكتە ئىدى.

«بالام، بۇ دېگەن ئۆرپ ـ ئادەت» دەيتتى ئاپىسى دائىم ئۇنىڭغا. دادىسىمۇ ھازىر بۇ گەپلەرگە بۇرۇنقىدەك رەددىيە بەرمەيدىغان بولۇپ قالدى. دەسلەپكى چاغلاردا دادىسى تاھسىننىڭ تەرىپىنى ئېلىپ، بۇ توينى ئۆز سەيدىشى بىلەن خېلى يىللار بۇرۇن كېلىشكىنى بويىچە قىلغانلىقىنى پەش قىلىپ چىڭ

تۇرغانىدى. دادىسى بىلەن تاھىسىنىڭ قېيىنئاتىسى ھۇسام بەگ ھەربىي سەپتە بىللە ئىشلىگەن سەپداشلاردىن ئىدى. ئۇلار ئىككى قوشنا كەنتتىكى ئىككى بەگنىڭ ئوغۇللىرى بولغاچقا، ھەربىي سەپتە بىر ـ بىرىگە ھەمدەم بولۇپ ئۆتۈشكەنىدى. ھەربىي سەپتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇلار قۇدا بولۇشقا كېلىشكەنىدى. توي قىلغاندا تاھىسىن ئون سەككىز ياشتا، خوتۇنى ئۇنىڭدىن ئالتە ياش چوڭ ئىدى. ھۇسام بەگنىڭ باشقا بالىلىرى تۇگەپ كەتكەندىن كېيىن، تاھىسىنىڭ دادىسى ئۆز ۋاقتىدىكى ۋەدىسى بويىچە، بالىلارنىڭ ئارىسىدىكى ياش پەرقىگە قارىماي، ئۆزىنىڭ بىردىنبىر ئوغلىغا سەپدىشىنىڭ قىزىنى ئېلىپ بەردى. تاھىسىن ئۆزىنىڭ توينى ئېسىگە ئالدى. ئۇ چاغدا توي ناھايىتى قىزىپ كەتكەن، تويغا ئەتراپتىكى بىرنەچچە كەنتتىن نەچچە يۈز ئادەم كەلگەن، توي تاكى يېرىم كېچىگىچە داۋاملاشقانىدى.

نېمىشقىدۇر تاھىسىن خوتۇنىنى ئازراقمۇ ياخشى كۆرمەيتتى. تاھىسىن كىچىكىدىن ئاپىسىنىڭ ھىمايىسىدە چوڭ بولغاچقىمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ، ئەيتاۋۇر كىچىكىدىنلا ياۋاش، قۇلىقى يۇمشاق چوڭ بولغانىدى، ئەمما ئۇ كىچىكىدىن ئوۋ ئوۋلاشقا بەكلا ئۆچ ئىدى.

ئۇ سەل چوڭ بولغاندىن كېيىن دادىسى ئۇنىڭغا ئەڭ يېڭى نۇسخىدىكى ئوۋ مىلتىقى ئېلىپ بېرىپ، ئۇنى مەجبۇريي ئوۋ ئوۋلاشقا ئاپاردى.

«ئەركەك دېگەن مىلتىق ئىشلىتىشنى بىلىشى كېرەك، مىلتىق ئېتىشنى ئوۋ ئوۋلاشتا ئۆگىنىدىغان گەپ» دادىسى ئۇنى شۇنداق دەپ رىغبەتلەندۇرگەنىدى.

ئەمما، ئاپىسى بۇ ئىشقا قارشى ئىدى، چۈنكى تاھىسىنىڭ ئالدىدىكى تۆت پەرزەنتىنىڭ ھەممىسى تۇگەپ كەتكەنىدى. شۇڭلاشقا، ئاپا ھەر خىل ئامال ـ چارىلەر بىلەن ئۆزىنىڭ بىردىنبىر ئوغلىنى ئوۋ ئوۋلاشقا چىقارماسلىققا تىرىشاتتى.

ئەمما، دادىسى بەك قاتتىق تۇرۇۋالغاچقا، ئاپىسى ئاخىر بۇنىڭغا يول قويغان. تاھىسىنىڭ خوتۇنى مەلىھا باغرى تاش، تەلەتى سۇرۇن، باشقىلارنى ھاكاۋۇرلارچە ئىشقا بۇيرۇشقا ئامراق خوتۇن بولۇپ، ئۇنىڭغا ھەممەيلەنلا ئۆچ ئىدى. مەلىھا تاھىسىنىڭ ئاپىسى بىلەن دەسلەپتىلا يوشۇرۇن تىركەشكەنىدى، ئاخىر مەلىھا ئۆزىنىڭ بىشەملىكى بىلەن ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆكتەملىكى ۋە ئەتراپىدىكى يالاقچىلىرىنىڭ كۈچى بىلەن بۇ قورۇقتىكى گېپى گەپ بولىدىغان غوجايىنغا ئايلاندى. ئۇنىڭ قورۇقتىكى شۇملۇقلىرىنى قېيىنئاتا ـ قېيىنئاپىسى بىلمەيتتى. قېيىنسىڭلىسى نازلى بىلەن بولغان مەنپەئەت توقۇنۇشىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مەلىھا قىلىمەن دېگىنىنى قىلىپ، ئالىمەن دېگىنىنى ئالالايدىغان خوتۇن ئىدى.

نازلى تاھىسىدىن ئۈچ ياش كىچىك ئىدى. ئۇمۇ مەلىھاغا ئوخشاش باغرى تاش، شەپقەتسىز، ئەركە ـ نايناق خېنىم بولۇپ، ئالىمەن دېگىنىنى ئېلىپ ئۆگەنگەن قىز ئىدى. ئۇ ئاكىسىدەك مۇلايىم، رايىش ئەمەس، شۇڭلاشقىمۇ ئۇ دائىم ئاتا ـ ئانىسىدىن دەشنەم يەپ يۈرەتتى. چوڭلار ئۇنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشى ھەرگىزمۇ چوڭ جەمەتنىڭ قىزىغا ئوخشىمايدۇ، دەيتتى. بۇنداق ئەيىبلەشلەر ئۇنىڭ ئاكىسىغا بولغان ئۆچمەنلىكىنىڭ چوڭ سەۋەبى ئىدى. ئۇ كىچىكىدىنلا ئۆزىنى كۆرسىتىشكە ئامراق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ ئات مىنىشنى ئۆگەنگەن، ئۆگەنگەندىمۇ خېلى ئوبدانلا مىنەتتى، ئۇ يەنە مىلتىق ئاتالايتتى. ئۇ بۇرۇندىنلا بارلىق ئاماللار بىلەن پۈتۈن قورۇقنى ئۆز قولىغا كىرگۈزۈپ، ھەممىگە ئىگە بولۇش كويىدا بولۇپ يۈرگەنىدى. ئۇ چاغدا ئۇ بۇ ئەتراپتىكى گېپى ئۆتىدىغان ئايال غوجايىنغا ئايلىنالايتتى. ئۇنىڭ كۆزىگە پۇل بىلەن ھوقۇقتىن باشقا نەرسە كۆرۈنمەيتتى. گەرچە ئۇ ئاللىقاچان ياتلىق بولۇش يېشىغا يەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئۆزىگە ئوخشاش مىجەزدىكى ئەرنى تېپىپ

ياتلىق بولۇش كويىدا ئىدى. دادىسى قىزىنى مەجبۇرىي ياتلىق قىلىشقا قوشۇلمايتتى. چۈنكى، بوۋاي مېنىڭ ياشلىقىمدا ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكىمنىڭ دەردىنى ھازىر ھەممىمىز تارتىۋاتىمىز، ئوغلۇممۇ ئازاب ئىچىدە ياشاۋاتىدۇ، قىزىم بولسىمۇ ئۆزى خالىغان ئادىمى بىلەن توي قىلسۇن دېگەن ئويدا ئىدى.

مەلىھا شۇ تاپتا قېتىقتا بىر تىزىق تىللاغا سېتىۋالغان دورىنى ئارىلاشتۇرۇۋاتاتتى. ئۇ بۇ ئىشنى ئاغزىدا ئاللىقانداق ئايەتلەرنى ئوقۇپ تۇرۇپ قىلىۋاتاتتى. مانا، مەخسۇس ئېرى ئۈچۈن تەييارلىغان دورىلىق قېتىقمۇ تەييار بولدى. تۈنۈگۈن ئاخشام ئېرى تاھسىن ئەتە بارىمەن دەپ تېلېفون قىلغان، شۇ تاپتا ئۇ ھەر زامان ئىشىك ئالدىدا پەيدا بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. مەلىھا بۇ كۈننى تۆت كۆزى بىلەن زارىقىپ كۈتكەنىدى. ئۇ بۇ دورىنى نۇرغۇن ئادەملەرنى ئىشقا سېلىپ، تەرەپ ـ تەرەپتىن ئىزدىتىپ، بىر يىلدەك ۋاقىتتا ئاران بىر چەت ـ ياقا يېزىدىن تېپىپ كەلدى. ئۇ بۇ دورا بىلەن ئۆزىنىڭ ھامىلىدار بولىدىغانلىقىغا بەكلا ئىشەندى. مەيلى ئۇنىڭ ئۆز كەنتىدە بولسۇن، مەيلى بۇ قورۇقتا بولسۇن نۇرغۇن دۈشمەنلىرى بار ئىدى. ئۇنىڭ بىرەر بالىسى بولۇپ قالسا، ئۇ بالا بىرلا ۋاقىتتا ئىككى يەردىكى مىراسقا ۋارىسلىق قىلاتتى. شۇنداق بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى ئۇ توي قىلغاندىن تارتىپ تا ھازىرغىچە ئۇنىڭ پەرزەنتلىك بولۇشىنى ھەر خىل ئامال ـ چارىلەر بىلەن توسۇپ كەلدى. مەلىھا پۈتۈنلەي شۇنداق دەپ ئويلايتتى، ئەتراپىدىكىلەرمۇ شۇنداق ئويلايتتى، شۇڭا ئۇلار دوختۇرنىڭ تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە پىسەنت قىلمايتتى. مانا ئەمدى ياخشى بولدى، دورىنى تاپتىم، ھەممە ئىش كۆڭلۈمدىكىدەك بولىدىغان بولدى، دەپ ئويلىدى مەلىھا. ئەگەر ئۇنىڭ ئېرى قورۇقتا سەل ئۇزاقراق تۇرسا ئىدى، ئۇ چاغدا يېرىم يىلغا بارمايلا ھەممەيلەن ئۇنىڭ ھامىلىدار بولغانلىق

خەۋىرىنى ئاڭلىغان بولاتتى. ئۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان قىيىنئاپىسى بىلەن قېيىنسىڭلىسىنىڭ چىرايىنىڭ قانداق بولۇپ كېتىشىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. شۇ كۈنگە يېتىش ئۈچۈن ئۇ ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتىن يالتايمايتتى. ئۇ بۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئىختىيارسىز ئۈنلۈك سۆزلەپ كەتتى:

— قاراپ تۇرۇڭلار، ھامان بىر كۈنى جاجاڭلارنى بېرىمەن. بۇ قورۇقنىڭ بىردىنبىر غوجايىنى مانا مەن. نازلى، قاراپ تۇر، مەن بىلەن قارشىلىشىشنىڭ تەمىنى ھامان ساڭا تېتىپ قويىمەن!

پىكاپىنىڭ دەرۋازىدىن كىرىۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلاپ چەكسىز خۇشاللىقتا چۆمگەن مەلىھا بىردىنلا جىددىيلىشىپ كەتتى. ئۇ قېتىقنى تاھىرنىغا ھېچقانداق گۇمانلانمايدىغان ئەھۋالدا ئىچۈرۈۋېتىشى كېرەك. مەلىھا قېتىق قاچىلانغان چىنىنى قاچا ـ قۇچا ئىشكاپىنىڭ ئىچىگە تىقىپ، پەردىسىنى تارتىپ قويدى.

تاھىرنىڭ پىكاپى دەرۋازىدىن كىرگەندە غوجىدار ھاسان بىلەن يەنە ئۈچ خىزمەتكار پىكاپىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىشتى. ئۇلار تاھىرنىغا پىكاپىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ بەرمەكچى بولۇشقانىدى. ئەمما، ئۇلار بېرىپ بولغۇچە تاھىر پىكاپتىن چۈشۈپ بولدى.

— مەرھابا بايۋەچچە.

— تەشەككۈر، ھاسان تاغا.

تاھىر بالىلىق ۋاقتىلىرىدىن تارتىپلا غوجىدار ھاساننى ئۆزىنىڭ ئىككىنچى دادىسىدەك كۆرەتتى. ھاساننىڭ بالىسى بولمىغاچقا، ئۇ تاھىرنىغا قەۋەتلا ئامراق ئىدى. تاھىر كىچىك ۋاقتىدا ھاسان ئۇنى بويىنىغا مىندۈرۈۋېلىپ، دەرەخلەردىكى مېۋىلەرنى ئۈزدۈرەتتى، ئەتراپنى ئايلاندۇرۇپ ئوينىتاتتى.

— قارىغا، ئۇلارنىڭ تۇرۇشىغا... تېز كېلىپ بايۋەچچىنىڭ چامادانىنى ئالماسىلەر. بايۋەچچە، ئەيىبكە بۇيرۇماڭ، ھاۋا ئىسسىپ كەتكەچكە، ئۇلارنىڭ كالىلىسى ئېلىشىپ كەتكەن ئوخشايدۇ.

— ھېچقىسى يوق، ھاسان تاغا، ئۇلار چامادانىنى ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى ئۆيگە ئەكىرىپ قويسۇن، ماۋۇ ئولگە ماللارنى مېھمانخانىغا ئەكىرىۋەتسۇن. دادام ئۈستىدىمۇ؟
— بېگىم چۈشلۈك ئۇيقۇدا، تۇرىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى.
— ئۇ تۇرغاندا ماڭا خەۋەر قىلىۋېتىڭ. ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىدىغان گەپ بار.
— لەببەي، بايۋەچچەم.
تاھسىن ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىققاندا، خوتۇنى ئۇنى پەلەمپەينىڭ ئالدىدا ساقلاپ تۇراتتى.
— خۇش كەلدىڭىز، غوجام.
— ھەئە.
تاھسىنغا خوتۇنى بۇرۇنقىدىنمۇ سەمرىپ كەتكەندەك كۆرۈندى.
مەلىھا بىر قىز خىزمەتكارنى بۇيرۇدى:
— ئۇلارغا ئېيت، تېزرەك مۇزدەك قېتىق تەييارلىسۇن.
دېمىسىمۇ بۇنداق ئىسسىق كۈنلەردە ئازراق قېتىق ئىچىپ راھەتلىنىپ ئۇخلاش ئەڭ ھوزۇرلۇق ئىش ئىدى. تاھسىن ئۇدا بىرنەچچە سائەت پىكاپ ھەيدەپ كەلگەنىدى. تاھسىن ئۆيگە كىردى. ئۇ كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇۋاتقاندا، مەلىھا خىزمەتكار قىز ئەكىرگەن قېتىقنى ئۆزى تەييارلاپ قويغان قېتىققا ئارىلاشتۇرۇۋەتتى ـ دە، ئۇنى كىچىك بىر چىنىگە قۇيۇپ، ئۈستەلگە قويۇپ قويدى. تاھسىن چىنىدىكى قېتىقنى بىر كۆتۈرۈپلا ئىچىۋەتتى. مەلىھا چوڭقۇر بىر تىندى. ئىش ئۇنىڭ ئويلىغىنىدىنمۇ ئاسان بولغانىدى. ئۇ يەنە بىر چىنە قۇيدى. تاھسىن ئۇنىمۇ خۇددى ھەرقانداق نەرسىنى ئىچىسىمۇ ئۇسسۇزلۇقى قانمايدىغاندەك غورتۇلدىتىپ ئىچىۋەتتى. بۇ قېتىقنىڭ تەمى ئۇنىڭغا دېگەندەك ياقمىدى، ئۇنى نېمىدىن ئېچىتقاندۇ، نېمىلا دېگەنبىلەن، بۇنداق تىنچىق كۈنلەردە ئازراق

قېتىق ئىچىش ھەقىقەتەن ھۇزۇرلۇق ئىش ئىدى.
— بۈگۈن ئاغزىمغا ھېچ نەرسە تېتىمايلا قالدى، نېمە يېسەم، ئىچسەممۇ پەقەتلا ئاغزىمغا تېتىمايۋاتىدۇ.
تاھسىننىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ مەلىھانىڭ يۈرىكى قارتىلا قىلىپ قالدى، ئەمما ئۇ دەرھاللا ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى:
— بۇنداق ئىسسىقتا كىمنىڭ ئاغزىغا بىرنەرسە تېتىسۇن...
— توغرا، مەن بىردەم ئارام ئېلىۋالاي، دادام چاقىرىپ قالسا، مېنى ئويغىتىۋەتكىن، ئۇنىڭغا دەيدىغان گەپ بار.
— مەن خىزمەتكارلارغا دەپ قوياي، ئۇلار غوجىدارغا دەپ قويسۇن. ھە، راست ... تاھسىن (ئادەتتە ئۇلار ئىككىسى قالغاندا مەلىھا ئېرىنىڭ ئىسمىنىلا چاقىراتتى)، دوختۇرنىڭ تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى ئالالىدىڭىزمۇ؟
— ھە، ئۇنتۇپ قالغىلى تاس قاپتىمەن، نەتىجە تېخى چىقماپتۇ. كېلەر ھەپتىدە چىقىدىكەن. تەكشۈرۈش نەتىجىسى چىققان ھامان ئۇلار ماڭا تېلېفون قىلىدىغان بولدى.
تاھسىن كارىۋاتقا چىقىپ يېتىپ، كۆزىنى يۇمدى.
مەلىھا چوڭقۇر بىر تىنىپ قويدى، ئۇلار گەرچە بىرنەچچە ھەپتە كۆرۈشمىگەن بولسىمۇ، ئېرىدە ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئازراقمۇ ئىنتىلىش يوق ئىدى. «ئەجەبا مەن تاقىلداپ كېتەمدىم؟» مەلىھا ئۆز - ئۆزىگە شۇنداق دەپ غودۇڭشىپ قويدى. مەلىھا ئۆيدىن چىقتى، ئىشىك تۈۋىدە بىر مۈشۈك ھۇرۇنلۇق بىلەن بەدەنلىرىنى يالاۋاتاتتى. مەلىھا ئۇ مۈشۈكنى غەزەپ بىلەن بىرنى تەپتى:
— يوقال، نەس باسقۇر، — ئۇ پۈتۈن ئاچچىقىنى مۈشۈكتىن ئالغانىدى، نېمە بولغانلىقىنى بىلەلمىگەن مۈشۈك قاتتىق مىياڭلاپ قېچىپ كەتتى.
بۇ چاغدا ئۇنىڭ قېيىنئاپىسى بىلەن نازلى دەرۋازىدىن كىرىۋاتاتتى. ئۇلار باشقىلارنى يوقلاپ كەلگەندەك قىلاتتى. ئۇنىڭغا كىممۇ ئىشەنسۇن؟ مەلىھا ئۇلارنىڭ تاھسىن ئۈچۈن ئىككىنچى خوتۇنلۇققا نامزات ئىزدەپ يۈرگەنلىكىنى

ئاللىبۇرۇنلا ئاڭلىغانىدى. ئۇ خوتۇن كىملەرنىڭ قىزىنى تاپتى كىم بىلىدۇ؟ ئەمما، ھازىر تاھىسىنىڭ توقال ئېلىش نىيىتى يوق. كىم بىلىدۇ، كۆنلەرنىڭ بىرىدە كىمدۇر بىرسى ئۇنى ئۆزىگە قارىتىۋالامدۇ تېخى. مەن ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇشۇم كېرەك، ئەمدى ۋاقىت كۆپ قالمىدى. ھازىر قېيىنئاتام ئۆمەر بەگمۇ خوتۇنىنىڭ ئوغلىغا توقال تېپىش ئىشىغا بۇرۇنقىدەك قارشى تۇرمايدىغان بولۇپ قالدى.

— ئاپىسى، يەنە سەل تەخىر قىل، بىلىسەنغۇ، نۇرغۇن ئائىلىلەرنىڭ كېلىنلىرى توي قىلىپ يەتتە ـ سەككىز يىلدىن كېيىن ھامىلىدار بولغانغۇ، — بوۋاي مۇشۇنداق سۆزلەر بىلەن مومايغا قارشى تۇرغان. مەلىھا بۇ ئۆيگە كېلىن بولۇپ كىرگەندىن كېيىن، بىر خىزمەتكار قىزنى ئالداپ، مەجبۇرلاپ، قېيىنئاتا ـ قېيىنئاپىسىنىڭ سۆزلىرىنى يوشۇرۇنچە ئاڭلاپ ئۆزىگە يەتكۈزۈپ تۇرۇشقا كۆندۈرگەنىدى. ئەمما، نازلىنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىش ئۇنچە ئاسان ئىش ئەمەس، ئۇنىڭغىمۇ يوشۇرۇنچە ئاڭلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىش كېرەك. مەلىھا مانا بۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەچ پەسكە چۈشۈپ، قېيىنئاپىسى بىلەن قېيىنسىڭلىسىنىڭ ئالدىغا توغرا كېلىپ قالدى:

— بۇنداق ئىسسىقتا نەلەرگىمۇ بارغانسىلەر؟

قېيىنئاپىسى گەپ قىلمىدى، نازلى جاۋاب بەردى:

— ھاممامنىڭ كېلىنى بوشىنىپتىكەن، شۇنى يوقلاپ كەلدۇق، ئۇلار خەۋەر بەرگىلى خېلى كۈنلەر بولغانىدى، ۋاي، شۇنداق ئوماق ئوغۇل تۇغۇپتۇ دەڭە، بالىلىق بولاي دېگەنلەرگە مۇشۇنداق ئامەت كەلسىكەن دەيمەن.

نازلى گېپىدە مەلىھاغا ئوبدانلا تەگكۈزۈۋالغانىدى، نازلىنىڭ مۇنداق دەيدىغانلىقىنى ئويلىمىغان مەلىھا ئارتۇق گەپ قىلالماي قالدى، ئۇ زورغا تۇكۇرۇكىنى يۇتۇۋېتىپ، ئەتراپقا قارىۋېتىپ، گەپنى بۇرىدى:

— تاھىسىن ھېلىلا قايتىپ كەلدى.

— ھە، پىكاپىنى كۆردۈق، ئۇ قېنى، دادىسىنىڭ يېنىدىمۇ؟ — دېدى قېيىنئاپىسى.
— ئۇ ئۆيدە دەم ئېلىۋاتىدۇ.
— بىزمۇ بىردەم ئۇخلىۋالايلى، — موماي بۇ گېپى بىلەن ئوتتۇرىدىكى ئوسال ھالەتنى ئوڭشىماقچى بولدى. بۇ چاغدا نازلى بىلەن مەلىھانىڭ كۆزلىرى بىر - بىرىگە غەزەپ بىلەن تىكىلىپ قالغانىدى. «قاراپ تۇرۇڭلار، ئۇزاق ۋاقىت قالمىدى» مەلىھا خىيالىدىن شۇلارنى ئۆتكۈزدى.
تاھىسىن دادىسى بىلەن خېلى ئۇزاقىچە پاراڭلاشتى. ئۇ ئەكەلگەن مەھسۇلات ئۈلگىلىرى ھەققىدە ئوبدان بولۇپ، ئۇ ئۆز ئەجرىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرگەنىدى. ئۇ بۇ خۇرۇملارنى ئىشلەپچىقىش ئۈچۈن ئىككى يىلدىن بۇيان كېچە - كۈندۈز دېگۈدەك ئىشلىدى، خېلى كۆپ مەبلەغ سالدى. ئەمما، شۇنىڭغا تۇشلۇق نەتىجە كۆردى. بۇنداق پارقىراق، بۇنداق يۇمران، بۇنداق پۇختا خۇرۇملار بازارغا سېلىنسا، خۇرۇمچىلىققا چوقۇم يېڭى بىر يۈكسىلىش ئېلىپ كېلىشىدە گەپ يوق ئىدى.
تاھىسىن بازارلىق تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، شەھەرگە كىرىپ ئالىي مەكتەپتە توقۇمىچىلىق كەسپىدە ئوقۇدى. ئۇ كىچىكىدىن ھايۋانلارغا بەك قىزىقاتتى، شۇڭا ئۇ پۈتۈن زېھنىنى تېرە ئىشلەش، تېرە مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشقا سەرپ قىلىپ، ئاخىر ئۆز نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرغانىدى. ئۇ خېلىدىن بېرى شەھەردىكى تېرە زاۋۇتىنىڭ كۆلىمىنى كېڭەيتىپ، ئۆزىنىڭ كۇرسلۇق خۇرۇم كىيىم - كېچەكلىرىنى ئىشلەپچىقىرىپ، چەت ئەل بازارلىرىغا سېلىشنى ئويلاپ كەلگەنىدى. دادىسى ئۇنى ماددىي جەھەتتىن قوللىدى. مانا ئەمدى پۇل تېپىش پەيتى كەلگەنىدى. خام ئەشيا قىلىدىغان تېرىلەرنى يىغىش ئىشىنى غوجىدار ھاسانغا تاپشۇرماقچى بولۇشتى، ھاسان بۇ ئەتراپتا خېلى داڭقى بار ئادەم بولغاچقا، بۇ ئىشنى ھېچكىم ھاساندەك بېجىرەلمەيتتى.

ئىشىك چىكىلدى. ئىشىكتە غوجىدار ھاسان پەيدا بولدى:
— بېگىم، مېنى چاقىرغانمىدىلە؟
تاھىسىن ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىمىنى تۈزەشتۈردى:
— ھاسان تاغا، خۇش كەلدىڭىز، بۇ يەردە ئولتۇرۇڭ.
— تەشەككۇر بايۇەچچەم.
ھاسان تاھىسىن كۆرسەتكەن يەردە ئولتۇرماي، ئىشىك تۈۋىدىلا، ئۆمەر بەي بىلەن تاھىسىندىن خېلى نېرىدا ئولتۇردى. ئۆمەر بەي ئادەتتىكىدەك مۇلايىم ئاۋازدا سورىدى:
— ھاسان غوجىدار، دەپ باققىنا، بۇ يىلقى ھوسۇلدىن سەن رازىمۇ؟
— بېگىم، ئامىتىمىز بار ئىكەن، سىلىمۇ بىلىلا، بۇ يىل ھۆل - يېغىن ئاز بولغان بولسىمۇ، ھوسۇلىمىزنىڭ مۇنداق ئوبدان بولۇشىنى كىم ئويلىغان دەيلا. يېرىمىزنىڭ مۇنبەت بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك، بۇغدايلار تىزدىن ئاشمىغان بولسىمۇ، دانلىرى ئادەمنى خۇشال قىلغۇدەك توق. سىلى يىغىنلار دېسىلىرى، بىر ھەپتىگە قالماي ھەممە بۇغداينى تەخ قىلىپ ئامبارغا كىرگۈزۈپ بولىمىز. ئۈزۈممۇ پىشىپ قالدى، ساپاقلىرى شۇنداق يوغان دېسىلە. ئەمما، بۇ يىل ئىشلەمچى تاپماق تەستەك قىلىدۇ. ئۆيىمىزدە ئادەم جىق بولغان بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى - ھە! باشقىلارمۇ ئىشلەمچى ئىزدەۋاتىدۇ. شال تېخى پىشمىدى، ھوسۇلنى بۇلتۇرقىغا يەتمەيدۇ دېگەن تەقدىردىمۇ ھەرھالدا يامان ئەمەس.
— بىزنىڭ ئىشلەمچىلىرىمىز رازىمۇ؟
— رازى بولمىسىمۇ ئۇلار قانداق قىلالايتتى بېگىم؟ ھەربىر ئادەمنىڭ جېنى ئۆزىدە. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز ھەربىر ئىشلەمچى ئائىلىسىگە بەش كورە بۇغداينى ئارتۇق بېرىمىز. باش ئەتىيازدا ھال - كۈنى ناچارراق ئىشلەمچىلەرنى بىز تاشلاپ قويمىدۇققۇ؟ ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوبدان تۇرۇۋاتامدۇ؟ ئۇلار بېگىمگە ھەشقاللا دېسە بولىدۇ. يوقىرىقى يېزىلاردىكى دېھقانلار ئارانلا

ئۆچتىن بىرىگە ئىگە بولىدىكەن. ھوسۇل ناچار بولغان يىللىرى ئۇلار بۇنىمۇ ئالالمايدىكەن. بېگىم، ئىگەم ئۆمۈرلىرىنى ئۇزۇن قىلغاي. بىزگە سىلى بولمىسىلا بولمايدۇ بېگىم.

— سېنىڭ ئۆمرۈڭنىمۇ ئۇزۇن قىلغاي خۇدايىم، قارىغىنا، تاھسىن ساڭا قانداق ئوبدان نەرسىلەرنى كۆرسەتكىلى ئەكەلدىكىن؟

غوجىدار تاھسىنغا قىزىقىش بىلەن قارىدى:

— بايۋەچچەم، سىز ماڭا نېمىلەرنى كۆرسەتمەكچى؟

تاھسىن خالتىدىن ئۆزى ئەكەلگەن خۇرۇملارنى بىر - بىرلەپ چىقىرىپ، غوجىدارنىڭ ئالدىغا قويدى.

— تاغا، بۇ خۇرۇملار قانداق ئىكەن؟

غوجىدار خۇرۇملارغا ھەيرانلىق ئىچىدە تىكىلدى، ئۇلارنى ئىنچىكىلىك بىلەن ئۆرۈپ - چۆرۈپ كۆردى - دە، چىرايىدا خۇشاللىق ۋە ھاياجان جىلۋە قىلدى:

— ئۆمرۈمدە مۇنداق ئېسىل خۇرۇمنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم بايۋەچچەم، بۇ خۇرۇملارنى بىز يىغقان تېرىلەردىن ئىشلىگەنمۇ؟

— ئەلۋەتتە، ھاسان تاغا، سىز نېمە دەپ ئويلاپ قالدىڭىز؟

— پەقەتلا ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ. ئۇنداقتا بۇ خۇرۇملارنى بىز ئۆزىمىز ئىشلەپچىقىپتىمىز - دە؟ سىلەر تېرىلەرنى قانداق قىلىپ شۇنچە نېپىز، شۇنچە يۇمشاق قىلالىدىڭلار؟ بۇ دەمەشقنىڭ يىپەكلىرىدەكلا تۇرىدىكەنغۇ!

بۇ سۆزدىن ھاياجانلانغان تاھسىنمۇ سۆزلەپ كەتتى:

— بىز ئاخىر ئۆزىمىز ئويلىغاندەك خۇرۇمنى ئىشلەپچىقتۇق. ئەمدىكى مۇھىم ئىش ھەم ئەرزان، ھەم ياخشى تېرىلەرنى يىغىشتا، ھاسان تاغا، سىزنىڭچە قانداق؟ بىز شۇنداق قىلالامدۇق؟

— بايۋەچچەم، سىزلا بۇيرۇسىڭىز بىز پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن بەجا كەلتۈرىمىز. بىز بۇرۇن سىزگە يارىغۇدەك تېرىلەرنى يىغقان ئەمەسمىدۇق، بۇ ئىشنى قىلىدىغان ئادىمىمىزنى كۆپەيتسەك

بولىدۇ. ئەتراپىتىكى سودىگەرلەر بىلەن قوشخانىلارغا بېرىپ ئۇلارنىڭ تېرىلىرىنى يىغىپ كېلىش توغرىسىدا سۆزلەشسەكلا بولىدۇ. بۇ ئىشتىن خاتىرجەم بولۇڭ. بىزنىڭ گەپلىرىمىز بۇ ئەتراپتا يەنىلا قانۇندەك كۈچكە ئىگە جۇمۇ.

— مەن مانا مۇشۇ گېپىڭىزنى ئاڭلىماقچىدىم تاغا، رەھمەت سىزگە. ئەمدى كۆڭلۈم ئەمىن تاپتى.

— بايۋەچچەم، تۇزۇت قىلماڭ، باشقا ئىش بولمىسا مەن چىقىپ كەچلىك تاماقنىڭ تەييارلىقىنى كۆرۈپ باقاي. كەچتە كۆپ مېھمان كېلىدۇ، — ئۇ شۇنداق دەپ كىيىملىرىنى تۈزەشتۈرۈپ ئىشىك تەرەپكە ماڭدى، كېتىۋېتىپ ئۇستەلدىكى خورۇملارغا ئىختىيارسىز يەنە بىر قېتىم قاراپ قويدى.

— كېلەر ھەپتىدىن باشلاپ، — دېدى تاھىسىن دادىسىغا، — مەن شەھەردىكى تەييارلىقلارنى باشلاپ كېتىمەن. ئالدى بىلەن كېسىمچىلىك سېخى ئۈچۈن جاي تېپىش كېرەك. مەن يەر مۇلۇكچىلىك ۋاستىچىلىرى بىلەن سۆزلىشىپ، مۇۋاپىق يەر تاپاي، ئاندىن ئىشلەيدىغان ئادەم تېپىش كېرەك. بىزگە يەنە كېسىمچىلىكتىن خەۋىرى بار باشقۇرغۇچى لازىم بولىدۇ. ماللىرىمىزنى نەچچە ئايغا قالمايلا بازارغا سېلىۋالساق بولاتتى.

ئۆمەر بەگنىڭ كۆز چاناقلىرى ئىختىيارسىز ياشلاندى، ئۇ ئەزەلدىن ئوغلى بىلەن پەخىرلىنەتتى. چۈنكى، تاھىسىن ئىشچان، تەربىيە كۆرگەن، باشقىلارنى ھۆرمەت قىلىشنى بىلىدىغان بولۇپ، نازلىقتا پەقەتلا ئوخشىمايتتى. ئۇ شەھەردە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىمۇ، ھەر ھەپتىنىڭ ئاخىرى قورۇققا قايتىپ كېلىپ، دادىسىغا قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلاتتى. ئۇ كىچىكىدىنلا ئەتىۋارلىنىپ چوڭ بولغان، نېمىنى دېسە شۇنىڭغا ئېرىشىپ كەلگەن بولسىمۇ، قىلىچىمۇ ھاكاۋۇر ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ ئائىلىسى باي تەبىقىگە مەنسۇپ بولغاچقا، ئۇ ئىش قىلماي بىكار يۈرسىمۇ كۈنلىرى باياشاتچىلىقتا ئۆتەتتى، ئەمما ئۇ يەنىلا خىزمەت تېپىپ قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئوقۇش، تۇرمۇش

ئېھتىياجىدىن ئۆزى چىقتى. ھەربىي سەپتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇ تېرە ـ خۇرۇم پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىنى قۇردى. ئۇ ئىقتىدارلىق بولغاچقا، زاۋۇتى يۈرۈشۈپ كەتتى، ئۇزاققا بارماي ئۇنىڭ زاۋۇتى ئىشلەپچىققان خۇرۇم بۇيۇملار بازاردا مۇقەررەر ئورۇننى ئىگىلىدى.

تاھسىن ئورنىدىن تۇردى:

— دادا، ئەگەر رۇخسەت قىلسىلا، مەن ئات بىلەن ئەتراپنى ئايلىنىپ كېلەي دەيمەن.

— بوپتۇ بالام، بوپتۇ، كەچلىك غىزادا كۆرۈشەيلى. كەنت باشلىقى تاغاڭ كەلمەكچىدى، كىچىك داداڭ، كىچىك ئاپاڭ سېنى كۆرگىلى كېلىدۇ، كەچلىك غىزادا ئادەم كۆپ بولىدۇ، شۇڭا يىراققا كەتمە، ئۈلگۈرۈپ كېلەلمەيسەن.

— خاتىرجەم بولسىلا دادا، ئەتراپنى ئايلىنىپلا كېلىمەن.

تاھسىننىڭ كەينىدىن قاراپ تۇرغان ئۆمەر بەگ چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ قويدى. تاھسىن تېخىچە پەرزەنتلىك بولالمىدى، بوۋاينىڭ ئەتىۋارلىق نەۋرىسىنىڭ باغچىدا ئويناپ يۈرگىنىنى نەقەدەر كۆرگۈسى بار ئىدى ـ ھە. تاھسىننىڭ ئاپىسى ئۇنى توقال ئېلىشقا مەجبۇرلاپ، ئاستىرتىن ئۇنىڭغا لايىق ئىزدەپ يۈردى، بوۋاي مومايىنىڭ بۇ ئىشىنى دەسلەپتە ئانچە توغرا تاپمىغانىدى، مانا ئەمدى ئۇ بۇ ئىشنى توسۇيالماي قالدى، ئەمدى ئۇ سەپدىشى ھۇسام بەگ بىلەن بۇ ئىش توغرىسىدا ئوبدان سۆزلەشمىسە بولمايدىغان دەرىجىگە يەتكەنىدى. تاھسىن بۇ ھەقتە بىرەرىگە سۆزلەپ باقمىغاچقا، ئۇنىڭ قانداق ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمىدى، ئەمما ئۇنىڭ تەقدىرگە تەن بەرگەندەك يۈرگەنلىكىنى كۆرگەنسېرى بېگىمنىڭ كۆڭلى بەكلا يېرىم بولاتتى.

قۇياش غەربكە قىيسايدى، قورۇقنى گۇگۇم جىمجىتلىقى قاپلىدى. تاھسىن ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئالدىدا ئېتىزغا باردى، ئېتىزدا زىرائەت يىغىۋاتقان دېھقانلار بىلەن بىردەم پاراڭلاشتى. تاغ باغرى چەكسىز كەتكەن ئۈزۈمزار ئىدى.

قۇياش ئۆزىنى تاغ كەينىگە يوشۇرغان، ئەتراپنى شەپەق نۇرى قاپلىغانىدى. تاھسىننىڭ قەلبىنى بىر خىل مەيۈسلۈك ئىلكىگە ئالدى. ئۇ بۇرۇندىن ئۆزى سۆيگەن ھەمراھى بىلەن قۇياشنىڭ شەپەق سىيماسىنى تاماشا قىلىشنى، ھاياتنىڭ پەيزىنى بىللە سۈرۈشنى شۇ قەدەر ئارزۇ قىلاتتى. ئەمما، ئۇ ھازىر خوتۇنى بىلەن ئىككى دۇنيانىڭ ئادىمى ئىدى. دوختۇرغا كۆرۈنگىلى بارغاندا ئۇلار شەھەردە بىرنەچچە كۈن بىللە تۇرۇشتى. شۇ كۈنلەردە تاھسىن ئائىلى بىلەن بولغان ئورتاقلىقنى تېپىشقا، ئارىسىدىكى ماسلىشالماسلىقنى ھەر خىل ئامىللار بىلەن يوقىتىشقا تىرىشىپ باقتى، ئەمما ئۇ خوتۇنىنىڭ ئاشۇ ھاكاۋۇرلۇقىنى پەقەتلا ئۆزگەرتەلمىدى. مەيلى شەخسىي قىزىقىش جەھەتتە بولسۇن، مەيلى كېلەچەككە بولغان ئارزۇ ـ ئىستەك جەھەتتە بولسۇن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پەرق ناھايىتى زور ئىدى. ئەڭ مۇھىمى تا ھازىرغىچە ئۇلار بالىلىق بولالمىدى. ناۋادا ئۇ ئاپىسىنىڭ گېپىگە كىرىپ، توقال ئالسا، ئۆرپ ـ ئادەتكە پۈتۈنلەي توغرا كېلەتتى، ئەمما تاھسىن بۇنداق قىلىشنى توغرا تاپمىدى. «ئۇنداق قىلسام، قانداق بولىدۇ؟» دەپ غۇدۇرىدى تاھسىن ئاتنى دېۋىتىپ تۇرۇپ. قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغانىدى، ئۇ ئەمدى ئۆيگە قايتماقچى بولدى. ئۇ يېقىن يول بىلەن قايتىش ئۈچۈن ئېتىزلارنىڭ ئارىسىدىن ئۇدۇل تاغ باغرىدىكى يولغا چىقماقچى بولۇپ ئېتىنى چاپتۇردى.

دەل شۇ چاغدا يەردە ئولتۇرغان ئايسۇن ئورنىدىن تۇردى، ئۇنىڭ يېنىدا جىمجىت ياتقان ئىتىمۇ قىمىرلىدى.

— ياۋا بۆرە، قوپە، قاراڭغۇ چۈشكۈچە ئۆيگە كېتەۋالايلى، بولمىسا ھەجەر ئاپام يەنە ئەنسىرەپ قالىدۇ.

ئىت گويا بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ چۈشەنگەندەك ھاۋشىپ قويدى. ئايسۇن نەرسە ـ كېرەكلىرىنى — قەغەز، بوياق قەلەملىرىنى يىغىشتۇرۇپ بولۇپ، ئىت بىلەن تاغ باغرىدىن تۆۋەنگە قاراپ ئىتتىك ماڭدى. ئۇلار ئۈزۈمزارنىڭ ئارىسىدىكى چىغىر يول

بىلەن كېتىۋاتاتتى. دانىسى يوغان، ساپاق ـ ساپاق ئۈزۈملەر پىشايلا دەپ قالغانىدى. ئايسۇن بىر يىل ئىچىدىكى ئۈزۈم پىشىقى مەزگىلىنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى. بۇ مەزگىلدە ئۈزۈم ئۈزگىلى ئەتراپتىكى كەنتلەردىن كۆپ ئادەم كېلەتتى، ئۇ چاغلاردا بۇ ئەتراپلار ئاۋاتلىشىپ كېتەتتى. دېھقانلار ھەر كۈنى ئاخشىمى گۈلخان يېقىپ، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينىشاتتى، ئۈزۈم شەربىتى قايىنىتىدىغان قازان تاكى ئۈزۈمنى ئۈزۈپ بولغۇچە قايناپ تۇراتتى. خوتۇن ـ قىزلار كۆكتات، قېتىق ۋە توخۇملىرىنى ئەكېلىپ ساتاتتى، بۇ دېگەن ھەم سودا قىلىۋالىدىغان، ھەم شۇ مۇناسىۋەت بىلەن باشقىلار بىلەن تونۇشۇۋالىدىغان ئوبدان پۇرسەت ئىدى. ياقا كەنتلەردىن كەلگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى يەنە بىر يىلىمۇ كېلەتتى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۈزۈمزارنى ھۆددىگە ئالاتتى، يەنە بەزىلىرى ئۈزۈمزار غوجايىنلىرى بىلەن ھەمكارلىشىشقا پۈتۈشەتتى، ھوسۇلنى يىغقاندا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تۆھپىلىرىگە قاراپ ئۈزۈم شەربەتلىرىنى ئېلىپ خۇشال ـ خۇرام قايتىشاتتى. ئايسۇننىڭ دادىسى ھايات ۋاقتىدا ئۇلارنىڭمۇ ئۈزۈمزارى بار ئىدى، ئۇنىڭ دادىسى ئۆستۈرگەن ئۈزۈملەر بۇ ئەتراپتا داڭ چىقارغانىدى، چۈنكى ئۇنىڭ دادىسى قانداق يەردە قانداق ئۈزۈم ئۆستۈرۈشنى ئوبدان بىلەتتى، كەنتتىكىلەر دائىم ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سورايتتى، ئۇنى بەك ھۆرمەت قىلىشاتتى. ئۇ ئۆلۈپ كېتىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، جامال تاغىمۇ تۆگەپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن ھەممە ئىش ئۆزگىرىپ كەتتى. كىشىلەر ئۈزۈم ئۆستۈرۈشكە ئانچە قىزىقماس بولۇپ قالدى. ھەجەر ئانىمۇ ياشىنىپ قالغاچقا، پەقەت ئۆي ئەتراپىدىكى يەرلەرگىلا ئانچە ـ مۇنچە كۆكتات تېرىيتتى، ئۈزۈمزار بىلەن ئېتىزنى ئىجارىكەشلەرگە ئىجارىگە بېرىپ، كۈنلىرىنى ئارانلا قامداپ كېلىۋاتاتتى. شۇنداق بولغاچقا، ئايسۇن تولۇقسىز 2 ـ يىللىقتىلا مەكتەپتىن توختاپ قالدى. ئەگەر دادىسى ھايات بولغان بولسا، ئۇ ئامراق مەكتىپىدىن

ھەرگىزمۇ ئايرىلمىغان بولاتتى. ئۇ دادىسىنى ھەر ۋاقىت، ھەر زامان ئەسلەيتتى. ئۇنىڭ ئېسىدە شۇنداق تۇرۇپتۇ: ئۇ كىچىك ۋاقتىدا دادىسى ئۇنى ئۇزۇم باراڭلىرى ئاستىدىن تاشپاقا تۇتقىلى ئاپارغان، ئۇلار نەچچە سائەت تاشپاقا تۇتقان، تۇتقان تاشپاقىنى ئايسۇن ئۆيگە ئەكېتىپ باقىمىز دەپ تۇرۇۋالغاندا، دادىسى بۇ ھايۋانلار كەڭ تەبىئەتتە ياشىسا، ئاندىن بەھۇزۇر ياشىيالايدۇ، دەپ، ئۇنى ناھايىتى تەستە كۆندۇرۇپ، تاشپاقىنى يەنە قويۇۋەتكەندى. دادىسى ئۇنىڭغا دائىم بازاردىن كىتابلارنى، رەڭلىك قەلەملەرنى ئەكىلىپ بېرەتتى، ئۇلار بىللە ئولتۇرۇپ رەسىم سىزاتتى، ئايسۇندىكى رەسىم سىزىش قابىلىيىتى ئۇنىڭغا دادىسىدىن ئىرسىيەت قالغانىدى. ئايسۇن سىزغان ئاددىي سىزمىلار ۋە مەنزىرە رەسىملىرى ھازىرمۇ ئۆيدىكى ساندۇقتا تۇرۇپتۇ. ھەجەر ئانا بۇ ئىشنى ئانچە چۈشىنىپ كەتمەيتتى، ئۇ رەسىم سىزىش ۋاقىت ئىسراپ قىلىش دەپ قارايتتى. ئۇنىڭچە بولغاندا ئايسۇندەك قىزلار قول ئىشى قىلىشنى، كەشتە تىكىشنى ئۆگىنىشى ياكى ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشى كېرەك ئىدى. چۈنكى، قىز بالا دېگەن ئون سەككىز ياشقا كىرگەندىن كېيىن ياتلىق بولىدىغان گەپ. كەنتتە ئايسۇن بىلەن تەڭ دېمەتلىك قىزلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ھازىر باللىرى بار. ئەمما، ئايسۇننىڭ بۇنداق ئالدىراپ توي قىلغۇسى يوق، ئۇنىڭ دۇنيانى ساياھەت قىلغۇسى، كىتابلاردا ئوقۇغان ئاشۇ بىپايان دېڭىزنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگۈسى بار ئىدى. بۇلارنى ئويلاپ ئايسۇننىڭ كۆزلىرى ئىختىيارسىز ياشلاندى. ئەتراپىدىكى دۇنيادىكى جىمى ھايۋانلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئەقىللىكى بولغان ياۋا بۆرە ھەر خىل قىزىقارلىق ھەرىكەتلەرنى قىلىپ ئۇنى كۇلدۇرۇۋەتتى، بۇنىڭ بىلەن ئايسۇننىڭ بايامقى بۇزۇلغان كۆڭلى سەل پەسكويغا چۈشكەندەك بولدى.

— ياۋا بۆرە، ئەگەر سەن بولمىغان بولساڭ، مەن قانداقمۇ قىلاتتىم! — دېدى ئايسۇن ئىتنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ.

ئىت بىردىنلا قاۋاپ كەتتى، ئۇ قۇلاقلىرىنى دىك قىلىپ بىر خىل جىددىيلىك ئىچىدە قالغانىدى. يىراقتىن بىر ئاتلىق ئادەم ئىتىز يولىدىن چىقىپ، چاڭ ـ توزان تۇزۇتۇپ ئۇدۇل ئۇلارغا قاراپ چېپىپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇ ئادەمنىڭ جىددىي ئىشى بولسا كېرەك. شۇڭا ئۇ كەنتكە تېزرەك بېرىش ئۈچۈن بۇ يولدىن ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. ئايسۇن ئىتنى مەجبۇرىي يېتىلەپ ئالدىغا قاراپ مېڭىۋەردى، ئەمما ئىتنىڭ ئەسلا رازىمەنلىك بىلەن ماڭغۇسى يوق، ئۇ ھېلىقى ئاتلىق ئادەمگە تىكىلىپ قالغانىدى.

— ياۋا بۆرە، بولە تېز، كېچىكىپ قالدۇق، تېز ماڭ !

ئۇ ئاتلىق ئادەم ئۇلارغا يېقىنلاپلا قالدى. ئۇلار ئاتلىق ئادەمگە يول بېرىش ئۈچۈن يانغا ئۆتۈپ تۇرۇشتى. دەل شۇ چاغدا ئايسۇن بىلەن ئاتلىق ئادەم تەڭلا ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغان يوغان يىلاننى كۆرۈشتى، يىلان كەچكى شەپەق نۇرىدا يالتىراپ مارجان كەبى رەڭدار كۆرۈندى. تاھسىن دەرھال ئاتنىڭ يۈگىنىنى تارتىپ، ئاتنىڭ بېشى ۋە بوينىنى سىلاپ، ئۇنى تىنچلاندۇرماقچى بولدى، ئەمما بىچارە ئات بۇ تۇيۇقسىز پەيدا بولغان كۆرۈنۈشتىن ئۈركۈپ كەتكەنىدى. ئايسۇنمۇ قورقۇپ كەتتى، ئۇ يىلانغا ئېتىلماقچى بولۇپ ئىنتىلگەن ياۋا بۆرىنى ئارانلا تۇتۇۋالدى. ئەمما، يىلان شۇ ئان يول ياقىسىدىكى چاتقاللىق ئىچىگە شۇڭغۇپ كىرىپ كەتتى.

يەنىلا تاھسىن ئېغىز ئاچتى:

— سىز ئىتىڭىزنى ساقلاپ قالدىڭىز، ئەگەر ئۇ يىلانغا ئېتىلغان بولسا تۈگەشكەن بولاتتى. بۇ خىل يىلانلار ئاز ئۇچرايدۇ، زەھىرى ئىنتايىن كۈچلۈك، كىچىك ۋاقتىمدا چوڭلارنىڭ ئېيتىشىچە، بۇنداق يىلان بىر بۇقىنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپتىكەن. مەن سىزنى كۆرۈپ باقمىغانىكەنمەن. سىز مۇشۇ كەنتتىنمۇ؟

بۇ چاغدا ئايسۇن زوكزىيىپ ئولتۇرۇپ، بايا قولىدىن چۈشۈپ چېچىلىپ كەتكەن قەغەزلىرىنى يىغىشتۇرۇۋاتاتتى. ئۇبۇ

ئادەمنىڭ ئۆزىگە گەپ قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ ئالاقزەدىلىك بىلەن بېشىنى كۆتۈردى. ئۇنىڭ ئاشۇ سۇس قوڭۇر رەڭ كۆزلىرىدە پەيدا بولغان غەمكىنلىك تاھىسىندا ئۇنتۇلماس تەسىر قالدۇردى.

— ئەمما مەن سىزنى تونۇيمەن، سىز ئۆمەر بەگنىڭ ئوغلىغۇ؟ مەن ياقا يۇرتلۇق باغۋەن ئوسماننىڭ قىزى.

— ھە، ئېسىمگە كەلدى، مەن سىزنى كۆرگەن چاغدا سىز كىچىككلا قىز ئىدىڭىز، مانا ئەمدى چوپچوڭ قىز بولۇپ كېتىپسىز، ھەجەر ئانام ياخشى تۇرۇۋاتامدۇ؟

— ھە، ئۇ قانداق بولماقچىدى، كۈندىن ـ كۈنگە قېرىپ كېتىۋاتىدۇ، يېقىندىن بېرى ئۇنىڭ كېسىلى بەك قىيناپ كېتىۋاتىدۇ، دوختۇرغا كۆرسىتەيلى دېسەم زادىلا ئۇنىمايدۇ.

— مەندىن ئۇنىڭغا سالام دەڭ، مەن ئۇنى يوقلاپ بارىمەن، سىزمۇ بۇ يەردە ئۇزاق تۇرماڭ، قاراڭغۇ چۈشۈپ قالاي دېدى، بولىدۇ، خوش ئەمىسە.

تاھىسىن شۇ گەپلەرنى دېدى ـ دە، ئېتىنى دېۋىتىپ چېپىپ كەتتى.

ئايسۇن ئۆيگە كەلگەندە، ھەجەر ئانا دەرۋازىنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ يولىغا قاراپ تۇراتتى. موماي ئەنسىرەپ كەتكەچكە، ئاچچىق قىلدى:

— مۇشۇ كەمگىچە نەلەردە يۇردۇڭ؟ كىمنىڭ قىزى مۇشۇ چاغقىچە سىرتتا يۇرىدۇ؟ ناۋادا بىرەر قارا نىيەت بولاپ كەتسە، قانداق قىلىسەن؟ رەھمەتلىك داداڭ سېنى ماڭا تاپشۇرغان، مېنىڭ باشقا تەمەيىم يوق، كۆزۈمنىڭ يورۇقىدا سېنى ئوبدانراق بىر ئائىلىگە ياتلىق قىلىۋالسام دەيمەن. قارىغىنا، ھەممە نەرسە ئىشىك تۈۋىدە دۆۋىلىنىپ تۇرىدۇ، ئالدىدا بۇ نەرسىلەرنى ئېغىلغا ئەكىرىۋەتكىن، ئاندىن ماڭا ياردەملەش، تېزرەك كەچلىك تاماققا تۇتۇش قىلايلى.

مومايىنىڭ ئوڭ يېقىنى خۇددى يىڭنە سانجىغاندەك ئاغرىپ كەتتى. ئۇ ئۇندىمەستىن ئۆيگە كىرىپ، دوختۇر بەرگەن ئاغرىق

بەسەيتىش دورىسىدىن بىر تالنى دەرھال ئاغزىغا سالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇزاق ۋاقتى قالمىغانلىقىنى تۇيۇپ تۇراتتى. ئۇ ئۆلۈمدىن قورقمايتتى، ئەمما ئۇنىڭ مۇشۇ ئالدىدىكى بىچارە قىزدىن باشقا ھېچقانداق قېرىندىشى يوق ئىدى، ئەگەر بار دېگەندىمۇ ئۇنىڭ كىم، قەيەردە ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. بۇگۈن جامالنىڭ ھامما ئاچىسىنىڭ كېلىنى بوشانغانىدى، ئۇ ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بېرىۋىدى، ئۇ يەردە ئۆمەر بەگنىڭ خوتۇنى ئۇچراپ قالدى. ئۇ خوتۇن ئۆزىنىڭ ئايسۇنىنى بىر كۆرۈپلا ياقتۇرۇپ قالغانلىقىنى ئېيتتى. قايتىدىغان چاغدا ئۇ خانىم:

— ھەجەر، قىزلىرى شۇنداق چىرايلىق چوڭ بوپتۇ، ياتلىق بولىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالغان چېغى، مەن بىر كۈنى ئۆيلىرىگە پاراڭلاشقىلى بارىمەن، — دەپ قوش بىسلىق گەپنى قىلىپ قويۇپ كېتىپ قالدى. «قارىغاندا، ئۇنىڭ ئايسۇنغا كۆزى چۈشكەن چېغى، شۇڭا ئۇ مېنىڭ رايىمنى بىلىپ باقماقچى. مەلىھانىڭ قانداق خوتۇن ئىكەنلىكىنى پۈتۈن كەنتتىكىلەر ئوبدان بىلىدۇ، ئەگەر ئۇلار ئايسۇنىنى توقاللىققا سورىسا، بۇ قاراپ تۇرۇپ ئايسۇنىنى ئوتقا ئىتتەرگەنلىك بولمامدۇ. ئەمما، مېنىڭ يېشىممۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى، بۇ ئىشنى تېزرەك چارە قىلىپ، بىر تەرەپ قىلمىسام بولمىغۇدەك. تاھىرنى دېگەنغۇ تەربىيە كۆرگەن، ئىشچان، مىجەزى ئوبدان بالا. ئۇ ئەنئەنىگە قارشىلىق قىلماي، دادىسىنىڭ ئارزۇسى بىلەن مەلىھا بىلەن توي قىلدى. گەرچە ئۇ ھېچقانداق ئۇن - تىن چىقارمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ بەختسىز بولۇپ قالغانلىقىنى پۈتۈن كەنتتىكىلەر ئوبدان بىلىدۇ. ئۇلار تا ھازىرغىچە بالىلىق بولالمىدى، تاھىرنى مەلىھانى شەھەرگە ئاپىرىپ كۆپ دوختۇرلارغا كۆرۈنگەن بولسىمۇ، ھېچقانداق ئۈنۈمى بولمىدى. بۇنداق چاغدا ئۇ ئۆرپ - ئادەت بويىچە، يەنە ئۆيلىنىپ بالىچاقىلىق بولسا بولاتتى. ئەگەر ئۇ شۇنداق قىلىدىغان بولسا، مەلىھا قانداق ئىشلارنى قىلىۋېتەر،

بۇنى خۇدايىم بىلىدۇ. نىيىتى ياماندىن ھەر بالا كېلىدۇ. بۇلارنى ئەگىتىپ بولسىمۇ چوڭ خانىمغا ئاز ـ تولا بىلدۈرۈش كېرەك.» بۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەن ھەجەر ئانىنىڭ يۈرىكىنى ئاچچىق بىر ئاغرىق مۇجۇدى، ئەمما ئۇ بۇنىڭغا دەماللىققا بىر ئامال قىلالمايتتى.

ئايسۇن ھەجەر ئانا تاپشۇرغان ئىشلارنى لام ـ جىم دېمەي قىلىۋاتاتتى، ئۇ ئات ـ ئۇلاغلارنى ئېغىلغا ئەكىرىپ باغلىدى، ئاپىسى ساغقان سۈتلەرنى ئامبارغا ئەكىرىپ قويدى. گەرچە ئۇ يېزىدا چوڭ بولغان بولسىمۇ، سۈت سېغىشنى، ئات ـ ئۇلاغلارنى بېقىشنى بىلمەيتتى. دادىسى ھايات چېغىدا، ئۇنى دەرسىگىنى ئوقۇ دەپ، ئۇنىڭغا ھېچقانداق ئىشنى قىلدۇرمايتتى، بارلىق ئۆي ئىشلىرىنى ئۇلارنىڭ ئۆي خىزمەتكارى ساتى ئانا قىلاتتى. ئايسۇن ئۆيگە كىرىپ ھەجەر ئانىنىڭ غىزا ئېتىشىگە ياردەملەشتى، ياۋا بۆرىسى گويا جىنايەتچىدەك ئىشىك تۈۋىدە تۈگۈلۈپ، ئۆزىنىڭ غىزاسىنى كۈتۈپ ياتاتتى.

خېلى يىللار بۇرۇن ھەجەر ئانا كەنتنىڭ تۇغۇت ئانىسى بولغان، ئۇ چاغلاردا ئۇ كىچىك ـ كۈندۈز دېمەي ئىشلەيتتى، ئۇ ھەم تۇغۇت ئانىسى، ھەم دوختۇر ئىدى. ئۇنى ھەتتا قوشنا كەنتتىكىلەرمۇ چاقىرىپ كېتەتتى. شۇڭا ئۇ بۇ ئەتراپتا ھەممەيلەننىڭ ھۆرمىتىگە، ئىشەنچىگە ئېرىشكەنىدى. كېيىن ئۇ كەنتتىكى مۇئەللىم بىلەن توي قىلىپ، ھازىرقى تۇرۇۋاتقان ئۆيگە كىردى، ئۇ جامال مۇئەللىم بىلەن ناھايىتى بەختلىك ئۆتتى، شۇغىنىسى ئۇلار ئۇچ پەرزەنتلىك بولغان بولسىمۇ، باللىرىنىڭ بىرەرىمۇ ئەي بولماي تۇگەپ كەتتى. ئەڭ ئاخىرقى تۇغۇتىدا ھەجەرنىڭ ئۆزىمۇ ئۇ ئالەمگە كەتكىلى تاس قالدى، ئۇنى بازاردىكى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ ياتقۇزدى، دوختۇر ئۇنىڭغا ئەمدى بالا يۈزى كۆرەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، ھەجەرگە گويا ئاسمان گۈمۈرۈلۈپ چۈشىدىغاندەك بىلىندى، بىرنەچچە ئايغىچە ئۇ ھەسرەت ـ نادامەت ئىچىدە ياشىدى، ئېرىنىڭ تەسەللىلىرىمۇ

كار قىلمىدى. ۋاقىت بارلىق ئازابلارنى تۈگەتكۈچىدۇر. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ ئاستا ـ ئاستا تەقدىرىگە تەن بەردى.

ھېلىقى كېچىسى يۈز بەرگەن ۋەقە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا باشقىدىن نامايان بولغاندەك بولدى. ئۇ ئىسسىق ياز كۈنلىرىنىڭ بىر كېچىسى ئىدى. ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن، ئۇستىبېشى توپا ـ تەرەت ياقا يۇرتلۇق ئادەمنىڭ ئۇنىڭ تەقدىرىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋېتىدىغانلىقىنى كىممۇ ئويلىغان دەيسىز... شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا ھاياتلىق نۇرى چېچىلدى، تۇرمۇشىغا لەززەت قوشۇلدى، ھەجەرنىڭ قەلبىدە ھاياتقا بولغان ئارزۇ ـ ئىستەك باشقىدىن ياندى. ئۇ كۈنى كېچىسى كەنتتىكى نۇرغۇن ئائىلىلەر ئۇخلاپ بولۇشقان، بەزىلىرى ئۇخلاشقا تەييارلىق قىلىۋاتقانىدى. ئۇلار دەسلەپتە بىر ئاتلىقنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ توختىغانلىقىنى ھېس قىلىشتى، ئاندىن ئىشىك چەككەن ئاۋاز ئاڭلاندى. جامال قولىدىكى كۆرۈۋاتقان كونا گېزىتنى ئۈستەلگە قويۇپ، ھەيرانلىق بىلەن دېرىزىدىن سىرتقا قارىدى:

— ئەجەب ئىش، كىمدۇ بۇ؟ تونۇيدىغاندەك قىلمايمەن.

— ئېنىقلا تۇرمامدۇ، چوقۇم قوشنا كەنتتىكىلەر مېنى تۇغۇتقا چاقىرىپ كەلگەن گەپ، ئەگەر بالا تەتۈر كېلىپ قالمىغان بولسا، ئۆز كەنتىدىكى مومايلار تۇغدۇرىۋېرەتتى.

جامال تامغا ئېسىپ قويغان ئوۋ مىلتىقىنى ئېلىپ، بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى. ھەجەرمۇ كەينىدىن چىقتى. ئۇ قاراڭغۇدا بۇ كۈتۈلمىگەن مېھمانغا ھەيرانلىق ئىلكىدە قارىدى. جامال ئىشىكتىن چىقىپ:

— تىنچلىقمۇ دوستۇم، ئۆزۈڭ كىم، نېمە ئىشىڭ بار؟ — دېدى.

ئۇستىبېشىدىن تەر تۆكۈلۈپ تۇرغان بۇ ياقا يۇرتلۇق قارىماققا ناھايىتى ھېرىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. ئاققان تەر يۈز ـ كۆزىدىكى توپا ـ چاڭلارنى ئېقىتىپ، يول ـ يول ئىزلارنى پەيدا قىلغانىدى.

ئۇلار ئۆيدىن چۈشكەن غۇۋا چىراغ نۇرىدا ئۇ ئادەمنىڭ بۇ خاراب ھالىتىنى كۆرۈشتى.

— مەن بىرەر جاي تېپىپ بىرنەچچە كۈن تۇراي دېگەنىدىم، مېنىڭ يولۇم تېخى ئۇزاق، بىرنەچچە كۈن دەم ئېلىۋېلىپ ماڭاي دەيمەن.

جامال مۇئەللىم ھازىر يېرىم كېچە بولۇپ قالغان تۇرسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ دېگەن ئاتام كۆرمىگەن، ئانام كۆرمىگەن ناتونۇش ئادەم تۇرسا، شۇنچە ئۇزاق يولنى بېسىپ كەپتۇ، ياخشىسى كەنتتىكى سارايغا چۈشكىنى تۇزۇك، دەپ ئويلىدى، ئۇ ئادەمگە كەنتتىكى سارايىنىڭ نەدىلىكىنى ئېيتىپ بىرەي دەپ تۇرغاندا، توساتتىن ياقا يۇرتلۇقنىڭ دۈمبىسىگە ئارتىۋالغان بوپىسىدىن بوۋاقنىڭ يىغا ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇنى ئاڭلىغان ھەجەر ئۆيدىن ئېتىلىپ چىقىپ، ياقا يۇرتلۇقنىڭ دۈمبىسىدىكى بوپىسىغا قارىدى، ياقا يۇرتلۇق سەل جىددىيلەشكەندەك بولدى، ئۇ ئۆشنىسىدىكى بوپىسىدىن بىر بوۋاقنى ئالدى، بوۋاقنىڭ چاچلىرى ساپسېرىق، يۈزلىرى قىزىل، تېرىسى ئاپپاق ئىدى، ئۇمۇ ياقا يۇرتلۇققا ئوخشاش پاسكىنا ھالەتتە ئىدى.

— بۇ مېنىڭ قىزىم، ئاپىسى تۇغۇتتا ئۆلۈپ كەتتى. مېنىڭ باشقا قېرىنداشىم يوق، مەن ئاتلىق نەچچە سائەت يول ماڭدىم، قورسىقىمىز بەك ئېچىپ كەتتى، ئەگەر سىلەردە بولكا ۋە سۈت بولسا مەن ئازراق سېتىۋالاي.

ھەجەر گويا سېھىرلىنىپ قالغاندەكلا بولۇپ قالدى، ئۇنىڭغا ئۆزى ئۇزۇندىن كۈتۈۋاتقان مۆجىزە كۆز ئالدىدا نامايان بولۇۋاتقاندەك بىلىندى. ئۇزاق يىللاردىن بۇيان بىرەر بالىلىق بولۇش ئارزۇسىدا كۆيۈپ پىشىپ كېلىۋاتقان ھەجەر قولىنى ئىختىيارسىز بالىغا ئۇزارتتى. ياقا يۇرتلۇق ئادەم ھەجەرنىڭ ھەيرانلىق ئىلكىدە بالىغا تەلمۈرگەن چىرايىغا لەپپىدە بىر قارىدى ـ يۇ، ئۇمۇ گويا سېھىرلىنىپ قالغاندەك بالىنى ئۆزىمۇ بىلمىگەن ھالدا ھەجەرگە بەردى. شۇ دەقىقىدە خۇددى ۋاقىت

توختاپ قالغاندەك، بۇ ئانا ـ بالىنىڭ تەقدىرى بىر ـ بىرىگە چىپسىلىشىپ كەتكەندەك بىلىندى.

كۆز ئالدىدا يۈز بېرىۋاتقان بۇ ئىشلارغا ھەيرانلىق بىلەن تىكىلىپ قالغان جامال خېلى بىرھازادىن كېيىن ئاندىن ئۆزىگە كەلگەندەك بولدى ـ دە، قولىدىكى ياقا يۇرتلۇققا تەڭلەپ تۇرغان مىلتىقنى چۈشۈردى.

ـــ مەرھەمەت، بۈگۈن كېچە بىزنىڭكىدە قونۇڭ، ھازىر كەنتتىكىلەر ئۇخلاپ بولدى، ئەتە ئەتىگەندە سىز تۇرغۇدەك يەر تاپارسىز، ئىسمىڭىز نېمە؟ قەيەردىن كەلدىڭىز؟ بۇ كىچىك بالىنى ئېلىپ نەگە بارماقچى؟

ياقا يۇرتلۇق ئادەم يەنىلا بىر خىل جىددىيلىك ئىچىدە تۇرۇۋاتاتتى، ئۇ بەكلا ھېرىپ كەتكەچكە، ئاۋازى ئارانلا چىقاتتى:

ـــ ئىسمىم ئوسمان، ئايالىم تۇغۇتتا ئۆلۈپ كەتتى، كەنتىمىزدە بالامغا قاراپ بەرگۈدەك ھېچقانداق ئۇرۇق ـ تۇغقىنىمىز يوق، تۇغقانلىرىمىز يىراقتا بولغاچقا، مەن شۇلارنى ئىزدەپ ماڭغانىدىم. ئېتىمنى باغلاپ قويغۇدەك بىرەر يەر چىقارمۇ؟ بىچارە جانىۋار بەكلا ھېرىپ كەتتى.

جامال ئۇ ئادەمنىڭ كۆپ گەپ قىلغۇسى كەلمىگەنلىكىنى سېزىپ تۇردى، ناھايىتى ئېنىقكى، بەزى ئىشلارنى ئۇ ئېيتمىغانىدى. جامال ئېغىلنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، ئىچىدىكى چىراغنى ياندۇردى. بۇ كۈتۈلمىگەن چاغدا كەلگەن زىيارەت ئېغىلدىكى ئات ـ ئۇلاغلارنى چۆچۈتىۋەتتى، جامال ياقا يۇرتلۇقنىڭ ئېتىغا سامان ۋە سۇ بەردى. ئۇنى تۈۋرۈككە باغلاپ قويۇپ ئېغىلدىن چىقتى. گەرچە ئېغىلنىڭ ئىچى غۇۋا يورۇق بولسىمۇ، جامال ئۇ ئاتنىڭ ئېسىل نەسىللىك ئىكەنلىكىنى بىر قاراپلا بىلدى. جامال ئەسكەر چاغلىرىدا چېگرادا ژاندارما بولغان، چېگرا رايوندىكى قەبىلىلەردە بۇنداق ساپ نەسىللىك ئاتلارنى كۆرگەنىدى. ئەجەبا، بۇمۇ ئەتكەسچى جىنايەتچىمىدۇ؟ ئەگەر ئۇ ژاندارمىلارنىڭ تۇتۇشىدىن قېچىپ يۈرگەن ئادەم

بولسا، ئۇلارنى نەس باسقىنى شۇ ـ دە. ئۇ ئەسكەر چاغلىرىدا نۇرغۇن قېتىم ئەتكەسچى جىنايەتچىلەرنى تۇتقان، ئۇ بىر كىچىك بالىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ قانداقمۇ ئەتكەسچىلىك قىلالايدۇ؟ «يەنىلا ئېھتىيات قىلغان تۈزۈك، — جامال شۇلارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى، — بۇ ئادەم ئادەتتىكى يولۇچى ئەمەس.»

بۇ چاغدا ھەجەر پۈتۈنلەي باشقا بىر دۇنيادا ياشاۋاتقاندەك، ئەتراپىدىكى ھەممە نەرسىنى — ئادەملەرنى، ئىشلارنى ئۇنتۇپ، بۇ دۇنيادا پەقەت ئۆزى بىلەن ئاشۇ كىچىك بوۋاقلا باردەك بولۇپ قالغانىدى. بوۋاق يىغلاپ پەقەتلا توختىمىدى، ئۇنىڭ يۆگىكىدىن كۆچلۈك سۈيدۈك پۇرىقى كېلەتتى، قارىغاندا، بوۋاقنىڭ زاكىسى خېلى ئۇزاق ۋاقىتتىن بېرى ئالماشتۇرۇلمىغاندەك قىلاتتى. ھەجەر دەرھال سۇ ئىسسىتىپ بوۋاقنى يۇدى، بوۋاقنىڭ ساغرىسىدا كىچىك جاراھەت بار ئىدى، ھەجەر ئۇنىڭغا دورا سۈرۈپ، بەدەنلىرىنى ئۇۋىلىدى. ئۇ ساندۇقىدىن بالامغا كىيدۈرىمەن دەپ ساقلاپ قويغان، باشقىلارغا بېرىشكە كۆزى قىيمىغان كىيىملەرنى ئېلىپ، بوۋاققا كىيدۈردى. ئاندىن قېتىق ئۇيۇتىمەن دەپ ئاخشام سېغىپ قويغان كالا سۈتىدە بولماق ئەتتى، قورسىقى ئېچىپ كەتكەن بالا بولماقنى بىردەمدىلا ئىچىپ بولدى، قورسىقى تويۇپ تىنچلىنىپ، تاتلىق ئۇيقۇغا كەتتى. ھەجەر شۇ چاغدىلا بوۋاقنىڭ يەنە دادىسى بارلىقىنى ئېسىگە ئالدى. ئۇ ئادەم بۇرۇنلا قورسىقىمىز ئېچىپ كەتتى دېمىگەنىدى. ھەجەر دەرھال ئاشخانىغا كىرىپ ئىككى تال تۇخۇمنى قورۇدى، ئازراق قېتىق، بولكا ۋە ئۈزۈم شەربىتى ئاچىقىپ، ياقا يۇرتلۇق ئادەمنىڭ ئالدىغا قويدى. ئۇ ئادەم بۇ نەرسىلەرنى خۇددى ئاچ بۆرىدەك، چاينىماي يۇتۇپ بىردەمدىلا تۈگەتتى. قارىغاندا ئۇنىڭ بىرنېمە يېمىگىنىگە خېلى ئۇزاق ۋاقىت بولغاندەك قىلاتتى. جامال ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى ئۇنىڭغا مەكتەپ يېنىدىكى ئوقۇتقۇچىلار ياتىقىنى ئېچىپ بەردى. ياقا يۇرتلۇق ئۇلارنىڭ بۇ ھىممىتىگە ئالاھىدە رەھمەت ئېيتتى.

ئۇنىڭ ئەمدى بۇ ئەر ـ خوتۇنلارنى ئاۋارە قىلماي، تېزرەك ئارام ئالغۇسى بار ئىدى. ئۇ سافادا بىر تاتلىق ئۇخلاۋاتقان بالىسىنى كۆتۈرۈپ ماڭماقچى بولۇۋىدى، ھەجەر شۇ ئان يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنىڭ ئالدىنى توستى:

— ئىنىم، بالا بۇ يەردە قالسۇن، بۈگۈن كىچە ئۇنىڭغا مەن قاراي، قالغان ئىشنى ئەته ئەتىگەندە مەسلىھەتلىشەيلى، ئاتىنىڭ ئۈستىدە بىر كۈن يول يۈرۈپ بالا بەكلا تۇگىشىپ كېتىپتۇ.

ياقا يۇرتلۇق نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. بۇلار مېنى بۇنداق ئوبدان كۈتكەن تۇرسا، بۇلارنىڭ گېپىگە ئۇنىمىسام ياخشى بولماس، دەپ ئويلىدى، ئەمما ئون كۈندىن بېرى ئۆزىدىن پەقەتلا ئايرىلمىغان بالىنى ئەمدىلىكتە ناتونۇش ئادەملەرگە تۇتقۇزۇپ قويۇشقا كۆڭلى ئۇنىمايتتى. بىراق، ئۇ ھەجەرنىڭ بالىنى كۆرگەندىن كېيىن قىلغانلىرىنى كۆرگەچكە، كۆڭلى ئاز ـ تولا تىنچىدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بەكلا ھېرىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئۆزىگە تەييارلاپ قويۇلغان كارىۋاتقا چىقىپ، تاپانچىسىنى ياستۇقىنىڭ ئاستىغا قويۇپ ياتتى ـ دە، بىر ئايدىن بۇيان يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئەسلىدى. مۇشۇ بىر ئايدىن بۇيان بۇ ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم ئۆزىنى ئەركىن قويۇۋېتىپ يېتىشى ئىدى، شۇڭا ئۇ بىردەمدىلا شېرىن ئۇيقۇغا كەتتى.

ھەجەرنىڭ ئۇيقۇسى پۈتۈنلەي قاچقانىدى، ئۇ بىردەم ـ بىردەم بالىنىڭ يېنىغا كېلەتتى، ئۇنىڭ نەپەس ئېلىشىغا زەن سالاتتى، ئۇنى قىزىپ قالمىغاندۇ دەپ، پېشانىسىنى تۇتۇپ باقاتتى، ئەمما بوۋاق بۇلاردىن بىخەۋەر ھالدا پەرىشتە كەبى سەبىيلىك بىلەن بىر تاتلىق ئۇيقۇدا ئىدى. بىر چاغدا ئۇ مىدىرلىغاندەك قىلدى، كارىۋاتتا جىم ياتقان جامالمۇ ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ، بالىنىڭ يېنىغا كەلدى. ئەر ـ خوتۇن ئىككىلىسىنىڭ ئۇخلىمىغانلىقى ئېنىق ئىدى. ئۇلار ئىختىيارسىز بىر ـ بىرىگە قاراشتى، قارىغاندا، ئۇلار ئوخشاش بىر ئىشنى ئويلاشقانىدى، ھەجەر بالىنى ئاۋايلاپ كۆتۈرۈپ، ئۆزى

ياتقان كارىۋاتقا ياتقۇزدى، ئەمدى ئۇ خاتىرجەم ياتالايتتى. تالڭ ئەمدىلا سۇزۇلگەن چاغدا ئەر - خوتۇن ئىككىسى ئويغاندى، ئۇلارنى ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر خىل هاياجان ئۆز ئىلكىگە ئالغانىدى.

جامال ياقا يۇرتلۇقنى ئامال قىلىپ مۇشۇ كەنتتە ئولتۇراقلىشىپ قېلىشقا كۆندۈرۈش نىيىتىگە كەلگەنىدى. ئايالىنىڭ تۇرمۇشقا بولغان ئارزۇ - ئىستىكىنى ئويغىتىش ئۈچۈن، ئۇ هەرقانداق ئىشنى قىلىشقا رازى ئىدى.

ئوسمانمۇ ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇردى ۋە باغدىكى باسما قۇدۇقتىن بىر چېلەك سۇ تارتىپ، يۈز - كۆزىنى پاكىز يۇدى. ئاخشام كېچە بەك قاراڭغۇ بولغاچقا، جامال ئۇنىڭ چىرايىنى ئوبدانراق كۆرەلمىگەنىدى. ئۇ قارا كۆز، قارا چاچلىرى تەبىئىي بۇدۇر، بۇغداي ئۆڭ، بەستلىك بەرنا يىگىت ئىدى. ئۇنىڭ گەپ - سۆزى، يۈرۈش - تۇرۇشى، قائىدە - يوسۇنلۇقىدىن خېلى ئوبدان تەربىيە كۆرگەنلىكى چىقىپلا تۇراتتى. ئۇلار پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، ياقا يۇرتلۇق يىگىتنىڭ ئۈزۈم ئۆستۈرۈشنى بىلىدىغانلىقىنى بىلدى. ئۈزۈم ئۆستۈرۈش بۇ ئەتراپتىكى ئادەملەرنىڭ ئاساسلىق جان بېقىش ۋاستىسى ئىدى، ئەگەر ئىش ئۇ دېگەندەكلا بولۇپ، ئۇ راستلا ئۈزۈم ئۆستۈرۈشنى بىلىدىغان بولسا، بۇ پۈتۈن كەنتتىكىلەر ئۈچۈن هەقىقەتەن قالتىس ئىش هېسابلىناتتى. جامال ناشتىدىن بۇرۇن ئىشلىرىنى قىلىپ بولۇپ، ئوسمان بىلەن ئۈزۈمزارلىققا باردى. ئۇلار ئۈزۈمزاردىن قايتىپ كەلگەندە گويا ئۇزۇن يىللىق قەدىناسلاردەك بەكلا چىقىشىپ كېتىشكەنىدى. ناشتىدا ئۇ يىگىت ئۆزىلا بۇ يەردە بىر مەزگىل تۇرۇپ، ئۈزۈم ئۆستۈرۈپ باقاي، دېگەن گەپنى چىقىرىپ قالدى. بۇ گەپ جامال ئەر - خوتۇننى قەۋەتلا خۇش قىلىۋەتتى. ئۇنداق بولغاندا، بالىغا قاراش پۈتۈنلەي هەجەرگە قالاتتى. ئوسمان هەجەرنىڭ كەنتتىكى تۇغۇت ئانىسى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۆز بالىسىدىن تېخىمۇ خاتىرجەم بولدى.

ھەجەر پۈتۈن ۋاقتىنى بالىغا ئاتا قىلىۋەتتى. بالىمۇ خۇددى بۇ تۇرمۇشتىن رازى بولغاندەك، ئۇلارغا ئالەمچە خۇشاللىق ئاتا قىلدى، ئۇنىڭ سەبىيلىك چىقىپ تۇرغان يۇمران مەڭزىگىمۇ قىزىللىق يۈگۈرگەندى. جامال ئوسماننى كەنتتىكىلەرگە ئۇنىڭ ئۈزۈم ئۆستۈرۈشتىن خېلى ئوبدانلا خەۋىرى بار ئىكەن، ئۇ بىزنىڭ ئۈزۈم سورتلىرىنى يېتىشتۈرۈشىمىزگە ياردەم قىلىدىغان بولدى، دەپ تونۇشتۇردى. بۇ كەنتتىكىلەرنىڭ يېڭى شەيئىلەرگە، يېڭى ئىشلارغا ئانچە قىزىقىپ كەتمەيدىغان، ھەتتا ئۇنى چەتكە قاقىدىغان ئادىتى بولغاچقا، دەسلەپتە ئۆزلىرى تېگى ـ تەكتىنى بىلمەيدىغان بۇ كىشىدىن ئۆزلىرىنى ئەپقېچىپ يۈرۈشتى، ھەتتا ئوسمان توغرىسىدا ھەر خىل كوچا پاراڭلىرى پەيدا بولدى، ئۆستەڭ بويى، قەھۋەخانا دېگەندەك يەرلەردە ئادەملەر ئۇ توغرىسىدا ھەر خىل پاراڭلارنى قىلىشاتتى. بەزىلەر ھەتتا ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئاغزىدىن بىرەر خەۋەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن بولسىمۇ، ئەتەي ئۇنىڭ بىلەن يېقىنلىشىپ باقتى، ئەمما ئۇنىڭ ئاغزىدىن يەنە شۇ ئۇ دەسلەپتە دېگەن گەپلەردىن باشقا ھېچقانداق نەرسىگە ئېرىشەلمىدى. كېيىنچە بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئوسماننىڭ بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالغانلىقىغا بولغان قىزىقىشى يوقاپ، ئۇنىڭ ئۈزۈم ئۆستۈرۈش جەھەتتىكى ئالاھىدە كارامىتى ھەققىدىكى گەپلەر ئەتراپقا تارالدى. ئۈزۈمزاردا بۇرۇنقى جانلىنىش قايتىدىن پەيدا بولدى. يېڭى ئۇسۇل بىلەن ئۆستۈرۈلگەن ئۈزۈملەرنى شۇ يىلى باققاللار بىردەمدىلا ئېلىپ تۈگەتتى.

ئوسمان جىمغۇر ئادەم ئىدى، ئۇ قەھۋەخانا دېگەندەك يەرلەرگە بارمايتتى، ئەزەلدىن قارتا ئوينىمايتتى، باشقىلار بىلەنمۇ پاراڭلىشىپ كەتمەيتتى. ئۇ كۆپ ۋاقتىنى ئېتىزدا ۋە ئۈزۈمزاردا ئۆتكۈزەتتى، ئۇ بەزىدە توپىنىڭ تەركىبىنى تەكشۈرەيتتى ياكى بولمىسا قىزىنى ئوينىتاتتى. ئۇ گېپى ئاز، جىمغۇر ئادەم بولغاچقا، كەنتتىكىلەر ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئۇنىڭغا

«ياقا يۇرتلۇق باغۋەن» دېگەن لەقەمنى قويۇپ قويدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ ئوسمان دېگەن ئىسمىنى ئاتايدىغان ئادەممۇ ئازىيىپ كەتتى. ھەش - پەش دېگۈچە خېلى يىللار ئۆتتى، ئايسۇنمۇ سېرىق سۇمبۇل چاچلىق، بۇغداي ئۆڭلۈك، ساھىبجامال قىز بولۇپ چوڭ بولدى. ئوسمان كەنتتىكى ھېچكىم تەرمەي قالغان بىر پارچە يەرنى سېتىۋېلىپ، ئىككى يىل ئىچىدە ئۇ يەرنى بۈك - باراقسان ئۈزۈمزارغا ئايلاندۇردى. ئۇزاققا بارمايلا ئۇنىڭ بۇ ئۈزۈمزارىنىڭ داڭقى ئەتراپقا پۇر كەتتى. ئۇنىڭ ئۈزۈملىرىنى باققاللار تېخى پىشماي تۇرۇپلا سېتىۋېلىشقا كېلىشىپ قوياتتى. بۇ كەنتتىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ ھازىرقى تۇرمۇشىدىن بەكلا رازى ئىدى، ئۆز يېرىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ، بەزىلەر يەرلىرىگە ھاراق ئېچىتىدىغان ئۈزۈم، بەزىلەر يەيدىغان ئۈزۈم تىككەنىدى. بۇرۇن ئاران يىگىرمە سېۋەت ئۈزۈم ئالىدىغان يەرلەردىن مانا ئەمدى يۈز سېۋەت ئۈزۈم ئالىدىغان بولدى. ئۇلارنىڭ ھەميانلىرى ئەزەلدىن ھازىرقىدەك توم بولۇپ باقمىغانىدى. ئۈزۈمدىن يۇقىرى ھوسۇل ئالغان يىللىرى كەنتتىكى خوتۇن - قىزلار ئېسىل رەختلەردىن كىيىم كىيىشىپ، زىبۇ - زىننەت سېتىۋېلىشاتتى.

ئوسماننىڭ بويتاقلىقىنى كۆرۈپ، نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنى قايتا توي قىلىۋېلىشقا نەسىھەت قىلدى، ئەمما ئۇنى ھېچكىم گېپىگە كىرگۈزەلمىدى. ئۇنىڭچە، قىزى ئۇنىڭ بارلىقى ئىدى. ئۇ قىزىنى ئوبدان تەربىيەلەپ چىقىش ئۈچۈن ھېچ نەرسىسىنى ئايىمايتتى، قىزى نېمىنى تەلەپ قىلسا، ئۇ شۇنى تەييار قىلاتتى. ئايسۇنمۇ دادىسىنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمىدى، ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتكۈزدى، ئۇ بازارلىق ئوتتۇرا مەكتەپكە بارغان تۇنجى كۈنى دادىسى ئۇنىڭغا بىر زۇننار سوۋغا قىلدى. زۇننار ئالاھىدە ئىشلەنگەن، توم ئالتۇن زەنجىرنىڭ ئۇچىدا يۈرەك شەكىللىك ئېمالدىن قىلىنغان زىرە بار ئىدى. ئايسۇن ئەزەلدىن بۇنداق زۇننارنى كۆرۈپ

باقمىغانىدى. دادىسى ئۇنىڭغا زۇننارنى سوۋغا قىلىۋېتىپ:
— قىزىم، بۇ زۇننار ئاپىڭىزدىن قالغان تەۋەررۈك، ئۇنىڭغا ئاپام سوۋغا قىلغان، بۇنى ھەرگىز يوقىتىپ قويماڭ، — دېدى ـ دە، ئايسۇننى قۇچاقلاپ باغرىغا بېسىپ، خېلى ئۇزۇنغىچە قويۇپ بەرمىدى، ئېنىقكى ئۇ شۇ تاپتا كۆز چاناقلىرىدىن يالتىراپ تۇرغان كۆز يېشىنى قىزىغا كۆرسەتمەسلىككە تىرىشىۋاتاتتى. ئۇ باشقىلارغا ئەزەلدىن خوتۇنى توغرىسىدا سۆزلەپ باقمىغانىدى، ئەگەر باشقىلار ئۇنى سوراپ قالسا، ئۇ بىر ئامال قىلىپ گەپنى باشقا ياققا يۆتكىۋېتەتتى. ئەمما، ئۇنىڭ ئۆز ئايالىنى ھېلىھەم ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىش تەس ئەمەس ئىدى. بۇنداق بىر زۇننار بىر كىچىك قىز ئۈچۈن ھەقىقەتەنمۇ بەك قىممەتلىك سوۋغا ھېسابلىناتتى، شۇڭا ھەجەر ئايسۇنغا، بۇنى سەن توي قىلغاندا ئاسقىن، دەپ، زۇننارنى توي لازىمەتلىكلىرىنى سالغان ساندۇققا سېلىپ قويدى. ھەجەر ئايسۇننى ئۆز قىزىدەك كۆرەتتى، جامال مۇئەللىم ئوسمان بىلەن ئاكا ـ ئۇكىدەك ئەپ ئۆتەتتى. ئۇ ئوسماندىن ھەرگىز ئارتۇق گەپ سورىمايتتى، ئوسماننىڭ ئىچ سىرلىرىنى بىلىشكىمۇ قىزىقمايتتى. بىر كۈنى ئۇ ئوسماننىڭ رادىيودىن ئاڭلىنىۋاتقان ئىنگلىزچە ناخشىغا جور بولۇپ، غىڭشىپ ناخشا ئېيتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئوسمانغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قالدى. ئوسمان دەرھال ھودۇققان ھالدا، ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئىنگلىز تىلى ئوقۇتقۇچىسىنىڭ بەكلا ئوبدان ئىكەنلىكىنى، ئۇ دائىم ئۆزلىرىگە ئىنگلىزچە ناخشىلارنى ئۆگىتىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ كەتتى.

جامال بۇنى سوراشنىڭ ئورۇنسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ئارتۇق گەپ قىلمىدى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق بارغانچە چوڭقۇرلىدى. ئۇلار كەنتنى كۆكەرتىش، كەنتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن نۇرغۇن ئىشلارنى بىللە قىلدى. ئەپسۇسلىنارلىقى، بۇ دوستلۇق توساتتىنلا ئۈزۈلۈپ قالدى. بىر كۈنى ئوسمان ئۈزۈمزارغا كېتىپ، قايتىپ كەلمىدى.

ئۈچ كۈندىن كېيىن كىشىلەر قىيانىڭ ئاستىدىن ئۇنىڭ جەسىتىنى تېپىپ كەلدى. ئېگىزدىن چۈشكەن جەسەت تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن قىيادىكى ئاشۇ خەتەرلىك يولدىن ماڭغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. بىچارە ئوسمان مۇشۇنداق ئىشنىڭ بولىدىغانلىقىنى بىلىدىغاندەك يېقىنقى بىر ھەپتىدە جامال بىلەن ھەجەرگە يېنىش - يېنىشلاپ: «ناۋادا ماڭا بىرەر پېشكەللىك كېلىپ قالسا، قىزىمنى سىلەرگە تاپشۇردۇم، ئۇنىڭغا زۇننارنى ۋە مەن سىزغان رەسىمنى بېرىشنى ئۇنتۇپ قالماڭلار، قىزىم ئۇلارنى ھەرگىز يىتتۇرۇپ قويمىسۇن» دېگەنىدى.

ئوسمان ئايسۇن ئۈچۈن بىر تېز سىزما سىزغان بولۇپ، ئۇنى يەنە باشقىلارغا رامكىلاتقانىدى. بۇ ئوسماندىن ئايسۇنغا قالغان تەۋەررۇك ئىدى. شۇڭا ھەجەر ئۇنىمۇ ئايسۇن توي قىلغاندا زۇننار بىلەن بىللە بېرىش ئۈچۈن ساندۇققا سېلىپ قويىدى. ئۇلارنى ساندۇققا سېلىشتىن بۇرۇن جامال بىلەن ھەجەر ئۇ نەرسىلەرنى ئىنچىكىلەپ كۆرۈپ چىقتى. زۇننارنىڭ ئالتۇن زەنجىرىنىڭ ئۈچىدا زىرە بار بولۇپ، ئۈستىگە ئېمال سۈرتۈلگەن، ئوتتۇرىسىدا بىر ئالماس كۆز بار ئىدى. ئۇلار بۇنداق زۇننارنى زادى كۆرۈپ باقمىغانىدى.

ئوسماننىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدا كەنتتە ھەر خىل گەپ - سۆزلەر تارقالدى، بۇنداق گەپ - سۆزلەر خېلى ئۇزۇنغىچە كىشىلەر ئارىسىدىكى پاراڭنىڭ ئاساسىي تېمىسى بولۇپ يۈردى. بەزىلەر ئوسماننىڭ ئېتى ئۈركۈپ كېتىپ، ئۇنى قىيادىن ئېتىۋەتكەن گەپ، دېسە، يەنە بەزىلەر، تېخىمۇ سىرلىق قىلىپ، شۇ كۈنلەردە كەنتىمىزنىڭ ئەتراپىدا بىرمۇنچە ناتونۇش ئادەملەرنى كۆرگەنتۇق، شۇ ئادەملەر بىزنىڭ ئۈزۈملىرىمىزنىڭ ئوخشاپ، جىق پۇل تېپىپ، كۈنلىرىمىزنىڭ ياخشى بولۇپ كەتكەنلىكىگە كۆزى قىزىرىپ، ئوسماننى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنى قىيادىن تاشلىۋەتكەن، ئېتىنىمۇ ئوغرىلاپ كەتكەن گەپ،

دەيتتى. ئوسماننىڭ ئىتنى تېپىش ئۈچۈن كەنتتىكلەر دەريا بويىدىكى كەنتلەرگە خەۋەر بەردى، ئەمما ھېچقانداق خەۋەر كەلمىدى. شۇنداق قىلىپ، ئاتنىڭ ئىشىمۇ بىر سىرلىق ئىش بولۇپ قالدى، چۈنكى ئۇ ئىسىل نەسىللىك ئات بولۇپ، ھەر يىلى ئۆزۈم پىشقاندا، ئۈستىگە ئۈزۈم سېۋەتلىرىنى ئارتىپ قويسا، ئادەم يېتىلىمىسىمۇ، ئۆزى ئادىشىپ قالماي، ئۇدۇل ئۆيگە قايتىپ كېلەتتى. كېيىنچە كىشىلەر ئاتنى چوقۇم ئوغرىلاپ كېتىپتۇ، دېگەنگە كېلىپ، ئاتنى يەنە ئىزدەشنى توختاتتى.

ئوسمان قانداق ئۆلگەن بولسۇن، ئايسۇن دادىسىدىن ئايرىلدى، ئەمدى ئۇنىڭ جامال بىلەن ھەجەردىن باشقا ھېچقانداق قېرىندىشى يوق ئىدى. ئايسۇننىڭ دادىسىنى ئەسلەپ، كۆڭلى يېرىم بولۇشىدىن ئەنسىرەپ جامال ئۇنىڭغا بۇرۇنقىدىنمۇ بەتتەر كۆڭۈل بۆلەتتى. ئەمما، دادىسىنىڭ ئۆلۈمى ئايسۇننىڭ نازۇك يۈرىكىگە يەنىلا ئېغىر ئازاب سالدى. ئەمدى ئۇ ئۆزىنىڭ چوڭ بولغاندا ئوقۇتقۇچى بولۇش ئارزۇسىغا يېتىش ئۈچۈن پۈتۈن زېھنىنى ئوقۇشقا قاراتتى. ھەجەرمۇ ئايسۇننىڭ كۆڭۈل ئازابىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشتى، ھەممە ئىش ئايسۇننىڭ گېپى بويىچە بولاتتى. كونىلاردا: «بالا ــ قازا تاق كەلمەس» دېگەن گەپ بار، ئۇلارنىڭ بېشىغا يەنە بىر قېتىم بەختسىزلىك كەلدى، جامال تۇيۇقسىز ساقسىز بولۇپ يېتىپ قالدى ۋە يېرىم يىلغىمۇ بارماي تۈگەپ كەتتى. بۇ ئىش ئانا ــ بالا ئىككىسىگە قاتتىق زەربە بولدى ۋە ئۇلارنىڭ تەقدىرىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋەتتى، بۇ ئائىلىدىكى بۇرۇنقى بەختىيارلىق، خۇشاللىق ئەمدى يوق ئىدى، ئۇلارنىڭ تاپقان پۇلى قورساق بېقىشقا ئارانلا يېتەتتى، شۇڭا ئايسۇن ئوقۇشتىن توختاپ قېلىشقا مەجبۇر بولدى. دەسلەپتە ئۇلار يەرلىرىنى ئۆزلىرى تېرىدى، ئەمما زادىلا بەرداشلىق بېرەلمىدى. ئايسۇن بۇرۇن خۇددى شەھەرلىك قىزلاردەك تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلگەچكە، دېھقانچىلىق ئىشلىرىدىن ئازراقمۇ خەۋىرى يوق ئىدى، بارلىق

ئىشلارنى ھەجەر ئۆزى يالغۇز قىلسا بەكلا جاپادا قالاتتى. ئۇلار ئامالسىزلىقتىن يېرىنى ئىجارىگە بېرىپ، شۇ ئىجارە ھەققى بىلەن تۇرمۇشىنى قامدىدى. ئەگەر ھەجەر ئاغرىپ قالمىغان بولسا، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ھەرھالدا بىرقانداق قىلىپ ئۆتمۈپرەتتى. ھەي، تەقدىر ئۇ بىچارە قىزغا بەكلا رەھىمسىزلىك قىلماقتا، ھەر خىل ئىشلار بىلەن ئۇنى يان ـ يۆلەنچۈكسىز قويماقتا ئىدى. بۇلارنى ئويلاپ ھەجەرنىڭ كۆز ياشلىرى تاراملاپ تۆكۈلۈپ كەتتى. ئۇ ئايسۇننىڭ چاقىرغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئاندىن ئېسىگە كەلدى.

ـــ ئاپا، تاماق پىشتى، تامىقىڭىزنى يەۋېلىڭ.

ھەجەر كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ ئۆيگە كىردى. ئەمما، ئۇنىڭ چىرايىغا قارىغان ئادەم ئۇنىڭ يىغلىغانلىقىنى بىر قاراپلا بىلىۋالاتتى.

ـــ ئاپا، يەنە يىغلاپسىزغۇ؟ مەندىن بىر ئىشنى يوشۇرۇۋاتامسىز، قانداق؟ بىز بۇرۇن بىر ـ بىرىمىزدىن ھېچقانداق ئىشنى يوشۇرمايتتۇق، بىز كېيىنمۇ شۇنداق قىلىمىز دېيىشكەنغۇ؟

ـــ مەن ئىشىك ئالدىدا سېنى ساقلاپ ئولتۇرۇپ، بۇرۇنقى ئىشلارنى ئەسلەپ، كۆڭلۈم سەل يېرىم بولۇپ قالدى. بالام، كارىڭ بولمىسۇن، ھازىر ئوڭلىنىپ قالدىم.

ـــ ئاپا، دوختۇرغا كۆرۈنسىڭىز بولاتتى. يەنە ئاغرىۋاتامدۇ؟

ـــ ھېچ ئىش يوق قىزىم، كېسىلىم ساقىيىپ كېتىدۇ. ئاشقازان يارامۇ خېلى ياخشى بولۇپ قالدى، ھازىر تاماقلارمۇ سىڭىۋاتىدۇ.

ـــ شۇنداق بولغاي خۇدايىم، ئاپپاق ئاپا، ئۆزىڭىزنى ئوبدان كۈتۈڭ، مېنىڭ سىزنىڭدىن بۆلەك ھېچقانداق قېرىندىشىم يوق، ناۋادا سىزمۇ كەتسىڭىز، مەن قانداق قىلىمەن؟

ئايسۇننىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلىغان ھەجەرنىڭ كۆڭلى بەكلا يېرىم بولدى، گېلىدىن تاماقمۇ ئۆتمىدى. ئۇ ئايسۇننى سېزىپ

قالمىسۇن دەپ، تۇز ئاچىقاي دېگەن باھانە بىلەن ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى. ئۇ ئەمدى ئايسۇننىڭ ئىشىنى بىر تەرەپ قىلىۋېتىش نىيىتىگە كەلگەنىدى. ئۇ ئۆمەر بەگنىڭ خوتۇنى دېگەن ئىشنى ئايسۇنغا دەپ، ئۇنى چېكىپ باقماقچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنە تاماق ئۈستىلىگە كېلىپ ئولتۇردى.

ئايسۇن ئۆزىنىڭ بوگۈن يولدا يىلانغا ئۇچراپ قالغانلىقىنى، يەنە تاھسىنغا ئۇچراپ قالغانلىقىنى ھەجەرگە قول ئىشارەتلىرى بىلەن جانلىق سۆزلەپ بەردى.

ھەجەر بۇ تازا ئوبدان پەيت بولدى، گەپنى ئەمدى باشلىمىسام بولمايدۇ، دەپ ئويلاپ، چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتتى.

— بوگۈن ئەسما يەڭگەڭنىڭ ئۆيىدە... — دەپ گېپىنى باشلىدى ھەجەر.

قورۇقتىكى ھەممە ئائىلىلەر كەچلىك غىزا تەييارلاۋاتاتتى. غوجىدار شۇ تاپتا مېھمانخانىدىكى تاماق ئۈستىلىگە تىزىلغان نەرسىلەرنى تەكشۈرۈۋاتاتتى. مېھمانلارنىڭ ئالدىدا سەتلىشىپ قالماسلىق ئۈچۈن ئۇ خېلىدىن بېرى ئاشخانا بىلەن مېھمانخانا ئوتتۇرىسىدا چېپىپ يۈرۈۋاتاتتى. ھەر قېتىم تاھسىن قايتىپ كەلگەندە، بۇ ئۆيگە دوست - بۇرادەرلەر، كەنت باشلىقى، يەنە كەنتتىكى بەزى يۈز - ئابرۇيلۇق ئادەملەر ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى كېلەتتى ۋە بۇ يەردە مېھمان بولغاچ خېلى كەچكىچە پاراڭ سېلىشاتتى. ئۆمەربەگ مېھماندوست ئادەم ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭ ئۆيىدە زادىلا مېھمان ئۈزۈلمەيتتى. بوگۈن كەچلىك تاماق ۋاقتىدا، تاھسىن ئۆزىنىڭ قىلماقچى بولغان ئىشلىرىنى تونۇشتۇرماقچى، ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئەۋرىشكىلىرىنى ئۇلارغا كۆرسەتمەكچى بولغاچقا، بوگۈنكى كەچلىك تاماق بىر ئاز ئالاھىدە ئىدى. تاھسىن تېخى يېڭىلا دالانى ئاتلىق ئايلىنىپ كەلگەن، شۇ تاپتا ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى ئۆيىدە يۇيۇنۇپ كىيىم يۆتكەۋاتاتتى. تاھسىن ئېسىگە كېلىشى بىلەنلا

ھاسان غوجىدارنىڭ كۆڭلى سەل يېرىم بولدى. تاھسىن كىچىك ۋاقتىدا ئۇ دائىم تاھسىننى يۇدۇپ ئوينىتىپ كېلەتتى. چوڭ خانىم ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىمگە بۇ بىردىنبىر ئوغلىنى بېرىپ خاتىرجەم بولالمايتتى. نۇرغۇن ئىشلارنى تاھسىن ھاساندىن ئۆگەنگەن. تاھسىن كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپلا يەر ۋە ئات ـ ئۇلاغلارغا ئامراق بولۇپ قالغانىدى. ئۇ دائىم ھاسان بىلەن كالا، قوي پادىلىرىنى كۆرگىلى باراتتى، ئۇلارغا ئىسىم قوياتتى، ئۇلارنى باقاتتى، ھەتتا ئۇلارغا ۋاكىسىنا ئەملەيتتى.

«بۇ بىچارە بالا بىتەلەي بولۇپ قالدى» ھاسان كۆڭلىدە شۇنداق ئويلىدى.

مەلىھا دەسلەپتىلا ئۇنىڭ كۆزىگە سىغمىغانىدى، ئۇ مەلىھانى تاھسىنغا باب كەلمەيدۇ، دەپ ئويلايتتى.

ـــ ۋاپاسىز خوتۇننىڭ قولىدىن ياخشىلىق كېلەمتى؟ ـــ دېدى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە.

ئاغزىدىن بۇ گەپ چىقىپ كېتىشى بىلەنلا ئۇ بىرەرى بارمىكىن دەپ ئەتراپىغا قارىدى. قورۇقتىكى ھەممەيلەن ئۇ خوتۇننى ھۆرمەتلىگەندەك قىلاتتى ـ يۇ، ئۆزلىرىنى ئەيقاچاتتى، ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇشقا ھېچكىم جۈرئەت قىلالمايتتى. ناۋادا بىرەرى ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ قويىدىغان بولسا، ئۇنداق ئادەمنىڭ كۈنى تەس بولاتتى ياكى ئۇنى بىر ئامال قىلىپ قورۇقتىن قوغلاپ چىقىراتتى، ياكى بولمىسا ئۇنى قىيناپ، يا ئوبدان ياشىيالمايدىغان، يا ئۆلۈپ كېتەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قوياتتى.

نازلى كىچىكىدىنلا شۇنداق ئۆكتەم ئىدى، ئۇ باشقىلارغا دېگىننى قىلدۇرماي قويمايتتى، ھەممە ئادەم بۇنىڭغا كۆنۈك ئىدى. ئۇنىڭ شۇنداق بولۇپ قېلىشىدا ئۆمەر بەگنىڭ مەسئۇلىيىتى بار ئىدى. نازلى كىچىكىدىنلا ئوغۇل بالا مىجەز ئىدى، ئۇنىڭ يامان قىلمىقلىرىنى ئۆمەر بەگ توسۇش، چەكلەشنىڭ ئورنىغا، ئۇنى ماختاپ يول قويغانىدى. تاھسىن بالا

يۈزى كۆرمىگەچكە، بەلكىم نازلىدىن ئاز ـ تولا تەسەللىي تاپماقچى بولغان بولسا كېرەك. نازلىي بولسا دادىسىنىڭ ئامراقلىقى ئاستىدا، مانا ھازىرقىدەك باشباشتاق، ئۆزىدىن باشقا ئادەمنى قىلچە ئويلىمايدىغان، تاش يۈرەك، نەپسانىيەتچى، ئاچ كۆز، ئۆز مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ۋاستە تاللاپ ئولتۇرمايدىغان بولۇپ چوڭ بولغانىدى. ئۇ قورۇقتىكى بارلىق ئىشلارغا قىزىقاتتى، قورۇقنىڭ ھەرقانداق كىرىم ـ چىقىملىرى ئۇنىڭغا بەش قولدەك ئايان ئىدى. ئۇ تاھىسىنىغا تۆھمەت چاپلايدىغان ھەرقانداق پۇرسەتنى قولدىن بەرمەيتتى. نازلىنىڭ بۇنداق ئىشلىرىدىن تاھىسىن ناھايىتى ئازابلىناتتى، ئەمما ئۇ سىڭلىسى بىلەن يىرىكلىشىپ قالماسلىق ئۈچۈن، يەنە دائىم سىڭلىسىغا سوۋغاتلىق ئەكېلەتتى، ئۇنىڭغا يېڭى مودا بولۇۋاتقان كىيىم ـ كېچەكلەرنى، ياغلىق ۋە خۇرۇم كىيىملەرنى ئېلىپ بېرەتتى.

«ئەگەر نازلىي بالدۇرراق ياتلىق بولۇپ كەتكەن بولسا، بىزمۇ ئارام تېپىپ قالاتتۇق» دەپ ئويلىدى ھاسان.

ئۇنىڭ بىلەن تەڭ دېمەتلىك قىزلارنىڭ ئاللىقاچان بىرنەچچىدىن بالىسى بولۇپ بولغانىدى. ئۇ بۇ جەمەتنىڭ خان قىزى بولغاچقىلا شۇنداق تۇرۇۋاتىدۇ، باشقا ئادەمنىڭ قىزلىرى شۇ ياشقىچە قېرى قىز بولۇپ ئولتۇرۇپ قالسا، ئاللىقاچان مەسخىرىگە كۆمۈلۈپ كەتكەن بولاتتى.

«تېزرەك كۆزۈمدىن يوقالساڭچۇ» ھاسان ئۆزىچە ئېغىر خورسىنىپ قويدى.

مېھمانلارنىڭ تاماقتا ئولتۇرۇش ۋاقتى بولۇپ قالدى، تېز تۇتۇش قىلىش كېرەك. يازدا قاراڭغۇ كېيىن چۈشىدۇ. ئەگەر قىش بولىدىغان بولسا، بۇ چاغدا نۇرغۇن ئادەم يوتقانغا كىرىپ بولغان بولاتتى. ھاسان شۇ خىياللار بىلەن ئاشخانىغا كىردى. ئاشپەز پىرەنىكلەرنى پىشۇرۇپ بولۇپ، سوۋۇتۇش ئۈچۈن يېيىپ قويغانىدى. دۇخوپكىدىن يېڭىلا ئالغان پىرەنىكلەرنى كۆرۈپ،

ھاسان ئاغزىغا كەلگەن سىرىقسۇنى يۇتۇۋەتتى. ئۇ ئىسسىق پىرەنىك يېيىشكە ئامراق ئىدى. ھەر قېتىملىق كەچكى تاماقتا ئۇ خىزمەتكارلارغا ھەيدەكچىلىك قىلىپ تۇرىدىغان بولغاچقا، ھەممەيلەن تاماق يەپ بولاي دېگەندىلا، ئاندىن ئۇ تاماققا ئولتۇراتتى. ئاشپەزلەر باشلىقىنىڭ دىققەتسىزلىكىدىن پايدىلىنىپ، بىر تال پىرەنىكنى يەۋالسىچۇ ! ئەمما، ھاسان دەرھال بۇ خىيالدىن ۋاز كەچتى. ئۇ دېگەن ئاشپەزلەرگە ھەيدەكچىلىك قىلىشقا كىرگەن، ئەگەر ئۇلار ئۇنىڭ بۇ ئىشىنى كۆرۈپ قالىدىغان بولسا، ھەممە يەردە گەپ قىلىپ يۈرمەمدۇ، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ يۈزىگە سەت، نام ـ ئابرۇيىغا تەسىر يېتىدۇ.

ئايال خىزمەتكارلارمۇ ئالدىراش ئىشلەۋاتاتتى. ئۇلار ئۈستەلگە ھەر خىل يېمەكلىكلەرنى تىزىپ بولغان، ئۇ تائاملارنىڭ مەززىلىك پۇراقلىرى ئۆي ئىچىنى بىر ئالغانىدى. بۇنىڭغا ئاشخانىدىن چىقىۋاتقان پاقلان گۆشى كاۋىپىنىڭ پۇرىقى قوشۇلۇپ، ھەممە ئادەمنىڭ ئىشتىھاسىنى ئېچىۋەتكەنىدى. مەلىھا بۇرۇنقىدەك ئايال غوجايىنلىق كىيىمىدە تۇرۇپ ئايال خىزمەتكارلارغا، ئاشپەزلەرگە ھېلىدىن ـ ھېلىغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ تۇراتتى. ئۇ خىزمەتكارلارنىڭ قىلغان ئىشىدىن دائىم قۇسۇر تېپىپلا يۈرەتتى، ئۇ بىردەم ئېچىتقان قېتىقنىڭلار ماڭا تېتىمىدى دېسە، يەنە بىردەم بولكىنى ئوبدان پىشۇرماپسىلەر، دەپ كايىپ كېتەتتى. ھەممەيلەن ئۇنىڭ كايىشلىرى بىلەن بولۇپ كېتىپ، قىلىۋاتقان ئىشلىرىنىمۇ قىلالمىدى.

چوڭ خانىم مېھمانلار بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ ۋاقىتنىڭ قانچە بولغانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ قالغانىدى. ئۇ مەلىھانىڭ كەچلىك تاماققا تەييارلىق قىلىپ يۈرگەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، مېھمانلارغا ئۆزىنىڭ تاھسىنىنى قايتا ئۆيلەش ئۈچۈن قىز تاللاپ يۈرگەنلىكىنى ئېيتتى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ باياتىن قىزغىن پاراڭلىشىۋاتقانلار شۈكلا بولۇپ قېلىشتى، چۈنكى ئۇلار مەلىھانىڭ مىجەز ـ خۇلقىنى بىلگەچكە، ئۇنىڭ كۆزىگە سەت

كۆرۈنۈپ قېلىشنى خالىمايتتى. بۇ يەردە بولۇنغان گەپنىڭ ھايال ئۆتمەيلا مەلىھانىڭ قۇلىقىغا يېتىدىغانلىقى ئۇلارغا بەش قولدەك ئايان ئىدى. شۇڭا چوڭ خانىمنىڭ ئۇ گېپىگە ھېچكىم ئارىلاشمىدى.

باشقىلارنىڭ ئۆزىنىڭ گېپىگە ئارىلاشمىغانلىقىنى كۆرگەن چوڭ خانىمنىڭ كۆڭلى بىرقىسىملا بولۇپ قالدى. ئۇ ھەممىسىنىڭ مەلىھادىن قورقۇۋاتقانلىقىنى سەزدى.

«مەن تېخى ھايات، — دەپ ئويلىدى ئىچىدە چوڭ خانىم، — مەن تېخى ئۆلمەي تۇرۇپلا ئۇ بۇ قورۇقنىڭ غوجايىنى بولۇۋالماقچىكەن ـ دە!»

چوڭ خانىم تەربىيە كۆرگەن ئايال بولغاچقا، مەلىھا بىلەن سەن ـ پەن دېيىشىپ قېلىشنى ئەسلا خالىمايتتى. ئەمما، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىكى ئىشلار بۇ قورۇقنىڭ ھەقىقىي ئايال غوجايىنى زادى كىم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى.

— مەن تازا لايىق قىزدىن بىرنى تاپتىم، — چوڭ خانىم گېپىنى قىلىۋەردى.

بۇ گەپ خۇددى ئوچۇق ئاسماندا چېقىلغان چاقماقتەك ھەممەيلەننى بىردىنلا تىنچلاندۇرۇپلا قويدى. جىمجىتلىقنى ئالدى بىلەن ئۆزىنى باسالمىغان نازلى بۇزدى:

— سەن قىز تېپىپ بولدۇڭمۇ؟ كىمنى تاپتىڭ؟

— يات ئارىدا بىلىپ قالىسىلەر.

— ئاكام قوشۇلامدۇ؟

— بۇ ئىشنى ماڭا قويۇپ بېرىڭلار، ئۇ ھامان قوشۇلىدۇ، ئەجەبا، ئۇ ئاتا ـ بوۋىمىزدىن كېلىۋاتقان ئۆرپ ـ ئادەتكە قارشى تۇراتتىمۇ؟

— بۇ ئىشقا دادام نېمە دەيدۇ؟

— ئۇنىڭغا بۇگۈن ئاخشام دەيمەن، مېنىڭچە ئۇ ئەمدى قارشى تۇرمايدۇ.

شۇ چاغدىلا نازلى شۇنچىۋالا ئادەمنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ بەكلا يەڭگىلتەكلىك قىلىپ، جىق گەپلەرنى قىلىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى ـ دە، سەل خىجىل بولۇپ، تاماق تەييار بولدىمىكىن قاراپ باقاي، دېگەننى باھانە قىلىپ، غىپپىدە چىقىپ كەتتى. نازلى شۇ تاپتا ئاپىسىدىن تويۇقسىز ئاڭلىغان بۇ خەۋەرنىڭ تەسىرىدىن ئۆزىنى تېخىچە ئوڭشاپ بولالمىغانىدى. ئۇ شۇنداق ھالەتتە تۇرغاندا، بىردىنلا ئالدىدا مەلىھا پەيدا بولۇپ قالدى.

— نېمە بولدى نازلى؟ نېمانداق ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدىڭ؟ مەن يېنىڭدىن ئىككى قېتىم ئۆتسەممۇ سەزمىدىڭ. ئەگەر باشقىلار سېنىڭ بۇ ئەپتىڭنى كۆرىدىغان بولسا، سېنى چوقۇم بىرسىگە ئاشىق سەۋداسى بولۇپ قاپتۇ، دەيدۇ جۇمۇ.

بۇ گەپكە نازلى جاۋاب بېرىپ بولغۇچە، مەلىھا ئۇنى زاڭلىق قىلغان ئەلپازدا مېھمانخانىغا كىرىپ كەتتى ۋە ئۇ يەردە ئولتۇرغان مېھمانلارنى تاماققا تەكلىپ قىلدى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتى بەئەينى بۇ يەرنىڭ ئايال غوجايىنىدەك ئىدى. نازلى مېھمانخانىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ يەردىكى كەيپىيات سەل پەسكويغا چۈشكەندەك بولدى، ئۇلار بىردەم تاغدىن ـ باغدىن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشتى. ئۇلار مېھمانخانىغا كىرىپ كەلگەن مەلىھانى كۆرۈپ، دەرھاللا ناۋادا بايامقى خەۋەرنى بۇ خوتۇن ئاڭلىسا قانداق بولۇپ كېتەر، دېگەننى خىياللىرىدىن ئۆتكۈزۈشتى. ۋايىيەي، مانا ئەمدى پاراڭغا دەستەك چىقتى، ئەمدى خېلى ئۇزۇنغىچە كىشىلەر باشقا پاراڭ قىلىشماي، بۇ ئىشنىلا سۆزلىشىدىغان بولدى ـ دە! ئۇنىڭ ئۇستىگە ھەممەيلەن بوگۈن چوڭ خانىمنىڭ بۇ ئىشتىكى قەتئىي ئىرادىسىنى بىلىشكەنىدى. شۇغىنىسى، چوڭ خانىم ئۇ قىزنىڭ كىمنىڭ قىزى ئىكەنلىكىنى دېمىدى. بۇنىڭ بىلەن كەنتتىكى قىزلىرى تېخى ياتلىق بولمىغان پۇلدارلار ھەر خىل قىياسلار ئىچىدە قالىدىغان بولدى ـ دە!

مەلىھانىڭ زاڭلىق قىلىپ دېگەن سۆزلىرى نازلىنى ئېسىگە كەلتۈردى. ئۇ شۇ ئانلا: «ماۋۇنىڭ زاڭلىق قىلىپ كەتكەنلىرىنى،

تېخى كۆرمىمىزغۇ ! ئۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىنمۇ يەنە مۇشۇنداق پوكىنىڭنى كۆتۈرۈپ كۇلەلەمدىكەنسەنكىن !» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى ۋە كۆڭلىنىڭ بىر خىل خۇش بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئەمما، راستىنى ئېيتقاندا، بۇ گەپ ئۇنىڭ ئۈچۈنمۇ خۇش خەۋەر ئەمەس ئىدى. ئۇ ئاپىسىنىڭ ئاكىسىنى قايتا ئۆيلەش ئۈچۈن قىز تاللاپ يۈرگەنلىكىنى بىلەتتى، ئەمما بۇ ئىشقا تاھسىنىنىڭمۇ، دادىسىنىڭمۇ قوشۇلمايدىغانلىقىنى بىلگەچكە، ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمىگەن، دادام قوشۇلمىسا، ئاپام ئۆزى بۇ ئىشنى قىلالمايدۇ، دەپ ئويلاپ يۈرگەنىدى. ئەمما، بۈگۈن ئاپىسىنىڭ باشقىلارنىڭ ئالدىدا بۇ ئىشنى دېيىشىدىن دادىسىنى بۇ ئىشتىن خەۋىرى يوق دېگىلى بولمايتتى. ئەگەر بۇ ئىشقا دادام قوشۇلغان بولسا، تاھسىنىنى قايىل قىلىش ئۇنچىۋالا تەس ئىش ئەمەس، چۈنكى تاھسىن كىچىكىدىن دادىسىنىڭ گېپىنى يىرماي چوڭ بولغانىدى.

«ئۇنىڭدا قانداقمۇ كونا ئەنئەنىگە بويسۇنمايدىغان، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ گېپىگە كىرمەيدىغان جۈرئەت بولسۇن؟» دەپ ئويلىدى نازلى.

ئۇنىڭ بۇرۇنقى تويىنى مەجبۇري قىلىنغان دېگەندىمۇ، بىر يىگىتنىڭ قانداقمۇ ئۆزىدىن چوڭ قىز بىلەن توي قىلغۇسى كېلىدۇ؟ تاھسىن توي قىلغاندا نازلى ئون بەش ياشتا ئىدى. ئۇ مەلىھانى تۇنجى كۆرگەندىلا، بۇ خوتۇن كەلگۈسىدە مەن بىلەن رەقىب بولۇپ قالغۇدەك، دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەنىدى. ئۇ ئاكىسىنىڭ تويىنى توسۇش ئۈچۈن ھەر خىل ئاماللارنى قىلىپ باقتى، ئەمما ئۇنىڭ شۇ سارالڭ قېتىش ئاكىسى نېمە دېدى دېمەمسىلەر: «دادام ئۇلارغا رازىلىق بىلدۈرۈپ بوپتىكەن، گەپتە تۇرمىساق بولمايدۇ، ئەگەر مەن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلمىسام، ئۇنى باشقىلارمۇ ئالمايدۇ. دادام دېگەن بۇ يەردە يۈز ـ ئابرۇيلۇق ئادەم تۇرسا، مەن قاراپ تۇرۇپ دادامنىڭ ئابرۇيىنى تۆكسەم قانداق بولىدۇ؟» شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاخىر مەلىھا بىلەن توي

قىلدى. نازلىنى ئېلىپ ئېيتىدىغان بولساق، ئۇ دادىسىنىڭ گېپىنى قىلچە ئىلىك ئالمايتتى، ئۇنىڭغا نۇرغۇن يىگىتلەر ئەلچى كىرگۈزگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ مەن ئۆزۈم ياقتۇرغان ئادەم بىلەن توي قىلىمەن دەپ ھەممىنى رەت قىلدى. ئۇ خالايىقتا قورۇق غوجايىنى بىلەن خوتۇنىنىڭ زادى قانداق بولىدىغانلىقىنى بىر كۆرسىتىپ قويغۇسى بار ئىدى. ئۇ دادىسىغا نەچچە رەت، سەن ئىشلەمچىلەرگە بەك جىق ئەركىنلىك بېرىۋەتتىڭ، ئەگەر مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا، ئۇلار بۇ يەرلەر بىلەن ئۈزۈمزارنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالىدۇ، دەپ نەسىھەت قىلغان، ھەر قېتىم دادىسى ئۇنىڭغا كۈلۈپ تۇرۇپ: «نەپسى يامانلىق ئادەمنى ئەقلىدىن ئازدۇرىدۇ، قورۇق غوجايىنى ئىشنى ئادىل قىلىشى كېرەك، شۇنىڭدىلا ئىشلەمچىلەر سېنىڭ دېگىنىڭدەك قىلىدۇ. بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىمىز شۇنداق قىلىپ كەلگەن، قارىغىنا، تا ھازىرغىچە بىز ھېچكىم بىلەن ئازارلىشىپ قالمىدۇق، ھەممىسى رازى. ئەكسىچە بىزمۇ سەن دېگەندەك بىرەر نەرسىمىزدىن ئايرىلىپ قالمىدۇق» دەيتتى. نازلى كۆڭلىدە بولسا، مەن پۈتۈن ئىگىلىكنى قولۇمغا ئالغان چاغدا، ئاندىن مەن سىلەرگە ئادىللىق دېگەننىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويىمەن، دېگەندى. شۇڭا ئۇ ھازىر، مەن دەرھال بىرەر چارە قوللىنىشىم كېرەك، ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ تاللىغان قىزىنىڭ زادى كىمنىڭ قىزى ئىكەنلىكىنى بىلەي، ئاندىن قانداق چارە قوللىنىشنى ئويلىناي، مەلىھا بىلەن بىرلىشىشنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق، ئاخىرقى ھېسابتا ئۇ مەندىن يەنە بىرەر نەرسە ئۇندۇرۇۋېلىشنى كۆزلەيدۇ. ئەڭ ياخشىسى بۇنداق ئىشتا ئۆز ئالدىمغا ئىش قىلغىنىم تۈزۈك، دېگەنلەرنى كۆڭلىگە پۈكتى.

قورۇقتا نازلىنىڭمۇ كۆز ـ قۇلاق بولۇپ بېرىدىغان ئادەملىرى بار ئىدى. ئۇ ھەر دائىم ئاشۇ ئادەملىرى ئارقىلىق قورۇقتا بولۇۋاتقان سۆز ـ چۆچەكلەرنى، كىمنىڭ كىم بىلەن نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇراتتى. ئەمما، بۇ

قىتىم ئاپىسى ئۇنى داغدا قويغانىدى، قارىغاندا ئاپامنى بوش چاغلىسام بولمىغۇدەك. بۇرۇن ئۇ دائىم تاھىسىننىڭ سومكىسىنى، يانچۇقلىرىنى ئاختۇرۇپ ئۆزىگە لازىملىق نەرسىلەرنى كۆرۈپ بىلىۋالاتتى. بۇ قېتىممۇ ئۇ تاھىسىننىڭ نەرسىلىرىنى يوشۇرۇنچە ئاختۇرۇپ، دوختۇرخانىنىڭ دىياگنوزىنى كۆرۈپ، مەلىھانىڭ تۇغماس ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغانىدى. شۇ كۈنىدىن باشلاپ ئۇ مەلىھا بىلەن ئۇدۇلمۇئۇدۇل قارشىلاشمايدىغان بولغان. ئەمما، ھازىر ئەھۋال ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. بۇ ئۆيگە ئەمدى ياتلىق بولۇپ كېلىدىغان قىز ھەرگىزمۇ تۇغماس قىز ئەمەس.

مېھمانلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، كەڭتاشا ياسالغان بالكوندىكى تاماق ئۈستىلىگە كېلىپ ئولتۇرۇشتى. نازلى دەرھال ھاممىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئاپىسى ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشقان بولۇشى مۇمكىن. نازلىغا ئۇنىڭ ئاغزىدىن بىرەر خەۋەرنى ئاڭلاش تولىمۇ ئاسان ئىش ئىدى.

كۈندۈزدىكى تومۇز ئىسسىقى گۈگۈم بىلەن بېسىقىپ، ھاۋا خېلى سالقىنلاپ قالغانىدى. تاماقتىن كېيىن چوڭلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، سافالارغا بېرىپ ئولتۇرۇپ قەھۋە ئىچىشتى. ياشلار بولسا ناھايىتى ئىززەت ـ ھۆرمەت بىلەن پاكار سېلىنچىلاردا ئولتۇرۇشۇپ پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. غۇۋا چىراغ نۇرى غوڭۇلداپ چۆرگۈلەۋاتقان شامالدۇرغۇچنىڭ قاناتلىرىنى يورۇتۇپ تۇراتتى. ئولتۇرغانلار تاھىسىن ئەكەلگەن خورۇملارنى قولىدىن ـ قولغا ئۆتكۈزۈپ كۆرۈشمەكتە، يىپەكتەك يۇمشاق ئىشلەنگەن خورۇملارنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختاشماقتا ئىدى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئاجايىپ بىر كاتتا نەتىجە بولغانىدى. ئۇنىڭسىزمۇ تاھىسىننى ھەممەيلەن دېگۈدەك ياخشى كۆرىدىغان بولغاچقا، بۇ نەتىجىسى بىلەن ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتى ھەسسىلەپ ئاشقانىدى. باشقىلارنىڭ ماختاش، ئاپىرىنلىرى ئىچىدە تاھىسىن ئۆزىنى يەنىلا بۇرۇنقىدەك كەمتەر، تەمكىن تۇتۇپ

تۇراتتى، ئۇ باشقىلارنىڭ پىكىر ـ تەكلىپلىرىنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلىدى، سورىغان سوئاللىرىغا ئورۇنلۇق جاۋابلارنى بەردى. شۇ ئەسنادا تاھىسىنىڭ يېزنە دادىسى:

ــ بۇ تېرىلەر ھەقىقەتەن نېپىز ئىكەن، ئەگەر پارقىراپ تۇرمىغان بولسا، ئادەم ئۇنى يىلان تېرىسىمىكىن دەپ قالغۇدەك، ــ دېدى.

يىلان دېگەن گەپنى ئاڭلىغان تاھىسىنىڭ تېنى ئىختىيارسىز شۈركۈنۈپ كەتتى، چۈنكى ئۇنىڭ خىيالىغا كەچقۇرۇن يول بويىدا ئۇچراتقان ئاشۇ يىلان كەلگەنىدى، شۇنىڭ بىلەن تەڭ كۆز ئالدىدا ئاشۇ بىر جۈپ قوڭۇر كۆزمۇ پەيدا بولدى ـ دە، ۋۇجۇدىغا بىر خىل ھاياجان ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆزىنى دەرھال ئوڭشىۋالدى. ئۇ مېھمانلارغا كەچقۇرۇن يول بويىدا كۆرگەن ھېلىقى يىلاننى سۆزلەپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن گەپنىڭ تېمىسى بىردىنلا ئاشۇ يىلانغا يۆتكىلىپ يىلان توغرىسىدىكى پاراڭ باشلىنىپ كەتتى. باشقىلارنىڭ نېمە دېيىشىدىن قەتئىينەزەر، تاھىسىنىڭ كۆڭلى بىر خىل ئارامسىزلىق ئىچىدە قالدى، ئاشۇ ئوماق قىزنىڭ بۇغداي ئۆڭ چىرايىدا ئەكس ئېتىپ تۇرغان مەيۈسلۈك تاھىسىنىڭ كۆڭلىنى بىئارام قىلىپ قويغانىدى.

بىر چاغدا مېھمانلار بىرلەپ، ئىككىلەپ قايتىشقا باشلىدى، چۈنكى ئۇلار ئەتە ئەتىگەندە ئېتىزغا بېرىشى كېرەك ئىدى، ئۇلار بالدۇر ئۇخلاشقا ئادەتلەنگەن، بايا ئولتۇرغانلارنىڭ بەزىلىرى ھەتتا مۈگدەپمۇ قېلىشقانىدى. ئۆمەر بەگ ئاخىرقى مېھماننى ئۇزىتىپ قويۇپ ھۇجرىسىغا كىردى، خوتۇنى ئۇنى ساقلاپ تۇرغانىدى:

ــ نېمە بولدى ئەمىنە؟ بۇ يەردە قاراپ تۇرىسەنغۇ، بىرەر ئىشىڭ بارمىدى؟

ــ غەم قىلمىسىلا بېگىم، ئولتۇرسىلا، سىلىگە دەيدىغان ئازراق گېپىم بار ئىدى.

— قېنى، قولىقىم سەندە.

— بېگىم، مەن ئۇزاق ئويلاپ يەنىلا ئوغلىمىزنى قايتا ئۆيلىسەك بولغۇدەك، دېگەن ئويغا كەلدىم. بۇرۇن بىز خەققە بەرگەن ۋەدىمىز گەپ بولسۇن دەپ توي قىلىپ، ئوغلىمىزنى ئوتقا ئىتتەرگەندەك ئىش قىپتۇق. قارىسىلىچۇ، شۇنچە ياشقا كىرىپمۇ بالىلىق بولالمىدى، بۇنداق كېتىۋەرسە، ئەۋلادسىز قالامدۇ، سىلىمۇ گەپلىرىدە چىڭ تۇرۇۋالمىسىلا، بىرىپ ئۇ ئاغىنىلىرى بىلەن ئوبدان سۆزلىشىپ كەلسىلە، بۇ ئىشنى ئۆز لايىقىدا ئوبدان بىر تەرەپ قىلايلى. ئۆرپ - ئادەت بويىچە قىلىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلدۇق، ئەمدى ئۇلارغا كەلدى، ئۇ بېگىم ئەمدى قىزىغا سۆزلەپ قايىل قىلسۇن، مەلىھا قوشۇلسۇن - قوشۇلمىسۇن، قايتا توي قىلمىساق بولمايدۇ، ئەگەر ئۇ ئەقىللىك بولسا، بۇ ئىشنى بۇزۇپ يۈرمىسۇن.

ئۆمەر بەگ كۆڭلى بىئارام بولغاندەك كارىۋاتتا ئولتۇرۇپلا قالدى. ئۇ مۇشۇنداق بىر كۈننىڭ كېلىشىدىن خېلىدىن بېرى ئەنسىرەپ كەلگەنىدى، ھەر قېتىم خوتۇنى بۇ ھەقتە گەپ ئاچاي دېسىلا، ئۇ بىر ئامال قىلىپ خوتۇنىنىڭ ئاغزىنى ئاچۇرماي كەلگەنىدى، ئەمما بۇ قېتىم خوتۇنى قارىغاندا، قەتئىي نىيەتكە كەلگەندەك، بۇنى ئۆتكۈزۈۋېتىش تەستەك تۇراتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۆمەر بەگ بىرەر باھانە چىقىپ قالارمىكىن دېگەندەك قىلىپ سورىدى:

— تاھسىن نېمە دەيدىكەن؟ ئۇ قوشۇلدىمۇ؟

— ئۇنىڭ بىلەن ئەمدى سۆزلىشىمەن، مۇھىمى سىلىنىڭ گەپلىرى، قالغان ئىشلارنىڭ كارايىتى چاغلىق. مەن شۇنداق ئوبدان قىزدىن بىرنى كۆزلەپ قويدۇم، تاھسىن كۆرسىلا قوشۇلىدۇ.

— سەن كىمنىڭ قىزىنى كۆزلەپ قويدۇڭ؟ دەپ باققىنا ئاڭلاپ باقاي.

— ھەجەرنىڭ قىزى ئايسۇن. بۇ گەپنى ھازىرچە باشقىلارغا

دېمەي تۇرايلى.

— ئاپىسى، نېمە دەيدىغانسەن؟ ئۇ دېگەن بىر كىچىك قىز تۇرسا.

— مەنمۇ بۇرۇن سىلىدەك ئويلىغاندىم، ئەمما ۋاقىتنىڭ شۇنچە تېز ئۆتكەنلىكىنى بىلمەيلا قاپتۇق. بۈگۈن مەن ئۇنى ئەسمانىڭ ئۆيىدە كۆرۈپ ھەيرانلا قالدىم. خۇدايىم، ئۇ شۇنداق چىرايلىق چوپچوڭلا قىز بولۇپ كېتىپتۇ. ئادەمنىڭ قارىسا قارىغۇسى كەلگۈدەك قىز بوپتۇ. ئۇ مەلىھادەك ساۋاتسىز ئەمەس ئىكەن، ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 2 ـ يىللىقىغىچە ئوقۇپتۇ. ئۇ شۇنداق قائىدە ـ يوسۇنلۇق، ئادەملەرگە بولغان مۇئامىلىسى، يۈرۈش ـ تۇرۇشى بەكلا ئەدەپلىك ئىكەن. سىلى كۆرسىلىلا ئامراق بولۇپ قالىلا. ئۇ تاھىسنىغا بەك ماس كەلگۈدەك. ھەجەر قوشۇلماي قالمىسىلا بولاتتىغۇ. ئۇ بۇ قىزغا بەكلا ئامراق ئىكەن.

— قىز ئوبدان بولغان بىلەن، ئۇنىڭ دادىسى «ياقا يۇرتلۇق» تۇرسا، بىز ئۇ «ياقا يۇرتلۇق»نىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ئۆتمۈشىنى بىلمىسەك، ئۇ نەدىن كەلگەن، قانداق ئادەم، نېمە قىلىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىلمەيدىغان تۇرساق.

— مەلىھانىڭ ئائىلىسىنى بىز بەك ئوبدان بىلەتتۇق، ئاخىر قانداق بولدى؟ ئوغۇللىرىنىڭ چىرايىغا قاراپ سەزمىدىلىمۇ بېگىم؟ ئۇنىڭ چىرايىدا كۈلكە كۆرۈپ باقتىلىمۇ؟ مەلىھانىڭ مىجەزى شۇنداق غەلىتە، كەنتتىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدىن قورقىدۇ. بىز ئايسۇننىڭ دادىسىنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆردۇق. شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە ئەمەسمۇ؟ كىممۇ ئوسمان ئەپەندىدەك كەنتىمىزگە ئۇنداق ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بەرگەن؟ ئۇ بولغاچقىلا، ئىككى يىلدىن بۇيان كەنتتىكىلەرنىڭ قولى پۇل كۆرىدىغان بولدى. ئۇ يەنە سىلىنىڭ ئاشۇ مۇنبەتسىز يەرلىرىنى يېشىل بوستانلىققا، ئۈزۈمزارلىققا ئايلاندۇرۇپ بەرمىدىمۇ؟ ئۇ كېلىشتىن بۇرۇن ئۇ يەرلەر قاقاسلىق بولۇپ كەتكەنىدى. يەنە

ئويلاپ باقسىلا، كەنتتىكى قىزلارغا، ياش چوكانلارغا ئۇنىڭ تىكىلىپ قاراپ باققىنى بارمۇ؟ نۇرغۇن يەڭگىلىتەك ياش چوكانلار، تۇل خوتۇنلار ئۇنى ئۇندەككە كەلتۇرىمىز دەپ كەلتۇرەلمىدىغۇ؟ ئوسمان ئۇلارغا قاراپمۇ قويمىدى. ئۇنى كەلتۇرەلمىگەنلەر ئاخىر ئۇنى سىپستىماقچى بولۇشۇپ، ئۇ ئەر ئەمەس ھەزىلەك ئىكەن، شۇڭا ئۇز كەنتىدىن قېچىپ چىققانىكەن، دېگەن گەپلەرنى تارقاتتى. راستىنى ئېيتساق، ئۇ دېگەن سەممىي، راستچىل، ئىشچان ئادەم ئىكەن. ئۇنىڭ يەنە ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ ئۆتمۇشىنى بىلىش بۇنىڭدىنمۇ زۆرۈرمۇ؟ كىم بىلىدۇ، ئاغزىدىن چىقىرالمايدىغان قانداق دەرد ـ ئەلەملىرى باردۇر ئۇنىڭ، كىمنىڭمۇ ئۆز يۇرتىنى تاشلاپ ياقا يۇرتلاردا سەرسان بولۇپ يۈرگۈسى كېلىدۇ؟

ــــ ئۇھ...

ئۆمەر بەگ چوڭقۇر ئۇھ تارتىۋەتتى. بۇ گەپلەر بىلەن ئۇنىڭ خىيالىغا ئۇزاق يىللار ئىلگىرىكى ئىشلار كەلگەنىدى: ئۇ ئەمىنەگە ئۆيلىنىمەن دېگەندە، ئاتا ـ ئانىسى قوشۇلمىغانىدى، ئۇلار: «ئوغلۇم، كەنتىمىزدىكى شۇنچە كۆپ قىزدىن ساڭا يارىغۇدەك بىرەرى چىقمىدىمۇ، ئۆزۈڭ قاملاشقان بىر بايۋەچچە تۇرۇپ، قانداقسىغا ئاشۇ كۆچمەننىڭ قىزىنى ئالماقچى بولدۇڭ؟ ئۇلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى بىزنىڭكىگە زادىلا ئوخشىمايدۇ. بىز بۇنىڭغا قوشۇلمايمىز» دېگەنىدى. ئەمما، ئۇلار ئوغلىنى بۇ ئىشتىن قەتئىي ياندۇرالمايدىغانلىقىنى، ھەتتا ئوغلىنىڭ ئۇ قىز بىلەن ياقا يۇرتلارغا قېچىپ كەتمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئامالىنىڭ يوقىدىن بۇ تويغا قوشۇلغانىدى. بەختكە يارىشا، ئەمىنە تەربىيە ئالغان، كۆپنى كۆرۈپ ئىشنىڭ ئېپىنى بىلگەن يارامىلىق كېلىن بولۇپ چىقتى، ئۇزاققا بارمايلا ھەممەيلەن ئۇنىڭغا ئامراق بولۇپ قالدى. ئۇ ئېغىر ـ بېسىق، جۇرئەتلىك، ئىشلارنى ئۆز يولىدا ھەل قىلالايدىغان كېلىن ئىدى. ئۇ ئەزەلدىن ئاۋازلىق سۆزلەپ، باشقىلارغا ھەيۋە كۆرسەتمەيتتى.

ئۇ بەزى ئىشلارنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈشكە توغرا كېلىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى، ئەمما ئۇ توغرا دەپ بىلگەن ئىشنى چوقۇم بىجىرمەي قويمايتتى، بۇنداق ئىشلاردا ھەرگىز ئارىسالدىلىق قىلمايتتى. بۇنىسى ئۆمەر بەگكە بەش قولدەك ئايان ئىدى. قىلىدىغان ئىشنى قىلمىسا بولماس، قارىغاندا، ئۇنىڭغا ھۇسام بەي بىلەن ھامان بىر سۆزلىشىشكە توغرا كېلىدىغان ئوخشايدۇ.

— ئاپىسى، قانداق قىلغۇلۇق كەلسە شۇنداق قىل. بۇ ئىش ھەممىمىز ئۈچۈن ئوبدان بىر ئىش بولغاي خۇدايىم، ئەتە تاھسىنىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن، ئۆزۈم بېرىپ ھۇسام بەي بىلەن سۆزلىشەي. بولدى، كەچ بولۇپ كەتتى، ئۇخلايلى، قالغان گەپنى ئەتە قىلىشايلى.

چوڭ خانىمدىكى جىددىيلىك شۇ ئان پۈتۈنلەي يوقالدى، چىرايىدا يەنە بۇرۇنقىدەك مۇلايىم تەبەسسۇم ئەكس ئەتتى.

— ئوبدان ئۇخلىغايلا بېگىم. بۇ ئىش ھەممىمىزگە ياخشىلىق ئېلىپ كەلگەي، خۇدايىم. مېنىڭچە، بۇ بىر ياخشى ئىش. ئوغلىنى بەختلىك قىلىش بىزدەك ئاتا ـ ئانىلارنىڭ مەسئۇلىيىتى ئەمەسمۇ !

بۇ چاغدا ئۇلار توساتتىن ئىشىك سىرتىدىكى شەپىنى ئاڭلاپ قالدى، چوڭ خانىم دەرھال بېرىپ ئىشىكنى ئېچىپ، ئەتراپقا قارىدى، ئەتراپتا ئىنس ـ جىن كۆرۈنمەيتتى.

— مۈشۈك چاشقان تۇتۇۋاتقان بولسا كېرەك.

چوڭ خانىم چىراغنى ئۆچۈرۈپ كارىۋاتقا چىقىپ، ناھايىتى خاتىرجەم بولۇپ ياتتى.

ئىشىك ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇۋالغان ھەنىفە قورققىنىدىن خېلى بىرھازاغىچە ئورنىدا مىدىرلىيالماي تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭغا گويا گۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتكەن يۈرىكىنىڭ ئاۋازىنى باشقىلار ئاڭلاپ قالىدىغاندەك بىلىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇنداق ئىشلارنى قىلىشقا ئەسلىلا رايى يوق ئىدى. ئۇ ئېسىنى بىلسە مۇشۇ كەنتتە

ياشايدىكەن، ئايسى سەككىزىنچى بالىسىنى تۇغقۇچە ئۆلۈپ كەتكەن، دادىسى بۇنچە كۆپ بالىنى بېقىپ كېتىشكە قۇربى يەتمەي، ئۇلارنى پۇلدارلارغا بېرىۋەتكەنىدى. ئۇ مەلىھانىڭ ئاشۇ مۇدھىش چاغلىرىدىن قۇتۇلۇپ كېتەلىسىلا، بۇ قورۇقتىكى تۇرمۇشىدىن رازى ئىدى. ھەربىر ھېيت ـ بايرام كەلگەندە چوڭ خانىم ئۇنىڭدەك بېقىۋالغان قىزلارغا يېڭى كىيىم تىكتۈرۈپ بېرەتتى، خەجلەشكە پۇل بېرەتتى. ھەتتا قورۇقتىكى باشقا ئادەملەرگە ئوخشاش چوڭ خانىمغا ئامراق ئىدى، ئۇنى ھۆرمەتلەيتتى. شۇڭا چوڭ خانىمنىڭ پاراڭلىرىنى ئوغرىلىقچە ئاڭلاشقا چىن كۆڭلىدىن رازى ئەمەس ئىدى. ناۋادا بىرەرى كۆرۈپ قالسا قانداق قىلغۇلۇق؟ بۇنى ئۇ چوڭ خانىمغا قانداق چۈشەندۈرىدۇ؟ ھەي، كىم مېنى مەلىھانىڭ ئەترىنى ئوغرىلىقچە ئىشلىتىپ تۇتۇلۇپ قالسۇن دەپتۇ! بۇ ئىش بىلەن مەلىھا ئۇنىڭغا تەھدىت سېلىپ، ئەگەر دېگىنىمدەك قىلمايدىغان بولساڭ، سېنى ھەممە كىشىگە ئوغرى دەيمەن، ئاندىن سېنى بۇ قورۇقتىن قوغلاپ چىقىرىمەن، دېگەنىدى. شۇنىڭدىن بېرى مەلىھا ئۇنىڭغا مۇشۇنداق رەزىل ئىشلارنى قىلدۇرۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ بۇ يەردىن باشقا بارىدىغان يېرى بولمىغاچقا، ئامالسىزلىقتىن مۇشۇنداق قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ باشقا قېرىنداشلىرى بولسا، بېقىۋالغان ئائىلىلەرنىڭ تايىقىدىن جاق تويۇپ، جان بېقىشنىڭ باشقا يوللىرىنى ئىزدەش كويىدا يۈرەتتى. بۇنداق ئازابلانغان چاغلاردا ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە: «ئەگەر مېنىڭ بالام بولسا، ھەرقانچە قىيىن ئەھۋالدا قالسامۇ ھەتتا كوچىدا تىلەمچىلىك قىلىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالسامۇ بالامنى ھەرگىز باشقىلارغا بېرىۋەتمەيمەن» دەيتتى.

بۇلارنى ئويلىغانسېرى ئۇنىڭ دادىسىغا بولغان ئۆچمەنلىكى شۇنچە ئاشاتتى. ئۇ سەل چوڭ بولسام بۇ يەردىن قېچىپ كېتىمەن، شەھەرگە بېرىپ ئارتىس بولىمەن، دەپ ئويلايتتى. ئۇنىڭ ئارتىس بولۇپ، ئۆزىنىڭ شۇ نوچى سالاپىتىنى باشقىلارغا

كۆرسەتكۈسى، ئىسىل كىيىملەرنى كىيىپ، ئۆزىنىڭ پىكاپىنى ھەيدەپ كەنتكە كەلگۈسى، ئۆزىگە ئوخشاش باشقىلار بىقىۋالغان يېتىم بالىلارغا پۇل بەرگۈسى، دادىسىنى ئۇچراتقان چاغدا، ئۇنى تونۇمىغانلىغا سېلىپ، «ھەي، مۇنۇ نومۇسسىز ئەبلەخ كىم ئۆزى؟» دېگۈسى بار ئىدى.

ھەنىفە چوڭقۇر ئۇھ تارتتى، ئەگەر راستىلا شۇنداق بىر كۈن كېلىدىغان بولسا، ئۇ مەلىھانىمۇ بوش قويۇۋەتمەيتتى. ئەمما، ھازىرقى ئەڭ مۇھىم ئىش قانداق قىلىپ ھېچكىمگە كۆرۈنمەي ياتىقىغا بېرىۋېلىش ئىدى. بولمىسا ئۇنىڭ بىلەن بىر ياتاقتا ياتىدىغان قىز ئۇنىڭ شۇنچە ئۇزاق ۋاقىت يوقاپ كەتكەنلىكىدىن گۇمانلىنىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى، ھەنىفە ئۇ قىزغا ھاجەتخانىغا چىقىمەن دەپلا چىقىپ كەتكەنىدى.

گەپنىغۇ ئۇ ئاڭلىۋالدى، ئەمدى ئۇ دەرھال مەلىھاغا ئېيتىپ بېرىشى كېرەك. چوڭ خانىم بايۋەچچىنى قايتا ئويلەيدىكەن، دېگەن خەۋەر تارقىلىپ كەتسە، ئەتە پۈتۈن قورۇق پورۇقلاپ قاينىغان قازاندەك بولۇپ كېتىدىغان بولدى ـ دە. ئۇ شۇلارنى خىيال قىلغاچ، يوشۇرۇنغان يېرىدىن ئاستا چىقىپ، پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئۆزىنىڭ ياتىقىغا قاراپ ماڭدى.

ئەمەلىيەتتە قورۇقتا شۇ چاغقىچە ئۇخلىمىغان ئادەم يالغۇز ھەنىفەلا ئەمەس ئىدى. شۇ چاغدا يەنە بىر قارا سايە ئاشلىق ئامبىرى يېنىدىكى قۇرۇق مېۋە ـ چېۋە ساقلايدىغان ئۆيدىن ئاستا چىقتى ـ دە، ئەر ئىشلەمچىلەر ياتىدىغان ئۆيگە كىرىپ كەتتى. قارا سايىنىڭ ھىجىيىپ تۇرغان سۆرۈن تەلەتكە قارىغاندا، ئۇ چوقۇم ئات باقار ھىكمەت ئىدى. ئۇ تازا پەيزى قىلىپ چىققان چېغى، گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ ھىجىيىپ كەتكەنىدى. ئۇ خىزمەتكار ھۆرىيەنى خېلى بۇرۇنلا ئۇندەككە كەلتۈرۈۋالغانىدى. ئۇلاردا غوجىدارىدىن ئوغرىلىقچە ئېلىۋالغان ئاچقۇچ بولغاچقا، دائىم ھەممەيلەن ئۇخلاپ قالغاندىن كېيىن شۇ ئامبار ئۆيدە كۆرۈشەتتى. ھۆرىيە بىر مەزگىل خۇيلىنىپ، مەن

دائىم چىقىپ كەتسەم، ياتاقتىكى قىز گۇمانلىنىپ قالىدىكەن، دېگەننى باھانە قىلىپ، كۆرۈشۈشكە چىقماي قويىدى. ھېكمەت ئۇنىڭغا ئۈچ كۈن يېلىنىپ، بۈگۈن كەچتە كۆرۈشۈشكە ئۇنى ئاران كۆندۈرگەنىدى. راست گەپنى قىلغاندا، ئېلىشمىغۇچە تېپىشماس دېگەندەك، ھۆرىيەمۇ سېپى ئۆزىدىن بۇزۇق بىرنېمە ئىدى. بىر قېتىم ھېكمەت ئاتىنى سورتۇۋاتقاندا، ھۆرىيە ئاستا ئېغىلغا كىرىپ، ئۇنى قاتتىق بىر چىمدىۋالدى، ھېكمەت ئاغرىقتىن ۋارقىراپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ باشقا يەردە ئىشلەۋاتقان ئىشلەمچى ئەھمەت يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئۇلار ئىككىسىنى كۆرۈپ قالغىلى تاسلا قالدى. ھېكمەت دەرھال: «ئاتىنى سورتۇۋېتىپ، بىرەر يېرىنى ئاغرىتىپ قويغان ئوخشايمەن، كېلىشتۈرۈپ بىرنى تەپتى» دەپ گەپنى ياساپ، بۇ ئىشنى ئۆتكۈزۈۋەتتى.

ھېكمەت نەشە چېكەتتى، توساتتىن ئۇنىڭ خۇمارى تۇتۇپ كەتتى، ئۇ بۇ يەردە سەرەڭگە چېقىپ تاماكا چەكسە، باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىپ، چوڭ ئىش چىقىشىدىن ئەنسىرەپ ئۆزىنى ئارانلا بېسىۋالدى.

ھېكمەت رەزىل، قارا نىيەت ئەبلەخ ئىدى. ئۇ تۆت يىلدىن بۇيان ئۆزىگە بىرەر ئوبدان پۇرسەتنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ يۈرگەنىدى. ئۇ ئات بېقىشقا ناھايىتى چېۋەر بولغاچقا، گەرچە ئۇنىڭ غوجىدار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ياخشى بولمىسىمۇ، بۇ يەردىكى ئىش ئورنىنى ساقلاپ قالغانىدى. ھاسان غوجىدار ئۇنىڭغا قىلچە ئىشەنمەيتتى، ئۇنىڭغا ئالاھىدە ھوشيارلىق بىلەن كۆز - قۇلاق بولاتتى، چۈنكى باشقىلاردىن ھېكمەت ئات بوغۇزلىرىنى يوشۇرۇنچە باشقىلارغا ساتىدۇ، دېگەن گەپنى ئاڭلاپ قالغانىدى. بۇنداق ئادەمنىڭ قولىدىن نېمە بالا كەلمەيدۇ، دەيسىز. ئەمما، ئېنىق بىر پاكىت بولمىغاچقا، ھاسان غوجىدار بۇ ئىشنى ئۆمەر بەگكە ئېيتمىغان، ئەمما ھېكمەتنى يوشۇرۇن كۆزىتىپ يۈرگەنىدى. ھېكمەت رەزىل ئادەم بولغىنى بىلەن،

ناھايىتى ئەقىللىك ئىدى. ئۇ غوجىدارنىڭ ئۆزىدىن گۇمانلىنىپ يۈرگەنلىكىنى سېزىپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ غوجىدارنىڭ ئالدىدا باشقا ئىشلار بىلەن كارى يوق ئاددەمدەك بىر خىل ياسالمىلىق بىلەن بەجانىدىل ئىشلەپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ھۆرىيە بىلەن بولغان ئىشى پەقەت ھاۋايى ـ ھەۋەس ئۇچۇنلا ئىدى.

ئۇ ھۆرىيەنى قولغا كەلتۈرۈۋالغاندىن كېيىن، «بۇ قىزنى ئالدىماق بەك ئاسان ئىكەن» دەپ ئۆزىچە كېرىلىپ كەتكەنىدى. ئۇ قورۇقتا بولۇۋاتقان ئىشلارنى ھۆرىيە ئارقىلىق بىلىپ تۇراتتى. ھۆرىيە ئۇنىڭ ھەقىقىي نىشانى ئەمەس، ئۇنىڭ مەقسىتى ئۆزىگە ئوخشاش ھەممىگە ئىگە بولسام دەيدىغان كۆچلۈك ئارزۇ ـ ئىستەككە ئىگە نازلىغا ئىگە بولۇش ئىدى. ئۇ تا ھازىرغىچە نازلىدىن ھېچقانداق بىر ئۈمىدلىك بېشارەتكە ئىگە بولمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ھېچقىسى يوق، بۇنداق ئىشقا ئۇزاق ۋاقىت كېتىدۇ، ھازىرچە ئالدىراشنىڭ ھاجىتى يوق، مەن دېگەن تاقەتچان ئادەم، دەپ يۈرۈۋاتاتتى. ئۇ ئۆيگە كىرىپ ياردەمچىسى ئەھمەتنىڭ بىر خىلدا خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال كىيىملىرىنى يەشتى ـ دە، كارىۋاتقا چىقىپ يوتقانغا شۇڭغۇدى.

ھەنىفە ئىشىكنى ئاستا ئېچىپ ئۆيگە كىردى ۋە دەرھال يېشىنىپ، يوتقانغا كىرىۋالدى، ئۇ بەكلا جىددىيلىشىپ كەتكەچكە، ئۆزى بىلەن بىر ئۆيدە ياتىدىغان ھۆرىيەنىڭمۇ يوق ئىكەنلىكىنى سەزمىدى. ئەمەلىيەتتە بايا ھۆرىيە ھېلىقى ئامبار ئۆيدىن چىققاندا، پەلەمپەيدىن ئوغرى مۇشۇكتەك چۈشۈۋاتقان ھەنىفەگە ئۇچراپ قالغىلى قىل قالغانىدى، ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك ـ پوك دېگەندەك، ھەنىفە بەكلا قورقۇنچ ئىچىدە قالغاچقا، ئەتراپقا تۈزۈكمۇ قارىماي، ئۆيگە كىرىپ كەتكەنىدى. ھەنىفەنى كۆرگەن ھۆرىيە ھەنىفە مېنى كۆرۈپ قالسا نېمە دەرمەن، دەپ قورقۇپ، ھوشىنى يوقاتقىلى تاسلا قالغان، يۈرىكى گۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتكەنىدى، شۇڭا ئۇ دەرھال توختاپ بىرھازاغىچە

چوڭقۇرراقمۇ نەپەس ئالالماي قالدى. شۇنىڭدىمۇ ئۆتكەنكى بىر قېتىملىق ئىشتىن كېيىن ئۇنىڭ يۈرىكى خېلىلا يوغىناپ قالغانىدى. ئۇ چاغدا ئۇلار ئېغىلدا تازا ئىشقىۋازلىق قىلىۋاتقاندا، باشقىلار بىلىپ قالغىلى تاسلا قالغان، ئەمما ئۇ ئىشمۇ ئوڭايلا ئۆتۈپ كەتكەنىدى.

«ئەمدى دىققەت قىلمىسام بولمىغۇدەك» دېدى ئۇ ئۆز – ئۆزىگە.

ئۇ ئۆزىنى سەل بېسىۋالغاندىن كېيىن: «مۇنداق كەچتە ھەنىفە چوڭ خانىمنىڭ ئۆيىدە نېمە قىلىدىغاندۇ؟ — دەپ ئويلىدى، — قارىغاندا، ئۇ بىر ئىش قىلىۋاتسا كېرەك، ئۇنداقتا ئۇنىڭ شېرىكى زادى كىمدۇ؟»

ھەنىفەنىڭ ئۇنچىلىك زېرەك قىز ئەمەسلىكى ھۇرىيەگە ئايان ئىدى. «ئۇ ئۆزى بىرەر ئىشنى مۇستەقىل قىلالمايدۇ، چوقۇم بىرسى ئۇنى ئىشقا سېلىۋاتقان گەپ.» ھەنىفەنى زادى كىمنىڭ ئىشقا سېلىۋاتقانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ھۇرىيە مۆكۈۋالغان يېرىدە يەنە بىردەم تۇردى. خېلىغىچە ھەنىفە بىلەن كۆرۈشكىلى بىرەرى كەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇمۇ ئاستا ياتاقىغا كىرىپ كەتتى. «بۇ ئىش مۇشۇ پېتى تۇرۇپ تۇرسۇن، ھامان بىر كۈنى ماڭا ئەسقاتىدۇ. مەن ھەنىفەنى بىرلا قورقىتىدىغان بولسام، ئۇ ھەممىنى دەپ بېرىدۇ.»

تاھسىن ناھايىتى كەچ ياتقان بولسىمۇ، سەھەردىلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ سەھرانىڭ تاڭ سەھەردىكى جىمجىتلىقىنى بەكلا ياخشى كۆرەتتى. ھەي، شەھەر دېگەن ۋاراڭ – چۇرۇڭغا تولغان – دە ! ئۇ شەھەردە يول بويىدىكى تۆت قەۋەتلىك بىنادا تۇراتتى. ئۇ بىنا يول ياقىسىدا بولغاچقا، ئەتىگەندىن كەچكىچە يولدىن ئۆتۈۋاتقان ئاپتوموبىل، ئادەملەرنىڭ ۋاراڭ – چۇرۇڭلىرى تۈپەيلىدىن ئۇ ئۆينىڭ دېرىزىلىرىنىمۇ ئاچالمايتتى. ئۇ دەسلەپتە، بۇ يەر زاۋۇتقا يېقىن دەپ، بۇ يەردىن ئۆي ئىجارە

ئالغانىدى، ئەمدىلىكتە بولسا ئۇ سەل تىنچراق يەرگە كۆچمىسە بولمايدىغان يەرگە يەتكەنىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىنىدى، مەلىها تېخىچە شېرىن ئۇيقۇدا. تاھسىن ئۆيدىن ئاستا چىقتى، ئات باقار ھىكمەت ئاتلارغا سۇ بېرىۋاتاتتى.

— ئەتىگەنلىكىڭ خەيرلىك بولسۇن، ھىكمەت.

— ئەتىگەنلىكىڭىز خەيرلىك بولسۇن، بايۋەچچە.

— سەھەرنىڭ تىنچلىقىدا بىر ئايلىنىپ كېلەي دەيمەن.

— بولىدۇ بايۋەچچە، مەن قارا ئايغىرنى تەييارلاپ بېرەي.

— تېز بولغىن، ھاۋا ئىسسىپ كەتمەستە بىر ئايلىنىپ كېلەي.

ھىكمەت ئېغىلغا ئاتنى ئېگەرلىگىلى كىرىپ كەتتى. قارا ئايغىر ئېسىل نەسىللىك ئات بولۇپ، ئۆمەر بەگ ئۇنى تاھسىنغا ئاتاپ ئېلىپ بەرگەنىدە، ئۇ تېخى تاي ئىدى. ئۇنى شۇ چاغدا ئىككى يۈز ئەللىك تىللاغا سېتىۋالغان. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ شۇ باھاغا لايىق مال بولۇپ، بۇ ئەتراپتا ئۇنداق ئېسىل ئات تېخى يوق ئىدى. نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ياقا يۇرتلۇق باغۋەن ئوسمانىنىڭمۇ شۇنداق بىر ئېتى بولغانىدى. ياقا يۇرتلۇق ئوسمان ئېسىگە كېلىشى بىلەنلا، تاھسىننىڭ كۆز ئالدىدا ھېلىقى سۇس قوڭۇر رەڭ كۆزلەر زاھىر بولدى ـ دە، بىر خىل ھاياجان ئۇنى ئىلكىگە ئالدى.

«قايتىپ كېلىشىمدە ھەجەر ئانىنى يوقلاپ ئۆتەي» دەپ خىيال قىلدى ئۇ.

تاھسىن ھىكمەت ئېگەرلەپ بەرگەن ئاتنى مىنىپ، ئۇچقاندەك چېپىپ كەتتى. ھىكمەت ئۇنىڭ ئارقىسىدىن زوقلىنىپ قاراپ قالدى. «ھامان بىر كۈنى مېنىڭمۇ شۇنداق بىر ئېتىم بولىدۇ» ئۇ شۇنداق خىيالدا بولدى.

قورۇقتىن چىققاندىن كېيىن تاھسىن ئۆزىنى شۇنچە ئەركىن، شۇنچە بەختلىكتەك ھېس قىلىپ، كۆڭلىنى بېسىپ تۇرغان ئەلەملەر سەل يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلدى. ئۇ ئات

بىلەن ئېقىن بويلاپ مېڭىپ، تاغ جىلغىسىدىن ئۆتۈپ، ئۇدۇل ئېقىن ئاغزىغا باردى. بۇ ئۇ ئەڭ ئامراق يەر ئىدى. ئۇ كىچىك ۋاقتىدا دائىم بۇ يەرگە كېلىپ ئوينايتتى. ئەمما، تاغ جىلغىسىدىكى يول بەك تار، بەك خەتەرلىك ئىدى، شۇڭا ھاسان تاغا ئۇنى ئاسانلىقچە بۇ يەرگە ئېلىپ كەلمەيتتى. دېمىسىمۇ جىلغا ئىچى تولىمۇ خەتەرلىك بولۇپ، بەزى يەرلىرى تىك قىيا، بەزى يەرلىرى بەكلا تار ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەتراپى پۈتۈنلەي قورام تاش بولغاچقا، بۇ يەردىن ماڭغان ئادەمنى ھەقىقەتەن سۈر باساتتى. جىلغا ئىچىدىكى ئېقىن يىلان كەبى ئەگرى - بۈگرى سوزۇلغانىدى. بۇرۇنلاردا ئېغىز ئەتراپىدىكى كەنتلەرگە بارىدىغان مۇشۇ بىرلا يول بار ئىدى. ئەمما، كېيىن تۈزلەڭلىكتە بىرنەچچە تاشيول ياسالغاندىن بۇيان، يولنى قىسقارتىشنى ئويلىغان ئاتلىقلاردىن باشقىلار بۇ يول بىلەن ماڭماس بولغانىدى. بۇ يول ھازىر تېخىمۇ بۇزۇلۇپ، ماڭماق تېخىمۇ تەس بولۇپ كەتكەنىدى. تاغ جىلغىسىدىن چىققاندىن كېيىن ئادەمنىڭ كۆز ئالدىدىكى تۈزلەڭدە ئاجايىپ سۈرەتتەك مەنزىرە نامايان بولاتتى. تاھىسىن كىچىكىدىن بۇ يەرنىڭ مەنزىرىسىگە ئاشىنا ئىدى. ئېقىن بۇ يەرگە كەلگەندە گويا دولقۇنلاپ ئېقىۋاتقان دەرياغا قېتىلغۇسى كەلگەندەك، شۇنداقلا ئۇزۇن يول يۈرۈپ ھېرىپ ھورۇنلىشىپ قالغاندەك ئاستا ئېقىپ چوڭ دەرياغا قوشۇلۇپ كېتەتتى. بۇ ئەتراپ پۈتۈنلەي شاللىق بولۇپ، تىك ئۆسكەن شاللارنىڭ يېرىم غولى سۇغا چىلىشىپ تۇراتتى. بۇ پەسىلدە ئەتراپتىكى پاقىلارنىڭ كوركىراشلىرى سازاندە قۇشلارنىڭ ناۋالىرىنى بېسىپ كەتكەنىدى. دەريانىڭ تۆۋەن ئېقىنى ئەتراپىدا چوڭ - كىچىك يېزىلار كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. جىلغىنىڭ تار يېرىغىچە بولغان يەرلەر ئۆمەر بەيىنىڭ يەرلىرى بولۇپ، بۇ يەرلەرنىڭ كۆپىنچىسىگە شال تېرىلاتتى. جىلغىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى كەنتتىكىلەر يەرلىرىگە بۇغداي تېرىشتىن باشقا، يەنە ئۈزۈم تىكىپ تەك قىلغانىدى. بۇ ئون نەچچە يىلدىن بۇيان،

كەنتتىكىلەر ئۆزۈم بىلەن خېلى تاپاۋەت قىلغان، ھەممە ئائىلىلەر دېگۈدەك تىراكتور سېتىۋالغانىدى. تاھسىن ئاتنى بىر دەرەخنىڭ سايىسىدا توختاتتى، بۇ چاغدا قۇياشمۇ ئۇپۇقتىن كۆتۈرۈلۈپ، جاھاننى قىزدۇرۇشقا باشلىدى.

— بۇگۈنمۇ خېلى ئىسسىق بولىدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى تاھسىن ئۆز ـ ئۆزىگە. بىردىنلا تاھسىننىڭ ناخشا ئېيتقۇسى كېلىپ قالدى، ئەمما ئۇ دەماللىققا ئېيتىدىغان ناخشىسىنى تاپالمىدى. بىردەم تۇرغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئېسىگە بەركانتنىڭ «سامانيولى» دېگەن ناخشىسى كەلدى ـ دە، ئۇنى غىڭشىپ ئېيتىشقا باشلىدى:

سەن ئۆزۈڭ بىر ناخشىسەن،
بىر ئۆمۈر ئېيتىپ تۈگىتەلمەيدىغان.

ئەمەلىيەتتە، قانداق ناخشىنى بىر ئۆمۈر ئېيتقىلى بولسۇن، بىر ناخشىنى بىر ئۆمۈرمۇ ئېيتقىلى بولامدۇ؟ تاھسىننىڭ خىيالىغا ئۆزىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇشى كەلدى ـ دە، ئۇ بىر خىل ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قالدى. «قارىغاندا، شەھەرگە كەتسەم بولغۇدەك، خىزمەتكە كىرىشىپ كەتسەملا، ئۆزۈمنىڭ بۇ تەنھالىق ئازابىمنى ئۇنتۇپ كېتەلەيمەن.» شەھەردە ئۇ دوستلىرى بىلەن دائىم دېگۈدەك كېچىلىك كۇلۇبلارغا باراتتى، ئۇنىڭ ئەتراپىدا قىزلار ئۆكسۈمەيتتى، ئەمما بۇ تاھسىننىڭ ئۆز خاھىشى ئەمەس، شۇنداقلا ئۇ ئۇنداق بىر كېچىلىك كۆڭۈل خۇشلۇقى قىلىپ يۈرىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى، ئۇ پۇل بىلەن باغلانغان مۇھەببەتنى خالىمايتتى. ئۇنىڭ ئۆزىگە مۇھەببىتىمۇ، ھۆرمىتىمۇ بار بولغان ئۆمۈرلۈك ھەمراھ تاپقۇسى بار ئىدى، ئۇ ئون سەككىز ياشقا كىرگەن، يىگىتلىكى تازا ئۇرغۇپ تۇرغان قىران ۋاقتىدا، ئۇنىڭدىكى بارلىق تاتلىق ئارزۇلار بىردىنلا بەربات بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ پۈتۈن زېھنى بىلەن ئوقۇشقا

بىرىلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن بولسا خىزمەتكە كىرىشىپ كەتتى. دەسلەپتە ئۇ ئىشنى باھانە قىلىپ ئۆيگە بارماي يۈردى، چۈنكى مەلىھادىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ئۈچۈن بىرەر لايىقىدا باھانە ـ سەۋەب تېپىش ھەقىقەتەن تەس ئىدى، شۇڭا ئۇ مانا شۇ ھېچكىممۇ گەپ قىلالمايدىغان باھانىنى تاپقانىدى. ئەمما، ۋاقىت ئۆزارغانسېرى ئۇ يۇرتىنى ــ بۇ يەردىكى ئۇزۇمزارنى ۋە چىمەنلىكلەرنى سېغىنىپ قالاتتى. قورۇقتا قايتىپ كەلسىلا، مەلىھا ئۇنىڭغا چاپلىشىۋېلىپ، ئۇنى بىر ئاماللار بىلەن ئۆزىنىڭ يېنىدىن كەتكۈزگۈسى كەلمەي قالاتتى. مەلىھا ئۆزلىرىنىڭ بالىلىق بولالماسلىقىنى پۈتۈنلەي تاھىسىندىن كۆرۈپ، ئۇنىڭ كۆپ ۋاقتىنى شەھەردە ئۆتكۈزۈپ، ئىككىسىنىڭ بىر يەردە تۇرمۇش كەچۈرمىگەنلىكىدىن بولدى، دەپ قارايتتى. مەلىھانىڭ تۇغماس ئىكەنلىكى ھەممەيلەنگە ئايان ئىدى، يېقىنقى تەكشۈرۈش نەتىجىسىمۇ بۇنى تولۇق ئىسپاتلاپ بەرگەنىدى، ئەمما بۇنى مەلىھاغا ئۇقتۇرۇش ھەقىقەتەن تەسكە توختاۋاتاتتى، ھېچكىم ئۇنىڭغا قارشى بىرەر ئېغىز گەپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايۋاتاتتى. تاھىسىن بۇ قېتىملىق تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى ھازىرچە ھېچكىمگە دېمەسلىك قارارىغا كەلدى. ناۋادا بۇ ئىشنى ئاپىسى بىلىدىغان بولسا، ئۇ چوقۇم ئامال قىلىپ دادىسىنى كۆندۈرۈپ، تاھىسىننى قايتا ئۆيلىنىشكە قىستايتتى.

قۇياش نەيزە بويى كۆتۈرۈلدى؛ تاھىسىن قورسىقىنىڭمۇ كورۇكىراۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى، ئۇ قارا ئايغىرنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ:

ــ ھەي قارا ئايغىر، ھاۋا ئىسسىپ كەتمەستە قايتىپ كېتەيلى، خېلى يول مېڭىپ قويدۇق، قايتىپ بېرىپ ئوبدان بىر غىزالىناي، مەن ئۇلارغا ساڭا قورۇق ئۇزۇم بېرىشنى ئېيتىپ قوياي، ــ دېدى. ئاتمۇ گويا ئۇنىڭ گېپىنى چۈشەنگەندەك، يەرنى تۇيىقى بىلەن تاتىلاپ قويدى.

تاھىسىن ئات بىلەن جىلغىدىن ئاۋايلاپ مېڭىپ چىقىۋالدى،

ئۇ يېقىن يولدىن ماڭاي دەپ، تاغ باغرىدىكى ئۈزۈمزارنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتۈپ، كەنتكە قاراپ ئات چاپتۇردى، ئەنە، كەنتتىكى ئادەملەر كۆرۈندى، ئۇلار ھەر خىل ئىشلار بىلەن بەند، شۇ تاپتا ھەممە ئادەم ناشتىلىق تەييارلاش بىلەن ئالدىراش ئىدى، شۇڭا ئەتراپنى يېڭى پىشۇرۇلغان بولكىنىڭ مەززىلىك پۇرىقى بىر ئالغانىدى. بۇرنىغا مەززىلىك پۇراق ئۇرۇلۇشى بىلەن، تاھسىنىنىڭ قورسىقى تېخىمۇ ئېچىپ كەتتى. ئۇدۇل قورۇققا قاراپ كېتىۋاتقان تاھسىن ئېتىنى بىردىنلا توختاتتى، نېمە، ئۇ ئۆيگە بارمامدۇ؟ بۇ يەرگە كەلگەندە ئۆزىنىڭ ھەجەر ئانىنى يوقلاپ ئۆتمەكچى بولغانلىقى ئېسىگە كەلدى، ئۇ ھەجەر ئانىنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغانىدى. «ئىلاھىم كېسىلى ئېغىر بولمىغاي» تاھسىن ئىچىدە دۇئا قىلدى. جامال مۇئەللىم ئۇنى تەربىيەلەشكە كۆپ ئەجىر سىڭدۇرگەنىدى. تاھسىن بۇلارنى ئەسلەپ: «ئۇ موماينى چوقۇم يوقلاپ كېلەي، كۆرۈپلا ماڭىمەن» دېدى ئۆز - ئۆزىگە. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاتنىڭ بېشىنى تاغ باغرىدىكى ئەڭ چەتتىكى ئۆي تەرەپكە بۇرىدى.

ھەجەر ئاخشام ئۇبدان ئۇخلىغاچقا، ئەتىگەندىلا ئورنىدىن ناھايىتى تېتىك تۇرغانىدى، شۇڭا ئورنىدىن تۇرۇپلا بولكا پىشۇرۇش ئۈچۈن خېمىر يۇغۇردى، ئوچاققا ئوت قالىدى. خېمىر بولغۇچە ئارىلىقتا كالىنى سېغىپ، سۈتنى ئامبارغا ئەكىرىپ قويدى. بۇ چاغدا ئايسۇنمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ چاي قايناتتى.

— ئاپا، بولكىنى مەن پىشۇراي، — دېدى ئايسۇن ھەجەر ئامبارغا ئەكىرىپ قويغان سۈت كومزىكىنىڭ ئاغزىنى ھىم يېپىپ قويۇپ قايتىپ چىقمۇۋېتىپ.

— سۈتنى بالدۇرراق قايناتسىپ قويايلى، بۈگۈن ھاۋا بەك ئىسسىق بولىدىغان ئوخشايدۇ، سۈت بىردەمدىلا بۇزۇلۇپ قالىدى. بولكىنى پىشۇرۇپ بولۇپلا، ئىچىدىكى ئوچاققا ئوت قالاپ سۈتنى قايناتمىۋالايلى.

— بولىدۇ ئاپا، سىز ھېرىپ قالماڭ، ئىشلارنى مەن قىلاي.

ئايسۇنىنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلىغان ھەجەرنىڭ كۆزلىرى ئىختىيارسىز نەملەندى. «قىزىم، مەن سەندىن بەك چوڭ ئۈمىدلەرنى كۈتكەنىدىم، سېنى ئوقۇشنى تۈگىتىپ، مەكتەپتە مۇئەللىمە بولارمىكىن دېگەنىدىم، تەقدىر ـ قىسمەت بىزگە رەھىمسىزلىك قىلدى.» ئۇ بۇلارنى ئويلاپ، ئۆزىنى باسالماي قالدى، كۆز ياشلىرى مەڭزىنى بويلاپ تاراملاپ تۆكۈلۈشكە باشلىدى. ئۇ دەرھال ئۆيگە كىرىپ كەتتى:

— مەن چاي دەملەپ ناشتىغا تەييارلىق قىلاي، سەنمۇ تېزرەك بول، ئوچاقتىكى ئوت ئۆچۈپ قالمىسۇن.

ياۋا بۆرىنىڭمۇ قورسىقى ئېچىپ كەتكەن بولسا كېرەك، ئايسۇنىنىڭ پۇتلىرى ئەتراپىدا چۆرگۈلەپ يۈرەتتى. ئايسۇن ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ قويۇپ:

— قەدىرلىكىم، قورسىقىڭ ئاچتىمۇ؟ سەل تەخىر قىلىپ تۇر، مەن بولكىنى پىچقا سېلىۋېتەي، — دېدى.

خېمىر بولۇپ بولغانىدى، ئايسۇن راسلانغان بولكا خېمىرلىرىنى پىچقا قاتار قىلىپ تىزىپ سالدى. بۇ چاغدا بىر ئاتلىق ئادەم ئۇزۇمزاردىن ئۆتۈپ، ئۇدۇل بۇ تەرەپكە كېلىۋاتاتتى. ئايسۇن بىر قاراپلا بۇ ئاتلىق ئادەمنى تونۇدى، ئۆمەر بەينىڭ ئوغلى تالىڭ سەھەردە بۇ تەرەپكە نېمىگە كەلگەندۇ؟ ئۇ ئاتلىق ئېتىنى ئاستىلىتىپ، دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە توختىدى. يات ئادەمنىڭ كەلگەنلىكىنى سەزگەن ئىت قاتتىق قاۋاپ كەتتى. ھەيران بولغان ئايسۇن ئىشىك كېشىكىگە يۆلىنىپ تۇرۇپ ئىتنى تىنچلاندۇردى، چۈنكى ئۇ خېمىر يۇغۇرۇپ، قوللىرى خېمىر، كىيىملىرى ئۇن يۇقى ئىدى.

— بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى؟ — سورىدى ئايسۇن.

ئايسۇنىنىڭ ئاشۇ بىر جۈپ سۇس قوڭۇر كۆزلىرىنى كۆرگەن تاھسىنىنىڭ يۈرىكى ئىختىيارسىز قېپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك گۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى ـ دە، دەماللىققا قىزنىڭ سوئالىغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي قالدى. ئەمما، ئۇ

دەرھال ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى:
— ھەجەر ئانام ئۆيدىمۇ؟ ئۇنى يوقلاپ ئۆتەي دېۋىدىم.
— ئۇ ئۆيدە، قېنى كىرىڭ، — ئايسۇن ئۆزىدىكى ھەيرانلىقنى ئامال بار يوشۇرۇپ، تاھسىننى ھويلىغا باشلىدى.
تاھسىن ئاتنى دەرۋازىنىڭ تۈۋىدىكى قوزۇققا باغلاپ قويۇپ، ھويلىغا كىردى.
ھەجەر تاھسىننىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپ قېلىشىدىن ھاڭ - تاڭ قالدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ خۇشال بولدى. ئەجەبا، بۇ تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىمىدۇ؟ پۇرسەت دېگەن ئۆزىلا كېلىپ قالدىغۇ!
— خۇش كەپسەن تاھسىن بالام، سېنى قايسى شاماللار ئۇچۇرۇپ كەلدى؟
— ئەتىگەن ئەتراپىنى ئايلىنىپ، بۇ يەردىن ئۆتكەنىدىم، سىزنى كۆرۈپ كېتەي دېدىم.
— خۇش بولدۇق بالام. بىز ناشتىلىق تەييارلاۋاتاتتۇق، پىچتا بولكا پىشىۋاتىدۇ، ئەگەر خالىساڭ بىز بىلەن بىللە ناشتا قىلغىن.
تاھسىننىڭ قورسىقى تازا ئېچىپ تۇراتتى، شۇڭا ئۇ ئارتۇقچە تۈزۈت قىلىپ تۇرمايلا، تاماق ئۈستىلىگە كېلىپ ئولتۇردى. جامال مۇئەللىم ھايات ۋاقتىدا ئۇ بۇ ئۆيگە دائىم كېلىپ تۇراتتى. جامال ئۇنىڭ ئۇچۇن ھەم ئۇستاز، ھەم ئاكا يوللۇق ئادەم ئىدى. گەرچە ئۇلارنىڭ ياش پەرقى چوڭ بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار خۇددى ئاكا - ئۇكا، يېقىن دوستلاردەك يېقىن ئۆتۈشكەنىدى. «ئەپسۇس، ئۇ ۋاقىتسىز كېتىپ قالدى، خۇدايىم، ياتقان يېرى جەننەتتە بولغاي!»
تاھسىن ئۆز - ئۆزىگە شۇنداق دەپ، چوڭقۇر ئۇھسىنىپ قويدى.
— ھەجەر ئانا، سىزنىڭ ئاشۇ مەززىلىك بولكىلىرىڭىزنى خېلى بۇرۇنلا يېگۈم كەلگەنىدى.
ھەجەر ئاشخانىغا كىرىپ، بولكىلارنى ئېلىۋاتقان ئايسۇنغا:

— تېز بول قىزىم، ئوبدان پىشقان بولكىلارنى ئال، ئەتىگەن يىغىۋالغان تۇخۇم بىلەن تاھسىنغا بىرنەچچە تۇخۇم پوشكىلى سېلىپ بەرگىن. مەن ئامباردىن ئۈزۈم شەربىتى بىلەن پىشلاق ئاچىقاي، بۈگۈن ئەتىگەندىلا ئۆيىمىزگە مېھمان كەلدى، — دېدى.

توساتتىن ھەجەر ئۆزىنىڭ ھاياجاندىن خاتالىشىپ، ئامبارغا كىرىمەن دەپ، ئېغىل تەرەپكە كېتىپ قالغانلىقىنى سەزدى:

— ۋاي خۇدايىمەي، — ئۇنىڭ ئۆزىمۇ كۈلۈپ كەتتى.

ئۇ بۇرۇلۇپ ئامبارغا كىردى. بۇ چاغدا ئايسۇن بولكىلارنى تاماق ئۈستىلىگە ئاپاردى، ئاندىن ئاشخانىغا كىرىپ، تۇخۇم پوشكىلى پىشۇرۇشقا تۇتۇندى. تاھسىن تېخى ھېلىلا ئوچاقتىن چىققان بولكىلارنىڭ مەززىلىك پۇرىقىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، بىر پارچىسىنى سۇندۇرۇپ ئاغزىغا سالدى. دەل شۇ چاغدا ھەجەر ئىككى پەتنۇسنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى.

— ئەگەر يېگۈڭ كەلسە، مەن ساڭا تاتلىق پىشلاق قىلىپ بېرەي.

— ئاۋارە بولماڭ ھەجەر ئانا، مۇشۇلار يېتىدۇ.

بۇ چاغدا ئاشخانىدىن سېرىق ماينىڭ خۇشبۇي ھىدى كەلدى، ئارقىدىنلا ئايسۇن ئادەمنىڭ ئاغزىغا سېرىقسۇ كەلتۈرىدىغان تۇخۇم پوشكىلىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ ئۈستەلنىڭ يېنىغا كېلىپ تۇردى.

— قىزىم، تەخسىنى ئۈستەلگە قويۇپ، ئۆزۈڭمۇ ئولتۇرغىن، قورسىقىڭ ئاچمىدىمۇ يا؟

ئايسۇن تەخسىنى تاھسىننىڭ ئالدىغا قويدى ۋە ئاپىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. جامال تاغا تۇگەپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ تاماق ئۈستىلىدە ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ تاماق يېگەن بىردىنبىر ئەر كىشى جامال تاغىنىڭ چوڭ ھامىيسىنىڭ ئوغلى مەھمەت ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۆيىگە ئۇنىڭدىن باشقا ئەر خەق كىرىپ باقمىغان، ئانا ـ بالا ئىككىسى شۇنداق زېرىكىش ئىچىدە

ھايات كەچۈرەتتى. ئەمەلىيەتتە، ئايسۇن تاھىسنىنى كىچىك ۋاقتىدىلا تونۇيتتى، ئەمما ئۇ ناتونۇش ئادەملەر بىلەن بىللە ئولتۇرۇشقا ئادەتلەنمىگەنىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇلارغا چاي قۇيۇپ بەرمەكچى بولۇۋىدى، قوللىرى تىترەپ، چاينى چىنە سىرتىغا تۆكۈۋەتكىلى تاس قالدى.

ناشتىدا تاھىسىن ھەجەر بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇردى، ھەجەردە تاھىسىن دەسلەپ كىرگەن چاغدىكى ھەيرانلىقتىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. تاھىسىن نەزىرىنى ئىمكان بار ئايسۇندىن قاچۇرۇپ، ھەجەرگە قاراپلا گەپ قىلدى. ئۇ ئاخىرقى بىر چىنە چاينى ئىچىپ بولۇپ ئورنىدىن تۇردى:

— ئەمدى ماڭاي، ئەتىگەن تاڭ يورۇغاندىلا چىقىپ كەتكەنىدىم، ئەمدى بارمىسام ئۇلار مېنى ئىزدەپ قالىدۇ. سىلەرنى ئاۋارە قىلىپ قويدۇم، تاماقلىرىڭلارغا تەشەككۈر.

— نەدىكى گەپنى قىلىدىغانسەن بالام، بۇنچىلىك ناشتىغا قانچىلىك ئاۋارە بولاتتۇق. ئەمدى بۇ يەردىن ئۆتكەندە ھەجەر ئاناڭنى يوقلاپ ئۆتۈشنى ئۇنتۇما بالام.

— ۋاقتىم بولسىلا چوقۇم سىزنى كۆرگىلى كېلىمەن، بولدى، خوش قېلىڭلار.

ئۇ ئىشىكتىن چىقىۋېتىپ، ئايسۇن تەرەپكە بۇرالدى، ئەمما ئۇنىڭ يۈزىگە قارىماي تۇرۇپ گەپ قىلدى:

— تۇخۇم پوشكىلىڭىزغا رەھمەت.

ئۇ شۇنداق دەپ ئايسۇننىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا چىقىپ كەتتى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ يۈرىكى قاتتىق گۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتكەنىدى. ھەجەر ئۇنى دەرۋازىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى، ئايسۇن ئۆيدە قېلىپ، ئۈستەلنى يىغىشتۇردى. ئۇمۇ ئەمدى ئۆز ئەكسىگە كەلگەن، قوللىرى تىترىمەيدىغان، ھەرىكەتلىرى نورماللاشقانىدى. ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە كايىپ كەتتى:

— نېمە بولغاندىمەن؟ نېمانداق جىددىيلىشىمەن؟ بايۋەچچە بولسا نېمە بوپتۇ؟ ئەجەبا، ئۇ بىزگە ئوخشىمامدىكەن؟ چاي

قوْيۇۋېتسپ تاس قالدىم توْكوْۋەتكىلى. ئەمما، ئۇ ھەقىقەتەن قاملاشقان يىگىت ئىكەن، ئۆزىمۇ كەمتەر، مۇلايىم ئىكەن. كەنتتىكى بەزى بايلار بەكلا ھاكاۋۇر، ئۇنىڭغا ئوخشاش ئوقۇغان بايلار زادىلا ئوخشىمايدىكەن. ئۇنىڭ ئولتۇرۇشلىرىغا، تاماق يېيىشلىرىگە قارىغىنا، نېمىدېگەن سالاپەتلىك، ھەتتا ماڭىدىغان چاغدىمۇ بىزگە رەھمەت ئېيتىشنى ئۇنتۇپ قالمىدى. دادام بۇرۇن مەدەنىي ئادەملەرلا باشقىلارغا رەھمەت ئېيتىشنى بىلىدۇ، دېگەنىدى. ئەي، قەدىردان دادا! سەن نېمىشقا مېنى بۇنچىۋالا بالدۇر تاشلاپ كەتتىڭ؟ سەن ئۆزۈڭنىڭ مەن بىلەن شەھەرگە كىرىپ تۇرىمىز، دېگىنىڭنى كۆرگىلى بارىمىز، سېنى ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇتىمەن، دېگەنلىرىڭنى ئۇنتۇپ قالدىڭما؟

ئەگەردە ئۇ ئۇنىۋېرسىتېتقا ئوقۇشقا كىرسە، بۇ يەردىكى ئۇنى قوغلىشىپ يۈرگەن ئاشۇ بىزەڭ يىگىتلەردىن قۇتۇلغان بولاتتى. ئايسۇن بۇ كەنتتىكى بىرەر يىگىت بىلەن توي قىلىپ قېلىشنى ئەسلا خىيالىغا كەلتۈرمەيتتى. ئەمما، ئاپىسى ئۇنىڭدىن پات ـ پات، سېنىڭ كۆڭلۈڭدە بىرەرى بارمۇ ـ قانداق، دەپ ئۇنى چېكىپ باقاتتى. ئۇ بۇ يىل ئون سەككىز ياشقا كىردى، ئۇنىڭغا يەنىلا ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ، ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈۋېلىشقا ئىمكانىيەت بار ئىدى. ئۇ تېخى تۈنۈگۈنلا ئاپىسى ھەجەر بىلەن بۇ ھەقتە سۆزلەشكەن، ئاپىسى ئۇنىڭغا: «بىر كۈنى بازارغا بېرىپ، مەكتەپ مۇدىرىدىن ئىمتىھانغا نېمىلەرنى تەييارلاش لازىملىقىنى سوراپ كېلەيلى» دېگەنىدى.

بازارلىق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇدىرى جامال تاغىنىڭ ئاغىنىسى بولۇپ، ئايسۇنلارغا ھەر جەھەتتىن ئاسانلىق يارىتىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئايسۇننىڭ ئوقۇشتىن توختاپ قالماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، بەكلا قايغۇرغانىدى. ئۇ ئايسۇنغا نەسىھەت قىلىپ: «سىز كېيىنمۇ ئۆزلۈكىڭىزدىن ئۆگىنىپ ئىمتىھانغا قاتنىشىپ، ئوقۇشنى تاماملىسىڭىز بولىدۇ» دېگەنىدى. «مەن

ئاپامنى سۆيلەپ قويسام بولغۇدەك» دەپ ئويلىدى ئايسۇن. كېلەر يەكشەنبە كۈنى بازار بولىدۇ، بازار كۈنى ئۇلار قېتىق، تۇخۇمدەك نەرسىلەرنى بازارغا ساتقىلى ئاپىراتتى. «شۇ كۈنى چوقۇم مۇدىر بىلەن سۆزلىشىپ كېلەي» ئايسۇن ئۆزى شۇنداق قارارغا كەلدى. بۇلارنى ئويلاپ، ئايسۇننىڭ كۆڭلى بىردىنلا ئېچىلىپ قالغاندەك بولدى. بۇ چاغدا ھەجەر سىرتتا ئۆز ئىشى بىلەن ئاۋارە ئىدى، ئۇ ئىش قىلغاچ قانداقتۇر بىر ناخشىنى غىڭشىپ ئېيتىۋاتاتتى. ئايسۇن ئاپىسىنىڭ مۇنداق خۇشال ھالىتىنى كۆرمىگىلى خېلى ئۇزاق ۋاقىتلار بولغانىدى. ئاپىسىنىڭ خۇشاللىقى ئۇنىڭغا يۇققاندەك، ئايسۇنمۇ جانلىنىپ قالدى ۋە شۇ خۇشاللىق ئىچىدە سۈتنى قايناتقىلى تۇتۇندى.

تاھسىن ۋاقىتنىڭ بۇنداق تېز ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيلا قالدى.

«پېشىن بولاي دەپتۇ ئەمەسمۇ، ئۇلار چوقۇم تەقەززا بولۇپ كەتتى» تاھسىن شۇنداق ئويلاپ، ئاتنى ئېخىمۇ تېزلەتتى. بايا ناشتا قىلىۋاتقاندا ئۇ ھەجەر ئانىنىڭ بەكلا قېرىپ كەتكەنلىكىنى، چىرايى تاتىراڭغۇ، بۇرۇنقى تېتىكلىكى قالمىغانلىقىنى ھېس قىلدى. باشقىلارنىڭ دېگىنى توغرا ئىكەن، ئۇنىڭ چوقۇم بىر كېسىلى بار. ئۇ شۇنچە يىل تۇغۇت ئانىسى بولغاچقا، ئۆزىنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى چوقۇم بىلىدۇ. بۇرۇنلاردا كەنتتە قايسى ئايال بوشانسا، كىم ئاغرىپ قالسا ئۇ شۇ ھامان باراتتى.

«ئۇ چوقۇم ئۆزىنىڭ كېسىلىنى بىلىدۇ» تاھسىن خىيالىدىن شۇنى ئۆتكۈزدى ۋە دەرھاللا ئايسۇننىڭ تۇخۇم پوشكىلىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئۇ قىز بۇنداق تۇخۇم پوشكىلى پىشۇرۇشنى بۇ كەنتتە كىمدىن ئۆگەنگەندۇ؟ تاھسىن بۇنداق تۇخۇم پوشكىلىنى شەھەردىكى چوڭ رېستورانلاردا يەپ باققان، كەنتكە كەلگەندىن كېيىن قورۇقتىكى ئايال ئاشپەزلەرگە نەچچە قېتىم بۇنداق تۇخۇم پوشكىلى توغرىسىدا سۆزلەپ بەرگەن، ئەمما ئۇلار

ھەرقانچە قىلىپمۇ تۇخۇم پوشكىلىنى ئۇنىڭ دىگىنىدەك پىشۇرالمىغان، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئاشپەزلەرگە تۇخۇم پوشكىلى پىشۇرۇپ بېرىڭلار دېمەيدىغان بولغانىدى. قارىغاندا، ئۇ قىز دادىسىدىن خېلى جىق نەرسىلەرنى ئۆگەنگەن ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ يول ماڭغاندىكى قىياپىتى، ئىش قىلىۋاتقاندىكى ھالىتىنى كۆرگەن ئادەم ئۇنى چوقۇم قايسى چوڭ جەمەتنىڭ خان قىزىدۇ، دەپ قالاتتى. ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇ كىچىك چېغىدىلا تۇگەپ كەتكەچكە، ھەجەر ئانا ئۇنى ئەركە چوڭ قىلغان گەپ، بولمىسا بىر ياقا يۇرتلۇقنىڭ قىزى تاھسىنەدەك بىر بايۋەچچىنىڭ ئالدىدا شۇنچە تەكەببۇر يۈرەمتى؟ ئۇ ھەتتا تاھسىنغا بىرەر قېتىممۇ ئۇدۇل قاراپ باقمىدى.

«بەلكىم ئۇنىڭ مېنى تازا قارشى ئالغۇسى كەلمىگەن بولسا كېرەك» دەپ ئويلىدى تاھسىن.

ئەمما، بايا ناشتىدا، تاھسىن ئايسۇننىڭ چاي قۇيۇۋاتقاندا قوللىرى تىترەپ، چاينى چىنىنىڭ سىرتىغا تۆكۈۋەتكىلى تاس قالغىنىنى كۆردى. تۇنۇگۈن تاھسىن ئۇنى يېزا يولىدا ئۇچرىتىپ قالغاندىن بۇيان، ئايسۇننىڭ ئاشۇ غەمكىنلىك چىقىپ تۇرغان كۆزلىرى بىردەممۇ ئۇنىڭ خىيالىدىن نېرى كەتمىگەنىدى.

«مەن دېگەن خوتۇنى بار ئادەم، باشقىلارنىڭ قىزىنىڭ مېنىڭ بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بار؟» تاھسىن شۇنداق دەپ، ئايسۇننى خىيالىدىن نېرى قىلماقچى بولدى.

ئەمما، شۇنى ئىقرار قىلماي بولمايدۇكى، ئايسۇن ھەقىقەتەن بەك چىرايلىق قىز ئىدى، ئۇنى بىر كۆرگەن ئادەم ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ يەنە بىر قارىماي كېتەلمەيتتى.

ــــ ئەمما ئۇ ھەقىقەتەن چىرايلىق قىز ئىكەن، ــــ بۇ سۆز تاھسىننىڭ ئاغزىدىن ئىختىيارسىز چىقىپ كەتتى.

تاھسىن قورۇققا كەلگەندە، ھەممەيلەن ئۇنى ساقلاپ تەقەززا بولۇپ كەتكەنلىكىنى سەزدى، ئەمما ھېچكىم ئارتۇقچە سۆز قىلمىدى. تاھسىننى ماڭا دېمەي چىقىپ كېتىپتۇ دەپ تازا

ئاچچىقى كەلگەن مەلىھا بىر چەتتە بىرنىمىلەرنى دەپ كوتۇلداۋاتاتتى. ئەمما، تاھسىننىڭ ئاپىسى ئوغلىدىكى خۇشال كەيپىياتنى دەرھاللا سېزىۋالدى، ئۇ مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئوغلى بىلەن ئۇنىڭ قايتا ئۆيلىنىشى توغرىسىدا سۆزلىشىشكە ئالدىراپ كەتتى.

— بالام، قورسىقىڭ ئېچىپ كەتكەندۇ؟ مەن ئاشپەزلەرگە دەي، ساڭا دەرھال ناشتىلىق تەييارلىسۇن، پىشمىن بولۇپ قالدى، سەن ئاۋۋال ئازراق بىرنەرسە يەپ تۇر، چۈشتە ئۆيگە مېھمان كەلمەكچى.

— قورسىقىم توق ئاپا، مەن قايتىپ كېلىۋېتىپ ھەجەر ئانىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ چىقتىم، ئۇ يېڭىلا بولىكا پىشۇرۇپ تۇرغانىكەن، شۇ يەردە ناشتا قىلىۋالدىم، ماڭا بىرنەرسە ئەكەلمىسۇن، دادام مېنى ئىزدەپتۇغۇ، بېرىپ قاراپ باقاي، نېمە ئىشى بار ئىكەن.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان چوڭ خانىم جايىدا تۇرۇپلا قالدى. ئۇ خېلىدىن بۇيان بۇ ئىشنى ئوغلىغا قانداق ئېيتىشنى ئويلاپ، كاللا قاتۇرۇپ يۈرگەنىدى، مانا، پۇرسەت دېگەن ئۆزى كەپتۇ ئەمەسمۇ. ئۇ شۇنچە قىلىپمۇ پۇرسەتنى بۇنداق توغرا كەلتۈرەلمىگەن بولاتتى. قارىغاندا خۇدايىم ئۇ ئىككىسىنىڭ بېشىنى بىر قىلىپ قويۇشنى راۋا كۆرگەن ئوخشايدۇ. ئانا كېتىۋاتقان ئوغلىنىڭ كەينىدىن قاراپ، كۆڭلىدىن ئاشۇ تاتلىق خىياللارنى ئۆتكۈزۈپ شادلىققا چۆمدى. ئۇ ئۇستۇنكى قەۋەتكە چىقماقچى بولۇپ، ئارقىسىغا بۇرۇلىشىغا، ئارقىسىدا تۇرغان مەلىھا بىلەن سوقۇلۇپ كەتكىلى تاسلا قالدى. مەلىھا ئاچچىقى بىلەن سورىدى:

— ئۇ شۇنچە ئۇزاق يوقاپ نەگە بېرىپتۇ؟ ھەممىمىزنى بىتاقەت قىلىپ.

چوڭ خانىم خۇددى جەڭدە غەلىبە قىلغان گېنېرالدەك تەكەببۇر قىياپەتتە مەلىھاغا لەپپىدە بىر قاراپ قويۇپ:

— ئۇ ھەجەر ئانىنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ، شۇ يەردە ناشتا قىلىپ كەپتۇ، — دېدى.
— توۋا، ھېچبىر سەۋەبسىز، مۇشۇنداق ۋاقىتتا ھەجەر ئانىنىڭ ئۆيىگە بارامدۇ؟
— ئۇ ئۆزى شۇنداق دېدى، بىلگۈڭ بولسا ئۇنىڭدىن ئۆزۈڭ سورا.
چولڭ خانىم شۇنداق دېدى ـ دە، ئۇدۇل ھوجرىسىغا كىرىپ كەتتى.
مەلىھا ئۇنداق نادانلاردىن ئەمەس، ئۇ دەرھاللا ھەجەرنىڭ قىزىنى ئېسىگە ئالدى.
«ئۇ دېگەن كىچىك قىز تۇرسا» ئۇ شۇنداق ئويلاپ، كۆڭلىگە كەلگەن ياۋا خىيالنى يوق قىلىۋەتمەكچى بولدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇنىڭ بۇ ئىشقا بولغان قىزىقىشى يوقالمىدى. ئۇ ئاچچىقىنى دەل شۇ چاغدا ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان خىزمەتكار قىزدىن ئالدى:
— ئىشىڭنى قىلە، نېمىگە بۇ يەردە ھاڭۋېقىپ تۇرىسەن، گېپىمىزنى ئاڭلىماقچىمىدىڭ؟
— ئۇنداق ئەمەس خانىم، مەن ئۇستۇنكى قەۋەتتىكى ئۆيلەرنىڭ دېرىزىلىرىنى سۈرتۈش ئۈچۈن بىر چېلەك سۇ ئالاي دەپ ماڭغانىدىم.
— تېز بارمامسەن، چۈش بولاي دېدى، بۇ چاغقىچە نېمە قىلدىڭ؟ ھەممىدىن سەن ھورۇن، كەچكىچە يەيسەن، ئىچىسەن، ئوينايسەن، بولمىسا ئۇخلايسەن.
ئۇ قىز دەرھال بىر چېلەك سۇ ئالدى ـ دە، ئۇستۇنكى قەۋەتكە يۈگۈرگەندەك چىقىپ كەتتى. مەلىھا يەنىلا ۋاتىلداپ ئاچچىقىنى چىقىرىۋاتاتتى. قارىغاندا ئەتىگەندە بىرەر ئىش ئۇنىڭ زىتىغا تەگكەن چېغى، بۈگۈن ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭ كۆزىگە ئاز چېلىقىقان تۈزۈك ئىكەن. ئەجەبا، بۈگۈن ئەتىگەن خىزمەتكارلار ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن «چولڭ خانىم بايۋەچچىنى قايتا

ئۆيلەيدىغانغا مۇۋاپىق قىزنى تېپىپتۇدەك» دېگەن گەپنى ئۇمۇ ئاڭلىغانمىدۇ؟

خىزمەتكارلار ئارىسىدا دائىم شۇنىڭغا ئوخشاش ئۇششاق ـ چۈششەك گەپلەر تارقىلىپ يۈرەتتى، ئەمما ئۇلارنىڭ ئاساسى يوق ئىدى. بۇ قېتىمقىسىمۇ شۇنداق گەپتۇر بەلكىم. ئۇلار تاھىسىن بايۋەچچىنىڭ قايتا ئۆيلىنىشىنى قوللايتتى، شۇنداق بولسا ئۇلار بەلكىم مەلىھانىڭ ئاشۇ مۇدھىش چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ قالار. مەلىھانى تۇغماس ئىكەن دەپ يۈرگىلى نەچچە يىل بولدى، راستىلا شۇنداقمىدۇ؟ بولمىسا ئۇلار نېمىشقا توي قىلىپ ئالتە يىلغىچە بالا يۈزى كۆرمەيدۇ؟ ئەگەر مەلىھا راستىلا تۇغماس بولسا، تاھىسىن باشقا ئۆيلىنىشى كېرەك.

تاھىسىن دادىسىنىڭ بۇنداق غەمكىن ھالىتىنى پەقەتلا كۆرۈپ باقمىغانىدى. بوۋاي دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ تۇرۇپ، ئۆيگە تاھىسىننىڭ كىرگەنلىكىنىمۇ سەزمىدى.

ــ دادا، نېمە بولدىلا؟ بىرەر ئىش بولدىما؟

ــ ھە بالام، كەلدىڭمۇ؟ ئەتىگەندە نەگە باردىڭ؟ ئات باقار سېنى قارا ئايغىرنى مىنىپ چىقىپ كەتكەن، دېگەنىدى. يىراققا بېرىپ كەلگەن ئوخشايسەن، خۇداغا شۈكۈر، ئامان ـ ئېسەن قايتىپ كەپسەن. تاغ جىلغىسىدىكى يول بەكلا بۇزۇلۇپ كەتتى. ئادەتتە ئۇ يەردىن پەقەت ئوۋچىلارلا ماڭىدۇ، سەن بەلكىم شۇ يەرگە بارغانسەن؟

ــ دادا، مېنى بەك چۈشىنىدىلا جۇمۇ سىلى. مەن ئات بىلەن ئېقىن ئېغىزىغىچە باردىم. سىلىنى ئەنسىرىتىپ قويدۇممۇ؟

ــ ئەنسىرەشنى ئەنسىرىدىم، ساڭا گېپىم بار ئىدى، كېلە، ئولتۇر.

ــ دادا، سىلىگە قاراپ ھەيران بولۇۋاتىمەن، نېمە سۆزلىرى بار ئىدى؟

ــ ئاپاڭ سېنى قايتا ئۆيلەنسۇن دەيدۇ، لايىقىنىمۇ تېپىپ بوپتۇ، مەنمۇ ھۇسام بەگكە خەۋەر قىلىۋەتتىم، ئۇ ئەتە كېلىدىغان

بولدى، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزىۋىم سۆزلىشىمەن.
تاھىسىن گويا تۇيۇقسىز قاتتىق مۇشت يېگەندەك تېڭىرقاپ تۇرۇپلا قالدى.
— مەندىن سوراپمۇ باقماستىنمۇ؟ — چىرايى تاتىرىپ كەتكەن تاھىسىنىڭ گېلى قۇرۇپ كەتكەچكە، ئاۋازى ئارانلا چىقتى. ئۇ ئۆزىنى ئىمكان بار تۇتۇۋېلىپ، كۆڭلىدىكى گەپلەرنى ئاغزىدىن چىقارمىدى.
ئۆمەر بەگ بۇ ئىشنىڭ ئوغلىنىڭ كۆڭلىنى ئاز ـ تولا يېرىم قىلىدىغانلىقىنى پەرەز قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭغا بۇنداق قاتتىق تەسىر قىلىدىغانلىقىنى قەتئىي ئويلىمىغانىدى. ئەگەر باشقا ئادەم بولىدىغان بولسا، بۇ خەۋەرنى ئاڭلىسا خۇشاللىقىدىن گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەن بولاتتى. ئەمما، شۇ تاپتا تاھىسىن گويا ھازىرلا پارتلاپ كېتىدىغان بومبىدەك قىياپەتتە كۆبجۈپ تۇراتتى. شۇڭا ئۆمەر بەگ دەرھاللا ئىشنىڭ ئۇنداق ئاسان ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدى.
— ئوغلۇم، قانداقمۇ سېنىڭ گېپىڭنى ئاڭلىماي ئىش قىلغىلى بولسۇن؟ بىردەمدىن كېيىن ئاپاڭ سەن بىلەن سۆزلەشمەكچى، ئاندىن كېيىن ئاپاڭ ھەجەرنىڭ ئۆيىگە بارماقچى.
تاھىسىن ئۆزىنى پەقەتلا باسالمىدى، ئۇ غەزەپ بىلەن ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى:
— ھەجەر ئائىلىنىڭ بۇ ئىش بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بار؟ — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ.
ئۆمەر بەگ ئوغلىنىڭ بۇنداق ئاچچىقلانغانلىقىنى پەقەتلا كۆرۈپ باقمىغاچقا، نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپلا قالدى.
— ئاپاڭ ساڭا ھەجەرنىڭ قىزىنى ئېلىپ بەرمەكچىكەن.
تاھىسىن دەرغەزەپ بولدى، ئۇ بىردەم جىم تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن ئۆيدىن گەپ ـ سۆز قىلماي چىقىپ كەتتى. ئىشىك ئالدىدا ئۇنىڭغا ئاپىسى ئۇچرىدى، ئەمما ئۇ ئاپىسىنى

كۆرمىگەندەك يېنىدىن ئۆتۈپ، ئۇدۇل ئېغىلغا كىردى ۋە ئېتىغا مىندى، ئاتنىڭ تەرلىرى تېخى قۇرۇمىغانىدى. تاھىرنى ئەتراپتىكىلەرنىڭ نەسىھەتلىرىگىمۇ قۇلاق سالماي، ئاتنى چاپتۇرغىنىچە ھويلىدىن چىقىپ كەتتى. چۈش ۋاقتى، ھاۋا تونۇردەك قىزىپ كەتكەنىدى. تاھىر شۇ تاپتا ئۆزىنىڭ قەيەرگە بارىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى، ئۇ ئۇدۇلغا قاراپ چېپىۋەردى، ئېتىزلاردىن، ئۇزۇمزارلاردىن ئۆتۈپ، تاغقا قاراپ چاپتى. بۇ ھەقىقەتەن قالتىس ئات ئىدى، ئۇ شۇنچە ھېرىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما قىلچە ھالسىراپ قالمىدى، ئۇ تاھىرنى ئېلىپ، تىك تاغ باغرىدا، تاشلار ئارىسىدا چېپىپ كېتىۋاتاتتى. تاھىر بىردىنلا ئېتىنى توختاتتى، ئات ھالسىراپ كەتمىگەن تۇرسا، تاھىر نېمىشقا ئېتىنى توختاتتى؟ ئەسلىدە تاھىرنىڭ كۆڭلىكى تەردىن چىلىق - چىلىق سۇ بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ قارا ئايغىرنىڭ بېشىنى بوشقىنا سىلاپ تۇرۇپ، ئىچ ئاغرىتقان ھالدا:

— سەندە نېمە گۇناھ؟ نېمىشقا ساڭا قامچا ئۇرغۇدەكمەن؟ — دېدى.

ئۇ ئۆكۈنگەن ھالدا كۆڭلىكىنى سېلىپ، ئاتنىڭ تەرلىرىنى سۈرتتى، كۆڭلەك خۇددى ھازىرلا سۇدىن سۇزۇۋالغاندەك بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ كۆڭلەكنى سىقىپ، چاتقاللارنىڭ ئۈستىگە يېيىپ قويدى، ئاندىن سايىلىك يەرنى تېپىپ، بېشىنى قوللىرى ئارىسىغا ئېلىپ ئولتۇردى.

«ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟» ئۇ مۇشۇنداق بىر كۈننىڭ ھامان كېلىدىغانلىقىنى بىلەتتى.

— مېنىڭ ھازىر پەرزەنتلىك بولغۇم يوق. مەن نېمىشقا ئۆز تۇرمۇشۇمغا ئۆزۈم ئىگە بولالمايمەن؟ بۇنداق ئازابلىق ئىش قاچانمۇ تۈگەر؟

تەلىيىگە ئۇنىڭ بۇ ۋارقىراشلىرىنى، يىغلاشلىرىنى ئاڭلاپ قالىدىغان، كۆرۈپ قالىدىغان ئادەم يوق ئىدى. بىرھازادىن

كېيىن تاھسىن سەل تىنچلانغاندەك بولدى. بۇ قاش قارايغان چاغ بولۇپ، قۇياشنىڭ ئوتتەك تەپتى سەل يانغانىدى. ئۇ ئۆزىنى پۇتۇنلەي تۇتۇۋالدى، ئەمدى بۇ ئىشنى قانداق قىلىشنى ئوبدان ئويلىشىش كېرەك.

«ئۇنداق قىلسا ئۇ قىزغا بەك ئۇۋال بولامدۇ! مەلىھانىڭ مىجەزى ئوسال، ئادەتتىمۇ ئۇ باشقىلار بىلەن ئەپ ئۆتمەيدۇ، ئەمدىلىكتە بولسا ئۇ قاتتىق غەزەپلىنىپ، پۈتۈن قەھرى - زەھرىنى ھەممىگە چاچىدىغان بولدى - دە!»

ئۇ قىزنىڭ ئىسمى نېمە ئىدى؟ تاھسىن شۇنچە ئويلاپمۇ ئۇ قىزنىڭ ئىسمىنى ئېسىگە ئالالمىدى، ئەمما ئۇ قىزنىڭ ئاشۇ سۇس قوڭۇر رەڭ كۆزلىرى تاھسىننىڭ كۆز ئالدىدا يەنە پەيدا بولدى. چۈنكى، ئۇ كۆزلەردىكى ئاشۇ غەمكىنلىكنى تاھسىن پەقەتلا ئۇنتۇيالمىغانىدى. ئەجەبا، ئۇ غەمكىنلىك قىزنىڭ تارتقان ئازابلىرىنى ئىپادىلەپ بەرمەكچىمىدۇ؟ ئۇ زادى قانچە ياشلاردا باردۇ؟ ئون سەككىزلەردە بارمىدۇ؟ قارىغاندا ئەڭ ياخشى چارە ھەجەر ئانا بىلەن سۆزلىشىش ئوخشايدۇ. ئىشنى بېشىدىن ھەل قىلىش كېرەك. ئەگەر ئۇ قىزنى بۇ ئۆيگە ئەكىرسەم، قاراپ تۇرۇپ ئۇ قىزنى يولۋاس ئاغزىغا تۇتۇپ بەرگەن بولمامدىمەن! ئەمما، تاھسىن ئۇ قىزنىڭ ئاشۇ ساھىبجامالىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، كۆڭلى سەل شادلانغاندەك بولدى. ئەگەر ئۇ قىزغا ئۆيلەنسەم، راستىلا مەن ئەزەلدىن تەلمۈرۈپ كەلگەن، ئېرىشەلمىگەن بەختكە ئېرىشەرمەنمۇ؟ ئۇنىڭدا بۇ خىل خىيال پەيدا بولۇش بىلەن تەڭ، كۆڭلى سەل بىئارام بولدى.

«تاھسىن، سەن بۇنداق شەخسىيەتچىلىك قىلساڭ بولمايدۇ، ئۇ دېگەن تېخى كىچىك قىز تۇرسا، ئۇنىڭ ھاياتىنى بەربات قىلىۋەتسەڭ بولمايدۇ!» ئۇ بۇلارنى ئويلاپ، ئورنىدىن دەسسىدە تۇرۇپ كەتتى.

«ياخشىسى دەرھال ھەجەر ئانا بىلەن سۆزلىشىپ بۇ ئىشنى ھەل قىلىۋېتىشىم كېرەك.»

ئۇ ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتكەچكە پۇتلىرى قېتىپ قالغانىدى. ئۇ چاتقالغا يېيىپ قويغان كۆڭلىكىنى ئالدى، كۆڭلەك قۇرۇغان، ئەمما ئۇنىڭدىن ئاچچىق تەرنىڭ پۇرىقى كېلەتتى. ئامال يوق، پۇراق بولسىمۇ كىيىش كېرەك. ئۇ كۆڭلىكىنى كىيىپ، ئاتقا مىندى ـ دە، كەنتنىڭ باش تەرىپىدىكى ئاشۇ بىرنەچچە ئېغىز ئۆينى كۆزلەپ ئېتىنى چاپتۇردى.

ئايسۇن ئەسمالارنىڭكىگە ياردەملەشكىلى كەتكەنىدى. ئەسمانىڭ ئۆيىدە يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنى قوشقاندا، تۆت بالا بولۇپ، ھەممىسىنىڭلا ھالىدىن خەۋەر ئالمىسا بولمايتتى، بىردەم بىرسىنىڭ قورسىقى ئېچىپ كەتسە، بىردەمدىلا يەنە بىرسى ئىشتىنىغا سىيىپ قوياتتى ـ دە، ھەممىسى تەڭلا ئاپا، دەپ يىغلاپ ۋارقىراشقا باشلايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ قېتىم ئەسمانىڭ تۇغۇتى تەتۈر كېلىپ قېلىپ، بەك كۆپ قان كەتكەچكە، بەدىنى ئاجىزلاپ كەتكەن، ئۇنىڭغىمۇ بىر ئادەم قارىمىسا بولمايتتى. گەرچە ئۇنىڭغا قېيىنئاپىسى قاراۋاتقان بولسىمۇ، ئىشنىڭ كۆپلۈكىدىن ئۇ موماي ھەقىقەتەن يېتىشەلمەي قالغانىدى. شۇڭا ھەجەر بىلەن ئايسۇن ۋاقتى چىقسىلا، ئۇلارنىڭكىگە بېرىپ ياردەملىشەتتى. ئۆيدە ھەجەر ئۆزى يالغۇز كىيىم ياماپ ئولتۇراتتى. ئۇ تاھسىننىڭ خاراب ھالىتىنى كۆرۈپ قورقۇپلا كەتتى:

— خۇش كەلدىڭ تاھسىن بالام، نېمە ئىش بولدى؟ ھالىڭ بەكمۇ بوشقۇ بالام؟

— ھەجەر ئانا، سىز بىلەن سۆزلەشمىسەم بولمايدۇ، بىز بىر خالىيراق يەرنى تاپايلى.

— كەل بالام كەل، بۇ يەردە ئولتۇرۇپ دېمىڭنى ئېلىۋال، ئۆيدە مەن يالغۇز، ئايسۇن ئەسمانىڭ ئۆيىگە كەتكەن.

ھە، ئەسلىدە ئۇنىڭ ئىسمى ئايسۇن ئىكەن ـ دە ! تاھسىن گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلەلمەي، دېرىزە ئالدىغا قويۇلغان سافادا بىرھازا جىم ئولتۇرۇپ كەتتى. ئەتىگەندە ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا قايناپ ـ

تاشقان جۇشقۇنلۇق ئەمدى پۈتۈنلەي يوقاپ، هارغىن، سولغۇن هالەتكە چۈشۈپ قالغانىدى. هەجەر ئېغىر تىنىشقىمۇ جەرئەت قىلالماي، تاھسىننى نېمە دەركىن دەپ، دىققەت بىلەن تىكىلىپ تۇراتتى.

— ئاپام مېنى قايتا ئۆيلەن دەيدۇ!

هەجەرنىڭ يۈرەك سوقۇشى بىردىنلا تېزلەشتى، ئۇ تاھسىننىڭ گېپىنى ئۈزۈپ گەپ قاتتى:

— بۇنىڭ ئۈنچە قايغۇرغۇدەك نەرى بار بالام، ئەگەر سەن رازى بولمىساڭ، ئۇلار سېنى هەرگىز مەجبۇرلىمايدۇ.

— هەجەر ئانا، سىزمۇ بىلىسىزغۇ، ئۆتكەندە ئۇلارنىڭ گېپىنى ناھايىتى تەستە ياندۇرغان تۇرسام. ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟ ئۇلار مېنى مەجبۇرلاۋاتىدۇ. ئەگەر قوشۇلمىسام، بۇ يەردە تۇرمىسام بولغۇدەك.

— بالام، سەندە گۇناھ يوق. ئەمما ئاتا - ئاناڭدىمۇ گۇناھ يوق، شۇنچە يىللاردىن بۇيان كىشىلەر مۇشۇنداق ياشاپ كەلگەن. سەن كۆپ ۋاقىتىڭنى شەھەردە ئۆتكۈزدۈڭ، شۇڭا قايتا ئۆيلىنىش تەلىپىنى قوبۇل قىلالماي قىيىلىۋاتىسەن. ئەگەر سەن يېزىدا ياشىغان بولساڭ، توي قىلىشقا ئالدىراپ كەتكەن بولاتتىڭ، سەندىمۇ، ئاتا - ئاناڭدىمۇ سەۋەنلىك يوق، تەقدىر - پېشانە دېگەن شۇ. ئۇنىڭغا نېمە ئامال؟

— هەممە نەرسىنى تەقدىر - پېشانىدىن كۆرىدىكەنسىلەر، بۇ پەقەت ئۆز - ئۆزىنى ئالداشقۇ. بىز ئۇنىڭغا قارشى چىقسىاق بولمامدۇ؟ هازىر دېگەن قايسى زامان؟ يەنە نېمىشقا ئاشۇ ئۆرپ - ئادەتكە ئېسىلىۋالىمىز؟ بۇنداق ئۆرپ - ئادەت، ئەنئەنىنىڭ كىمگە پايدىسى بار؟ ئۇنى ئۆزگەرتىدىغان چاغ بولدى.

— بوپتۇ، ئۇنى ئۆزگەرتىش كېرەك دەيلى، يەنە نېمە بولماقچى؟ بىز ئۇ ئەنئەنىلەرنى ئۆزگەرتىشكە ئاجىزمىز.

— بىز خۇددى پىلە قۇرتىدەك غوزەكنىڭ ئىچىگە بېكىنىپ ياشامدۇق. شۇ قاپنى بۇزۇپ تاشلىغاندىلا، ئاندىن ئۆزىمىزنى

قۇتۇلدۇرالايمىز. سىلەرنىڭ ئەنئەنە دېگىنىڭلار ئاشۇ پىلە قۇرتىغا ئوخشاش نەرسە ئەمەسمۇ؟ خېلى يىللار بۇرۇنلا مەن بۇ يەردىن كېتىشنى ئويلىغان، ئەمما بۇ يەر مېنىڭ يۇرتۇم، شۇڭا كەتمىدىم. مېنىڭ بۇ تارتقان رىيازەتلىرىم يەتمەمدۇ؟ بۇنداق قىلىشىم پەقەت ئۆزۈم ئۈچۈنلا ئەمەس، بۇ سىزنىڭ ئاشۇ گۈلدەك قىزىڭىز ئۈچۈنمۇ ياخشى ئىش ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ ھاياتىنى نابۇت قىلىشقا بىزنىڭ نېمە ھوقۇقىمىز بار؟

— ئاپاڭ سېنى مېنىڭ قىزىمغا ئۆيلىنىسەن دېدىمۇ؟ ھەي، قارىغاندا بۇ ئىشتا چوڭ خانىم قەتئىي نىيەتكە كەلگەن ئوخشايدۇ، تۇنۇگۈن ھاماڭنىڭ ئۆيىدە ئۇ بۇ ئىشنى دېگەندى، مەن تېخى بۇ ئىشنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ناتايىن دەپ، تازا ئېرەن قىلماپتىمەن.

— دېگىنىڭىزگە ئاپىرىن ئانا، بۈگۈن - ئەتە ئىچىدە ئاپام قۇدىلىشىش ئۈچۈن ئالدىڭىزغا كېلىدۇ، ئەگەر سىز ياق دېسىڭىزلا، ئۇلار مېنى مەجبۇرلىيالمايدۇ.

— ئەمما بالام، مەن ياق دېسەم، ئاپاڭ نىيىتىدىن يېنىپ، سېنى قايتا ئۆيلىنىشكە مەجبۇرلىماسمۇ؟ ساڭا باشقا قىزلارنى تاپماسمۇ؟ مەن ئاپاڭنى ئوبدان بىلىمەن، ئاپاڭ قىلىمەن دېگىنىنى قىلماي قويمايدۇ. داداڭ يۈز - ئابرۇيلۇق ئادەم، سەن ئۇنىڭ بىردىنبىر ئوغلى، سەن مۇشۇنداق بىر ئۆمۈر بالىچاقىسىز، يېگانە ياشامسەن؟ جەمەتىڭنىڭ نەسلىنى قۇرۇتۇۋېتەمسەن؟

— ھەجەر ئانا، سىزمۇ بۇ توي ئىشىغا قوشۇلامسىز؟

— خاتا چۈشىنىپ قالمىغىن بالام، مېنى چۈشەنمىدى دەپ مەندىن ئاغرىنما، ماڭا ئايانكى، سەن مەلىھا بىلەن بەختلىك بولالمىدىڭ.

— گەپ مانا مۇشۇ يەردە، ھەجەر ئانا، ئويلاپ بېقىڭا، ئەگەر بۇ ئىشنى مەلىھا بىلىدىغان بولسا، نېمە ئىشلار بولۇپ كېتەر، ئۇنىڭغا ئاپامنۇ تەڭ كېلەلمەيدىغان تۇرسا، يېڭى كېلىننى ئۆيگە

ئەكـﯩـرگەندىن كـﯧيىن، ئـائىلـﯩـمىزدە ھەرگـﯩـز خاتـﯩـرجەملـﯩـك بولمايدۇ. بۇرۇن بىزنىڭ قورۇق نىمىدىگەن ئوبدان ئىدى ـ ھـە! مـەن شەھەردە بولـغىنىـم بىلـەن كـۆڭلۈم مـۇشـۇ يېزامـدا، تـاغ باغرىلاپ كەتكەن ئۈزۈمزارلار، گۈلباغلارنى دائـىم ئەسلـەيتتـىم، ئەمما مېنىڭ بۇ يەرگە پات ـ پات قايتىپ كەلمەسلىكىم پۈتۈنلەي مـەلـىھا سـەۋەبـىدىن ئـىدى. ئۆزۈم تۇغـۇلـغان، مېـنـى بېقـىـپ ئۆستۈرگەن بۇ ماكاندىن كۆڭلۈم سوۋۇپ كەتتى. ئەگەر مەن يەنـە ئۆيلـىنىدىغان بولسام، مەلىھاغا ھېچكىم تاقابىل تۇرالـمايدىغـان بولۇپ كېتىدۇ، ئـۇنىڭ نېمە ئىشـلارنى قىلـىۋېتىـدىغانلىقىنـى ئويلاشقا جۈرئەت قىلالمايمەن. بۇ قاراپ تۇرۇپ قىزىڭىزنى ئوتقا ئىتتەرگەنلىك بولمامدۇ؟

ـــ دېگىنىڭىزغۇ توغرا بالام، تەقدىر بىز بىلەن مـانا مۇشۇنـداق ئوينـىشىۋاتـىدۇ. قارىغـاندا مېـنـىڭ ئاشـۇ بـىچارە قـىـزىمنـىـڭ تـارتىدىغـان كۈلپەتـلـىرى تېـخى تۈگـىـمىگەن ئـوخشايـدۇ. نـاۋادا كۆزۈم يـۇمۇلـسا، بـىچارە قـىـزىم قانداقـمۇ قىلار؟ ئـۇ تىكـەنـدەك يالغۇز قالسا، ئاشۇ نىيىتى يامانلارغا قانداقمۇ تاقابىل تۇرالايدۇ؟

ـــ نېمە دەيدىغانسىز، ھەجـەر ئانا، يوق گـەپلەرنى قـىلماڭـا، ۋاقتى كەلگەندە ئۇنى مۇۋاپىق بىر ئادەمگە ياتلىـق قىلـىسىز. ئـۇ تېخى كىچىك تۇرسا! قىز چىرايلىق بولسا، ئۇنىڭغا ئۆيلىنىمىـز دەيدىغـانـلارمۇ كۆپ بـولـىدۇ. بۇنـىڭدىن نـېمىـشقـا ئەنـدىشـە قىلىدىغانسىز؟

ھـەجـەرنىڭ كـېـيـىنـلـى قـوزغـىلـىپ ئاغـرىـپ كـەتكـەچـكـە، پېشانىسىدىن مونچاق ـ مونچاق تەر چىقىپ كەتتى. ئۇ ئورنىدىن تەستە تۇرۇپ، بىر تال ئاغرىق پەسەيتىش دورىسىنى ئىچتى. ئـۇ بۇ دورىنى كۆپ ئىچىپ كەتكەچكـە، ھازىر بـىـرەر تال دورا ئانچـە تەسـىر قىلـمايدىغـان بولۇپ قالـغانىدى. ئـۇ دورىسىنـى ئىچـىـپ بولۇپ، تاھىرنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە ئارقىسىغا بىـر ياستۇقنى تىرەپ، ئاغرىقنىڭ قويۇۋېتىشـىنى بىـردەم ساقلـىدى. تاھىر ھەجەرنىڭ بۇ ئىشلىرىغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قالدى.

— ئەمدى گېپىمگە قۇلاق سال بالام، گەپلىرىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئويلىنىپ بىرنېمە دەرسەن. ئېسىڭدە بولسۇنكى، مېنىڭ دېگەنلىرىمنى ھەرگىز باشقىلارغا دەپ يۈرمە. ئايسۇنغىمۇ دېمە ! بالام، مەن ئۆلۈپ كېتىمەن، كۆڭلۈم ساناقلىقلا قالدى.

— نېمە دەيدىغانسىز ھەجەر ئانا، سىز چوقۇم ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىسىز.

— مەن راست گەپنى دەۋاتىمەن بالام، مېنىڭ كېسىلىم ئېغىرلىشىپ قالدى، بەك ئاغرىيدىغان بولۇپ كەتتى. دوختۇر ئوپېراتسىيە قىلىدىغان ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىپتۇ، دەيدۇ. مەن ئۆلۈمدىن قورقمايمەن. ئادەم دېگەن ھامان ئۆلىدۇ. مەن پەقەت ئايسۇندىن ئەنسىرەيمەن. بىلەمسەن، ئۇ مېنىڭ ئۆز قىزىم ئەمەس، ئەمما ئۇنى ئۆز قىزىمدەك كۆرىمەن. مەن ھاياتقا بولغان ئىشەنچىمنى يوقىتىپ قويغان چېغىمدا، ئۇ پەيدا بولۇپ، قەلبىمدە ھايات ئۈمىدىنى باشقىدىن ياندۇردى. مەن ئۆلۈپ كەتكەن بالىلىرىمغا بولغان مېھرىمنى پۈتۈنلەي ئۇنىڭغا ئاتا قىلدىم. مانا ئەمدى ئۇنى بۇ دۇنيادا يەككە - يېگانە قالدۇرۇپ كېتىدىغان ئوخشايمەن، بۇنىڭغا كۆڭلۈم بەك يېرىم بولۇۋاتىدۇ، بالام.

— ئۇ سىزنىڭ كېسىلىڭىزنى بىلەمدۇ؟

— بىلمەيدۇ، نەچچە قېتىم ئۇنىڭغا ئېيتاي دېدىم، ئەمما ئاغزىمدىن چىقىرالمىدىم. بۇ بىچارە بالا ھازىرمۇ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ، ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيمەن دېگەننى خىيال قىلىپ يۈرىدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ شېرىن خىياللىرىنىڭ ئەمەلگە ئاشمايدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئۇ ئاتا - ئانىسىدىن كىچىكلا ئايرىلدى، مانا ئەمدى ئۆزى يالغۇز تىكەندەك قالىدىغان بولدى. مېنىڭ بىردىنبىر ئارزۇيۇم كۆزۈم يۇمۇلماستا ئۇنى ياتلىق قىلىۋېتىش ئىدى. بۇرۇن كەنتتە ئۇنى سوراپ كىرگەنلەر كۆپ ئىدى، ئۇ چاغلاردا مەن ئۇنى تېخى كىچىك دەپ،

سوراپمۇ ئولتۇرماستىن ئۇلارنى ياندۇرۇۋەتكەنىدىم. ئەمدى ئۇنىڭغا ھەممە گەپنى دەپ، لايىقىدا بىرسىنى تاپاي دەۋاتىمەن. مېنىڭ ساڭا ئامراقلىقىمنى ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن. ئەگەر ئۇ ساڭا ياتلىق بولغان بولسا بەك ياخشى بولاتتى، ئۇ چاغدا مەنمۇ خاتىرجەم كۆز يۇمغان بولاتتىم.

— بولدى، ھەجەر ئانا، مەن قوشۇلغان بولاي، ئەمما سىزنىڭچە ئۇ بىزنىڭ قورۇقتا خاتىرجەم، كۆڭۈللۈك تۇرالارمۇ؟ ئۇ ئاشۇ ئەسكىلەرگە تاقابىل تۇرالارمۇ؟

— بالام، قىزىمنى ماختىغىنىم ئەمەس، ئۇ ئەقىللىك، بىلىملىك ھەم قائىدە ــ يوسۇنلۇق قىز بولدى، ئۇ تەربىيە كۆرگەن، ئىقتىدارلىق، ئۇنىڭ ئۇستىگە ناھايىتى ئىشچان. ئۇنىڭ دادىسىمۇ شۇنداق ئادەم ئىدى، قىزىنىمۇ شۇنداق تەربىيەلىدى. ئەگەر ئۇنى شەھەرگە ئەكەتسەڭمۇ، ئۇ سېنى ھەرگىز يەرگە قارىتىپ قويمايدۇ. مېنىڭچە، ئەگەر ئۇنى ھىمايەڭگە ئالىدىغان بولساڭ، ھېچقانداق ئىش چىقمايدۇ. سېنىڭ ئاپاڭ پەزىلەتلىك ئايال، نازىلىمۇ ھامان بىر كۈنى ياتلىق بولۇپ كېتىدۇ. پەقەت مەلىھالا قالىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇمۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە يۇمشاپ قالار. قىز بالا دېگەن قەيەرگە ياتلىق بولسۇن، ئۇنىڭغا كۆز ــ قۇلاق بولىدىغان بىرسى بولمىسا بولمايدۇ، مەسىلەن ئاپاڭ، داداڭ ياكى باشقىلار... بالام، بۇ ئىشقا ئۆزۈڭ ئوبدان ئويلىنىپ بىرنېمە دە.

بۇ تەسىرلىك سۆزلەر گويا تاھىرنى ئاللىبۇرۇنلا قارار قىلىپ بولغاندەك، ئۇنى يەنە بىر قېتىم ئىختىيارسىز ھاياجانغا سالدى. ئەمدى ئۇ ھېچقانداق سەۋەب كۆرسىتەلمەيتتى. بۇ گەپلەر بىلەن ئۇنىڭدىكى ئۆزىنى ئەيىبلەشلەرمۇ يوقالدى، ھەتتا ئۇ پەقەت ئۆزىنىلا ئويلاپ كەتكەنلىكىدىن خىجىل بولۇپ، يۈزى سەل قىزارغاندەك بولدى.

— ھەجەر ئانا، دېگىنىڭىزدەك بولسۇن، ئەندىشە قىلماڭ، ھاياتلا بولىدىكەنمەن، ھەرقانداق ئادەم ئۇنىڭغا تىرناق

تېگەلمەيدۇ، — ئۇ بۇ گەپلەرنى دەپ بولۇپ، قاتتىق تەشۋىشلەنگەن هالدا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — هەجەر ئانا، بەك ئۈمىدسىزلىنىپ كەتمەڭ، سىز...

تاهسىننىڭ سۆزى تۈگىمەي تۇرۇپلا، هەجەرنىڭ كۆز ياشلىرى گويا يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلۈپ كەتتى:

— بالام، ساڭا مىڭ مەرتىۋە تەشەككۈر. مېنى ئېغىر يۈكتىن خالاس قىلدىڭ.

هاۋا چۈشتىكىدەك ئىسسىق ئەمەس ئىدى. چوڭقۇر ئويغا پاتقان تاهسىن نىشانسىز مېڭىپ ئۈزۈمزارلىققا كېلىپ قالغانلىقىنىمۇ تۇيماي قالدى، ئۇنىڭ كاللىسى بۈگۈنكى ئىشلار بىلەن بەند ئىدى. ئۇ كۆڭلىدىكى ئىشلارنى بىر باشتىن ئويلاي دېسىمۇ، هەممە ئىش گادىرماچ بولۇپ، ئۇلارنى قانداق رەتلەشنىمۇ بىلەلمەي قالدى. هەجەر ئانىنىڭ گېپىمۇ توغرا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاپىسىمۇ بۇ ئىشنى ئاسانلىقچە بولدى قىلىۋەتمەيتتى.

«ناۋادا كۆزۈم يۇمۇلسا، بىچارە قىزىم قانداقمۇ قىلار؟ ئۇ تىكەندەك يالغۇز قالسا، ئاشۇ نىيىتى يامانلارغا قانداقمۇ تاقابىل تۇرالايدۇ؟»

هەجەر ئانىنىڭ بۇ سۆزلىرى تاهسىننىڭ قۇلاق تۈۋىدە يەنە بىر قېتىم جاراڭلىغاندەك بولدى. راست، هازىرلا نۇرغۇنلىرى ئۇ قىزنى پۇتۇنلا يەۋېتىدىغان ئاچ بۆرىدەك قىلىپ يۈرگەن يەردە، ناۋادا هەجەر ئانا ئۆلۈپ كەتسە، ئون سەككىز ياشلىق قىزنىڭ كەلگۈسى خاتىرجەم ياشىيالىشى هەقىقەتەن تەس ئىدى. تا هازىرغا قەدەر ئۇنى بىرەرى ئىزدەپ كەلمىگەن، ئۇنى سۈرۈشتە قىلمىغىنىغا قارىغاندا، ئۇنىڭ راستلا باشقا ئۇرۇق - تۇغقانلىرى يوقمىدۇ؟ تەلەپپۇزىغا قارىغاندا، ئۇ شەھەرلىكلەرگە ئوخشايدىكەن، ئۇلار شەهەردىن بۇ يەرگە قېچىپ كەلگەنمىدۇ يا؟ تاهسىن ئوسماننى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئوسماننىڭ بۇ يەرگە كېلىپ قېلىشىمۇ بەكلا غەلىتە بولغان، ئۆلۈمىمۇ شۇنداق

سىرلىق بولغانىدى. ئۇنىڭ كەنتتە جامالدىن باشقا ھېچقانداق يېقىن ئادىمى يوق ئىدى. ئۇ ئادەملەرگە ئارىلاشمايتتى، ئۆزۈمىزاردىن قايتىپ كەلسىلا، قىزى بىلەن بىللە بولاتتى. ھەي، تاھسىن ئۇ قىزنىڭ ئاشۇ مەيۈسلۈك قاراشلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، خىيالى بىردىنلا مەلىھاغا كەتتى. ئۇ بۇ قىزنى قانداق قوغدىسا، مەلىھانىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزۇپ قالالايدۇ؟ نازلى بىلەن مەلىھانىڭ بۇ قىزغا ئارام بەرمەيدىغانلىقى تۇرغانلا گەپ. ئۇنداقتا ئۇنى شەھەرگە ئەكېتىش كېرەكمۇ؟ راستلا شۇنداق قىلسا ئۇ ئىككىسى ھەرگىز ياۋاشلىق بىلەن قاراپ تۇرمايدۇ.

«قانداقلا بولمىسۇن، بۇ ئۇنىڭ يالغۇز يېتىم بولۇپ قېلىشىدىن ياخشىراق.»

تاھسىن بۇلارنى ئويلاپ بىرئاز يېنىكلەپ قالغاندەك بولدى. ئۇ بۇرۇن ئۆزىنىڭ بىرەرسىنى قوغدايدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ قويمىغانىدى. مانا ئەمدى ئۇ ئۆزىدە مۇشۇنداق بىر خىل تۇيغۇنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى ھېس قىلدى. يەنە كېلىپ بۇ خىل تۇيغۇ ئۇنى ھاياجانغا سېلىۋاتاتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىختىيارسىز ئىتىنى تېزلىتىپ قورۇققا قاراپ چاپتى.

قورۇقتىكىلەر كەچلىك تاماققا تۇتۇش قىلىۋاتاتتى، تاھسىن ئاتتىن چۈشۈپلا ئۇدۇل ئاپىسىنىڭ يېنىغا ماڭدى. شۇ تاپتا چوڭ خانىم غوجىدارنىڭ خوتۇنىدىن زاپاس يېمەكلىكلەرنىڭ ئەھۋالىنى سوراۋاتاتتى. ئۇ تاھسىننىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ كەتتى.

— بالام، قايتىپ كەپسەن، داداڭ سەندىن ئەنسىرەپ جىلغىغا ئادەم ئەۋەتكەنىدى، ئۇ يەرگە بارماپسەن.

— ئاپا، ساڭا دەيدىغان گېپىم بار ئىدى.

خەدىچە ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، چوڭ خانىمغا ئەدەپ بىلەن تەزىم قىلىپ خوشلاشتى ـ دە، چىقىپ كەتتى. چوڭ خانىم تاھسىننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ سەل جىددىيلىشىپ قالدى، چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ ئوغلىغا دېمەي تۇرۇپلا ئۇنى قايتا ئۆيلەش ئىشلىرىغا

تۇتۇش قىلىپ كەتكەنلىكىدىن سەل پۇشايمان قىلىپ قالغانىدى. ئۇ تاھسىنىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، ئالدى بىلەن گەپ باشلىدى:

— ئوغلۇم، بىلسەڭ، مېنىڭ بىردىنبىر ئارزۇ ـ ئۈمىدىم سېنى بەختلىك قىلىش، شۇڭا مېنىڭ بارلىق قىلغان ـ ئەتكەنلىرىمنىڭ ھەممىسى پەقەت سەن ئۈچۈن. ئەلۋەتتە، بۇ ئىشتا يەنىلا سېنىڭ كېيىنكىگە قارايمەن. ئەگەر ياق دەپ تۇرۇۋالساڭ، مەنمۇ مەجبۇرلىمايمەن. سەن مەلىھا بىلەن شۇنچە يىل بىللە ياشاپ، قىلچە بەختلىك بولالمىدىڭ. ئۇنىڭ زەھەرخەندىلىكىنى، ياخشىلىق قىلغاننى بىلمەيدىغانلىقىنى دېمەي تۇرايلى، شۇنچە يىلدىن بېرى ئۇ سېنى پەرزەنتلىك قىلالمىدى. مەن ئاشۇ كۈنى ھەجەرنىڭ قىزىنى كۆرۈپلا، ئۆزۈمچە: «مانا مۇشۇ قىز تاھسىنغا تازا لايىق كەلگۈدەك» دېگەنىدىم.

تاھسىن ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلدى، قارىماققا بەكمۇ ھارغىن كۆرۈنەتتى. ئۇ ئاپىسىغا قارىماي گەپ قىلدى:

— مەن بۈگۈن كەچتىلا شەھەرگە كېتىمەن.

چوڭ خانىمنىڭ يۈرىكى بىردىنلا ئاغزىغا تىقىلىپ قالغاندەك بولدى. ئۇ ئوغلىنىڭ شەھەرگە كۆچۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپلا يۈرگەنىدى. شۇڭا جىددىيلىشىپ ئورنىدىن دەس تۇرۇپلا ئوغلىنى قۇچاقلىۋالدى:

— ئوغلۇم، سەن تېخى تۈنۈگۈنلا قايتىپ كەلگەن تۇرساڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سەن ھازىر بەك ھېرىپ كېتىپسەن.

— بىلىمەن ئاپا، مەن شۇنداق قىلمىسام بولمايدۇ. ماڭا ئىشەنگىن ئاپا، بۇ ئەڭ ئاقىلانە چارە. مەن كەتكەندىن كېيىن سەن ھەجەر ئانىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن توي ئىشىنى مەسلىھەتلىشىۋەر، بۇ ئىشنى بەك كەينىگە سوزۇۋەتمەڭلار. مەسلىھەتلىشىپ بولۇپلا ماڭا خەۋەر قىلىۋەتكىن، مەن دەرھال قايتىپ كېلىمەن. توينى ھەشەمەتلىك قىلمايلى، تۇغقانلارغا ئاش تارتساقلا بولدى.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان چوڭ خانىم قولىقىغا ئىشەنمەيلا قالدى. ئوغلى بۇ توي ئىشىغا قوشۇلغان ھەمدە بۇ يەردىن مەڭگۈ كېتىدىغان گەپنى قىلمىغانىدى. موماي خۇشاللىقىدىن سەكرەپ كەتكىلى تاسلا قالدى. ئۇ چوڭقۇر بىر تىنىۋېلىپ دېدى:

— بۇ گەپچە، سەن ھەجەرنىڭ قىزى بىلەن توي قىلىشقا قوشۇلۇپسەن ـ دە؟

— ماڭا يەنە بۇنىڭدىن باشقا تاللاش بارمىدى؟

— ماڭا ئىشەنگىن بالام، بۇ ھەممىمىز ئۈچۈن ياخشى ئىش، بىلسەڭ، مۇشۇنداق قىلىۋاتقانلىرىمنىڭ ھەممىسى سەن ئۈچۈن، ئۇ قىزنى سەنمۇ كۆردۈڭ، ئۇ بىلىملىك، قائىدە ـ يوسۇنلۇق، ئوڭلۇق قىز، ئۆزىمۇ چىرايلىق. سەن مەلىھا بىلەن شۇنچە يىل ياشاپمۇ ئۆزۈڭنى بەختلىك ھېس قىلالمىدىڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ تۇغماس چىقىپ قالدى. قاچانغىچە مۇشۇنداق ياشايسەن؟ بۇرۇنلاردا پات ـ پاتلا بۇ يەرگە قايتىپ كېلىۋاتاتتىڭ، ئەمما توي قىلغاندىن بۇيان شەھەردىن كەلگۈڭ كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. بۇنىڭ نېمىدىن ئىكەنلىكىنى ئاپاڭ بىلمەيدۇ دەمسەن؟

تاھسىن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاپىسىنىڭ قولىغا ئۇرۇپ قويدى. چوڭ خانىم ئوغلىنى مېھرى بىلەن قۇچاقلىدى، ئەمما شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزلىرى ئىختىيارسىز نەمدەلدى:

— ئوغلۇم، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، سەن دۇرۇس يول تۇتتۇڭ، توي ئىشى بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، بىز تويىنى ساڭا يارىغۇدەك قىلىمىز.

— دېگىنىڭدەك بولسۇن ئاپا، سائەت نەچچە بولۇپ كەتتى، مەن ماڭاي.

— ھازىرلا ماڭامسەن؟ كەچلىك تاماقنىمۇ يېمەمسەن؟

— ئاشپەزلەرگە ئېيتىپ قوي، ماڭا يولدا يەيدىغانغا بىر نەرسە تەييارلاپ بەرسۇن، مەن كىرىپ يۇيۇنۇۋالاي، شەھەردە مېنى تېخى نۇرغۇن ئىشلار كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ.

تاھسىن ئۇدۇل ئۆز ئۆيىگە قاراپ ماڭدى، ئۇ ئەتىگەندىن بۇيان

تـەرلەپ، بەدەنلـىرى تەر پۇراپ كـەتكەنـىدى. راھەتلـىـنىپ بىـر يۇيۇنۇۋالماقچى بولدى. ئۇ ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە قورۇقـنـىڭ قـىـياپىتـىـنى ئۆزگـەرتـىپ، شەھـەر تـۇرمۇشـىغا يېقـىنلاشتـۇرۇش ئۈچۈن، شەھـەردىن بىـنـاكارلـىـق ئـۇستىـسـى تەكلىپ قىلىپ، قورۇقـقا يېڭـى پاسوندا ئـىككى قـەۋەتلىك ئـۆي سالدۇرۇشقا دادىسىنى كۆندۈرگـەنىدى، تۇرالغۇنىڭ ئـوتتۇرىسـى ھويلا، ھەرقايىسى خاس خانىلاردا تازىلىق ئۆيى بـار ئىدى. بۇنـداق تۇرالغۇغا دەسلەپتە ھەممەيلـەن كۆنەلمـىگەنـىدى، ئۇزاق ئۆتمـەي ھەممىسى بۇنـداق تۇرمۇشقـا، راھەت، ئەپلـىك ئۆيلـەرگە كۆنۈپـلا كەتتـى. شـۇنىڭ بـىـلەن كـونـا ئـۆيلـەرنـىـڭ بىـر قـىـسمـىـنـى خىـزمەتكارلارنـىڭ ئۆيى قـىلدى، يەنـە بىر قـىـسمىنـى ئېغـىـل، ئوتـۇنـخانا قـىـلـىـۋەتـتـى. شۇنداق بـىـلەن ھـايـۋانـلار تۇغـقـانـدا قىستاڭچىلىق بولمايدىغان بولدى.

شۇ تاپتا ئۆيدە بېشىغا قارا ياغلىق چىگكەن، يىغلاپ كۆزلـىرى قىزىرىپ كەتكەن مەلىھا تاھىسىنى ساقلاپ ئولتۇراتتى. تاھىـىـر ئۆيگە كـىـرىشـىگـە ئۇ ئاغزىـنى قويۇۋەتـتى. كۆزلـىـرى غەزەپتـىـن ئادەمنى چۆچۈتكۈدەك دەرىجىدە چەكچەيگەنىدى.

— بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى سېنىڭ ھېلىقى پەسكەش ئاپاڭ تېرىدى، سەنزە مېنى بىلمەيدۇ دەمسىنا؟

— ئاپامنى ئۇنداق ھـاقارەتلـىـگۈچى بولـما. ئاپام نـېمە يامـان ئىش قىپتۇ؟

ھېرىپ كەلگەن تاھىسىنىڭمۇ ئاچچىق غۇژژىدە تۇتقانىدى. بۇ ئۇنىڭ مەلىھاغا تۇنجى قېتىم ئاچچىقلىنىشى ئىدى. تاھىسىنىـىڭ غەزەپلىك ئەلپـازىنى كۆرگـەن مەلىـھا بىردىنلا جىددىيلـىشـىپ كەتتى. تاھىـىر بەكمۇ رايىش، ئانچە كۆپ گەپمۇ قىلـمايتتـى. بىرسى بىلەن تاكاللىشىپمۇ قالمايتتى. ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى ھەر قېتىم جېدەللىشىپ قالغاندا، ھـامان مەلـىـھا ۋالاقلاپ سۆزلـەپ، تاھىر ئۇندىمەي جىم ئولـتۇرغاچقا، مەلىـھا غالىب كـېلەتتـى. بۈگۈن تاھـىـرغـا نېمە بـولغانـدۇ؟ ئـۇ ئاپىـىـنىـىڭ گـېپـىگـە

قوشۇلغانمىدۇ؟ مەلىها بۇلارنى بىلەلمەي سەل ئېسەنگىرەپ قالدى.

— ئەگەر سىزلا قوشۇلمىسىڭىز، ئۇلار سىزنى مەجبۇرلىيالمايدۇ. يەنە بىر مەزگىل ساقلاپ تۇرسىڭىز بولماسمۇ؟ ئۇلارنىڭ مېنى تۇغماس دېگىنى يالغان گەپ. قاراپ تۇرۇڭ، ھەممە ئىشىمىز ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، يېرىم يىلغا بارمايلا مەن ھامىلىدار بولىمەن. قەدىرلىكىم، سىز يەنە بىر مەزگىل تەخىر قىلىڭ. دۈشمەنلەر مەقسىتىگە يېتەلمەي قالسۇن.

— مېنىڭ نەدە دۈشمىنىم بولسۇن؟ سەن بۇ ئىشقا قانچىلىك پۇل خەجلىدىڭ؟ ئەمدى بولدى قىلىپ، تەن بەرسەڭ بولارمىكىن.

تاھىسىنىڭ بۇ گەپلىرى مەلىهانى ھەيرانلا قالدۇردى.

— ئۆلگۈر، ساڭا نېمە بولدى؟

— ماڭا ھېچنېمە بولمىدى، سەن تولا ئۈمىدلىنىپ كەتمە، بۇ قېتىملىق تەكشۈرۈش نەتىجىسىمۇ بۇرۇنقىسىغا ئوخشاش چىقىپتۇ، ھامىلىدار بولۇشۇڭدا ئۈمىد يوق ئىكەن. كۆڭلى يېرىم بولمىسۇن دەپ، ساڭا كۆرسەتمىگەنىدىم. بىز ياخشىسى ئاجرىشىپ كېتەيلى. سەن ئەمدىلا ئوتتۇز ياشقا كىردىڭ. تۇرمۇشۇڭنى قايتىدىن باشلىساڭمۇ ئۈلگۈرىسەن. بىزنىڭ توي قىلىشىمىز باشتىلا توغرا بولمىغان، بىز ئاتا ـ ئانىمىزنىڭ كۆڭلىنى دەپلا بىللە ياشاپ كەلدۇق. بۇ گەپنى سەن دادامغا ياكى داداڭغا دېسەڭمۇ بولىدۇ. سەن ئويلاپ بىر قارارغا كەل.

تاھىسىن سومكىسىدىن دوختۇرنىڭ تەكشۈرۈش قەغىزىنى ئىزدەپ تاپالمىدى، ئۇنى سالغان كونۋېرت قۇرۇق تۇراتتى. ئۇ مۇشۇ كونۋېرتقا سالغانىدىغۇ. ئۇ ئاخىر زاۋۇتنىڭ ھېسابات دەپتىرىنىڭ ئىچىدىن تەكشۈرۈش قەغىزىنى تاپتى، بۇنى بىرسى ئاختۇرغاندەك قىلاتتى. شۇ تاپتا تاھىسىنىڭ بېشى يېرىلغۇدەك ئاغرىپ كېتىۋاتاتتى، شۇڭا ئۇ بۇ ئىشقا ئانچە ئېرەن قىلمايلا، قەغەزنى مەلىهاغا ئۇزارتتى.

مەلىھا ساۋاتسىز بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئىسمىنىمۇ يازالمايتتى. ئەمما، بۇنداق تەكشۈرۈش قەغەزلىرىنى تولا كۆرۈپ كەتكەچكە، ئۇنىڭدىكى «مەنپىي»، «مۇسبەت» دېگەن خەتلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋالغانىدى. بۇ تەكشۈرۈش دوكلاتى بۇرۇنقى تەكشۈرۈش دوكلاتىغا ئوخشاش ئىدى. مەلىھا ئۇ قەغەزگە قارىغىنىچە تۇرۇپ قالدى، ئۇنىڭدىكى بارلىق شېرىن ئۈمىدلەر بىراقلا بەربات بولغانىدى.

ئەمما، مەلىھادا ئەزەلدىن «مەغلۇپ بولۇش» دېگەن ئۇقۇم يوق ئىدى. مۇنچىدىن تاھسىننىڭ غىڭشىپ ناخشا ئېيتىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئېرىدىكى بۇ خىل ئۆزگىرىشكە ئۇ ھاڭ ـ تاڭ قالدى. بۇ چاغدا قۇياش تاغ كەينىگە قىيسايغان، كائىناتقا گۈگۈم ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئالدىدا تۇراتتى. بېشىغا قارا ياغلىق چىگكەن مەلىھا دېرىزىگە تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن قورقۇنچلۇق غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇراتتى. ئۇ چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقىنىچە غۇدۇرىدى:

— ئىش دېگەن ئەمدى باشلاندى، ئۇنچە بالدۇر خۇشال بولۇپ كەتمە. بۇ ئائىلىگە كېلىن بولۇشنىڭ تەمىنى ساڭا ئوبدان تېتىتىپ قويىمەن تېخى. سېنىڭ ئېرىمنى قانداق ھىيلە ئىشلىتىپ قولغا كەلتۈرۈۋالغىنىڭنى كىم بىلىدۇ. بولمىسا ئۇ سەن بىلەن توي قىلىشقا ئۇنداق ئاسان قوشۇلاتتىمۇ؟ سېنىڭ قانچىلىك چىدايدىغانلىقىڭنى مەن بىر كۆرەي. ئاجرىشىمەن دەمسەن، تاھسىن؟ مەندىن ئاجرىشىپ، ئۆزۈڭچە يايراپ كېتىمەن دەپ ئويلامسەن؟ دۇنيادا ئۇنداق ئاسان ئىش يوق. مەن سېنى پۇشايمان قىلدۇرۇۋېتىمەن. ساڭا ئاجرىششىنىڭ تەمىنى ئوبدان تېتىتىپ قويىمەن تېخى!

تاھسىن مۇنچىدىن چىقىپ، كىيىملىرىنى كىيدى، ئاندىن سومكىسىنى يىغىشتۇردى. ئۇ مەلىھاغا ئانچە ـ مۇنچە ئەسكەرتىپ قويغىنىم تۈزۈك، دەپ ئويلاپ:

— جىددىي ئىشىم چىقىپ قالدى، ھازىرلا شەھەرگە

قايتىمەن. ئەگەر سەن ئەقىللىك بولساڭ، ئاپام بىلەن پۈت تېپىشمە. بۇ ئىشنىڭ ماڭمۇ قانچىلىك تەس كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ قوي. بىز يا بۇ يەردىكى ھەممە نەرسىنى تاشلاپ يىراق يەرگە كېتەلمىسەك، شۇڭا تەقدىرگە تەن بەرمەكتىن باشقا ئامال يوق. ئۆبدان ئويلان، ئاجرىشىشقا قوشۇلساڭ، ئەڭ ياخشى ئىش بولىدۇ. بولدى، مەن ماڭاي، — دېدى .

مەلىھا تاھىسىنىنىڭ ئارقىسىدىن قاراپلا قالدى، ئۇنىڭ بۇ ئىشلارغا پەقەتلا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. پىكاپ قورۇقتىن چىقىپ كەتتى، تاھىسىن كەتتى. مەلىھا ئۇستەلدىكى ئەينەك لوڭقىنى شاققىدە ئېلىپ، غەزەپ بىلەن ئىشىككە ئاتتى، ئەينەك لوڭقا جاراڭلاپ چېقىلىپ، كۇكۇم - تالقان بولۇپ كەتتى، ئىچىدىكى سۇمۇ چېچىلىپ، ئۆيگە بىر كەلدى.

# ئىككىنچى باب

يېرىم كېچە، تاھىسىننى ئەسنەك تۇتقىلى تۇردى، يەنە ئەللىك كىلومېتىر يول قالغانىدى، ئەمما تاھىسىننىڭ بەكمۇ ئۇيقۇسى كېلىپ كەتتى. بىرەر مۇۋاپىق يەرنى تېپىپ، كۆزىنى ئازراق يۇمۇۋالمىسا بولمايدىغاندەك تۇراتتى. ئالدىدىكى بەش كىلومېتىرلىق يەردە ئوبدان بىر مۇلازىمەت ئورنى بار ئىدى. تاھىسىن پىكاپىنىڭ سۈرئىتىنى ئاستىلاتتى. تەلىيىگە بۇگۈن يولدا ئاپتوموبىل كۆپ ئەمەس ئىدى. ئۇدۇلدىن كېلىۋاتقان ئاپتوموبىلنىڭ ئۆتكۈر چىراغ نۇرى ئۇنىڭ كۆزلىرىنى چېقىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ پىكاپىنىڭ ئەينىكىنى چۈشۈرۈپ، ساپ ھاۋادىن چوڭقۇر نەپەس ئالدى. تاغنىڭ ئارامبەخش ساپ ھاۋاسى ئۇنى سەل سەگىتكەن بولدى. تاشيول مۇلازىمەت رايونىنىڭ چىراغلىرى يىراقتىن كۆرۈندى. ئۇلارنى كۆرۈپ تاھىسىن سەل يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلدى. ئاپتوموبىل توختىتىش مەيدانى بوش بولغاچقا، پىكاپىنى توختىتىدىغان ئورۇن تاپماق ئاسان ئىدى. تاھىسىن پىكاپىنى مۇۋاپىق بىر يەرگە توختاتتى ـ دە، سومكىسىنى ئېلىپ مۇلازىمەت ئورنىغا باردى. ئون مىنۇت ئۆتمەيلا ياتاقتا كىرىپ كارىۋاتتا يېتىپ بولدى. ئۇ دەسلەپتە بۇگۈن بولغان ئىشلارنى ئەسلەپ باقماقچى بولغانىدى، ئەمما بەك ئۇيقۇ بېسىپ كەتكەچكە، ئۇزاقتا بارمايلا شېرىن ئۇيقۇغا كەتتى.

تاھىسىن ئويغانغاندا تاڭ يورۇپ قۇياش نەيزە بويى ئۆرلىگەنىدى. دېمەك، ئۇ ئوبدان ئارام ئېلىۋالدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاددىيلا غىزالاندى ـ دە، يولغا چىقتى. ئۇ پىكاپىنىڭ رادىيوسىنى ئاچتى. ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرى خۇش ئىدى،

بۇنىڭغا نېمە سەۋەب بولغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ئۇ ئۇزاق ئۆتمەيلا شەھەرگە كىرىپ، ئۇدۇل زاۋۇتقا باردى. زاۋۇت باشلىقى ئارتىن ئۇستام تاھسىننى كۆرۈپ ھەيرانلا قالدى:

— مەرھابا ئەپەندى، نېمانداق تېزلا قايتىپ كەلدىڭىز؟

— ئامال يوق، ئارتىن ئۇستام، ماڭا بىر ئىستاكان قەھۋە بېرىڭە، شېكەرنى ئاز سېلىڭ. سىز بىلەن پاراڭلىشىدىغان ئىش بار.

— بولىدۇ، ئەپەندى، ھازىرلىمۇ؟

— يېرىم سائەتتىن كېيىن بولسۇن، مەن بىرنەچچىسىگە تېلېفون قىلىۋالاي، ئۇنچە ئۇزاق ۋاقىت كەتمەيدۇ.

— بولىدۇ.

تاھسىن زاۋۇتتا بىر جايىنى ئايرىم بوغۇپ، ئىشخانا قىلىۋالغانىدى، ئادەتتە ئۇ شۇ يەردە ئىش بېجىرەتتى. بوغالتىر بۆلۈمىدىكى بەلگىن خانىم مالىيە ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ، تاھسىن يوق چاغلاردا كەلگەن تېلېفونلارنى شۇ ئالاتتى، زاكاز تالونلىرىنى قوبۇل قىلاتتى. بۇ خانىم ئوتتۇز بەش ياشلاردا بولۇپ، ئورۇق، سەل قارىمۇتۇق، ئەمما تاماكىنى تولا چېكەتتى. ئۇنىڭ ئېرى تولىمۇ ئەبگار ئادەم بولۇپ، ئەتىدىن - كەچكىچە ھاراق ئىچىپ مەستلا يۈرەتتى، ئەمما ئۇلارنىڭ ئوغلى بەك ئەقىللىق ئىدى، ھازىر ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈش ئالدىدا تۇراتتى. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى پۈتۈنلەي بەلگىن خانىم قامدايتتى. بەلگىن خانىم ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ 2 - يىللىقىدا ئېرى بىلەن تونۇشۇپ قالغان، ئۇ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ قارشى تۇرۇشىغىمۇ پەرۋا قىلماي، ئوقۇشىنى تاشلاپ، ئۇ ئەر بىلەن توي قىلغانىدى. ئۇ ئەر بىر يىلنىڭ ئون ئېيىنى ئىش تېپىش بىلەن ئۆتكۈزەتتى. ئۇنى خىزمەتكە قوبۇل قىلغان ئورۇنلارنىڭ بەزىلىرى ئۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلىمىگەچكە، خىزمەتتىن ھەيدىۋېتەتتى، بەزىلىرىدىن بولسا ئۇ ئۆزى مائاشى ئاز ئىكەن، دەپ چىقىپ كېتەتتى. بۇ ئىشلارنى تاھسىن ئارتىن ئۇستامدىن

ئاڭلىغانىدى، شۇڭا ھەر ھېيت ـ بايرام ياكى يېڭى يىلدا تاھسىن ھەر خىل باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن بەلگىن خانىمغا ئانچە ـ مۇنچە مۇكاپات تارقىتىپ، ئۇنىڭغا ياردەم قىلاتتى. تاھسىننىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن بەلگىن خانىممۇ ھەيران بولدى:

— مەرھابا، تاھسىن ئەپەندى، بىز تېخى سىزنى كېلەر ھەپتىدە كېلەرمىكىن دېگەنىدۇق.

— مەنمۇ ئەسلىي شۇنداق قىلماقچىدىم، ئەمما مەندە يېڭى ئوي ـ پىكىرلەر پەيدا بولۇپ قالغاچقا، دەرھاللا قايتىپ كەلدىم.

— بالدۇر قايتىپ كەلگىنىڭىز ئوبدان بوپتۇ. زاكازلار بىردىنلا جىقلاپ كەتتى، بىزنىڭ يېڭى مەھسۇلاتلىرىمىزنى كۆرگەن زاۋۇتلارنىڭ ھەممىسى سىز بىلەن سۆزلەشسەك دېگەنىدى. چايكا خۇرۇم كىيىم ـ كېچەك زاۋۇتىنىڭ غوجايىنى بەش قېتىم تېلېفون قىلىپ بولدى. ئۇ بىزنىڭ بۇ يىللىق مەھسۇلاتلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى سېتىۋالغۇدەك. شۇ تاپتا ئۇ سىزنىڭ تېلېفونىڭىزنى كۈتۈپ ئولتۇرىدۇ.

— بۇ بىر خۇش خەۋەر ئىكەن، ئەمما بىز يەنىلا ئوبدان ئويلىشىپ جاۋاب بېرەيلى. ئۆزىمىز ئىشلەپ چىققان خۇرۇملاردىن ئۆزىمىز كىيىم ـ كېچەك تىكىپ ساتساقمىكىن دەيدىغان ئويغا كېلىپ قالدىم. شۇنداق بولغاندا، ئۆزىمىز ئىشلەپ چىققان خۇرۇملارنى ئۆزىمىز ئىشلىتىمىز. ئەگەر ئىشلىرىمىز يۇرۇشۇپ كەتسە، بىز يەنە زاۋۇتنىڭ كۆلىمىنى كېڭەيتىمىسەك بولمايدۇ. مەن بىردەمدىن كېيىن ئارتىن ئۇستام بىلەن سۆزلىشىپ، ئۇنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ باقماقچىمەن. مەن ھازىر بىرنەچچىسىگە تېلېفون ئۇرۇۋالاي.

— ئەپەندى، سىزنىڭ قەھۋەيىڭىز...

— رەھمەت جەلال. ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇشقا قانداق تەييارلىق قىلىۋاتىسەن؟

— سىزنىڭ غەمخورلۇقىڭىزدا تەييارلىقىم يامان ئەمەس.

— بۇ يىل تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتكۈزىسەنغۇ ھە؟

— ئىنشائاللا، ئوبدان پۇتكۈزۈش نېسىپ بولار.
— ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى تەييارلىق سىنىپلىرىغا قاتناشقۇڭ بارمۇ؟
— ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا كېلەر يىلى قاتنىشايمىكىن دەيمەن، تولۇق ئوتتۇرىنى پۇتكۈزۈپلا ئىمتىھانغا قاتناشسام، قېينىلىپ قالارمەنمىكىن.
— سەن دېگەن ئەقىللىك تۇرساڭ، قېينىلىپ قالمايسەن. سەن بۇ يىللا قاتنىشىپ، تەلىيىڭنى سىناپ باقمامسەن. ھە، راست، داداڭ قانداقراق؟
— يەنىلا شۇنداق، ئەپەندى. مەن ئۆيدە يوق چاغلاردا ئۇنىڭغا قوشنىلار قاراپ قويىدۇ. مەن كەچتە قايتىپ بېرىپ، ئۇنىڭ ھالىدىن ئۆزۈم خەۋەر ئالىمەن. بىر ئامال قىلىپ ئۆتۈۋاتىمىز.
— بىرەر نەرسىگە ئېھتىياجلىق بولساڭ چوقۇم ماڭا دېگىن.
— رەھمەت سىزگە، ئەپەندى، سىز بىزگە بەك كۆپ ياردەم قىلدىڭىز. ئەمدى تەقدىرىدىن كۆرىمىز - دە.
— روھىڭنى چۈشۈرمە. ھازىر مېدىتسىنا تېز تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، كۆڭلەرنىڭ بىرىدە داداڭنىڭ كېسىلىنىڭ داۋاسى چىقىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.
— دېگىنىڭىزدەك بولسۇن ئىلاھىم، يەنە قانداق تاپشۇرۇقلىرىڭىز بار ئىكىن؟
— ھازىرچە يوق جەلال، قەھۋەيىڭگە تەشەككۇر.
جەلال قاۋۇل، قارىمۇتۇق يىگىت ئىدى، ئۇنىڭ ئائىلىسى خېلى يىللار بۇرۇن شەھەرگە كۆچۈپ كەلگەن. ئۇلار بىر ئائىلە كىشىلىرى كىچىككىنە بىر ئېغىز ئۆيدە قىستىلىشىپ ياشايتتى. جەلال ئىككى ياش ۋاقتىدا ئاپىسى باشقا بىر ئەر بىلەن قېچىپ كەتكەن، شۇنىڭدىن بۇيان دادىسى ئۇنىڭ خەۋىرىنى ئالالماي، ئەمدى يېزىدا يۈزۈمنى قانداق كۆتۈرۈپ يۈرىمەن، دەپ ئوغلىنى ئېلىپ بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەنىكەن. ئۇ ئادەم ئوغلىغا ھەم دادا، ھەم ئانا بولۇپ، زاۋۇتتا كېچە - كۈندۈز دېمەي

ئىشلەپ، جەلالنى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكىچە ئوقۇتقانىدى. بىر قېتىملىق ھادىسىدە ئۇنىڭ بېلى زەخىملىنىپ، پالەچ بولۇپ يېتىپ قالغانىدى. شۇنىڭدىن بۇيان جەلال ئوقۇشنى تاشلاپ ئىشقا كىرىپ ئائىلىسىنى بېقىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بىلگەندىن كېيىن تاھسىن ئۇنىڭ كەچلىك كۇرستا ئوقۇشىغا ياردەم قىلدى. جەلالمۇ ئۇنىڭ ياخشى كۆڭلىنى يەردە قويماي، ئىزچىل ياخشى ئوقۇدى، ئۇ بۇ يىل تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتكۈزەتتى.

تاھسىن يەر - مۈلۈك ۋاكالەتچىسىگە تېلېفون قىلىپ، ئۆزىنىڭ مۇشۇ ئەتراپتىن مۇۋاپىق بىر ئورۇننى ئىجارىگە ئېلىپ، تىكىش سېخى قۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئىجارىگە ئالىدىغان ئورۇن يېقىنراق بولسا باشقۇرۇشقا قولايلىق بولاتتى، ھازىرقى ئىشلارغا ئۇ بىر ئادەم يېتىشىۋاتقان بىلەن، كېيىن كىيىم تىكىش ئىشى يۈرۈشۈپ كەتسە، ئۇنىڭغا چوقۇم كەسىپ ئەھلىنى تېپىشقا توغرا كېلەتتى، شۇڭا ھازىرلا گېزىتكە خادىم قوبۇل قىلىش ئېلانى بېرىش كېرەك ئىدى. ئۇ مۇخبىر ئاغىنىسى ئەرسىنگە تېلېفون بېرىپ، ئېلان بېرىش ئىشىنى سۆزلەشتى ۋە ئەرسىنلەرنىڭ گېزىتىدە ئون بەش كۈن ئېلان بېرىدىغان بولۇپ پۈتۈشتى. كىيىم - كېچەك زاۋۇتى ئۈچۈن باشقۇرغۇچى، لايىھەلىگۈچى، رېمونتچى، كېسىمچى، دەزمالچى دېگەندەك نۇرغۇن خادىم لازىم ئىدى. تېرە - خۇرۇم ئىشلەشنى تاھسىن پىششىق بىلەتتى، ئەمما كىيىم - كېچەك تىكىش ئۇنىڭ ئۈچۈن يات كەسىپ ئىدى، شۇڭا ئۇ ئالدى بىلەن بۇ كەسىپتىن خەۋىرى بار باشقۇرغۇچى تېپىش نىيىتىگە كەلدى. شۇ ئادەم ماشىنا - ئۈسكۈنىلەرنى سېتىۋېلىش، ئىشچى قوبۇل قىلىش قاتارلىق ئىشلارغا مەسئۇل بولسا بولاتتى. «ئىشنىڭ ئېپىنى بىلىدىغان ئادەم تېپىلسا، ئىشىم يېرىم پۈتتى دېگەن گەپ» دەپ ئويلىدى تاھسىن.

ئارتىن ئۇستام كىچىكىدىن مۇشۇ ئىش بىلەن شۇغۇللانغان

بولۇپ، ئىشچان، سەمىمىي، تەجرىبىلىك، پىرىنسىپچى ئادەم ئىدى، ئىشنى پۇختا قىلاتتى، تەۋەككۇلچىلىكنى ياقتۇرمايتتى. شۇڭا ئۇ تاھسىننىڭ يېڭى پىلانىنى ئاڭلاپ، دېگەندەك قىزىقمىدى:

— ئوبدان ئويلاپتىكەنسىز، ئەپەندى، ئەمما بىز كىيىم - كېچەك تىكىشنى ئازراقمۇ بىلمىسەك.

— مەن ھەممىنى ئۆزىمىز قىلىمىز دېگىنىم يوق. بىز بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان ئادەم تاپىمىز. مەن گېزىتتە خىزمەتچى تەكلىپ قىلىش ئېلانى بەرمەكچى بولۇۋاتىمەن. شۇ چاغدا بىز ئۇ ئادەمنى بىللە سىناپ كۆرىمىز. مېنىڭچە، ئۇ ئادەم خۇرۇم جەھەتتىكى ئىشلارنى پۇختا بىلىشى كېرەك.

— ھازىرقى زاۋۇتىمىزنىڭ ئورنى پەقەت كۆن - خۇرۇم ئىشلەشكىلا يېتىدىغان تۇرسا، يېڭى ئۈسكۈنىلەرنى نەگە قويىمىز؟

— مەن يەر - مۈلۈك ۋاكالەتچىسى سابىرى ئەپەندى بىلەن تېلېفوندا سۆزلەشتىم. ئۇ بىزگە يېقىن ئەتراپتىن مۇۋاپىق ئورۇن تېپىپ بەرمەكچى بولدى. بۇرۇن زاۋۇتنىڭ نۇرغۇن ئىشلىرىغا سىز مەسئۇل بولۇپ كەلدىڭىز، مەن يوق چاغدىمۇ بەك ئوبدان ئىشلەپسىز. ناۋادا كىيىم - كېچەك تىكىشنى بىلىدىغان ئادەم تاپساق، مەن پەقەت ماسلاشتۇرۇش ئىشلىرىغىلا مەسئۇل بولىمەن، بازار ئىشلىرىنى ھازىرچە مەن قىلىپ تۇراي، ھەممە ئىش ئۆز ئورنىغا چۈشكەندىن كېيىن بۇ ئىشقا مەخسۇس خادىم بېكىتەيلى.

— ئۇنداقتا نېمە دەيمەن ئەپەندى، ھەممە ئىشنى ئۆزىڭىز ئەتراپلىق ئويلاپ بوپسىزغۇ.

— ئەگەر بىز يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلالمىساق، تەرەققىي تاپالمايمىز. بىزنىڭ رىقابەتچىلىرىمىز تەرەققىي قىلىپ كېتىدىغان بولسا، بىز شاللىنىپ كېتىمىز. ھازىر زامان ئۆزگەردى، بىز ئىلگىرىلىمەي تۇرۇپ قالساق، كۈن ئالالماي قالىمىز.

— ئەپەندى، سىز دېگەن ئوقۇغان، بۇنداق نەرسىلەرنى سىز چوقۇم كۆپ بىلىسىز، ھازىر بىزنىڭ خورۇملىرىمىزنى سېتىۋالىمەن دەيدىغانلار ناھايىتى كۆپ. بىز خورۇمنى ھازىرچە ساتمايلى، كېيىن بىر گەپ بولار، ئەگەر ئۇلار سوراپ قالسا بىز ئوبدان تېرە تاپالمىدۇق، دەرمىز.

— توغرا دېدىڭىز ئارتىن ئۇستام، مەنمۇ شۇنى سىزگە دەي دەپ تۇرغان، بىز قولىمىزدىكى مالنى چىقىرىۋەتمەيلى. ئۇسكۇنىلەر قىشقا ئۇلگۇرۇپ يېتىپ كېلىدۇ. بىز ھازىر ئىشنى ئىشچى قوبۇل قىلىش ئىشىدىن باشلايلى.

— ئىشلىرىمىز ئارزۇيىڭىزدىكىدەك بولغاي ئىلاھىم. بۇ ئىشلارنى بېجىرىش ئۇچۇن نۇرغۇن دەسمايە ۋە ئەمگەك كېتىدۇ. بىز ئىشلەپ چىققان خورۇملارنىڭ سۈپىتى ياخشى، ھازىر بازاردا ئۇنداق خورۇم يوق. ئەگەر ئۇلار ئوبدان كېسىلىپ، خورۇم كىيىملەر بازار تېپىپ كەتسە، زاۋۇتىمىز ئىشلەپ چىققان خورۇم سىزنىڭ كىيىم تىكىشىڭىزگە يەتمەي قالارمىكىن.

— دېگىنىڭىزدەك بولغاي ئارتىن ئۇستام. مېنىڭ دېمەكچى بولغانلىرىم مۇشۇلار. مەن ئەتىدىن باشلاپ گېزىتكە ئېلان بېرىمەن. ۋاقتى كەلگەندە ئىككىمىز تەكلىپ قىلىنىدىغانلارنى بىللە سىناپ كۆرىمىز.

— سىزنىڭچە قانداق قىلىش مۇۋاپىق بولسا شۇنداق قىلايلى.

— بولىدۇ، ئارتىن ئۇستام. تاماق پىشتىمىكىن قاراپ باقامسىز. ئەتىگەن ناشتىنى بەك بالدۇر قىپتىكەنمەن، قورسىقىم بەكلا ئېچىپ كەتتى.

— سائەت ئون ئىككى يېرىم بوپتۇ، تاماقمۇ پىشقاندۇ. ئىشچىلار تاماق يېگىلى كەتتى.

ھايال ئۆتمەيلا ئۇلارغا تاماقنى ئەكىردى. تاماقتا گۆش كۆمىلچى شورپىسى، بۇغدايدىن دۇملەنگەن ئاش ۋە قېتىق بار ئىدى. تاھسىن تاماقنى چاينىماي دېگۇدەك يەپ بىردەمدىلا يەپ بولدى. زاۋۇتنىڭ ئاشپىزى خىسراۋ سېمىز كەلگەن، تاماقتا

ئۇستا ئادەم ئىدى. ئۇ دائىم ئۆز ئىسمىنىڭ باش ھەرپىنى توغرا ئېيتالمىغاچقا، نۇرغۇنلىرى ئۇنىڭغا چاقچاق قىلاتتى.

«ۋاي ئۆلگۈر خۇنپەرلەر! سىلەر نېمىشقا مېنى دائىملا مەسخىرە قىلىسىلەر؟ باشقىلارنى مەسخىرە قىلىساڭلار بولمامدۇ؟» ئۇ دائىم شۇنداق تىللاپ، باشقىلارنى ئاشخانىدىن ساپلىقنى كۆتۈرگىنىچە قوغلاپ چىقىراتتى. ئەلۋەتتە، ھەممەيلەن ئۇنىڭغا ئامراق، بۇلارنىڭ ھەممىسى چاقچاق ئىدى. ئۇ ناخشىنى بەك ئوبدان ئېيتاتتى، ئاشخانىدىن دائىم ئۇنىڭ ئۆز يۇرتىنىڭ ناخشىلىرىنى غىڭشىپ ئېيتىپ يۈرگەنلىكىنى ئاڭلىغىلى بولاتتى. ئەمما، كۆپىنچە چاغلاردا، ئۇ ناخشا ئېيتىۋېتىپ، ئۆزىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن يۇرتىدىن چىقىپ مۇساپىر بولۇپ يۈرگەنلىكى ئېسىگە كېلىپ قالاتتى ـ دە، كۆڭلى بۇزۇلۇپ يىغلاپ كېتەتتى. قىسقىسى، بۇ زاۋۇتتا ئىشلەيدىغان ئوتتۇز بەش ئىشچىنىڭ ھەممىسى ئىناق دوستلاردىن ئىدى. گەرچە بەزىدە ئانچە ـ مۇنچە تالاش ـ تارتىشلار بولۇپ قالغان تەقدىردىمۇ، ئۇلار ھەرگىز سوقۇشۇپ قالمايتتى. ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ ئارىسىغا يامان غەرەزلىك ئادەم كىرىۋالدى دېسەكمۇ، ئۇلار ھەرگىز ئۇنداق ئادەمنى ئارىسىغا ئالمايتتى. زاۋۇتتىكىلەرنىڭ بۇنداق ئىناق، ئوبدان ئۆتۈشى ئاساسلىقى تاھسىننىڭ ئىشنى ئادىل قىلغانلىقىدىن دېيىشكە بولاتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇلارنى باشقۇرىدىغان ئارتىن ئۇستامۇ ناھايىتى مەسئۇلىيەتچان بولۇپ، تاھسىن يوق چاغلاردا ئۇ كۆپچىلىككە باش بولۇپ، ئىشنى ئوبدان يۇرۇشتۇرۇپ كېتەتتى. ھەممەيلەن ئۇنىڭدىن ئەيمىنەتتى.

تېلېفون جىرىڭلىدى، تېلېفوننى مەھمەت بەرگەنىدى. ئەسلى تاھسىن كەچتە بالدۇرراق قايتىپ، تازا قېنىپ ئۇخلىۋالماقچى بولغانىدى، قارىغاندا بۇمۇ يوققا چىقىدىغاندەك تۇراتتى. ئەرسىن تاھسىننىڭ قايتىپ كەلگەنلىك خەۋىرىنى باشقا دوستلىرىغا دېگەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كەچتە «گۈل سودا سارىيى»دا جەم بولۇشماقچى بولغانىدى. مانا ئەمدى مەھمەت تاھسىنغا كەچتە

سائەت نەچچىدە ئۇچرىشىمىز، دەپ تېلېفون قىلغانىدى. دەسلەپتە تاھسىن بۇ سورۇنغا بارماي دەپ ئويلىدى:

— ئاداش، مەن تېخى يېڭىلا كەلدىم. نەچچە كېچە ئۇبدان ئۇخلىيالمىدىم، بۈگۈن تازا بىر قېنىپ ئۇخلاي دېگەنىدىم، — دېدى تاھسىن.

— ئۆزۈڭچە مەن ئۆي - ئوچاقلىق ئادەممەن دەيدىكەنسەن - دە، سەن دېگەن تېخى ياش يىگىت، ھازىر ئوينىماي، قاچان ئوينىماقچىسەن؟ سەن ۋاقتىڭنى پۇتۇنلەي زاۋۇتتا، يېزىدا ئۆتكۈزىسەن، ئەگەر مېنىڭمۇ سېنىڭكىدەك باي دادام بولغان بولسا، ساڭا قانداق ياشاشنى ئۆگىتىپ قويغان بولاتتىم. سەن ھازىر خىزمەت مەستانىسىدەك تەجرىبىخانىدىن چىقمايدىغانلا بولۇۋالدىڭ. نېمە قىلىۋاتىسەن، ئەپەندى؟ يەنە قانداق يېڭى مەھسۇلات ئىشلەپ چىقتىڭ؟ سېنىڭ شۇنچە پۇلۇڭ بار، ئەمما نېمە كۇنلەرنى كۆرۈۋاتىسەن؟ شۇنىمۇ كۈن ئۆتكۈزۈش دېگىلى بولامدۇ؟

— بولدى، بولدى، بارساملا بولمىدىمۇ؟ نېمانداق تولا كوتۇلدايسەن؟ كەچتە يەنە كىم بارىدۇ؟

— جۇنەيت، سەراپ، ئەرسىن ھەدىسى بىلەن كېلىدۇ، يەنە ئەزىز، سەن ۋە مەن. سەن يەنە يالغۇزما؟

— ئاغىنە، بىز دېگەن ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولغان ئادەملەر، تۇرمۇشتا ئۇنداق شاللاقلىق قىلساق بولمايدۇ دەيمەن.

— سېنى قانداقمۇ شاللاقلىق قىلدى دېگىلى بولسۇن؟ سەن دېگەن بىر چوڭ بايۋەچچە تۇرساڭ؟ شۇ تاپتا يېزىدىكى قىزلار ساڭا ياتلىق بولىمىز دەپ ساقلاپ تۇرۇشقاندۇ، ئارىسىدىن كۆڭلۈڭگە ياققانىنى تاللىساڭلا بولدى. سەن شۇنچە كۆپ ئالتۇن كانىنى ساقلاپ، ئۇلارنى ئىشلىتىشنى بىلمەيسەن - دە، ۋاي ئىست!

— بىلدىم، بۈگۈن گېپىڭ نېمانداق جىقلاپ كەتتى؟ ئاغزىڭ يېپىلمايلا قالدىغۇ سېنىڭ، بىز سائەت نەچچىدە، قەيەردە ئۇچرىشىمىز؟

— سائەت يەتتە يېرىمدا، گۈل سودا سارىيىنىڭ ئالدىدا.
— بولىدۇ، كەچتە كۆرۈشەيلى.
تۆرۈپكىنى قويغاندىن كېيىن تاھىسىنىڭ خىيالىغا بىر دىنىلا ئايسۇن كېلىپ قالدى. ئۇ دادىسى بىلەن شەھەرگە كىرىپ باقىانمىدۇ؟ ئۇ شەھەر تۇرمۇشىغا كۆنەلەرمۇ؟ ھەجەر ئانا كېسەللىنى ئۇنىڭغا دېگەنمىدۇ؟ ئۇنى ماڭا ياتلىق قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقانمىدۇ؟ ئەمما، ئايسۇندا ئوقۇيمەن دېگەن نىيەت بولسا، توي قىلىشقا ئوڭايلىقچە ماقۇل دېمەيدۇ. بىچارە ئايسۇن، ئۇنىڭ شېرىن خىياللىرى مېنىڭ نەچچە يىل ئالدىدىكى خىياللىرىمدەك بەربات بولىدىغان بولدى - دە!
تاھىسىن ئازادلىق كوچىسىغا كەلگەندە، سائەت يەتتىدىن ئاشقانىدى. بۇ دەل ئىشتىن چۈشىدىغان چاغ بولغاچقا، كوچا ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغان، تاكسىم مەيدانىنىڭ چىقىش ئېغىزى توسۇلۇپ كەتكەنىدى، ھاۋا ئىسسىق بولغاچقا، ئاپتوبۇسنىڭ ئىچى بەكلا دىمىق ئىدى.
«ھېلىمۇ ياخشى پىكاپ ھەيدەپ كەلمەپتىكەنمەن» تاھىسىن ئۆزىچە خۇشال بولدى. ئۇ كارىكۆيدە يەر ئاستى ئۆتنۈشمە يولىغا كىردى. ئۇ ئىككى چەتتىكى ماگىزىنلارنىڭ دېرىزىلىرىنى تاماشا قىلغاچ ماڭدى. گۈل سودا سارىيىنىڭ ئالدىدا بۇرۇنقىدەكلا ئادەم كۆپ ئىدى، ئىچىمۇ ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغانىدى. ئۇچەي كاۋاپ، بېلىق كاۋاپ، راك كاۋاپ ۋە قۇلۇلە كاۋاپلارنىڭ مەززىلىك پۇرىقى ۋە ئۇنىڭغا ئارىلىشىپ پىۋىنىڭ پۇرىقىمۇ ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. سودا سارايى ئالدىدىكى كەڭ مەيدانغا قويۇلغان ئۈستەللەردە كىشىلەر يەپ - ئىچىپ ئولتۇراتتى. ئەڭ ئىچىدىكى ئۈستەلدە ئولتۇرغان سەچىل تاھىسىنغا قولىنى پۇلاڭلاتتى، ئۇ ئەرسىنىڭ ھەدىسى ئىدى. جۇنەيت بىلەن سەراپىتىن باشقىلىرى كېلىپ بولغانىدى.
— ھاۋاسى ئوبدانراق يەرنى تېپىپ ئولتۇرماپسىلەرغۇ؟
بۇ سوئالغا ئەرسىن جاۋاب بەردى:

— مۇشۇ يەرنى تاپقانغا خۇشال بولۇۋاتىمەن! سەل كىچىككەن بولساق، تۇرىدىغان يەرمۇ چىقمايتتى.
— دېڭىز بوغۇزى ئەتراپىغا بېرىپ باقساق بولمامدۇ؟
بۇ گەپنى دەرھال سەچىل قوللىدى:
— بەلەن گەپ بولدى. بىز ئازراق نەرسە ئىچىپ، دېڭىز بوغۇزى رېستورانىغا كېتەيلى.
بۇ گەپ ھەممەيلەنگە خۇشياقتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزئارا چاقچاق پاراڭلارنى قىلىشقاچ، جۇنەيت بىلەن سەراپنى ساقلاشتى. سەچىل بىرنېمىلەرنى قىلىپ يۈرۈپ تاھسىننىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇۋالدى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇنىڭ تاھسىنغا كۆڭلى بارلىقىنى ھەممەيلەن بىلگەچكە، ئۇنىڭغا دائىم دېگۇدەك چاقچاق ئارىلاش ئەسكەرتىش بېرىپ تۇراتتى. ئەمما، ئۇنداق گەپلەرنى سەچىل قېتىغىمۇ ئالمايتتى. توي قىلىش ياكى بويتاقلىق ئۇنىڭ ئۈچۈن ھېچ گەپ ئەمەس ئىدى، ئۇ دېگەن ھېسسىياتچان قىز، ئۇ «ئۆلۈمدىن باشقىسى تاماشا» دېگەن سۆزگە بەكمۇ چوقۇناتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە تاھسىن باي بولغاچقا، ئۇ سەچىل ئۈچۈن تېپىلماس ئوۋ نىشانى ئىدى. سەچىل كىچىك چېغىدىلا ئاتا ـ ئانىسى ئاجرىشىپ كەتكەچكە، ئىنىسى ئىككىسىنى بوۋا ـ مومىسى بېقىپ چوڭ قىلغان، ئۇلارنىڭ بوۋىسى باي سودىگەر، مومىسى بولسا ئەسەبىي، مىجەزى ناھايىتى ئوسال قىمارۋاز خوتۇن ئىدى، بىر ھەپتىنىڭ بەش كۈنىدە قىمار ئوينىمىسا بولدى قىلمايتتى. ئاچا ـ ئىنى ئىككىسى كىچىكىدىن باياشات تۇرمۇشتا چوڭ بولغان، ئەمما ئائىلە تەربىيەسى ئىنتايىن قاتتىق ئىدى، شۇغىنىسى ئۇلاردا ئائىلە مېھرىبانلىقى كەمچىل ئىدى. سەچىل ئۆزى پۇل تاپالايدىغان بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تۇنجى قىلغان ئىشى سىرتتىن بىر يۈرۈش ئۆي ئىجارىگە ئېلىپ، ئىنىسى بىلەن شۇ ئۆيدە تۇردى. ئۇ سىرتتا تۇرغاندىن كېيىن كىچىكىدىن ئالغان تەربىيەنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتتى. سەچىل خۇددى ئۆچ ئالماقچى بولغاندەك، تۇرمۇشتا پۈتۈنلەي

مەسئۇلىيەتسىز بولۇپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ھەتتا ياۋاش، ئەدەپلىك ئىنىسى ئەرسىندىنمۇ پايدىلىناتتى. ئۇ تاھسىن بىلەن ئىككى يىل ئىلگىرى مەھمەتنىڭ تۇغۇلغان كۈنىدىكى سورۇندا تونۇشۇپ قالغان، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ھەر خىل ئامال ـ چارىلەر بىلەن ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى يېقىنلاشتۇرۇشقا تىرىشىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ ھەتتا ھەر خىل باھانە ـ سەۋەب تېپىپ، تاھسىن بىلەن بىر ئۆيدە يالغۇز قېلىپ، ئۆزىنىڭ قىزلىق نازاكىتىنى ئىشقا سېلىپمۇ باقتى، ئەمما قانداق قىلىپمۇ تاھسىننى ئۇندەككە كەلتۈرەلمىدى. سەچىل ئۇنداق ئاسانلا بولدى قىلىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى. ئۇ تاھسىننى ھامان بىر كۈنى قولغا كەلتۈرۈشنى نىيەت قىلغانىدى. تاھسىن ئۇنداق يېپىشقاق قىزلارغا ئۆچ بولغاچقا، ئۇنىڭ بۇنداق قىلىقلىرىغا ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆچ ئىدى. ئۇ ئەرسىننى دېمىسە، ئۇلار بىلەن بۇرۇنلا باردى ـ كەلدى قىلىشماس بولۇپ كەتكەن بولار ئىدى.

تاھسىن، ئەزىز، سەراپ ۋە ئەرسىنلەر ساۋاقداش، جۇنەيت سەراپىنىڭ يۇرۇۋاتقان يىگىتى، مەھمەت بولسا ئەرسىن بىلەن بالا چېغىدىن تارتىپ بىللە ئۆتكەن ئاغىنە ئىدى. سەچىلنىڭ پۈتۈن ئەس ـ يادى بىلەن تاھسىننى قولغا كەلتۈرۈش كويىدا بولۇۋاتقانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقىلارنىڭ مۇناسىۋىتى نورمال ئىدى.

تاھسىن بىلەن ئەزىز قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كېتىپ، ھەتتا سەراپلارنىڭ كەلگىنىنىمۇ تۇيماي قېلىشتى. جۇنەيت پىكاپ ھەيدەپ كېلىۋېتىپ، يولدا يېرىم سائەتتەك توسۇلۇپ قاپتۇ. ئۇلار سورۇنغا كېچىكىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئۆز گۇناھىنى تونۇپ، ئىچىملىكلەرنى ئالغاچ كەلگەنىدى. ھەممەيلەن بىردەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن، دېڭىز بوغۇزىغا بارماقچى بولۇپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. ئەزىز، تاھسىن، سەراپلار جۇنەيتنىڭ پىكاپىغا ئولتۇردى. مەھمەت بىلەن ئەرسىن

ھەدىسى سەچىلىنىڭ پىكاپىغا چىقتى. ئۇلار جەننەت رېستورانىنىڭ ئالدىدا كۆرۈشۈشكە كېلىشىپ يولغا چىقىشتى.

ئەزىزنىڭ پاراخوت كاپىتانى بولغان بوۋىسى باي ئادەم ئىدى. رۇسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى پارتلىغان مەزگىللەردە، ئۇ بىر كىچىك كېمە بىلەن ئۆيىدىكىلەرنى رۇسىيەدىن تۈركىيەگە ئەكېلىۋالغان ۋە تۈركىيەدە ئولتۇراقلىشىپ قالغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئادەم دېڭىز ياقىسىدىكى دۆلەتلەرگە بېرىپ، سودا قىلىپ خېلى جىق پۇل تاپقان. ئۇنىڭ قەۋەتلا چىرايلىق بىر داچىسى بار ئىدى، تاھسىن ئۇ داچىغا بىرنەچچە قېتىم بېرىپ، ئۇ بوۋاي بىلەن كۆرۈشكەن، خېلى ئۇزاق پاراڭلاشقانىدى. ئۇ بوۋاي گەرچە سەكسەن ياشتىن ئاشقان بولسىمۇ، شۇنداق ساغلام قېرى يىگىت ئىدى. ئۇ ئېيتقان ھېكايىلەرنى ئون قېتىم ئاڭلىسىمۇ، ئادەمنىڭ ئاڭلىغۇسى كېلىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ جەمەتىدىكى بەش ئەۋلاد ئادەمنىڭ ھەممىسى دېڭىز قاتنىشى بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئۇلار ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتىن ئاۋۋال بوۋاينىڭ مەسلىھەتىنى ئاڭلاپ كېتەتتى.

تاھسىن ئەزىزگە ئۆزىنىڭ يېڭى پىلانىنى سۆزلەپ بەردى ھەمدە ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئوبدان بىر باشقۇرغۇچى تاپماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى دېدى.

— مەن بوۋامدىن سوراپ باقاي، بوۋام چوقۇم تونۇشلىرىنى ساڭا كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا سەن يەنە بىر ئۇستا لايىھەلىگۈچى تېپىشىڭ كېرەك. بوۋامنىڭ قوشنىسىنىڭ بىر نەۋرىسى بار، ئۇ بالا ھازىر ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتىدۇ، سەن بېرىپ ئۇنىڭ لايىھەلىرىنى كۆرۈپ باققىن، بەك ياخشى. ئۇ چوقۇم ساڭا يېڭى لايىھەلەرنى، يېڭى مودېللارنى بېرىدۇ. ئەگەر بولىدۇ دېسەڭ، مەن سىلەرنى تونۇشتۇرۇپ قوياي، بىر پۇرسەت تېپىپ كۆرۈشۈپ باق، ئۇ تونۇشتۇرغان كىشى مۇۋاپىق بولسا شۇنى ئىشلەتسەڭمۇ بولىدۇ.

— توغرا دەيسەن، بىراق ئالدىدا مەن يەنىلا بىر ياخشىراق باشقۇرغۇچى تاپالمايمىكىن دەيمەن، ئۇسكۇنىلەرنى شۇلار كىرگۈزسە، بۇۋاقتىن سوراپ باق، شۇنىڭغا لايىق تونۇشى بارمىكىن؟

— ساڭا ئەتە كەچكىچە جاۋابىنى بېرىمەن.

— رەھمەت ساڭا ئاداش، ئوبدان باشقۇرغۇچىدىن بىرنى تېپىشۇالسام پىلانىمنىڭ يېرىمى پۈتكەن بولاتتى.

— شۇنداق، بۇلا ئەمەس، يەنە مۇۋاپىق جاي تېپىشىڭ كېرەك، تاپتىڭمۇ؟

— مەن بۈگۈن ئەتىگەن بۇ ئىش توغرىلىق سابىرى ئەپەندى بىلەن سۆزلەشتىم، بايا مەن بۇياققا مېڭىشىنىڭ ئالدىدا ئۇ ماڭا تېلېفون بېرىپ، ساتىدىغان بىر يەر بار ئىكەن، ئۇ يەر سىزگە لايىق كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ، دېدى. مەن ئەسلىدە يەرنى ئىجارە ئالاي دېگەنىدىم. ئەگەر باھاسى مۇۋاپىق بولسا، دادام بىلەن سۆزلىشىپ باقىمەن، بولۇپ قالسا يەر سېتىۋالارمەن. ئەتە ئەتىگەندە ئۇ يەرنى كۆرگىلى بارىمەن.

— ئىرادىلىك جۇمۇ سەن، ئىشىڭنىڭ ئوڭۇشلۇق بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. يەنە بىرەر نەرسىگە ئېھتىياجلىق بولساڭ، ماڭا تېلېفون قىل.

— ئەگەر ماڭا باشقۇرغۇچى تېپىپ بەرسەڭ، چوڭ ياردەم قىلغان بولاتتىڭ.

— لايىھەلىگۈچىنىڭ ئىشىنى ئۇنتۇپ قالما. تىككەن كىيىمىڭنىڭ سۈپىتى ھەرقانچە ياخشى بولسىمۇ، پاسونى خېرىدارغا يارىمىسا، سەن بۇ ساھەدە پۇت تىرەپ تۇرالمايسەن. شۇڭا سېنىڭ ياش، جانلىق، ئەقىللىق، ئىجادچانلىقى ئىگە بىر لايىھەلىگۈچىڭ بولۇشى كېرەك. مەن دەۋاتقان ھېلىقى بالا بۇ شەرتلەرگە تازا باب كېلىدۇ. ئۇ ھازىر خىزمەت قىلغۇم يوق دېگىنى بىلەن، بۇۋىسىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلىرىنى ئىسراپ قىلماي، كۆڭلىگە ياققۇدەك

خىزمەت بولسا قىلغۇسى بار ئىكەن. ئۇ ھازىرچە مەدىكار ئىشلەپ تۇرسۇن، ئەمەلىيەتتە بۇمۇ ساڭا يېتىپ ئاشىدۇ. ئىشنى سەن ئەمدى باشلىغان تۇرساڭ، ئەگەر ئۇ ئوقۇش پۈتكۈزۈپ باشقا خىزمەت تېپىۋالسا، قاتتىق پۇشايمان قىلىپ قالىسەن. ئۇ چاغدا سەن ماڭا ئەجەب بالدۇر دېمەپسەن دەپ يۈرمە.

— راستىنى ئېيتسام مەنمۇ ئۇ بالىغا قىزىقىپ قالدىم. سەن ئەزەلدىن بىرسىنى مۇنداق ماختاپ كەتمەيتتىڭ. سەن بىر ۋاقىتنى دە، بىز كۆرۈشەيلى.

— مانا، ماۋۇ گېپىڭ بولدى. مېنىڭ گېپىمنىڭ ئاساسى بار. كۆرۈشكەندىن كېيىن بىرنېمە دە. ئۇنىڭ لايىھەلىگەن نەرسىلىرىنى كۆرسەڭ، مېنىڭ قارىسىغا گەپ قىلمىغانلىقىمنى بىلىسەن.

— بولدى، بولدى، كەچكىچە خىزمەتنىڭ پارىڭىنى قىلىدىكەنسىلەر، بىز بۇ يەرگە ئوينىغىلى كەلدۇقمۇ، يىغىن ئاچقىلى؟ ئىككىڭلار قىزىپ، ئۆزۈڭلارنى بىلەلمەي قالدىڭلار. مۇلازىم سىلەرنى ساقلاپ قالدى. بىز يەيدىغانلىرىمىزنى بۇيرۇتۇپ بولدۇق، سىلەر ئىككىڭلار قالدىڭلار.

سەپىل يەنىلا ھېچبىر تەپ تارتماستىن ھەممەيلەننى، بولۇپمۇ تاھىرنى ئۆز چاڭگىلىدا كونترول قىلىۋېلىش كويىدا ئىدى. تاھىر بىلەن ئەزىزنىڭ يېنىدا ھېچكىم يوقتەك قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كېتىشى، دېمىسىمۇ سەل چېكىدىن ئېشىپ كەتكەنىدى. ئۇلار سەپىلنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، دەرھال مۇلازىمغا ئۆزلىرىنىڭ يەيدىغىنىنى بۇيرۇدى.

بۇ ئاخشام ھاۋا تولىمۇ راھەتلىك بولغانىدى، بىردەم - بىردەم چىقىپ تۇرغان سەلكىن شامال ئۆزى بىلەن بىللە دېڭىزنىڭ نەمخۇش ھاۋاسىنى ئېلىپ كېلىپ تەنگە ئارام بېرەتتى. سەپىل تاھىرنىڭ دىققىتىنى تارتىش ئۈچۈن قەستەن بېشىنى تاھىرنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ، غىڭشىپ ناخشا ئېيتقىلى تۇردى. بۇ ئىش تاھىر ئۈچۈن ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئېشىپ

كەتكەنلىك بولدى. ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىلمىگەنلەر يىراقتىن قاراپ، ئۇ ئىككىسىنى مۇھەببەتلىشىۋاتقانلار ئىكەن دەپ قالاتتى. ئەمەلىيەتتە سەچىلنىڭ مەقسىتىمۇ كىشىلەردە شۇنداق تۇيغۇ پەيدا قىلىش ئىدى. تاھسىن ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قانچە قاچۇرغانسىرى، ئۇ تاھسىنغا تېخىمۇ بەكرەك چاپلىشاتتى. تاھسىننىڭ پەقەتلا چىدىغۇچىلىكى قالمىغاندى، تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ چىقاي، دېگەننى باھانە قىلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ قايتىپ كېلىپ ئۇدۇل بېرىپ ئەرسىننىڭ يېنىدا ئولتۇردى. سەل ئەقىللىق ئادەملەر بۇنىڭ سىپايە ئاگاھلاندۇرۇش ئىكەنلىكىنى قاراپلا بىلىۋالاتتى. ئەمما، بۇ سەچىلنىڭ قىرىغىمۇ كەلمىدى. ئۇ ئەرسىننى يېنىغا چاقىرىپ:

— تاھسىن بىلەن ئەجەب قىزغىن پاراڭلىشىپ كەتتىڭلارغۇ، سەن نېمىشقا ئىككىمىزنىڭ ئارىسىغا قىسىلىۋالىسەن؟ سەن مېنىڭ ئورنۇمدا ئولتۇر، مەن سېنىڭ ئورنۇڭغا باراي، — دېدى.

سەچىل باشقىلارنىڭ كۆزىچە ئىنىسى ئەرسىن بىلەن ئورۇن ئالماشتۇرۇپ، يەنە تاھسىننىڭ يېنىغا بېرىۋالدى. ئۇ بىر قولىنى تاھسىننىڭ مۈرىسىگە قويدى، ئەمما يەنە بىر قولىدىكى رومكىنى چىڭ تۇتالماي، رومكىدىكى هاراقنى جۇنەيتكە چېچىۋەتتى. سەچىل سورۇن باشلىنىپلا هاراق ئىچىشكە باشلىغانىدى. ئەگەر ئۇ مۇشۇنداقلا ئىچىدىغان بولسا، ئاخىرىدا ئۇستەلنىڭ ئاستىدا يېتىپ قېلىشىدا گەپ يوق ئىدى. ئۇ يەنە بېشىنى تاھسىننىڭ مۈرىسىگە قويۇۋالدى ۋە خۇددى ئەتراپىدا باشقا ئادەم يوقتەك:

— تاھسىن، بۈگۈن كېچە مېنى ياتىقىڭىزغا ئېلىپ كېتىڭە، مەن سىزنى ھەرگىز پۇشايمان قىلدۇرمايمەن، — دېدى.

ھەدىسىنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلىغان ئەرسىن ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتكىلى تاسلا قالدى. ئۇ ئەمدى ھەدىسىنى سەل باشقۇرۇپ قويمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغانىدى:

— ھەدە، بولدى، گەپ قىلما، جۆيلۈگىلى تۇردۇڭغۇ، قولۇڭدىكى هاراقنى قويە، مەن سېنى ئۆيگە ئاپىرىپ قوياي،

بولمىسا يىتىپ قالىدىغان ئوخشايسەن.

ئەرسىننىڭ بۇ گېپى سەپىلىنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويدى:

— مېنى قاچانلاردىن بېرى باشقۇرىدىغان بولۇپ قالدىڭ؟ مېنى ھېچكىم باشقۇرالمايدۇ، بىلدىڭمۇ؟ ھاراقنى قانچىلىك ئىچكۈم كەلسە، شۇنچىلىك ئىچىمەن. ئۆيگە قاچان كەتكۈم كەلسە، شۇ چاغدا كېتىمەن. بۇ يەردە ئولتۇرغۇسى كەلمىگەنلەر كەتسۇن.

— ھەدە، ئۇنداق گەپلەرنى قىلما.

تاھسىن ئەسلىمۇ ناھايىتى ھېرىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە سەپىلىنىڭ بۇنداق سەتلىشىپ ئېسىلىۋالغىنىنى كۆرۈپ، پەقەتلا ئولتۇرغۇسى كەلمىدى. ئۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ:

— كەچۈرۈڭلار، مەن بۇگۈن قايتىپ كەلگەن، بەك ئۇيقۇم كېلىپ كەتتى. بالدۇرراق قايتىپ ئۇخلاي، سىلەر ئولتۇرىۋېرىڭلار، مەن كەتتىم، — دېدى.

سەراپىمۇ بۇنداق ئولتۇرۇشتىن زېرىكتى بولغاي، ئورنىدىن تۇردى:

— كەچ بولۇپ كەتتى، ئاپام ئەنسىرەپ قالىدۇ. جۇنەيت، بىزمۇ ماڭايلى.

ئەسلىدىكى كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇش مانا مۇشۇنداق كۆڭۈلسىز ئاياغلاشتى. ھېساباتنى قىلىۋەتكەندىن كېيىن ھەممىسى قايتماقچى بولۇشتى. بۇ چاغدا سەپىل ئورنىدا تۇرالماس بولۇپ قالغانىدى. ئەرسىن ئۇنى يۆلەپ پىكاپقا چىقاردى. پىكاپقا چىقىپلا سەپىل پەقەت بولالماي قالدى. ئەرسىن باشقىلاردىن بىر - بىرلەپ ئەپۇ سورىدى:

— ھەدەم ئۈچۈن سىلەردىن ئەپۇ سورايمەن. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ كۆڭلى ياخشى، بىراق ھاراقنى كۆپ ئىچىۋالسىلا، ئۆزىنىڭ نېمە دېگىنىنى بىلەلمەي قالىدۇ.

ھېچكىم ئىپادە بىلدۈرمىدى. ئۇلارنىڭ پەيزىنى سەچىل پۈتۈنلەي بۇزۇۋەتكەنىدى.

پىكاپتا كېتىۋېتىپ تاھسىن بۇنىڭدىن كېيىن سەچىل بار سورۇنغا ئامال بار بارمايمەن، دېگەن نىيەتكە كەلدى. بۇنداق بولۇشىنى بىلگەن بولسام، ئۆتكەندە سەچىل خىزمەتكارىمنى ئالداپ، ياتىقىمغا كىرىۋالغان چاغدىلا ئۇنى ھەيدىۋېتىپ، بۇ ئىشنى شۇ چاغدىلا ھەل قىلىۋەتمەمتىم، دېگەننى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. شۇ چاغدا تاھسىن ئۇنىڭ تەلىپىنى ناھايىتى سىپايىلىك بىلەن رەت قىلىپ، ئۇنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويغانىدى. قارىغاندا ھەم ئەرسىنگە يامان كۆرۈنمەيدىغان، ھەم بۇ ئاۋارىچىلىكتىن ئوڭايلا قۇتۇلىدىغان بىرەر چارە تېپىش كېرەكتەك قىلاتتى.

تاھسىن ئۆيىگە كەلگەندە يېرىم كېچە بولغانىدى.

«يەنە كەچ بولۇپ كېتىپتۇ. ئەتە يەنە ئەتىگەن تۇرىدىغان گەپ» دېدى تاھسىن ئۆز ـ ئۆزىگە. ئۇ ئەسلىي ئەتە ئەتىگەندە سابىرى ئەپەندى بىلەن بىللە ئۇ دېگەن يەرنى كۆرگىلى بارماقچى، ئاندىن زاۋۇتقا بېرىپ، يېڭى خۇرۇم مەھسۇلاتى توغرۇلۇق مۇزاكىرە قىلماقچىدى. سەچىل ھەقىقەتەن ئۇنى بىزار قىلىۋەتكەنىدى. ئۇ سەچىلگە بىرنەچچە قېتىم گەپ قىلغان بولسىمۇ، ئۇ گەپلەر سەچىلگە قىلچە تەسىر قىلمىغانىدى.

«بۇ قىزنىڭ يۈزى بەك قېلىن ئىكەن. مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ۋاستە تاللىمايدىكەن، ـــ تاھسىن شۇلارنى ئويلىدى، ـــ ئۇنى بىرەرى توسمىسا بولمىغۇدەك. ئۇنى كىممۇ توسالار؟ ئاتا ـ ئانىسى ھەرقايسىسى ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە، قىزى بىلەن كارى يوق. بوۋا ـ مومىسىمۇ باشقۇرالايدىغاندەك ئەمەس. كىم بىلىدۇ، ئۇنىڭ ھازىرقىدەك بولۇپ كېتىشى بۇرۇن بوۋىسى ئۇنى بەك قاتتىق باشقۇرۇپ كەتكەنلىكىنىڭ ئاقىۋىتىمۇ تېخى. مەسئۇلىيەتسىز ئاتا ـ ئانىلار ئۆتكۈزگەن گۇناھنىڭ جازاسىنى سەچىل ئارقىلىق بېرىۋاتامدۇ خۇدايىم.» تاھسىن ئىمكان بار

بۇنداق خىياللارنى قىلماسلىقتا تىرىشىپ، مۇنچىدا يۇيۇندى ـ دە، كارىۋاتقا چىقىپ ياتتى. ئەمدى ئۇ ئىختىيارسىز قورۇقىنى ئويلىدى: «ئەگەر مەن ئايسۇن بىلەن توي قىلىپ، كېيىن ئۇنى قورۇقتا يالغۇز قالدۇرۇپ قويسام تازا ياخشى بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەنمۇ قورۇقتا ئۇزاق تۇرالمايمەن. ناۋادا خۇرۇم كىيىم فابرىكىسىنىڭ ئىشى يۈرۈشۈپ كەتسە، بىر يىلنىڭ كۆپ ۋاقتىنى شەھەردە ئۆتكۈزىدىغان گەپ. ئايسۇن زادى قانداقراق قىزدۇ؟ ئاشۇ كۈنى يىلانغا ئۇچراپ قالغاندا، ئۇنىڭ قولىدىكى قەغەز، بوياقلار يەرگە چېچىلىپ كەتتى. قارىغاندا ئۇ شۇ يەرگە رەسىم سىزغىلى بارغان چېغى، بۇنداق ئىش سەھرادا كۆپ ئۇچرىمايدۇ. ئۇنىڭ دادىسى چوقۇم شەھەردە تۇرغان، جاھان كۆرگەن ئادەم. ئۇ قىزىنى بىلىملىك ۋە قائىدە ـ يوسۇنلۇق قىلىپ تەربىيەلەپ چىقماقچى بولغان، ئەمما ئۇ ئادەمنىڭ ئۆمرى بەك قىسقا بولۇپ قاپتۇ. ئون سەككىز ياشلىق بۇ سەھرا قىزى ئاجايىپلا ئىكەن. ئۇ رەسىم سىزىشنى بىلىدىكەن، يەنە ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ ئىمتىھانىغا قاتناشقۇسى بار ئىكەن، ــ بۇلارنى ئويلاپ تاھسىننىڭ ئىختىيارسىز كۈلگۈسى كەلدى، ــ مۇشۇنداق قىز بىلەن توي قىلىشقا قوشۇلۇش بىر خاتالىق بولۇپ قالماس ھە؟ ئاپامغۇ تازا باب كېلىدۇ، دەيدۇ. ئەمما، ئۇمۇ ئۇ قىزنى قانچىلىك بىلەتتى؟» بۇلارنى ئويلاپ تاھسىننىڭ كاللىسى ئېلىشىپلا كەتتى. «ۋاقىت ھەممىنى ھەل قىلىدۇ» دېدى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە.

تېلېفوننىڭ جىرىڭلىشىدىن تاھسىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. تېلېفوننى سابىرى ئەپەندى بەرگەنىدى. ئۇ تاھسىننى ئۇلار كۆرۈشۈشكە كېلىشكەن يەردە ساقلىغىلى يېرىم سائەت بولغانىدى. تاھسىن تېلېفوننى ئېلىپ دەماللىققا نېمە دېيىشنى بىلەلمەي تۇرۇپلا قالدى. ئاخشام ئۇ خىيال ئىلكىدە سائەت قوڭغۇرىقىنى توغرىلاشنى ئۇنتۇپ قالغانىدى. ئۇ ئۇدا بىرنەچچە كۈن ياخشى ئۇخلىيالمىغاچقا، قاتتىق ئۇخلاپ كەتكەنىدى. بەش

مىنۇتتىن كېيىن تاھىسىن كىيىنىپ سىرتقا چىقتى. ھېلىمۇ ئۇنىڭ ئۆيى زاۋۇتتىن ئانچە يىراقتا ئەمەس ئىدى. ئۇ ئۇزاق ئۆتمەيلا سابىرى ئەپەندى بىلەن دېيىشكەن يەردە كۆرۈشتى. ئۇ سابىرى ئەپەندىدىن قايتا ـ قايتا كەچۈرۈم سورىدى، ئاندىن كېيىن ئۇلار ھېلىقى بوش تۇرۇۋاتقان بىنانى كۆرگىلى باردى. بۇ يەر تاھىسىننىڭ تەلىپىگە تولىمۇ باب كېلەتتى. بىنانىڭ غوجايىنى ئۆزىنىڭ ئىگىلىكىنى زورايتىش ئۈچۈن سىلىنۇرى ئەتراپىغا زاۋۇت سالدۇرغان، ئۇلارغا مەبلەغ كېرەك بولغاچقا، بۇ بىنانى ساتماقچى بولغانىدى. بىنا غوجايىنى تەرەپتە تۇرۇپ ئويلىغاندا، ئۇنىڭ بۇ بىنانى ئىجارىگە بەرمەي، ساتماقچى بولغانلىقىمۇ ئورۇنلۇق ئىدى. تاھىسىن بىنا سېتىۋالىدىغان پۇلنىڭ ئۈچتىن بىرىنى تەييار قىلالايتتى، قالغىنىنى بولسا، دادىسىدىن ئېلىشقا توغرا كېلەتتى. دادىسى ئەزەلدىن ئۇنى قوللاپ كەلگەن، ئۇ قانداق نەرسىگە ئېھتىياجلىق بولسۇن، دادىسى ئۇنىڭ تەلىپىنى قاندۇراتتى، ھەتتا سوراپمۇ قويمايتتى. ئەمما، تاھىسىنمۇ ھەر قېتىم دادىسىغا ھاجىتى چۈشكەندە، قىلماقچى بولغان ئىشىنى تەپسىلىي چۈشەندۈرەتتى، بەزىدە ھەتتا دادىسىنى زاۋۇتقا باشلاپ كېلىپ، ئەمەلىي ئەھۋالىنى كۆرسىتىپ، ئاندىن ئۇنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالاتتى. ئالدىنقى كۈنى ئۇ قورۇقتىن شەھەرگە قايتىدىغان چاغدا، دادىسى ئۇنىڭغا: «بالام، ساڭا قانچىلىك پۇل كېرەكلىكىنى بالدۇرراق ئېيتىپ قوي. بۇ يىلقى زىرائەتلەرنىڭ پۇلى قولغا سەل كېچىكىپ تېگىدىغاندەك قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ يەردىكى پۇل يەتمىسە، بەزى نەرسىلىرىمىزنى ساتساقمۇ بولىدۇ» دېگەنىدى. شۇڭا تاھىسىن دادىسىنىڭ يۆلىنى ئېغىرلاتقۇسى يوق ئىدى.

— سابىرى ئەپەندى، ماڭا بىرئاز ۋاقىت بەرسىڭىز، مەن ئويلاپ باقاي.

— تاھىسىن، مەن سىزگە ئويلىنىشقا بىر ھەپتە ۋاقىت بېرەي. بىنا غوجايىنى مېنى تېزرەك قولدىن چىقىرىپ بەرسەڭ

دېگەنىدى. مەن ھازىرچە باشقا ئۆي سېتىۋالغۇچىلار بىلەن ئالاقىلەشمەيمەن، بىز بىر ھەپتىدىن كېيىن سۆزلىشەيلى. ھېس قىلىشىمچە، سىزنىڭ پۇلدا بەك قىسىلىپ قالغۇڭىز بولمىسا كېرەك. سىز نېمىشقا بانكىدىن قەرز ئېلىشنى ئويلاپ باقمايسىز؟ مەن بىنا غوجايىنى بىلەن سۆزلىشىپ باقاي، بەلكىم ئۇنى پۇلنى قەرەلگە بۆلۈپ بېرىشكە كۆندۈرۈپ قالارمەن.

— رەھمەت سىزگە، سابىرى ئەپەندى، مەنمۇ سىزگە تېزرەك جاۋاب بېرىمەن. پۇلنى قەرەلگە بۆلۈپ بېرىدىغان ئىش بولسا بەك ئوبدان بولاتتى. سىزمۇ بىلىسىز، مەن ئەسلىي ئىجارە ئېلىشنى ئويلىغان، چۈنكى مېنىڭ يېڭى ئىشىمغا كۆپ مەبلەغ كېتىدۇ. ئەگەر بىنانى سېتىۋالسام يۇكۇم بەك ئېغىر بولۇپ كېتىدىغاندەك تۇرىدۇ.

— توغرا، ئەمما بۇ تۇراقلىق مەبلەغ - دە! كېيىن بۇنى قاچانلا سېتىۋەتسىڭىز پۇل بولىدۇ.

— بولىدۇ، سابىرى ئەپەندى، سىزگە كۆپ تەشەككۈر، مەن سىزگە تېزرەك جاۋاب بېرىمەن.

تاھسىن ئۇدۇل زاۋۇتقا كەلدى. ئۇ زاۋۇتقا كەلگەندە ۋاقىت خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى. ئەزىز تېلېفون قىلىپ ئۇنى ئىزدەپتۇ، شۇڭا تاھسىن ئەزىزگە تېلېفون قايتۇردى:

— ئەھۋالىڭ قانداق؟ سېنىڭ ھېلىقى ئامرىقىڭ سورۇننى ئىلەشتۇرۇۋەتتى، ئەمما سەنمۇ ئۇنىڭ جاجىسىنى ئوبدانلا بېرىپ قويدۇڭ.

— ۋاي خۇدايىم، ئۇ قانداقمۇ مېنىڭ ئامرىقىم بولسۇن؟ بۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بار سورۇنغا مېنى چاقىرما! ئۆزۈڭمۇ كۆردۈڭ، ئۇ ھەممىمىزنىڭ كەيپىنى ئۇچۇردى!

— بۇنى كۆڭلۈڭگە ئېلىپ كەتمە. ئەگەر سېنىڭ ئورنۇڭدا باشقا ئادەم بولغان بولسا، ئاللىبۇرۇن ئۇنىڭ پايدىسىنى ئالغان بولاتتى.

— نېمە پايدىسى؟ ئۇنداق ئادەملەرنىڭ پايدىسىنى ئېلىپ

قويساڭ، مەڭگۈ ئۈنىڭدىن قۇتۇلالمايسەن. ئەگەر سەن ئۇنىڭغا قىزىقىپ قالغان بولساڭ، بىز ساڭا ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرەيلى. قانداق؟

— بولدى قىلە، ياخشىسى ئۇنداق قىلما. ساڭا نېمىشقا تېلېفون قىلغىنىمنى بىلەمسەن؟

— سەۋەبىنى گېپىنى قىلىش ئۈچۈن ئەمەستۇ!

— توغرا تاپتىڭ، قۇلىقىڭنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلا، بوۋام ساڭا شۇنداق ئېسىل بىر باشقۇرغۇچىنى تېپىپ قويدى.

— راستمۇ؟ شۇنداق تېزمۇ؟ مەن سىلەرنىڭ ئۆيدىكىلەرگە ھەقىقەتەن قول قويدۇم، سىلەر راستلا شىپالىق دورىغا ئوخشايدىكەنسىلەر. پۇل مەسىلىسىنىمۇ ھەل قىلىۋېتەلەمسەن؟

— ۋاي، بۇ يەنە نېمە گەپ؟

— چاقچاق قىلىپ قويدۇم، مەن ساڭا يەرنىڭ ئىشىنى دېگەن، ئېسىڭدىمۇ؟ مەن بۈگۈن ئۇ يەرگە بېرىپ كۆرۈپ كەلدىم. ماڭا تازا باب كېلىدىغان بىنا ئىكەن. ئەمما، غوجايىن ئۇنى ئىجارىگە بەرمەي، ساتقۇسى بار ئىكەن. قولۇمدا پەقەت يېڭى ئىشقا ئىشلىتىدىغانلا مەبلەغ بار ئىدى. قولۇمدىكى پۇل شۇنىڭغىلا يېتىدۇ. بىنانى سېتىۋالىدىغانغا يەتمەيدۇ.

— سەن داداڭ بىلەن سۆزلىشىپ باقمىدىڭمۇ؟

— مەسىلە مانا مۇشۇ يەردە. نەچچە يىلدىن بۇيان ئۇ مەندىن سوراپمۇ قويماي، نېمىنى تەلەپ قىلسام شۇنى بېرىپ كەلدى. مەن ئەمدى بۇ ئىشنى ئۆزۈم بىر تەرەپ قىلايمىكىن دەپ ئويلاپ قالدىم. بۇنى ئۇنىڭغا دېسەم، پۈتۈن بىساتىنى سېتىپ بولسىمۇ ماڭا ياردەم قىلىدۇ. ئەمما، مېنىڭ ئۆزۈم ھەل قىلغۇم بار. بانكىدىنمۇ قەرز ئالغۇم يوق. ئىشلىرىم يۈرۈشۈپ كەتسىغۇ مەيلى، ناۋادا ئازراقلا كېلىشمەسلىك بولسا، بانكا ساڭا قاراپ ئولتۇرمايدۇ ـ دە، ئۆسۈمى دومىلاپ جىقلاۋېرىدۇ، ئاخىرىدا كۆتۈرەلمەي قالىسەن. ياخشىسى، مەن بۇرۇن ئويلىغاندەك مۇۋاپىق بىر يەرنى ئىجارىگە ئالاي، ئۇنداق تەۋەككۈلچىلىك

قىلماي، كۆپ پۇل خەجلىمەي.

— مېنىڭچە، ئىشىڭنى يەنىلا ئۆزۈڭنىڭ يېرىدە قىلساڭ غەمدىن خالاس بولىسەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىشلىرىڭ تازا يۈرۈشۈپ كەتكەندە، غوجايىن ئىجارە ھەققىنى بىراقلا ئۆستۈرۈۋالسا قانداق قىلىسەن؟ ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ كېلىشەلمىسەڭ، ساڭا ئۇ يەردىن كۆچۈپ كەتمەكتىن باشقا ئامال قالمايدۇ. بۇ ئىشلارنى ئوبدان ئويلىشىش كېرەك.

— دېگەنلىرىڭمۇ ئورۇنلۇق. ھەي، بىز باشقۇرغۇچى توغرۇلۇق سۆزلىشىۋاتقان ئەمەسمۇ، قانداق قىلىپ بۇ گەپ چىقىپ قالدى؟

— كىم بىلىدۇ، بۈگۈن كەچ سائەت ئالتىدە ۋاقتىڭ بولسا، ئۇ ئادەم سىلەرنىڭ زاۋۇتقا بارسۇن. سىلەر كۆرۈشۈپ سۆزلىشىپ بېقىڭلار. مەن ئۇنىڭغا مائاشنىڭ گېپىنى قىلمىدىم. ئۇنى ئۆزۈڭلار بىر نېمە دەڭلار. ئۇ ھەقىقەتەن ئوبدان ئادەم. ئەڭ ياخشىسى ئۇنى قولدىن چىقىرىپ قويما.

— رەھمەت ساڭا ئەزىز، بوۋاڭغا سالىمىمنى يەتكۈزۈپ قوي، مېنىڭ ئۇنىڭ ئۆيىدىكى پىرەنىكلەرنى يېگۈم بار.

— بولىدۇ، خەير - خوش. قانداق سۆزلەشكىنىڭلارنى ماڭا ئېيتىشنى ئۇنتۇپ قالما.

— چوقۇم يەتكۈزىمەن. ساڭا كۆپتىن - كۆپ تەشەككۈر. خەير - خوش.

قالغان تېلېفونلارنىڭ كۆپىنچىسى تاھسىنلارنىڭ مەھسۇلات ئۆلگىسىنى كۆرگەن كىيىم تىكىش سودىگەرلىرىدىن كەلگەنىدى. ئۇلار تاھسىنلارنىڭ خۇرۇملىرىنى كۆرۈپ، يارىتىپ، مال زاكاز قىلىشماقچى بولغانلار ئىدى. تاھسىن ئۇلارغا، بۇ يىل ئىشلەپ چىققان خۇرۇملار پەقەت ئۆزىمىزگىلا يېتىدۇ، بولسا كېلەر يىلىغا زاكاز قىلساڭلار بولىدۇ، دېدى. بەزى سودىگەرلەر مالنى ۋاقتىدا ئېلىش ئۈچۈن ھازىرلا زاكالەت پۇلى تاپشۇرماقچى بولۇشتى. ئەمما، بۇنى تاھسىن سىپايىلىق بىلەن رەت قىلدى.

دېمىسىمۇ، تاھسىن ماقۇل بولغان ئىشنى قىلماي قويمايتتى.

مۇھسىن ئەپەندى ئەللىك ياشلارغا كېلىپ قالغان بولۇپ، مول تەجرىبىلىك، قارىماققىلا كىشىنىڭ ئىشەنچىنى قوزغايدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ باشقۇرۇش ئىشلىرىنىڭ ئەھلى بولۇپ، ياش ۋاقتىدا سومىل بانكىسى قارىمىقىدىكى زاۋۇتتا سەككىز يىل مەمۇرىي باشقۇرۇش خىزمىتىنى قىلغان، ئۇنىڭدىن كېيىن خۇسۇسىي كارخانىلاردا ئىشلىگەن، كېيىن ئۆزى بىر شىركەت قۇرغان. ئويلىمىغان يەردىن ئۇنىڭ شېرىكى ئۇنى ئالداپ، ئۇنىڭ پۇللىرىنى ئېلىپ چەت ئەلگە قېچىپ كەتكەن. بىچارە مۇھسىن بارلىق ئۆي - بىساتىنى سېتىپ، قەرزلىرىنى تۆلىگەن. شىركىتى تاقىلىپ قالغاندىن كېيىن، ئۇ باشقىدىن ئىش ئىزدەشكە كىرىشكەن. تاھسىن ئۇنىڭ بىلەن بىردەمدىلا شەرتلەرنى سۆزلىشىپ تۈگەتتى. ئۇ تاھسىنغا ئوخشاش ئالدى بىلەن ئورۇن مەسىلىسىنى ھەل قىلىش كېرەكلىكىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئەتىسى سابىرى ئەپەندى كۆرسەتكەن ئورۇننى كۆرۈپ بېقىپ، ئاندىن ماشىنا - ئۈسكۈنىلەرنى سېتىۋېلىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىشماقچى بولدى. پاراڭلىشىش جەريانىدا مۇھسىن تاھسىنلار ئىشلەپ چىققان خۇرۇملارنى كۆرۈپ، ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ كەتتى:

— بۇ خۇرۇملارنى بازارغا سالىدىغان بولسا، بازارنى تەۋرىتىۋېتىدۇ. ئىشنى بالدۇرراق باشلىيمىز دەيدىكەنمىز، ئۈسكۈنىلەرنى چەت ئەلدىن كىرگۈزسەكمۇ بولىدۇ.

— بۇنى مەن ئويلاپ باقماپتىكەنمەن، — دېدى تاھسىن، — بۇ ياخشى گەپ بولدى. بۇنىڭدا بىز ئىككى ئاي بالدۇر ئىش باشلىيالايدىكەنمىز. ئەمما، ئالدى بىلەن ئورۇن مەسىلىسىنى ھەل قىلىش كېرەك. ئاندىن باشقا مەسىلىلەرنى ئويلىشايلى.

تاھسىن شۇنداق دەپ مۇھسىن بىلەن قول ئېلىشىپ خوشلىشىپ، ئەتە كۆرۈشىدىغان بولۇپ كېلىشتى.

تېلېۋىزور خەۋەرلىرىدە يەنىلا بېنزىن، تەبىئىي گاز قاتارلىق

ئەرسىلەرنى سۆزلەۋاتاتتى. تاھسىن تېلېۋىزورنىڭ ئاۋازىنى تۆۋەنلىتىۋېتىپ، ئۆز ـ ئۆزىگە: «كۆندىلا مۇشۇ گەپ، ئادەمنىڭ كۆڭلىگە ياققۇدەك گەپ يوق» دېدى. توڭلاتقۇدا يېگۈدەك نەرسە يوق ئىدى. ئۇ ئۆتكەندە يېزىغا ماڭغاندا، يېزىدا ھەپتە ـ ئون كۈن تۇرۇپ قالسام بۇزۇلۇپ قالمىسۇن دەپ، توڭلاتقۇدا ھېچ نەرسە قويمىغانىدى. ئۇ سىرتقا چىقىپ تاماق يەپ كىرەي دەپ تۇرۇشىغا، تېلېفون جىرىڭلاپ كەتتى. تېلېفون ئەزىزدىن كەلگەنىدى. بۇنىڭغا تاھسىن ھەيران قالدى. ئادەتتە بەك مۇھىم ئىش بولمىسا، ئەزىز ئۆيگە تېلېفون قىلمايتتى.

— تېلېفوننى ئۆيۈڭگىلا بەردىم، كۆڭلۈڭگە ئالمىغايسەن ئاداش. ساڭا دەيدىغان مۇھىم بىر ئىش چىقىپ قالدى. مۇھسىن ئەپەندى سىلەرنىڭ كېلىشىپ بولغانلىقىڭلارنى تېلېفوندا ماڭا دېدى. مەن بەك خۇش بولدۇم.

— شۇنداق، مەن ئەسلىي ئورۇن مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ بولغاندىن كېيىن ساڭا تېلېفون قىلاي دېگەنىدىم. مەن بۇۋاڭغا ئالاھىدە تەشەككۈر ئېيتىشىم كېرەك.

— مەن ئۇنىڭغا تاھسىن سىنى يوقلاپ كېلىدىكەن، دېدىم. ئۇ سىنى پىرەنىكلەر يېڭى ۋاقتىدا كەلسۇن، دەيدۇ.

— مەن ئىمكانقەدەر بالدۇر بارىمەن. ھە، نېمىشقا تېلېفون قىلغانىدىڭ؟

— غەم قىلما، بۇ خۇش خەۋەر. مېنىڭ بانكىدا ئازراق پۇلۇم بار ئىدى، ئۇنى ھازىرچە ئىشلەتمەيمەن، سەن ئۈچتىن بىر ئۇلۇش پۇلنى تاپساڭ، مەن ئۈچتىن بىر ئۇلۇش پۇلنى چىقارسام، داداڭدىن ئۈچتىن بىر ئۇلۇش پۇلنى ئالساڭ، ئۇ بىنانى سېتىۋالامسەن؟

ئەزىزنىڭ بۇ گېپى تاھسىننىڭ ئويلىمىغان يېرىدىن چىققانىدى، شۇڭا ئۇ دەماللىققا نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى.

— تاھسىن ئاڭلاۋاتامسەن؟ گېپىمنى ئاڭلاۋاتامسەن؟

— ئاڭلىدىم. بەكلا ئويلىمىغان گەپ بولدى. نىمە دېيىشىمنى بىلەلمەي قالدىم، ئاداش. مەن شۇ تاپتا ھاياجاندىن يىغلىۋېتەي دەپ قالدىم. ئەمەلىيەتتە، سىنىڭ مەن ئۈچۈن باش قاتۇرغىنىڭنىڭ ئۆزىلا يېتىپ ئاشاتتى.

ئەزىز تاھسىنغا ئارتۇقچە تەكەللۇپ سۆزلىرىنى قىلىپ يۈرمىدى.

— بۈگۈن ئاخشام ئوبدان ئويلاپ باق، ھېسابلاپ باق. ئەتە مۇھسىن ئەپەندى بىلەن بېرىپ بىنانى كۆرۈپ، ئۇنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ باق، ئاندىن ئىككىمىز سۆزلىشەيلى. دادام بىلەن ئاپام ئامېرىكىغا ماڭماقچى، ئۆگۈنلۈككە مەن لوندونغا ماڭىمەن، ئاندىن شۇ يەردىن ئامېرىكىغا بارىمەن. ياخشىسى، سەن مەن مېڭىشتىن بۇرۇن جاۋاب بەر، سۆرەۋەرمە.

— رەھمەت ساڭا ئاداش، ساڭا نىمە دېسەم بولار، ساڭا كۆپ تەشەككۇر.

— بولدى، شۇنداق بولسۇن، خەيرلىك كەچ.

— خەيرلىك كەچ، رەھمەت ساڭا.

تېلېفوننى قويغاندىن كېيىن تاھسىن خېلى ئۇزۇنغىچە ئۆزىگە كېلەلمەي ئولتۇرۇپ قالدى. دەسلەپتە ئۇ زاۋۇت قۇرماقچى بولغاندا، ئەزىز ئۇنىڭغا نۇرغۇن ياردەم قىلغان. ئۇ چاغدا زاۋۇت سالدىغان جاينى تېپىش ئۈچۈن ئۇلار ئاز يول ماڭدىمۇ؟ ئارتىن ئۇستامنىمۇ ئۇنىڭ بوۋىسى تېپىپ بەرگەن، ئۇلار ئوقۇۋاتقان چاغدا، ئەزىز ئۆگىنىشتە ئانچە تىرىشمايتتى، ھەر قېتىملىق ئىمتىھاننىڭ ئالدىدا ئۇلار بىللە دەرس تەكرارلايتتى، تاھسىننىڭ مەجبۇرلىشى ۋە ياردىمى بىلەن ئۇ ئىمتىھانلاردىن ئارانلا ئۆتەلەيتتى. ئۇنىڭ ئوقۇش پۈتكۈزۈش دىسسېرتاتسىيەسىنىمۇ ئاساسەن تاھسىن يېزىشىپ بەرگەنىدى. ئەگەر ئۇنىڭ ئۆزىگە قالغان بولسا، ئۇ ئوقۇش پۈتكۈزۈش دىسسېرتاتسىيەسىنى ھەرگىز يېزىپ چىقالماي، مەكتەپ پۈتكۈزەلمەي قالاتتى. ئۇنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇشى پۈتۈنلەي ھەربىي سەپكە قاتناشقاندا

ئوفىتسېر بولۇش ئۇچۇن ئىدى. ئۇ فىرانسۇز تىلى ئوتتۇرا مەكتىپىنى پۈتكۈزگەن، شۇڭلاشقا ئۇ ئىنگلىز تىلى، فىرانسۇز تىلىنى ناھايىتى راۋان سۆزلەيتتى. توقۇمچىلىق كەسپىنى ئۇنىڭغا تاغىسى تاللاپ بەرگەنىدى، بىراق ئۇ ئەسلىدە دېڭىز قاتنىشى كەسپىگە قىزىقاتتى. ئۇ كىچىكىدىن دېڭىزنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ بوۋىسى ۋە دادىسى بىلەن بىرنەچچە قېتىم دېڭىزدا قاتناپ باققانىدى. ھەر يىلى يازدا ئۇ ئۆزىنىڭ موتورلۇق قېيىقىنى ھەيدەپ دېڭىزغا چىقاتتى، بەزىدە تاھسىنىنىمۇ چاقىرىۋالاتتى. تاھسىن ئۇنىڭ بىلەن بىللە ھەربىي سەپكە قاتناشقان، ئەمما ھەربىي سەپتە تۇرغان ۋاقتى ئانچە ئۇزاق ئەمەس ئىدى.

تاھسىنىنىڭ ئاشقازىنى ئاغرىشقا باشلىدى، شۇ چاغدىلا ئۇ ئۆزىنىڭ چۈشتىن تارتىپ تا ھازىرغىچە ھېچ نەرسە يېمىگەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى. «ياخشىسى سىرتقا چىقىپ بىر نەرسە يەپ كىرەي، ئۆيگىمۇ ئازراق يەيدىغان نەرسىمۇ ئالغاچ كىرەي.» قارىغاندا ئۇ شەھەردە يەنە بىر مەزگىل تۇرۇپ قالىدىغاندەك قىلاتتى. شۇڭا ئۇ كەچتە دادامغا تېلېفون قىلىپ ئەھۋالنى بىرەر قۇر سۆزلەپ بېرەيمۇ ياكى ئەتە مۇھسىن ئەپەندىنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئاندىن بىرنېمە دەيمۇ، دەپ بىرئاز ئويلىنىپ قالدى. ئاخىر: «ۋاي بولدىلا، ئەتە بىر گەپ بولسۇن» دېدى ـ دە، سىرتقا قاراپ ماڭدى.

گەرچە تاھسىن تېلېفونىستقا مىنىڭ جىددىي ئىشىم بار ئىدى، دەپ ئېيتقان بولسىمۇ، تاكى ئىككى سائەتكىچە ئۇنىڭ تېلېفونى ئۇلانمىدى. ئۇ چەت ئەلگە چىقىپ باقمىغان، چەت ئەلگە چىققانلاردىن ئاڭلىشىچە، چەت ئەلدىكى ئۇزۇن يوللۇق تېلېفونلار ھەتتا خەلقئارالىق تېلېفونلارمۇ خۇددى ئۆز يېرىدىكى تېلېفونغا ئوخشاش ناھايىتى قولايلىق ھەم راۋان ئىكەن. ھەي، بىزنىڭ قاچانمۇ ئۇلارنىڭكىدەك بولار ـ ھە! بۈگۈن ئەتىگەن ئۇ مۇھسىن ئەپەندى بىلەن كېلىشكەن يەردە ئۇچراشتى، ئاندىن

ئىككىسى بىللە بىرىپ، ئۇ بىنانى كۆردى. مۇھسىن ئەپەندى ئۇ بىنانى كۆرۈپلا ياقتۇرۇپ قالدى. قارىغاندا، بۇ ئىشنى يەنە كېيىنگە سۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن تاھسىن دادىسى بىلەن سۆزلىشىپ، دادىسىدىن ياردەم سوراش قارارىغا كەلدى.

تېلېفون جىرىڭلىدى. تاھسىن ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، تۇرۇپكىنى ئالدى. تېلېفوننى تېلېفونىست بەرگەنىدى. تېلېفون ئاخىر ئۇلاندى. ئەمما، سىم يوللىرى ئالدىراش بولغاچقا، سىگنال دېگەندەك ياخشى ئەمەس ئىدى. دادىسى ئۇنىڭ بارلىق ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، قەۋەتلا خۇشال بولۇپ كەتتى ۋە پۇلنى پات ئارىدا ئۇنىڭغا ئەۋەتىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەمەلىيەتتە تاھسىنغا لازىملىق پۇل پەقەت ئۇ پۇللا ئەمەس ئىدى. ئەمما، تاھسىن دادىسىغا قالغان پۇلنى ئەزىزدىن قەرز ئالىدىغانلىقىنى ئېيتمىدى. ئەگەر بۇ ئىشنى دادىسى بىلسە، چوقۇم كۆڭلى يېرىم بولىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇنداق گەپ كەنتكە تارقاپ كەتسە، نۇرغۇن ئۆسەك سۆزلەرگە سەۋەبچى بولۇپ قالاتتى. «قورۇقنىڭ غوجايىنى ھايات تۇرۇپ ئوغلى باشقىلاردىن قەرز ئېلىپ يۈرۈپتۇ!» دېگەندەك گەپلەرنىڭ چىقىشى ئېنىقلا ئىدى. «ھەممىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولدۇم، دادامغا ھەممىنى دەپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق» دەپ ئويلىدى تاھسىن. ئۇ توي ئىشلىرىنىڭ قانداق بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ئاپىسى بىلەنمۇ بىردەم پاراڭلاشتى. ئاپىسىنىڭ ئاۋازىدىنلا ئىشلارنىڭ تازا دېگەندەك راۋان بولمايۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدى. ئۇ ئاپىسىغا راست گەپنى دېيىشنى ئېيتتى.

— كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما ئوغلۇم، — دېدى ئاپىسى، — ئەگەر ئۇ قىز قوشۇلمىسا، بىز باشقا قىز تاپىمىز. كەنتىمىزدە قىز كەممىدى؟

— نېمە بولدى، ئاپا؟ سەن ھەجەر ئانا بىلەن سۆزلىشىپ

قويمىغانمىدىڭ؟

— گەپ ھەجەردە ئەمەس. ئۇ قىز تويي قىلغۇم يوق، دەپ تۇرۇۋېلىۋاتىدۇ. ئۇ ئوقۇشنى توگىتەي دەيدىكەن. ئۇ قىز بەكلا تەرسا ئىكەن. ئۇ ھەجەرگە: «ئەگەر سىلەر مېنى يەنە مەجبۇرلىساڭلار، مەن سىلەرگە ئۆلۈپ بېرىمەن» دەپتۇدەك. ھازىر ھەجەرمۇ قانداق قىلىشنى بىلەلمەي قالدى. ئۇ ھە دەپ قىزىغا: «سەن تاھىسنىدىنمۇ ئوبدان ئادەمنى تاپالامسەن؟» دەپ نەسىھەت قىلىۋېتىپتۇ. ئەمما، گەپ ئۆتمىدىغاندەك ئەمەس. مەن ساڭا دېسەم بالام، سەن بۇ ئىشنى بەك كۆڭلۈڭگە ئېلىپ كەتمە. ماڭا ئىشەن. بىز ساڭا لايىق قىزنى تاپالماي قالاتتۇقمۇ؟

— بولدى ئاپا، سىلەر ئۇنى بەك مەجبۇرلىماڭلار. پىشماي ئۈزگەن قوغۇننىڭ تەمى بولماس. مەندىن ھەممىسىگە سالام ئېيتىپ قوي، خەير - خوش.

تاھىسن تېلېفوننى قويۇپ، كۆڭلى بىرقىسىملا بولۇپ، ئۆزىنى گويا باشقىدىن زۇلمەت ئىچىدە قالغاندەك ھېس قىلدى، چۈنكى ئۇ كۆڭلىدە ئاللىبۇرۇنلا ئايسۇننى ئەمرىگە ئېلىشنى ئويلاپ قويغاچقا، بۇ ئىش ئۇنىڭغا بەكلا ھار كەلدى. شېرىن ئارزۇلار يوققا چىقتى. «مەن بۇ يەردە ئۇخلىماي چۈش كۆرۈپ ئولتۇرۇپتىمەن، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — ئۇ قارىماققا ھاكاۋۇر قىز ئىكەن، كىچىك خوتۇن بولۇشنى ئۆزىگە راۋا كۆرمىگەن گەپ. ئەمەلىيەتتە، ئۇ قىزنىڭ گەپلىرىمۇ ئورۇنلۇق. ئۇ مەكتەپتە ئوقۇشنى بۇ تويىنى رەت قىلىشنىڭ سەۋەبى قىلغان بولسا، بۇنى ھەل قىلىش ئاسان. ئۇنىڭ بىلەن ئۆزۈم سۆزلىشىپ باقسام ياخشى بولامدۇ، نېمە؟»

«مەن يېزىدىكى ۋاقتىمدا ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكەن بولسام بوپتىكەن، — تاھىسن سەل ئېچىنغاندەك بولدى، — ئەمما ئۇنىڭ كۆڭلىدە باشقا بىرسى بولغان بولسىچۇ! ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا، مەن ئاستا توختاپ قالغىنىم تۈزۈك!»

«ئەمما، مېنىڭ كۆڭلۈم نېمىشقا بۇنچە يېرىم بولىدۇ؟ تويي

قىلمايمەن دېگەن ئادەم ئۆزۈم ئىدىمغۇ؟ ئەگەر ئۇ قىز بولمىغان بولسا، ئاپام قايتا توي قىلغىنى، دەپ تۇرۇۋالمىغان بولاتتى. بولدىلا، بۇلارنى كۆپ ئويلىماي، ئالدىدا بۇ يەردىكى ئىشلىرىمنى بىر تەرەپ قىلىۋالاي، ئاندىن ۋاقىت چىقىرىپ، ئۆيگە بىر بېرىپ كېلەي.»

تاھىسىن شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن كۆڭلى سەل ئارامىغا چۈشكەندەك بولدى. ھاۋانىڭ نەملىكى ئۆرلەپ كەتكەچكە، تاھىسىننىڭ ھەممە يېرى نەملىشىپ كەتكەندەك بولۇپ، دەرھال يۇيۇندى، ئاندىن كارىۋاتقا چىقىپ ياتتى. ئۇ ئەتە يەنە بالدۇر تۇرۇشى كېرەك.

# ئۈچىنچى باب

ئەزىز لوندون خىئاترووۋ ئايرودۇرۇمىدىكى قەھۋەخانىغا كىرىپ، بىر بوش ئورۇننى تېپىپ ئولتۇردى. ئۇ ئادىتى بويىچە كۆتۈش زالىغا بالدۇر كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەردە يېرىم سائەتتەك هايال بولۇپ قالدى. ئۇ يۆك ـ تاقلىرىنى هاۋالىلىك توشۇشقا ئۆتكۈزۈش ئورنىغا كەلگەندە، خىزمەتچىلەردىن ئايروپىلاننىڭ ئۇچۇش ۋاقتى ئىككى سائەت كېچىككەنلىكىنى، شۇڭا هازىرچە يۆك ـ تاقلارنى قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى ئاڭلىدى. ئۇ ئايرودۇرۇمغا ھەقىقەتەن بالدۇر كېلىپ قالغانىدى. شۇنداق بولغاندا ئۇنىڭغا يەنە ئايرودۇرۇمدا تۆت ـ بەش سائەت كۈتۈشكە توغرا كېلەتتى. ياخشىسى يەنىلا لوندوندىكى ئىشخانىغا تېلېفون قىلىپ، ئايروپىلاننىڭ كېچىككەنلىكىنى دادىسىغا ئېيتىپ قويغىنى تۈزۈك. ئۇ قەھۋەنى ئىچىپ بولۇپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، يېقىن ئەتراپتىكى بىر ئاممىۋى تېلېفونخانىغا كەلدى. ئۇ يېنىدا تەڭگە پۇلنىڭ بار ـ يوقلۇقىغا قارىدى، ۋاي يەتكۈدەك.

—— ۋەي، سىبەل خانىم.

سىبەل خانىم ئەزىزنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپلا تونۇۋالدى. ئۇ سىپرۇس تەلەپپۇزىدا جاۋاب بەردى:

—— تىنچلىقمۇ، ئەزىز ئەپەندى.

—— سىبەل خانىم، سىز ئامېرىكىغا تېلېفون قىلىپ، دادامغا ئېيتىپ قويغان بولسىڭىز، مەن ئولتۇرماقچى بولغان ئايروپىلان ئاز دېگەندە ئىككى سائەت كېچىكىدىكەن. ئۇ مېنىڭ ئالدىمغا چىقىشتىن بۇرۇن ئايرودۇرۇمغا تېلېفون قىلىپ، ئايروپىلاننىڭ

ئۇچۇش ۋاقتىنى بىلىۋالسۇن، بولمىسا ئايرودۇرۇمدا بىكار نەچچە سائەت ساقلاپ كېتىدۇ.

— بولىدۇ ئەپەندى. ھە، راست، سىز كەتكەندىن كېيىن دوستىڭىز تاھسىن ئەپەندىدىن تېلېفون كەلگەندى، قارىغاندا جىددىي ئىشى باردەك قىلىدۇ. مەن سىزنى كەتتى، دېسەم ئۇ: «ۋاي خۇدايىم، كېچىكىپ قاپتىمەن!» دېگەندەك قىلدى. قارىغاندا، ئۇنىڭ سىز بىلەن سۆزلەشمەكچى بولغان مۇھىم ئىشى بولسا كېرەك.

— بىلدىم، سىبەل خانىم، تەشەككۈر سىزگە. مەن ئۇنىڭغا تېلېفون بېرەي.

— خەير - خوش، ئەزىز ئەپەندى، سىزگە ئاقىۋەت بولسۇن.

«تاھسىن نېمىگە تېلېفون قىلغاندۇ؟ ئەگەر بەك مۇھىم ئىشى بولمىسا، ئۇ ھەرگىز لوندونغا تېلېفون بېرىپ يۈرمەيتتى. پۇلنىڭ ئىشىنى مەن يولغا چىقىشتىن بۇرۇن ھەل قىلىپ بولغانىدىم؟ — ئەزىز بىلەلمەي قالدى، — ياخشىسى ئۇنىڭغا تېلېفون قىلىپ باقاي.»

ئەزىزنىڭ يېنىدىكى پارچە پۇل تېلېفون قىلىشقا يەتمەي قالدى. ئۇ پۇل پارچىلاش ئۈچۈن بىر تال شاكىلات ئالماقچى بولۇپ، پىرىكازچىكقا پۇل بەردى. پىرىكازچىك قىز ئەزىزگە بىرمۇنچە پارچە پۇل قايتۇرۇپ بەردى. پارچە پۇلنى ئېلىپ، ئەزىز يەنە ئاممىۋى تېلېفوننىڭ يېنىغا كەلدى. تېلېفوننى بەش - ئالتە قېتىم بەرگەندىن كېيىن تېلېفون ئاخىر ئۇلاندى.

تاھسىن ئۆي غوجايىنى بىلەن بىر قىسىم پۇلنى قەرەلگە بۆلۈپ بېرىدىغانغا كېلىشكەنىدى. شۇنىڭ بىلەن تاھسىن ئالدىن بېرىدىغان پۇلنى تۆلەپلا، ئۆي خېتىنى قولىغا ئالدى، زاۋۇتنىڭ ئۆي مەسىلىسىنىڭ بۇنداق تېز ھەل بولىدىغانلىقىنى تاھسىن ھەرگىز ئويلىمىغانىدى. بۇ ئىشتىن مۇھسىن ئەپەندىمۇ خۇش بولدى. ئۇلار ئۇسكۇنىلەر تىزىملىكىنى بىرلىكتە مۇزاكىرە قىلدى. ئەمدىكى ئىش ئۇسكۇنىلەرنى تاپشۇرۇش ۋاقتىنى سۆزلىشىش ئىدى. مۇھسىن ئەپەندى ياخشىسى لوندونغا بېرىپ،

زاۋۇت تەرەپ بىلەن روبىرو سۆزلىشىش كېرەك، دېگەن تەكلىپنى بەردى. تاھىسىن پاسپورتىنى ئىككى يىل بۇرۇن ئەزىز بىلەن بىللە دېڭىزغا چىققاندا بېجىرگەنىدى. ئۇ چاغدا ئۇلار ناۋادا گىرېتسىيەنىڭ ئاراللىرىغا بېرىپ قالساق لازىم بولىدۇ، دەپ پاسپورت بېجىرگەنىدى. ۋىزا ئېلىش ئىشىنى تاھىسىن بېجىرىپ بولدى، ئەمدىكى قىيىنچىلىق ئىنگلىز تىلى مەسىلىسى ئىدى. مەيلى تاھىسىن ياكى مۇھسىن ئەپەندى بولسۇن، ئۇلارنىڭ ئىنگلىزچە سۆزلىشىش سەۋىيەسى زاۋۇت تەرەپ بىلەن سۆزلىشىش سەۋىيەسىگە يەتمەيتتى، شۇڭا ئۇلارغا بىر تەرجىمان كېرەك ئىدى. ئۇلار كەچتە لوندونغا ئۇچىدىغان ئايروپىلاننىڭ بېلىتىنى بېكىتىپ قويدى. شۇ چاغدىلا تاھىسىن دەرھال ئەزىزمۇ لوندوندا بولۇشى مۇمكىن دېگەننى ئېسىگە ئالدى. ئەگەر ئۇنىڭ بەك مۇھىم ئىشى بولمىسا ئامېرىكىغا بىر كۈن كېچىكىپ بارسا، بەك ياخشى بولغان بولاتتى، دېگەننى ئويلاپ، دەرھال تېلېفون قىلىپ، تېلېفونىستقا ئۆز ئەھۋالىنى ئېيتىپ، ئىش بەك جىددىي، بىر مىنۇتمۇ كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ، دېدى. تېلېفونىست تېلېفوننى تېزلا ئۇلاپ بەردى. ئۇ يەنىلا كېچىكىپ قالغانىدى. ئەزىز ئون مىنۇت ئىلگىرى ئايرودۇرۇمغا كەتكەنىدى. تاھىسىن زاۋۇتتىكى ئىشلىرىنى تۈگەتتى. ئارتىن ئۇستامغا ئۆزى يوق چاغدا قىلىدىغان ئىشلارنى تاپشۇردى. ئۇلار بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن پىكاپقا چىقىپ، ئۆيىگە بېرىپ، نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئالماقچى بولدى. شۇ چاغدا بەلگىن خانىم دېرىزە ئالدىدا گويا ئۇنىڭغا دەيدىغان گېپى باردەك ھە دەپ قولىنى پۇلاڭلاتتى. ئۇ ئايالنىڭ چۈشەنمەي قالغان ئىشى بارمىكىنە؟ ئىككى سائەت بولدى، ئۇ تېخىچە ئۆيىگە بارغۇدەك ۋاقىت چىقىرالمىغانىدى. تاھىسىن پىكاپتىن چۈشتى. بەلگىن خانىم دېرىزىنى ئېچىپ ۋارقىرىدى:

ــ تاھىسىن ئەپەندى، ئەزىز ئەپەندى لوندوندىن تېلېفون قىلىپ سىزنى ئىزدەۋاتىدۇ.

تاھسىن ئۆزىنىڭ بىنانىڭ ئۇستۇنكى قەۋىتىگە قاندان چىققانلىقىنى بىلەلمەي قالدى. ئۇ تېلېفون ئالدىغا كەلگەندە، بەكلا ھاسىراپ كەتكەنىدى:

— ۋەي، ئەزىز !

— ۋاي - ۋۇي، نېمە بولدى؟ نېماندان ھاسىراپ كەتتىڭ؟ ئاڭلىسام مېنى ئىزدەپ تېلېفون قىپسەن، بىرەر شۇم خەۋەر بارمىدى؟

— ياق، ئۇنداق ئەمەس، مەن ئەمدىلا پىكاپقا چىققانىدىم، ئۇلار مېنى تېلېفون كەلدى دەپ چاقىردى. بۈگۈن كەچتە مەن مۇھسىن ئەپەندى بىلەن لوندونغا بېرىپ، ئۇسكۇنىلەرنى سېتىۋېلىش ئىشىنى سۆزلەشمەكچى. ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن، بىز ئىنگلىزچىنى دېگەندەك سۆزلىيەلمەيمىز، ئەگەر ئىشىڭ جىددىي بولمىسا، سەن ئامېرىكىغا بىر كۈن كېچىكىپ بارساڭ بولارمۇ؟

ئەزىز بىردەم تۇرۇپ قالدى. بۇنى سەزگەن تاھسىن دەرھاللا:

— ئاداش، بۇ ھەرگىزمۇ سېنى چوقۇم شۇنداق قىل دېگىنىم ئەمەس، بىز باشقا تەرجىمان تاپساقمۇ بولىدۇ. ئەگەر سېنىڭ ئىشىڭ بولسا بولدى، بېشىڭنى قاتۇرما، — دېدى.

— ئۇنداق ئىش ئەمەس تاھسىن، مەن ئۇ يەرگە ساياھەتكە بارىمەن. ھازىرىنىڭ ئۆزىدە مەن ئايرودۇرۇمدا ئىككى سائەت ساقلىدىم، ئايروپىلاندىن ئازراق كاشىلا چىققان چېغى، ياساۋېتىپتۇ. ئايروپىلاننىڭ ئۇچۇش ۋاقتى ئاز دېگەندە ئىككى سائەت كېچىكىدىغان ئوخشايدۇ. مەن يۈك - تاقلىرىمنى ساقلاشقا بېرىپ قويۇپ، بېلەتىمنى ئەتىنىڭكىگە ئالماشتۇراي. مەن بۇ يەرگە كېلىپ تېخى نەۋرە ئىنىم بىلەن كۆرۈشمىگەنىدىم. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈۋالغۇدەكمەن. ئۇ ئايرودۇرۇم ئەتراپىدا بىر رېستوران ئاچقانىدى. كەچتە مەن ئالدىڭلارغا چىقىمەن، ئاندىن بىللە شەھەرگە كېتىمىز. ھەممىمىز مېنىڭ ياتقىمدا ياتساق بولىدۇ. ئەتە زاۋۇت بىلەن سۆزلىشىشكە بىللە بارىمىز.

— ئەگەر ساڭا دەخلىسى بولمىسا، شۇنداق قىلساق بەك ياخشى بولغۇدەك. مەن بىرەر كۇرسقا كىرىپ ئۆگىنەمدىم ياكى باشقا يول بىلەن بولسىمۇ بۇ تىل مەسىلىسىنى تېزرەك ھەل قىلمىسام بولمىغۇدەك. ئەگەر كېيىن بىز چەت ئەللىكلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ قالساق، ئەلۋەتتە ئەسقاتىدۇ.

— شۇنداق، ئۇنىۋېرسىتېتتىكى ۋاقىتتا مەن ساڭا مەكتەپتىكى كۇرسقا قاتناشقىن دېگەنتىمغۇ.

— ئۇنى بىر دېمە ئاداش، ئۇ چاغلاردا كاللامدا بۇنداق ئۇقۇم يوق ئىكەندۇق.

— سەن ئايرودورومدىن چىقىدىغان ئېغىزدا مېنى ساقلاپ تۇر، باشقا يەرگە كەتمە، يولدا ئاپتوموبىل كۆپ بولۇپ قالسا، مەن سەل ھايال بولۇپ قېلىشىم مۇمكىن.

— تەشەككۇر ساڭا ئەزىز، ياخشىلىقلىرىڭغا جاۋاب قايتۇرىدىغان كۈنلەرمۇ كېلەر، بولىدۇ، خەير ـ خوش.

— سەن ماڭا قايتۇرۇپ بولغان تۇرساڭ.

ئەزىز شۇنداق دەپ بولۇپ تېلېفوننى قويدى. «بايا ئاغزىمدىن چىقىپ كەتكەن ئاخىرقى بىر جۈملە سۆزنى خاتا دەپ سالمىغاندىمەن؟ مەن بۇ يەردە ئولتۇرۇپ ساقلاۋېرىپ، جۆيلۈيدىغان بولۇپ قالغان ئوخشايمەن» دەپ ئويلىدى ئۇ. ئۇ تېلېفون قىلىشقا ھەممە پارچە پۇلىنى خەجلەپ تۈگەتكەنىدى. ئۇ چامادانىنى ساقلاشقا بەرمەكچى بولۇپ، ئۇدۇل يۈك ـ تاق ساقلاش ئورنىغا باردى. «كەچتە ياتاققا بارغاندىن كېيىن دادامغا تېلېفون قىلاي، ئاپام بىلەنمۇ بىرئاز پاراڭلىشاي.» ئۇ شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئاۋىياتسىيە شىركىتىنىڭ مۇلازىمەت ئورنىغا باردى ۋە بېلىتىنى ئەتە كەچتە ماڭىدىغانغا ئۆزگەرتتى. خىزمەتچى خادىم ئۇنىڭدىن قايتا ـ قايتا كەچۈرۈم سوراپ، ئايروپىلاننىڭ كاشىلىسى ئوڭشالاندى، يۈك ـ تاقلىرىڭىزنى توشۇشقا ھاۋالە قىلىسىڭىز بولىدۇ، ھازىر يولغا چىقىسىڭىزمۇ بولىدۇ، دەپ سۆزلەپ كەتتى. ئەزىز ئۇنىڭغا شەخسىي ئىشى چىقىپ

قالغانلىقتىن بىلەتنىڭ ۋاقتىنى ئۆزگەرتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇنى ئاران قايىل قىلدى. بۇ ئىشلارنى بېجىرىپ بولغاندىن كېيىن ئەزىز نەۋرە ئىنىسىغا تېلېفون قىلدى. ئۇ دەل رېستوراندا ئىكەن.

— تېزرەك كەلگىن، پاراڭلىشايلى، هازىر رېستوراندا ئادەم ئاز، — دېدى نەۋرە ئىنىسى. ئەزىز ئىستانبۇلدىن كېلىدىغان ئايروپىلاننىڭ قونۇش ۋاقتىنى سوراپ بىلىۋالغاندىن كېيىن تاكسى توسۇپ، نەۋرە ئىنىسىنىڭ رېستورانىغا كەتتى.

ئەزىز ئايرودۇرۇمدا تاهىسىن بىلەن مۇهسىن ئەپەندىنى كۈتۈۋالغاندىن كېيىن، ئۈچىلىسى تاكسىغا ئولتۇرۇپ شەهەرگە كېتىشتى. يولدا تاهىسىن ئەزىزگە ئۆي مەسىلىسىنىڭ قانداق هەل بولغانلىقىنى، ئۇسكۈنىلەرنى قانداق تاللىغانلىقىنى، بۇ ئىشلارنىڭ بۇنداق تېز هەل بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئۆزىنىڭمۇ ئويلاپ باقمىغانلىقىنى ناهايىتى هاياجان بىلەن سۆزلەپ بەردى. ئۇلار يول بويى پاراڭلىشىپ ماڭدى. تاهىسىن ئەسلىدە مېهمانخانىدىن ئىككى ياتاقنى ئالدىن زاكاز قىلىپ قويغانىدى، ئەمما ئەزىزنىڭ چىڭ تۇرۇۋېلىشى بىلەن بىر ياتاقنى قايتۇرۇۋەتتى. مۇهسىن ئەپەندى مېهمانخانىدا قالدى. ئەزىز بىلەن تاهىسىن بىردەمدىن كېيىن كېلىپ ئۇنى ئېلىپ تاماققا بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئىككىسى ئەزىزنىڭ ياتىقىغا كەتتى. ئەزىزنىڭ ياتىقى ناهايىتى ئېسىل بولۇپ، خېيدى باغچىسىغا ئۇدۇل ئىدى. ئۇلار تاهىسىننىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنى قويۇپ قويۇپ، سىرتقا چىقىشتى:

— بىر ئوبدان يەر بار، مەن سىلەرنى شۇ يەرگە ئاپىراي.

— پۇلنى مەن تۆلىسەم بارايلى، بولمىسا سەن مېنى ساندۇۋاچ يېيىشكە تەكلىپ قىلساڭمۇ يېمەيمەن.

— بولىدۇ، سېنىڭ دېگىنىڭدەك بولسۇن.

ئۇلار مۇهسىن ئەپەندىنى ئېلىپ، ئەزىز دېگەن رېستورانغا باردى. بۇ ناهايىتى ئېسىل بېزەلگەن، چەت ئەللىكلەرنىڭ

رېستورانى ئىدى. دەم ئېلىش كۈنى بولمىغاچقا، ئادەم ئانچە كۆپ ئەمەس، مۇلازىم مىللىي پاسوندىكى كۆڭلەك كىيگەن چەت ئەللىك قىز ئىدى. ئەزىز غىزالارنى بۇيرۇتتى. تاماق ھايال ئۆتمەيلا ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى. تاماقنىڭ خۇرۇچلىرى تولۇق، ئاچچىقراق، ئەمما ناھايىتى تەملىك ئىدى. بۇ چاغدا تاھىسىن چاقچاق قىلدى:

— بىز باشقا ئىش قىلماي، لوندونغا كېلىپ ئاشخانا ئاچايلى، ئەزىز، قانداق دەيسەن؟

— بولدى قىلە، داداڭنى بىئارام قىلماي. ئۇ بىردىنبىر ئوغلىنىڭ يات ئەللەردە مۇساپىر بولۇپ يۈرگىنىدىن ئازابلىنىپ ئۆتسۇنمۇ؟ بايا مەن سىلەرنى ساقلاۋېتىپ بىر ئىشنى ئويلاپ قالدىم. بىزنىڭ نىشانتاشتا بىر چوڭ ماگىزىنىمىز بارلىقىنى سەنمۇ بىلىسەن، نەچچە يىلدىن بۇيان ئۇنى بىر ئائىلە سايمانلىرى سودىگىرىگە ئىجارىگە بەرگەن. ئۇ كېلەر ھەپتىدە كۆچۈپ كېتىدىكەن. دادام ئۇ يەردە بىر كىيىم - كېچەك سارىيى ئېچىپ، ئاپام بىلەن توي قىلغانلىقىنىڭ يىگىرمە بەش يىللىق خاتىرىسى سۈپىتىدە ئاپامغا سوۋغا قىلىپ بەرمەكچى بولۇۋاتىدۇ. مەن سېنى ئۇ يەرگە ئاپارغان. ئېسىڭدە بارمىكىن، ئۇ باش ۋالىي كوچىسىدا، ئىككى قەۋەتلىك بىنا، تەخمىنەن سەككىز يۈز كىۋادرات مېتىر كېلىدۇ.

— قانداقمۇ ئۇنتۇپ قالغۇدەكمەن؟ بىز ئۇ يەردە ئاشخانا ئاچسا بەك ياخشى بولىدىكەن، دېگەنتۇققۇ؟

— شۇنداق، شۇ يەر. ئەگەر ئاپامنىڭ كىيىم - كېچەك سارىيىدا مەخسۇس خۇرۇم كىيىم - كېچەك ساتىدىغان دۇكان ئاچسا، سەن ئۇلار ئۇچۇن يېڭى پاسوندىكى خۇرۇم كىيىملەرنى تەمىنلەپ بېرەلەمسەن؟ ئاپام نۇرغۇن باي خوتۇنلارنى تونۇيدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى بىر كىيىمنى بىرلا كىيىپ تاشلايدىغانلار. ئۇلار ئۆزلىرى كىيگەن كىيىمنى باشقىلارنىڭ كىيگەنلىكىنى كۆرگەن ھامان، ئۇ كىيىمنىڭ قانچىلىك قىممەت بولۇشىدىن

قەتئىيـنەزەر ئۇنى خـىزمەتكارلـىرىغا بـېرىۋېتـىدۇ. سەن ئۇلارغـا چـوقۇم ئەڭ يېڭى پاسـونـلارنى لايـىھـەلەپ بېـرىـشىڭ كـېـرەك.
سىيىنگچە قانداق؟ كىيىم لايىھەلەش ئانچە تەس ئىش ئەمەستۇ؟
— بۇنىڭدىن غەم قىلما. بـۇنى ھەل قـىلىدىغـان ئامالـىنى تاپالايـمىز. بـىز ئۇ يەرنىڭ ئىشـىنى قىـلىـدىغـانىغا مەخـسۇس ئۇسكۇنە ئاجـراتساق بولـىدۇ. مۇھسـىن ئەپەنـدى، قانداق دېدىم، شۇنداق قىلساق بولامدۇ؟ بۇنى سىز بېكىتىڭ.
— مېنىڭچە بىز قىلالايمـىز. چوڭ زاۋۇتتا ھـەر خىل پاسـون لايـىھـەلـەش بـىـرئاز تـەسـرەك. ئـەمـا، بـىـز مەخـسـۇس ئـادەم ئاجرىتىپ، ئۇ يەرنىڭ ئىشىنى قـىلدۇرساق بـولىدۇ. مېـنىڭچـە، بۇنىڭدا باشقا چاتاق چىقماس.
— كۆردۈڭمۇ؟ ھەرقانداق ئىشنىڭ چارىسى تېپىلىدۇ. بىز سەن كۆرسـەتكەن ھېلـىقى يـىگىتـنى ئەكېلـىپ، مەخـسۇس لايىھەلەشكە قويىمىز. ئاپاڭ ساتسىلا بولدى.
— ئەگەر ئۇنداق بولىدىغان بولسا، بۇ گەپنى ئاپامغا ئېيتاي، بـۇ ئىشنـى سىلەرنـىڭ پـىكـرىڭلارنـى ئـالماي تـۇرۇپ ئـۇنىڭغـا دېيەلمەيمەن ـ دە.
— چاتاق يوق، سەن دەۋەر.
تاماقخانـىدا غىزالـىنىۋاتقـان ھەممە ئـادەم بىردىنـلا بۇلۇڭغـا قويۇلغان رەڭلىك تېلېۋىزورغا قاراپ قېلىشتى. ئۇلار ئۇچىسىمۇ بۇرۇلـۇپ قاراشـتى. ئەنگلـىيەلـىك رىياسـەتچى قايغۇلۇق ھالـدا خەۋەر سۆزلىمەكتە ئىدى:
— بۈگۈن كېچـە، لوندوندىـن نيۇيوركـقا ئۇچقـان يولۇچىـلار ئايروپىلانى ئاتلانتىك ئوكيان ئۈستىدە پارتلاپ كېتىـپ دېڭىزغـا چۈشۈپ كەتكەن، بۇ ئايروپىلان × × ئاۋىياتسىـيە شىركـىتىگـە تـەۋە بـولـۇپ، نـۆۋەتـلـىـك ئـايـروپـىـلان نـومـۇرى × × ، مۆلچەرلـەشلەرگە ئاساسـلانغاندا، ئـايروپىلانـدىكى سەككىز نەپـەر ئايروپىلان خادىمى ۋە بىر يۈز يەتمىش ئالتـە نەپەر يولـۇچىنىـڭ ھەممىسى قازاغا ئۇچرىغان. ھازىر قۇتقۇزۇش خىزمىتى جىددىـي

ئىشلەنمەكتە.

ئەزىز ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، تىلپىۋىزور تەرەپكە قاراپ ماڭدى. تاھسىنمۇ بىر چوڭ ئىشنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى قىياس قىلدى بولغاي، ئەزىزنىڭ كەينىدىن ماڭدى. ئۇ ئەزىزنىڭ بىلىكىنى تۇتۇپ:

— ئەزىز، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال، نېمە بولدى؟ — دېدى.

ئەزىز خۇددى يىگىرمىسى بىر نۇقتىدا توختاپ قالغان پاتىفوندەك بىر جۈملە گەپنى تەكرارلاۋېرەتتى:

— سەن ماڭا قايتۇرۇپ بولغان تۇرساڭ، سەن ماڭا قايتۇرۇپ بولغان تۇرساڭ!

— ئەزىز، نېمىنى قايتۇرۇپ بولغان؟ كىم قايتۇرۇپ بولغان؟ توۋا، ۋاي ئاداش، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال!

ئۇ ئەزىزنى ياندىكى بىر بوش ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزدى. مۇلازىم بۇ ھالنى كۆرۈپ، ئايروپىلاندا بىرەر تۇغقىنى بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ، ئۇنى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن ئىستاكاندا سۇ ئەكېلىپ ئىچۈردى. بىرھازادىن كېيىن ئەزىز سەل تىنچلانغاندەك بولدى ۋە ئاخىر زۇۋانغا كەلدى؛ ئەمما ئاۋازى ناھايىتى يىراقتىن كېلىۋاتقاندەك بەكلا بوش ئىدى:

— مەن ئەسلىي ئولتۇرماقچى بولغان ئۇ ئايروپىلان ئاتلانتىك ئوكياندا چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئايروپىلاندىكىلەردىن بىرسىمۇ ساق قالماپتۇ.

ئۇ ئاستا - ئاستا ئېسىگە كېلىۋاتاتتى. بىر چاغدا ئۇ توساتتىن سەكرەپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى:

— ۋاي خۇدايىم، دادام، مەن تېخى دادامغا ئايروپىلاننىڭ ۋاقتىنى ئۆزگەرتكەنلىكىمنى دېمەپتىمەن ئەمەسمۇ!

# تۆتىنچى باب

ھەجەر بۇگۇن كېچە بارلىق ئىشنى ئايسۇنغا دېيىش قارارىغا كەلدى. ئۇ ئەسلىدە بۇ توي ئىشىغا ئايسۇننى گەپ ـ سۆز يوق كۆندۇرەلەيمەن، دەپ ئويلىغان، ئۆزىنىڭ دەككە يېيىشىنى قىلچە ئويلىمىغانىدى. «قارىغاندا، ئەڭ ئاخىرقى ۋاستىنى قوللانمىسام بولمايدىغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى ئۇ. بۇ ئۇچ ھەپتىدىن بۇيان ئۇ چوڭ خانىمغا: «يەنە بىر ئاز تەخىر قىلىڭ، ئايسۇن ئىشنى چۇشەنسىلا ماقۇل دەيدۇ» دەپ ۋەدە بېرىپ كەلدى. راستىنى ئېيتقاندا، ھەجەرنىڭ بۇ توي ئىشىنى قولدىن چىقىرىپ قويغۇسى يوق. ئۇ ھېچبولمىغاندا، تاھسىننى بىلىدۇ، ئۇنىڭغا ئىشىنىدۇ. ئەمما، ئايسۇن تەرسالىق قىلىپ، «مەن ئوقۇشۇمنى تۈگىتەي» دەپ تۇرۇۋالدى. ئايسۇننىڭ توي قىلمىدىغان ۋاقتى بولدى. ئەگەر كېيىن ھەجەر ئۆلۈپ كەتسە، ئايسۇن قانداق ئوقۇيدۇ؟ ھەجەر ئۇ قانداق ئازابلانسۇن، بۇگۇن ھەقىقەتمۇ ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئېيتىشىم كېرەك، دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئايسۇن قاچا ـ قۇچىلارنى يۇيۇپ بولۇپ، كېلىپ سافانىڭ بىر چېتىگە ئولتۇردى ۋە قولىدىكى قېرىنداش بىلەن قەغەزگە بىرنېمىلەرنى جىجاشقا باشلىدى. بىقىندىن بۇيان، توي ئىشىنى دەپ قىزى ئىككىسى پات ـ پاتلا گەپ تالىشىپ قېلىۋاتاتتى، ئۆيدىكى كەيپىياتمۇ بۇرۇنقىدەك قىزغىن ئەمەس ئىدى. ھەجەر گەپنى قانداق باشلاشنى بىلەلمەي جىددىيلىشىپ تەرلەپ كەتتى.

—— ئاپا، تەرلەپ كېتىپسەن، دېرىزىنى ئېچىۋېتەيمۇ؟

— ھاجىتى يوق.
ھەجەرنىڭ ئاۋازى سەل قوپال چىقىپ كەتتى. بۇنى ئايسۇن شۇ ھامان ھېس قىلدى بولغاي، دەرھال ئاپىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.
— ئاپا، مەن پەقەتلا چۈشىنەلمىدىم، سەن نېمىشقا بۇ ئىشتا چىڭ تۇرۇۋالىسەن؟ سەن ئەزەلدىن مېنى بىر ئىشقا مەجبۇرلىمايتتىڭ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ دېگەن مېنىڭ ھاياتىمدىكى ئەڭ مۇھىم ئىش تۇرسا. مەن ئويلاپ پەقەتلا بىلەلمىدىم. سەن نېمىشقا مېنى مەن خالىمايدىغان ئىشقا زورلايدىغانسەن؟ مانا ھازىر ئائىلىمىزدە ئازراقمۇ خۇشاللىق قالمىدى.
بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەجەر قەتئىي نىيەتكە كەلدى:
— مەن ئۆلۈپ كېتىمەن، ئايسۇن.
ئايسۇن تەمتىرەپلا قالدى. ئاپىسىنىڭ ئاغزىدىن نېمىشقا تۇيۇقسىزلا بۇنداق گەپ چىقىدۇ؟ ئۇ دەرھال بېرىپ دېرىزىنى ئېچىۋەتتى.
— قارىغاندا سەن ئىسسىپ كېتىپ دېمىڭ سىقىلىپ، بىئارام بولۇۋاتقان ئوخشايسەن. ئادەم ئۆلسە مەن دەپلا ئۆلۈپ قالامدۇ؟ بۇ نېمە گەپ؟ ئۇنداق قالايمىقان گەپلەرنى قىلما ئاپا.
— كېلە، يېنىمدا ئولتۇر. مەن راست گەپنى قىلىۋاتىمەن. ئەتىيازدا بىز بىللە بېرىپ بازاردىكى دوختۇرغا كۆرۈنگەنلىكىمىز ئېسىڭدىمۇ؟ شۇ چاغدا، مەن ساڭا تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە چاتاق يوق ئىكەن، دېگەنىدىم. ئەپسۇس، ئەھۋال ئۇنداق ئەمەس ئىدى. دوختۇرلار ماڭا كېسىلىڭىز ئېغىرلاپ كېتىپتۇ، ئوپېراتسىيە قىلىشقا بولمايدۇ. سىز كۆپ بولغاندا يەنە بىر يىل ياشىيالايسىز، دېگەنىدى. مەن سېنى ئازابلىماي دەپ ساڭا ئېيتمىغان. مانا ھازىر باشقا ئامال قالمىدى، ئاغرىق بارغانسېرى كۈچىيىپ كېتىۋاتىدۇ. مەن كۆزۈمنى يۇمۇشتىن بۇرۇن سېنى ئۆزۈم ئىشىنىدىغان ئادەمگە تاپشۇرماقچى. نېمە

ئۇچۇن سىنى تاھسىنغا ياتلىق قىلىشتا چىڭ تۇرۇۋالغانلىقىمنى ئەمدى چۈشەنگەنسەن؟ مەن ئۆلۈپ كەتسەم، كەنتتىكى ئاشۇ ئادەملەر سەندەك ئون سەككىز ياشلىق قىزنى خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈشكە قويارمۇ؟ ئەگەردە سەن ئاشۇ ئەسكىلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالساڭ، مەن گۆرۈمدە تىنچ ياتالامدىمەن؟ ئۆزۈڭ ئوبدان ئويلاپ بىر گەپ قىل. بىز چوڭ خانىمنىڭ ئىشىنى بۇنداق كەينىگە تارتىۋەرمەيلى. مەن خاتىرجەم كېتەي دەيمەن، قىزىم. بۇ ئىشنى ھەرگىز يۇقىرى تەلەپ دەپ كەتمە.

ئايسۇن قۇلىقىغا ئىشەنمەيلا قالدى. ھەجەر ئانا ئۇنىڭ بارلىقى ئىدى ! دادىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن بۇ دۇنيادا ھەجەر ئانىدىن باشقا ئۇرۇق ـ تۇغقىنىمۇ قالمىغانىدى.

مانا ئەمدى ئۇمۇ «مەن ئۆلۈپ كېتىمەن» دەۋاتىدۇ. ئايسۇننىڭ گېلى قۇرۇپ، ئاغزى گەپكە كەلمەي قالدى. بىرھازادىن كېيىن ئۇ ئارانلا:

— ۋاي خۇدايىم، نېمىلەرنى دەۋاتىسەن ئاپا؟ — دېيەلىدى. ئاندىن بىردىنلا بىرنەرسىنى ئېسىگە ئالغاندەك تېتىكلىشىپ كەتتى، — سەن مېنى قايىل قىلىش ئۈچۈن شۇنداق دەۋاتىسەن ـ ھە؟

ئەمما، ئۇ ھەجەرنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ، گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمىدى. ھەجەرنىڭ چىرايىدىن ھەرگىزمۇ چاقچاق قىلىۋاتقاندەك ئەمەس ئىدى. ئايسۇن ماغدۇرسىز قوللىرىنى سوزدى، ئانا ـ بالا ئىككىيلەن قۇچاقلىشىپ ھۆكرەپ يىغلاپ كېتىشتى. ئىككىسى قۇچاقلىشىپ قانچىلىك يىغلاشقانلىقىنى بىلمەيتتى. ئايسۇن ئاستا قەددىنى رۇسلاپ، ئاپىسىنىڭ قولىنى تۇتتى. ئۇنىڭ بۇغداي ئۆڭلۈك مەڭزىدە مەيۈسلۈك جىلۋە قىلاتتى. ئۇ كىچىككىنىلا ئازابلارغا بەرداشلىق بېرىشنى ئۆگەنگەنىدى.

— مەن تۇغۇلغاندا ئاپام تۇگەپ كېتىپتۇ. ئاندىن كېيىن دادام، ئۇنىڭدىن كېيىن جامال تاغام، مانا ئەمدى سەنمۇ ئۆلۈمنىڭ

گېپىنى قىلىۋاتىسەن. سىلەر ھەممىڭلار مېنى تاشلاپ كېتىدىكەنسىلەر، بۇ دۇنيادا تىكەندەك يالغۇز قالغۇدەكمەن. مانا ئەمدى ئاتا ـ ئانام كۆرمىگەن بىر ئادەمگە ياتلىق بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولۇۋاتىمەن. ئەمما، سەن بىلەمسەن، ئۇلارنىڭ ئائىلىسىنىڭ مېنى كېلىن قىلىشى پۈتۈنلەي پەرزەنت كۆرۈش ئۈچۈن. ئەگەر مەن تۇغالمىسام، قانداق قىلىمەن؟ بۇنى سەن ئويلىدىڭمۇ؟

— بالام، ئۇنداق ئۈمىدسىزلىنىپ كەتمە، قاراپ تۇر، سەن تاھىسىن بىلەن بەختلىك ئۆتىسەن، كۆڭلۈڭنى ياساش ئۈچۈن بۇنداق دەۋاتمايمەن. تاھىسىن بەك ئوبدان بالا. ئۇ مېنىڭ ئالدىمدا دېگۈدەك چوڭ بولغان، سەنمۇ ئۇنى كۆردۈڭ، ئۇ كەمتەر، ئەدەپلىك، تەربىيە كۆرگەن. ئەگەر باشقا ئادەم بولسا قانداقمۇ مەلىھا بىلەن بۇنداق ئۇزاق بىللە ئۆتەلىسۇن؟

ھەجەر تۇرۇپلا دېگەنلىرىگە پۇشايمان قىلىپ قالدى، ئۇ مەلىھانىڭ يامان گېپىنى قىلماسلىقى كېرەك ئىدى. بۇنداق گەپلەرنى قىلسا، ئايسۇن تېخى ياتلىق بولماي تۇرۇپلا مەلىھادىن قورقۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى.

— راست دەيسەن ئاپا، ئۇنىڭ خوتۇنى بىلەن سىڭلىسى كەنتتە داڭقى چىققان ئازازۇللاردىن. تاھىسىن بۇ يەردە تۇرمىسا، بۇ يەردە نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلمەيدۇ. سەن ئۇنى تەربىيە كۆرگەن دەيسەن. تەربىيە كۆرگەن ئادەم ئىككى خوتۇن ئالامدىكەن؟

— بۇ دېگەن ئۆرپ ـ ئادەت، قىزىم، سەنمۇ بۇنى بىلىسەنغۇ. ئۇنىڭ ئەسلىدە قايتا ئۆيلەنگۈسى يوق ئىدى. ئەمما، ئۇ مېنىڭ ئەھۋالىمنى بىلگەندىن كېيىن، سېنى تىكەندەك يالغۇز قويۇپ قويماسلىق ئۈچۈن بۇ توي ئىشىغا قوشۇلدى.

ھەجەر ئىككىنچى قېتىم گەپتە كەتكۈزۈپ قويدى. ئۇ بەلكىم بەك جىددىيلىشىپ كەتكەن بولسا كېرەك. ئۇ گېپىنى ئۆزگەرتىۋالاي دېسە، ئايسۇن ھەممىنى بىلىپ بولغانىدى. دېمەك،

تاھىسىنىڭ ئۆتكەندە بۇ ئۆيگە كېلىشى ھەجەر ئانىنى يوقلاش ئۈچۈن ئەمەس ئىكەن ـ دە. ئۇ چاغدا ئايسۇن ھېچ نەرسىدىن بىخەۋەر، ئەمما ئاپىسى شۇنداق ھاياجانلانغان، بەكلا خۇشال بولۇپ كەتكەنىدى. مانا ئەمدى ئۇ ھەممىنى چۈشەندى. ھەجەر دەرھال گېپىنى ياسىدى:

ــ قىزىم، ماڭا ئىشەن، ئاشۇ كۈنى ئۇنىڭ كېلىدىغانلىقىنى مەن ھەقىقەتەن بىلمەيتتىم، ئۇ خۇدانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى. ئەمما، مېنى خۇشال بولمىدى دېسە، يالغان بولۇپ قالىدۇ، ئۇ چاغدا مەن ھەقىقەتەن بەك خۇشال بولدۇم، چۈنكى سىلەر ھېچبولمىغاندا يۈز كۆرۈشتۈڭلار، تونۇشتۇڭلار. ئۇ چاغدا تاھىسىن ئاپىسىنىڭ ئويىنى بىلمەيدىكەن، ئۇ ئاپىسىنىڭ ئويىنى بىلگەندىن كېيىن بۇ يەرگە يەنە كەلدى. ئۇ چاغدا سەن يەڭگەم ئەسمالارنىڭكىگە كەتكەنىدىڭ. مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر دەم پاراڭلاشتىم، ئۇ قايتا ئۆيلىنىشكە قارشى ئىكەن. ئۇ: «بۇنداق قىلسام بولمايدۇ» دېدى. ئۆز ۋاقتىدا ئۇ مەلىھا بىلەن مەجبۇرىي توي قىلغانىدى. ئۇلارنىڭ دادىلىرى ئەسكەرلىكتە تۇرغان چېغىدا بالىلىرىنىڭ تويىنى كېلىشىپ قويغانىكەن. ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن، ئۇ بالا چېغىدا مۇھەببەتلىشىش، توي قىلىش دېگەننىڭ نېمىلىكىنى نەدىن بىلسۇن؟ ئەگەر باشقا ئادەم بولغان بولسا بۇ چاغقىچە ئىككىنچى خوتۇن ئەمەس، ئۈچىنچى خوتۇنىنىمۇ ئېلىپ بولغان بولاتتى. ئۇ كىمنى ئالغۇسى كەلسە، ئۇ قىز ياق دېيەلەمتى؟ كەنتتە ئۇنىڭغا ياتلىق بولۇشنى خالايدىغان قىزلار تولا. ئۇ قىزلار شۇ تاپتا بىزنىڭ «ياق» دېيىشىمىزنى تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە، شۇنداق بولسا نۆۋەت ئۇلارغا كېلىدۇ ـ دە! سەن دېگەن ئەقىللىق، ئاق كۆڭۈل قىز. ئەگەر سەن يەنە بىر ئاز سەۋرچان بولۇپ، ئەقلىڭنى سەللا ئىشقا سالىدىغان بولساڭ، ئېرىڭنىڭ كۆڭلىنى ئۇتالايسەن. بۇنىڭ ساڭا كۆپ پايدىسى بار. بۇنىڭدىن كېيىن چوقۇم ياخشى ئۆتۈپ كېتىمەيدۇ دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ ئاشۇ كۈنى ئۇ بىزنىڭكىگە مېنىڭ ئاپىسىنىڭ

گېپىگە قوشۇلماسلىقىمنى دېمەكچى بولۇپ كەلگەنىكەن. ئۇنىڭ سېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى سېزىپ قالدىم. ئەگەر ئۇ سېنى ياخشى كۆرمەيدىغان بولسا، بىر قورۇق غوجايىنىنىڭ ئوغلى تۇرۇپ، ماڭا ئاپامنىڭ گېپىگە قوشۇلماڭ، دەپ نەسىھەت قىلامتى؟

— ئۇ كېلىپ ساڭا نەسىھەت قىلغانما؟ نېمىشقا؟ قاچان؟

— ئەتىگەندە ئۇ شەھەردىن قايتىپ كەلگەندە ھېچ ئىشتىن خەۋەرسىز ئىكەن. قورۇققا كەلگەندىن كېيىن دادىسىدىن ئاپىدىسىنىڭ ئۇنى قايتا ئۆيلەيمەن، دەپ يۇرگەنلىكىنى ئاڭلاپتۇ ـ دە، ئۇدۇل بۇ يەرگە كەپتۇ. ئۇ چاغدا سەن ئۆيدە يوق ئىدىڭ. ئۇ ماڭا: «ھەجەر ئانا، قىزىڭىزغا زىيانكەشلىك قىلماڭ. ئۇ تېخى كىچىك. سىز ئۆزىڭىزنىڭ بۇ توي ئىشىغا قوشۇلمايدىغانلىقىڭىزنى ئېيتسىڭىز، ئۇلار سىزنى مەجبۇرلىيالمايدۇ» دېدى.

— سەن نېمە دېدىڭ؟

— مەن ئۆزۈمنىڭ كېيىنلىكىنى ئۇنىڭغا ئېيتتىم. بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ كۆڭلى بەك يېرىم بولدى. ئۇ ماڭا سېنى قوغدايدىغانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— مېنىڭ پىكرىمنى ئالامتىڭلار؟

— ئەجەبا بىزنىڭ باشقا ئامالىمىز بارمىدى؟

ئايسۇن چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ قويدى.

— ئادەم تۇغۇلغاندا تەقدىرى ياخشى بولارمىش، كېيىن ئۆزگىرىپ كېتەرمىش. قارىغاندا مېنىڭ پېشانەمگە ياخشى تەقدىر پۈتۈلمىگەن ئوخشايدۇ.

— ماۋۇ گېپىڭنى يەنە بىر ئاڭلاپ قالماي، ئەگەر سەن رازى بولمىساڭ، مەنمۇ سېنى توي قىلىشقا زورلىمايمەن. بىز باشقىچە ئامال تاپارمىز. پەقەتلا بولمىسا سېنىڭ تۇغقانلىرىڭنى ئىزدەپ باقارمىز.

— شۇنچە يىلدىن بېرى ھېچكىم مېنى ئىزدەپ كەلمىدى. سۈرۈشتۈرۈپمۇ قويمىدى. نەدىمۇ تۇغقىنىم بولسۇن !

— ئەگەر سەن تېخىمۇ ئوبدان ئامال تاپساڭ، ماڭا ئېيتە، سېنىڭ دېگىنىڭدەك قىلايلى.

ئايسۇن دېرىزىدىن سىرتقا قارىدى. ئىنچىكە ئورغاقتەك ئاي كۆكتە ئېسىلىپ تۇراتتى. چاراقلاپ تۇرغان يۇلتۇزلار تامچە ـ تامچە نۇرلىرىنى كەڭ زېمىنغا سېپەتتى. دەرەخ يوپۇرماقلىرى قىمىر قىلماي تۇرۇشاتتى. قۇرت ـ قوڭغۇزلارنىڭ ئاندا ـ مۇندا ئاڭلانغان ئاۋازىدىن باشقا ھېچقانداق ئاۋاز ئاڭلانمايتتى. ئۇدۇلدىكى تاغ باغرىدىكى ئۇزۇمزار غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئايسۇن دادىسىنى ئەسكە ئالدى. ئۇ چاغلاردا ئۇ دادىسى بىلەن ھەر كۈنى دېگۈدەك ئۇزۇمزارغا باراتتى. دادىسى ئۇ يەردە تۇپراقنى تەكشۈرەتتى، تەكلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىنى، ئۇزۇملەرنى كۆرەتتى. ئايسۇن بولسا تەكلەرنىڭ ئارىسىدا يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ئوينايتتى، كىچىك تاشپاقىلارنى تۇتاتتى. ئۇ چاغلاردا ئايسۇن دادىسى بىلەن ئاجايىپ ـ ئاجايىپ ئارزۇلارنى كۆڭۈللىرىگە پۈككەنىدى ـ ھە! ئايسۇن چوڭ بولغاندا ئوقۇتقۇچى بولماقچى، ئاندىن دادىسى بىلەن يىراق ـ يىراقتىكى ئەللەرگە، دېڭىز بويىغا بارماقچى، دېڭىز بويىدا قۇياشنىڭ شەرقتىن كۆتۈرۈلۈشىنى، كەچتە غەربكە پېتىشىنى تاماشا قىلىشماقچى بولغانىدى.

دادىسى گويا ئاشۇ گۈزەل مەنزىرىلەرنى كۆرۈپ كەلگەندەكلا ناھايىتى ئەينەن تەسۋىرلەپ بەرگەنىدى. مانا ھازىر ئۇ ئارزۇ ـ ئارمانلارنىڭ ھەممىسى كۆپۈككە ئايلاندى. بۇلارنى ئويلاپ، ئايسۇننىڭ كۆزلىرىگە ئىختىيارسىز ياش كەلدى. دادىسى ئۆلۈپ كەتكەن چاغدا ئۇنىڭ قايغۇرۇپ يىغلىغانلىقىنى ھېچكىم كۆرمىگەنىدى. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپ دادىسىدىن بارلىق ئازابنى ئىچىگە يۇتۇشنى ئۆگەنگەن. ئۇ بىرھازا يىغلىۋېلىپ، ئاندىن خۇددى ئۆزىگە گەپ قىلىۋاتقاندەك:

— ئاپا، سەن نېمىنى توغرا تاپساڭ شۇنداق قىلايلى، سەن چوڭ خانىمغا ئېيتقىن، — دېدى.

— ماۋۇ گېپىڭ بولدى بالام، بەلكىم سەن ئىشەنمەسلىكىڭ

مۇمكىن، ماڭا سېنىڭ تەقدىرىڭ مۇشۇنىڭ بىلەن پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كېتىدىغاندەك بىلىنىۋاتىدۇ. مەن سېنى تۇنجى قېتىم داداڭنىڭ قۇچىقىدا كۆرگەندە، كۆڭلۈمدە مانا مۇشۇنداق تۇيغۇ پەيدا بولغانىدى. دەرۋەقە، سەن مېنىڭ تەقدىرىمنى ئۆزگەرتتىڭ. سەن بولغاچقا، ھاياتىمدا باشقىدىن ئۈمىد تۇغۇلدى. ئويلىغانلىرىم توغرا چىققاي، خۇدايىم.

— ئىبتىقانلىرىڭ كەلگەي، ئاپا.

— ئەمدى بەك ياخشى بولدى بالام، ئەتە ئەتىگەندە مېنىڭ بىرىنچى قىلىدىغان ئىشىم بۇ خۇش خەۋەرنى چوڭ خانىمغا يەتكۈزۈش. قالغان گەپلەرنى كېيىن بىرنېمە دېيىشەيلى.

— يەنە دەيدىغان نېمە گەپ بار ئىدى؟

بۇ كۈنلەردە قورۇقتىكىلەرنىڭ كۈنىمۇ كۆڭۈللۈك ئەمەس ئىدى. چوڭ خانىم ھەجەرنىڭ جاۋابىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتاتتى. كۈنلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى قوغلىشىپ ئۆتۈۋاتاتتى. چوڭ خانىم ئۈمىدسىزلىنىشكە باشلىدى. «ئادەتتە مەن بۇنداق ئوبدان ئويلانمىغان، ئىشەنچ بولمىغان ئىشنى قىلمايتتىم. ئەمما، بۇ قېتىم نېمە بولدى؟ مەن ئۇ قىزنى بىر كۆرۈپلا ياقتۇرۇپ قالدىم. ئەگەر مەن ئالدىدا ھەجەر بىلەن سۆزلىشىۋېلىپ، ئاندىن بۇ ئىشنى دېگەن بولسامىدۇ، كەنتتىكىلەر ئالدىدا ھازىرقىدەك سەتلەشمىگەن بولاتتىم. ھەي، ئىشنىڭ بۇنداق بولۇشىنى نەدىن بىلەي؟» چوڭ خانىم بىر تەرەپتىن ئەنە شۇنداق ئۆزىنى ئەيىبلەپ ئولتۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن «ئۇ قىز نېمىشقا بۇ تويغا قوشۇلمايدىغاندۇ، بىر قورۇق غوجايىنىنىڭ ئوغلى ئۇنىڭدەك يولەنچۈكسىز، نامرات قىزنى ئالىمەن دەۋاتسا، ئۇ قىز ئەجەب قوشۇلمايدا؟» دېگەنلەرنى ئويلاپ، بۇ ئىشنىڭ تېگىگە يېتەلمەي ئولتۇراتتى. ئۇ قىز تېخى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقىچىكەن، چوڭ خانىم بۇنداق ئىشنى ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغانىدى. چوڭ خانىم دەسلەپتە ئۇ قىز ناز قىلىۋاتقان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىغان، ئەمما ۋاقىت ئۆزارغانسېرى

بۇنىڭ ئۇنداق ئىش ئەمەسلىكىنى بىلدى. ئۇ قىز ناھايىتى قەتئىيلىك بىلەن توي قىلمايمەن دەپلا تۇرۇۋالغانىدى. ئەمدى چوڭ خانىم يەنە سۆرەۋېرىشنى خالىماي قالدى، قارىغاندا بۇ ئىشنى بىرەر باھانە تېپىپ ئاخىرلاشتۇرۇش لازىمدەك قىلاتتى.

بۇ ئىش مەلىھانى بەكلا خۇشال قىلىۋەتتى، ئۇ گويا پۈتىغا قوڭغۇراق تاقاپ ئۇسسۇل ئوينىغۇدەك ھالغا كېلىپ كەتتى. دەسلەپتە ئۇمۇ ئايسۇننى ناز قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلىغانىدى، ئەمما بىرقانچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى، ئۇ قىزنىڭ پوزىتسىيەسى يەنىلا قەتئىي ئىدى. بۇنىڭ بىلەن مەلىھا جاھان يەنىلا مېنىڭ بولىدىغان بولدى، دەپ ئويلىدى. بۇ كۈنلەردە ئۇ گويا زەپەر قۇچقان گېنېرالدەك قورۇقتا گىدىيىپ چۆرگىلەپ يۈرەتتى، ئۇ ھەر قېتىم قىيىنئاپىسىغا ئۇچراپ قالغاندا، ئۇنى مەسخىرە قىلىپ، بىرنەچچە ئېغىز تەگكۈزۈپ گەپ قىلىۋالاتتى. «ھالىغا بېقىپ ھال تارتمىغانلار ئاخىر بېرىپ شۇنداق ئاقىۋەتكە قالىدۇ. بۇ قېتىم ئۇلارنىڭ ئائىلىسى پۈتۈن كەنتتە يۈزىنى تۆكۈۋالدى. ئۇ خوتۇن ئەمدى بۇ ئېغىر ساۋاقنى قوبۇل قىلىپ، ئوغلىغا يەنە قىز تاپىمەن دەپ قاتراپ يۈرمەس. ئۇ موماي قىزىق سۆتنى ئالدىراپ ئىچىپ ئاغزىنى كۆيدۈرۈۋالدى، — دەپ ئويلىدى مەلىھا، — مەن بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇشۇم كېرەك.» ئۇ ئامال قىلىپ تاھىرنى بۇ يەرگە ئالداپ كېلىپ ئۆزىنىڭ يېنىدا ئۇزاقراق تۇرغۇزۇش خىيالىدا بولدى. نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا قىيىنئاتىسى تېلېفوندا تاھىر بىلەن سۆزلىشىۋېتىپ، تاھىرنىڭ چەت ئەلگە ئوقۇشقا بېرىپ ئوقۇش مەسىلىسى ھەققىدە بارىدىغانلىقىنى دېيىشكەندەك قىلغانىدى. نەگە بارسا بارمامدۇ، بۇ يەرگە قايتىپ كەلسىلا بولدى.

ئۇيقۇسى كەلگەن مەلىھا قولىدىكى تىكىۋاتقان كەشتىسىنى بىر يانغا قويدى ـ دە، قىز مېلى سۈپىتىدە ئۆز قولىدا توقۇپ چىققان كارىۋات يايقۇچنى ئېلىپ قاتلىدى. قىز ۋاقتىدا ئۇنىڭ قانچىلىغان ئارمانلىرى بار ئىدى ـ ھە! ئۇ ھازىر بوش ئۆيگە

مىرابلىق قىلىشقا ئادەتلەندى. ئۇ تاھسىن بىلەن توي قىلىپلا ئەپ ئۆتەلمىدى. ئۇنىڭچە تاھسىن بەك ياۋاش ئىدى. مەلىھاچە بولغاندا قورۇقتىكى بارلىق نەرسىگە تاھسىن ئىگىدارلىق قىلىشى، ھەممە ئادەم ئۇنىڭغا بويسۇنۇشى لازىم ئىدى. ئەمما، تاھسىننىڭ بۇلار بىلەن چاتىقى يوق، ئەگەر سەت بولىدۇ دېمىسە، تاھسىن ھەتتا ئىشلەمچىلەر بىللە ئېتىزغا بېرىپ ئىشلەشتىنمۇ يالتايمايتتى. ئۇنىڭ كاللىسىدا پۈتۈنلەي شەھەردىكى ئاشۇ سېسىقچىلىقتا تولغان زاۋۇتى بار ئىدى. تاھسىن ئۇنىمۇ شەھەرگە ئاپىرىپ زاۋۇتنى كۆرسەتكەن، ئەمما مەلىھا ئۇ يەردىكى سېسىقچىلىقتا پەقەت تۇرغۇسى كەلمىگەنىدى. ھېلىقى قارا خوتۇن ۋە ئەرمېنىيەلىك ئۇستام تاھسىن يوق چاغلاردا نېمە ئويۇنلارنى ئوينايدۇ كىم بىلىدۇ؟ ئۇلارنىڭ ئىشىنى ئەخمەق تاھسىن نەدىن بىلسۇن؟ ئۇ پەقەت دادىسىنىڭ پۇلىنى بۇزۇپ - چېچىشنىلا بىلىدۇ. ئەمما، ئۇ ھازىر بۇ زىددىيەتلەرنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇپ، تېزدىن ئېرىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشى كېرەك. «مېنىڭ بالام بولغاندا، سىلەر ئاندىن دۇنيانىڭ قانچىلىك چوڭلۇقىنى بىلىسىلەر، — ئۇ ئۆز - ئۆزىگە شۇنداق دېدى، — ئۇ چاغدا قورۇقتىكى ھەرقانداق ئادەم ماڭا ئاغزىنى ئېچىپ سۆزلەشكە جۈرئەت قىلالمايدىغان بولىدۇ.»

«تاھسىن بۇ يەردە تۇرۇشنى خالىمايدۇ، شۇڭلاشقا شەھەرگە بېرىۋالغان گەپ. ئۇنى مەن سۆرەپ ئەكېلەلمەمدىم؟ ئەتە بۇ ئىشنى ئوبدان ئويلاپ باقاي. ئۇنى بۇ يەرگە تارتىپ كېلىدىغان بىر ئامال تاپاي.» بۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەن مەلىھا كۆڭلى تەسكىن تاپقاندەك بولۇپ كارىۋاتقا چىقىپ ياتتى.

ئەتىگەندە مەلىھا ناشتا قىلىۋاتقاندا تېلېفون جىرىڭلاپ كەتتى. تېلېفون تاھسىندىن كەلگەنىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ شۇ تاپتا يولدا ئىكەنلىكىنى، ئۆيگە كەچقۇرۇن يېتىپ بارىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەلىھا ئۈچۈن بۇ ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى ئىدى. ئۇنىڭ ئارزۇسى رېئاللىققا ئايلاندى، ئۇ ئېرىنى ئەكېلىشكە ئامال تاپماي

تۇرۇپمۇ، ئىرى ئۆزى ئۆيگە كېلىۋاتاتتى. نازىمىيە قالتىس ئىكەن جۇمۇ، ئۇ مېنىڭ بەرگەن ئالتۇنۇمغا لايىق ئىش قىپتۇ. ئۇ بارلىق خەۋەرلەرنى چوڭ خانىمنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىۋېلىپ ئۇنىڭغا يەتكۈزگەندى. باشقا ئادەم بولسا ھەرگىز ئۇنىڭغا بۇنداق خەۋەر بەرمەيتتى. كەنتتىكى بارلىق كوچا خەۋەرلىرىنى مەلىھاغا نازىمىيە يەتكۈزۈپ تۇراتتى. ئەگەر تاھىسىننىڭ توي ئىشى روياپقا چىقىپ قالىدىغان بولسا، قانداق تاقابىل تۇرۇشنى مەلىھا چوقۇم نازىمىيە بىلەن مەسلىھەتلىشىدۇ. كىم ئۇلارنى نازىمىيەنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ، ئۇنى ئۆچ ئېلىش نىيىتىگە كەلتۈرۈپ قويسۇن دەپتۇ؟ ئۆز ۋاقتىدا نازىمىيە ئايسۇننىڭ دادىسى ئوسمانغا كۆيۈپ قېلىپ، ئارقىسىدىن ئاز ماڭدىمۇ؟ نازىمىيە رەت قىلىشقا ئۇچرىغاندىن كېيىن ھەممە يەردە ئوسماننى سېسىتىشقا كىرىشتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ قېتىملىق ئىش ئۆچ ئېلىشنىڭ ئەڭ ياخشى پۇرسىتى ئىدى. مەلىھا خۇشاللىق ئىچىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، ھۇجرىسىدا تەييارلىق قىلىشقا ماڭدى. «يېڭى تىكتۈرگەن يىپەك كۆڭلىكىمنى كىيەيمۇ؟» ئۇ ئىتتىك ھۇجرىسىغا كىرىپ، كىيىم ئىشكاپىدىن يېڭى كۆڭلىكىنى ئالدى ۋە ئەينەك ئالدىغا كېلىپ كىيىپ كۆردى. مايسا رەڭ يىپەك رەختنىڭ ئۈستىدە ئۈششاق ھال رەڭ گۈللىرى بولۇپ، بەك چىرايلىق ئىدى. بۇ رەختنى ئۇلار يېڭى توي قىلغاندا تاھىسىن شەھەردىن ئەكېلىپ بەرگەندى. بۇرۇن ئۇ بۇنداق سۇس رەڭلىك رەختلەرنى ياخشى كۆرمىگەچكە، تاھىسىن بەرگەن باشقا سوۋغىلار بىلەن قوشۇپ ئىشكاپقا سېلىۋەتكەندى. ئېرىنىڭ قايتا توي قىلىدىغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بۇ نەرسىلەر ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇھىم بولۇپ قالدى. ئۇ پەستە تاھىسىننىڭ ھاممىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولدى. «بۇنچە ئەتىگەندە ئۇ خوتۇن نېمىدەپ كەلگەندۇ؟ ئۇ ئايال ھەجەرنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن ئېرى بىلەن تۇغقان ئىدى. ھېلىقى قىزدىن يېڭى خەۋەر ئەكەلدىمۇ يا؟» مەلىھا جىددىيلىشىپ كەتتى. ئۇ دەرھال كىيىملىرىنى كىيدى ــ دە،

سىرتقا ماڭدى. قېيىنئاپىسى مېھمانخانىدا مېھمان بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى، مەلىھا ئىشىك ئالدىغا كەلدى ـ دە، مېھمانغا تەكەللۇپ بىلەن «خۇش كەلدىڭىز» دەپ قويدى. ئەمما، قېيىنئاپىسى ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمىدى. قارىغاندا ئۇلارنىڭ ئايرىم پاراڭلاشقۇسى باردەك قىلاتتى. مەلىھا ئىلاجسىز چىقىپ كەتتى ۋە پەلەمپەينىڭ رېشاتكىسىغا يۆلىنىپ، تۆۋەنكى قەۋەتنى كۆزىتىپ تۇردى. دەل شۇ چاغدا ھەنىفە ئىككى چىنە قېتىقنى كۆتۈرۈپ پەيدا بولدى.

ـــ قېتىقلارنى كىمگە ئەكىرىسەن؟

ـــ چوڭ خانىم بىلەن ھەدىسىگە.

پۇرسەت كەلگەنىدى. مەلىھا ھەنىفەنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ چەتكە تارتتى:

ـــ ئۇلارنىڭ گېپىگە ئوبدان قۇلاق سال. مەن مەشەدە ساقلاپ تۇرىمەن. ئەگەر ماڭا بىرەر گەپنى يەتكۈزمەيدىغان بولساڭ كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسىتىمەن، ئاڭلىدىڭمۇ؟

بىچارە ھەنىفە ئەتىگەندىن بېرى ئالدىراش ئىشلەپ تەرلەپ كەتكەنىدى. مانا ئەمدى بۇ گەپ بىلەن قورقۇپ، ئۇنى قارا تەر باستى.

ـــ ئەگەر ئۇلار مېنىڭ ئالدىمدا سۆزلەشمىسىچۇ؟

ـــ ئۇنىڭ بىلەن چاتىقىم يوق. سەن ئامال قىلىپ ئۇ يەردە ئۇزاقراق تۇرغىن. ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشكىنىنى بىلىپ چىقساڭلا، ئەدىپىڭنى بەرمەيمەن.

بىچارە ھەنىفە قورقىنىدىن تىترەپ كەتتى، قولىدىكى پەتنۇسمۇ چۈشۈپ كەتكىلى تاس قالدى. مەلىھا گېپىنى قىلىپ بولۇپ، ئۇنى مېھمانخانىغا ئىتتەردى:

ـــ ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇرماي تېز ماڭ، ساراڭمۇسەن؟ يەنە نېمە قاراپ تۇرىسەن؟

ھەنىفە مېھمانخانىنىڭ ئىشىكىنى تىترەپ تۇرۇپ ئېچىپ كىرىپ كەتتى. ئۇ ھايال ئۆتمەيلا قايتىپ چىقتى. ئۇنى كۆرگەن

مەلىھا جىددىيلەشكىنىدىن يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپ قالاي دېدى.

— نېمە گەپ ئاڭلىدىڭ؟

— چوڭ خانىم...

— كېكەچلىمەي تېز گەپ قىلە، ئۇ نېمە دەيدۇ؟

— ئەگەر ئۇ قىز قوشۇلغان بولسا، بۇ ئىشنى كەينىگە سۈرمەيلى، تاھسىن قايتىپ كېلىشى بىلەنلا توينى قىلىۋېتەيلى، دېدى.

مەلىھانىڭ بېشى پىررىدە قېيىپ كەتتى. ئۇ يىقىلىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن كۆزىنى يۇمۇپ، تامنى تىرىۋالدى. ئۇنىڭ چىرايى ئادەمنىڭ قورققۇسى كەلگۈدەك تاتىرىپ كەتكەنىدى. ھەنىفە ئۇنى كۆرۈپ قورقۇپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تۇرۇپلا قالدى. مەلىھا كۆزىنى ئاچقاندىن كېيىن ئۇ:

— سىزگە سۇ ئاچىقىپ بېرەيمۇ؟ نەرىگىز بىئارام بولۇۋاتىدۇ؟ — دېدى.

مەلىھا ئاچچىقتىن ئەسەبلىرى تۇتقانىدى، ھەنىفەنىڭ يۈزىگە تارسىدە بىر شاپىلاق سالدى. بىچارە قىز سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ يەرگە ئولتۇرۇپ قالدى. مەلىھا ئۇدۇل ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى، ئالدىغا ئۇچرىغان نازلىنىمۇ كۆرمىدى. يېرىم سائەتتىن كېيىن ئۇ ھۇجرىسىدىكى قولىغا چىققانلىكى نەرسىنى ئېتىپ، كۆكۈم ـ تالقان قىلىۋەتتى.

كەنتكە يېقىنلاشقانسېرى تاھسىن سەل ھاياجانلىنىپ قالدى، چۈنكى ئۇ ئايسۇن بىلەن روبىرو ئولتۇرۇپ، سەمىمىيلىك بىلەن بىر سۆزلىشىپ باقماقچى بولغانىدى. ئەگەر ئۇنىڭ كۆڭلى ئالللىقاچان باشقىلارغا مەنسۇپ بولغان بولسا، باھانە كۆرسەتمەي راست گەپنى ئېيتىشنى ئۆتۈنمەكچى بولدى.

ئۇ يەنە مەلىھانى ئايرىلىشقا قايىل قىلماقچىمۇ بولدى. ئەگەر ئۇ ئەقىللىكرەك بولسا، ئايرىلىشقا قوشۇلۇپ، ياش ۋاقتىدىلا باشقا ئەر تېپىۋالسا بولاتتى، چۈنكى ئۇ ھۇسام بېگىمنىڭ قىزى بولغاچقا، ئۇ ئەردىن چىققان ھامان دەرھال ئۇنىڭ بىلەن توي

قىلىدىغان ئادەم چىقاتتى. ئەمما، مەلىها بەك جاھىل، ئۇنىڭ گەپكە كىرىشى ناتايىن ئىدى. تاھىسىن ئۆيگە كەلگەندە، ئاپىسىنىڭ كەيپىياتىنىڭ بەكلا ياخشى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

— جېنىم ئوغلۇم، كەلدىڭمۇ؟ قورسىقىڭ ئاچتىمۇ؟

— قورسىقىم ئاچمىدى، ئاپا، مەن يولدا تاماق يەۋالدىم. بىرەر پىيالە چاي ئىچەي.

— ساڭا چاي دەملەپ بەرسۇن، بىردەم دېمىڭنى ئېلىۋال، ئاندىن مېنىڭ خانامغا كىرىپ چاي ئىچ. ساڭا دەيدىغان خۇش خەۋىرىم بار.

— بولىدۇ ئاپا، ئالدىدا يۈز - كۆزۈمنى يۇيۇۋالاي.

تاھىسىن ئۆزىنىڭ ئۆيىگە كىردى. ئۆيىنىڭ ئىچى ۋەيرانە بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ مۇنچىغا كىرىپ يۇيۇنۇپ چىقىپ، كىيىملىرىنى ئالماشتۇردى. چارەك سائەتتىن كېيىن ئۇ ئاپىسىنىڭ يېنىدا پەيدا بولدى. خىزمەتكارلار يېڭىلا دەملەنگەن چاينى ئەكىرىپ قويغان، يەنە تېخى يېڭىلا پىشۇرۇلغان قاتلىما ۋە پىشلاق بار ئىدى. ئۇنىڭ قورسىقى توق بولسىمۇ، يەنىلا بىر پارچە قاتلىمىغا پىشلاق سۈركەپ يەۋەتتى. ئاپىسى ئۇنىڭ يېگىنىگە قاراپ ئولتۇرۇپ، كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى:

— يەنە تېخى قورسىقىم توق دەيسەن، ئۇلار ساڭا تاماق تەييارلاپ بەرسۇن بولمىسا.

— بولدى ئاپا، مەن راستىلا يولدا تاماق يەۋالدىم. يېڭى پىشۇرۇلغان قاتلىمىنى كۆرۈپ يېگۈم كېلىپ يەۋەتتىم. ئۆزۈڭ بىلىسەنغۇ، مەن كىچىكىمدىن شۇنداق ئىدىمغۇ، ھە راست، نېمە خۇش خەۋەر بار؟ دېگىنە، ئاڭلاپ باقاي.

— بۈگۈن ئەتىگەن ھەجەر، قىزىم قوشۇلدى، بۇ ئىشنى تېزرەك قىلىۋېتەيلى، دەپ خەۋەر ئەۋەتىپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ تاھىسىنىڭ ئاغزىدىكى قاتلىما كانىيىدا تۇرۇپ قالغاندەك بولدى.

— ئۇ قانداقلارچە ئۆزگىرىپ قاپتۇ؟
— ئۆزۈڭ بىلىسەن، قىز ئەمەسمۇ، ياسالمىلىق قىلىپ ياق دەپ قويمامدۇ؟ ئەمدى ئىش بىكىتىلدى. قانداق قىلىمىز؟ تەييارلىقنى قىلىپلا توينى قىلىۋېتەيلى، كەينىگە سۈرۈۋەرسەك بىھۇدە ئىشلار چىقىپ قالمىسۇن. مەن ئەتە ھەجەر بىلەن سۆزلىشىپ كېلەي. ھەممە تەييارلىقنى بىز قىلايلى، ھېچقانداق قىز مېلى ئالمايلى، توي مەرىكىسىنىڭ ئىشىنى ھاسان غوجىدار بىلەن قۇشناچىم خەدىچەگە تاپشۇرايلى. ياندىكى مېھمانخانا ئۆيلەردىن بىر ئىككىزىنى تاللاپ سىلەرگە ھۇجرا قىلىپ بېرەيلى، سەل كىچىكرەك بولۇپ قالغۇدەك. بالاڭلار بولغاندا باشقا بىر ئامال قىلارمىز. مەلىھانى ھۇجرىسىدىن چىقىرىۋەتسەك ياخشى بولماس.
— ئاپا، ھەرگىز ئۇنداق قىلغۇچى بولما! سەنمۇ بىلىسەن، مەلىھا ئۇنداق ئاسان گەپكە كىرىدىغانلاردىن ئەمەس. دادام ھۇسام بېگىم بىلەن سۆزلەشتىمۇ؟ ئۇ نېمە دەپتۇ؟
— سۆزلىشىپتۇ. ئۇ نېمە دەيتتى؟ كۆڭلى يېرىم بوپتۇ شۇ. «تاھسىندىن باشقا ئادەم بولغان بولسا، قايتا ئۆيلىنىشكە بۇنداق ئۇزاق ساقلىمايتتى. بىز قانداقمۇ قىلالايتتۇق؟ ئۆرپ ـ ئادەت شۇنداق تۇرسا. ئەگەر قىزىمىنىڭ بۇ ئۆيگە قايتىپ كەلگۈسى بولسا، ئىشىكىمىز ئۇنىڭغا مەڭگۈ ئوچۇق. ئەگەردە ئۇ تاھسىننىڭ توقال ئېلىشىغا قوشۇلمەن، مەنمۇ مۇشۇ يەردە تۇرىۋېرىمەن، دېسە، ئۇنىڭغىمۇ مەيلى» دەپتۇ.
— دادام بىلەن سۆزلىشىپ باقاي، مەلىھانى ئايرىلىشقا قايىل قىلىش ئۈچۈن، دادام ھۇسام بېگىم بىلەن يەنە بىر قېتىم سۆزلىشىپ باقسا دەيمەن. سىنىڭچە قانداق؟
— يەنە بىر قېتىم سۆزلىشىپ بېقىشنى مەن داداڭغا دەي، ئەمما مېنىڭچە بۇنىڭدىن چوڭ ئۈمىد كۈتمە. ئۇ ئايرىلىشقا قوشۇلغان تەقدىردىمۇ، قەستەن كەينىگە سۈرۈپ ئايرىلمايدۇ. سەن ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ قانچىلىك قارىلىقىنى بىلىسەنغۇ. بۈگۈن

ئەتىگەن ئۇنىڭ سەپراسى ئۆرلەپلا قوپۇپتۇ، ئۆيدىكى بارلىق چىنە ـ قاچا، تەخسە دېگەنلەرنى پۇتۇنلەي چېقىپ كۇكۇم ـ تالقان قىلىۋېتىپتۇ. بىر ئايال خىزمەتكارنى ئۇ بەك قاتتىق ئۇرۇۋېتىپتىكەن، ئۇ خىزمەتكارنى دوختۇرخانىدىن ئادەم چاقىرىپ كېلىپ ئاران ھوشىغا كەلتۇردۇق. ھەي، ئۇنىڭ ئاشۇ يۆلەنچۇكسىز، بىچارە بالىلارنى نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىنى زادىلا بىلەلمىدىم. ئۇ شۇنچىلىك كۆپ ئادەمنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىپ بولدى. بېشىنى يېسۇن، ئىلاھىم.

— ئاپا، ساڭا بىر گەپنى دەي، ئەمما بۇنى باشقا ھېچكىم بىلمىسۇن، مەن ھەجەر ئانىنىڭ قىزى بىلەن بىر كۆرۇشۇپ باقاي دەيمەن.

خانىم ئوغلىغا قاراپلا قالدى:

— نېمىشقا بالام؟ سەھرادا بۇ دېگەن ھېچقانداق قائىدە ـ يوسۇنغا چۇشمەيدىغان گەپ. ئۇ قىزنىڭ تەتۇرلۇكى تۇپەيلىدىن بىز ھەممە ئادەمنىڭ ئاغزىغا چىقىپ قالدۇق. ئەگەر سىلەرنىڭ كۆرۇشىدىغانلىقىڭلارنى باشقىلار بىلىپ قالىدىغان بولسا...

— مەن ئۇنىڭ بىلەن چوقۇم كۆرۇشۇشۇم كېرەك. بۇنى سەن ئورۇنلاشتۇرالمىساڭ، ھەجەر ئانا بىلەن ئۆزۇم سۆزلىشەي.

خانىم ئوغلىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى:

— بولىدۇ بالام، سەن بۇنداق قەتئىي تۇرساڭ، مەن ئەتە ھەجەرگە دەپ باقاي، ئۇنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىغا قاراپ باقايلى.

— ھەجەر ئانا ئىشلارنى ئەتراپلىق ئويلايدۇ، سەن ئۇنىڭغا تاھىسىن قىزىڭدىن بىرنەچچە مەسىلىنى سورايدىكەن، دېگىن.

— ئۇنىڭدىن نېمىلەرنى سورايدىغانلىقىڭنى بىلگۇم بار، دەپ باقە ئوغلۇم.

— مەن ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ بولغاندىن كېيىن ساڭا دەپ بېرەي.

بۇ چاغدا ھويلىدىكى باغدىن مەلىھانىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ ئەمدى ئات باقار ھىكمەتنى تىللاۋاتاتتى، قارىغاندا

بایا ئۇ ئات مىنىپ سىرتقا چىققان چېغى، ئات ھېرىپ تەرلەپ كەتكەنىدى. ئۇ ئۆز ھۇجرىسىغا كىرىپ ئىشىكنى گۈپپىدە يېپىۋالدى. تاھىسىن ئۆز ئۆيىگە كىرمەي، ئۇدۇل دادىسىنىڭ يېنىغا كىردى.

ئۆمەر بەگ ئادىتى بويىچە ئەمدىلا چۈشلۈك ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ، قەھۋە ئىچىپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئوغلىنى كۆرۈپ قەۋەتلا خۇش بولۇپ كەتتى:

— سېنىڭ بۇنداق تېز قايتىپ كېلىدىغانلىقىڭنى ئويلىماپتىمەن. كەلگىنىڭ بەك ئوبدان بوپتۇ. ئاپاڭ سېنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈۋاتاتتى. «ناۋادا ئوغلۇم چەت ئەلدىن كېلەلمەي قالسا قانداق قىلارمەن» دەپ ئەنسىرەپلا كەتكەنىدى. قېنى ئولتۇرۇپ، ماڭا چەت ئەلنىڭ قانداقلىقىنى سۆزلەپ بەرگىنە. راست، بىنانى سېتىۋالغانسەن؟ قېنى سۆزلىگىنە ئوغلۇم.

— بىنانىڭ ئىشى تۈگىدى. راستىنى ئېيتسام، ئىشلارنىڭ بۇنداق تېز ھەل بولۇپ كېتىشىنى ئويلىمىغانىدىم. سىلى بەلكىم بۇنىڭغا ئىشەنمەسلىكلىرى مۇمكىن. ھەممە ئىشلار ناھايىتى ئوڭاي ھەل بولۇپ كەتتى.

— باھاسى ئەرزان بولدىمۇ ياكى سەن باشقا يەردىن قەرز ئالدىڭمۇ؟

تاھىسىن سەل دۇدۇقلاپ قالدى:

— ئاغىنىلىرىم ئازراق ياردەم قىلدى. يەنە بىر قىسىم ئۆي پۇلىنى 6 ـ ئايدا تۆلەپ بولىمەن.

— ئوغلۇم، ئۆزۈڭنى نېمانداق قىينايدىغانسەن؟ مەن ساڭا دېگەنغۇ، پۇل كېرەك بولسا دەۋەرگىن دەپ.

— دادا، رەھمەت سىلىگە، مەن ئۈچۈن سىلى نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىپ بەردىلە. سىلىنىڭ يۈكلىرىنى يەنە ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىشنى خالىمىدىم. ئەمدى مېنىڭمۇ ئىشلارنى ئۆزۈم ھەل قىلىدىغان ۋاقتىم بولدى.

— يۈك دېگەن نېمە گەپ؟ بۇنداق گېپىڭنى ئاڭلىغۇم يوق.

مېنىڭ بىردىنبىر ئوغلۇم قانداقمۇ ماڭا يوك بولسۇن؟ بۇ نەنىڭ گېپى؟ سەن شۇنداق ئويلامسەن؟

— ئۇنداق ئەمەس دادا، مەن ئۆزۈمنىڭ ئىقتىدارىنى سىناپ باقماقچى، سىلى دائىم ئەركەك دېگەن ئۆز كۈچىگە تايىنىشى كېرەك، دەيتتىلىغۇ. مەن ئەزەلدىن سىلىنى ئۆزۈمگە ئۈلگە قىلىپ تىرىشىپ كەلدىم.

— گېپىڭغۇ ئورۇنلۇق ئوغلۇم، تەييارغا ھەييار بولۇشنىڭ پايدىسى يوق. سېنىڭچە قانداق قىلىش مۇۋاپىق بولسا شۇنداق قىلغىن. ئەمما، بايامقىدەك گېپىڭنى ئاڭلىغۇم يوق. بىلگىنكى، مېنىڭ پۇلۇم سېنىڭ پۇلۇڭ.

— شۇنداق دادا، خۇدايىم ئۆمۈرلىرىنى ئۇزۇن قىلغاي، سىلىنىڭ ئورۇنلىرىنى ھېچكىم باسالمايدۇ.

بۇ گەپ بىلەن ئۆمەر بېگىمنىڭ كۆزلىرى نەمدەلدى. نېمىدېگەن ئوبدان بالا ـ ھە! ئەگەر ئۇ يىراققا كەتمەي، ئۆز يېنىدا تۇرغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى ـ ھە! بۇنى دەپ ئۇنى شەھەردە ئوقۇتمىغان بولسا بولاتتىمۇ؟ تاھسىنىنىڭ كۆپ ۋاقتى شەھەردە ئۆتتى، بولۇپمۇ ئىشقا كىرىشىپ، ئۆز ئەمگىكى بىلەن ياشايدىغان بولغاندىن كېيىن قورۇققا كېلىدىغان ۋاقتى ئازىيىپ كەتتى. ئەمما، ئۇ ۋاقتى بولسىلا كېلىپ تۇراتتى. ئەگەر مەلىھا بۇنداق تەتۈر بولمىغان بولسا، بەلكىم ئۇ ئۆيدە ئۇزاقراق تۇرغان بولغىيدى، مەلىھا تولا كوتۇلداپ ئۇنىڭغا ئارام بەرمىدى. ئۆزىنىڭ ياش ۋاقتىدا ئۆتكۈزۈپ قويغان خاتالىقىنىڭ دەردىنى مانا ئەمدى پۈتۈن ئائىلىدىكىلەر تارتىۋاتاتتى. تاھسىنىنىڭ قايتا ئۆيلىنىشىمۇ مەسىلىنى تۈپتىن ھەل قىلىدىغان چارە ئەمەس. ئەكسىچە، مەلىھانى تېخىمۇ بىشەملەشتۈرۈۋېتىشى مۇمكىن، ئۇ چوقۇم يېڭى كېلىنچەككە ئارام بەرمەيدۇ. بېگىم بالىلارنىڭ ئاپىسى تاپقان قىزغىمۇ بەك چوڭ ئۈمىد باغلاپ كەتمەيتتى، چۈنكى يېقىندىن بۇيان بېگىم نۇرغۇن ئەپقاچتى گەپلەرنى ئاڭلىدى. ئۇنىڭ بۇ زادى نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلگۈسى

كەلگەنىدى.

«بۈگۈن ئاخشام بالىلارنىڭ ئاپىسىدىن بۇنىڭ زادى نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ئوبدان سوراپ باقاي» دەپ ئويلىدى ئۆمەر بەگ.

تاھسىننىڭ گېپى ئۇنى خىيال ئىلكىدىن ئويغاتتى.

ـــ نېمە بولدىلا دادا؟ نېمىنى ئويلاپ قالدىلا؟

ـــ سېنىڭ توي ئىشىڭنى ئويلاۋاتىمەن.

ـــ ئاپام ئەتە ھەجەر ئانا بىلەن توي كۈنىنى بېكىتىپ كېلىدىكەن. ئۇ سەن شەھەرگە كېتىشتىن بۇرۇن توينى قىلىۋېتەيلى، دەيدۇ. مەن سىلىگە بۇ ئىشنى دېمەكچىدىم. سىلىنى ھۇسام بېگىم بىلەن يەنە بىر قېتىم قىزىنى ئايرىلىشقا كۆندۈرۈش توغرىسىدا سۆزلىشىپ باقامدىكىن دېگەنىدىم.

ـــ ھۇسام بېگىم غەرەز ئۇقمىدىغان ئادەم. ئۇ چوقۇم قوشۇلىدۇ، ئەمما مەلىھا قوشۇلامدىكىن دەيمەن. خوتۇنۇڭنىڭ مىجەزىنى ئۆزۈڭمۇ ئوبدان بىلىسەن.

ـــ مېنىڭچە ئۈمىد چوڭ ئەمەس، شۇنداق بولسىمۇ سىناپ باقايلى دەيمەن. بەلكىم دادىسى ئۇنى قايىل قىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

ـــ بولىدۇ، مەن ھۇسامغا ئادەم ئەۋەتىپ خەۋەر قىلاي، ئۇنىڭ بىلەن ئەتە بازاردا كۆرۈشەيلى. ئۇ نېمە دەركىن ئاڭلاپ باقمامدۇق.

تاھسىن دادىسىنىڭ يېنىدىن چىقىپ ئۇدۇل ئاتخانىغا كەلدى. ئۇنىڭ ئۆيىگە قايتقۇسى يوق ئىدى. ئۇ مەلىھادىن بارغانچە سوۋۇپ كېتىۋاتاتتى. كىم بىلىدۇ، ئۇ قىز تاھسىن ئۈچۈن يېڭى باشلىنىش بولۇپ قالامدۇ تېخى! تاھسىن ئۇ قىز بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن مەلىھا بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى قانداق داۋاملاشتۇرىدۇ؟ ئۇ بۇ مەسىلىنى يول بويى ئويلاپ كەلدى، ئەمما بىرەر ئوبدان چارە تاپالمىدى. «ئادەم باشقا كەلگەندە باتۇر» دەيدىغان گەپ بار دەپ ئويلىدى ئۇ. ئاتخانىدا ھىكمەت ئاتلارغا يەم بېرىۋاتاتتى. ئۇ ھەقىقەتەن ئاتنى ئوبدان باقىدىكەن جۇمۇ!

گەرچە هاسان غوجدار ئۇنى ياقتۇرمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدىن ئوبدان ئات باقارنى نەدىن تاپقۇلۇق؟ ھىكمەت ئاتخانىغا كەلگەندىن بۇيان، ئاتلار ئوبدان بېقىلىپ جانلىنىپ قالغانىدى.

تاھسىنىنىڭ كىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ھىكمەت دەرھال ئاتخانىدىن چىقتى.

— تىنچلىقمۇ بايۋەچچە، بىرەر تاپشۇرۇقىڭىز بارمىدى؟ قارا ئايغىرنى تەييارلاپ بېرەيمۇ؟

— بولدى ھىكمەت، مەن ئۆزۈم ئايلىنىپ، ئاتلارنى كۆرۈپ باقاي دەپ كەلدىم. قانداق، بۇ يىللىق يېڭى قۇلۇن بارمۇ؟

— بار، ئالتاغىل بىلەن قارا بۇرۇن قۇلۇنلىدى. كۆرۈپ باقامسىز؟

— كۆرۈپ باقاي.

ئۇلار قۇلۇنىنىڭ يېنىغا كەلدى. كىچىك تاينى كۆرۈپ تاھسىنىنىڭ كۆڭلى ئېچىلىپ قالدى. تاي بەك ئوماق ئىدى. ھازىرلا ئۇنىڭ بىر ـ ئىككى يىلدىن كېيىن پۇلغا يارايدىغان ئوبدان مال بولىدىغانلىقى كۆرۈنۈپلا تۇراتتى. ئۇلار ئاتخانىنىڭ ھەممە يېرىنى ئايلاندى، تاھسىن ئاتلارنى بىر ـ بىرلەپ كۆرۈپ چىقتى. ئاتلار ئوبدان بېقىلغان ھەم پاكىز، ئاتخانىنىڭ ئىچىمۇ رەتلىك ئىدى. ئۇ ھىكمەتنىڭ ئىشىدىن رازى بولدى. «هاسان تاغامنىڭ ئۇنى نېمىشقا ياقتۇرمايدىغانلىقىنى زادىلا بىلەلمىدىم. بىز بىلمەيدىغان بىرەر ئىش بارمىدۇ يا؟» تاھسىن شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

— ساڭا كۆپ تەشەككۈر ھىكمەت، ئاتلارنى ئوبدان بېقىپسەن.

— ئاشۇرۇۋەتتىڭىز بايۋەچچە، بۇ دېگەن بىزنىڭ قىلىدىغان ئىشىمىز تۇرسا.

— بولىدۇ، خەير ـ خوش.

تاھسىن خالىمىغان ھالدا ئۆزىنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. يېڭى توي قىلغان چاغلاردا ئۇ بىرنېمىلەرنى قىلىپ ئۆتكەنىدى.

ئەمما، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، ئۇ مەلىھا بىلەن بىللە ئۆتۈشنىڭ تەسلىكىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇمۇ مەلىھانىڭ ئۆزىنى پەقەتلا ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى سەزدى. ئىككىسى يالغۇز قالغان چاغدا سۆزلىشىدىغان گەپ تاپالماي قالاتتى. ئۇزاقتىن بۇيان مەلىھا تاھىسىنىنى بالا تاپىدىغان قورال قاتارىدا كۆرۈپ كەلدى، ئۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭدا تاھىسىنغا نىسبەتەن ھېچقانداق قىزىقىش، ھېسسىيات دېگەن نەرسە يوق ئىدى. بۇنداق ئەھۋالدا، ئەگەر باشقا ئادەم بولغان بولسا ئاللىقاچان كۆڭۈل ئاچقىلى شەھەرگە كەتكەن بولاتتى، ئۇنىڭغا باشقىلارمۇ بىرنېمە دېيەلمىگەن بولاتتى. ئەمما، تاھىسىنىنىڭ ئۇنداق قىلغۇسى كەلمىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىناق بىر ئائىلىسى، ئۆزى بىلەن ھۇزۇر ـ ھالاۋەتتە، جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولىدىغان خوتۇنى، يەنە بىرنەچچە بالىسى بولۇشىنى شۇ قەدەر ئارزۇ قىلاتتى. ئۇ بۇ ئويلىرىنى ئەتە ئايسۇنغا دېمەكچى، ئۇنىڭ بۇ جەھەتتە قانداق ئويلايدىغانلىقىنى بىلمەكچى بولدى. ئەگەر ئۇنىڭ يەنە ئوقۇغۇسى بولسا، ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا ياردەم قىلاتتى. ئەتە ئۇلار قانداقراق سۆزلىشەر؟ بۇ ئادەمنى ھەقىقەتەن جىددىيلەشتۈرىدىغان ئىش ئىدى.

ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرغان ئايسۇن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي ئۆي ئىچىدە ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى. ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە: «ئۇ مەن بىلەن سۆزلەشمەكچىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئايرىم سۆزلىشىدىكەن، ئارىمىزدا سۆزلىشىدىغان نېمە گەپ بار ئىدى؟» دەيتتى. تاھىسىنىڭ بۇ تەلىپىنى ئاڭلىغان چاغدا، ھەجەرمۇ نېمە سۆزلىشىدىغانلىقىنى بىلەلمەي قالدى.

«ۋاي تووۋا، ئۇنىڭ ئايسۇن بىلەن سۆزلىشىدىغان نېمە گېپى باردۇ؟» ھەجەر دەسلەپتە ئۇلارنىڭ كۆرۈشۈشىگە قوشۇلمىدى، ئەمما چوڭ خانىمنىڭ قايتا ـ قايتا يالۋۇرۇشى بىلەن ئاخىر قوشۇلدى. چۈشكە يېقىن تاھىسىن ئاتلىق كەلدى. ھەجەر ئۇنى دەرۋازا ئالدىدا كۈتۈۋالدى.

— خۇش كەلدىڭ، تاھسىن بالام.

تاھسىن ھەجەر ئانىنىڭ ئاۋازىدىنلا ئۇنىڭدا بىر خىل جىددىيلىك ۋە ئىسەنگىرەش ئالامەتلىرىنى بايقىدى.

— تىنچلىقمۇ ھەجەر ئانا، خاتىرجەم بولۇڭ، مەن قىزىڭىزنى ئەپقېچىپ كەتمەيمەن، مېنىڭ گەپلىرىم ئۇن مىنۇتتىلا تۈگەيدۇ.

ھەجەر زورغا كۈلۈپ قويدى.

— ئايسۇن ئۆيدە، قېنى كىرگىن. مەن ھويلىدا تۇرۇپ تۇرىمەن بالام، قوشنىلارنىڭ كۆزى مۇشۇ ياقتا. ئادەم يوق چاغدا تېز كىرىپ كەتكىن. سىلەرنىڭ زادى نېمىنى سۆزلىشىدىغانلىقىڭلارغا قاراپ باقاي.

تاھسىن ئۇدۇل مېھمانخانىغا كىردى. ئۆي ئىچى بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا پاك - پاكىز، رەتلىك ئىدى. ئايسۇن دېرىزە ئالدىدا تاھسىننى ساقلىغاچ، قىلىدىغان ئىش يوق، قولىدىكى ياستۇق قېپىنى قاتلاپ، تۈزەپ تۇراتتى. ئۇ بېشىغا ئەتراپىغا چىلتەك تۇتۇلغان بىر ياغلىقنى چىگىۋالغان، سۇس قوڭۇر سۇمبۇل چېچىنى بىر تال ئۆرۈۋالغانىدى. ئۇنىڭ پۈتىدىكى ساپما كەشى بىلەن ئۇچىسىدىكى كۆڭلىكى بەكمۇ كونىراپ كەتكەنىدى، ئەمما ئۇلار ئايسۇننىڭ زىلۋا بەستىگە خويمۇ ياراشقانىدى. تاھسىن ئىشىكنى ياپايمۇ ياپمايمۇ، دەپ بىردەم ئارىسالدى بولۇپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن يەنىلا ئىشىكنى يېپىپ قويدى ۋە ئۇزۇن سافانىڭ تام تەرىپىگە بېرىپ ئولتۇردى. ئايسۇن يەنىلا تۇرغان يېرىدە قولىدىكى ياستۇق قېپىنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ تۇراتتى. ئىككىسى گەپمۇ قىلماي، بىرپەس جىم تۇرۇشتى. ئەمەلىيەتتە تاھسىن تۈنۈگۈن ئاخشامدىن بۇيان نېمە دېيىشىنى، ھەتتا ئايسۇن نېمە دەپ جاۋاب بېرەر دېگەنلەرنىمۇ ئويلاپ چىققانىدى. ئەمما، ھازىر ئۇ گەپنى قانداق باشلاشنى بىلەلمەي قالدى. گەپنى باش - ئايىغى يوقلا: «سىزنىڭ كۆڭلىڭىزدە ئادىمىڭىز بارمۇ؟» دەپ سورىسا بولماس. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، بىر چاغدا تاھسىن ئايسۇننىڭ يەنىلا شۇ يەردە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ:

— سىزمۇ ئولتۇرۇڭ ! — دېدى.
— ...
— سىز مۇشۇنداق تۇرىۋەرمەكچىمۇ؟
— ...
— مەن سىز بىلەن بىر سۆزلىشەي دەپ كەلگەنىدىم. سىز گەپمۇ قىلماي بۇنداق تۇرىۋەرسىڭىز ھەر ئىككىمىزگە ئەپسىز بولۇپ قالىدىكەن. مەن سىز بىلەن سۆزلەشكىلى، سىزنىڭ ئويلىغانلىرىڭىزنى ئاڭلىغىلى كەلدىم. مېنىڭ ھېچقانداق يامان غەرىزىم يوق، شۇنداقلا سىزنىڭ بۇ سۆھبەتنى باشقىلارغا ئېيتماسلىقىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇ دېگەن ئىككىمىزنىڭ ئىشى، بۇنى باشقىلارنىڭ بىلىشى ھاجەتسىز.
شۇنداق قىلىپ سۆھبەت باشلانغان بولدى. ئايسۇن خالىمىغان ھالدا سافانىڭ يەنە بىر بېشىغا كېلىپ ئولتۇردى. شۇنىڭ بىلەن تاھسىن توختىماي سۆزلەپ كەتتى:
— سىزمۇ بىلىسىز، مەنمۇ ئەسلىدە بۇ توي ئىشىغا قوشۇلمىغانىدىم. مەن دەسلەپتىلا قايىتا ئۆيلىنىشكە قوشۇلمىغان. ئەمما، مەن بىر قورۇق غوجايىنىنىڭ ئوغلى تۇرۇپ، ئەنئەنىمىز بىلەن قارشىلاشسام بولمايدىكەن. ئەگەر مەن بۇ يەردە ياشايدىكەنمەن، چوقۇم بۇ يەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە بويسۇنۇشۇم كېرەك ئىكەن، مەن مۇشۇ يەردە تۇغۇلغان، مۇشۇ يەردە چوڭ بولغان، بۇ زېمىننى چىن دىلىمدىن ياخشى كۆرىمەن. سىز مېنىڭ شەھەردە ياشاپ بۇ يەرنى نەقەدەر سېغىنىدىغانلىقىمنى تەسەۋۋۇر قىلالمايسىز. ئادەمنىڭ پەقەت ئۆز يۇرتىدىلا كۆڭلى ئەمىن تاپىدىكەن. سىز بىلگەندەك، مېنىڭ بۇرۇنقى نىكاھ تۇرمۇشۇم تولىمۇ بەختسىزلىك ئىچىدە ئۆتتى. بۇ ھەرگىزمۇ مېنىڭ مەلىھا بىلەن بالىمىزنىڭ يوقلۇقىدىن ئەمەس، بەلكى بىزنىڭ ئورتاق سۆزىمىزنىڭ بولماسلىقىدىن بولدى. بىز ئاتا - ئانىمىزنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن توي قىلغان. بەلكىم سىز: «ئۆزۈڭنىڭ شۇنچە كۆپ خاپىلىقلىرىڭ تۇرۇپ، يەنە

نېمىشقا قايتا توي قىلىپ ئۆزۈڭگە ئاۋارىچىلىك تاپىسەن؟» دەپ سورىشىڭىز مۇمكىن. مېنىڭ بۇنىڭدىن باشقا ئامالىم يوق. مېنىڭ كىم بىلەن توي قىلىشىم ئەتراپىمدىكى ئادەملەر ئۈچۈن ھېچقانچە مۇھىم ئەمەس، ئەمما مەن ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. بۇ قېتىم مەن بىللە ھايات كەچۈرىدىغان مەھبۇبەمنى ئۆزۈم تاللاي دېدىم. سىز بىلەن سۆزلىشەي دېگىنىممۇ مۇشۇ ۋەجىدىن. بىز چوقۇم بىر - بىرىمىزگە سەمىمىي بولۇشىمىز كېرەك. مېنىڭ ئالدى بىلەن بىلمەكچى بولغىنىم، سىزنىڭ كەنتتە كۆڭلىڭىزدىكى ئادىمىڭىز بارمۇ؟

ئايسۇن بېشىنى كۆتۈرۈپ، تاھسىنغا گۇمانسىراش بىلەن قارىدى:

— كۆڭلىڭىزدىكى ئادەم دېگەن نېمە؟ — بۇ ئايسۇننىڭ تۇنجى قىلغان سۆزى ئىدى.

— كەنتتە سىز بىلەن چىقىشالايدىغان ھەمدە سىز توي قىلىشنى ئويلىغان ئادىمىڭىزچۇ! ئەگەر بولسا ماڭا دەڭ. مەن ھەرگىز باشقىلارغا دەپ قويمايمەن. توي قىلىپ بولۇپ ئىككىمىز ئوخشاشلا بەختسىز بولۇپ قالغۇچە، ھازىرلا بۇ گەپلەرنى ئېنىق دېگىنىمىز تۈزۈك. ئەگەر شۇنداق بولسا، مەن بىرەر باھانە تېپىپ، ئاپامنى بۇ توينى قالدۇرۇۋېتىشكە كۆندۈرىمەن. شۇنداقلا بۈگۈنكى بۇ گەپلىرىمىزنىمۇ ھېچكىمگە تىنمايمەن.

تاھسىننىڭ سۆزلىرى شۇنچىلىك سەمىمىي ئىدىكى، ئايسۇن ئۇنىڭ ھالىمۇ ئۆزىگە ئوخشاش، پەقەتلا ئامالسىزلىقتىن بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. بۇ خىل سېزىم ئۇنى سەل يېنىكلەتكەندەك بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تاھسىننىڭ سوئالىغا قەتئىيلىك بىلەن جاۋاب بەردى:

— يوق. ئەمەلىيەتتە مېنىڭ ھازىر توي قىلغۇم يوق ئىدى. مېنىڭ ئوقۇغۇم، كېيىن ئوقۇتقۇچى بولغۇم بار. ئەمما، ھەجەر ئاپامنىڭ كېسىلىنى سىزمۇ بىلىسىز...

ئايسۇننىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى تىترەك ئىچىدە چىقتى، ئۇ يىغلىۋېتىشكە تاس قالدى. تاھسىن بۇ ھالنى كۆرۈپ، دەرھاللا گەپ باشلاپ كەتتى، چۈنكى ئايسۇن يىغلاپ كەتسە بۇ سۆھبەتنىڭ ئاخىرىنى چىقىرىش مۇمكىن بولماي قالاتتى.

— مەن بىلىمەن. سىز ئايىڭىز ئۆلۈپ كەتسە، ئۆزىڭىزنىڭ يالغۇز قالىدىغانلىقىڭىزنى ئويلاپ تويى قىلىشقا قوشۇلدىڭىز. ئەگەر سىز ئوقۇشنى دەپلا توي قىلىشقا قوشۇلمىغان بولسىڭىز، خاتىرجەم بولۇڭ، مەن سىزنىڭ ئوقۇشنى تاماملىشىڭىزغا ياردەم قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىمەن. مەن سىزنى شەھەرگە ئەكېتىمەن. سىز ئۇ يەردە ئوتتۇرا مەكتەپتە ھەتتا ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇيسىز.

ئايسۇننىڭ كۆزلىرى بىردىنلا نۇرلىنىپ كەتتى، مەڭزىلىرىمۇ قىزارغاندەك بولدى. ھاياجان ئىلكىدە ئۇنىڭ يۈرىكى سوقۇشتىن توختاپ قالىدىغاندەك بولۇۋاتاتتى. ئۇ ئارانلا:

— سىز راستلا شۇنداق قىلامسىز؟ سىز راستلا مېنى ئوقۇشقا ئەۋەتەمسىز؟ قورۇقتىكىلەر نېمە دەيدۇ؟ — دېيەلىدى.

— ئەگەر سىز تىرىشىپ ئوقۇيدىغانلا بولسىڭىز، ھېچكىم بىرنەرسە دېيەلمەيدۇ. ئاتا - ئانام ئوبدان، مېھرىبان ئادەملەر. ئەجەبا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بىر مەلۇماتلىق كېلىنىنىڭ بولۇشىنى خالىماسمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، قورۇقتا ئىشلەيدىغان خىزمەتكار تولا، سىز ئوقۇشقا يېتەرلىك ۋاقىت چىقىرالايسىز. سىز پەقەت ئوقۇسىڭىزلا بولدى، ھېچكىم سىزنى باشقۇرمايدۇ. سىز ئوقۇشتىن توختاپ قالغىلى ئۇزاق بولدى، ئوقۇشنى يەنە باشقىدىن باشلاپ كېتەلەمسىز؟ ئىشەنچىڭىز بارمۇ؟

— ئىشەنچىم بار، بولمىسا مەن نېمىشقا ئوقۇيمەن دەپ چىڭ تۇرىمەن؟

— مېنىڭ بىلمەكچى بولغانلىرىم مۇشۇ ئىشلار. ئەگەر سىز راستلا مۇشۇ ئىش تۈپەيلى توي قىلىشقا قوشۇلمىغان بولسىڭىز، بۇ ئىش ھەل بولغان بولدى. مەكتەپتە دەرس باشلاش بىلەنلا، مەن

ناھىيەلىك ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇدىرى بىلەن سۆزلىشىمەن، كىرەكلىك دەرسلىكلەرنى سېتىۋالىمەن، يىل ئاخىرىدا سىز ئىمتىھانغا قاتنىشالايسىز. سىز تولۇقسىز 2 ـ يىللىقتا توختاپ قالغانغۇ دەيمەن؟ شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق.

— مەن توغرۇلۇق سىزنىڭ بىلمەكچى بولغانلىرىڭىز بارمۇ؟

ئايسۇن گەپ سورايمۇ ـ سورىمايمۇ دېگەندەك بىردەم ئارىسالدى بولۇپ تۇرۇپ قالدى.

— ھە... ھە... ھەممە ئادەم خوتۇنىڭىز بىلەن سىڭلىڭىزنى بەك ئازازۇل دەيدىكەن. ئۇلار راستلا شۇنداق يامانمۇ؟

تاھسىن بۇ گەپكە دەماللىققا قانداق جاۋاب بېرىشىنى بىلەلمەي قالدى. ئۇ بىردەم تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن جاۋاب بەردى:

— سىزگە كىم نېمە دېگەنلىكىنى بىلمەيمەن، ئۇلار سەل ئاشۇرۇۋەتكەندەك قىلىدۇ. ئەمما، ئۇلار ھەقىقەتەن پەرىشتە ئەمەس. مەن سىز بىلەن ئاتا ـ ئانام ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق ئىش يۈز بەرمەيدىغانلىقىغا كاپالەت بېرەلەيمەن. نازلى بىلەن مەلىھا توغرىسىدا مەن بۇنداق كاپالەت بېرەلمەيمەن. ئۇلار چوقۇم سىزگە ھەسەتخورلۇق قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ نېمە قىلىدىغانلىقىغا ھازىر بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ. شۇڭا، سىز ئۇلار بىلەن بەك كۆپ ئارىلىشىپ كەتمەڭ، سىز ئۇلار بىلەن قانچە ئاز ئارىلاشسىڭىز، شۇنچە بىخەتەر بولىدۇ. ۋاقىت ئۆزارغانسېرى سىزمۇ ئۆزىڭىزنى قانداق قوغداشنى بىلىۋالىسىز. ئەلۋەتتە، مەنمۇ سىزنى قوغدايمەن، چۈنكى مەن ھەجەر ئانامغا كاپالەت بەرگەنمەن. سىزنىڭ يەنە نېمىلەرنى بىلگۈڭىز بار؟

— سىز شەھەردە نېمە قىلىسىز؟ يەنە ئوقۇۋاتامسىز؟

— ياق، مېنىڭ ئوقۇش پۈتكۈزگىنىمگە ئۈچ يىل بولدى. مەن مەخسۇس كۆن ـ خۇرۇم ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىش بىرلەشتۇرۇلگەن زاۋۇت قۇرغان.

— بىزنىڭ بۇ يەردىكى تېرىلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەمسىلەر؟ ئۇلارنى ئىشلەپ چىقىپ نېمە قىلىسىلەر؟

ئايسۇنىنىڭ بۇ ئىشلارغا بۇنداق قىزىققانلىقىغا تاھسىن ئىختىيارسىز خۇشال بولدى. شۇ خۇشاللىقىدا ئۇنىڭغا تېرىنى قانداق ئاشلاش، ئىشلەپ چىققان خۇرۇملارنى كىمگە ساتىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ بۇ خۇرۇملاردىن ئاياغ، سومكا، كىيىم ـ كېچەكلەرنى تىكىپ چىقىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ پىلانىنى ئايسۇنغا سۆزلەپ بەردى. ئايسۇن ئۇنىڭ ئويلىغىنىدىنمۇ ئەقىللىك ئىدى، تاھسىننىڭ سۆزلىرىنى شۇنداق بېرىلىپ ئاڭلىدى، چۈشەنمىگەن يەرلىرىنى ئۇنىڭدىن سورىدى.

— مەن سىزنى شەھەرگە ئويناتقىلى ئاپىرىمەن، ئەگەر خالىسىڭىز زاۋۇتقا ۋە كىيىم تىكىش سېخىغا ئاپىرىمەن.

— مېنى راستلا ئاپىرامسىز؟

— ئەلۋەتتە، نېمىشقا ئاپارمىغۇدەكمەن؟ سىز ماڭا ياتلىق بولىسىز ئەمەسمۇ؟

ئايسۇننىڭ چىرايىدىكى خۇشاللىق، روھلىنىش بىردىنلا يوقالدى، ئۇنىڭ ئاشۇ چىرايلىق كۆزلىرىدە مەيۈسلىك يەنە ئەكس ئەتتى. ئۇ بۈگۈن ئويلاپمۇ باقمىغان ئىشلارنى ئاڭلىدى. «ئۇ راستلا دېگىنىدەك قىلارمۇ؟ قارىماققا ئۇ يالغانچى ئادەمدەك كۆرۈنمەيدۇ.»

تاھسىن ئورنىدىن تۇردى. ئۇلارنىڭ سۆزلەشكەن ۋاقتى ئۇنىڭ ئويلىغان ۋاقتىدىن ئۆزىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ يانچۇقىدىن بىر قول سائەتنى چىقاردى. ئۇ ئەنگلىيەدىن سېتىۋالغان داڭلىق ماركىدىكى بۇ ئايالچە سائەتنىڭ بېغى ئالتۇندىن ياسالغان، ئۈستىدە ئالماس كۆزلىرى بار ئىدى.

— توي مۇراسىمىدىن بۇرۇن بىز يەنە كۆرۈشەلمەيمىز، مەن بۇنى ياۋروپادىن سىزگە ئاتاپ سېتىۋالغان، قوبۇل قىلىڭ. چاي ئىچۈرۈش سوۋغىتى بولسۇن.

ئايسۇن مۇشۇ ياشقا كىرگۈچە بىرەرىنىڭ سوۋغىتىنى ئېلىپ باقمىغانىدى. شۇڭا ئۇ چىرايلىق سائەت قۇتىسىنى تۇتقان پېتى ئارىسالدى بولۇپ، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى، ئاخىر ئارانلا:

— تەشەككۇر، — دېيەلىدى.

ھەجەر ئانا ھويلىدا مەقسەتسىزلا ئۇيان - بۇيان مېڭىپ يۈرەتتى، ئۇنىڭ پۇتۇن ئەس - يادى ئۆيدە بولغاچقا، قولى ئىشقا بارمىدى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇلارنىڭ ئايرىم كۆرۈشۈشىگە قوشۇلغانلىقىغا پۇشايمان قىلىۋاتاتتى. بەلكىم بۇ ئىش بۇ كونىچە كەنتكە ئاز - تولا يېڭىلىق ئېلىپ كېلەر. ئەمما، نېمىلا دېگەنبىلەن بۇ شەھەر ئەمەس - دە! ئاھ، خۇدا، قوشنىلار كۆرۈپ قالمىغاي، ھەجەر ئانا شۇنداق ئويلاپ ئىختىيارسىز دۇئا قىلدى. ئەمەلىيەتتە كەنتتە نۇرغۇن بايلارنىڭ رەسمدە بولۇپ قالغان قىزلىرى بار ئىدى، شۇڭا كىشىلەر چوڭ خانىمنىڭ نېمىشقا ئۆزىنىڭ بىردىنبىر ئوغلىغا نەدىن كەلگەنلىكىنى بىلىپ بولمايدىغان بىر ياقا يۇرتلۇقنىڭ قىزىنى ئېلىپ بەرمەكچى بولغانلىقىنى زادىلا چۈشىنەلمەي قېلىشقانىدى. ھەسەتخورلۇقتىن بولسا كېرەك، بەزىلەر ھەتتا ئۇلار بىلەن بولغان باردى - كەلدىنى ئازايتقانىدى. ھەجەرنىڭ ئۆينىڭ ئىچىدە بولۇۋاتقان ئىشلارنى بەك بىلگۈسى بار ئىدى، ئۇ ھەتتا دېرىزە ئالدىغا ئاستا كېلىپ، ئۆي ئىچىگە يوشۇرۇن قاراپمۇ باقتى. ئۇ قىز - يىگىتنىڭ ئۇزۇن سافانىڭ ئىككى بېشىدا ئولتۇرغانلىقىنى، تاھسىنىنىڭ ھە دەپ سۆزلەۋاتقانلىقىنى كۆردى. دېرىزە ئوچۇق بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغىلى بولمايتتى، كېيىن تاھسىن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئايسۇنغا پارقىراق قەغەزگە ئورالغان قۇتىغا ئوخشاش بىرنەرسىنى بەردى. ھەجەر دەرھال دېرىزىدىن نېرى كېتىپ، قۇدۇقنىڭ يېنىغا بېرىپ، تاھسىن چىقىدىغان ئىشىككە ئارقىسىنى قىلىپ تۇردى. تاھسىن ھويلىغا چىقىپ، ئېتىنى يېشىۋېتىپ، ھەجەرگە:

— خەير ـ خوش ھەجەر ئانا، مەن دەيدىغان گەپلىرىمنى دەپ بولدۇم، قالغان ئىشلارنى سىز بىلەن ئاپامنىڭ مەسلىھەتلىشىپ بىر تەرەپ قىلىشىڭلارغا تاپشۇردۇم، — دېدى.

تاھىسىن شۇنداق دەۋېتىپ ئۆينىڭ ئىشىكىگە قاراپ قويىدى، ئايسۇن ئۆيدىن چىقمىغانىدى. ئۇ ئاتقا مىنىدى ـ دە، ئاتنى چاپتۇرۇپ چىقىپ كەتتى. ھەجەر دەرھال ئۆيگە كىردى. ئايسۇن قولىدا قۇتىنى تۇتقانچە نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تۇراتتى.

— ئۇ ساڭا نېمە بەردى؟

چۆچۈپ كەتكەن ئايسۇننىڭ قولىدىكى قۇتا يەرگە چۈشۈپ كېتىپ، قۇتىنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ، ئىچىدىكى قول سائەت يەرگە چۈشتى. ئۇلار قورقۇپ كېتىشتى. ئىككىسى دەرھال ئېڭىشىپ يەردىن سائەتنى ئالدى. ئايسۇن شۇنچە چاققانلىق قىلغان بولسىمۇ تۇتۇۋالالمىدى، سائەتنىڭ ئەينىكى سۇنۇپ كەتكەنىدى. ئايسۇن جىددىيلىشىپ يەرگە لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى ۋە يىغلاپ كەتتى. ھەجەرنىڭ كۆڭلىمۇ بىرقىسىملا بولۇپ قالدى، چۈنكى ئۇ سائەت مېنىڭ تۈپەيلىمدىن يەرگە چۈشۈپ سۇنۇپ كەتتى، دەپ بىلەتتى.

— يىغلىما قىزىم، بولغۇلۇق بولدى، يىغلىغىنىڭ بىلەنمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ. بازارغا بارغاندا ئۇنىڭ ئەينىكىنى ئالماشتۇرغۇزايلى.

— ئۇ بۇ سائەتنى ياۋروپادىن سېتىۋالدىم، بۇ چاي ئىچۈرۈش سوۋغىسى بولسۇن، دېگەنىدى. مانا ئەمدى ئۇنى بىر قېتىممۇ تاقىماي سۇنۇپ كەتتى.

ھەجەر ئايسۇنغا كۆپ تەسەللى بېرىپ كۆڭلىنى ياسىدى. قارىماققا سائەت ناھايىتى قىممەتتەك قىلاتتى، ئايسۇننىڭ بىئارام بولۇشىمۇ ئورۇنسىز ئەمەس ئىدى. ئەمما، تاھىسىن شۇنچە يىراق يەردىن ئايسۇننى ئويلاپ، ئۇنىڭغا ئاتاپ شۇنچە قىممەت باھالىق سائەتنى سېتىۋالغانىكەن، قارىغاندا ئىشلار ئايسۇننىڭ ئويلىغىنىدىنمۇ ياخشى بولىدىغاندەك تۇراتتى. توي قىلغاندىن

كېيىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بىر ـ بىرىگە نەقەدەر باب كېلىدىغانلىقىنى بىلىپ قالدۇ. «قارىغاندا مېنىڭ قارارىم خاتا بولماپتۇ. ئەمدى مەن ئايسۇندىن ئەندىشە قىلىپ ئولتۇرمايدىغان بولدۇم. يەنە قىرىق يىل ساقلىساقمۇ تاھسىندىن باشقا ئايسۇنغا بۇنداق مۇۋاپىق كېلىدىغان ئەرنى تاپالمىغان بولاتتۇق. بۇنىڭ ھەممىسى تەقدىر ـ پېشانىدىن.» ھەجەرنىڭ ئوڭ يىقىنىدىكى ئاغرىق يەنە كۆچىيىپ كەتتى. ئۇ ئەينىكى سۇنۇپ كەتكەن سائەتنى ئۈستەلگە قويۇپ قويدى ـ دە، ئاشخانىغا دورىسىنى ئالغىلى كىرىپ كەتتى.

توي ۋاقتى يېقىنلاشقانسېرى، قورۇقتىكى كەيپىيات شۇنچە جىددىيلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ھاسان غوجىدار بىلەن ئايالى توي مەرىكىسىدىكى لازىملىق يېمەكلىكلەرگە مەسئۇل بولغان، چوڭ خانىم بولسا ھۆجرا ئۆينى تۈزەش بىلەن ئاۋارە ئىدى. قىزنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىكلىرى كۆپ ئەمەس ئىدى. خانىم ئۆزىنىڭ خاھىشى بويىچە يەنە بىر قىسىم نەرسىلەرنى قوشتى. ئۇنىڭ مەلىھا تۇتۇۋالىدىغان بىرەر سەۋەنلىك قالدۇرغۇسى يوق ئىدى. مەلىھا توي قىلغاندا نۇرغۇن قىز مېلى ئەكەلگەن، ئەتراپتىكى بىرقانچە كەنتتە بىرنەچچە ئايغىچە مۇشۇ توغرۇلۇقلا پاراڭ بولۇشقانىدى. تاھسىن ئۇنداق سۆلەتۋازلىق قىلىشنىڭ قىلچە زۆرۈرىيىتى يوق، دەپ بىلەتتى. ئەمما، ئاپىسى بۇ ئىشقا بەكلا قىزغىن بولغاچقا، ئۇنىڭ رايىنى ياندۇرغۇسى كەلمىدى. نازلى بىلەن مەلىھا بۇ ئىشنى ئاپىسىنىڭ بۇنداق داغدۇغىلىق قىلىۋېتىدىغانلىقىنى پەقەتلا ئويلىمىغانىدى. شۇڭا ئۇلارغا توي مۇراسىمىنىڭ بولۇشىنى كۈتمەكتىن باشقا ئىلاج قالمىدى. ئۇ ئىككىسىنىڭ بۇ تويغا بولغان كۆزقارىشى ئوخشاش بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئۈچۈن ھازىر بۇ تويىنى بۇزۇش ئەسلا مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ئىدى. ئۇلار: «بوپتۇ، يېڭى كېلىنمۇ كېلىپ باقسۇن، شۇ چاغدا قانداق قىلىشنى ئويلىشارمىز» دەپ ئويلايتتى. ئون سەككىز ياشلىق، يۈلەنچۈكسىز بىر قىز ئۇلار

ئۇچۇن ناھايىتى كىچىك بىر ئىش ئىدى.

بۇ ئىشلار ئايسۇنغا ئانچە چوڭ تەسىر كۆرسىتەلمىدى، ئۇ كۆنلىرىنى رەسىم سىزىش ياكى ساندۇقتىن ئالغان تويلۇق نەرسىلەرنى ئايىسغا ياردەملىشىپ يۇيۇش، دەزمال سىلىشتەك ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزمەكتە ئىدى. ئۇ ھازىر گويا ماشىنا ئادەمدەك، نىمىنى قىل دىسە شۇنى قىلىپ، ئۆيلاش ئىقتىدارىنى پۈتۈنلەي يوقاتقاندەك يۈرەتتى. توي ۋاقتى يىقىنلاشقانسىرى ئۇ جىددىيلىشىپ قالدى، بەزىدە ئۇنىڭ ھەتتا بارلىق نەرسىدىن ۋاز كىچىپ، بۇ يەردىن يىراق - يىراقلارغا قىچىپ كەتكۈسى كىلەتتى. چوڭ خانىم نەچچە قىتىم سىلەر ھىچقانداق تەييارلىق قىلماڭلار، دىگەن بولسىمۇ، ئەمما ھەجەر يەنىلا ساندۇقىدىن قىزى ئۇچۇن بۇرۇنلا تەييارلاپ قويغان نەرسىلىرىنى چىقىرىپ رەتلەشكە كىرىشىپ كەتتى. شادلىققا چۆمگەن ھەجەر ناھايىتى روھلۇق كۆرۈنەتتى. ھەجەر ئولتۇرۇپ ئويلاپ، ئايسۇن توي قىلغاندىن كىيىن گەپ - سۆزلەرنىڭ كۆپ بولىدىغانلىقىنى كاللىسىدىن ئۆتكۈزدى، چۈنكى ئادەتتە ئايسۇن ئانچە كۆپ ئىش قىلمىغاچقا، بىلىدىغانلىرى كۆپ ئەمەس، شۇڭا ئۇ قورۇقتا كىلىن بولۇپ كىرگەندىن كىيىن، ئۇنى قولىدىن ھىچ ئىش كەلمەيدىكەن، ھىچ نەرسىنى قاملاشتۇرالمايدىكەن، ھورۇن ئىكەن، دىگەندەك گەپلەرنىڭ چىقىشى ئىنىقلا ئىدى، بەلكىم يەنە ئۇنى ئەيىبلەپ، ئانا بولغان ئادەم قىزىغا ھىچ ئىش ئۆگەتمەپتۇ، دىيىشى مۇمكىن. ئەگەر ئۇ باللىق بولۇپ قالسا، بۇنداق گەپلەرنىڭ كارايىتى چاغلىق. ھەجەر بۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ، كۆڭلى سەل ئارامىغا چۈشكەندەك بولدى. ئۇ تويلۇقلارنى رەتلەۋىتىپ، ئايسۇننىڭ دادىسى قالدۇرۇپ كەتكەن زۇننارنى چىقاردى. بۇ زۇننار غەلىتىلا ئىدى، ھەجەر قولىغا ئىلىپ خىلى ئۇزاق ئۇياق - بۇياققا ئۆرۈپ قاراپ كەتتى. زۇننارنىڭ يان تەرىپىدە كىچىككىنە تۆشۈك بار ئىدى. ھەجەر

بۇنىڭ نېمە تۈشۈك ئىكەنلىكىنى زادىلا بىلەلمىدى. ئوسمان ئايسۇن توي قىلغاندا ئۇنىڭغا بۇ زۇننارنى ئېسىپ قويۇڭلار، دېگەنىدى. مانا ئۇ كۈنمۇ كېلىپ قالدى، ھەجەرنىڭ كۆڭلى ئەنسىزلىكتە قالدى. ئايسۇننىڭ دادىسى ھايات چېغىدا ھەجەر ئۇنىڭغا ئايسۇننى ئۆز قىزىدەك كۆرۈپ، بېقىپ چوڭ قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا سۆز بەرگەن. ناۋادا كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئوسمان يەر ئاستىدىن چىقىپ، ئۇنىڭدىن: «سىز قىزىمنى قورۇق غوجايىنىنىڭ ئوغلىغا كىچىك خوتۇنلۇققا بەردىڭىزما؟» دەپ سوراپ قالسا، ئۇ نېمە دەپ جاۋاب بېرىدۇ؟ بۇلارنى ئويلاپ ھەجەرنى سۈر بېسىپ، قارا تەرگە چۆمۈپ كەتتى. «ئوسمان ئەپەندى، مېنىڭ ۋاقتىممۇ ئاز قالدى، مەن بۇنىڭدىن باشقا ياخشى ئامال تاپالمىدىم، مېنى كەچۈرۈڭ» يۈز - كۆزى ياشلانغان ھەجەر ئۆز - ئۆزىگە شۇنداق دېدى.

يەنە بەش كۈندىن كېيىن يېڭى كېلىن كۆچۈرۈلەتتى. مەلىھا بۇ توينى توسۇشقا ھېچقانداق چارىسىز قالغانىدى، ئۇ كۈنبويى ئۆيدىن چىقماي، كېيىنكى پىلانلىرى ئۈستىدە باش قاتۇرماقتا. ئەتراپتىكىلەر تېخى قانداق ئىش بولغانلىقىنى بىلىپ بولغۇچە، ھەممە تەييارلىق تەخ بولۇپ بولغانىدى. مەلىھا قېيىنئاپىسىنىڭ بۇ ئىشقا بۇنچىۋالا كۆچەپ كېتىدىغانلىقىنى ئەسلا خىيالىغا كەلتۈرمىگەن، ئۇ يەنە قېيىنئاپىسىنىڭ بۇ ئىشلارنى قانداق قىلىپ شۇنچە ئوڭۇشلۇق قىلغانلىقىنى بىلەلمەيلا قالدى. ئۇ ئەنە شۇنداق نادامەت ئىچىدە قالغاندا، نازمىيە پەيدا بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئىشلاردا ئاز - تولا ئۆزگىرىش بولدى. نازمىيەنىڭ چوڭ خانىم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئەزەلدىن ياخشى ئەمەس ئىدى. ئۇ مەلىھانى دېمىسە بۇ قورۇققا قەتئىي ئاياغ باسمايتتى. چوڭ خانىم بىرنەچچە قېتىم تاھسىنغا نازمىيە بىلەن ئارىلاشماسلىق توغرىسىدا مەلىھاغا گەپ قىلىپ قوي دېگەن بولسىمۇ، مەلىھا بۇ گەپلەرنى قېتىغىمۇ ئالماي، خىيالىغا

كەلگەننى قىلىپ يۈردى. شۇنىڭ بىلەن نازمىيە قورۇقتا خالىغانچە كىرىپ ـ چىقالايدىغان بولۇپ قالدى. نازمىيە قورۇققا كېلىپ، ئۇدۇل مەلىھانىڭ ئۆيىگە كىردى:

ــ كۈلۈپ ئولتۇرۇڭە، جاھاندا پەقەت سىزنىڭ ئېرىڭىزلا توقال ئېلىشۋاتمىغاندەك !

تۇيۇقسىز دېيىلگەن بۇ گەپتىن دېرىزە ئالدىدا كەشتە تىككەچ دېرىزىدىن ھىكمەتنىڭ ئاتنىڭ يارىسىنى تېڭىۋاتقىنىغا قاراپ، بەخىراماں ئولتۇرغان مەلىھا داڭ چۆچۈپ كەتتى. مەلىھا قىز ۋاقتىدىن تارتىپلا كەشتىنى بەك چىرايلىق تىكەتتى. ئۇ ئۆزى تىككەن قىز مېلى قاتاردا ئەكەلگەن ياستۇق قېپى، كىرلىك قاتارلىق نەرسىلەر خۇددى ماشىنىدا تىككەندەك شۇنچە سىپتا، شۇنچە چىرايلىق بولغاچقا، ئۇنىڭ قول ھۈنىرىنى كۆرگىلى نۇرغۇن خوتۇن ـ قىزلار كېلىشكەندى. ئۇ ئۆزى تىككەن كەشتىلەرنىڭ بەزىلىرىنى توي قىلغاندىن كېيىن ئىشلەتتى، «ئەگەر قىز تۇغۇپ قالسام، قىزىمنىڭ تويلۇقىغا ئىشلىتەرمەن» دېگەن خىيال بىلەن خېلى نۇرغۇن كەشتىلەرنى ساندۇققا سېلىپ قويغانىدى. قورۇقتا خىزمەتكارلار ۋە چۆرە قىزلار كۆپ بولغاچقا، ئائىلىدىكى خوتۇن ـ قىزلار ۋاقتىنى كەلگەن مېھمان بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇش ياكى قول ئىشلىرىنى قىلىش بىلەن ئۆتكۈزەتتى. مەلىھانىڭ قېيىنئاپىسى قول ئىشىغا ئۇستا بولۇپ، ئۆيىنىڭ ھەممىلا يېرىدە چوڭ خانىم تىككەن كەشتە دېگەندەك نەرسىلەر قويۇلغانىدى.

ــ ھە... سەنمىدىڭ، ئەجەبمۇ چۆچۈتۈۋەتتىڭ !

ــ ئاۋاز چىقىرىپ كىرسەممۇ سەزمىدىڭىزما؟ قارىغاندا بىرەرى ئاستىڭىزدىكى سېلىنچىنى سۇغۇرۇپ كەتسىمۇ سەزمەيدىغان ئوخشايسىز، روھلۇقراق بولۇڭ، يا سىز ئۆلۈمگە كېتىۋاتمىسىڭىز. قارىڭا، مېنىڭ سىزگە دەيدىغان خۇش خەۋىرىم بار.

— چاقچاق قىلمىغىنا، شۇنداق تېت ـ تېت بولۇپ تۇرۇۋاتىمەن. بۇ چاغدا سەن يەنە نېمە قىلالايتتىڭ؟ ئەمىسە مەن قوڭغۇراق ئېسىپ ئۇسسۇلغا چۈشسەم بولامتى؟

نازىمىيە بېشىدىكى ياغلىقىنى شارتلا ئېلىپ سافاغا تاشلىۋىدى، قاپقارا بۇدۇر چاچلىرى يەلكىسىگە يېيىلىپ چۈشتى. گەرچە ئۇ ئوتتۇز ياشتىن ئاشقان بولسىمۇ، ياشلىقىدىكى ھۆسن ـ جامالىنى يوقاتمىغانىدى. ئۇ ناھايىتى ئىشەنچ بىلەن كېلىپ سافاغا ئولتۇردى.

— ۋاي، ئىسسىقتىن ھوشۇمدىن كېتەيلا دېدىم. سىلەرنىڭ قورۇقۇڭلار كەنتتىن بەك يىراق ئىكەن، شۇنچە مېڭىپمۇ كېلەلمەي تۇرسام، تەلىيىمگە يولدا دۇدۇ ھەدەمنىڭ كالا ھارۋىسى ئۇچراپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن سەل ئارام ئېلىپ قالدىم. ئۇ ئېتىزدىن سامان توشۇۋاتقانىكەن، قارىغا ئۇستىبېشىمغا، ھەممە يېرىمگە سامان چاپلىشىپ كەتتى.

— خىزمەتكارلارغا دەپ ساڭا مۇزدەك قېتىق ئەكىرگۈزەي، سالقىنلاپ قالىسەن. نېمە خەۋىرىڭ بار ئىدى؟

— ئازراق دېمىمنى ئېلىۋالاي.

— بوپتۇ، ئازراق دەم ئېلىۋال.

مەلىھا ئۆيدىن چىقىپ، پەستىكى خىزمەتكار قىزغا ۋارقىرىدى:

— مۇزدەك قېتىقتىن بىر چىنە ئاچىقىپ بېرىڭلار، يەنە ئاشپەزدىن سوراپ باق، نان بارمىكىن، ئەگەر نان پىشقان بولسا ئۆيۈمگە ئازراق ئاچىقىپ بەر، تېز بول، ئۇ يەردە ھاڭۋىقىپ يۈرمە.

ئۇ شۇنداق دەپ بولۇپ، ئۆيىگە كىرىپ، نازىمىيەنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇردى.

— قارىغاندا خۇشال ئوخشايسەن، دېگىنە، مەنمۇ خۇشال بولاي.

— كۆسە چاۋۇشنىڭ تۇران دېگەن بىر ئوغلى بار ئىدى. ئېگىز بوي، قارىمۇتۇق يىگىت.
— ھە، توغرا، ئۇ نېمە بوپتۇ؟
— ئۇنىڭ كىمنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى بىلەمسىز؟
— ئۇنى مەن نەدىن بىلەي، مەن يا سەندەك كۈندە ھەممە يەردە لاغايلاپ يۈرمىسەم.
— مەنزە سىزنى دوستۇم دەپ يۈرسەم، سىز مېنى مۇشۇنداق زاڭلىق قىلامسىز؟
— خۇدايىم توۋا، مەن نەدە سېنى زاڭلىق قىلدىم؟ مېنى تولا بىئارام قىلماي، گېپىڭنى تېزرەك قىلە. ئۇ يىگىت كىمنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ؟
— ئورنىڭىزدا چىڭ ئولتۇرۇڭ جۇمۇ. ئۇ ھەجەرنىڭ قىزىنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ ئايسۇنىنىڭ ئەتراپىدا چۆرگۈلەپ كېتەلمەيدىكەن. ئەمما، ئايسۇن ئۇنى پىسەنتىگىمۇ ئالمايدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاپىسىنى ھەجەرنىڭ يېنىغا ئەلچىلىككە ئەۋەتىپتىكەن، ھەجەر قىزىم تېخى كىچىك، يەنە ئوقۇيدۇ، دەپ ئۇلارنى قايتۇرۇۋېتىپتۇ. ئۇ ئايسۇننىڭ قورۇق غوجايىنىنىڭ ئوغلى بىلەن توي قىلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئىچمەي، يېمەي، ئەتراپىنى چۆرگۈلەپ، ئېلىشىپ قالايلا دەپتۇ.
— بۇ قانداقسىغا خۇش خەۋەر بولسۇن؟
— سەۋر قىلىپ تۇرمامسىز، مانا مەن دەۋاتىمەنغۇ، بۈگۈن ئەتىگەن ئۇ يىگىت سىڭلىم شازىيەنى ئىزدەپ كەپتۇ. ئۇ تۇراننىڭ كىچىك ئاپىسى بولىدۇ. ئۇ يىگىت: «ئاتا ـ ئانامدىن ئۈمىد كۈتمەيمەن. كىچىك ئاپا، سەن كىچىك ئاتامغا دەپ باقساڭ، ماڭا ئازراق پۇل قەرز بېرىپ تۇرسا، مەن ئايسۇننى ئەپقېچىپ كېتەتتىم» دەپتۇ. شازىيە: «سەن ئالدىراپ كەتمە، مەن سوراپ باقاي، ئاندىن ساڭا خەۋىرىنى بېرەي» دەپ، ئۇ يىگىتنى يولغا سالىپتۇ. ئاندىن ئۇ بۇ ئىشنى ماڭا ئېيتىپ بەردى. مەن بۇنىڭغا

سىزنى قىزىقىدۇ دەپ، ئۇدۇللا بۇ يەرگە كەلدىم.
مەلىھانىڭ كۆزلىرىدىن غەزەپ چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭدىكى بايامقى سولغۇنلۇق بىردىنلا غايىب بولۇپ، باشقىدىن روھلىنىپ كەتكەندەك بولدى.
— بەك توغرا قىپسەن. بۇ ئىشنى يەنە باشقىلار بىلەمدۇ؟
— هازىرچە پەقەت شازىيە ئىككىمىزلا بىلىمىز.
— بەك ياخشى بولدى. ئۇ بالا نېمە ئالىدىكەن؟
— ئۇ بالا: «ئەگەر پۇلۇم بولسا، ئايسۇننى ئەپقېچىپ بازارغا بارىمەن، ئاندىن شەھەرگە كېتىمەن. بۇ تەرەپلەرگە هەرگىز قايتىپ كەلمەيمەن. بىزنى هېچكىم تاپالمايدۇ» دەپتۇ. سىزمۇ بىلىسىز، ئۇنىڭ دادىسى ئۆتۈپ كەتكەن پىخسىق ئادەم، پۇلغا بەك چىڭ. ئۇنىڭ كىچىك دادىسىنىڭ ئەھۋالىمۇ هەممە ئادەمگە ئايان، كۈننى ئارانلا ئېلىپ كېتىۋاتقان ئادەم. ئۇ بالىغا پۇل قەرز بېرىپ تۇرالايدىغان باشقا ئادەم يوق.
— ئۇنىڭغا قانچىلىك پۇل لازىم ئىكەن، بىلەمسەن؟
— ئون بەش تىزىق تىللا.
— بەك كۆپ پۇلغۇ بۇ.
— ئۇ بۇ پۇل شەھەرگە كىرىپ ئورۇنلىشىپ، خىزمەت تېپىشقىلا يېتىدۇ، دەيدۇ.
ئەمەلىيەتتە، ئۇ يىگىت ئون تىزىق تىللا تەلەپ قىلغانىدى، قوشۇۋالغان بەش تىزىق تىللانىڭ ئۈچ تىزىقىنى نازىمىيە ئۆزى ئالماقچى، ئىككى تىزىقىنى سىڭلىسىغا بېرىپ، ئۇنىڭ ئاغزىنى ياپماقچى بولغانىدى.
— ئۇنىڭ پۇلنى ئالغاندىن كېيىن ئايسۇننى ئەپقېچىپ كېتىدىغانلىقىغا قانداق ئىشىنىمىز؟
— ئۇ ئايسۇننىڭ ئىشقىدا كۆيۈپ ساراڭ بولايلا دەپ قاپتۇ. ئۇ هەتتا: «ئايسۇننى ئەمىرگە ئالماقچى بولغان ئادەم ئالدىدا مېنىڭ جەسىتىمنى دەسسەپ ئۆتسۇن» دېگەنمىش. ئۇ پۇلنى

ئالسىلا بىر مىنۇتمۇ تۇرمايدۇ. سىز ماڭا ئىشىنىڭ.
— ئۇنداق بولسا پۇلنى مەن بېرەي.
— بىلىپ قېلىڭ، بىزنىڭ ۋاقتىمىز بەك قىس جۇمۇ.
— مەن پۇلنى ئۆگۈنلۈككە تەييار قىلىمەن، سەن بېرىپ ئۇ يىگىتكە ئېيت، ئۇ تەييارلىق قىلىپ تۇرسۇن، ئەمما پۇلنى مېنىڭ بەرگىنىمنى ھەرگىز بىلىپ قالمىسۇن. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئاغزىغا ھېزى بولسۇن. ئەگەر بۇ ئىشنى باشقىلارغا بىلدۈرۈپ قويىدىغان بولسا، مەن ئۇنى ئۆلگىلى جاي تاپالمايدىغان قىلىۋېتىمەن. سەن ئۇنىڭغا شۇنداق دە.
— بۇنىڭدىن سىز خاتىرجەم بولۇڭ. بۇ ئىشنى ئۇ باشقىلارغا دېسە، ئۇنىڭغىمۇ پايدىسى يوق - دە. ئۇ چاغدا ئۇ سۆيگىنىنى پەقەت چۈشىدىلا كۆرەلەيدۇ. سىز خاتىرجەم بولۇپ پۇلنى تەييار قىلىڭ، باشقا ئىشلار بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن. مەن دەرھال بېرىپ شازىيەگە دەي، ئۇ بېرىپ ئۇ بالىغا دېسۇن. بولدى، مەن كەتتىم. ئۆگۈنلۈككە ئەتىگەندە مەن پۇلنى ئالغىلى كېلىمەن.
— خەير - خوش نازىمىيە. ئەگەر سەن بۇ ئىشنى ئوبدان بېجىرسەڭ، نېمە دېسەڭ شۇنى بېرىمەن.
— سىز راست شۇنداق قىلالامسىز؟
— سەن ئالدىدا ئىشنى بېجىرگىن، قالغان ئىشلار ئاسان گەپ.

نازىمىيە قورۇقتىن ئالدىراپ كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ ياغلىق ئاغزى ھەر خىل باھانىلەرنى توقۇپ چىقىشى بىلەن، ئۇ مەلىھادىن خېلى جىق پۇل ئۇندۇرۇۋالغانىدى. ئادەتتە جامائەت ئۇنى ئېرى قالدۇرۇپ كەتكەن مىراسقا تايىنىپ كۈن كەچۈرۈۋاتىدۇ، دېيىشەتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئېرى ئۆلگەندە ئۇنىڭغا پۇلنى نەگە يوشۇرغانلىقىنى پەقەتلا دېمىگەنىدى. ئۇنىڭ ئېرىنىڭ ئۆلۈم سەۋەبىدىن ھېچكىم شۈبھىلەنمەيتتى. ساقچىخانىدىكى ساقچىلار شۇ چاغدا ئۇنى سوراق قىلغان، ئەمما

ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمىگەنىدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، كىشىلەرمۇ بۇ ئىشنى ئۇنتۇپ كېتىشتى. ئەمما، نازىمىيە ئېرى يوشۇرۇپ قويغان پۇلنى شۇنچە ئىزدىگەن بولسىمۇ، پەقەتلا تاپالمىدى. ئۇ ئەھمەتنىڭ شۇ پۇلنى كۆزلەپ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلغانىدى. چۈنكى، بۇرۇن بەزىلەر ئەھمەتنىڭ يەر تېرىۋاتقاندا، بىر كومزەكنى تېپىۋالغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشكەن، كېيىن كىشىلەر ئەھمەتتىن بۇ ئىشنى سورىغاندا، ئۇ كومزەكتىكى تاش ئىكەن، دەپ جاۋاب بەرگەن. بۇنىڭغا قاراپ كىشىلەر ئەھمەتنىڭ كېيىن لازىم بولىدۇ، دەپ پۇلنى بىر يەرگە يوشۇرۇپ قويغانلىقىدا گەپ يوق، دەپ پەرەز قىلىشقانىدى. دەل شۇ چاغدا نازىمىيەنىڭ ئۆزىدىن يىگىرمە ياش چوڭ ئېرى كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كېتىپ، ئۇنىڭغا ئۆستەڭ بويىدىكى ئۆي بىلەن بىر گېكتار يەر مىراس قالدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ ئېرىنىڭ خېلى كۆپ پۇلى بولغىنى بىلەن، بالىسى يوق ئىدى. نازىمىيە ئېرىنىڭ ئاكا ـ ئۇكىلىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ يۈرۈپ ئاز ـ تولا بايلىققا ئېرىشتى. پۇلى بار ئەھمەتنى ئۇندەككە كەلتۈرۈش نازىمىيە ئۈچۈن ھېچقانچە ئىش ئەمەس ئىدى. ئۇ ئۇنداق ـ مۇنداق قىلىپ يۈرۈپلا ئەھمەتنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇپ، ئۇنى خوتۇنىدىن ئايرىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن نازىمىيە ئەھمەت بىلەن توي قىلدى. ئەھمەتنىڭ بۇرۇنقى خوتۇنى ئۈچ بالىسىنى ئېلىپ ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە كەتتى ۋە ئۇ يەر ـ بۇ يەرلەردە ئىشلەپ يۈرۈپ بالىلىرىنى باقتى. ئۇ ئۇچرىغانلىكى ئادەمگە نازىمىيە ئەھمەتنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈدى، دەپ يۈردى. ئەمما، بۇنى دەلىللەشكە ھېچقانداق پاكىت يوق ئىدى. ئۇن بەش ياشلىق فۇئات دادىسىنىڭ كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ تۆمۈرچىلىك قىلىپ، ئاپىسىنىڭ ئۆيى بېقىشىغا يار ـ يۆلەك بولدى.

شازىيە ھەدىسىگە ئوخشاش ئۇنداق چىرايلىق ئەمەس، ئورۇق، قارىمۇتۇق، چىرايى قېرىپ پۈرلىشىپ كەتكەن موماينىڭ ئۆزىلا

ئىدى. ئۇ ھەرقانداق ئىشنى ھەدىسى بىلەن مەسلىھەتلەشمەي قىلالمايتتى. ئۇ ھەدىسىدىن ئۆزىنىڭ ئىككى تىزىق تىللا پايدا ئالالايدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، خۇشاللىقىدىن سەكرەپ كەتكىلى تاس قالدى. ئۇ دەرھال بىرىپ تۇراننى تاپتى ـ دە، ئۇنىڭغا ئەھۋالنى ئېيتتى ۋە ھەدەم سىنىڭ پۇل تېپىشىڭغا ياردەم قىلىدىكەن، تېزدىن تەييارلىق قىلىپ تۇر، دېدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، تۇران قەۋەتلا خۇشال بولۇپ كەتتى، خۇشاللىقىدىن ئىشنى نەدىن باشلاشنىمۇ بىلەلمەي قالدى. ئۇ ئالدى بىلەن بازارغا بېرىپ بىر ئات زاكاز قىلدى. ئەمدى ئايسۇنىي ئەپقاچقاندىن كېيىن نەگە بېرىش مەسىلىسى چوڭ مەسىلە ئىدى. ئۇنىڭچە، ئۇ بارىدىغان يەر كىشىلەر خىيالىغا كەلتۈرمىگەن يەر بولۇشى كېرەك ئىدى. نازمىيەنىڭ بۇرۇنقى ئېرىدىن نازمىيەگە ئۆستەڭ ياقىسىدىكى بىر يۇرۇش ئۆي مىراس قالغانىدى. ھەر يىلى يەر تېرىيدىغان ۋاقىتتا نازمىيە شۇ ئۆيگە بېرىپ، بۇرۇنقى ئېرىدىن قالغان يەرنى ئىجارىكەشلەرنىڭ تېرىشىغە بېرەتتى، ھوسۇل يىغىدىغان چاغدا يەنە شۇ يەرگە بېرىپ ئۇلاردىن ئىجارىسىنى يىغىۋالاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا چاغلاردا ئۇ ئۆيلەر بىكار تۇراتتى. ئۇ يەرنى ھېچكىم ئاربلاپ يورمەيتتى. شۇڭا نازمىيە تۇرانغا:

— سەن ئىشلىرىڭنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئۆينىڭ نەدىلىكىنى ئېيتىپ بېرىمەن. سەن بېرىپ كۆرۈپ، ئۆينىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ كەل، — دېدى.

يىگىت بۇ گەپتىن خۇشال بولۇپ، ئۆزىنى يوقىتىپ قويايلا دېدى. ئۇ نازمىيە بىلەن شازىيەنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ، سۆيۈپ كەتتى:

— رەھمەت سىلەرگە، رەھمەت! بۇ ياخشىلىقىڭلارنى ھامان بىر كۈنى قايتۇرىمەن.

ئۇ بۇ ئىككى ئايالغا توختىماي رەھمەت ئېيتاتتى. دەسلەپتە ئۇ پۇلنىڭ نەدىن كېلىدىغانلىقىنى بىلمەكچى بولدى، چۈنكى ئۇ

بۇ ئىشنى بىرەرىنىڭ قورۇق غوجايىنىغا ئېيتىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئەگەردە بۇ ئىشنى قورۇق غوجايىنى بىلىپ قالىدىغان بولسا، ئۇ بۇ كەنتكە مەڭگۈ قەدەم باسالمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئايسۇننى ئەپقېچىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، كەنتتىكىلەر ئۇنىڭ دادىسىغا ئىللىق چىراي ئاچمايتتى.

— دادام نېمە بولسا بولالامدۇ، ئۇنىڭ پۇلى كۆپ، ئەمما ئۇ بەك پىخسىق. ئۇ پۇلنى مەندەك ئوغلىغىمۇ بەرگۈسى كەلمىسە، ئۇ پۇللىرىنى گۆرگە ئەكەتسۇن!

ئۇ شۇنداق گەپلەر بىلەن ئۆز كۆڭلىنى ئاۋۇندۇردى.

مەلىھا ساندۇقتىن تىزىق تىللانى ئېلىپ، ئالدىدا ئۇلارنى تەپسىلىي ساناپ چىقتى، ئاندىن ئون بەش تىزىق تىللانى ئايرىۋېلىپ، ئۇلارنى بىر كونا لاتىغا ئوردى. ئۇ يەنە ئىككى تىزىق تىللانى ئېلىپ، نازمىيەنى تارتۇقلىماقچى بولدى. ئۇ پۇللارنى كىيىم ئىشكاپىغا يوشۇرۇپ قويدى. تاھسىننىڭ نەرسىلەرنى قالايمىقان ئاختۇرىدىغان ئادىتى يوق ئىدى. ناۋادا ئۇ نەرسە ئاختۇرۇۋېتىپ، بۇلارنى تاسادىپىي كۆرۈپ قالسا، مەلىھا بۇنىڭغا جاۋاب بېرەلمەي قالاتتى. مەلىھا پۇلنى ئاشۇ كۇنىلا نازمىيەگە بېرەلەيتتى، ئەمما ئۇنىڭ نازمىيەگە ئۆزىدە نۇرغۇن پۇل بارلىقىنى بىلدۈرگۈسى كەلمىدى.

قېيىنئاتىسى ئۇنىڭغا تويلۇق ئۈچۈن بەرگەن قوي پادىسىدىن ھەر يىلى ئۇنىڭغا ئوبدانلا پايدا كېلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەلىھا بەك تېجەشلىك بولۇپ، پۇلنى قالايمىقان خەجلىمەيتتى. ئۇ بارلىق پۇلىغا ئالتۇن سېتىۋالغان، نۇرغۇن ئالتۇن زىبۇ ــ زىننەتلىرى بار ئىدى، ھېيت ــ بايراملاردا ياكى توي ــ تۆكۈنلەرگە بارغاندا ئۇ بۇ زىبۇ ــ زىننەتلىرىنى پالىلدىتىپ تاقاپ، ئاياللارنىڭ ھەسەتخورلۇق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئالا چەكمەن قىلىۋېتەتتى. شۇ تاپتا ئۇ تۇرانىغا ئوخشاشلا ھاياجان ئىلكىدە ئىدى، ئەگەر ئىشلار ئاشۇنداقلا بولىدىغان بولسا،

ئۇنىڭدىن كېيىن نېمە ئىشلارنىڭ بولۇپ كېتىدىغانلىقىغا بىرنېمە دېمەك تەس ئىدى. ئۇ چاغدا، قېيىنئاپىسى بىلەن تاھسىننىڭ يۈزى تۆكۈلەتتى، ئۇلار چوقۇم ئادەم ئەۋەتىپ ئىزدەيدۇ، ئۇلارنى ھامان تېپىپ كېلىشى مۇمكىن. ئەگەر قىز ئۇنىماي تۇرۇۋالسا، تۇراننىڭ قىزنى ئەپقېچىشى سەل تەسكە توختىشى مۇمكىن. ئەمما، تۇراننىڭ ئىرادىسى چىڭ بولسا، ئۇ قىزنى ئامال قىلىپ ئېلىپ كېتىدۇ. دەسلەپتە ئايسۇن بۇ تويغا قوشۇلماي، بىرمۇنچە باھانە ـ سەۋەبلەرنى كۆرسەتكەن، «مەن ئوقۇيمەن» دېگەن ئەمەسمىدى، بۇ ئۇنىڭ كۆڭلىدە باشقا بىرسىنىڭ بارلىقىنى كۆرسەتمەمدۇ؟ تۇران ئايسۇننى ئەپقېچىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن بۇ خەۋەر پۈتۈن جاھانغا تارقىلىپ كېتىدۇ. ھەممەيلەن ئايسۇننىڭ راستلا باشقا ياخشى كۆرىدىغان يىگىتى بارلىقىنى بىلىشىدۇ. ھەجەرنىڭ باشقىلارنىڭ ئالدىدىكى ئىناۋىتىمۇ بىر تىيىن بولىدۇ. كۆڭلىدىن بۇلارنى ئۆتكۈزگەن مەلىھانىڭ يۈرىكى ئىختىيارسىز ئەنسىز سوقۇپ كەتتى، ئۇ تاڭنىڭ تېزرەك يورۇشىغا، تېزرەك ئەتە بولۇشىغا تەقەززا بولدى.

تاھسىن مەلىھادىكى ئۆزگىرىشنى ئوچۇقلا سېزىۋالدى، ئەمما ھەرقانچە ئويلاپمۇ بۇنىڭ نېمە ئۈچۈنلۈكىنى بىلەلمىدى. ئاپىسى ئۇنىڭغا يېقىندىن بۇيان نازمىيەنىڭ دائىم قورۇققا كېلىپ، مەلىھانى ئىزدەيدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. نازمىيەنى تاھسىنمۇ ياقتۇرمايتتى. شۇڭا، ئۇ مەلىھاغا ئۇنىڭ بىلەن باردى ـ كەلدى قىلما، دەپ بىرنەچچە قېتىم دېگەن، ئەمما مەلىھا يەنىلا ئۆزى بىلگەننى قىلىپ يۈرگەنىدى. نازمىيە مەلىھانى نېمە ئىشقا ئىزدەپ كەلگەندۇ؟ نازمىيەنىڭ مەلىھادىن قانچىلىك پۇلنى ئالداپ ئەكەتكەنلىكىنى خۇدا بىلىدۇ. بولمىسا نازمىيەدەك خوتۇن بۇ يەرگە ئۇنداق تولا كېلىپ يۈرمەس ئىدى. تاھسىن بۇ ھەقتە ئاپىسى بىلەن سۆزلىشىپ باقماقچى بولدى.

قولىغا ئالغان ئون تىزىق تىللانى تۇران ئۇياقتىن ـ بۇياققا،

بۇياقتىن ـ ئۇياقتا ئون قېتىمدەك ساندى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئارزۇ ـ ئارمىنىنىڭ بۇنداق ئاسانلا روياپقا چىقىپ قېلىشىنى پەقەتلا خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. نازمىيەنى كەنتتىكىلەر ئانچە كۆزگە ئىلمىغىنى بىلەن، ئۇ ھەقىقەتەن قالتىس خوتۇن ئىكەن، قانداقلا بولمىسۇن ئاشۇ خوتۇن ئۆزىنىڭ چوڭ ئىشىنى ھەل قىلىپ بەردى. تۇران نۇرغۇن ئاماللارنى ئويلاپ، نازمىيەگە بۇ پۇلنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى ئېيتقۇزماقچى بولغان بولسىمۇ، ئەمما پەقەتلا بىلەلمىدى. نازمىيە پۇلنى تۇرانغا بېرىۋاتقاندا:

— بۇ پۇلنى مەن ساڭا قەرزگە بېرىۋاتىمەن، ئەگەر سەن نېمىشقا دەپ سورىساڭ، مەن ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ ئايرىلىپ كېتىشىنى خالىمايمەن، سەن كەلگۈسىدە ئىشلەپ پۇل تاپقاندا ماڭا ئالدىرىماي قايتۇرۇپ بەرسەڭ بولىدۇ. بولدى، ئەمدى تولا ئەزمىلىك قىلماي، تېزدىن ئۆز ئىشىڭنى قىل، — دېدى.

تۇران بازارغا بېرىپ، بىر تىزىق تىللانى پۇلغا تېگىشىپ، ئىنچىكە تولغىما نەقىش چىقىرىلغان ئىككى دانە ئالتۇن بىلەزۈك سېتىۋالدى. ئۇ بۇلارنى ئايسۇنغا يۈز كۆرۈشۈش سوۋغىسى قىلىپ بەرمەكچى بولدى. ئۇ ھازىرچە شۇنداق قىلىپ تۇرۇشنى، كېيىن شەھەردە ئىش تاپقاندىن كېيىن ئىشلەپ، ئۇنىڭغا يەنە قانداق نەرسىلەرنى ئېلىپ بەرسە بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ كەتتى. ئات ساتىدىغان ئادەم ئاتلارنى تەخلەپ قويغانىدى. تۇران ئەسلىي دېگىنى بويىچە ئۇنىڭغا ئىككى تىزىق تىللانى بەردى. ئات ساتقۇچى تىللالارنى كۆرۈپ، ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەيلا قالدى. بۇرۇن تۇران كېلىپ سۆزلەشكەندە، تۇرانىنى كېيىن كېلىپ ئات سېتىۋالىدۇ دەپ ئەسلا ئويلىمىغانىدى.

— قارىغىنا بۇ ئاتقا، ئۇ ھەرقانداق يەردە چاپالايدۇ، ئۇنى بىرنەچچە سائەت مىنسەڭمۇ ھېرىپ قالمايدۇ. يىگىت، سەن ھەقىقەتەن ئوبدان ئات ئېلىۋالدىڭ، جۇمۇ.

تۇران ئاتنىڭ بېشىنى سىلاپ دېدى:

— سىلىمۇ ئوبدان سىنىمۇالدىلا، بولدى، خەير - خوش.

تۇران گېپىنى تۈگىتىپ ئاتقا مىندى. ئات ھەقىقەتەن تۇلپاردەك قالتىس چاپاتتى. ئۇ ئالدىدا نازىمىيەنىڭ ئۆستەڭ بويىدىكى ئۆيىگە باردى. ئۇ ئۆينىڭ ئاچقۇچىنى نازىمىيەدىن ئېلىۋالغانىدى. قاراڭغۇلۇقتىن پايدىلىنىپ، ئۇ ئۆيگە غىپپىدە كىرىۋالدى. ئۇ بۇ ئۆيدە ئەتە كەچكىچە يوشۇرۇنۇپ تۇرماقچى. ئەتە كەچتە قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن يولغا چىقىپ، ئالدىدا جىلغىدىكى چىغىر يول بىلەن ماڭىدۇ، ئۇزۇمزارلىقا بېرىپ شازىيە كىچىك ئاپىسىنىڭ شەپىسىنى ساقلايدۇ. ئۇ بۇ ئىشنى كىچىك ئاپىسى شازىيە بىلەن كېلىشىۋالغان. ئەتە كەچقۇرۇن كەچلىك تاماقتىن كېيىن كىچىك ئاپىسى شازىيە قورسىقىم ئاغرىپ كەتتى دېگەننى باھانە قىلىپ، ئېرىنى ھەجەرنى چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتىدۇ. ئېرى كەتكەندىن كېيىن، ئۇ دېرىزىسى ئۇدۇل ئۇزۇمزارلىقا قارايدىغان ئۆينىڭ چىرىغىنى ئۈچ قېتىم ئۆچۈرۈپ ياندۇرىدۇ، بۇ شەپىنى كۆرگەن تۇران ئۇدۇل ئايسۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۆيدە يالغۇز قالغان ئايسۇننى ئەپقاچىدۇ. بۇ پىلاننى نازىمىيە تۈزۈپ چىققان، پىلان ھەقىقەتەن تولىمۇ ئەتراپلىق تۈزۈلگەنىدى.

بۇ كۈن تۇران ئۈچۈن بىر يىلدىنمۇ ئۇزاق بىلىنىپ كەتتى. ئۇ ئېلىۋالغان ئوزۇق - تۈلۈكلەر ئەتە كەچكىچە يېيىشكە يېتەتتى، ئۇ قاراڭغۇدا سىرتقا چىقىپ، ئېغىلدىكى ئاتقا نورغۇن قۇرۇق ئوت - چۆپ ۋە سۇ تەييارلاپ بەردى. ۋاقىت تولىمۇ ئاستا ئۆتمەكتە. قۇياش ئاخىر تولىمۇ ئەزمىلىك بىلەن تاغ ئارقىسىغا چۆكتى. پۈتۈن ئەتراپ تىنچلانغاندىن كېيىن، تۇران ئۆيدىن چىقىپ ئەتراپنى كۆزەتتى. ئەتراپتا ئىنس - جىن كۆرۈنمەيتتى، پۈتۈن جاھان تىنچلىققا چۆمگەن. شۇ تاپتا ھەممە ئادەم كەچلىك تاماق تەييارلاش بىلەن ئاۋارە ئىدى. تۇران ئاستا ئېغىلغا كىرىپ ئاتنى ئاچىقتى، ئات ئۇنى كۆرۈپلا، تۇياقلىرى بىلەن يەرنى

تاتملاپ، تېپىرلاپ تۇرالماي قالدى. تۇران ئاتىنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— ئېتىم، بۇگۇن كارامىتىڭنى كۆرسەت جۇمۇ. بۇگۇن سەن كۆتۈرىدىغان يۈك بەك ئېغىر ھەم ناھايىتى قىممەتلىك، — دېدى.

تۇران كەنتتىن چىققاندىن كېيىنلا ئاتقا مىندى ۋە ئاتنى ئۇدۇل جىلغىغا قاراپ چاپتۇردى. بۇ يەرگە ناتونۇش ئادەم ئۇچۇن بۇ چىغىر يول ھەقىقەتەن بەك خەتەرلىك ئىدى. ئەمما، تۇران ئۇچۇن ئۇنداق ئەمەس. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپ بۇ يولدىن قانچە قېتىملاپ ماڭغانلىقىنى ساناپ تۈگىتەلمەيتتى، ئەمما شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن ماڭدى. يولدا بىرەر يىرتقۇچ ھايۋان ئۇچراپ قالمىسۇن دەپ، قورالىنى چىڭ تۇتۇۋالدى. يول بارغانچە تارىيىپ كەتتى، بىرەر قەدەمنى خاتا بېسىپلا قويسا، ئۇ ھاياتىدىن ئايرىلاتتى. تەلىيىگە، بۇگۇن كېچە ئايدىڭ ئىدى، شۇڭا ئۇ يولنى كۆرۈپ ماڭالايتتى. ئايسۇننى ئېلىپ چىققاندىن كېيىن ئۇ ئۇدۇل بازاردىكى كېلىشىپ قويغان ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىگە بارىدۇ. كىچىك ئاپىسى شازىيە بىلەن نازىمىيە ئۇلارنى شۇ ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىگە مۆكۈنىدۇ، دەپ بىلىشىدۇ. تۇران ئۇلارغا شۇنداق دېگەن. تۇران نېمە ئۇچۇندۇر نازىمىيەگە دېگەندەك ئىشەنمەيتتى، كىم بىلىدۇ، ئەڭ ئاخىرقى پەيتتە ئۇ خوتۇن ئۆزگىرىپ، باشقىلارغا دەپ قويامدۇ تېخى. شۇڭا ئېھتىيات قىلماي بولمايتتى. ئەته تاڭ ئاتقاندا، تۇران ئايسۇننى ئېلىپ شەھەرگە كېتىدۇ. ئۇ ھەتتا قاتناش بېلىتىنىمۇ ئېلىپ بولغانىدى. ئۇ شەھەردە ئەسكەر بولغان، شەھەر ئۇنىڭ ئۇچۇن ناھايىتى تونۇشلۇق ئىدى. ئۇ ئالدىدا بىرەر ئاددىي ئۆي تېپىپ، سۆيگىنى بىلەن بىللە تۇرىدۇ. قولىدىكى پۇل ئۇ ئىش تاپقۇچە ئۇلارنىڭ شەھەردە بىرنەچچە ئاي راھەت - پاراغەتتە ياشىشىغا يېتىپ ئاشاتتى. چىغىر يول تۆۋەنلەپ كېتىۋاتاتتى.

ئاتنىڭ سۇرئىتىمۇ بارغانچە تېزلەشتى. ئايدىڭ كېچىدە ئۇنىڭ سەپىرى ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بولۇۋاتاتتى. تۇيۇقسىز ئات مۇدۇرۇپ كەتتى، بۇ بىر ئايلانما يەر بولۇپ، ئاتنىڭ تۇياقلىرى يەرگە تەگمەي، ئات كونتروللۇقىنى يوقاتتى. كېچە يورۇقلۇقىدا، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان سانسىزلىغان ئۇنچە ـ مەرۋايىتلار ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا يالتىراپ كەتكەندەك بولدى، تۇران بار كۈچىنى يىغىپ ئاتنى تارتىپ توختاتماقچى بولغان بولسىمۇ، ئەمما كار قىلمىدى. ۋارقىرىغان ئاۋاز، ئاتنىڭ كىشنەشلىرى تاغ ئارىسىدىكى جىلغىدا خېلىغىچە ئەكس سادا پەيدا قىلىپ، بىر چاغدا جىمىدى، ئەتراپنى باشقىدىن تىمتاسلىق باستى.

# بەشنچى باب

ئايسۇن قورۇق تۇرمۇشىغا زادىلا كۆنەلمىدى. نەچچە كۈندىن بىرى، ئۇ قېيىنئانىسى بىلەن بىللە يېڭى كېلىننى كۆرگىلى كەلگەن ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلەر، قولۇم ـ قوشنىلارنى كۈتۈش بىلەن ئاۋارە بولدى. يېڭى كۆڭلەك كىيگەن ئايسۇن تەرلەپ سۇ بولۇپ كەتكەننىدى. چوڭ خانىم بۇ كېلىننى خېلى چوڭ كۆردى، ئۇ ئۇستا تىككۈچىلەرنى تېپىپ، ئېسىل، چىرايلىق رەختلەردىن ئايسۇنغا كۆڭلەك تىكتۈرۈپ بەردى. ئۆيگە ھەر قېتىم مېھمان كەلگەندە، كاتتا تەييارلىق قىلىپ، ئېسىل نازۇنېمەتلەر بىلەن مېھمان قىلىپ يولغا سالاتتى. ئايسۇن ئەمدىلا بىرەر ئىشقا قول سېلىشىغا، شۇ ھامان بىر توپ خىزمەتكارلار يۈگۈرۈپ كېلەتتى ـ دە:

— خانىم، قولىڭىزدىكىنى قويۇڭ، بىز قىلىۋېتىمىز، — دېيىشەتتى.

يازدا ئۆي دېگەندە ئىش دېگەن تولا بولىدۇ. ئايسۇن رەسىم سىزىشقا پەقەتلا ۋاقىت چىقىرالمىدى. كەچلىك تاماقنى يەپ بولۇپ، قولىغا بوياق قەلەم بىلەن قەغەزنى ئالماي تۇرۇپلا ئۇنى مۈگدەك باساتتى، بەزىدە ھەتتا ئولتۇرغان يېرىدە ئۇخلاپ قالاتتى. ئۇ قورۇقتىكىلەر بىلەن تېخى تۇزۇك تونۇشۇپ بولمىغاچقا، ئۇلارنى قانداق چاقىرىشنىمۇ بىلمەيتتى، ئەمما ھەممەيلەن ئۇنى ھۆرمەتلەيتتى، ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى بەجانىدىللىق بىلەن ئادا قىلاتتى. ئۇنىڭ ئېرى تاھسىنمۇ ناھايىتى ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي، ئوچۇق مىجەز ئىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ھەربىر ھەرىكىتىدىن ئايسۇنغا بولغان مېھىر ـ مۇھەببەت بىلىنىپ

تۇراتتى. ئۇنى بىردىنبىر ئارامسىزلاندۇرغىنى ئاپىسى، يەنى ئۇنىڭ ئاپىسىنى سېغىنىشى ئىدى. ئۇ توي قىلغاندىن بۇيان، ئاپىسىنى پەقەت بىرلا قېتىم كۆرەلىدى. ئەگەر ئاپام ئاغرىپ قالسا، كىم ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدۇ؟ يەڭگىسى ئەسما بىلەن قېيىنئاپىسى ئاپاڭنى پات ـ پات يوقلاپ تۇرىمىز، دېگەن بولسىمۇ، ئايسۇن يەنىلا خاتىرجەم بولالمايۋاتاتتى.

كۈنلەر ئۆتۈپ، كېلىدىغان مېھمانلارمۇ ئازايدى، قورۇق يەنە بۇرۇنقى تىنچلىقىغا قايتتى. بۇ ئارىدا تاھسىن شەھەرگە بىر قېتىم بېرىپ، ئۇ يەردىكى ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغاندىن كېيىن، ناھايىتى تېزلا قايتىپ كەلدى. ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا شەھەردىن ئۇنى چاقىرىپ تېلېفون كەلگەن، قارشى تەرەپ يېڭى سېخنىڭ ئۇسكۇنىلىرىنىڭ كەلگەنلىكىنى، تاھسىننىڭ ئۇلارنى تاموژنىدىن ئېلىۋېلىشى لازىملىقىنى ئېيتقانىدى. تاھسىن ماڭىدىغان چاغدا، ئايسۇنغا:

— بۇ ئىشلارنى بېجىرىپ بولغاندىن كېيىن سىزنى شەھەرگە ئاپىرىپ ئايلاندۇرىمەن، — دېگەنىدى.

ئەمما، ئايسۇننىڭ ئەس ـ يادى قولىغا تېزرەك دەرسلىكنى ئېلىپ، تەكرارنى باشلاشتا ئىدى. چۈنكى، ئەمدى ئۇنىڭ دەرس تەكرارلايدىغان ۋاقتى كۆپ ئىدى. تاھسىن ئۆيدىكى چاغدا، دائىم ئايسۇننى ئەگەشتۈرۈپ قورۇقنى ئارىلاپ، ئۇنىڭ قورۇقتىكى ئىشلارنى بىلىۋېلىشى ئۈچۈن كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلدى. ئۇلار توي قىلىپلا ناھايىتى ئىناق ئۆتۈشتى، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت بارغانچە چوڭقۇرلاپ بارماقتا ئىدى. تاھسىن شۇنچە يىللارنى ئازابتا ئۆتكۈزۈپ مانا ئەمدى بەختكە ئېرىشكەچكە، بۇ بەختتىن مەھرۇم قېلىشتىن ئەنسىرەپ، ئايسۇننى قەۋەتلا ئاسرايتتى. بۇ ئائىلىدە مەلىھا بىلەن نازلىدىن باشقا ھەممەيلەن بۇ تويدىن تولىمۇ رازى ئىدى. مەلىھا تاھسىننىڭ ئايسۇنغا بۇنچىۋالا ئامراقلىق قىلىپ كەتكەنلىكىگە چىدىمايلا قالدى. تاھسىن ھەر قېتىم ئايسۇننىڭ يېنىدا قونۇپ

قالسا، ئۇ تاھسىن بىلەن سوقۇشاتتى. ئايسۇن كىچىكىدىنلا ناھايىتى ئىناق ئائىلىدە چوڭ بولغاچقا، مىجەزى ئوچۇق ئىدى. ھەرگىز باشقىلار بىلەن گەپ تالىشىپ قالمايتتى، بىرەر ئىش بولۇپ قالسا ئىمكانقەدەر ئۇنى ياخشىلىق بىلەن تۈگىتەتتى. ئۇ بۇ ئۆيگە كېلىن بولۇپ كەلگەن كۈندىن باشلاپ، ئۇ بۇ ئائىلىدىكى ھەربىر ئادەمگە دوستانە پوزىتسىيەدە بولدى، ھەتتا مەلىھا بىلەن نازلىق ئۇچرىغان يېرىدە ئۇنىڭغا دەككە بېرىپ تۇرسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئۇلارغا خۇشخۇي پوزىتسىيەدە بولدى، ئەمما كۆڭلىدە ئۇلارغا ئەمدى ئۇنچىۋالا خۇشخۇي بولۇشۇمنىڭ ھاجىتى يوق ئىكەن، دەپ ئويلاپ قالدى، شۇڭلاشقا ئادەتتىكى كۈنلەردە ئۇلارنى ھۆرمەتلىسىمۇ، ئىمكان بار ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ يۈردى. ئۇ بىرەر پېشكەللىككە يولۇقسا، قېيىنئانىسىغا دەپ، ئۇنى ھەل قىلىشنىڭ يولىنى قىلاتتى. تاھسىن شەھەرگە كەتكەندە، ئۇ ئۆزى يالغۇز ئەتراپىنى ئايلىنىپ كېلەتتى. ئۇ تىككۈچىلىكنى ئانچە بىلمىگەچكە، ۋاقتىنى بىرەر ئىش تېپىپ ئۆتكۈزمىسە بولمايتتى. ئۇنداق چاغلاردا ئۇ كۆپ ۋاقتىنى ئۆيىدە — دېرىزە ئالدىدا ياكى بالكوندا رەسىم سىزىش بىلەن ئۆتكۈزەتتى. بۇ يەردە قەغەز تاپماق تەس بولغاچقا، ئۇ ھەتتا رەسىملەرنى قەغەزنىڭ چەتلىرىگىچە سىزاتتى. ئۇ قېيىنئانىسىدىن كەشتە تىكىشنى ئۆگىنىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، ئەمما خىجىل بولۇپ، ئۇزاققىچە ئېغىز ئاچالمىدى. ئاخىر بۇنداق پۇرسەتمۇ كەلدى.

ئۇ كۈنى ناشتىدىن كېيىن چوڭ خانىم غوجىدارنىڭ ئايالى خەدىچە قوشناچىمنى ھۇجرىسىغا مەسلىھەتكە چاقىردى، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئايسۇننىمۇ چاقىردى.

— كەل قىزىم، سەنمۇ قورۇقتىكى ئىشلار بىلەن تونۇشۇپ قوي، كېيىن بۇ ئىشلارنى سەن باشقۇرىسەن. بۇلارنى ئۆگىنىپ قويساڭ، ساڭا ياردىمى بولىدۇ.

— دېگىنىڭىزدەك بولسۇن، ئاپا.

قورۇقتىكىلەر چوڭ خانىمنى «چوڭ خانىم» دەپ چاقىراتتى،

ئەمما چوڭ خانىم ئايسۇنغا ئالاھىدە تاپىلاپ، «ئاپا» دېيىشىنى ئۆيىتقانىدى.

— ھەر كۈنى ئەتىگەندە مەن خەدىچە بىلەن قورۇقتىكى ئىشلارنى، ئاشخانىغا، ئىسكىلاتقا نېمىلەر كەمچىل دېگەندەك گەپلەرنى قىلىشىمەن، ئاندىن بۇنى غوجىدارغا ئۇقتۇرىمىز. غوجىدار بۇنى بېگىمگە يەتكۈزىدۇ. ئەگەر بېگىم ئۇلارنى ھەقىقەتەن زۆرۈر دەپ بىلسە، بازارغا ئادەم ئەۋەتىپ سېتىۋالىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن سەنمۇ ھەر كۈنى ئەتىگەندە بىز بىلەن بىللە بولغىن. شۇنىڭ بىلەن سەن قورۇقنىڭ ئەھۋالىنى بىلىۋالىسەن، ئۆزۈڭگە لازىملىق نەرسىلەرنىمۇ بىزگە دېگىن. بەزىدە نازلىمۇ قاتنىشىدۇ.

— مەن چوقۇم قاتنىشىمەن، بۇ مەن ئۈچۈن ياخشى ئىش ئىكەن، بولمىسا مەن ئەتىگەندىن كەچكىچە بىكار ئولتۇرۇپ زېرىكىپ كېتىدىكەنمەن.

— زېرىكىپ كەتسەڭ، كىرخانىدىكى ئىشكاپتا ھەر خىل يىپ - يىڭنە بار، ئۆزۈڭ ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلەرنى كەشتىلە. ئۇنىڭدا ھەم زېرىكمەيسەن، ھەم ئۆزۈڭگە لازىملىق كەشتىلەرنى تىكىۋالىسەن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئايسۇنىڭ يۈزى ۋىللىدە قىزاردى، ئۇ بۇ گەپكە قانداق جاۋاب بېرىشىنى بىلەلمەي قالدى، ئاخىر ئۇ غەيرەتكە كېلىپ:

— ئاپا، مەن ئەزەلدىن كەشتە تىكىپ باقمىغان، سىلى ماڭا ئۆگىتىپ قويامىلا؟ — دېدى.

بۇ گەپكە چوڭ خانىم ھەيرانلا قالدى. بۇ گەپكە ئۇ ئىشەنمەيلا قالغانىدى.

— راست دەۋاتامسەن؟ سەن ئەزەلدىن كەشتە تىكىپ باقمىغانمۇ؟

— تىكىشنىمۇ تىكىمەن، ئەمما بەك ئاددىي نەرسىلەرنى تىكىمەن.

چوڭ خانىم كىلىنىنى خەدىچەنىڭ ئالدىدا خىجىل بولۇپ قالمىسۇن دەپ دەرھاللا:

— بولىدۇ بالام، بولىدۇ، خەدىچە بىلەن ئىشلىرىمىزنى بىر تەرەپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن يىپ تاللىغىلى بارايلى. بىز ئالدىدا ئاددىي كەشتىلەرنى تىكىشتىن باشلايلى، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىۋالساڭلا كېيىن ئۆزۈڭنىڭ شۇنچە چىرايلىق كەشتىلەرنى تىككەنلىكىڭگە ئىشەنمەيلا قالىسەن. ئۆگىنىمەنلا دېسەڭ، ئۇ تەس ئىش ئەمەس، — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن ئايسۇن كەشتە تىكىشنى ناھايىتى ئىشتىياق بىلەن ئۆگىنىشكە كىرىشىپ كەتتى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۇ ھەر يېرىم سائەتتە بىر قېتىم ئۆزىنىڭ تىككەنلىرىنى چوڭ خانىمغا كۆرسىتىپ تۇردى.

— بەك چىرايلىق بوپتۇ بالام، مۇشۇنداق تىكىۋەر، — چوڭ خانىم ئۇنداق دېگەنسېرى، ئايسۇننىڭ كەشتە تىكىشنى ئۆگىنىشكە بولغان غەيرىتى شۇنچە ئېشىپ باراتتى. ئاشۇ كۈنى ئۇ بېشىنىمۇ كۆتۈرمەستىن نەچچە سائەتكىچە كەشتە تىكتى. ئۆزىنىڭ يېڭى بىر ئىشنى ئۆگەنگەنلىكىگە ئايسۇن ئىچ - ئىچىدىن خۇشال ئىدى. ئەمدى ئۇ ئۆگىنىشنى باشلىۋالسا، پەقەتلا زېرىكىشلىك ھېس قىلمايتتى. ئۇ ئۆزىچە تاھىسىن قايتىپ كېلىشى بىلەنلا ئۇنىڭغا ئوقۇش ئىشىمنى دەيمەن، دەپ نىيەت قىلدى. ئۇ يىراق - يىراقلارغا كۆز تىكتى: «ئۇنىڭ ئۆزى ماڭا ۋەدە بەرگەن تۇرسا! — دېگەنلەرنى ئويلاپ خىياللىرى ئاپىسىغا ئۇلىشىپ كەتتى، — شۇ تاپتا ئاپام نېمە قىلىۋاتقاندۇ؟ مەن قېيىنئاپام بىلەن بىللە ئاپامنى كۆرگىلى بارسام بولامدىغاندۇ؟ ئەگەر بۇنى ئەتىگەندە قېيىنئاپامغا دېمەكچى بولسام قانداق دەيمەن؟ تەلەپلىرىم بەك كۆپ بولۇپ كەتمىگەندۇ؟» ئاپىسىنىڭ ئۇنىڭدىن بۆلەك ھېچقانداق قېرىندىشى يوق ئىدى.

تاڭ سەھەردە ئايسۇن قېيىنئاپىسى بىلەن بىللە ھەجەرنىڭ ئالدىدا پەيدا بولغاندا، ھەجەر ھەم بەك خۇشال بولدى، ھەم

ئوڭايسىزلىنىپ كەتتى:

— ۋاي، سىلەرنىڭ كېلىشىڭلارنى بىلگەن بولسام، قاتلىما پىشۇرۇپ تۇرماسىمدىم. مەن تەييارلىقسىزلا ئولتۇرغانىدىم، بۇ بەك سەت بولدى، — ئۇ ئىختىيارسىز ئۆزىدىن ئاغرىنىپ كەتتى.

چوڭ خانىم ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ سۆزلەپ كەتتى:

— قاتلىما يېگىلى كېيىن ئايرىم كېلىمىز. بۈگۈن پەقەت سىزنى كۆرگىلى كەلدۇق. ئايسۇن سىزنى بەك سېغىنىپ كېتىپتۇ.

ئۇلار ھەجەرنىڭكىدە تاكى پېشىنغىچە ئولتۇرۇشتى. ھەجەر پايپېتەك بولۇپ ئالدىراپ، چوڭ خانىم بىلەن قىزىنى كۈتتى. ھېرىپ قالسا بىردەم، يېرىم دەم ئولتۇرۇپ ئارام ئېلىۋالاتتى. ئۇنىڭ سالامەتلىكى بۇرۇنقىدىن خېلىلا ئاجىزلاپ كەتكەن، چىرايىمۇ زەپىران كۆرۈنەتتى. ئايسۇن ئۇنى تۇسۇۋالمىغان بولسا، ئۇ يەنىلا ئۇلارنى مېھمان قىلىمەن دەپ خېلى كۈچەپ باققان بولار ئىدى. قايتىدىغان چاغدا ئانا ـ بالا ئىككىسى پەقەتلا قىيالماي قېلىشتى، چوڭ خانىم ئارىغا چۈشۈپ، بىز پات ـ پات كېلىپ تۇرىمىز دېگەندىن كېيىنلا، ئىككىيلەن كۆڭلى ئارامىغا چۈشكەندەك بولدى. ئۆمەر بەگ ئەۋەتكەن پەيتون كەلدى. چوڭ خانىم بىلەن ئايسۇن پەيتونغا ئولتۇرۇپ يۈرۈپ كەتتى. ھەجەر يىراقلاپ كېتىۋاتقان پەيتوننىڭ كەينىدىن كۆزلىرى ياشلانغان ھالدا خېلى ئۇزاققىچە قاراپ تۇردى. توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈلگەن كۈنى ئايسۇننى مۇشۇ پەيتوندا كۆچۈرۈپ كەتكەنىدى. ئۇ كۈنى ھەجەرنىڭ كۆڭلى بىئارامىلىقتا ئۆتكەن، ئۇ ھە دەپ ئۆزىدىن: «مېنىڭ بۇ قىلغانلىرىم توغرىمىدۇ؟» دەپ سوراپ كەتكەنىدى. مانا بۈگۈن ئۇ ئايسۇننىڭ شەھلا كۆزلىرىدە چاقناپ تۇرغان بەخت ئۇچقۇنلىرىنى كۆردى، ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە: «ئەمدى خاتىرجەم بولدۇم، ئوسمان ئەپەندى، سىزمۇ خاتىرجەم بولۇڭ، سىزنىڭ قىزىڭىز ئۆز جۈپتىنى تېپىپتۇ» دېدى. يېقىندىن بۇيان ھەجەر

دائىم كۆڭلىدە ئوسمان بىلەن، جامال بىلەن سۆزلىشىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ پات ـ پاتلا: «سىلەرنىڭ مېنى ساقلاۋاتقانلىقىڭلارنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن، ئالدىرىماڭلار، مەنمۇ پات ئارىدا يېنىڭلارغا بارىمەن» دەپ قوياتتى.

— ھەجەر ئانا، گېپىڭىزنى ئاڭلىيالمىدىم، سىز ماڭا گەپ قىلىۋاتامسىز؟

بۇ گەپنى كۆسە چاۋۇشنىڭ خوتۇنى دەۋاتاتتى، ئۇ قوي ـ كالىلىرىنى ھەيدەپ قايتىپ كېلىۋاتاتتى. بايا ھەجەر ئۆز ـ ئۆزىگە گەپ قىلىۋېتىپ، ئاۋازى يۇقىرى چىقىپ كەتكەچكە، ئۇ خوتۇن ئاڭلاپ قالغانىدى. ئۇ خوتۇننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ھەجەر دەرھال ئېسىگە كەلگەندەك بولدى:

— ۋاي، مەن سىزگە گەپ قىلمىدىم. ماڭا ئەكېلىپ بېرىدىغان نەرسىنى ئەكېلىپ بەرمىگەچكە، بۇ يەردە ساقلاپ تۇرۇۋاتاتتىم.

كۆسە چاۋۇشنىڭ خوتۇنى قوي ـ كالىلىرىنى قوتانغا كىرگۈزۈۋەتتى. ئۇنىڭ ئوغلى ئۆلۈپ كەتكەندىن بېرى ئۇ روھىي جەھەتتىن باشقىچىلا بولۇپ قالغان، بەزىدە ھەتتا ھوشىدىنمۇ كېتىپ قالاتتى. كەنتتىكىلەر ئۇنىڭغا، ئېرىڭىز سىزنى بازاردىكى دوختۇرغا ئاپارسۇن، دەپ كۆپ قېتىم ئېيتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ پەرۋا قىلماي كېلىۋاتاتتى. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ ئېرىنىڭ پىخسىقلىقى ئوغلىنىڭ بېشىغا چىققان دېيىشكىمۇ بولاتتى. تۇراننىڭ ئۆلۈمى ھەممە ئادەم ئۈچۈن بىلىپ بولمايدىغان بىر سىر بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ جەسىتى ئۇ ئۆلۈپ كېتىپ ئىككى كۈندىن كېيىن تېپىلدى. پادىچى تاغ جىلغىسىدا ئادەمگە ئوخشايدىغان بىر نەرسىنىڭ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ، پەسكە چۈشۈپ ئۇنىڭ جەسىتىنى كۆرگەنىدى. جامائەت يەنە ئۇنىڭ قوينىدىكى قول ياغلىقىغا ئورالغان يەتتە تىزىق تىللا بىلەن ئىككى دانە ئالتۇن بىلەزۈكنى كۆرۈشتى، ئۇلار تۇراننىڭ بۇنچىۋالا كۆپ پۇلنى نەدىن تاپقانلىقىنى بىلەلمەيلا قېلىشتى.

چۈنكى، تۇران ئوغرىلىق قىلىدىغان بالا ئەمەس، قارىغاندا بىر يەردىن بايلىق تېپىۋالغان ئوخشايدۇ، دېيىشتى ھەممىسى. چۈنكى، بۇ ئەتراپتا بىرنەچچە دېھقان ئېتىزدىن ياكى كونا ئۆيلەرنىڭ ئاستىدىن بىرمۇنچە بايلىق تېپىۋېلىشقانىدى. ژاندارما ئوفىتسېرى بۇ پۇللارنى كەنتتىكى مەكتەپكە بېرەيلى، دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى، كۆسە چاۋۇشمۇ ئىلاجسىز ماقۇل بولدى. تۇراننىڭ ئاپىسى ئوغلىنىڭ جەسىتىنى كۆرۈپ نەچچە كۈنگىچە خۇدىنى بىلمەي ياتتى، ئۇ ئەسلىمۇ شامالدا يىقىلىپ كېتىدىغاندەك ئاجىز مەزلۇم ئىدى، بۇ ئىش بولۇپ، ئۇ تېخىمۇ يېمەس، ئىچمەس بولۇپ قالدى، بىرنەچچە قېتىم ھوشىدىن كەتتى. بۇ خوتۇننىڭ باشقا قېرىنداشلىرى يوق ئىدى. ئېرى بولسا پۇلدىن باشقىنى تونۇمايدىغان نائىنساپ نېمە ئىدى. ئۇ ئوغلىنىڭ ئۆلۈمىگە ئەمەس، بەلكى تەييار پۇلغا ئىگە بولالمىغىنىغا قاتتىق ئازابلاندى. بۇلتۇر ئۇلار ئايسۇننى كېلىن قىلىمىز دەپ ئەلچى كىرگۈزگەن. ئەمما، ھەجەر ئايسۇندىن سوراپمۇ باقماي ئۇلارنى رەت قىلىۋەتكەنىدى. كېيىن ھەجەر ئايسۇندىن تۇراننىڭ دائىم ئۇنى ئەگىپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى، ئايسۇننىڭ ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمىغانلىقىنى، شۇڭا ئاخىر ئاپىسىنى ئەلچىلىككە كىرگۈزگەنلىكىنى ئاڭلىدى. ئايسۇننىڭ تاھسىن بىلەن توي قىلىدىغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تۇران دائىم مۇشۇ ئۆي ئەتراپىدا چۆرگىلەپ يۈرىدىغان بولۇپ قالدى. بۇ ھالنى كۆرگەن ھەجەرمۇ سەل جىددىيلىشىپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئايسۇننى ئىمكانقەدەر ئۆيدە يالغۇز قويمايدىغان بولدى. قانداقلا بولمىسۇن، ئايسۇننىڭ تويى ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بولدى. توي كۈنى ئايسۇن كىشىنىڭ ئەقلىنى لال قىلغۇدەك گۈزەل بولۇپ كەتكەنىدى. تويغا كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئايسۇننىڭ گۈزەل جامالىنى كۆرۈپ تاڭ قېلىشتى. ئۇنىڭ ھۆسن ـ جامالىلا ئەمەس، ئۇچىسىدىكى كىيىملەرمۇ ھۆسنىگە ھۆسن قوشقانىدى. بۇ تويي ئۈچۈن چوڭ خانىم ئاز كۈچىمىدى، ھەممە ئىشلارنى يول ـ

يولــدا ئوبدان ئورۇنـلاشتۇردى. ئەمـدىلىكـتـە ئۇ ئـايـسۇنغـا ئـۆز قىزىدەكلا ئامراق بولۇپ كەتتى. بۇ ھالنى كۆرگەن مەلىھا بىلـەن نازلىمۇ ئارتۇقـچە بىرنـېمە دېيـەلـمەي قېـلىشتـى. بۇنى گـۇلـى ـ گۇلىگە كەلـگەن دېيىـشكە بولاتـتى. ھەجەر ئـېغىر بىـر تىنـدى. گۇگۇم چۈشۈپ قالغانىدى. قىشنىڭ كېلىۋاتقانلىقىدىن بېشارەت بەرگەنـدەك ئەمدى كەچـقۇرۇنلـىرى ھاۋا سوغـۇق بـولـۇۋاتاتـتـى. ھەجەر ئۆزىنىڭ سەل توڭلىغانلىقـىنى ھېس قـىلدى. يېـقىنـدىن بۇيان ئـۇنـىڭ سالامـەتـلىكـى سـەل ئوبدان بـولـۇپ قالـغـانـدەك، ئاغرىيدىغان يەرلىرىمۇ ئانچە ئاغرىماس بولۇپ قالـغاندەك ئىـدى. ئۇ ئىتقا يەيدىغان نەرسە تاشلاپ بەرگەندىن كېيىن ئۆيگە كىردى. ئۇنىڭ يالغۇز بىرنەرسە يېگۈسى كەلمـىسىمۇ، يەنىلا ئاشـخانىغـا كـىردى، «مەن يالغۇز تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ئادەتلىنىشىم كېرەك» دېدى ئۇ ئۆزىگە.

ئـايسۇن بـىلـەن چوڭ خـانـىم قورۇقـتـا قايتـىـپ كەلگـەنـدە، تاھـىـرنـىـڭ پىكـاپىنـى كـۆرۈپ، ھەم ھەيـران بـولـۇشتـى، ھـەم خۇشالـلاندى. ئۇنـىـڭ بۇنداق تېـز قايتـىـپ كېلـىـدىغانـلـىقـىنـى ھېچكىم خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. ئۇنىڭ كەتكىنىگە تۆت كۈن بولغان، ئۇ كېتەر چاغدا: «بـۇ قېتـىمقى ئـىشلارنى بىـر ھەپتـىـدە ئاران بىـر تەرەپ قىلىپ بولۇشۇم مۇمكىـن» دېگەنىدى. ئۇلارنـىـڭ ئالدىغا غوجىدار كەلدى ۋە:

ـــ تاھىـىر بايۋەچـچە ھازىرلا كـەلدى، شۇ تاپـتا ئۆمەر بـەگ بىلەن سۆزلىشىپ ئولتۇرىدۇ، ـــ دېدى.

ئايسۇن ئۆيـگە كـىيـىمـىنـى ئالماشـتۇرغىلـى كـىردى، ئۆيـدە تاھىـرنـىـڭ چامادانـى ۋە ئـىككـى بولاق نەرسە تـۇراتتى. ئۇ ئـۆي ئـىچىلـىك كـىـيـىمـىـنـى كـىيـىـپ، ئەمدى سىـرتقا مـاڭـاي دەپ تۇرۇشىغا، تاھىـر كىرىپ كەلدى.

ئېرىـنى كۆرۈپ ھاياجانلانغـان ئايسـۇن ئـېتـىلـىـپ بېـرىـپ تاھىـرنـىڭ بوينىغا گىرە سالدى.

ـــ كەلدىڭىزمۇ؟ سىزنىڭ بۇنداق تېز قايتىپ كېلىشىڭىزنى

ئويلىمىغانىدۇق، شەھەردىكى ئىشلىرىڭىز ئوڭۇشلۇق بولدىمۇ؟

— خاتىرجەم بولۇڭ، ھەممە ئىش جايىدا. ئۈسكۈنىلەرنى ئەكېلىپ بولدۇق، ئورنىتىش ئىشچىلىرى ھەپتە ئاخىرىدا ئىشلىمەيدىكەن، ئىككى كۈن بولسىمۇ ئۆيگە كەلگۈم كەلدى، سىزنى بەك سېغىنىپ كەتتىم.

تاھسىن شۇ گەپلەرنى دەۋېتىپ، مەھبۇبىنى مۇھەببەت بىلەن قۇچاقلىدى.

— بۇ قېتىم شەھەرگە بارغاندا، ئىشلارنى بىراقلا تۈگىتىپ قايتىپ كېلىپ يېزىدا تۇرۇشنى ياكى بولمىسا سىزنى ئامال قىلىپ شەھەرگە ئەكېتىشنى ئويلىغانىدىم. مەن ئۆيدىن چىقىپلا سىزنى سېغىنىشقا باشلىدىم.

ئايسۇن بېشىنى ئېرىنىڭ مۈرىسىگە قويدى، ئۇنىڭ ئاي يۈزىدە بەخت كۈلكىسى جىلۋە قىلاتتى.

— مېنىلا شەھەرگە ئەكەتسىڭىز بولمىدىمۇ؟ مىڭبىر تەستە ۋۇجۇدقا چىقارغان ئىشىڭىزنى تۈگىتىمەن دەپلا توختىتىپ قويسىڭىز قانداق بولىدۇ؟

— چاقچاق قىلىپ قويدۇم. ئامال قىلىپ سىزنى تېزرەك شەھەرگە ئەكېتىمەن. قارىڭا، مەن سىزگە نېمە ئەكەلدىم؟

ئۇ ئىشىك تۈۋىگە قويۇلغان بىر بولاقنى ئاچتى، بۇ بولاقتىكىسى پۈتۈنلەي ھەر خىل بوياق، رەسىم قەغىزى ۋە رەسىم قەلىمى ئىدى. يەنە بىر بولاقتا بولسا دەرسلىك، دەپتەر ۋە قەلەملەر بار ئىدى.

— مەن مەكتەپ مۇدىرى بىلەن سۆزلىشىپ، ھەممە ئىشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇم، سىز يىل ئاخىرىدا ئىمتىھانغا قاتناشسىڭىز بولىدۇ. بۇنداق كۆپ دەرسلىكنى ئوقۇپ بولالامسىز؟ بولمىسا، سىز ئالدىدا بىر قىسمىنى ئوقۇڭ، قالغانلىرىنى كېيىنرەك ئوقۇرسىز. ئۆزىڭىز بىرنېمە دەڭ، قانداق ئاسان بولسا شۇنداق قىلىڭ. رەسىم سىزىشقا لازىملىق نەرسىلەرنى مەن سىزدىن سورىمايلا ئەكەلدىم. ھەر خىل بوياقلار

بار، بوياق، قەغەز تۇگەپ كەتسە، ماڭا دەڭ، مەن يەنە ئېلىپ بېرىمەن. رەسىملەرنى ئوبدان سىزىڭ، كەلگۈسىدە بىز شەھەردە رەسىم كۆرگەزمىسى ئۇيۇشتۇرساق بولىدۇ.

ئايسۇن ئالدىدىكى نەرسىلەرنى كۆرۈپ كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قالدى، ئۇ بۇلارغا قاراپ ھەم ھەيران بولاتتى، ھەم شادلىق ھېس قىلاتتى. شۇڭا ئۇ بۇ نەرسىلەرنى تۇتۇپلا قويسا دەرھال غايىب بولۇپ كېتىدىغاندەك، ئۇلارنى تۇتۇپ بېقىشقا جۈرئەت قىلالماي تۇرغان يېرىدە قېتىپلا قالدى.

ئۇ كىچىك ۋاقتىدا، دادىسى ھەر قېتىم ئۇنىڭغا بازاردىن رەڭلىك قېرىنداشلارنى ۋە رەسىملەر توپلىمىنى ئەكېلىپ بەرگەندە، ئۇ دادىسىنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ يۈزىگە سۆيۈپ قوياتتى. شۇلارنى خىيالىغا كەلتۈرۈۋېتىپ كۆز چاناقلىرى قىزاردى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرگەن تاھسىن بىردىنلا جىددىيلىشىپ قالدى:

— مەن بىرەر ئىشنى خاتا قىلىپ قويۇپتىمەنمۇ؟

ئەمدى ئايسۇن ئۆزىنى پەقەتلا تۇتۇۋالالمىدى، كۆز ياشلىرى گويا يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلۈشكە باشلىدى:

— تاھسىن، سىزگە كۆپ تەشەككۈر. ماڭا ۋەدە قىلغان ئىشلىرىڭىزنىڭ ھەممىسىنى ئادا قىلدىڭىز، ئەمدىكى گەپ مەندە قالدى. مەن ھەرگىز سىزنىڭ يۈزىڭىزنى تۆكمەيمەن، مەن تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئىمتىھاندىن ئوڭۇشلۇق ئۆتىمەن.

— ئۇنىڭغا ئىشىنىمەن ئايسۇن، ئەمما بۇنداق يىغلىسىڭىز مەن چىدىماي قالىدىكەنمەن.

ئايسۇن دەرھال كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى. دەل شۇ چاغدا ئىشىكنى بىرسى چەكتى. تاھسىن بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى. قىز خىزمەتكار ئىشىك ئالدىدا تۇراتتى:

— ئۆمەر بەگ مېھمان چاقىرىپ قويغانىدى، ھەممىسى تاماققا ئولتۇرۇپ بولدى، سىزنىلا ساقلاپ قالدى.

— ھازىرلا بارىمەن.

تاھسىن ئىشىكنى يېپىپ قويۇپ كېلىپ ئايسۇننى باغرىغا بېسىپ، ئۇنىڭ شېرىن لەۋلىرىگە سۆيدى.

— چاپسان يۈزىڭىزنى يۇيۇۋېتىڭ، ئاياللارنىڭ تاماق ئۇستىلىمۇ تەييار بولۇپ قاپتۇ.

تاھسىن شۇنداق دەپ بولۇپ چىقىپ كەتتى. ئۆيگە مېھمان كەلمىگەندە ئۆمەر بەگ ئادەتتە ئاياللار بىلەن بىللە غىزالىناتتى، ئەمما بۇ ئائىلىدە مېھمان ئۈزۈلۈپ قالمايتتى، شۇڭا دائىملا مېھمانخانىدا بىر ئۇستەللىك تاماق، ئاياللارغا ئايرىم بىر ئۇستەللىك تاماق تەييارلىناتتى. خىزمەتكارلار غىزالىنىدىغان جايمۇ ئايرىم ئىدى.

دۈشەنبە كۈنى تاھسىن يەنە شەھەرگە كەتتى، ئايسۇن دەرس تەكرارلاشنى باشلىدى. ئۇ تىرىشچان، ئەقىللىق قىز ئىدى. ئۇ ئالدى بىلەن ئۆگىنىش پىلانى تۈزدى، كۈندۈزى ئاساسەن ئۆگىنىش قىلاتتى، ئۆگىنىپ چارچاپ قالغاندا، قورۇقتا مۈۋاپىق جاينى تېپىپ قۇلۇنلارنىڭ رەسىمىنى سىزاتتى. دادىسى ئاتتىن يىقىلىپ چۈشۈپ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئايسۇن ئاتقا ئۆچ بولۇپ قالغانىدى. ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇ كىچىك چېغىدا دائىم دادىسى بىلەن بىللە ئات مىنەتتى، ئۇلارنىڭ ناھايىتى قاملاشقان ساپ نەسىللىك ئېتى بار بولۇپ، دادىسى ئۆلۈپ كەتكەن كۈنى ئۇ ئاتمۇ يوقاپ كەتكەنىدى. جامال تاغا بۇ ئەتراپتىكى كەنتلەرنى كۆپ ئىزدىگەن بولسىمۇ، ئەمما تاپالمىدى. تاھسىن ئايسۇننى ئايلاندۇرۇپ قورۇقنى كۆرسەتكەندە، ئۇنى ئاتخانىغىمۇ ئەكىرىپ، ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئاتنى تاللاپ مىنىپ بېقىشىنى ئېيتتى. ئايسۇن تاھسىنغا ئۆزىنىڭ دادىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن بېرى ئات مىنىپ باقمىغانلىقىنى، كېيىنچە كۆڭلىدىكى قورقۇنچلار يوقالغاندا ئاندىن مىنىپ باقىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ تاھسىنمۇ چىڭ تۇرۇۋالمىدى. مانا ئەمدى ئايسۇن رەسىم سىزىش بىلەن كۆڭلىدىكى ئاشۇ قورقۇنچلارنى يوقىتىشقا باشلىغانىدى. دەسلەپتە قورۇقتىكىلەر ئايسۇننىڭ رەسىم سىزىپ

ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇشتى، ئەمما كۆنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلارمۇ بۇ ئىشقا كۆنۈپ قېلىشتى.

غوجىدار بازاردىن ئۆيلەرنى رېمونت قىلىدىغان ياغاچچى ئۇستامنى باشلاپ كەلدى. شۇ تاپتا ئۆمەر بەگ ئۇ ياغاچچى بىلەن ئۆيلەرنىڭ رېمونتى ئۈستىدە سۆزلىشىۋاتاتتى. بۇ ياغاچچى قەددى ـ قامەتلىك بولۇپ، قارا كۆز، قويۇق قارا قاشلىق، قارىمۇتۇق، قاملاشقان يىگىت ئىدى. نېمىشقىدۇر ئۆمەر بېگىمگە بۇ ياغاچچى تازا ياقماي قالدى، چۈنكى ئۇلارنىڭ گېپى تازا بىر يەردىن چىقمايۋاتاتتى. ئۆمەر بەگ ئۇنىڭدىن ئىشلارنى قانچىلىك ۋاقىتتا ئىشلەپ بولىسەن، ئۇنىڭغا قانچىلىك پۇل ئالىسەن، شۇنى دە، دەپ تۇرۇۋالغان، ياغاچچى ئۇستام بولسا، مەن ئالدىدا رېمونت قىلىدىغان يەرلەرنى كۆرۈپ چىقاي، ئاندىن باھانى دەي، دەيتتى. ئاخىر ھاسان تاغا ئوتتۇرىغا چۈشۈپ، ئۇلارنى كېلىشتۈردى:

— بېگىم، مەن ئۇستامنى باشلاپ مېھمانخانىنى كۆرسىتەي، چوڭ خانىمغا دەي، ئاياللار ئىشلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئاندىن ئۇستامنى باشلاپ ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىنى كۆرسىتەي.

بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە ئوبدان ياغاچچى تاپماق ھەقىقەتەن تەس ئىدى. ئالدىنقى يىلى تاپقان ھېلىقى ياغاچچى نائۇستا چىقىپ قالدى، ئۇ رېمونت قىلغان يەرلەر قىش كەلمەي تۇرۇپلا بۇزۇلۇپ كەتتى. شۇڭا ئۇلار بۇ يىل ئوبدانىراق ياغاچچى تاپماقچى بولۇشقانىدى. نېمىشقىدۇر بۇ قېتىم كەلگەن ياغاچچىدىن ئادەم تازا خاتىرجەم بولالمايدىغاندەك كۆرۈنەتتى. چۈنكى، رېمونت قىلىنىدىغان ئۆيلەرگە ياغاچچى كىرىپ ـ چىقىپ تۇرىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ پەزىلىتى ئىشەنچلىك بولغىنى ياخشى ئىدى. ئۆمەر بېگىم ھاسان غوجىدارنىڭ مۇشۇ ياغاچچىنى ئىشلىتىش تەكلىپىگە تەستە قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ھاسان ئۇنى باشلاپ ئالدىدا مېھمانخانىغا كىردى. قالغان ئۆيلەرنى كۆرۈش توغرىسىدا ئۇ چوڭ خانىمغا ئادەم ئەۋەتتى، ئاياللار ئۆزلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ ياغاچچىنى باشلاپ بارىدىغان بولدى.

بۇ قورۇقتىكى قۇرۇلۇشلارنى ئۆز ۋاقتىدا تاھسىن بۇ يەرنىڭ تەبىئىي شارائىتىغا ماسلاشتۇرغان قىلىپ سالدۇرۇش ئۈچۈن ئالايىتەن شەھەردىن دوستىنى ئەكېلىپ لايىھەلەتكەن ۋە نۇرغۇن يەرلىرىنى ياغاچ بىلەن ياساپ چىققانىدى. ياغاچنىڭ يامان يېرى ئۇنى ھەر يىلى سىرلاپ، ياساپ تۇرمىسا بولمايتتى. ئىككى يىلدىن بۇيان قورۇقتىكى ئۆيلەر تۈزۈك رېمونت قىلىنمىغاچقا، بەزى بالكونلارنىڭ رېشاتكىلىرى چىرىپ، بوشاپ، سۇنۇپ كېتىشكە ئارانلا قالغانىدى. مەلىھا قورۇقتا ياغاچچى ئۇستام كەپتۇ، دېگەننى ئاڭلاپ قەۋەتلا خۇشال بولۇپ كەتتى، چۈنكى ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ بالكون رېشاتكىسى چىرىپ كەتكەچكە، تېگىپلا كەتسە سۇنۇپ كېتىدىغاندەك بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا ئۇ خېلىدىن بېرى بالكونغا چىقالماي يۈرەتتى. كەلگەن ياغاچچى ئۇستام قەيەرلەرنى ياساش كېرەكلىكىنى بىلمەكچى بولۇپ، ھەممە يەرنى كۆرۈپ يۈرەرىمىش. «ئالدىنقى يىلى ئەكەلگەن ئۇستام نائۇستا چىقىپ قالدى. بۇ قېتىم كەلگىنى قانداقراقتۇ؟» مەلىھا كۆڭلىدە شۇنداق ئويلاپ، ئۆيىنى بىرەر قۇر يىغىشتۇرۇپ قويدى، ھە، بولدى، ھەممىسى رەتلەندى. ئۇ يەنە ئىشكاپلارنى تەكشۈرۈپ چىقىپ قۇلۇپلاپ قويدى. ئەمدى ئۇستام كىرىپ كۆرسە بولىۋېرەتتى. ئۇ ئۆيدىن چىقتى. ھەممىسى ئۆيلىرىنى يىغىشتۇرۇۋاتقان بولسا كېرەك، سىرتتا ئادەم كۆرۈنمەيتتى. بىر ئازدىن كېيىن ھەممىسى سىرتقا چىقىشتى، پەقەت ئايسۇنلا چىقمىغانىدى. «ھۆرۈن خوتۇن نېمە قىلىۋاتقاندۇ، ئوڭلاپ بىر ئۆيىنمۇ يىغىشتۇرالمايدىغان ھالىغا» مەلىھا شۇنداق ئويلىدى.
چوڭ خانىم بىر قىز خىزمەتكارنى ئايسۇننىڭ ئۆيىگە ئەۋەتتى:
— كىرىپ قاراپ باق، ياردەملىشىدىغان ئىشلار بولسا ياردەملەشكىن.
مەلىھانىڭ سۆرۈن تەلەتىدە بىر خىل مەسخىرە، مەنسىتمەسلىك جىلۋە قىلدى:
— ئەلۋەتتە، ئۇ خېنىم ئۆگىنىش قىلىش ۋە رەسىم سىزىش

بىلەن ئالدىراش، نەدە ۋاقتى بولسۇن! ئۇ دېگەن ئوقۇمۇشلۇق خېنىم تۇرسا!

چوڭ خانىم بۇ گەپنى ئاڭلاپ مەلىھاغا غەزەپ بىلەن ئالايدى، بۇنى كۆرۈپ مەلىھامۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى.

يېقىندىن بېرى ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرغاندا، ئايسۇننىڭ ئىچى ئېلىشىپ بېشى قايىدىغان، بەك بىئارامسىزلىنىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئەمما، ئۇ بۇلارنى ھېچكىمگە تىنىمىدى، تاھىسىن قايتىپ كەلگەندە، ئۆزىنى دوختۇرغا ئاپىرىشىنى كۈتتى. بۇ قېتىم تاھىسىن شەھەردە سەل ئۇزۇنراق تۇرۇپ قالدى، يېڭى سېخ ئىشقا كىرىشكەچكە، تاھىسىن يېڭىدىن ئىشلەپ چىققان مەھسۇلاتلارنى سېتىش ئىشىنى بىر تەرەپ قىلمىسا بولمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تاھىسىننىڭ ھازىرقى تۇرۇۋاتقان تۇرالغۇسى ئۇنىڭغا تازا ئەپ كەلمەي، تىنچ، ئوبدانراق بىر يەر تېپىپ كۆچۈپ كېتىشنى ئويلاۋاتاتتى. ئۇ ئەمدى ئايسۇننى چىن كۆڭلىدىن سېغىنىۋاتاتتى: «ئەگەر ئۇ داۋاملىق يېنىمدا بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە!» شۇڭلاشقىمۇ ئۇ بۇ قېتىم شەھەرگە كېتىدىغان چاغدا ئايسۇنغا:

— مەن شەھەردىكى تۇرالغۇمنى كۆچۈرۈپ بولغاندىن كېيىن سىزنى شەھەرگە ئەكېتىمەن، — دېگەنىدى.

شۇ چاغقىچە تاھىسىن ئۆزىنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئەمەلدە ئورۇنلىغانىدى، شۇڭلاشقىمۇ ئايسۇن بۇ قېتىمىمۇ تاھىسىننىڭ دېگىنىنى قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى، ئۇ ئېرىنى زارىقىپ كۈتمەكتە. بايا خىزمەتكار كىرىپ، قورۇقتا ياغاچچى ئۇستام كەلگەنلىكىنى، ئۇ ھەممە يەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ياسايدىغان يەرلەرنى بېكىتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئايسۇن دەرھال ئۆيىنى يىغىشتۇرۇشقا كىرىشىپ كەتتى. ئاخشام ئىشلەتكەن دەرسلىك كىتابلار، رەسىم قەغەزى ۋە بوياقلار ئۈستەل ئۈستىدە، كىرىسلودا، يەرلەردە چېچىلىپ ياتاتتى، ئاخشام ئۇ سەل بىئارام بولۇپ قىلىپ، بۇ

نەرسىلەرنى يىغىشتۇرمايلا يېتىۋالغان، ئەتىگەندە ناشتىدىن كېيىن ئۇنىڭ ئىچى بەك ئېلىشىپ كەتكەچكە، باشقىدىن يېتىۋالغانىدى. «تاھسىنىنىڭ كېلىشىنى كۈتمەي، ئاپامدىن نېمە قىلىشنى سوراي» ئايسۇن شۇلارنى ئويلاپ تۇراتتى، ئىشىكنى خەيرىيە چېكىپ كىرىپ كەلدى.

ئايسۇن خىزمەتكارلارغا ئۆيگە كىرىشتىن بۇرۇن ئىشىكنى چېكىشنى ئۆگىتەلمەي خېلى جاپا تارتتى. بۇرۇن دادىسى ئۇنىڭغا ھەرقانداق يەرگە كىرىشتىن بۇرۇن ئىشىك چېكىشنى ئۆگەتكەنىدى، ئەگەر بىرەرى ئۇنىڭ ئۆيىگە ئىشىكنى چەكمەيلا كىرسە ئۇ ناھايىتى خاپا بولۇپ كېتەتتى. شۇڭلاشقا ئايسۇن كىچىكىدىن تارتىپلا شۇنداق ئادەتنى يېتىلدۈرگەنىدى.

— چوڭ خانىم ياردەم كېرەكمىكىن دەپ مېنى ئەۋەتتى.

— دەل ۋاقتىدا كەلدىڭ، خەيرىيە. سەن ئاۋۇ رەسىم قەغەزلىرىنى ئىشكاپنىڭ ئەڭ ئۈستىدىكى قەۋىتىگە تىزىپ قويامسەن؟ قولۇم يەتكۈدەك يەرگە قوي. ھازىر بېشىم بەك قېيىپ تۇرىدۇ.

— ئەلۋەتتە بولىدۇ خانىم، ئۇلارنى ھازىرلا تىزىۋېتىمەن.

ئىككىسى ئۆيدىن بىللە چىقتى. ئايسۇن ھەممەيلەننىڭ ئۆزىنى ساقلاپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، خىجىل بولۇپ قالدى. ئۇ ئارانلا:

— بايا بېشىم قېيىپ كېتىپ، بىرئاز يېتىۋالغانىدىم، — دېدى.

ھاسان مېھمانخانىدىن ياغاچچى ئۇستامنى چاقىرىپ چىقتى. ھايال ئۆتمەيلا ھاسان باشلاپ كېلىۋاتقان قەددى ـ قامەتلىك، قارىمۇتۇق ياغاچچى ئۇستام ئاياللارنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. ھەممىسى ياغاچچىنىڭ باشتا ئۆزىنىڭ ئۆيىنى كۆرۈپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىپ تۇرغاچقا، رېشاتكىغا يۆلىنىپ تۇرغان مەلىھانىڭ چىرايىنىڭ بىردىنلا تامدەك ئاقىرىپ كەتكەنلىكىگە زەن سالمىدى. شۇنچە يىللار ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ مەلىھا ئابزەرنى

بىر كۆرۈپلا تونۇۋالدى، ئۇ ئۆزىنى يىغلىۋېتىشتىن ئاران ـ ئارانلا تۇتۇۋالدى ـ دە، يۈگۈرۈپ ئۆيىگە كىرىپ سافاغا ئۆزىنى ئاتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى گويا ھازىرلا قېپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك ئەنسىز گۈپۈلدەپ كېتىۋاتاتتى. بۇرۇنقى كۈنلەر ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن گويا كىنو لېنتىسىدەك ئۆتۈشكە باشلىدى.

ئۇ چاغدا مەلىھا ئەمدىلا يىگىرمە ياشقا كىرگەنىدى. دادىسى يېڭىدىن ئۆي سالماقچى بولۇپ، ئۆيىگە ئۇستىلارنى تەكلىپ قىلغانىدى. ئۆيدە باشقا بالا بولمىغاچقا، مەلىھا دادىسىغا ياردەمچى بولۇپ، ھە ـ ھۇ دېيىشىپ بېرەتتى. ئۇ دادىسى بىلەن ئاتقا مىنىپ، ئېتىزلاردىكى زىرائەتلەرنى كۆرەتتى، ئۆي سېلىۋاتقانلارنىڭ ئىشىنى تەكشۈرەيتتى. مەلىھا ئابزەرنى بىر كۆرۈپلا ياقتۇرۇپ قالدى، ئۇ كىچىكىدىن ئۆز سۆزلۈك چوڭ بولغاچقا، ئۆزىگە چاي ئىچۈرۈپ قويغانلىقى بىلەنمۇ چاتىقى بولمىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئابزەرمۇ ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغانىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار باشقىلاردىن يوشۇرۇنچە كۆرۈشىدىغان بولۇشتى. ئۇلارنىڭ مۇھەببىتى تېزلا چوڭقۇرلاپ كەتتى. شۇغىنىسى، ئابزەر مەلىھادەك قارام ئەمەس ئىدى، باينىڭ قىزى بىلەن داۋاملىق ئارىلىشىپ ئىش چىڭىغا چىقسا، ئۆزىنىڭ قانداق ئاقىۋەتكە قالىدىغانلىقى كۆڭلىگە ئايدىڭ ئىدى. ئۇنىڭدا مەلىھانىڭ دادىسىنىڭ ئالدىغا ئەلچى كىرگۈزگۈدەك مادار يوق ئىدى، شۇڭا ئۇ ئەڭ ئاقىلانە چارە بۇ يەردىكى ئىشلارنى تۈگەتكۈچە مەلىھانى گوللاپ تۇرۇپ، ئاندىن غىپپىدە قېچىپ كېتىش، دېگەن يەرگە كەلدى. ئەمما، مەلىھا ئۇچىغا چىققان تەۋەككۈلچى بولغاچقا، ئۇمۇ ئۆزىچە پىلان تۈزۈپ، سۆيگىنى بىلەن بىللە يىراقلارغا قېچىپ كېتىشنى ئويلاۋاتاتتى. بۇ يەردىكى ئىشلارنىڭ تۈگىشىگە نەچچە كۈنلا قالغانىدى، ئابزەر مەلىھانىڭ كۆڭلىنى توق قىلىپ تۇرۇپ، بۇ يەردىن بالدۇرراق يوقىلاي، دېگەننى كۆڭلىگە پۈكتى. دەل شۇ چاغدا ئۇ مەلىھاغا چاي ئىچۈرۈپ قويۇلغانلىقىنى ئاڭلاپ، تېخىمۇ قورقۇپ كەتتى. شۇنىڭ

بىلەن ئۇ ئىشنى كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىشلەپ، نەچچە كۈن بۇرۇن تۈگەتتى، غوجىداردىن ئىش ھەققىنى ئېلىپ، نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يىغىپ تەخلەپ قويدى. مەلىھا ئۇنىڭ بىلەن ئەتە تاڭ سەھەردە قېچىپ كەتمەكچى، بازارغا بارغاندىن كېيىن بىرەر ئاپتوموبىلنى كىرا قىلماقچى بولغانىدى. مەلىھا كېچىدە قوپۇپ ئەرەنچە ياسىنىپ، ئابزەرنى كەنت بېشىدىكى كۆۋرۈكتە ساقلاپ تۇرماقچى بولدى. پىلان كەم ـ كوتىسىز تۈزۈلگەنىدى. ئەمما، مەلىھا شۇنچە ساقلىسىمۇ ئۇنىڭ سۆيگەن يىگىتى دېيىشكەن يەرگە كەلمىدى، ئۇ چىن قەلبىدىن سۆيگەن ئادىمى ئۇنى ئالدىغانىدى. مەلىھا نەچچە كۈنگىچە ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى، ئۇ بەئەينى ئېغىر كېسەل تەگكەندەكلا بولۇپ قالغانىدى. بۇنىڭ سىرىنى ھېچكىم بىلەلمىدى. نەچچە ھەپتىدىن كېيىن ئۇنىڭ قەلبىنى مۇجۇپ ئاغرىتقان ئازاب ئاستا پەسكويغا چۈشكەندەك بولدى. ئاخىر مەلىھا ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى تەڭشىۋالدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ھەرقانداق ئادەمگە كۆڭۈل بەرمىدى. ئۇ بىر باينىڭ ئەتىۋارلىق قىزى تۇرۇپ شۇنداق چوڭ بىر خاتالىق سادىر قىلدى، ئۇ قىزلىق قەلبىنى نامى يوق، تېگى ئېنىقسىز بىر ئەرگە ئاچقان، ئەلۋەتتە، ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن ئېچىنىشلىق بەدەل تۆلىگەنىدى. بۇرۇنقى مەلىھا يەنە قايتىپ كەلدى، ئەمما ئۇ بۇرۇنقىدىنمۇ بەتتەر تاش يۈرەك بولۇپ كەتتى. ئۇ ھاياتىمدىكى بۇ ئىشلار ئەمدى كەلمەسكە كەتتى، دەپ ئويلاپ يۈرەتتى، ئەمما ئويلىمىغان يەردىن شۇنچە يىل ئۆتۈپ، تەقدىر ئۇلارنى يەنە بىر قېتىم ئۇچراشتۇرۇپ قويدى.

ئابزەر ئۆيلەرنى، مېھمانخانىنى، بالكونلارنى ۋە زاللارنى تەپسىلىي كۆرۈپ، قانچىلىك ئىش كېتىدىغانلىقىنى ھېسابلاپ چىقماقچىدى. ئۇلار ئەڭ ئاخىرىدا مەلىھانىڭ ئۆيىگە كىرىشتى. بۇ چاغدا مەلىھا ئۆزىنى پۈتۈنلەي بېسىۋېلىپ ئىشىكنى ئېچىپ، سىرتقا چىقاي دەپ تۇرغانىدى. مەلىھانى كۆرگەن ئابزەر خۇددى توك سوقۇۋەتكەندەك قاتتىق چۆچۈپ كەتتى.

ئۇنىڭ چىرايى تامدەك ئاقىرىپ كەتكەندى، غوجىدارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئۇ ئاندىن ھوشىغا كەلگەندەك بولدى.

— ئابزەر ئۇستام، تېزرەك بولايلى، بېگىم بىزنى ساقلاپ قالدى.

مەلىھا يانغا ئۆتۈپ، غوجىدار بىلەن ئۇستامنى كىرگۈزۈۋەتتى. ئۇنىڭ چىرايىدا قىلچە ئۆزگىرىش يوق ئىدى، بۇنى كۆرگەن ئابزەر مەلىھانىڭ ئۆزىنى تونۇغان ـ تونۇمىغانلىقىنى بىلەلمەي قالدى. ئۇ ئۆيگە كىرىپ ئۆي ئىچىنى، دېرىزە راملىرىنى ۋە بالكوننى تەكشۈرۈپ كۆردى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئەس ـ يادى ئۆزى بىلەن ئەمەس، شۇڭا يېنىدا سۆزلەۋاتقان غوجىدارنىڭ سۆزلىرىنىمۇ ئاڭلىمىدى.

— ئۇستام، مەن سىزگە گەپ قىلىۋاتىمەن، ئاڭلىمايۋاتامسىز؟

— ھە، نېمە دېدىڭىز؟

— سىز دېگەن بىر ھۈنەرۋەن، بۇنداق ھەمدەم خىيال بولسىڭىز، كېيىن ئۆيىڭىزگە كېتىدىغان يولنىمۇ تاپالماي قالامسىز؟ كۆرىدىغان يەرلەرنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈپ بولدىڭىز، ھېسابلاپ بولغانسىز؟ شۇ تاپتا ئۆمەر بەگ بىزنى ساقلاپ تۇرۇۋاتىدۇ، سىز بۇ ئىشقا قانچىلىك ھەق ئالىدىغانلىقىڭىزنى، قانچىلىك ۋاقىتتا پۈتكۈزىدىغانلىقىڭىزنى دەڭ. قىش كىرەي دەپ قالدى، ئىشلارنى بالدۇرراق تۈگەتمىسىڭىز بولمايدۇ. ئەگەر بىز كېلىشەلىسەك، سىز بېرىپ ياردەمگە كۈنلۈكچى تېپىپ كەلسىڭىز بولىدۇ.

— بولىدۇ، بولىدۇ.

ئۆمەر بېگىم ئۇلارنى مېھمانخانىدا ساقلاپ ئولتۇراتتى. ئابزەر باھانى دېدى، ئىككىسى باھانى ئانچە ـ مۇنچە تالىشىپ ئاخىر كېلىشتى. ئەمەلىيەتتە ئابزەرنىڭ دېگىنى ئەڭ تۆۋەن باھا ئىدى، ئەمما باھا تالىشىش ئېلىم ـ بېرىمدىكى ئادەت بولغاچقا، ئۇلار ئانچە ـ مۇنچە تالىشىپ بىرلىككە كەلدى. ئۇ ئىشلارنى بىر ئاي

ئىچىدە ئىشلەپ تۈگىتىدىغانلىقىنى دېدى. ئۇلار كېلىشىپ بولغاندىن كېيىن ئابزەر ئۆزىگە ياردەمچى تاپىدىغانلىقىنى، ئەتە كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، قورۇقتىن كەتتى. ئۇ پۈتۈنلەي ئاسفالت يول بىلەن ماڭدى. كەڭ دالادا سايىۋەت قىلىنغان ئاتقاندەك مېڭىش ئىمىدىگەن پەيزى ـ ھە! «مەن ئىمىدىگەن تەلەيلىك ـ ھە!» ئابزەر كۆڭلىدە شۇنداق دېدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئاردىن شۇنچە يىللار ئۆتكەندە مەلىھانى ئۇچرىتىپ قېلىشىنى ئەسلا ئويلىمىغانىدى. مەلىھانىڭ چىرايىدىن ئۇنى تونۇغانلىقىنى پەقەتلا بىلگىلى بولمايتتى. «تونۇماسلىقى مۇمكىن ئەمەس، — دەپ ئويلىدى ئابزەر، — ئەمما نېمىشقا ئۇ ئازراقمۇ بىلىندۇرمەيدۇ؟ بۇ ئائىلىنىڭ بايۋەچچىسىگە ياتلىق بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ؟ ئۇنىڭغا ئۆز ۋاقتىدىلا چاي ئىچۈرۈپ قويغانمىدىغۇ؟»

يىراقتىن بىر يۈك ئاپتوموبىلى كېلىۋاتاتتى، ئابزەر قول پۇلاڭلاتتى، ئاپتوموبىل ئۇنىڭ يېنىغا كەلگەندە ئاستا توختىدى. ئۇ ئاپتوموبىلنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، كابىنكىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ سورىدى:

— ئۇستام، بازارغا بارماقچىدىم، مېنى ئېلىۋالامسىز؟

— ئېلىۋالاي، قېنى چىقىڭ.

ئابزەر شوپۇرنىڭ يېنىدا ئولتۇردى ۋە چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتتى. ئۇنىڭ ئىش ھەققى ئۈچۈن ئەڭ تۆۋەن باھانى ئېيتىشى باھا تالىشىپ ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەسلىك ئۈچۈن ئىدى. ئۇ بۇ يەرگە يەنە قايتىپ كېلىشنى ئەسلا ئويلىمىدى، چۈنكى ئۇ بۇ يەرگە ئىشلەيمەن دەپ قايتىپ كەلسە، ئۇنى پالاكەت باسىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. ئۇ يول بويى شوپۇر بىلەن سۆزلەشمەي ماڭدى. ئاپتوموبىلدىن چۈشىدىغان چاغدا ئۇ شوپۇرغا پۇل بەرمەكچى بولۇۋىدى، شوپۇر ئالغىلى ئۇنىمىدى.

— تەشەككۈر، ئاقىۋول بولسۇن.

ئۇ شۇنداق دەپ شوپۇرغا رەھمەت ئېيتىپ ئاپتوموبىلدىن چۈشتى ۋە ئۇدۇل ئۆزى تۇرۇۋاتقان مېھمانسارايغا باردى. ئۇنىڭ

قورسقى ئاللىبۇرۇنلا ئېچىپ كوركىراپ كەتكەنىدى. ئۇ ئالدىدا مېھمانسارايىنىڭ يېنىدىكى ئاشخانىدا قورسقىنى تويدۇردى، ئاندىن ياندىكى قەھۋەخانىغا كىرىپ، بىر ئىستاكان چاي ئالدى. ئۇنىڭ مۇشۇ قەھۋەخانىدا مۇلازىمەتچى بولۇپ ئىشلەيدىغان يۇرتدىشى ئۇنى كۆرۈپ يېنىغا كەلدى:

— ئابزەر ئاكا، بۇگۇن سېنى ئىككى ئادەم ئىزدەپ كەلدى، ئۇلار سېنى بۇ يەرگە كەپتۇ، دەپ ئاڭلاپ كەلگەنىكەن. مەن ئۇلارغا: «ئابزەر ئاكامغا دەيدىغان گېپىڭلار بولسا، ماڭا دەپ قويۇڭلار» دېسەم، ئۇلار: «بىز ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن كۆرۈشىمىز، بىز چوقۇم ئۇنى تاپىمىز» دېدى. ماڭا دېمەيسەن دېمە، قارىغاندا ئۇلار ياخشى نىيەتتە كەلمىگەندەك قىلىدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ چاي ئىچىۋاتقان ئابزەر قاقىلىپ كەتتى. بۇگۇن نېمە ئىش بولدى، ئالدىدا مەلىھاغا يولۇقۇپ قالدىم، مانا ئەمدى قەرز ئىگىلىرى ئىزدەپ كەپتۇ. ئابزەر ئۆزىنى قاپقانغا چۈشۈپ قالغان چاشقاندەك ھېس قىلدى. خېلىدىن بۇيان ئۇنىڭ قىمار ئويناش خۇمارى بېسىقماي، يات ـ يات بازارغا كېلىپ قىمار ئوينايدىغان بولۇۋالغانىدى. شۇڭلاشقا ئۇ تا مۇشۇ ياشقا كىرىپ قالغۇچىمۇ بىر ئىشتاننى ئىككى قىلالماي ئۆتتى. ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇ ئۇستا ياغاچچى بولۇپ، كۈچىنى ئىشقا سالسىلا باغلام ـ باغلام پۇل تاپالايتتى. ئۇ قىمارغا خۇمار بولۇپ قالغاچقا، خوتۇنى ئىككى ئوغلىنى ئېلىپ ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە ياماناپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بازاردىكى جازانىخورلاردىن يوقىرى ئۆسۈملۈك قەرز ئالدى، بۇ پۇللارنىمۇ ئۇتتۇرۇپ قاق سەنەم بولدى. مانا ئەمدى قەرز ئىگىلىرى ئۇنى ئىزدەپ كەپتۇ. ئۇلار مېنىڭ بۇ يەردىلىكىمنى قانداق بىلىپ قالغاندۇ؟ ئۇنىڭ ئۆيى بۇ يەردىن نەچچە يۈز كىلومېتىر يىراقتا تۇرسا. ئۇ جازانىخورلار ئىنسان قېلىپىدىن چىققان بىرنېمىلەر، ئەگەر ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدىغان بولسا، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىگە بىرنېمە دېمەك تەس ئىدى. قارىغاندا، يەنىلا قورۇققا بېرىۋېلىش

ئەڭ بىخەتەردەك قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئابزەر قەتئىي نىيەتكە كەلدى، ئۇ ھېلىقى مۇلازىم يۇرتدىشىغا:

— ئەگەر باشقىلار مېنى سوراپ قالسا، ئۆيىگە كەتتى، دەپ قويغىن، — دېدى - دە، دەرھال مېھمانسارايغا كىرىپ، نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، ھېساباتىنى قىلدى. مېھمانساراي غوجايىنى ئۇنىڭ كەچ بولغاندا بۇ يەردىن كەتمەكچى بولغانلىقىنى كۆرۈپ، ھەيران بولۇپ دېدى:

— بۇ كەچتە ئاپتوموبىل تاپالمايسىز، يەنىلا ئەتە ئەتىگەندە ماڭغىنىڭىز تۈزۈك.

ئابزەر بۇ گەپكە نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بۇرۇنلا ئويلاپ قويغانىدى:

— ئۆيدىن دادامنى ئاغرىپ قالدى، تېزرەك كەل، دەپ خەۋەر كەلدى. مەن چوڭ يولغا چىقىپ ئاپتوموبىل توسىمەن.

ئۇ تېزلا چوڭ يولغا چىقىپ، كېلىۋاتقان ئاپتوموبىللارغا قول پۇلاڭلاتتى، ئاخىر ئەبجەقى چىقىپ كەتكەن ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوبۇس كېلىپ توختىدى. ئۇ ئاپتوبۇسقا چىقىپ، بىر بوش ئورۇننى تېپىپ ئولتۇردى. ئۇ بەكلا ھېرىپ كەتكەچكە بەك ئۇيقۇسى كېلىپ كەتتى، ئەمما ئۇخلاپ قالسا ئاپتوموبىلدىن چۈشىدىغان يېرىدىن ئۆتۈپ كېتىشتىن ئەنسىرەپ، چىداپ ئۇخلىماي ئولتۇردى. ئۇ كەنت بېشىدا ئاپتوبۇستىن چۈشكەندە، قۇياش ئاللىقاچان پېتىپ، ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق قاپلىغانىدى. ئۇنىڭ ماڭىدىغان يولى يەنە خېلى بار بولغاچقا، قەدىمىنى تېزلەتتى. بۇ كۈزنىڭ ئىللىق كېچىلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ قورۇق دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە يېرىم كېچە بولغان، غوجىدارمۇ ئاللىقاچان يېتىپ قالغانىدى. غوجىدار ئۇيقۇلۇقتا ئابزەرنىڭ ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆرگەندە قاتتىق چۆچۈپ كەتتى:

— تىنچلىقمۇ ئۇستام، سىزنى ئەتە كېلىدۇ دېگەنتۇق. بۇگۈن كۈندۈزدە ماڭا ئېيتىپ قويغان بولسىڭىز، مەن سىزگە ياتىدىغان

يەرنى تەييارلىتىپ قويىاتتىم. بۈگۈن كېچە سىز ئات باقار ھىكمەت بىلەن بىللە يېتىڭ. ئەتە مەن سىزنى مۇۋاپىق بىر يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قوياي.

ئابزەرنىڭ بەكلا ئۇيقۇسى كېلىپ كەتكەننىدى. شۇ تاپتا ئۇنى ئىشىك تۈۋىدە ئۇخلا دېسىمۇ ياق دېمەي ئۇخلاۋېرەتتى. ئۇ ئۆشنىسىگە ئارتىۋالغان يۈك ــ تاق ۋە سايمانلىرىنى يەرگە قويۇپ، غوجىدار كۆرسەتكەن يەرگە ياتتى. ئۇ ھەرھالدا شۇنداق قىلىپ ھېلىقى جازانىخورلاردىن ۋاقىتلىق بولسىمۇ قېچىپ قۇتۇلغانىدى.

«بۇ يەردە ئىشلەپ پۇل تاپقاندىن كېيىن، قەرزلىرىمنى قايتۇرۇۋېتەي، ئېشىپ قالغىنىغا يەنە ھۆججەت يېزىپ بېرىپ، كېيىن يەنە پۇل تاپقاندا قايتۇرارمەن» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. ئەمما، ھەقىقىي خەتەرلىك ئادەم شۇ تاپتا ئاتخانىغا زەھەرخەندىلىك بىلەن تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى ئۇ تېخى بىلمەيتتى. ئىككى كۆزى غەزەپتىن ئوت بولۇپ يانغان مەلىھا شۇ تاپتا ئۇنىڭدىن ئىنتىقام ئېلىشقا قەسەم قىلىۋاتاتتى. ئۇ ئۆز ــ ئۆزىگە دېدى:

ـــ ئابزەر ئەپەندى، مانا ئەمدى قولۇمغا چۈشتۈڭ، بۇ قېتىم قانداق قاچىدىغانلىقىڭنى بىر كۆرەي.

ئابزەر ئەتىگەن تۇرۇپلا ئىش باشلىدى. ئۇ ھەممە ئىشنى ئۆزى قىلىدىكەن، دېگەن گەپنى ئاڭلاپ، ھاسان بەكلا ئاچچىقلاپ كەتتى:

ـــ ئۇستام، ئىش دېگەن شۇنچە جىق تۇرسا، سىز يالغۇز قانداق قىلىپ بولىسىز؟ سىز ئىككى ياردەمچىم بار، دېگەنغۇ؟ قىش كىرىپ قالدى، ناۋادا يامغۇر ــ يېشىن بولۇپ قالسا قانداق قىلىمىز؟ بېگىم ئاڭلىسا چوقۇم خاپا بولىدۇ.

ـــ ئىش تاپالمىغاچقا، ھېلىقى ئىككى نەرسە ئۆيىگە كېتىپ قاپتۇ، خاتىرجەم بولۇڭ، بېگىممۇ ئاچچىقىغا ھاي بەرسۇن، مەن كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ بولسىمۇ ئىشلەپ، سوغۇق چۈشكۈچە

سىرتتا قىلىدىغان ئىشلارنى تۈگىتىمەن، ئاندىن ئۆينىڭ ئىچىدە قىلىدىغان ئىشلارنى قىلىمەن.

— قاراپ بىر ئىش قىلارسىز، ئىش قىلىدىغان ئادەم سىز. بىزنى سوغۇق چۈشكەندە تالادا قويمىسىڭىزلا بولدى.

— بۇنىڭدىن ئەندىشە قىلماڭ. بۈگۈن مەن بىنانىڭ پەلەمپەيلىرىنى، رېشاتكىلىرىنى ياساشقا باشلايمەن.

— بوپتۇ ئۇستام، ئىشلەۋېرىڭ، بىرەر نەرسە لازىم بولسا ماڭا دەڭ.

— بولىدۇ.

ئابزەر راستىلا ئۆزى دېگەندەك تا قاراڭغۇ چۈشكۈچە باش كۆتۈرمەي ئىشلىدى. ئۇ ھەقىقەتەن ئۇستا ياغاچچى ئىدى، ئۇ ياساپ چىققان يەرلەر بىردىنلا يېڭىچە تۈس ئالدى. كەچقۇرۇن ئۆمەر بەگ ئۇنىڭ ئىشىنى كۆرگىلى كەلدى، بېگىم ئۇ ياساپ چىققان يەرلەرنى كۆرۈپ ناھايىتى رازى بولدى:

— سەن ئۇلار ئېيتقاندەك ھۈنەرلىك كاتتا ئۇستا ئىكەنسەن، بوپتۇ، ياخشى، ئىشلەۋەرگىن.

غوجىدارمۇ پات - پاتلا كېلىپ ئۇنى قانداق ئىشلەۋاتىدىكىن دەپ كۆرگەچ، بىرەر نەرسە لازىممۇ، دەپ سوراپ قوياتتى. ھازىرغىچە ھەممە ئىشلار ناھايىتى يۈرۈشۈپ كېتىۋاتاتتى.

قورۇقتا يەنە بىر ئىشمۇ ناھايىتى ئوڭۇشلۇق داۋاملىشىۋاتاتتى، ئۇ بولسىمۇ ئابزەر بىلەن نازلىنىڭ مۇھەببىتى ئىدى. نازلى ئابزەرنى تۇنجى كۆرۈپلا، مەن ئىزدەپ يۈرگەن ئەر مانا مۇشۇ دەپلا جەزملەشتۈردى. دەسلەپتە ئۇلار بىر - بىرىنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قارىشىپ قالدى، كېيىنچە ئۇلار سۆزلەشتى، كۆرۈشتى. ئابزەرمۇ قانداق قىلىشىنى بىلەلمەي قالدى. ئۇ بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە ئىشلارنى قىلىپ تۈگىتىشى كېرەك، ئۇنىڭ يەنە نازلىدىن ئايرىلىپ قالغۇسى يوق. ئۇ بۇ قېتىم نازلىنى چىن كۆڭلىدىن ياخشى كۆرۈپ قالدى، ئەگەر ئۇ قىز رازى بولسىلا، ئۇ ھەر زامان قىزنى ئەپقېچىشقا تەييار ئىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆ-

زىگە يۇرتىدىكى خوتۇن ـ بالىلىرى، ھېلىقى جازانىخورلار كۆرۈنمەي قالدى. ئۇ ئەمدى مەلىھا مېنى راستلا تونۇيالماپتۇ، دەپ بىلگەنىدى. بۇ قورقۇنچلۇق ئۆتكەلدىن مۇنداق ئاسان ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىنى ئۆزىمۇ ئويلىمىغانىدى.

بېشىنىڭ قېيىشى، ئىچىنىڭ ئېلىشىشى بارغانچە ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقان ئايسۇن ئاخىر تاھسىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈش نىيىتىدىن يېنىپ، بۇ ئىشنى قېيىنئاپىسىغا ئېيتماقچى بولدى. بۇ كۈنى ئۇلار بىر كۈن مېھمانلارنى كۈتۈش بىلەن ئاۋارە بولۇپ، قېيىنئاپىسىغا دەيدىغان ۋاقىتمۇ چىقمىدى. ئۇنىڭ كەچلىك غىزاغا ئىشتىھاسى تارتمىدى. بۇلارنى سېزىپ تۇرغان چوڭ خانىم:

— ئاغرىپ قالدىڭمۇ قىزىم؟ بۈگۈن چىرايىڭ باشقىچىلا تۇرىدۇ، — دېدى.

— بېشىم قېيىۋاتقىلى نەچچە كۈن بولدى، شۇ تاپتا بەكلا بىئارام بولۇپ كېتىۋاتىمەن، بىر ئاز يېتىۋالسام ياخشى بولۇپ قالامدىمكىن.

— سەن ئەتىگەندە بەك سەھەر تۇرىسەن، كەچتە ئۆگىنىش قىلىپ بەك كەچ ياتىسەن، ئۆزۈڭنى چارچىتىۋالما، بىر نەچچە پەننى كېلەر يىلى ئوقۇشقا ئېلىپ قويساڭ بولاتتى.

— توغرا دەيسىز، بۈگۈن مەن بالدۇرراق ياتاي.

ئايسۇن ئورنىدىن تۇرۇپ، تاماقخانىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ ئۆيىگە كىرىش ئۈچۈن چوقۇم پەلەمپەي بىلەن مېڭىشى كېرەك ئىدى، ئۇ پەلەمپەيگە چىقىپ كېتىۋاتقاندا تۇيۇقسىز كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى. ئۇ دەرھاللا پەلەمپەي سالاسۇنىنى تۇتىۋالماقچى بولۇپ قول ئۇزارتقانىدى، ئەمما تۇتالماي، يەرگە گۈپپىدە يىقىلدى ـ دە، پەلەمپەيدىن دومىلاپ كەتتى. ھەنىفە قولىدا پەتنۇس، ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقماقچى بولۇپ كېلىۋاتاتتى، ئۇ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، دەرھال قولىدىكى پەتنۇسنى تاشلاپ، ئايسۇننى

تۇتۇۋالدى. ھېلىمۇ ياخشى ئايسۇن پەقەت ئۈچ پەلەمپەيلا دومىلىغانىدى. ھەنىفە دەرھال: «دەرھال كېلىڭلار، خانىم يىقىلىپ كەتتى!» دەپ تولىدى. بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ قورۇقتىكىلەر دەرھال پەلەمپەيگە يۈگۈرۈشتى. غوجىدار ئايسۇننى كۆتۈرۈپ ئۈستىگە ئاچىقتى ۋە ئۇنى ھوشىغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يۈزىگە سۇ سەپتى، بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن ئايسۇن ھوشىغا كەلدى، ئۇلار دەرھال پەيتون تەييارلاپ، چوڭ خانىم، غوجىدار يەنە بىرنەچچە ئادەم بىرلىكتە ئايسۇننى بازارغا ئېلىپ ماڭدى. قالغانلار ئۆيدە خەۋەر كۈتۈپ قېلىشتى. بۇ پاتىپاراقچىلىق ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، بىكارچىلىقتا ئۇلار بۇ ئىش توغرىسىدا پاراڭغا چۈشۈشتى، ھەممىسى ئۆزىنىڭ قىياسلىرىنى دەيتتى.

بازارغا كەتكەنلەر تۈن نىسپىگە يېقىن ئاران قايتىپ كەلدى، ئەمما ئۇلارنىڭ چىرايىدا بىر خىل خۇشاللىق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ھەممەيلەن شۇنچە يىللاردىن بۇيان زارىقىپ كۈتكەن خۇش خەۋەر ئاخىر ئېنىق بولغانىدى: ئايسۇن ئېغىرئاياغ ئىكەن.

جاڭزا ئىچى بىردىنلا ھېيت ـ بايرام تۈسىگە كىرگەندەك بولۇپ كەتتى، ھەممەيلەننىڭ ئۇيقۇسى قاچقانىدى. غوجىدار ھەممىسىگە ۋارقىراپ سۆزلەپ يۈرۈپ، ئۆيلىرىگە كىرگۈزۈۋەتتى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئۆمەر بەگ كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئېلىپ، قولىنى دۇئاغا كۆتۈردى:

— ئاللاھ ئىگەم، ئەمدى ئۆلۈپ كەتسەممۇ ئارمىنىم يوق.

بۇنى ئاڭلىغان چوڭ خانىم يۈگۈرۈپ كېلىپ:

— نېمە دەۋاتىدىلا، نېمە گەپ ئۇ ئۆلۈپ كەتسەم دېگەن، بىز يەنە نەۋرىمىزنى باقىمىز، — دېدى.

— دېگىنىڭدەك بولغاي خوتۇن!

بەكلا خۇشال بولۇپ كەتكەن چوڭ خانىمنىڭ كۆزىگە قىلچە ئۇيقۇ كەلمىدى. ئەتە ئەتىگەندە بىرىنچى بولۇپ تاھىسنىغا تېلېفون قىلىپ، ئۇنىڭغا بۇ خەۋەرنى يەتكۈزىمەن، ئۇ چوقۇم بەك خۇشال

بولىدۇ، دەپ ئويلىدى.

بۇ چاغدا يەنە بىرەيلەننىڭمۇ ئۇيقۇسى قاچقانىدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان مەلىھاغا ئاسمان ئۆڭتۈرۈلۈپ، يەر كۆمتۈرۈلۈپ كەتكەندەك بىلىندى، ئۇ ھەتتا دەرھال نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ ئاپىسىنىڭكىگە كەتمەكچىمۇ بولدى، ئەمما ئۇ دەرھاللا بۇ نىيىتىدىن ياندى. دېرىزە ئالدىدا ئاسماندىكى چاراقلاپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا ۋە تاۋاقتەك ئېسىلىپ تۇرغان تولۇن ئايغا قاراپ تۇرغان مەلىھانىڭ كۆزلىرىدىن قەھر ـ غەزەپ، ئۆچمەنلىك ئۇچقۇنلىرى چاقناپ كەتتى. بۈگۈنكى ئىش ئۇنىڭغا قانداقتۇر بىر يول كۆرسەتكەندەك بولدى. ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە:

— ئابزەر ئەپەندى، ئەمدى سىزنىڭ ھۈنىرىڭىزنى كۆرسىتىدىغان ۋاقتىڭىز كەلدى. ھەممىسى سىزنىڭ قانداق ئۇستا ياغاچچى ئىكەنلىكىڭىزنى كۆرۈپ قويسۇن، — دېدى.

يېرىم كېچە، ئەتراپ جىمجىت. دەل شۇ چاغدا بىر قارا كۆلەڭگە ئىشلەمچىلەرنىڭ ياتىقىدىن ئاستا سوغۇرۇلۇپ چىقتى. ئۇ ئۇدۇل قورۇقتىكى ئاساسلىق بىناغا قاراپ كېتىۋاتاتتى، ئۇ بىردەم ـ بىردەم توختاپ، ئەتراپقا قاراپ، گايىدا دەرەخ تۈۋىدە توختاپ بىرئاز تۇراتتى. مەلىھا نەپەس ئېلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي، ئۇ كۆلەڭگىگە ھەيرانلىق بىلەن قاراپ تۇردى. ئۇ ئابزەر ئىدى، ئۇ مەلىھانىڭ بالكونىنىڭ ئاستىدىن ئۆتۈپ، بىنانىڭ يەنە بىر تەرىپىگە بۇرۇلۇپ كەتتى. مەلىھا دەرھال بالكونغا چىقىپ، ئۇنى داۋاملىق كۆزەتتى. ئۇ كۆلەڭگە ئۇدۇل بېرىپ نازلىنىڭ دېرىزىسى ئاستىدا توختىدى ۋە دېرىزىگە كىچىك بىر تاشنى ئاتتى ـ دە، نېرى كەتتى. مەلىھا دەرھال ئىشىك ئالدىغا بېرىپ، ئىشىكنى قىيا ئېچىپ، شۇ يەردىن قاراپ تۇردى. نازلى ھېچبىر ئاۋاز چىقارماي سىرتقا چىقتى. ئۇلار كىرخانا ئالدىدا ئۇچرىشىپ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. بۇنى كۆرگەن مەلىھا داڭ قېتىپ قالدى.

— ئابزەر، ئەسلىدە سەن مۇشۇنداق پەسكەشلىكلەرنى قىلىپ

يۇرۇپتىكەنسەن ـ دە، نازلى، ھەي نازلى ئەمدى سىنى ھېچكىم قۇتۇلدۇرالمايدىغان بولدى، سىنىڭ قورۇقتا تۇرىدىغان ۋاقتىڭ ئاخىرلىشىپ قاپتۇ.

مەلىھا شۇ تاپتا غەزەپتىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەيلا قالدى، ئۇ ھە دەپ ئۆي ئىچىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا ماڭاتتى، ماڭغانسېرى ئاچچىقى تۇتۇپ، گويا بىرنەرسە كانىيىغا قاپلىشىپ قالغاندەك بوغۇلۇپلا قالدى. تا ھازىرغىچە ئۇنىڭ تەلىيى زادىلا كەلمەيۋاتاتتى. دەسلەپتە ئېرى تېگى ـ تەكتىنى بىلمەيدىغان بىر قىزنى خوتۇنلۇققا ئالدى، ئۇنى ئاز دەپ، مانا ئەمدى نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى مەلىھا سەۋدايىلارچە ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، ھەتتا ئۇنىڭ ئۇچۇن ئۆز ئانا يۇرتىنى تاشلاپ كېتىشكە رازى بولغان ئەرنى نازلى تارتىۋالغانىدى. مەلىھا ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، ئاخىر ھەممىنى باشقىدىن ئۆز ئالدىغا كىرگۈزەلەيدىغان قەبىھ پىلاندىن بىرنى تۈزدى، شۇندىلا كۆڭلى سەل خاتىرجەم بولغاندەك بولۇپ كارىۋاتقا چىقىپ ياتتى. بۇ چاغدا يىراقتىن تاڭ ئەلچىسى خورازنىڭ چىللىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

چوڭ خانىم تاڭ سەھەردىلا تاھسىنغا تېلېفون قىلدى، ئەمما تېلېفونىست سىم يولىدىن كاشىلا چىقتى، بىرنەچچە كۈندە ئاران ئوڭشاپ بولغىلى بولىدۇ، دەپ تېلېفوننى ئۈلاپ بەرمىدى. بۇ يىل كۈزدە ھۆل ـ يېغىن كۆپ بولدى، بەزى جايلاردا كەلكۈن كېلىپ خېلى زور زىيانلارنى سالدى. چوڭ خانىم بۇ ئىشنى ئوغلىغا ۋاقتىدا خەۋەر قىلالمىغانلىقىدىن بەكلا جىددىيلىشىپ كەتتى. ئەمما، ھازىر ساقلىماقتىن باشقا نېمە چارە بولسۇن؟

ئابزەر ئىشنى ناھايىتى جىددىي ئىشلىدى، دېمىسىمۇ ئۇنىڭ قولىدا ياسالغان يەرلەر باشقىچە يېڭى تۈسكە كىرگەنىدى. ئۇنىڭ نازلى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قويۇقلاشقانسېرى ئۇنىڭدىن ئايرىلالماس بولۇپ قېلىۋاتاتتى. نازلىغا دادىسىنىڭ ئۆزىنىڭ بىر ياغاچچى ئۇستامغا ياتلىق بولۇشىغا قوشۇلمايدىغانلىقى ناھايىتى

ئېنىق ئىدى، شۇڭا ئۇلار خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىپ، بۇ يەردىن قېچىپ كەتمەكچى بولۇشتى. ئابزەر نازلىغا ئۆزىنىڭ بازاردىكى جازانىخورغا قەرزدار ئىكەنلىكىنى ئېيتىۋىدى، نازلى گەپ قىلماستىنلا بويىندىكى ئالتۇن زەنجىرىنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا قەرزنى قايتۇرۇشقا بەردى. ئۇنىڭ بۇ ئىشىنى كۆرگەن ئابزەر بەكلا ھاياجانلىنىپ كەتتى ـ دە، قىلىۋاتقان ئىشىنى تېخىمۇ بېرىلىپ ئىشلەشكە باشلىدى. ئۇ بۇ يەردىكى ئىشلارنى بالدۇرراق تۈگىتىپ، بۇ يەردىن بالدۇرراق كېتىشنى ئويلاۋاتاتتى. ھازىر ئۇ سىرتتا قىلىدىغان ئىشلارنى تۈگەتكەن، ئەمدى ئۆي ئىچىدە قىلىدىغان ئىشلار قالغانىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى يەنە بىر ئىش نازلى ھازىرچە ئۇنىڭ توي قىلغانلىقىنى بىلمەيتتى. بىر كۈنى مەلىھا ئابزەرگە ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئۆيىدىكى ئىشلارنى قىلىشىنى ئېيتتى. ئابزەر ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ دېرىزە راملىرىنى، ئىشىكلەرنى، ئىشكاپلارنى ۋە بالكوننى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ چىققاندىن كېيىن ئىشنى باشلىدى. بالكونغا يېڭى تۈتقۇچ ئورنىتىۋاتقاندا، ئابزەرگە كەينىدە بىرسى ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغاندەك بىلىندى، ئابزەر ئەتراپىغا قارىدى، ھېچكىم يوقلۇقىنى جەزملەشتۈرگەندىن كېيىن ئىشنى قىلىۋەردى.

— ئابزەر ئۇستام، ئىشلىرىڭىز ئوڭۇشلۇق بولسۇن.

ئابزەر قاتتىق چۆچۈپ كەتتى، چۆچۈگەندىمۇ شۇنداق قاتتىق چۆچۈدىكى، قولىدىكى پالتىسىمۇ يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ئەسلىدە مەلىھا ئىشىكنىڭ ئارقىسىغا مۆكۈنۈۋېلىپ ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ تۇرغانىكەن. توۋا! ئۇ مۆكۈنۈپ قانچىلىك قاراپ تۇرغاندۇ؟

— سىزنى قورقۇتۇۋەتتىممۇ نېمە؟ مەن تونۇيدىغان ئابزەر ئۇنداق توخۇ يۈرەك ئەمەس ئىدىغۇ. سىزدىكى قاپلاندەك يۈرەك نەگە كەتتى؟ قارىغاندا، بۇ بىرنەچچە يىلدىن بېرى قورقۇنچاق بولۇپ قالغان ئوخشايسىز.

قورقۇپ چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتكەن ئابزەرنىڭ يۈز ـ كۆزىدىن سوغۇق تەر تامچىپ تۇراتتى، ئاغزى قۇرۇپ، تاڭلىيى

چاپلىشىپ، مەلىھانىڭ سوئالىغا قانداق جاۋاب بېرىشنىمۇ بىلەلمەي قالدى.
— سىز... مېنى بۇرۇنلا تونۇغانىكەنسىز ـ دە؟
مەلىھانىڭ چىرايىدا بىر خىل مەككارلىق تەبەسسۇمى جىلۋە قىلدى.
— سىززە، مېنى بۇرۇنقى ئىشلارنى ئۇنتۇپ كەتتى دەپ قالغانمىدىڭىز، خاتا ئويلاپسىز ئابزەر ئەپەندى، مەن ھېچ نەرسىنى ئۇنتۇپ قالمىدىم، ئۇنتۇپ قالغۇممۇ يوق. ماڭا قەرزدار ئىكەنلىكىڭىزنى بىلەرسىز؟
— سىز پۇل ئالمەن دېسىڭىز، مەن ئىش ھەققىمنى ئالغاندىن كېيىن بېرەي.
— سىز يەنە خاتالاشتىڭىز، ئابزەر ئەپەندى. سىززە ئازراق پۇل بەرسەم ئىش تۈگەيدۇ دەمسىز؟ قارىغاندا سىز مېنى چۈشەنمەيدىكەنسىز ئابزەر. شۇ تاپتا ئالدىڭىزدا تۇرغىنى ئون يىل بۇرۇنقى ئاشۇ دۆت قىز ئەمەس. ھازىر ھەممە نەرسە مېنىڭ قول ئىلكىمدە، مەن نېمە دېسەم شۇنى قىلىسىز.
ئابزەر ئىشنىڭ ھەقىقەتەن ئۇنداق ئاسان ئەمەسلىكىنى پەملىدى ـ دە، ئىمكانقەدەر مەلىھانىڭ دېگىنىگە بويسۇنماقچى بولدى. مەلىھا ئىشىك كەينىدە تۇرۇپ، بوش، ئەمما بۇيرۇق تەلەپپۇزى بىلەن سۆزلىمەكتە ئىدى:
— قۇلىقىڭنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلا، ئەگەر سەن مەندىكى قەرزلىرىڭنى تۈگەتمەكچى، ئىش ھەققىڭنى ئېلىپ بۇ يەردىن كەتمەكچى بولساڭ، مېنىڭ دېگىنىمدەك قىل.
— بولىدۇ، دەڭ، سىز نېمە قىل دېسىڭىز شۇنى قىلاي.
— مېنىڭ ساڭا قىلدۇرماقچى بولغىنىم سەن ئۈچۈن ناھايىتى ئاسان ئىش. ئاۋۇ ئۆينىڭ بالكونىنى كۆردۇڭمۇ؟
مەلىھا قولى بىلەن ئايسۇنىنىڭ ئۆيىنىڭ بالكونىنى كۆرسەتتى.
— ئۇ بالكون نېمە بوپتۇ؟ مەن تېخى ئۇ ئۆيگە كىرىپ

باقمىدىم.

— مەن شۇڭلاشقا دەۋاتىمەن. سەن ئۇ ئۆيىنىڭ بالكونىنى ياسىغاندا، بالكون رېشاتكىسىنىڭ بىرنەچچە تال مىخىنى سۇغۇرۇۋەت، ئەمما چانمايدىغان قىلىسەن.

ئابزەر گەپنى خاتا ئاڭلاپ قالغان ئوخشايمەن دەپ ئويلاپ قايتۇرۇپ سورىدى:

— ئۇلارنىڭ ئورنىغا يېڭى مىخ مىخلاپ قويامدىم؟

— سەن نېمىدېگەن دۆت. مەن ساڭا بىرنەچچە مىخنى يۇلۇۋەت دەۋاتىمەن.

— ئۇنداقتا نەچچە تاللا مىخ قالامدۇ؟ ناۋادا بىرەرى ئۇنىڭغا يۆلىنىپ قالسا، پەسكە يىقىلىپ چۈشسە قانداق قىلغۇلۇق؟

— كاللاڭ ئەمدى بىرئاز ئىش ئۇقىدىغان بولدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئابزەر قورقۇپ، گېپىنى تاپالماي دۇدۇقلاپ كەتتى:

— سىز ئۇ بالكوندىن بىرسىنى يىقىلىپ كەتسۇن دېمەكچى... — ئۇ گەپنىڭ ئاخىرىنى چىقىرىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ ئاخىر گېپىنى دېدى، — ئېلىشىپ قالدىڭىزمۇ؟ ئۇنىڭ بىلەن نېمە ئاداۋىتىڭىز بار ئىدى؟

— چاتىقىڭ بولمىسۇن. بۇ دېگەن ئۇنىڭ بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىش. سەن مەن دېگەندەك قىلساڭلا بولدى.

— هامىلىدار ئايال ئۇ يەردىن يىقىلىپ چۈشسە، ئۆلمىگەن تەقدىردىمۇ ئېغىر يارىلىنىدۇ. مېنى بۇنداق ئىش قىلىشقا قىستىماڭ، مەن ئاللانىڭ جازاسىدىن قورقىمەن. بولمىسا ئۆزىڭىز قىلىڭ.

— سەن قاچانلاردىن بېرى ياخشى ئادەم بولۇپ قالدىڭ؟ ساڭا باشقا تاللاش يوق، ئاغزىمنى تولا ئۇپراتما !

— گېپىمنى ئاڭلاڭ مەلىها...

— مېنى خانىم دەپ چاقىر.

— بولىدۇ، مەلىھا، ياق، خانىم. سىز دېگەندەك قىلسام، بۇ ئىش ئاشكارىلىنىپ قالسا، ئۇلار مېنى دارغا ئاسىدۇ.
— سەن دېگەن قالتىس ئۇستا ياغاچچى تۇرساڭ، سەن چوقۇم بۇ ئىشنى پەقەتلا بىلىنمىگۇدەك قىلالايسەن. مەيلى مىخنى يۇلۇۋەت ياكى چىرىپ كەتكەن ياغاچنى مىخلاپ قوي، سەن بۇنىڭغا چوقۇم ئوبدان ئامال تاپالايسەن. بۇ دېگەن سېنىڭ ئىشىڭ.
— ئەگەر دېگىنىڭىزدەك قىلمىسامچۇ؟
— ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى ئۆزۈڭ بىلىسەن. ئۇنداق بولىدىغان بولسا، مەن سېنىڭ نېمىشقا يېرىم كېچىدە بۇ بىناغا بارىدىغانلىقىڭنى ئېنىقلايمەن. ئەگەر ئۇمۇ ئازلىق قىلىپ قالسا، مەن ئۆمەر بەگكە قىزىنىڭ كېچىدە يوشۇرۇن ھالدا كىرخانىغا كىرىدىغانلىقىنى ئېيتىمەن.
ئابزەرنىڭ پۈت - قولىدا جان قالمىدى.
— سىز ئالۋاستىدىنمۇ قورقۇنچلۇق ئىكەنسىز.
— گېپىڭگە ھېزى بول. سەن دېگەن ھازىر مېنىڭ ئالقىنىمدىكى ئادەم. بۇگۈن كېچە ئوبدان ئويلان. ئاشناڭ بىلەن مەسلىھەتلەشسەڭمۇ بولىدۇ. ئەمما، ئۇنىڭغا ئىككىمىزنىڭ بۇرۇنقى ئىشلىرىنى ئېيتىشنى ئۇنتۇپ قالما. مەن ئەتىگىچە جاۋابىڭنى كۈتىمەن. ئەمدى ياۋاش - يۇمشاق بول، مېنىڭ يامانلىقىمنى قورۇقتىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىلىدۇ.
مەلىھا ئۆيگە قانداق بىلىندۈرمەي كىرگەن بولسا، شۇنداق چىقىپ كەتتى. قولىدا پالتا تۇتقان ئابزەر تۇرغان يېرىدە خۇددى قاقىقان قوۋزۇقتەك تۇرۇپلا قالدى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ كاللىسى ئېلىشىپ، نېمە قىلارىنى بىلەلمەيلا قېلىۋاتاتتى. ئەگەر نازلىغا بالدۇر قېچىپ كېتەيلى دېسە، نازلى گۇمانلىنىپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە يەنە ئىش ھەققىنى ئالىدىغان ئىش تۇرسا. ئۇ بۇ پۇللارنى ئالمىسا بولمايتتى. ئۇ ئەسلىي نازلى بەرگەن پۇل بىلەن قەرزىنىڭ بىر قىسمىنى قايتۇرۇپ، بۇ يەردىن ئالىدىغان ئىش

ھەققىنى يەنە ئىش تاپقۇچە بولغان ئارىلىقتىكى يول راسخوتى ۋە تۇرمۇش پۇلى قىلماقچىدى. مانا ئەمدى ھەممىسى قالايمىقانلىشىپ كەتتى. بۇ ئىشنى ھەرگىز نازلىغا دېيىشكە بولمايتتى. ئابزەر ئۆزىنى يەنە بىر قېتىم تېگى يوق ھاڭغا چۈشۈپ كەتكەندەك ھېس قىلدى، ئەمما ئۇ تېزدىن بۇنى ھەل قىلىدىغان چارە تاپمىسا بولمايتتى.

— تىنچلىقمۇ ئۇستام، دەم ئېلىۋاتامسىز؟ — غوجىدارنىڭ ئاۋازى تېڭىرقاپ قالغان ئابزەرنى چۆچۈتۈۋەتتى.

— گەپ قىلدىڭىزما؟

— ئۇستام، قىزىقلا ئادەم ئىكەنسىزغۇ، بۇ يەردە مەندىن باشقا ئادەم بولمىسا، مەن ئەھۋال سورىماي كىم سورايتتى؟

ئابزەر سەل ئەس ـ ھوشىنى يىغدى ـ دە، بىر تال تاماكا تۇتاشتۇردى.

— مەن بىردەم ئارام ئالاي دەپ تۇراتتىم.

— دەم ئېلىڭ، دەم ئېلىڭ. مەن خىزمەتكارلارغا دەي، سىزگە چاي ئەكېلىپ بەرسۇن. سىز ئۇدا نەچچە كۈن بەك قاتتىق ئىشلەپ كەتتىڭىز، ئانچە كۆپ ئىشمۇ قالمىدى. سىز ئىشىڭىزنى تۈگەتكۈچە يامغۇر ياغمىسىكەن دەيمەن. بۇ يىلقى ھۆل ـ يېغىن بۇرۇنقىلاردىن كېچىكىپ كەلدى، بەزى يەرلەردە كەلكۈن كەپتۇ، دەپ ئاڭلىدىم، بۇ يەرمۇ شۇنداق، يامغۇر يېغىپلا قالدىمۇ توختىماي بىرنەچچە كۈن ياغىدۇ. بولدى، ئىشلىرىڭىز يۇرۇشلۇق بولغاي ئىلاھىم. كەچلىك تاماقتا كۆرۈشەيلى.

— ھاسان تاغا، رەھمەت سىزگە، مۇشۇ تاپتا بىر چىنە چاي بولسا بەك پەيزى بولاتتى ـ دە.

ئابزەر تاماكىسىنى چېكىپ، چاي ئىچىپ، ئۆزىنى خېلى ئوڭلىنىپ قالغاندەك ھېس قىلدى. ئەمدى ئۇ بىرەر ئىشنى ئويلىسا باشقا چىقىرالايدىغاندەك ھالەتتە ئىدى. ئۇ ئۆيدە تۇرىدىغىنى بۇ ئائىلىنىڭ يېڭى كېلىنى. ئابزەر ئۇ كېلىننى يېقىندىن كۆرۈپ باقمىغان بولسىمۇ، يىراقتىن كۆرۈپلا، ئۇنىڭ

ھەقىقەتەن ياش، چىرايلىق ئىكەنلىكىنى سەزگەنىدى. ئەڭ مۇھىمى ئۇ ھازىر ھامىلىدار، قورۇقتىكى خىزمەتكارلاردىن ئۇ مەلىھانىڭ تۇغماس ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغانىدى. بۇ زەھەر خوتۇن كۇنداشلىقتىن ئۇ قىزنى كۆزدىن نېرى قىلماقچى، بۇ ئىشتا ئۆزىدىن پايدىلانماقچى بولغانىكەن ـ دە ! ئابزەر ئىككى قولىنى كۆكرىكىدە ئالماپ ئولتۇرۇپ، چوڭقۇر ئويغا پاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بىر جۈپ قولىنىڭ قان قەرزگە بوغۇلۇپ قېلىشىنى ئەسلا خالىمايتتى. ئۇ ھەر خىل ئويلارنى قىلدى. ئاخىر بىر ئامالنى تاپتى، ئەتە ئۇ ئالدىدا مەلىھانىڭ دېگىنىگە كۆنمەكچى بولدى، شۇنداق بولسا ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئوبدان چارە تېپىۋېلىشىغا بىرنەچچە كۈنلۈك ۋاقىت چىقاتتى، بۇ ئامال تېپىلغاندىن كېيىن ئۇ ئۆزىنى سەل يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلدى ـ دە، يەنە باشقىدىن ئىشنى باشلاپ كەتتى. ئۇ ئىش قىلىۋاتقان جايدىن ئېغىل ناھايىتى ئوچۇق كۆرۈنەتتى. «بۇ ئۆلگۈر خوتۇن شۇ تاپتا بىر يەردە تۇرۇپ مېنى كۆزىتىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن، بۇ خوتۇننىڭ كۆڭلى بەك قارا ئىكەن، ئۇنىڭ مەن كېلىپ بىرنەچچە ھەپتىگىچە قىلچە چاندۇرمىغىنىنى قارىمامدىغان.» ئات باقار ھىكمەت ئاتلارنى ئېغىلغا ئەكىرىۋاتاتتى. ئابزەر ھىكمەتنى ياقتۇرمايتتى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ نازلىغا خۇددى ئۇنى يەۋېتىدىغاندەك قاراشلىرىنى پەقەتلا ياقتۇرمايتتى. مېنىڭ نازلى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمنى ئۇمۇ بىلەمدۇ يا؟ «بۇنىڭدىن كېيىن قاتتىق دىققەت قىلساق بولغۇدەك ! ــ ئۇ ئۆزىنى شۇنداق ئاگاھلاندۇردى، ــ مەلىھا بىزنىڭ قېچىپ كېتىشىمىزگە توسقۇنلۇق قىلارمۇ؟ بۇ ئىشنى چوقۇم نازلىغا ئېيتىپ قويۇش كېرەك، ئەمما ھەرگىز مەلىھانىڭ ئىسمىنى چىقىرىشقا بولمايدۇ. ئەمدى كېچىدە كۆرۈشىدىغان ئىشنى ۋاقتىنچە توختاتساق بولغۇدەك. بۇ يەردىن كەتسەكلا ھەر كۈندىكى ئاخشام بىزگە تەئەللۇق بولمامدۇ.» ئۇ بۇلارنى ئويلىغۇدى، يۈرىكى ھاياجاندىن گۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى: «قارىغاندا مەن نازلىنى راستتىلا ياخشى

كۆرۈپ قالغان ئوخشايمەن، — دېدى ئۇ ئۆزىگە، — بۇنى خوتۇنۇم بىلىپ قالسا قانداق بولۇپ كېتەر؟ بىرنەچچە كۈن يىغلار، بىرنەچچە كۈن مەن بىلەن سوقۇشار، ئاندىن كېيىن ئۇنىڭغىمۇ ئەلھۆكمىلىللا دەپ قوبۇل قىلىشتىن باشقا چارە يوق-دە. مېنىڭ ئەڭ قورقىدىغىنىم يەنىلا نازلى. نازلى دېگەن بېگىمنىڭ خان قىزى، كىچىكىدىن باشقىلار كۈتۈپ ئۆگەنگەن، ئۇنى مەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ئۆگىتىش تەس ئىش. ھازىرغۇ مۇھەببەت ھاياجانلىقى ئىچىدە ئۇ ھەممىگە ماقۇل دەۋاتىدۇ، بۇ ھاياجانلار سەل بېسىققاندىن كېيىن ئۇ جاپالىق تۇرمۇشقا چىدىيالارمۇ؟ مەن ئەمدى قىمار ئوينىماسلىققا قەسەم قىلدىم، يېقىنقى ئىشلار ماڭا بەك چوڭ ساۋاق بولدى، ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان بولسام، مېنى بوغۇزلىۋېتەتتى. مەن بازاردا ئولتۇراقلىشىپ، ئۆزۈمنىڭ ئىشىنى روناق تاپتۇرمىسام بولمايدۇ. ئەگەردە مېنىڭ ئۆلتۈرىدىغىنىم ئاشۇ بىچارە قىز بولماستىن، مەلىھا بولۇپ قالغان بولسا، باشقىلارمۇ خۇشال بولغان بولاتتى.» ئەمما، ئابزەر غۇربەتچىلىكتە قالغان قىمارۋاز، ھەرگىزمۇ ئادەم ئۆلتۈرىدىغان قاتىل ئەمەس، ئۇنىڭ ھازىرقى بىردىنبىر ئارزۇسى نازلىنى ئېلىپ بۇ يەردىن كېتىش ئىدى.

قورۇقتىكى ھەممەيلەن ئۆز تۇرمۇشى، ئۆز ئىشى بىلەن ئالدىراش يۈرگەچكە، نازلىدا بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەرگە تازا دىققەت قىلىپ كەتمىدى. بۇرۇنقى غەلىتە مىجەز نازلىنىڭ ئورنىغا مۇلايىم بىر قىز كېلىپ قالغاندەك بولۇپ قالدى. ئەمدى ئۇ قورۇقتىكى ئىشلارغا قىلچە كۆڭۈل بۆلمەيتتى، كۆپ ۋاقتىنى ئۆيدىن چىقماي يالغۇز ئۆتكۈزەتتى. ئۇنىڭ ھەتتا خىزمەتكارلارغا بولغان مۇئامىلىسىمۇ ئۆزگىرىپ، بۇرۇنقىدەك ئازازۇللۇق قىلمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ئابزەرنى بىر كۆرۈپلا كۆيۈپ قالغانىدى، ئۇ ئابزەرنى كۆرۈپلا، مەن ئىزدەپ يۈرگەن ئەر مانا مۇشۇ دەپ جەزملەشتۈرگەن، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ قورۇقنىڭ ئىشلىرى بىلەن قەتئىي كارى بولمايدىغان بولۇپ كەتكەنىدى.

ئۇنىڭ بىردىنبىر ئويلايدىغىنى، ئەندىشىسى دادىسى ئىدى، چۈنكى دادىسىنىڭ ئۆزىنى ئابزەردەك ئادەمگە ياتلىق قىلمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئەگەر دادىسى ئۇنىڭ ئابزەر بىلەن قېچىپ كەتكىنىنى بىلسە ھەقىقەتەن ئازاب ئىچىدە قالاتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئابزەرنىمۇ دىگەندەك چۈشىنىپ كەتمەيتتى. ئۇ پەقەت ئابزەردىن ئۇنىڭ قىمار ئويناپ نۇرغۇن پۇل ئۇتتۇرۇۋەتكەنلىكىنى، يەنە جازانىخورلارغا نۇرغۇن پۇل قەرزدار بولۇپ قالغانلىقىنى بىلدى. شۇ چاغدا ئۇ قىلچە ئىككىلەنمەيلا، ئابزەرنىڭ قەرزىنى قايتۇرۇشى ئۈچۈن بوينىدىكى ئالتۇن زەنجىرىنى ئېلىپ بەردى. ئەمما، ئۇ ئابزەرگە ئۆزىنىڭ يەنە بىلەزۈكلىرى ۋە باشقا ئالتۇن جابدۇقلىرى بارلىقىنى ئېيتمىغانىدى. ئابزەر يەنە نازلىغا ئۆزىنىڭ كەنتىنىڭ بۇ يەردىن خېلى يىراقتا ئىكەنلىكىنى ئېيتقانىدى. مانا ئەمدى نازلى چوڭ بىر تەۋەككۇلچىلىك قىلىش ئالدىدا تۇراتتى، ئۇنىڭ نەتىجىسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا بىرنېمە دېمەك تەس. قانداقلا بولمىسۇن ئۇنىڭ ساقلاپ قويغان پۇللىرى بار. ئابزەرنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرىمۇ ئاز قالدى، ئۇلار كېچىككەندە يەنە بىر ھەپتىدىن كېيىن بۇ يەردىن قېچىپ كېتىدۇ، شۇڭا نازلى نەرسە — كېرەكلىرىنى يوشۇرۇنچە يىغىشتۇردى. ئۇلارنىڭ كېچىدە قېچىپ كېتىشى ھەقىقەتەن تەس ئىدى، ئەڭ ياخشى چارە ئابزەر ئەتىگەندە قورۇقتىن چىقىپ كېتىپ، چوڭ يولدا نازلىنى ساقلاپ تۇرسا بولاتتى. نازلى بولسا هاممىنىڭ ئۆيىگە بارىمەن دىگەننى باھانە قىلىپ، قورۇقتىن ئات مىنىپ چىقىپ كېتەتتى — دە، چوڭ يولغا چىقىپ ئابزەر بىلەن ئۇچرىشاتتى. نازلىنىڭ بۇ يەردىن كەتكەندىن كېيىن ئۆز قورۇقىنى سېغىنىشى تۇرغانلا گەپ، ئەمما شۇ تاپتا نازلىغا ئابزەرسىز ھايات مەنىسىز بىلىنەتتى. ئەگەر ھەر ئىككىسى قورۇقتا قالالىغان بولسا، نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى — ھە ! ئۇ چاغدا ھەممە نەرسە باشقىچە بىر ھالەتتە بولاتتى. تاھسىن ھامان بىر كۈنى خوتۇننى ئېلىپ

شەھەرگە كېتىدۇ. چۈنكى، تاھسىن ئۈچۈن ئۇنىڭ زاۋۇتى، خۇرۇملىرى ھەممىدىن مۇھىم. شۇڭا، ئۇ ھازىرمۇ شەھەرگە بىر بېرىشۋالسا خېلى كۈنلەرگىچە كەلمەيۋاتىدۇ. دادىسى قېرىپ قالدى، ھازىر قورۇقنىڭ نۇرغۇن ئىشلىرىنى غوجىدار باشقۇرۇۋاتىدۇ، شۇڭا قورۇقتا ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان ئادەم كېرەك. ئۇ چاغدا نازلى ئابزەر بىلەن بىللە قورۇقنى باشقۇرىدۇ، بۇ نېمىدېگەن پەيزى ئىش ـ ھە! كىم بىلىدۇ، كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئۇ قورۇقتا قايتىپ كېلەمدۇ تېخى، ئۇ چاغدا نازلى دادىسىنى كۆرۈپ، ئەپلىشىپ، بۇرۇنقىدەك ئۆتىدىغان بولۇپ قالار !

قورۇقتا ئايسۇننىڭ ئۆيىدىن باشقا ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى رېمونت قىلىنىپ بولدى. چوڭ خانىم ئايسۇننى ئوبدان ئارام ئېلىۋالسۇن دەپ، ئۇنىڭ ئۆيىنى رېمونت قىلىشنى ئەڭ ئاخىرىغا ئورۇنلاشتۇرغانىدى. ئابزەر دېگىنىنى ئورۇنلىدى، ئۇ ئۆزى دېگەن مۆھلەت ئىچىدە ئىشلارنى قىلىپ تۈگەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۇنىڭ قىلغان ئىشىدىن ھەممەيلەن رازى ئىدى. ھەتتا ئۆمەر بېگىممۇ: «مەن دەسلەپتە ئۇنى تازا ياقتۇرمىغانىدىم، ئەسلىدە ئۇ قالتىس ياغاچچى ئىكەن ئەمەسمۇ!» دېدى. ئاخىرقى ئۈچىنچى كۈنى كېچىسى ئابزەر نازلى بىلەن كۆرۈشۈشكە چىقتى. ئەمما، ئۇ ئات باقار ھىكمەتتىن گۇمان قىلغاچقا: «مەن ئۇ ئەبلەختە بەك ئۆچ، ئۇ بىزنى پايلاپ يۈرەمدىكىن» دېدى.

مەلىھامۇ نازلىنى كېچە ـ كۈندۈز كۆزىتىپ كېلىۋاتاتتى، ئەمما ئۇلارنىڭ ئۇستىدىن چۈشىدىغان پۇرسەت تاپالمىدى. شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ گەپنى بالدۇر دەۋەتكەنلىكىدىن پۇشايمان قىلدى. «ئۇلارنى ئۇركۈتۈپ قويىمىسام بوپتىكەن» دېدى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە. ئابزەرنىڭ بازاردا چوقۇم بىرەر ئىشى بار، نازمىيەنىڭ بازاردا تونۇشلىرى بار، شۇلار ئارقىلىق ئابزەرنىڭ ئىشىنى سۈرۈشتۈرۈپ بىلىۋالغىلى بولىدۇ، كىچىك يەردە سىر ساقلىماق تەس. ئابزەر بۇ چاغدا ئايسۇننىڭ ئۆيىنى رېمونت قىلىشنى باشلىغانىدى. مەلىھا جىددىيلىك ئىچىدە كۈتمەكتە، ئابزەر

ئەپەندىنىڭ قانداق چارە تېپىپ چىققانلىقىنى بىر كۆرەي، ھېچقانچە ۋاقىت قالمىدى، بۈگۈن ياكى بولمىسا ئەتە بۇ ئىشنىڭ نەتىجىسى چىقىدۇ.

يېقىندىن بۇيان ئايسۇن ئۆيىدىن كۆپ چىقمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ بىرنەرسە يېگۈسى كەلمەيتتى، زورلاپ يېسىمۇ ھايال ئۆتمەيلا ياندۇرۇۋېتەتتى. ئۇنىڭ باش قېيىشى سەل ئوڭشىلىپ قالغاندەك بولدى، ئەمما ئۇ ئۆزىنى بەكمۇ ھارغىن ھېس قىلاتتى، ئۇخلىغۇسىلا كېلەتتى. بازاردىكى دوختۇر بۇ ئالامەتلەر بىر ـ ئىككى ئايدىن كېيىن سەل ئوڭشىلىپ قالىدۇ، دېگەنىدى. ئايسۇنىنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆگىنىش قىلالمىغانلىقىدىن كۆڭلى بەكمۇ يېرىم بولغانىدى. ئۇ ئۆگىنىشكە دەسلەپتە كىرىشكەن چاغدا قىزىقىشى نەقەدەر ئۈستۈن ئىدى ـ ھە! ئۆينى رېمونت قىلىشمۇ ئۇنىڭغا بىر ئىش بولدى، ئۆي رېمونت قىلىنىۋاتقاچقا، ئۇ ئۆيىگە كىرەلمەي، چوڭ خانىمنىڭ ئۆيىدە يېتىۋاتاتتى. ئەمما، يەنە ئىككى ـ ئۈچ كۈندىن كېيىن رېمونت ئىشى تۈگەيتتى. تاھسىن تېخىچە شەھەردىن قايتىپ كەلمىدى، ئۇلار نەچچە قېتىم ئۇنىڭغا تېلېفون قىلغان بولسىمۇ، تېلېفون ئۇلانمىدى. تاھسىن ئايسۇنىنىڭ ھامىلدار بولغانلىقىنى بىلمەيدۇ، بىلگىنىدە قانداق بولۇپ كېتەر؟ ئايسۇن بۇلارنى ئويلاپ، تاھسىننى تەقەززالىق ئىچىدە كۈتمەكتە. ئۇ ھازىر كەچتە بالدۇرلا ياتاتتى، كۈندۈزىنىمۇ بىر خىل گاراڭلىق ئىچىدە يېتىپلا ئۆتكۈزەتتى، شۇڭا ئۇ ئەتىگەندە تاڭ ئاتقاندىلا ئويغىنىپ كېتەتتى، ئاندىن بالكونغا چىقىپ، ساپ ھاۋادىن نەپەس ئېلىپ، قۇياشنىڭ كۆتۈرۈلۈشىنى كۆرەتتى، ئاندىن باشقىلار ئورنىدىن تۇرغۇچە بولغان ئارىلىقتا كارىۋاتتا يېتىپلا بىردەم ئۆگىنىش قىلىۋالاتتى، ئۇنى ناشتىغا چاقىرغاندىلا، ئاندىن ئۆگىنىشتىن توختايتتى. ئۇ كۈنى ئەتىگەندە ئايسۇن بەكلا ئەتىگەن ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ بالكوننىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋىدى، يۈزىگە ئەتىگەنلىك ساپ ھاۋا ئۇرۇلدى. ئۇ بۇ ساپ ھاۋادىن چوڭقۇر نەپەس ئالدى.

كۈز كىرىپ قالغاچقا، دەرەخ يوپۇرماقلىرى سارغىيىشقا باشلىغان، بەزىلىرى كۈزلۈك شامال بىلەن لەيلەپ يەرگە چۈشمەكتە ئىدى. يامغۇر پەسلى يېتىپ كەلگەندە، قالغان يوپۇرماقلارمۇ پۈتۈنلەي چۈشۈپ، دەرەخنىڭ يالىڭاچ شاخ، غوللىرىلا قالاتتى. بۇ يەردىن يىراقتىكى ئۈزۈمزار ئارانلا كۆرۈنەتتى. بۇ يىللىق ھوسۇل ياخشى بولغانىدى. ئايسۇن بالكونغا چىقتى، ئەتىگەنلىك شەپەق پۈتۈن كائىناتنى قىزىللىققا پۈركىگەنىدى، بۇنداق گۈزەل مەنزىرىنى سىزىپ چىقىش نېمىدېگەن ھۇزۇرلۇق ـ ھە! شۇنىڭ بىلەن ئايسۇن ئۆيىگە كىرىپ رەسىم جازىسىنى ئاچىقتى ـ دە، بالكوننىڭ رېشاتكىسىنىڭ ئالدىغا قويدى. رەسىم جازىسى چىڭ تۇرمىغاچقا، ئايسۇن بالكون رېشاتكىسىغا يۆلىنىپ رامكىنى تىرەپ قويماقچى بولۇۋىدى، ئۆزىنىڭ قانداق قىلىپ ھاۋادا پۇلاڭلاپ قالغانلىقىنى بىلەلمەيلا قالدى. قورۇقتىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئايسۇننىڭ قاتتىق چىرقىرىغان ئاۋازىدىن ئويغىنىپ كېتىشتى.

ئايسۇن دوختۇرخانا كارىۋىتىدا ھوشىغا كېلىپ، كۆزىنى ئاچتى، ھەجەر ئانا بىلەن چوڭ خانىم ئۇنىڭ قېشىدا تۇراتتى. ھەجەرنىڭ كۆزلىرى تولا يىغلاپ قىزىرىپ كەتكەنىدى، ئايسۇننىڭ بۇ ھالى ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى كەچۈرمىشلىرىنى ئەسلەتكەنىدى. ئايسۇن بۇ قېتىم بالىسىدىن ئايرىلغاندىن باشقا چوڭ زەخىم يېمىگەنىدى. يەرگە دۆۋىلەپ قويۇلغان سامان ئۇنىڭ ھاياتىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغانىدى. چوڭ خانىممۇ بىر كېچىدە بەكلا قېرىپ كەتكەندەك بولۇپ قالغانىدى. ئۇ تېخىچە قورقۇنچتىن ئېسىگە كېلەلمىگەن ئايسۇننىڭ چاچلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما قىزىم، سەنلا ساق بولساڭ، باشقا ئىشلارنىڭ كارايىتى چاغلىق. مەن دوختۇردىن سوراپ باقتىم، ئۇ غەم قىلماڭلار، قىزىڭىز يەنە پەرزەنتلىك بولالايدۇ، دېدى. سەن روھىڭنى چۈشەرمە. بىز تاھسىنغا خەۋەر بېرىۋەتتۇق. خەۋەرنى

ئاڭلاپلا يولغا چىقىپتۇ، كەچكىچە كېلىپ قالار.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندا، تاھىسىننىڭ بېشىغا توقماق تەگكەندەك، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، يەر ـ جاھان چۆرگىلەۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى. ئۇ دەرھال قولىدىكى ئىشلارنى تاشلاپ قويۇپ، ئۆيگە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇ پىكاپىنى تەلۋىلەرچە ھەيدەۋاتاتتى، ئەگەر مۇشۇ سۈرئەتتە ماڭسا، چۈشكە قالمايلا بازارغا يېتىپ باراتتى. ئۇ ئەتىگەندە ھېچنېمە يېمىگەن بولسىمۇ، ئازراقمۇ ئاچلىق ھېس قىلمىدى. ئۇ يولدا توختاپ پىكاپقا ماي قاچىلىدى ـ دە، يەنە يولغا چۈشتى. ئۇنىڭ كاللىسىغا خىلمۇخىل سوئاللار كېلەتتى، ئايسۇن قانداقلارچە بالكوندىن چۈشۈپ كېتىدۇ؟ بالكوننىڭ رېشاتكىسى ئۇنداق پاكار بولمىسا، قانداق قىلىپ ئۇ يەردىن چۈشۈپ كېتىدۇ؟ بەلكىم ئايسۇننىڭ بېشى بەك قېيىپ كەتكەن بولسا كېرەك. ئەمما، ھەممە يەرنى باشقىدىن رېمونت قىلىپ ياسىغان تۇرسا، رېشاتكا قانداق قىلىپ سۇنۇپ كېتىدۇ؟ ئۇنىڭ سامانىنىڭ ئۈستىگە چۈشكەنلىكى بىر مۆجىزە بوپتۇ. ئۇ سامانىنى ئۇ يەرگە نېمىدەپ قويۇپ قويغاندۇ؟ قانداقلا بولمىسۇن، ئايسۇن شۇنىڭ بىلەن قۇتۇلۇپ قاپتۇ. ئەڭ مۇھىمى شۇ. تاھىسىن يەنە بىر قېتىم ئۆزىنىڭ ئايسۇننى نەقەدەر ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇلار توي قىلغىلى ئەمدىلا ئىككى ئاي بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇزاق يىللىق ئەر ـ خوتۇنلاردەك بولۇپ كېتىشكەن، كۆڭۈللىرى ئىناقلىق ئىچىدە ئۆتمەكتە ئىدى. مەلىھا بىلەن ئالتە يىل بىللە ياشاپ ھېس قىلالمىغان بەختنى ئۇ ئايسۇن بىلەن يېڭى توي قىلىپلا ھېس قىلغانىدى. ھەممە ئىشلار كۆڭۈلدىكىدەك ئۆتۈۋاتاتتى، دەل مۇشۇنداق چاغدا بۇ كېلىشمەسلىك يۈز بەردى، ھەممە ئادەمنىڭ كۆڭلى يېرىم بولغاندۇ. ئەتىگەندە ئۇ تېلېفوندا ئاپىسىنىڭ ئاۋازىنى پەرق ئېتەلمەي قالدى، ئۇ تېخى ئۆزىنىڭ دادا بولىدىغانلىقىنى

ئاڭلىماي تۇرۇپلا بالىسىدىن ئايرىلىپ قالدى. ئايسۇنىنىڭ ھايات قالغانلىقىلا ئۇنىڭ ئۈچۈن تەسەللى بولغانىدى. ئۇدۇلدىن كېلىۋاتقان بىر يۈك ئاپتوموبىلى ھە دەپ چىرىغىنى لاپىلدىتىپ ئۇنىڭغا سىگنال بېرەتتى، پەقەت ئۇ يېقىنلاپ كەلگەندىلا، تاھسىن ئاندىن ئۆزىنىڭ خەقنىڭ يولىغا كىرىپ قالغانلىقىنى سەزدى ۋە دەرھال رولنى ئوڭغا قاتتىق بۇرىدى، يۈك ئاپتوموبىلى قاتتىق سىگنال بەرگىنىچە ئۇنىڭ يېنىدىن غۇيۇلداپ ئۆتۈپ كەتتى. شۇ چاغدىلا تاھسىن تولۇق ئېسىگە كەلگەندەك بولدى، «بۇنداق ماڭسام بولمىغۇدەك.» ئاپتوموبىل مۇلازىمەت رايونىغا كەلگەندىن كېيىن ئۇ پىكاپىنى توختىتىپ، ئازراق بىرنەرسە يېدى، قەھۋە ئىچتى. ئەمدى ئىككى - ئۈچ سائەتلىك يول قالغانىدى، ئۇ پىكاپقا چىقىپ يولغا راۋان بولدى، ئەمدى ئۇ ئالدىرىماي ھەيدەپ ماڭدى.

مەلىھا باشقىلارغا چاندۇرماستىن قورۇقتىكى ھەربىر ئادەمدىن ئۇ بىر دۆۋە سامانىنى كىمنىڭ قويۇپ قويغانلىقىنى سۈرۈشتۈردى. چۈنكى، ئاشۇ بىر دۆۋە سامانىنى قويۇپ قويغان ئادەم ئۇنىڭ چوڭ ئىشىنى يوق قىلغانىدى. ھىكمەت ئۆزىنىڭ ئاتقا ھەلەپ بەرگۈچە سامانخانىغا كىرگەندىن باشقا چاغدا سامانخانىغا كىرمىگەنلىكىنى دەپ قەسەم قىلىپ تۇرۇۋالدى، باشقىلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ سامانخانىغا كىرمىگەنلىكىنى ئېيتىشتى. مەلىھانىڭ قېزىپ تەكشۈرۈشىدىن ھېچبىر نەتىجە چىقمىدى. دەسلەپتە، بالكون رىشاتكىسىنىڭ سۇنۇپ كەتكەنلىكىنى ھەممەيلەن ئابزەردىن كۆردى، ئەمما ئابزەر ئۆزىنىڭ پەقەت ئۆي ئىچىنى رېمونت قىلغانلىقىنى، بالكوننى تېخى رېمونت قىلمىغانلىقىنى، يەنە ئايسۇن خانىمغا دىققەت قىلىڭ دەپ تاپىلىغانلىقىنى، بۇ سۆزىنى باشقىلارنىڭ ئاڭلىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئۆزگە ئىسپات بولالايدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ ئىشنى ئابزەر ناھايىتى قاملاشتۇرۇپ سۇ كىرمەيدىغان قىلىپ بېجىرگەنىدى. ئەگەردە ئاشۇ بىر دۆۋە سامان

بولمىغان بولسا، ھەممە ئىش مەلىھانىڭ پىلانىدىكىدەك بولغان بولاتتى. «ئۇ ئىشنى كىم قىلغان بولسۇن، ئۇنىڭ كۆرگۈلۈكىنى كۆرسىتىمەن» دېدى مەلىھا ئۆز ـ ئۆزىگە. ئۇنىڭ شۇنداق ئاچچىقى كەلدىكى، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي ئۆي ئىچىدە ھە دەپ ئۇياقتىن ـ بۇياققا ماڭاتتى:

— ئۇ بىر دۆۋە سامان ئۆزلۈكىدىن ئۇ يەرگە ئۇچۇپ بېرىپ قالمايدۇ ـ دە !

شۇ چاغدا ئىشىكنى بىرسى بوش چەكتى. مەلىھا بېرىپ ئىشىكنى ئېچىۋىدى، ھەنىفە ئىكەن.

— سىزگە گېپىم بار ئىدى خانىم.

— كىرە، نېمە گېپىڭ بار؟

— ئۇ ساماننى كىمنىڭ قويۇپ قويغانلىقىنى بىلىدىم.

— سەن؟ نېمىشقا بالدۇر دېمەيسەن؟ كىم ئىكەن؟

— ئۇ چاغدا مەن قورقۇپ كەتكەنىدىم. ئۇنى ھېلىقى ياغاچچى قويغان. مەن ئۇنىڭ تېخى تاڭ ئاتماستا سامان كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنىدىم.

— گېپىڭ راستمۇ؟ ماڭا قارا، ئەگەر يالغان ئېيتىدىغان بولساڭ، سېنى قورۇقتىن قوغلاپ چىقىرىمەن.

— خانىم، مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن، قەسەم قىلالايمەن. تاڭ ئاتماستا مەن ھاجەتكە چىققانىدىم. قايتىپ كېلىۋېتىپ، بىر ئادەمنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ قالدىم، دەسلەپتە ئۇنى ئوغرى ئوخشايدۇ دەپ، دېرىزە كەينىگە مۆكۈندۇم، قارىسام ئابزەر ئۇستام ئىكەن. مەن ئۇنى بۇ يېرىم كېچىدە سامان كۆتۈرۈپ نېمە قىلىدىغاندۇ، دەپ ھەيران بولۇپ، كۆزىتىپ تۇردۇم. ئۇ ئۆشنىسىگە ئارتىۋالغان ساماننى بالكوننىڭ ئاستىغا دۆۋىلەپ قويۇپ، ئاتخانىغا كىرىپ كەتتى. ئاندىن مەنمۇ كىرىپ كېتىپ ياتتىم. ئۇ ساماننى ئۇبدان قويۇپ قويغانىكەن، شۇنداق ئەمەسمۇ خانىم؟ بولمىغان بولسا ئىككىنچى خانىم ئۆلۈپ كېتەر ئىكەن.

مەلىھانىڭ كۆزلىرى بىر يەرگە تىكىلىپ قالدى، ئۇ ھازىر قاتتىق ئويدا ئىدى. ھەنىفەنىڭ سوئالى ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈردى:

— ھە، نېمە دېدىڭ؟

— ھېلىمۇ ياخشى سامانىنى قويۇپ قويۇپتىكەن، بولمىغان بولسا، ئىككىنچى خانىم ئۆلمىگەن تەقدىردىمۇ ئېغىر يارىلانغان بولاتتى.

— سەن بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىشلارغا ئارىلاشما. بۇ ئىشنى ھېچكىمگە تىنما. ئەگەردە بىرەرىگە ئېيتىدىغان بولساڭ، ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئۆزۈڭ بىلىسەن. بېرىپ ئىشىڭنى قىل، قىلىشقان گەپلىرىمىزنى ئۇنتۇپ كەت.

— بولىدۇ، خانىم.

ھەنىفە چىقىپ كەتتى، مەلىھا قاتتىق ئاچچىقتىن ئېلىشىپ قالايلا دېدى، ئۇ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا ماڭاتتى. ئۆز ـ ئۆزىگە:

— ئابزەر، مېنى ئالداپ كەتكىلى تاسلا قاپسەن، مېنى شۇنداق ئاسان ئالدىنىپ كېتىدۇ دەپ قالدىڭمۇ؟ مەن ساڭا دېگەنغۇ، بۇ قورۇقتا ھەرقانداق ئىش مەندىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ۋاي چوشقا، مەن ساڭا ئۆزۈمنى بىر كۆرسىتىپ قوياي، سەن مەڭگۇ ئۇنتۇپ قالمايسەن.

ئايسۇننىڭ سالامەتلىكى تېزلا ئەسلىگە كېلىپ، دوختۇرخانىدىن قورۇققا قايتىپ كەلدى. تاھىر ئۇنى باشقا بىرەرىگە تاپشۇرۇشتىن ئەنسىرەپ، ئۆزى يېنىدىن بىردەممۇ ئايرىلماي قاردى. ئۆيلەرنىڭ رېمونت ئىشى ئاياغلاشتى. ئابزەر ئۆمەر بېگىمدىن ئىش ھەققىگە قوشۇپ خېلى كۆپ چاي پۇلى ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتى. ئۇ ئەتىسى قورۇقتىن كەتمەكچى، بۈگۈن ئۇنىڭ قورۇقتىكى ئەڭ ئاخىرقى كېچىسى ئىدى. ئۇنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كەلدى، ئاشۇ كۈنى كېچىسى ئۇنىڭ سامانىنى بالكونىنىڭ ئاستىغا قويغانلىقىنى ھېچكىم كۆرمىدى، ھەممە ئىش ئوڭۇشلۇق بولۇۋاتاتتى، نازىلىمۇ ھەممە

تەييارلىقلارنى قىلىپ بولۇپ، مېڭىشنىلا كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇلار ئەته بۇ قورۇقتىن كېتىدۇ، ئالدىدا ئابزەر قورۇقتىن كېتىدۇ ۋە چوڭ يولغا چىقىپ نازلىنى ساقلايدۇ. نازلى كەلگەندىن كېيىن ئۇلار ئاپتوموبىل توسۇپ، ئابزەرنىڭ يۇرتىغا بارىدۇ. ئۇلار بازارغا بېرىپ، ئابزەر قەرز ئالغان جازانىخورلارنى تېپىپ، ئۇلارنىڭ بىر قىسىم پۇلىنى قايتۇرىدۇ، قالغىنىغا ھۆججەت يېزىپ بېرىدۇ. بۇ پىلانلارنى ئابزەر ياتقىدا يېتىپ خىيالىدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتكۈزمەكتە ئىدى. ئەگەر ئۇلار بازاردا تۇرۇپ قېلىپ، بىرەر ياغاچچىلىق دۇكىنى ئېچىۋالسا، نەقەدەر ياخشى بولاتتى ـ ھە! ئۇنىڭ يۇرتىدىكى خوتۇنى يېزىدىن ئايرىلىشنى خالىماسلىقى مۇمكىن، چۈنكى ئۇ ئۇ يەردە، ئاپىسىنىڭكىدە ئۇزاق تۇرۇپ كەتتى. ئەگەر شۇنداق بولسا بەك ياخشى بولاتتى، ئۇ شۇ يەردە تۇرىۋەرسۇن، ئابزەر نازلىنى ئېلىپ بازارغا كېتىدۇ، شۇ يەردە ياشايدۇ، بالىلىرىمۇ بازاردا ئوقۇيدۇ، بەلكىم كەلگۈسىدە ئىقتىدارلىق ئادەم بولۇپ يېتىشىپ چىقامدۇ تېخى. ئابزەرنىڭ چوڭ ئوغلى بەك ئەقىللىق، ئۇنىڭ مۇئەللىمى ئابزەرگە: «ئۇنى چوقۇم ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتۇڭلار، ھەرگىز دەخلى قىلىپ قويماڭلار» دېگەن. ئەمما، يېزىدا ئوتتۇرا مەكتەپ يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئابزەرنىڭ ئوغلىنى بازاردىكى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتىدىغان قۇربىتى يوق. شۇنداق بولسا، بالىسى كېرەكسىز بولۇپ كېتەر. بۇ خىياللار بىلەن ياتقان ئابزەرنىڭ ئۇيقۇسى قاچتى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ، تاماكا تۇتاشتۇردى، ئاندىن تالاغا چىقتى. نازلىنىڭ ئۆيىنىڭ چىرىغى ھازىرمۇ يېنىق تۇراتتى. قارىغاندا، ئۇمۇ ئۇخلىمىغان چېغى. ئابزەر ئاستا مېڭىپ نازلىنىڭ دېرىزىسىنىڭ ئاستىغا بېرىپ، كىچىك بىر تاشنى ئېلىپ دېرىزىگە ئاتتى، نازلى دېرىزىنى شۇ ئان ئاچتى:

— نېمە بولدى؟

— ھېچ ئىش يوق. ئۆيىڭىزنىڭ چىرىغىنىڭ تېخىچە يورۇق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئەنسىرەپ قالدىم. نېمىشقا ئۇخلىمىدىڭىز؟

بىرەر ئىش بولمىغاندۇ؟
— ئۆيگە كىرىڭە، بىردەم پاراڭلىشايلى.
ئابزەر كىچىك هويلا ئارقىلىق نازلىنىڭ ئۆيىگە كىردى. ئۇ ئۆيگە كىرىشىگە، نازلى ئۇنىڭ بويىنىدىن قۇچاقلىدى.
— سىزنى بەك سېغىنىپ كەتتىم. نەچچە كۈندىن بېرى يوقاپ كەتكىنىڭىزدىن ئەنسىرەپ قالدىم.
— مەن سىزگە هېلىقى ئات باقاردىن گۇمانلىنىپ قالدىم دەپ ئېيتقانىغۇ. مەن سىرتقا ماڭساملا، ئۇمۇ ئەگىشىپ ماڭىدۇ. ئۇ چوقۇم گۇمانلىنىپ قالدى. مېنىڭ ئالدىدا بىرەر چاتاق چىقمىسۇن دەيمەن. مەن چىقىپ كېتەي، مەن ئەتە ئەتىگەندە ماڭىمەن، چوڭ يولغا چىقىپ سىزنى ساقلايمەن. سىز هاممامنىڭ ئۆيىگە بارىمەن دەپ چىقىڭ. بەك بالدۇر ماڭماڭ، كەچمۇ قالماڭ، جىق نەرسە ئالماڭ، بولمىسا ئۇلار گۇمانلىنىپ قالىدۇ. سىز كەنتنى ئايلىنىپ ئۆتۈڭ، بىز چوڭ يولدا ئۇچرىشىمىز.
نازلى ئەتە ئاقىۋەتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدىغان بىر ئىشقا تەۋەككۇل قىلىدىغانلىقىدىن كۆڭلى بىر خىل ساراسىمە ئىچىدە قالغانىدى، شۇڭا ئۇ ئۆيدە يالغۇز قالغۇسى كەلمەي، ئابزەرنى چىقىپ كەتكىلى قويمىدى:
— سىز كەتمەڭ، يەنە بىردەم ئولتۇرۇڭ، مەن ئەنسىرەپلا قالدىم. بىرەر ئىش چىقماس هە؟ بىز ئۇچرىشالماي قالارمىزمۇ؟
ئابزەر نازلىنى باغرىغا باستى. ئۇلارنىڭ كۆرۈشمىگىنىگە بىرنەچچە كۈن بولغان، ئۇمۇ نازلىنى تازا سېغىنغانىدى. «يەنە بىردەم هايال بولسام نېمە بولاتتى» دەپ ئويلىدى ئابزەر. بۇ ئۇنىڭ هاياتىدا ئۆتكۈزگەن ئىككىنچى چوڭ خاتالىقى ئىدى.
مەلىها خۇددى پۇرسەت كۈتۈپ يوشۇرۇنۇپ ياتقان يولۋاستەك خېلىدىن بېرى ساقلاۋاتاتتى. ئۇ ئۆيىگە بالدۇرلا كىرىۋالدى ـ دە، چىراغنى ئۆچۈرۈۋەتتى. ئۇ دېرىزە ئالدىغا كېلىپ سىرتنى كۆزىتىپ تۇردى. تاهسىننىڭ ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرمىگىنىگە بىرقانچە كۈن بولغانىدى، شۇنداق بولغاچقا ئۇ ئۆزىنىڭ پىلانىنى

بىمالال ئورۇنلاۋاتاتتى. مەلىھا دېرىزە ئالدىدا بىرنەچچە سائەت تۇردى. ئۇ بۈگۈن كېچە ئابزەر بىلەن نازلىنىڭ قاچىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى، چۈنكى ئابزەر ئۆمەر بېگىمدىن ئىش ھەققىنى ئالدى، ئەتە ئەتىگەندە ئۇ قورۇقتىن كەتمەكچى، بۇ ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى كېچە، ئۇلار چوقۇم بىر ئىش قىلىدۇ. ئاخىر مەلىھا تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن قارا سايە ھويلىدا كۆرۈندى. قارا سايە نازلىنىڭ دېرىزىسىنىڭ ئاستىدا بىردەم تۇردى. ئۇلار نەدىن قېچىپ كېتەر؟ ئۇلارنىڭ دەرۋازىدىن قېچىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس. غوجىدار ھەر كۈنى كېچىسى دەرۋازىغا يوغان قۇلۇپنى سېلىۋېتىدۇ. جاڭزا تېمى ئېگىز، ئارتىلىپ قېچىپ كېتىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. ئۇلارنىڭ بىردىنبىر قېچىش يولى ئاتخانىنىڭ يېنىدىكى ئاتلار كىرىپ ـ چىقىدىغان كىچىك ئىشىك. ھېكمەتتىكى بۇ ئىشىكنىڭ ئاچقۇچىنى ئوغرىلىۋېلىش ئابزەر ئۈچۈن ھېچقانچە تەس ئىش ئەمەس. مەلىھا پۈتۈن دىققىتىنى يىغىپ، قارا سايىنى كۆزىتىپ تۇردى. دەل شۇ چاغدا ئابزەر بىردىنلا يوقاپ كەتتى. مەلىھا ھەيرانلا قالدى. ئۇ ھەتتا ئىشىكنى ئېچىپ سىرتقا قاراپ باقتى، سىرتتا قىلچە تىۋىش يوق ئىدى.

— ئۇ ئەبلەخ نەگە كەتكەندۇ؟ ئۇچۇپ كەتمىگەندۇ؟

مەلىھا ئۆيىگە قايتىپ كىرىپ، يەنە دېرىزىدىن پۈتۈن ھويلىغا قاراپ چىقتى، ھويلىدا كۆز شامالدىن باشقا ھېچقانداق شەپە يوق ئىدى.

مەلىھا بالكونغا چىقتى. نازلىنىڭ ئۆيىدىن غۇۋا چىراغ نۇرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مەلىھا جىددىيلەشكىلى تۇردى، ئۇ ئۆيىگە يېنىپ كىردى:

— ئۆلگۈر، مېنى ئالداپتۇ ـ دە.

ئۇ نازلىنىڭ ئۆيىدە بار ـ يوقلۇقىنى بىلىپ بېقىشى كېرەك. ئۇ شەپە چىقارماي ئۈستۈنكى قەۋەتتىن پەسكە چۈشتى. ئاسمان بۇلۇتلۇق، ھاۋامۇ سوۋۇپ قالغانىدى. ئىككى كۈندىن بېرى

يامغۇر ياغدى، بۇ يەردە بىر يامغۇر ياغسا، نەچچە ھەپتىگىچە توختىمايتتى. مەلىھا نازلىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ قۇلاق سالدى، ئۆي ئىچىدىن ھېچقانداق تىۋىش ئاڭلانمايتتى. ئۇ ئىشىككە تېخىمۇ يېقىن كېلىپ، قۇلىقىنى ئىشىككە تۇتۇپ تىڭشىدى، ئۇ ئابزەرنىڭ ھە دەپ ھاسىراۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلىدى.

— ۋۇي رەزىل ئەبلەخ، سەنزە ئەڭ ئاخىرقى بىر كېچىنىمۇ بوش قويۇۋەتكۈڭ كەلمەپتۇ ـ دە. نازلى، مۇشۇ سەتچىلىكنى داداڭ بىلەن ئاكاڭ بىلسە، قانداق قىلار؟

مەلىھا ئۆزىنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كىردى. ئۇنىڭ يېشىل كۆزلىرىدە غەزەپ ئۇچقۇنلىرى يەنە باشقىدىن چاقنىدى. شۇ چاغدىلا ئۇ بايامقى جىددىيچىلىكتە ئۆزىنىڭ كىچىلىك كۆڭلىكى بىلەنلا سىرتقا چىقىپ كېتىپ، توڭلاپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇ دەرھال ئۇستىگە پوپايكا كىيدى، ئۆينىڭ چىرىغىنى ياندۇرۇپ قويۇپ يەنە ئۆيدىن چىقتى، ئەمدى ئۇ دادىل قەدەم تاشلاپ ئۇدۇل غوجىدارنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە، ئىشىكنى قېقىپ تۇرۇپ توۋلىدى:

— تېز كېلىڭلار، ئوغرى بار ئىكەن.

قورۇقنىڭ ئىچى بىردىنلا پاتىپاراق بولۇپ كەتتى، ھەممەيلەن كېچىلىك كىيىملىرى بىلەنلا سىرتقا چىقىشقانىدى. نېمە بولغانلىقىنى بىلەلمىگەن غوجىدار ھاسان مەلىھادىن ھە دەپ گەپ سورايتتى:

— نەدە كۆردىڭىز؟ قانداقراق بىرسى ئىكەن؟ نەگە كەتتى؟

بۇ ئاۋازلاردىن تاھىسىنمۇ ئويغىنىپ كەتتى ۋە سىرتقا چىقتى، تاھىسىننى كۆرگەن مەلىھا گويا بەكلا قورقۇپ كەتكەن ئادەمدەك يۈگۈرۈپ بېرىپ تاھىسىننى قۇچاقلىۋالدى ۋە يالغاندىن ئىسەدەپ يىغلاپ تۇرۇپ، ھە دەپ نازلىنىڭ ئۆيى تەرەپنى كۆرسەتتى.

— توساتتىن ئالدىمدا پەيدا بولغان بىر ئادەمنى كۆرۈپ بەك قورقۇپ كەتتىم... ئۇ ئاۋۇ تەرەپكە قېچىپ كەتتى.

تاھىسىن ئەتراپىغا قاراپ ئادەملەر ئىچىدە نازلىنىڭ

يوقلۇقىنى سەزدى. ھاسان بىلەن بىرنەچچە ئىشلەمچى قوللىرىغا ئۇۋ مىلتىقلىرىنى ئېلىشىپ، مەلىھا كۆرسەتكەن تەرەپكە يۈگۈرۈپ كېتىشتى. تاھسىن بېرىپ نازلىنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى قاقتى.

— نازلى، نازلى، سەن تىنچلىقمۇ؟ ئىشىكنى ئاچە!

نازلىدىن جاۋاب بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرنەچچە ئادەم بېرىپ نازلىنىڭ ئىشىكىنى ئۇسۇپ ئاچماقچى بولدى. ئىشىك جالاقىدە قىلىپ، قۇلۇپ، ئىشىك كېشەكلىرى بىلەن قوشۇلۇپ براقلا ئېچىلىپ كەتتى. ئۆينىڭ ئىچىدىكى مەنزىرىنى ھېچكىم كۆز ئالدىغا كەلتۈرمىگەنىدى. ئابزەر بالكوندىن سەكرەي دەپ تۇرغاندا تۇتۇلۇپ قالدى.

ئۆمەر بېگىم گويا بىردىنلا ئون ياش قېرىپ كەتكەندەك بولۇپ قالدى. كىچىلىك كىيىمىدە تۇرغان ئۆمەر بېگىم نېمە قىلىشنى بىلەلمەي، ئۆي ئىچىدە ئويىاقتىن ـ بۇياققا ماڭاتتى، غەزەپ بىلەن ۋارقىرايتتى. بۇ يەردە ئوتتۇز بەش يىل ئىشلىگەن غوجىدار بېگىمنىڭ مۇنداق ئاچچىقلىنىپ باققانلىقىنى ئەسلا كۆرمىگەنىدى.

— ۋۇي بۇزۇق ئەبلەخ، لۈكچەك. سېنى تۇنجى كۆرگەندىلا كۆزۈمگە سىغمىغانىدىڭ، سېنى قانداق جازالىسامۇ ئارتۇق كەتمەيدۇ.

يۈز ـ كۆزى قانغا بويالغان ئابزەر بىر بۇلۇڭدا جازانى كۈتۈپ جىم تۇراتتى.

قوللىرىغا ئۇۋ مىلتىقلىرىنى تۇتقان غوجىدار بىلەن ھېكمەت بېگىمگە مۇراجىئەت قىلدى:

— بېگىم، سۆز بەرسىلە.

بېگىم ئاچچىقتىن ئۆزىنى يوقىتىپ قوياي دېدى، ئۇ بىرنەچچە يۇتۇم سۇ ئىچىپ بولۇپ، سافاغا كېلىپ ئولتۇردى.

— بولدى غوجىدار، سەن ماڭا ئىش تېپىپ بەرمە، بۇ لۈكچەكنى ئۆلتۈرۈۋەتسەكمۇ ئۇنىڭغا ئازلىق قىلىدۇ. بۇلار مېنى

ئاچچىقتىن ئۆلتۇرۇپ قويىدىغان بولدى.

ئۆيگە تاھسىن كىردى. ئۇ غوجىدار بىلەن ئابزەرنى تۇتقاندىن كېيىن، نازلىنى ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە ئەكىرىپ قويغانىدى. ئاپىسى نازلىنى كۆرۈپلا ھوشىدىن كەتتى. ئايسۇن دەرھال چوڭ خانىمنىڭ پېشانىسىگە ھۆل لۆڭگىنى قويدى. نازلى بىر چەتتە ئېسەدەپ يىغلاپ تۇراتتى.

— ئەگەر سىلەر ئۇنى بىرنېمە قىلىۋېتىدىغان بولساڭلار، مەنمۇ تىرىك قالمايمەن، — نازلى يىغلاپ تۇرۇپ تەھدىت سالاتتى.

بىرئازدىن كېيىن ھەممىگە ئايان بولدىكى، نازلىنىڭ بۇنداق تەھدىت سېلىشلىرى قىلچە كار قىلمىغانىدى، چۈنكى بېگىم نازلىنىڭ ئويلىغىنىدىنمۇ بەتتەر ئاچچىقلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بىردىنبىر قىزىنىڭ بۇنداق بۇزۇقچىلىق قىلىپ ئۆرپ ـ ئادەتنى بۇزغانلىقىنى قانداق قىلسىمۇ كەچۈرمەيدىغاندەك ئىدى.

— بۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ نازلى ئىسىملىك قىزىم يوق. ئۇ ئىككىسىنى قورۇقنىڭ دەرۋازىسىغا باغلاپ سازايى قىلىڭلار.

نازلى ئابزەر بىلەن بىللە قېچىپ كېتىشكە جۈرئەت قىلغان بىلەن، دەرۋازىغا باغلىنىپ سازايى قىلىنىشتەك بۇ ئار ـ نومۇسنى كۆتۈرەلمەيتتى. ئۇ دادىسىنىڭ بۇ قارارىنى ئاڭلاپ، شۇ يەردىلا ھوشىدىن كەتتى.

تاھسىن بىر تەرەپتىن دادىسىغا تەسەللىي بېرىپ، يەنە بىر تەرەپتىن دادىسىنى قارارىنى ئۆزگەرتىشكە قايىل قىلماقچى بولاتتى. قانداقلا بولمىسۇن نازلى دېگەن ئۇنىڭ بىر قورساق سىڭلىسى تۇرسا. دادىسىنىڭ بۇ قارارى نازلى ئۈچۈن ئۆلۈمدىنمۇ ئېغىر بولغانىدى.

— دادا، بۇ ئىشقا ئالدىراپ بىرنېمە دېۋەتمەيلى، بامەسلىھەتتە بىر ئىش قىلايلى. ئاتقان ئوقنى قايتۇرۇپ بولماس، كېيىن پۇشايماندا قالمايلى يەنە.

— مەن پۇشايمان قىلمايمەن. پۇشايمان قىلسامۇ نېمىشقا

ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋەتمىگەندىمەن دەپ پۇشايمان قىلىمەن.
— دادا، گېپىمگە قۇلاق سالسىلا، ئۆزلىرىنى سەل بېسىۋالسىلا. مەن نازلى بىلەن سۆزلىشىپ باقاي، ئاندىن كېيىن قارار چىقارسىلىمۇ بولىدۇ.
— ئۇنى كۆرەر كۆزۈم يوق. ئۇنى ھەرگىز بۇ يەرگە ئەكىرگۈچى بولما. مېنىڭ قىزىم بۇگۈن ئۆلدى. مېنى ئۇنى ئۆز قولۇم بىلەن ئۆلتۈرۈپ قويۇشقا قىستىماڭلار.
— بولىدۇ دادا. قانداقلا بولمىسۇن سىلى سەل تەخىر قىلسىلا.
تاھسىن دەرھال ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە كىردى. ئۇ يەردىكى ئەھۋالمۇ چاتاق ئىدى، ئاپىسى ئەمدىلا سەل ئەسلىگە كېلىپ، ھە دەپ نازلىنى تىللاۋاتاتتى. نازلى ھوشىغا كەلگەن بولسىمۇ، ئەھۋالى بەك ناچار ئىدى. ئۇ ئاكىسىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ كېلىپ، قوللىرىنى تۇتتى:
— ئاكا، جېنىم ئاكا، ماڭا ياردەم قىلغىن. بىز بىر - بىرىمىزنى چىن كۆڭلىمىزدىن ياخشى كۆرىمىز. بىزنىڭ توي قىلىشىمىزغا رۇخسەت قىل. بۇ ئىش تېخى تارقاپ كەتمەستە بىزنى بۇ يەردىن كەتكۈزۈۋەت.
— ئۇنىڭ سېنى ئالىدىغانلىقىغا ئىشىنەمسەن؟
— ئەگەر ئۇ مېنى ئالمايدىغان بولسا، مەنمۇ بۇ دۇنيادا ياشىمايمەن. سەن ئامال قىلىپ دادامغا نەسىھەت قىلىپ باققىن.
بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ تۇرغان ئايسۇن بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىغانىدى، بۇ ئىشلار ئۇنىڭ كۆڭلىنى بەكمۇ يېرىم قىلدى. ئۇنىڭ نازلى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى دېگەندەك ياخشى بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇ بۇ ئىشنى قاتتىق قوللۇق بىلەن ھەل قىلماسلىقنى ئويلايتتى. ئۇ نازلىنىڭ ئاكىسىغا يىغلاپ تۇرۇپ يېلىنغانلىقىنى ئاڭلاپ، پەقەتلا چىداپ تۇرالمىدى - دە، ئۇمۇ تەڭلا يىغلاپ كەتتى ۋە تاھسىنغا گەپ قىلدى:
— تاھسىن، دادامغا دەپ بېقىڭا، ئۇلارنى قويۇۋەتسۇن، ئۇلار

توي قىلىپ، يىراقلارغا كەتسۇن، ــ بۇ ئۇنىڭ كېچىدىن بېرى قىلغان تۇنجى سۆزى ئىدى.

تاھسىن ئايسۇننىڭ يېڭىدىن چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىگە قارىدى، ئۇنىڭ قوڭۇر كۆزلىرى غەمكىن كۆرۈنەتتى. تاھسىن بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي ئۆيدىن چىقىپ، مېھمانخانىغا كىردى. دادىسى ئۆزىنى سەل بېسىۋالغاندەك قىلاتتى، ئەمما ئۇ ھە دەپ تاماكا چېكىۋاتاتتى، ئۇنىڭ قانچىلىك تاماكا چېكىۋەتكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى. يۈز ـ كۆزلىرى قان يۇقى ئابزەر يەنىلا ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىدا بىر تەرەپ قىلىنىشنى كۈتۈپ تۇراتتى. ھېكمەت بولسا ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان نازلىنى قولغا كەلتۈرۈۋالغان ئۇ قارىمۇتۇق ئەبلەخكە غەزەپ بىلەن تىكىلىپ، ئۇنىڭ مىلتىقىنى تۇتقىنىچە بىر چەتتە بېگىمنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتۈپ تۇراتتى. تاھسىن ئۆيگە كىرىشى بىلەن ھەممەيلەن ئەمدى بىر نەتىجە چىقىدىغان بولدى دېگەندەك ئۇنىڭغا قاراشتى.

ــ ئۇنى ئاچىقىپ يۈز ـ كۆزلىرىنى يۇيۇۋېتىڭلار.

ئۆمەر بېگىم ئورنىدىن تۇرۇپ سورىدى:

ــ نېمىشقا؟

ــ ئۇلار توي قىلسۇن، ئاندىن ئۇ نازلىنى ئېلىپ بۇ يەردىن كەتسۇن. ئۇنىڭدىن كېيىنكىسىنى ئاللاغا تاپشۇرايلى.

ــ بالام، ئېلىشىپ قالمىغانسەن؟ نېمە ئۇ توي دېگەن؟ بىز تېخى مۇشۇ نومۇسسىز لۈكچەككە توي قىلىپ بېرەمدۇق؟

ئابزەر ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەيلا قالدى، ئەمما ئۇ دەرھال ئۇن سېلىپ يىغلاپ كەتتى. تاھسىننىڭ سۆزى ئۇنىڭغا جۈرئەت ئاتا قىلغانىدى. ئۇ يۈگۈرۈپ بېرىپ تاھسىننىڭ قولىغا ئېسىلدى:

ــ ئۆتۈنۈپ قالاي بېگىم، بۇنىڭدىن كېيىن مەن سىلىنىڭ قۇللىرى بولاي. بىز نادانلىق قىلىپ بۇ ئىشنى قىلىپ ساپتۇق، ئەمما مەن نازلىنىڭ ئازار يېيىشىنى خالىمايمەن. ئۇنىڭغا ئۇنداق جازا بەرمىسىلە، ئۇ ئۇنداق ئىزا ـ ئاھانەتنى كۆتۈرەلمەي، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشى مۇمكىن. ئەگەر بىزنىڭ توي

قىلىشىمىزغا رۇخسەت قىلىسىلا بىز دەرھال بۇ يەردىن كېتىمىز، مەڭگۈ قايتىپ كەلمەيمىز. سىلىنىڭ بۇ ياخشىلىقلىرىنى بىر ئۆمۈر ياد ئېتىمەن.

تاھسىن قولىنى تارتىۋالدى ۋە:

— ئۇنىڭ ھاجىتى يوق. سەن بېرىپ يۈز - كۆزۈڭنى يۇ، بۇ ئەپتىڭ بىلەن توي قىلىساڭ بولماس، — دېدى.

تاھسىن ئۆيدىكى باشقا ئادەملەرنى چىقىرىۋەتتى، ئۆيدە ئۇ دادىسى بىلەن قالدى. ئۆمەر بېگىم تاھسىنىنىڭ بۇ كەسكىن سۆز - ھەرىكەتلىرىنى كۆرۈپ، سەل پەسكويىغا چۈشكەندەك بولدى. ئۇ سافادا گەپ قىلماي ئولتۇراتتى.

— ئوغلۇم، بۇنداق قىلساڭ بولامدۇ؟ ئەگەر سەن قىلىمىز دېسەڭ، بىز بىر چاي ئۆتكۈزەيلى ! بىز ئۇ لۈكچەككە نىكاھ مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ بەرسەك قانداق بولىدۇ؟

— دادا، دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسى بەرھەق، ئەگەر بىز سىلى دېگەندەك قىلساق، مەن نازلىنى ئوبدان بىلىمەن، ئۇ يا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدۇ، يا پالەچ بولۇپ قالىدۇ. سىلى باشقىلارنى ئويلىمىغان تەقدىردىمۇ، ئاپامنى ئويلاپ قويسىلا. بىچارە ئاپام شۇ تاپتا قاتتىق ئازابتا قالدى. ئەگەر ئۇ دەرۋازىدا سازايى قىلىنغان قىزنى كۆرسە، قانداق بولۇپ كېتەر؟ قانداقلا بولمىسۇن، نازلى دېگەن سىلىنىڭ قىزلىرى، مېنىڭ سىڭلىم. بۇ دېگەن ئاللانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، ھېچكىم ئۆزگەرتەلمەيدۇ. ئەگەر بىز ئاچچىقتا شۇنداق قىلىدىغان بولساق، چوقۇم قاتتىق پۇشايماندا قالىمىز. ئۇ چاغدا پۇشايماننى ئالىدىغان قاچا تاپالماي قالىمىز. بۇ خەۋەر تېخى تارقاپ كەتمەستە بۇ ئىشنى دەرھال بىر تەرەپ قىلىۋېتەيلى. ئۇلار خالىغان يېرىگە كەتسۇن. سىڭلىمنىڭ بۇ يولنى تاللىشى ئۆزىنى ئۆزى جازالىغانلىقى. باياشات تۇرمۇشتا، مايىنىڭ ئىچىدىكى بۆرەكتەك ياشىغان خان قىز ئەمدىلىكتە ئاشۇ نامرات تۇرمۇشنى ئۆتكۈزسە، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ چوڭ جازا بولماي نېمە !

تاھسىنىنىڭ تەمكىنلىك بىلەن قىلغان بۇ پاراسەتلىك سۆزلىرى ئالدىدا ئۆمەر بېگىم نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى. ئۇنىڭ بايامقى غەزىپى ئەمدىلىكتە يوقاپ، ئۇنىڭ ئورنىنى قاتتىق يۈرەك ئازابى قاپلىغانىدى. ئۇ ھەرقانچە ئويلاپمۇ ئۆزىنىڭ ئاشۇ ئەتىۋارلىق، ئەقىللىك، چېچەن قىزىنى قانداق قىلىپ ئاشۇ قارىمۇتۇق ئىبلىس ئالداپ كەتكەنلىكىنى زادىلا بىلەلمىدى.

سەھەردە، قورۇقتا ئابزەر بىلەن نازلىنىڭ تويى ئاددىيلا ئۆتكۈزۈلدى. ھېچكىم بىر ئېغىز ئارتۇق گەپ قىلمىدى. ئۆمەر بېگىم قىزىغا ھېچ نەرسە بەرمىدى. نازلى ماڭىدىغان چاغدا دادام بىلەن خوشلىشىۋالاي، دېۋىدى، بېگىم ئۇنىڭغىمۇ رۇخسەت قىلمىدى. ئۇلارنى پەقەت غوجىدارنىڭ خوتۇنى خەدىچە بىلەن ئايسۇنلا ئۇزىتىپ قويدى. ئەنە شۇ كۆڭۈلسىزلىك قاپلىغان سەھەردە، نازلى ئۆزىنىڭ ئۇزۇندىن قىلىپ كېلىۋاتقان بارلىق ئارزۇ - ئارمانلىرىنى تاشلاپ كەتتى، ئايسىنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئۇنىڭغا ئاتاپ تەييارلاپ كېلىۋاتقان تويلۇق لازىمەتلىكلىرىدىن مەھرۇم قالدى، كىچىكىدىن ئۆسۈپ چوڭ بولغان ئۆز دىيارىدىن ۋاز كېچىپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن بەكلا ناتونۇش بولغان قانداقتۇر بىر يولغا قەدەم تاشلىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭدا ئايسى بۇرۇن بويىنىغا ئېسىپ قويغان ئۈچ يوللۇق يۆگىمەچ كۆللۈك زۇننار ۋە ئۇ ماڭىدىغان چاغدا ئايسۇن مەخپىي ھالدا ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويغان سەككىز تىزىق تىللادىن باشقا ھېچ نەرسىسى يوق ئىدى.

شۇ مىنۇتلاردا يەنە بىر ئادەم قورۇقنىڭ يولغا قارايدىغان دېرىزىلىرىنىڭ بىرىدە، تاكى توپا - چاڭلىق يولدا ئۇلارنىڭ قارىسى يىتكۈچە ئۇلارغا غەزەپ - نەپرەت بىلەن تىكىلىپ تۇردى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە لىغىلدىغان ياش تامچىلىرى تىترەپ تۇرسىمۇ، ئەمما چىرايىدا ئەلەملىك كۈلۈمسىرەش جىلۋە قىلىپ تۇراتتى، ئۇ ئاستا پىچىرلىدى:

— ئابزەر ئەپەندى، ئەمدى ئىككىمىز تۈگەشتۇق.

بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ پىلانلىغىنىدەك بولغان بولسىمۇ، ئەمما تاھسىنىنىڭ كېيىنكى قىلغان ئىشلىرى ئۇنىڭ ئويلىمىغان يېرىدىن چىققانىدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ تاھسىنىنىڭ ئۇنداق قىلارىنى پەقەتلا ئويلىمىغان. تاھسىن ھەتتا بەگ دادىسىدىن سوراپمۇ قويماي، ئابزەر بىلەن نازلىنىڭ تويىنى قىلىپ قويدى. بەلكىم بۇ ئىشتا چوقۇم ئاۋۇ ئايسۇن دېگەن نىمە يول كۆرسەتكەندۇ. چۈنكى، ئۇلارنى ئايسۇن بىلەن خەدىچەدىن باشقا ھېچكىم ئۇزىتىپ قويمىغانىدى. ھەممەيلەن ئۆمەر بېگىمدىن قورقىدىغان بولغاچقا، قورۇقتىكىلەر ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويۇشقا جۈرئەت قىلالمىغان گەپ. قارىغاندا، ئايسۇن دېگەن نىمىنىڭ يۈرىكى قاپتەك ئىكەن، تاھسىن ئۇنى بەكلا ئەتىۋارلاپ كەتكەچكە، ئۇنىڭ خورىكى ئۆسۈپ كەتكەن گەپ. مەلىھا ھۇجرىسىغا قايتىپ كىردى، ھەممە ئادەم ماتەم تۇتۇۋاتقاندەك ئازابتا قالغان، ئەتراپنى گۆرستان جىمجىتلىقى باسقانىدى. قائىدە بويىچە ئېيتقاندا، مەلىھا ئۆزىنىڭ بۇ قىلغانلىرىغا خۇشال بولۇپ، گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەن بولسا توغرا بولاتتى، ئەمما نىمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدىغان بىر خىل قايغۇ ـ ئەلەم قاپلىۋالغانىدى. ئايسۇن بالىسىدىن ئايرىلىپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان بەختتىن ھۇزۇر ئېلىپ، ئەزەلدىن ئويلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىغان شېرىن تۇرمۇشنىڭ لەززىتىنى كۆرۈۋاتاتتى. تاھسىنىنىڭ ئايسۇننى قانچىلىك ئەتىۋارلاپ ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئەمما بولمىسىلا ھەممە ئادەم كۆرۈپ يەتكەنىدى. نازلىنى ھەممە نەرسىدىن ئايرىلدى، ئۆيدىن قوغلاندى قىلىندى دېگەنبىلەن، ئۇ ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغان، ئۆزى ئۈچۈن ھەرقانداق تەۋەككۇلچىلىككە جۈرئەت قىلالايدىغان، ھەر زامان، ھەر يەردە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولىدىغان بىر ئەرگە ئېرىشكەنىدى. پەقەت ئۇ، پەقەت مەلىھالا يەككە ـ يېگانە ئىدى، يا ئۇنى ياخشى كۆرىدىغان، ئەتىۋارلايدىغان ئادەم يوق، يا ئۇ ياخشى كۆرىدىغان ئادەممۇ يوق ئىدى. ئۇ

تۇغۇلغان چاغدىلا ئۇنىڭ پېشانىسىگە ئەنە شۇنداق تەنھا ياشاپ ئۆتۈش پۈتۈلگەن بولسا كېرەك. ئۇنىڭ ئىنى ـ سىڭىللىرى ئۆلۈپ كەتتى، دادىسى كېيىن ئەمرىگە ئالغان ئايال تۇغماس چىقىپ قالدى. ئىككى خوتۇن پەقەتلا چىقىشالمايتتى، ئۇلار دائىم ئۇرۇشۇپ ئۆينى ئوڭتەي ـ توڭتەي قىلىۋېتەتتى. دادىسى بولسا دائىم ئۆيگە ھەرەڭ ـ سەرەڭ خوتۇنلارنى باشلاپ كېلىپ، بىرنەچچە ۋاخ تۇرغۇزۇپ كەتكۈزۈۋېتەتتى. مانا شۇنداق مېھىر ـ شەپقەت بولمىغان مۇھىت مەلىھانىڭ سەبىي قەلبىگە ساقايماس جاراھەت قالدۇرغان ۋە ئۇنى ئەنە شۇنداق قەبىھ، تاش يۈرەك قىلىۋەتكەنىدى. ئاپىسى ياش تۇرۇپلا ئۆلۈپ كەتتى، بۇنىڭ بىلەن ئۆيدىكى جېدەل ـ ماجىرا پەسكويغا چۈشكەن بولدى. ئەمما، مەلىھا ئۆكتەم، دېگىنىنى قىلىدىغان بولدى، ئەڭ يامىنى ئۇنىڭ قەلبىدە يوقالماس غەزەپ ـ نەپرەت پەيدا بولدى. ھازىر ئۇنىڭدا بىر خىل شەھۋانىي نەپسىدىن باشقا غەزەپ ـ نەپرەتلا بار ئىدى.

# ئالتىنچى باب

بۈگۈن ئايسۇننىڭ ئۆزى ياشاپ كەلگەن ماكاندىن تۇنجى قېتىم سىرتقا چىققىنى ئىدى. ئۇ پىكاپ دېرىزىسىدىن سىرتقا قاراپ تويمايتتى. بېسىپ ئۆتكەن يېزا - كەنت، بازار، شەھەرلەرنىڭ ئىسمىنى سورايتتى، ئېلىشىۋالغان خەرىتىدىن ئۆتكەن دەريا - ئېقىنلارنىڭ ئىسمىنى ئىزدەيتتى، ئەيتاۋۇر ئۇ كۆرگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئېسىدە چىڭ ساقلاشقا تىرىشاتتى. تاھىسىن ئۇنىڭ بۇنداق ھەممىگە قىزىقىسىنىپ قاراشلىرىغا دەسلەپتە ھەيران بولدى، كېيىن ئۇنىڭ بۇ قىزىقسىنىشىنى چۈشىنىپ، ئۆزى بىلگەن نەرسىلەرنى ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن ئايسۇنغا سۆزلەپ بېرىشكە باشلىدى. ئۇ ئەمدى ئايسۇننىڭ نېمىشقا ئوقۇيمەن دەپ تۇرۇۋالغانلىقىنى چۈشىنىشكە باشلىغانىدى. بىلىم ئېلىشقا تەشنا بولغان ئادەم ئەگەردە ئوقۇيالمىسا ئەلۋەتتە ناھايىتى ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولىدۇ - دە. ئۇ ئەمدى ئىچى كۆيگەن بۇ ئامراق ئايالىغا بارلىق ئاماللار بىلەن ياردەم بېرىش قارارىغا كەلدى. چۈنكى، ئۇ قىلغان ئەجرىنىڭ بىكارغا كەتمەيدىغانلىقىغا ئىشەنگەنىدى. ئىستانبولغا يېقىنلاشقانسېرى، ئايسۇن شۇنچە ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتاتتى، چۈنكى ئۇ ئىستانبولغا بېرىپ، ئۆزى كۆرۈشنى شۇنچە ئارزۇلىغان دېڭىزنى كۆرەتتى، دېڭىز بويىغا بېرىپ، دېڭىز ھاۋاسىدىن نەپەس ئېلىش باشقىچە تۇيغۇ ئىدى. مانا دېڭىزغىمۇ كەلدى. تاھىسىن مۇۋاپىق بىر ئورۇننى تېپىپ پىكاپنى توختاتتى. ئايسۇن دېڭىز بويىغا كەلدى، دېڭىزنى كۆردى. ئۇلار دېڭىزنى بويلاپ ئاستا ماڭدى. ئايسۇننى تېخىمۇ خۇشال قىلىش

ئۇچۇن، تاھسىن ئىجارىگە ئالغان ئۆينىڭ دېرىزىسى دېڭىزغا قارايدىغانلىقىنى ئايسۇنغا ئەتەي دېمىدى.

مانا، ئۇلارنىڭ ئىستانبولدىكى ھاياتىغا ئۈچ ھەپتە بولدى، ئەمما ئۇلارغا بۇ يەردىكى يېڭى ھاياتنى تېخى ئەمدىلا باشلىغاندەك بىلىنىۋاتاتتى. چۈنكى، كۈنلەر شۇنداق تېز ئۆتۈپ كەتكەچكىمۇ، ئۇ ئىككىسىنىڭ كۆڭلى سەل يېرىم بولاتتى. بۇ يەردە ئايسۇن تېلېۋىزورنى تۇنجى قېتىم كۆرۈپلا، ئۇنىڭغا مەپتۇن بولۇپ قالدى، نەچچە سائەت كۆرۈپمۇ تويمايتتى، تېلېۋىزورنى ئەتىگەندە بىر ئېچىۋالسا، ھەرگىز ئۆچۈرگۈزمەيتتى. بالكونغا چىقىپ قالسا، مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان دېڭىزغا قاراپلا قالاتتى، دېڭىزدىكى لەرزان ئۈزۈپ يۈرگەن بېلىقچىلار كېمىسىگە قاراپ كېتەتتى. تاھسىن ئايسۇننىڭ دېڭىزنى كۆرۈش ئارزۇسىنى بىلگەچكە، ئالايىتەن مۇشۇ ئۆينى ئىجارە ئالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەر تاھسىن ئىشلەيدىغان يەرگىمۇ يېقىن بولۇپ، شاۋقۇنغا تولغان ئاساسىي يولدىن يىراق ئىدى، شۇڭلاشقا بۇنداق پىنھان ماكاندا كېچىسى راھەتلىنىپ ئۇخلىغىلى بولاتتى. كەچقۇرۇن خىزمىتىنى ئاخىرلاشتۇرغان تاھسىن تېززەك ئۆيىگە قايتىشقا ئالدىرايتتى، پۇرسەت بولسىلا ئايسۇننى ئىستانبول كوچىلىرىنى ئايلاندۇراتتى. خىزمەت ئۈچۈن بىر يەرگە بارماقچى بولسىمۇ، ئايسۇننى جىقىراق كۆرۈۋالسۇن، ئەتراپتىكى مۇھىت بىلەن تونۇشۇۋالسۇن، نەرسە سېتىۋالىدىغان يەرلەرنى بىلىۋالسۇن دەپ، ئۇنى بىللە ئېلىپ باراتتى. بۇ ئىشلارغا ماسلاشقاندەك ئايسۇنمۇ گويا يېزىدا ئەمەس، بەلكى شەھەردە چوڭ بولغان قىزلاردەكلا شەھەر تۇرمۇشىغا ناھايىتى تېزلا ئۆزلىشىپ كەتتى، مەيلى كىيىنىش جەھەتتە بولسۇن، ياكى يۈرۈش - تۇرۇشتا بولسۇن، ئۇنىڭدىن قىلچە ئېيۋەن تاپقىلى بولمايتتى، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بۇ چوڭ شەھەردە قىلچە ياتسىراش ھېس قىلمىدى. تاھسىن ھەجەر ئانىنىڭ ئايسۇن توغرىسىدا ئېيتقان ئاشۇ سۆزىنى كۈندە دېگۈدەك ئەسكە ئالاتتى. ھەجەر ئانا:

«ئەگەردە سەن ئۇنى شەھەرگە ئاپارساڭ، ئۇ ھەرگىز سىنىڭ يۈزۈڭنى تۆكىدىغان ئىشنى قىلمايدۇ» دېگەنىدى. ھەجەر ئانا ھەقىقەتەن توغرا ئېيتقانىدى، ئايسۇن ھازىر ئۆيىنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارنى بىلىپ كەتكەن، نەرسە ـ كېرەك سېتىۋېلىشقا ئۆزى بارىدىغان بولغانىدى، ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ ئۆزىنىڭ بارلىق ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ، تاھىسنىغا تەملىك، مەززىلىك تائاملارنى قىلىپ بېرىشكە تىرىشاتتى. ئەمەلىيەتتە ئايسۇن تائامغا ئۇستا ئەمەس، راست گەپنى دېگەندە، ئۇ ياتلىق بولۇشتىن ئىلگىرى ئۆيدە تائاملارنى ھەجەر ئانا قىلاتتى. ئۇ ياتلىق بولغاندىن كېيىن بولسا ئۇنىڭغا بۇنداق پۇرسەتلەر تېخىمۇ نېسىپ بولمىدى. ئۇ ئاشخانىدا بىرنەچچە سائەت ئاۋارە بولۇپ ئېتىپ چىققان غىزاسىدىن ئۆزىمۇ رازى بولمايتتى. تاھىسن بولسا خوتۇنىنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ ئۆتەتتى. ئۇ ھەر كۈنى دېگۈدەك خوتۇنىنى ھەر خىل رېستورانلارغا ئاپىرىپ غىزالاندۇراتتى. ئايسۇنىنىڭ دادىسى ھايات ۋاقتىدا ئۇنىڭغا ۋىلكا، پىچاقلارنى قانداق ئىشلىتىشنى ئۆبدان ئۆگەتكەن، شۇغىنىسى ھەجەر ئانا ئارتۇق قاچا ـ قۇچىلارنى يۇيۇشتىن ئېرىنىپ، ئۇستەلگە بولكا، مېۋە ـ چىۋە كېسىشكە ئىشلىتىلىدىغان بىرلا پىچاقنى قويۇپ قوياتتى. رېستورانلاردا تاھىسن ئايسۇنغا ۋىلكا، پىچاق بىلەن قانداق تائاملارنى يەيدىغانلىقىنى ئۆگەتتى. ئەمما، تاھىسىننى ھەيران قالدۇرغىنى ئايسۇن يېزىدا شەھەرلىكلەردەك تەربىيەلەنگەن قىز ئىدى.

ئايسۇن دادىسى توغرىسىدا تاھىسنغا ھېچقانداق بىرنەرسە دەپ بېرەلمىدى، ئەمەلىيەتتە ئۇمۇ دادىسىنىڭ بۇرۇنقى ئەھۋاللىرىنى ھېچقانچە بىلمەيتتى. ئەمما، شۇنىسى ئېنىقكى، ئۇ مەدەنىي، سەۋىيەلىك، كۆپنى كۆرگەن ئادەم ئىدى. قانداق تەقدىر ئۇ ئادەمنى بۇ يېزىغا ئەكېلىپ قويدى، بۇ بىر سىر ئىدى. ئۇنىڭ تېگى ـ تەكتىنى بىلىدىغانلارمۇ ھازىر كۆپ قالمىغانىدى. ناۋادا جامال مۇئەللىم ھايات بولغان بولسا ئىدى، ئۇنىڭ بىلەن بىللە

ئۇ ئادەمنى سۇرۇشتۇرۇپ باقسا بولاتتى. ھەجەر ئانىدىن كۆپرەك نەرسىنى بىلىشمۇ تەس ئىدى. چۈنكى، موماي ئۆزى ئاغرىقچان، ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس ـ يادى بالىدىلا بولغاچقا، ئوسمانىنىڭ زادى قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى ئۇ قىلچە سۈرۈشتۈرۈپ باقمىغانىدى. بۇ ئىشنى بىلىش ئۈچۈن ياخشىسى ئۇنىڭ نوپۇسى تىزىملانغان جايدىن سۈرۈشتۈرۈش كېرەك ئىدى. ھەممە ئىشلار ئۆز ئىزىغا چۈشۈپ بولغاندىن كېيىن بۇ ئىشنى ئېنىقلاشقا ۋاقىت چىقاتتى. «ئايسۇنىنىڭ ھېچقانداق قېرىندىشى قالماپتۇ» دەپ ئويلىدى تاھسىن. تاھسىن ئايالىدىن بەكلا رازى ئىدى. ئۇ ئايالىنى خېلى كۆپ يەرلەرگە ئاپارغان بولسىمۇ، ئايسۇن ئۇ يەرلەردە بىرەر ئېغىز خاتا سۆز قىلمىغان ياكى بىرەر قاملاشمىغان ئىشلارنى قىلىپ قويمىغانىدى. ئۇ ئايسۇننى خۇرۇم زاۋۇتىغا ۋە كىيىم ـ كېچەك زاۋۇتىغا ئاپاردى، مۇھەسسىن ئەپەندىگە تونۇشتۇردى. ئەمما، تېخى ئاغىنىلىرىنىڭ يېنىغا ئاپارمىغانىدى. ئۇنىڭ ئىككى خوتۇنى بارلىقىنى قەدىناس ئاغىنىسى ئەزىزدىن باشقىسى بىلمەيتتى، ئۇنىڭمۇ بۇ ئىشنى ئۇلارغا ئېيتقۇسى يوق. ئۇ ئايسۇننى مۇۋاپىق پەيت ۋە كەيپىياتتا ئەزىزگە تونۇشتۇرۇشنى ئويلاپ قويدى. ئۇلار بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن يەنە يېزىغا كېتىشى كېرەك، چۈنكى ئاپىسى تولا تېلېفون بېرىپ، كېلىنىمنى سېغىنىپ كەتتىم، قاچان قايتىپ كېلىسىلەر، دەپ ئۇلارنى ئارامىدا قويماۋاتاتتى. شۇنداق بولغاندا ئۇلارغا يەنە ھېچقانچە ۋاقىت قالمىغانىدى.

نازلى ۋەقەسىدىن كېيىن تاھسىن يېزىدا بىر مەزگىل تۇردى. ئاخىر ئاتا ـ ئانىسىغا ئۆزىنىڭ ئەمدى زاۋۇتقا بېرىپ ئىشنى قىلمىسا بولمايدىغانلىقىنى، ئۇلار لايىق كۆرسە، ئايسۇنىمۇ شەھەرگە ئاپارغۇسى بارلىقىنى، چۈنكى ئۆيدە شۇنچىۋالا ئىشلار بولۇپ كەتكەن بولغاچقا، ئۇنىڭ مۇھىت ئالماشتۇرۇپ، كۆڭلىنى تىنچىتىشى كېرەكلىكىنى ئېيتقانىدى. نازلى كەتكەندىن كېيىن بۇ ئۆيدىن ئايسۇنىڭمۇ كېتىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، چوڭ خانىمنىڭ

كۆڭلى بىرقىسمىلا بولۇپ قالدى. ئەمما، ئۇ بۇنداق قىلىشنىڭ ئايسۇن ئۇچۇن ياخشى بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئۆزىنى زورىغا بېسىۋالدى ـ دە، كۆڭلىدىكىنى ئوغلىغا بىلىندۈرمىدى. مەلىها بولسا تېخىچە ئۆز غەلىبىسىدىن خۇدىنى يوقاتقان هالدا يۈرگەچكە، بۇ ئىشقا دىققەت قىلىپ كەتمىدى.

يېڭىدىن قۇرۇلغان كىيىم ـ كېچەك زاۋۇتىمۇ مۇهسىن ئەپەندىنىڭ باشقۇرۇشىدا ھەممە جەھەتتە راۋان كېتىۋاتاتتى. ئەمەلىيەتتە مۇهسىن ئەپەندى كەسىپ ئەھلى بولغاچقا، ھەممە ئىشلارنى ئۆز يولىغا سالغانىدى. ئۇ قوبۇل قىلغان ئىشچىلارمۇ ئۆزىگە ئوخشاش خىزمەتتە بىر ـ بىرى بىلەن ناھايىتى ماسلىشىدىغان ئادەملەر ئىدى. مۇهسىن ئەپەندى ناھايىتى تەلەپچان ئادەم ئىدى، كىمكى ئۇنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىشلىمىسە، ئۇنى دەرھال ئىشتىن قوغلايتتى. شۇڭلاشقا، تاهسىن بارلىق باشقۇرۇش ۋە تېخنىكىلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى مۇهسىنغا تاپشۇرغان، ئۆزى بولسا كۈندىلىك ئىشلەپچىقىرىش جەدۋىلىنىلا كۆرەتتى. تاۋارلارنى سېتىش ئىشى تاهسىنغا تەئەللۇق ئىدى. ھازىر ئۇلار ئىشلەپچىقىرىش باسقۇچىدا بولۇپ، ئىشلەپ چىققان تاۋارلىرى مەلۇم مىقدارغا يەتكەندە، ئاندىن ھەرقايسى سودا سارايلىرىغا تەشۋىق قىلىشنى باشلىماقچى، كەلگەن زاكازغا قاراپ ئۇدۇللۇق ئىشلەپچىقىرىماقچى بولغانىدى. ئۇلار ئەزىزنىڭ ئايىسىنىڭ كىيىم ـ كېچەك ماگىزىنىغىمۇ تېخى مال سالمىغانىدى. تاهسىن ھەممە ئىشلار ئۆز ئىزىغا چۈشكەندىن كېيىن، ئۇ ئايالنىڭ ماگىزىنىغا مال سالماقچى بولۇۋاتاتتى. ئۇ يەنە تېخىچە ئەزىز تونۇشتۇرغان ھېلىقى گۈزەل سەنئەت كەسپىدە ئوقۇغان لايىھەلىگۈچى بىلەنمۇ كۆرۈشەلمىگەنىدى. بۇ ئىشنىمۇ ئەزىزگە دەپ، ھەممە ئادەمنىڭ بوش ۋاقتىنى تېپىپ بىر كۆرۈشۈشى زۆرۈر ئىدى. بەلكىم شۇ چاغدا ئايسۇننىمۇ ئۇلار بىلەن تونۇشتۇرۇشقا پۇرسەت بولۇپ قالار.

ئارتىن ئۇستام ئىشلەپچىقىرىشنى كۆچەيتكەن بولۇپ، ھازىر ئىشچىلار ئىككى ئىسمېنا بويىچە ئىشلەۋاتاتتى. ئۇلار يەنە يېڭى ئىشچى قوبۇل قىلغان، شۇ تاپتا يېڭى ئىشچىلارغا سوغۇرتا رەسمىيىتىنى بېجىرىۋاتاتتى. ئۇستەل ئۈستىگە تاھسىن قول قويىدىغان بىر دۆۋە ھۆججەت يىغىلىپ قالغان، تاھسىن ئىككى زاۋۇت ئارىسىدا ئۇياق ـ بۇياققا چېپىپ يۈرۈپ، بۇ ئىشقا ۋاقتى چىقمىغانىدى. ھازىرمۇ ئۇ ئۇستەلگە ئولتۇرغىنى بىلەن ئارتىن ئۇستام بىلەن يېڭىدىن قوبۇل قىلغان ئىشچىلار توغرىسىدا سۆزلىشىۋاتاتتى. ئۇ ئۇستەل ئۈستىدىكى ھۆججەتلەرگە بىر قاراپ قويدى ـ دە، جەلالغا بىر ئىستاكان قەھۋە دەملەپ كېلىشنى ئېيتتى، ئاندىن قولىغا قەلەم ئېلىپ ھۆججەتلەرگە قول قويۇشقا باشلىدى. توساتتىن تېلېفون جىرىڭلاپ كەتتى. تېلېفوننى تاھسىن ئۆزى ئالدى. تېلېفوننى ئەزىز بەرگەنىدى:

— ئاغىنىدارچىلىققا يارىمايدىغان ئاغىنەم، مەن تېلېفون بەرمىسەم تېلېفون بېرىپ قويايمۇ دېمەيسىنا. سېنىڭ شېرىن ئاي ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىڭنى بىلىمەن، شۇنداق بولسىمۇ جىمجىتلا يوقاپ كېتەمسەن؟

— توغرا دېدىڭ ئاداش. ئەگەر ئىشەنسەڭ، مەنمۇ شۇ تاپتا ساڭا تېلېفون قىلاي دەپ تۇراتتىم. زاۋۇتنى يېڭى قۇرغانلىقىمىزنى ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن، ھازىر ئىشچىلار ئىككى ئىسمېنا بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. ئىشەنسەڭ، شۇ تاپتا ئالدىمدىكى ئۇستەلدە ئۈچ كۈنلۈك ھۆججەت يىغىلىپ كەتتى، شۇلارغىمۇ قول قويىدىغان ۋاقىت يوق.

— بوپتۇ، بۇ قېتىم سېنى كەچۈرۈۋېتەي. راست گەپنى قىلسام، سېنىڭ شۇنداق قىسقا ۋاقىتتا يېڭىدىن ئىشنى باشلاپ كەتكىنىڭ بەك ئوبدان بولدى. سەن ھەقىقەتەن قالتىس ئىقتىدارلىق ئىكەنسەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شۇنداق ئالدىراش تۇرۇپمۇ توي قىلىۋالدىڭ. راستىنى دېسەم، ساڭا ھەقىقەتەن ھەۋەسىم كېلىدۇ. ئۆزۈڭمۇ ئامەتلىك ئىكەنسەن. سەن بىلەن

سىلىشتۇرغاندا مەن گويا ئەر چىقمىغان قىز دەك بولۇپ قالدىم.

— ئۇنداق چاقچاق قىلما. ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن، مىنىڭ ئىككىنچى تويىنى قىلغانلىقىمنى سەندىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. مەنمۇ بىر پۇرسەت تېپىپ كۆرۈشسەك دەپ ئويلاۋاتاتتىم، شۇ چاغدا سەن دېگەن ھېلىقى لايىھەلىگۈچى بىلەن تونۇشۇۋالسام، يەنە ئايسۇنىمۇ ساڭا تونۇشتۇرسام دەيمەن.

بۇ گەپكە ئەزىز سەل ھەيران بولدى. چۈنكى، بۇنىڭدىن بۇرۇن تاھسىن بۇرۇنقى خوتۇنىنى شەھەرگە ئەكەلگەن، ئەمما ھېچكىم بىلەن يۈز كۆرۈشتۇرمىگەن، بىر ھەپتە تۇرغۇزۇپ يېزىغا ئەكەتكەنىدى. «ئەمدى بۇ خوتۇنىنى ماڭا كۆرسەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ، قارىغاندا بۇ قېتىم ئۆيلەنگىنى خېلى قائىدە - يوسۇننى بىلىدىغان ئايال ئوخشايدۇ. ئەمما، نېمىلا دېگەنبىلەن يېزىدا تۇغۇلۇپ، يېزىدا ئۆسكەن بىر قىزنىڭ شەھەر تۇرمۇشىغا ئۆزلىشىپ ياشاپ كېتىشى ئۇنداق ئاسان ئەمەس. تاھسىنىنىڭ ئىشلىرى ئۇنداق ئاسانغا توختىمايدۇ، — دەپ ئويلىدى ئەزىز، — ئەگەر بۇ قەدىناس ئاغىنەم شەھەرلىك قىز بىلەن توي قىلغان بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى - ھە، ئۇ چاغدا ئائىلىدە سورۇن تۈزەپ ئولتۇراتتۇق.»

— ئايالىڭنىڭ ئىسمى ئايسۇنما؟ ئوبدان. مەن بوۋامغا دەپ ھېلىقى بالىنىڭ تېلېفون نومۇرىنى تاپاي، ھەپتە ئاخىرىدىكى دەم ئېلىش ۋاقتىدا كۆرۈشەرمىز. كەچتە ئەر - ئايال ئىككىڭلارنى تاماققا تەكلىپ قىلاي، بولامدۇ؟

— بولىدۇ. ئۇنداق بولسا يەكشەنبە كۈنى مەن باشقا ئىش ئورۇنلاشتۇرمايمەن، خەۋىرىڭنى كۈتىمەن. بولسا مۇشۇ ھەپتىدە بولسۇن، كېيىنكى ھەپتىدە مەن يېزىغا كېتىشىم مۇمكىن.

— بولىدۇ، ئىشلىرىڭ ئۇتۇقلۇق بولغاي. ساڭا تېلېفون قىلىمەن.

— خەير - خوش.

تاھسىن تېلېفوننى قويدى. كاتىپ بەلگىن خانىم مۇھسىن

ئەپەندىنىڭ يەنە بىر تېلېفوندا ساقلاۋاتقانلىقىنى ئېيتتى.

— مۇھەسسىن ئەپەندى، سەت بولدى، بايا مەن تېلېفوندا سۆزلىشىۋاتاتتىم. قېنى سۆزلەڭ.

— تاھەسسىن ئەپەندى، مەن سىزگە مۇنداق بىر ئىش توغرىسىدا تېلېفون بەرگەن. بىز تاۋارلار تولۇق ئىشلىنىپ بولغاندىن كېيىن ھەرقايسى سودا سارايلىرىنىڭ غوجايىنلىرىغا تەشۋىق قىلماقچى بولغان ئەمەسمىدۇق، مېنىڭچە بۇ ئىشنى مۇشۇ ھەپتىنىڭ ئاخىرى قىلساقمىكىن دەيمەن.

— بولىدۇ، ئەمما تاۋارلار تېخى تولۇق تەييارلىنىپ بولمىغان تۇرسا؟

— تاھەسسىن ئەپەندى، بۇنى بىلىمەن. مەن تونۇيدىغان بىر - ئىككى سودا ساراي غوجايىنى بولىدىغان، ئۇلار نەچچە قېتىم تېلېفون قىلىپ، سىلەر ماللارنىڭ تەشۋىقاتىنى قاچان قىلىسىلەر، دەپ سورىدى. مەن ئۇلارغا، بىز تېخى تولۇق تەييارلاپ بولمىدۇق، يەنە بىرەر ئاي كېتەرمىكىن، دېگەنىدىم. ئۇلار، ئۇنداقتا سىلەر زاكاز ئالمىسىز، دەپ ئويلىمىساڭلار بولغۇدەك، چۈنكى قىشلىق كىيىملەرنى كىرگۈزۈش ئىشى يېقىندا ئاياغلىشىدۇ. بىر ئايدىن كېيىن بىز ئەتىيازلىق مال كىرگۈزۈشكە تەييارلىق قىلىمىز. ئۇنداقتا بىز سىلەرنىڭ ماللىرىڭلارنى كېلەر يىلى كۆرسەك بولغۇدەك، دەيدۇ. بۇنداق بولىدىغان بولسا بىز ھازىر ئۆزىمىزدە بار بولغان ماللىرىمىز بىلەن كىچىك دائىرىدە بولسىمۇ يەرمەنكە قىلىپ، ماللىرىمىزنى ئازراق بولسىمۇ بازارغا كىرگۈزۈپ تۇرساق، كېيىن ئېھتىياجغا قاراپ زاپاس مالنى كۆپەيتسەك بولامدىكىن، دەپ ئويلاپ قالدىم. سىزنىڭچە بولارمۇ؟

— ...

— تاھەسسىن ئەپەندى، گېپىمنى ئاڭلاۋاتامسىز؟

— ئاڭلاۋاتىمەن، مۇھەسسىن ئەپەندى. مەنمۇ ئويلاپ قالدىم، بىز كېچىكىپ قالغان ئوخشايمىز، ئەمما ئۇنىڭغا ئامال يوق -

دە، ئۇسكۇنىلەر ئەمدىلا كەلگەن تۇرسا، ئىشلەپچىقىرىشنى بۇنىڭدىن تېز قىلىۋەتسەكمۇ بولماس.
— گېپىمنى توغرا تاپسىڭىز، سىز بۇ يەرگە يېڭى كەلگەن بولسىڭىز، هازىر بىزدە بار بولغان ماللارنى كۆرۈپ بېقىپ قانداق قىلىشنى بىللە دېيىشەيلى.
— گېپىڭىز ئورۇنلۇق، مەن باراي، بۇگۈن كەچقۇرۇن ماللارنى كۆرۈپ بېقىپ بىرنېمە دەيلى.
— ئۇنداق بولسا سىزنى ساقلايمەن، تاھسىن ئەپەندى.
تاھسىن بەلگىن خانىمنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، بىر نەرسىنى ئېسىگە ئالغاندەك توختاپ، ئۇنىڭغا:
— بەلگىن خانىم، سىز مالال كۆرمەي ئايالىمغا بىر تېلېفون بېرىپ قويغان بولسىڭىز، مېنى بۈگۈن كەچتە كەچرەك قايتىپ كېتىدىكەن دەپ قويۇڭ. كېيىن ئۇنىڭغا مەنمۇ تېلېفون قىلىمەن. مەن هازىر كىيىم - كېچەك زاۋۇتىغا كەتتىم. ئىش بولسا شۇ يەرگە تېلېفون قىلىڭ، — دېدى.
— تاھسىن ئەپەندى، ئۇستەلدىكى هۆججەتلەرگە قول قويۇپ بولدىڭىزمۇ؟ بىز سۇغۇرتا ئىشىنى بېجىرمەكچىدۇق.
— هېلىمۇ ياخشى ئەسكەرتىپ قويدىڭىز، ياخشىسى مەن ئۇلارنى ئېلىۋالاي، كەچتە ئۆيدە قول قوياي، بولمىسا كېچىكىپ قالغۇدەك.
— بولىدۇ، ئەپەندى.
بەلگىن خانىم ئۇستىدىكى هۆججەتلەرنى يىغىشتۇرۇپ بىر خالتىغا سالدى - دە، تاھسىنغا بەردى. تاھسىن ئۇ خالتىنى ئالدىراشلىق بىلەن سومكىسىغا سالدى - دە، چىقىپ كەتتى.
تاھسىن ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندە يېرىم كېچە بولغانىدى. ئايسۇن تېلېۋىزور ئالدىدىكى سافادا يېتىپ ئۇخلاپ قالغان، تېلېۋىزور ئوچۇق ئىدى. تاھسىن ئاستا بېرىپ تېلېۋىزورنى ئۆچۈرۈۋەتتى، ئايسۇن شۇ ئان ئويغىنىپ كەتتى.
— ۋۇي، ئۇخلاپ قاپتىمەنغۇ، قاچان كەلدىڭىز؟

— بايىلا كېلىشىم، كەچۈرۈڭ. بۈگۈن قىلمىسام بولمايدىغان ئىش چىقىپ قالدى، مۇھسىن ئەپەندى بىلەن يېڭى زاۋۇتقا بېرىپ ئىسكىلاتنى تەكشۈرۈپ چىقىتۇق. ھەپتىنىڭ ئاخىرىدا ماللىرىمىزنى تەشۇىق قىلماقچى. بۇ ھەپتە سەل ئالدىراش بولىدىغان ئوخشايمىز، ئىشچىلارمۇ ئىسمىنا قوشۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. مەن ئەسلىدە بۇ ھەپتە سىزنى بىر ئايلاندۇرۇپ كېلەي، دوستۇم ئەزىز بىلەن تونۇشتۇراي، ئاندىن كېلەر ھەپتە يېزىغا كەتسەكمۇ بولىدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم.

يېزا دېگەن گەپنى ئاڭلاپلا ئايسۇن بىردىنلا مەيۈسلىنىپ قالدى. بۇنى سەزگەن تاھسىن دەرھال ئۇنى قۇچاقلاپ، كۆڭلىنى ئالماقچى بولدى:

— بولدى، كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ. مەن سىزنى بۇ يەرگە يەنە ئەكېلىمەن.

— يېزىدا سىز يوق كۈن ئۆتكۈزمەك بەك تەس ئىكەن. بىز مۇشۇ يەردە ئۆي تۇتساق بولمامدۇ؟ يېزىغىمۇ پات ـ پات بېرىپ تۇرمامدۇق.

راستىنى ئېيتقاندا، ئايسۇننى ئەكەلگەندىن بۇيان تاھسىن ئەزەلدىن ھېس قىلمىغان بەختنى ھېس قىلغان، كۈنلىرىنى خۇشاللىق ئىچىدە ئۆتكۈزۈۋاتقانىدى. چۈنكى، ئۇ بۇ يەردە مەلىھانى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ قالدى. ئايسۇننىڭ گېپى بىلەن ئۇ يەنە بۇرۇنقى كۈنلەرنى ئەسلەپ قالدى ـ دە، قاتتىق ھارغىنلىق ھېس قىلدى. ئۇ چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ قويۇپ دېدى:

— سىز مېنى سىزنى يېنىمدىن ئايرىماي ئېلىپ قېلىشنى ئويلىمايدۇ، دەمسىز؟ مەن شۇنچە يىللاردىن مۇشۇ ئازابنى تارتىپ كەلدىم. ئەمما، سىز بىلىسىز، بەزى ئىشلارنى ئۆزگەرتىشكە ئامالسىزمىز. سەۋر قىلىپ تۇرۇڭ، ئارزۇيىمىز ھامان ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەن يوق چاغدا سىز ئۆگىنىشىڭىزنى ئوبدان قىلىۋېلىڭ. بۇ يەردە ئۆگىنىشكە ۋاقىت چىقىرالماي قالدىڭىز.

— توغرا دەيسىز، ۋاي، ئۇنتۇپ كېتىپتىمەن، قورسىقىڭىز قانداق؟

— توق، مەن مۇھسىن ئەپەندى بىلەن زاۋۇتتا بىرنېمىلەر قىلىپ قورساقنى تويدۇرۇۋالغان. بەك ھېرىپ كەتتىم. ئۇخلايلى، ئەتە يەنە ئەتىگەندە تۇرۇپ ئىشقا بارىدىغان گەپ. ئاشۇ ماللارنىڭ تەشۋىقاتىنى ئوبدان بىر ئىشلىۋالساق، ئاندىن مېنىڭ كۆڭلۈم ئورنىغا چۈشىدۇ.

ئۇ كۈن ئاخىر يېتىپ كەلدى. بۇ كۈن ئۈچۈن تاھسىن بىلەن مۇھسىن ئەپەندى كېچە ـ كۈندۈز ئىشلىدى، ئۇلار خىلتوندا بىر چوڭ مەجلىسخانىنى ئىجارىگە ئالدى، ئۇلار بۇ يەردە تەشۋىقاتنى ئۆتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن قىرىق ـ ئەللىك كىشىلىك سوغۇق يېمەكلىك زىياپىتىنى ئۆتكۈزمەكچى بولۇشتى. تاھسىن ئەزىزگە تېلېفون قىلىپ كۆرۈشىدىغان ئىشنى ئاشۇ سوغۇق يېمەكلىك زىياپىتىدە قىلساق، ئاندىن چىقىپ باشقا بىر يەردە غىزالانساقمۇ بولىدۇ، دېدى. تاھسىن بارلىق دوستلىرىغا تەكلىپنامە ئەۋەتتى. ھەتتا ھېلىقى لايىھەلىگۈچى يىگىتكىمۇ ئەۋەتتى. بۇ ئىشلارنى ئايسۇنغىمۇ دەپ قويۇش كېرەك. ئەمما، ئۇ سەچىل توغرىسىدا نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالدى. «شۇ كۈنى ئۇ بىرەر جېدەل چىقارماي ئولتۇرۇپلا بەرسە بولاتتىغۇ» دەپ ئويلىدى تاھسىن. ئۇ كۈنى ئايسۇن تاھسىن ئېلىپ بەرگەن قارا يوپكىنى ۋە ئېتەك، يەڭلىرىگە زەردىن جىيەك تۇتۇلغان قارا رەڭلىك تىۋىتتىن توقۇلغان كالتە چاپىنىنى كىيدى، پۇتىغا ئېگىز پاشنىلىق ئاياغ كىيگەندىن كېيىن بويى تاھسىن بىلەن تەڭلىشىپ قالدى. ئۇ كۈنى ئايسۇن ھاياتىدا تۇنجى قېتىم ساتىراشخانىغا كىردى. بۇرۇن ئۇنىڭ چېچىنى ھەجەر ئانا تۇزەپ، ياساپ قوياتتى. ساتىراش ئۇنىڭ قوڭۇر بۇدۇر چېچىنى كېسىشكە كۆڭلى ئۇنىماي، ئۇنىڭ چېچىنى كۆپتۈرۈپ، يەلكىسىگە چۈشۈپ تۇرىدىغان قىلىپ ياساپ قويدى. كىرپىكىگە ئازراق لاك سۈركەپ، لەۋلىرىگە سۇس قىزىل لەۋ سۇرۇخ سۈرگەندىن كېيىن ئايسۇننىڭ ئەسلىدىكى گۈزەل

رۇخسارى تېخىمۇ گۈلدەك ئېچىلىپ كەتتى. ساتىراش خۇشامەت قىلغاندەك ماختاپ:

— سىز ھوللىبۇودنىڭ ئايال چولپانلىرىغا ئوخشايدىكەنسىز، — دېدى.

تاھسىن ئۇنى ئالغىلى ساتىراشخانىغا كېلىپ ئۇنى كۆرۈپ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەيلا قالدى. پەقەت ئارانلا:

— سىز بەكلا چىرايلىق بولۇپ كېتىپسىز، — دېيەلىدى. «ئۇ قىزنى كۆرگەن ئادەمنىڭ ئۇنى يەنە بىر قېتىم كۆرگۈسى كېلىدۇ، دەپ ئاپام توغرا دەپتىكەن» دەپ ئويلىدى تاھسىن ۋە كۆڭلىنىڭ بىر يېرىدە قانداقتۇر بىر خىل كۇنداشلىق پەيدا بولغاندەك بولدى، ئەمما ئۇ دەرھال ئۆز كۆڭلىنى كونترول قىلىپ، بۇ خىل خىيالنى يوق قىلدى. ئۇلار ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، كىيىملىرىنى كىيىپ تەييارلىق قىلدى، ھەممە تەييارلىق پۈتتى. بۇ چاغدا تاھسىن ئايسۇنغا قاراپ، ئۇنىڭ قولىغا توي ئۈزۈكىنى سېلىپ، بوينىغا دادىسى قالدۇرغان زۇننارنى ئېسىپ باشقا زىننەت بۇيۇملىرىنى ئاسمىغانلىقىغا دىققەت قىلىپ قالدى. ئايسۇن بوينىغا تويدا ئاسقان ئالتۇن زەنجىرنىمۇ ئاسمىغانىدى. تاھسىن يەنە ئۆزى ئەنگلىيەدىن ئەكەلگەن قول سائەتنى ئايسۇننىڭ بىرەر قېتىم تاقىغانلىقىنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئۇ بۇ ئىشنى ئايسۇندىن بىر سوراپ بېقىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ يەنە «بەلكىم ئايسۇن ئۇ سائەتنى ياقتۇرمىغان بولسا كېرەك» دەپ ئويلاپ يالتىيىپ قالغانىدى. بىراق، كۆڭلى سەل يېرىم بولغان، بۇنى ئايسۇنغا قىلچە بىلىندۇرمىگەنىدى. مانا ئەمدى بۇ ئىشنى سوراشنىڭ تازا ئەپلىك پۇرستى كەلگەنىدى:

— ئايسۇن، بالدۇرراق دېگەن بولسىڭىز، سىزگە تاقايدىغان زىبۇ ـ زىننەت ئېلىپ بېرەر ئىكەنمەن، قارىغاندا، سىزنىڭ تاقايدىغان نەرسىلىرىڭىز يوق ئوخشايدۇ.

ئايسۇن بىردىنلا ھودۇقۇپ كېتىپ، بىرنەرسە دەي دېدى ـ

يۇ، نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. ئايسۇننىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرگەن تاھىسىن ئۆزىنىڭ دېگەن گېپىگە پۇشايمان قىلىپ قالدى. «دېمەيدىغان گەپنى دەپ سالغان ئوخشايمەن، نېمىشقىمۇ شۇنداق دېگەندىمەن؟» دەپ ئويلىدى ئۇ.

ئايسۇن بىردەم تۇرۇۋېتىپ، بۇرۇلۇپلا ھۇجرىغا قاراپ ماڭدى، بىئارام بولۇپ قالغان تاھىسىنمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى.

— كۆڭلىڭىزگە ئازار بېرىپ قويىمىغاندىمەن، سىز ھېچ نەرسە تاقىمىسىڭىزمۇ شۇنداق چىرايلىق كۆرۈنىسىز.

— ياق، ياق، مەن بۇ ئىشنى سىزگە بالدۇرراق دېسەم بولاتتى، ئەمما جۈرئەت قىلالمىدىم. بىزنىڭ ئارىمىزدا ھېچقانداق مەخپىيەتلىك بولماسلىقى كېرەك، — دېدى ئايسۇن ۋە سائەتنىڭ ئىشىنى سۆزلەپ بەردى، ئاندىن سومكىسىدىن قول سائەتنى چىقاردى.

— سىزدىن ئۆتۈنەي، بۇ سائەتنىڭ ئەينىكىنى سالدۇرۇپ بېرىڭ. بۇ سائەتنى بىر قېتىممۇ تاقىماي تۇرۇپ ئەينىكىنى سۇندۇرۇپ قويدۇم. ھەجەر ئاپام ئىككىمىز بازاردىكى سائەت دۇكانلىرىنىڭ ھەممىسىگە كىرىپ چىقتۇق، ئۇلار: «بىزدە بۇ ماركىدىكى سائەتنىڭ ئەينىكى يوق» دېيىشتى. ئۇلار بۇ قىممەت باھالىق سائەت ئىكەن، دېدى.

— شۇ ئىشمىدى؟ نېمىشقا بالدۇر دېمەيسىز؟ بۇرۇن دېگەن بولسىڭىز، بۇ چاغقىچە ئەينىكىنى ئالماشتۇرۇپمۇ بولاتتۇق.

— دېيىشتىن خىجىل بولدۇم. سىزنى مېنى بىر تال سوۋغىنىمۇ قاملاشتۇرۇپ ساقلىيالماپتۇ، دەپ قالامدىكىن دەپ ئويلىدىم.

— بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق ئىشلار ئۈچۈن ئۆزىڭىزنى ئازابلاپ يۈرمەڭ، ئادەتتە ئۇنداق ئىشلار بولۇپ تۇرىدىغان تۇرسا.

— يەنە بىر ئىش...

بۇ گەپنى ئاڭلاپ تاھىسىن سەل تېڭىرقاپ قالدى، ئۇ ئەندىشىلىك سورىدى:

— يەنە بىر ئىش بارمىدى؟
— ھەئە... تويدا مەن ئاسقان تىللالىق تىزىق زەنجىر بار ئىدىغۇ، نازلى ماڭىدىغان چاغدا مەن ئۇنىڭغا سەككىز تىزىق تىللانى بەرگەنىدىم.
بۇ گەپنى ئاڭلاپ تاھسىن ھەيرانلا قالدى، نېمە دېيىشنى بىلەلمەي ئايسۇنغا قاراپ تۇرۇپلا قالدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ ئايسۇننىڭ نازلىغا يوللۇق بېرىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى. ئۇ بۇ قىز بىلەن تونۇشقاندىن بۇيان، ھەر كۈنى دېگۈدەك ئۆزىنىڭ ئاجايىپ خىسلىتى بىلەن تاھسىننى ھەيران قالدۇرماقتا. شۈبھىسىزكى، تاھسىننىڭ قەلبىدە ئايسۇنغا نىسبەتەن بىر خىل ھۆرمەت، بىر خىل مىننەتدارلىق كۈچىيىپ بارماقتا ئىدى. ئۇ ئارانلا قىلىپ:
— مەن نازلى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭلارنىڭ بۇنداق ياخشى ئىكەنلىكىنى قىلچە ئويلىماپتىكەنمەن، — دېيەلىدى.
— مۇناسىۋىتىمىز ياخشى ئەمەس ئىدى. مەن قورۇقتا كىرگەن تۇنجى كۈندىن باشلاپ ئۇ مېنى قىلچە كۆزگە ئىلمىدى، ئۇ مەلىھا بىلەن بىللە پۇرسەت بولسىلا، بىز دېگەن باي، بېگىملەرنىڭ قىزلىرى، سەن دېگەن نەدىن كەلگەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان ياقا يۇرتلۇق مۇساپىرنىڭ قىزىسەن، دەپ ئازار بېرىپ كەلدى. ئەمما، ئۇ كۈنى مەن نازلىنىڭ بىچارە ھالىتىنى كۆرۈپ، بېگىمنىڭ قىزى مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئۆيدىن ئايرىلسا قانداق بولىدۇ، دەپ ئىچىم بەك ئاغرىپ قالدى. ئۇنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى بىلمەيدىغان بىر ئادەم بىلەن نەگە بارارىنى بىلمەي تۇرۇپ سەپەرگە چىقسا، قولىدا ئازراقمۇ پۇل ـ پۇچەك بولمىسا قانداق بولىدۇ، ئاغرىق ـ سىزلاق بولۇپ قالسا ئەسقاتار دەپ ئويلاپ بەرگەنىدىم. مەن ئۇ نەرسىلەرنى قول ياغلىقتا ئوراپ، ئايال غوجىدار خەدىچەگە كۆرسەتمەي نازلىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدۇم. ئۇ كۈنلەردە ھەممىڭلارنىڭ كۆڭلى بىئارام بولۇپ تۇرغاچقا، بۇ ئىشنى سىزگە ۋاقتىدا دېيەلمىدىم. ئەمدى بۇ

ئىشنى سىز بىلدىڭىز، مەنمۇ چوڭ بىر يۈكتىن خالاس بولدۇم. بىر ەر ئىشنى مەخپىي ساقلاشنىڭ بۇنداق تەسلىكىنى ئويلىماپتىكەنمەن. توي قىلىشتىن بۇرۇن ھېچقانداق مەخپىيەتلىكىم يوق ئىدى.

تاھسىن خېلىغىچە گەپ قىلماي جىم تۇرۇپ قالدى، بۇ ھالنى كۆرگەن ئايسۇن تاھسىننى خاپا بولغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالدى. ئەمما، ئۇ تاھسىننىڭ ئۆزىگە بولغان مۇھەببىتىنىڭ ھۆرمەتكە ئايلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلسە ئىدى، ئۇ چاغدا ئۇ چىن كۆڭلىدىن راھەتلەنگەن، ھۇزۇرلانغان بولار ئىدى. ئەمما، ئۇ بۇنىڭدىن بىخەۋەر، شۇڭا ئۇ بىر خىل ئارىسالدىلىق ئىچىدە تاھسىننىڭ قولىنى تۇتتى:

— ئەگەر ئاچچىقىڭىزنى كەلتۈرۈپ قويغان بولسام، كەچۈرۈڭ.

تاھسىن بۇنىڭغا جاۋاب بەرمىدى، ئەمما بۇ گەپكە جاۋابەن ئايسۇننى قۇچاقلاپ باغرىغا باستى ۋە ئۇنىڭ سۇس قوڭۇر چاچلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ، گويا بىرنەرسە ئىزدىمەكچى بولغاندەك ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدى. تاھسىن مانا شۇ كۈنى ئۆز ئايالىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەنگەندەك بولۇپ، ئۇنى ھەرقانداق چاغدا ئىززەتلەش كېرەكلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئاخىر زۇۋانغا كەلدى:

— ئايسۇن، سىز بىلەمسىز، مەن سىز بىلەن توي قىلىشتىن بۇرۇن، ئۆزۈمنى بەختسىز، تەلەيسىز ئادەم ھېس قىلاتتىم. ئەمما، ھازىر شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلىۋاتىمەنكى، مەن ئەمدى دۇنيادىكى ئەڭ قىممەتلىك بايلىققا ئېرىشىپتىمەن. راستىنى ئېيتسام، سىزنىڭ كىچىك تۇرۇپلا بۇنداق پىشىپ يېتىلگەن، بۇنداق ئاق كۆڭۈل ئىكەنلىكىڭىزنى ئويلىمىغانىدىم. سىز ھەر كۈنى دېگۈدەك مېنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئىشلارنى قىلىۋاتىسىز. مەن خاپا بولۇش بۇياقتا تۇرسۇن، خۇشاللىقىمنى قانداق ئىپادىلەشنى بىلەلمەيۋاتىمەن. گەپنىڭ ئېنىقىنى

ئېيتقاندا، نازلىنىڭ كەتكەنلىكىگە ھەممىمىزنىڭ كۆڭلى يېرىم بولدى. ئەمما، بىز ئامالسىزمىز. بىز دادامنىڭ كۆڭلىگە يەنە ئازار بەرسەك بولمايدۇ. ئۇ ھەتتا نىكاھ قىلىشنىمۇ ئوشۇقچە بولۇپ كەتتى، دېگەن تۇرسا. نېمىلا دېگەنبىلەن نازلى دېگەن مېنىڭ سىڭلىم. سىز دېگەندەك، ئۇ ھېچكىم بىلمەيدىغان بىر ئادەم بىلەن كەتتى. بۇنى مەنمۇ خالىمايتتىم. بەلكىم كېيىنچە مەن ئۇنىڭ قانداق ياشاۋاتقانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ بىلەلىشىم مۇمكىن. بىز ئۇ ئادەمنىڭ كىملىكىنى، نەدىن كەلگەنلىكىنى پەقەتلا بىلمىسەك، كىم بىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۆز يۇرتىدا بالىچاقىلىرى بارمۇ تېخى!

تاھسىن بىردىنلا ئۆزى قۇچاقلاپ تۇرغان ئايسۇننىڭ قېتىپ قالغاندەك بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى.

— سىزمۇ بىلىسىز، مېنىڭ دادامنىڭمۇ كىملىكىنى، نەدىن كەلگەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدۇغۇ!

بۇ گەپنى ئاڭلاپ تاھسىن ئۆزىنىڭ گەپتە كەتكۈزۈپ قويغانلىقىنى ھېس قىلدى ــ دە، دەرھال ئايالىنى باغرىغا مەھكەم باستى.

— مەن بىلىمەن، قەدىرلىكىم. مەن سىز بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن دادىڭىزنىڭ ناھايىتى ئوبدان ئادەم ئىكەنلىكىدىن قىلچە شۈبھىلەنمەيدىغان بولدۇم. قىزىنى بۇنداق ياخشى تەربىيىلىگەن دادىنىڭ ئۆزىمۇ قىزىغا ئوخشاش ئوبدان تەربىيىلەنگەنلىكىگە گەپ كەتمەيدۇ. مەن ئىشلىرىمنى بىرەر قۇر ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، نوپۇستا يېزىلغان ئادرېس بويىچە تىزىملىغان ئورۇننى تېپىپ، دادىڭىزنىڭ ھەقىقىي سالاھىيىتىنى بىلىشكە تىرىشىمەن. ئەمما، ئىسمىڭىزدە بولسۇنكى، مەيلى دادىڭىز قانداق ئادەم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، سىزنىڭ مېنىڭ قەلبىمدىكى ئورنىڭىز قىلچە ئۆزگەرمەيدۇ. ئەمدى ماڭايلى، ئەمدى كېچىكسەك، مېھمانلارنىڭ ھەممىسى بىزنى قارشى ئالىدىغان بولۇپ قالىدۇ، بولۇڭە، ماڭايلى.

پىكاپتا كېتىۋېتىپ ئۇلار ئانچە پاراڭ قىلىشمىدى. ئايسۇن بۇنداق سورۇنغا تۇنجى قېتىم قاتنىشىۋاتقانلىقى ئۈچۈن ھاياجان ئىچىدە جىمىپ قالغان، تاھسىن بولسا ئايالىنى تۇنجى قېتىم دوستلىرىغا تونۇشتۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن سەل جىددىيلىشىپ خىيالغا چۆمگەنىدى. ئۇلار خىلتونغا بارغاندا مۇھسىن ئەپەندى ۋە باشقا مەسئۇل خادىملارنىڭ ھەممىسى جەم بولۇپ بولغان، تەشۋىق ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى پۈتۈپ بولغان، مۇھسىن ئەپەندى ھاياجان ئىلكىدە ياش بالىلاردەك ئۆز ئورنىدا تۇرالماي، بىردەم ئۇياققا، بىردەم بۇياققا مېڭىپ، ھېلى ئۇ ئىشنى، ھېلى بۇ ئىشنى تەكشۈرۈپ، ھەممە ئىشلارنىڭ تولۇق، راۋان بولۇشىنى كاپالەتلەندۈرمەكچى بولغاندەك يۈرەتتى. مېھمانلارمۇ ئىككى ـ ئۈچتىن بولۇپ كېلىشكە باشلىغانىدى. تاھسىن مۇھسىن ئەپەندى بىلەن بىللە ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ مېھمانلارنى قارشى ئالدى. ئايسۇن مۇھسىن ئەپەندىنىڭ خانىمى بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇردى. ئەزىز لايىھەلىگۈچى يىگىت بىلەن بىللە كەلدى. تاھسىن ئۇلارنى مۇھسىن ئەپەندىنىڭ خانىمى ۋە ئايسۇنغا تونۇشتۇردى. ئەزىز ھەيرانلىقىدا ئۆزىنى باسالماي، تاھسىنغا ئارام بەرمەي قايتا ـ قايتا سورىدى:

— سەن تەشۋىق قىلىشقا چاقىرغان مودېل قىزلارنىڭ ئەڭ چىرايلىقىنى ماڭا ئايالىم دەپ تونۇشتۇرمىغانسەن ـ ھە؟

— نېمە دەيدىغانسەن ئاداش؟ مەن ئۇنىڭغا ماس كەلمەمدىكەنمەن؟ سەن يېزا قىزلىرىنى شارابارا كىيىپ، بېشىغا گۈللۈك ياغلىق ئارتىپ يۈرىدۇ، دەپلا بىلمەيدىغانسەن؟

— چاقچاق قىلىپ قويدۇم، كۆڭلۈڭگە ئېلىپ كەتمە. ئەمما، راستىنى ئېيتسام، مەن ئايالىڭنىڭ بۇنداق گۈزەللىكىنى ئويلىماپتىكەنمەن، ھەقىقەتەن مودېل قىزلاردەك چىرايلىق ئىكەن. ئادەم تاللاشتا ئاپاڭنىڭ ھەقىقەتەن كۆزى بار ئىكەن جۇمۇ، — ئۇ بىردىنلا ئاۋازىنى پەسەيتىپ سورىدى، — سەچىل كەلدىمۇ؟

— ياق، ئىلاھىم ئۇنىڭ ئىشى چىقىپ قېلىپ كەلمىسىكەن دەيمەن. ئۇنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ بىرەر چاتاق تېرىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەيمەن. بىلمىسەڭغۇ، ئۇ گەپتە، ھەرىكەتتە ئۇڭايلا تاپتىن چىقىپ كېتىدىغان تۇرسا.

— توغرا دەيسەن. ئەگەر ئۇ كېلىپ قالسا، ئۇلارنىڭ جېدەللىشىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئىمكانقەدەر سەپىلنى خوتۇنۇڭغا يېقىنلاشتۇرمايلى.

— ئىشەنسەڭ، نەچچە كۈندىن بېرى مۇشۇ ئىش ئۈچۈن كۆپ باش قاتۇردۇم. سەپىلنى بۇ يەرگە كەلتۈرمەسلىك ئۈچۈن ھەر خىل ئاماللارنى ئويلاپ باقتىم. ئەرسىن ماڭا كۆپ ياردەم بەرگەن، ئۇنىڭ يۈزىنى دەپ ھەدىسىنى چاقىرماسلىققا بولمىدى. بەلكىم سەپىل ئايسۇن بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن، مەندىن كۆڭلىنى ئۈزۈپ، باشقا بىرسىنى تاپارمىكىن، دەپمۇ ئويلاۋاتىمەن. بۇ ئۆز - ئۆزۈمگە تەسەللى بېرىدىغان بىردىنبىر ئامال.

دەل شۇ گەپلەرنىڭ ئۈستىگە ئىشكتىن سەپىل، سەراپ ۋە جۈنەيتلەر كىرىپ كەلدى. تاھسىن ئۇلارنى بوش ئورۇنلارغا باشلىدى ۋە ئۇلارنى ئايسۇنغا بىردەمدىن كېيىن تونۇشتۇرۇشنى ئويلىدى. ئەمما، ئويلىمىغان يەردىن سەپىل تاھسىننى ئەيىبلەپ كەتتى:

— تاھسىن سىز تازا قاملاشماي قالدىڭىز جۇمۇ، بۇ ئىشنى بىزگە نېمىشقا ھەممىنىڭ ئارقىدا ئۇقتۇرسىز؟ مەن كېلەلمەي قالغىلى تاس قالدىم. مەن بۇ يەرگە كېلىمەن دەپ، نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ كۆرۈشۈش ئىلتىماسلىرىنى رەت قىلىۋەتتىم، ئەمدى ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى قانداق ئالارمەنكىنتاڭ.

تاھسىن سوغۇقلا جاۋاب بەردى:

— مەن بەك ئالدىراش بولۇپ كەتتىم، سىلەرگە ئۇقتۇرۇشقا ئارانلا ۋاقىت چىقىرالىدىم.

ئۇ شۇنداق دەپلا مۇھسىن ئەپەندىنىڭ يېنىغا كەتتى.

مېھمانلار ئاساسىي جەھەتتىن كېلىپ بولغان، ئورۇنلارمۇ توشقانىدى. مۇھسىن ئەپەندى تەييارلىغانلىرىنى ئاخىرقى قېتىم تەكشۈرۈۋېتىپ كېلىپ، پائالىيەتنىڭ باشلانغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ئارقىدىن تاھسىن ئاددىيلا قىلىپ تەبرىك سۆزى سۆزلىگەندىن كېيىن مىكروفوننى مۇھسىن ئەپەندىگە بەردى. مۇھسىن ئەپەندى ھەقىقەتەن ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق كەسىپ ئەھلى ئىدى. ئۇ ئۆزلىرىنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى بىر ـ بىرلەپ، تەپسىلىي تونۇشتۇردى. تاھسىننىڭ يېنىدا تۇرغان ئايسۇن تونۇشتۇرۇلغان خۇرۇم كىيىملەرنى تەپسىلىي كۆردى، بەزىدە ھەتتا چۈشەنمەي قالغان يەرلىرىنى تاھسىندىن سوراپ قوياتتى. بۇ ھال تاھسىننىڭ ھەربىر ھەرىكىتىگە تىكىلىپ تۇرغان سەچىلىنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ئۇ دەرھال يېنىدا ئولتۇرغان مەھمەتتىن سورىدى:

— تاھسىن مودېللار بىلەن ئارىلىشىدىغان بولۇپ قالدىمۇ، قانداق؟

مەھمەتمۇ ئايسۇنغا خېلى بۇرۇنلا دىققەت قىلىۋاتقانىدى، ئۇ: «تاھسىن ئاخىر شەھەر تۇرمۇشىغا ماسلىشىشقا باشلاپتۇ ـ دە» دەپ ئويلاۋاتاتتى.

— بىلمىدىم. ئۇ قىز قارىغاندا تەشۋىقات ئۈچۈن كەلگەن مودېللاردىن بولسا كېرەك، ئەمما ئۇ ئىككىسىنىڭ يېقىنچىلىقىدىن قارىغاندا، ئىش ئۇنداق ئەمەستەكمۇ قىلىدۇ. ئۇنىڭ يېزىدىكى خوتۇنى ئۇنى ساقلاپ ئولتۇرۇۋاتقاندۇ.

بۇ گەپكە سەچىل قاقاھلاپ كۈلۈۋېتىشتىن ئۆزىنى ئارانلا تۇتۇپ قالدى.

— مەن تاھسىننى ئەزەلدىن بۇنداق ئىشلارنى قىلار دەپ ئويلىماپتىكەنمەن، تاھسىن بەك قاملاشمىغان ئىش قىپتۇ. ئۇ بۇنداق سورۇنلارغا مەڭگۈ خوتۇنىنى باشلاپ كەلمەمدىغاندۇ؟ شارابارا ئىشتان كىيگەن، بېشىغا گۈللۈك ياغلىق ئارتقان خوتۇن يەرمەنكىدىكى بۇ مەھسۇلاتلارغا باشقىچە تۈس ئاتا قىلماسمىدى.

سەچىلىنىڭ قىلچە تەپ تارتماي ئاۋازىنى قويۇۋېتىپلا ئېيتقان بۇ گېپىنى ئاڭلىغان ئەتراپتا ئولتۇرغان بىرنەچچەيلەن بىر خىل بىئاراملىق ھېس قىلىپ، سەچىلىگە لەپپىدە قاراپ قويۇشتى. ھەتتا مەھمەتمۇ ئۇنى بېسىپ قويمىسام بولمىغۇدەك دەپ ھېس قىلدى:

— شۇ... باشقىلار ئاڭلاپ قالسا سەت بولىدۇ. ئەگەر بۇ گېپىڭنى تاھسىن ئاڭلاپ قالىدىغان بولسا، قانداق بولۇپ كېتەر. ئۇ قانداق قىلسۇن؟ باي بېگىمنىڭ ئوغلى بولماق تەس. ھاياتتا ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئۆز قىممىتى بار.

مەھسۇلاتلارنى تونۇشتۇرۇش قالتىس بولدى، مېھمانلار ئۆز ئورۇنلىرىدا ئولتۇرۇشۇپ، يېپەكتەك خۇرۇملارنى، سۈپەتلىك مەھسۇلاتلارنى بىر ـ بىرلەپ كۆرۈپ چىقىشتى. ھەرقايسى كىيىم ـ كېچەك ماگىزىنلىرىنىڭ غوجايىنلىرى ماللارنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختاشتى ۋە ئايرىم سۆزلىشىشنى، مال زاكاز قىلىشنى تەلەپ قىلدى. تاھسىن ئۇلار بىلەن ئايرىم سۆزلىشىشكە كېلىشتى. ئىشلار تاھسىننىڭ ئويلىغىنىدىنمۇ ئوبدان بولۇۋاتاتتى. تاھسىن ئۆزىنىڭ دوستلىرىنىڭ يېنىغا بارمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، سودىگەرلەرنىڭ ئىشىنى مۇھسىن ئەپەندىگە تاپشۇرۇپ بەردى. شۇندىلا ئايسۇنمۇ ماللارنى كۆرۈش ھەلەكچىلىكىدىن چىقىپ، ئەتراپىدىكى ئادەملەرگە سەپسېلىشقا، ئۇلارنىڭ قانداق ئادەملەر ئىكەنلىكىنى بىلىشكە باشلىدى. ئۇ ئۆزىگە مىختەك تىكىلىپ تۇرغان سەچىلىنى كۆرۈپ، بىر خىل بىئاراملىق ھېس قىلدى. ئۇ بۇرۇن تاھسىندىن بۇ ئايالنىڭ كىملىكىنى سورىۋالغان بولسا ئوبدان بوپتىكەن، نەگىلا قارىسا ئۇ ئايال تىكىلىپلا تۇراتتى.

— ئايسۇن، كېلىڭە، مەن سىزنى دوستلىرىم بىلەن تونۇشتۇرۇپ قوياي، — تاھسىن شۇنداق دېگىنىچە ئايسۇننىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ، ئۇنى دوستلىرى توپلىشىپ تۇرغان يەرگە باشلاپ كەلدى، — ئاغىنىلەر، مەن سىلەرگە رەپىقەم ئايسۇننى

تونۇشتۇرۇپ قويۇي.

بۇ گەپ بىلەن تەڭلا ھەممەيلەننىڭ كۆزى ئايسۇنغا ئاغدۇرۇلدى. ئۇلار دەسلەپتە بۇ گەپنى چاقچاق دەپ، چۈرقىرىشىپ كەتتى، ئەمما ئۇلار تاھىسنىنىڭ قىلچە چاقچاق قىلغاندەك قىياپەتتە ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ، شۈكلا بولۇشتى.

— بايا سىزگە ئەزىزنى تونۇشتۇرغان، بۇياق بولسا سەراپ ۋە ئۇنىڭ بولغۇسى خوتۇنى جۇنەيت، مەھمەت، ئەرسىن، بۇياق ئۇنىڭ ھەدىسى سەچىل. بۇياق بولسا بىزنىڭ يېڭى لايىھەلىگۈچىمىز ئەرول، بىز بۇنىڭدىن كېيىن بىللە خىزمەت قىلىمىز.

ئۇلاردىن تۇنجى بولۇپ ئۆزىنى ئوڭشىۋالغىنى سەراپ بولدى:

— ئايسۇن، سىز بىلەن تونۇشقانلىقىمدىن تولىمۇ خۇشالمەن. راست گەپنى ئېيتسام، تاھىسن ئەزەلدىن بۇنداق چىرايلىق خوتۇنى بارلىقىنى بىزگە ئېيتمىغانىدى.

ئايسۇن بۇنداق ماختاشلارنى ئاڭلاپ باقمىغاچقا، قۇلاقلىرىغىچە ھۇپپىدە قىزىرىپ كەتتى ـ دە، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قولىدىكى سومكىنىڭ تاسمىسىنى مىجىقلاپ تۇردى. سەچىل بۇ ئىشتىن بەكلا ھەيرانلىق ھېس قىلغانىدى، شۇڭا بۇنىڭ زادى قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى بەكلا بىلگۈسى كەلدى، ئۇ تاھىسنغا قاراپ، تولىمۇ كىبىرلىك بىلەن دېدى:

— بىلىشىمچە، سىز دائىم مەن توي قىلغانغا بەش ـ ئالتە يىل بولدى دەيتتىڭىز، ئۇنداقتا سىز بۇ كىچىك قىزچاق باشلانغۇچ مەكتەپنى تۈگەتكەندىن كېيىنلا توي قىلغانىكەنسىز ـ دە.

تاھىسنمۇ بوش كەلمىدى، ئۇ قەتئىي تەلەپپۇزدا سەچىلنىڭ سۆزىگە جاۋابەن دېدى:

— ئايسۇن مېنىڭ ئىككىنچى ئايالىم بولىدۇ.

بۇنداق بولۇشىنى ھېچكىم خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. تاھىسن بۇگۈن ئۇلارغا بىر ـ بىرىدىن ھەيران قالارلىق ئىشلارنى ئاشكارىلاۋاتاتتى. ئوتتۇرىدىكى جىمجىتلىقنى يەنىلا سەچىل

بۇزدى. ئۇنىڭ سۆزىدىكى ھاقارەتنى دۆت ئادەملا ئاڭقىرالماسلىقى مۇمكىن ئىدى:

— ئۇنداقتا سىز ئۇنى نىكاھسىز خوتۇنۇم، يەنى ئاشنام دەپ تونۇشتۇرسىڭىز بولمىدىمۇ؟ يىگىت، سىز ئەسلىدە بۇنداق ئىشلارغا ئۆچ ئەمەسمىدىڭىز، ئەمدىلىكتە كۆزقاراشلىرىڭىزنى ئۆزگەرتىپسىز ـ دە؟ سىز بۇ ساددا قىزچاقنىڭ تېنىدىن مەندە يوق قانداق نەرسىنى بايقىغانسىز؟

تاھسىن ئادەتتە ئاسانلىقچە ئاچچىقلانمايتتى، ئەمما ھەرقانداق سەۋر ـ تاقەتنىڭ چېكى بار ـ دە.

— مەن ئۇنىڭدىن سىزدە مەڭگۈ بولمايدىغان ئالاھىدە خۇسۇسىيەتنى ۋە پاكلىقنى تاپتىم. ئەمما، مېنىڭچە سىز بۇنداق ئىشلارنى ئەبەدىي بىلمەيسىز، — تاھسىن شۇنداق دېدى ـ دە، دەرھال باشقا دوستلىرىغا يۈزلەندى، — ئاغىنىلەر، رۇخسەت قىلساڭلار، بىز بېرىپ باشقا مېھمانلار بىلەن كۆرۈشۈپ كېلەيلى.

ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە، ئايسۇننىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ مەجبۇرىي دېگۈدەك ئېلىپ ماڭدى. داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالغان ئايسۇن تاھسىننىڭ سۆزىنى ئاڭلاپلا ئاندىن ئېسىگە كەلگەندەك بولدى.

— گۈزىلىم، مەن سىزگە تونۇشتۇرىدىغان يەنە نۇرغۇن ئادەم بار.

ئايسۇن تاھسىنغا يالۋۇرغاندەك قاراپ قويدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئازار يېگەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى:

— ئۆتۈنۈپ قالاي تاھسىن، بىز بۇ يەردىن كېتەيلىچۇ!

— قەدىرلىكىم، سىز چوقۇم قەيسەر بولۇڭ، سىز بەك چىرايلىق تۇرسىڭىز، ئاياللارنىڭ سىزگە ئۆچمەنلىك قىلىشى تەبىئىي ئەھۋال، سىز بۇنداق ئادەملەرگە ھەرقاچان ھەر يەردە ئۇچراپ تۇرىسىز. ھەر قېتىمدا ئۇنداقلاردىن ئۆزىڭىزنى قاچۇرسىڭىز، ئۇ چاغدا سىز ھەرگىز باشقىلار بىلەن مۇناسىۋەت

قىلالمايسىز. ئەمدى ھەممىنى ئۇنتۇپ كېتىڭ. مەن سىزگە باشقا مېھمانلارنى تونۇشتۇرۇپ قويىمەن.

كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇنىداق كۆڭۈلسىزلىكلەر يۈز بەرمەي، ناھايىتى ئوڭۇشلۇق ئۆتتى. كەچتە ئەزىز بىللەن بىللە كۆڭۈللۈك، قەدىناسلارچە كەيپىياتتا غىزالاندى. شۇنىڭ بىلەن ئايسۇن كۆندۈزدىكى كۆڭۈلسىزلىكلەرنى سەل ـ پەل ئۇنتۇغاندەك بولدى. ئەزىز خۇشال، دوستانە پوزىتسىيەدە بولغاچقا، ئايسۇنمۇ ناھايىتى ئاسانلا ئۇ كەيپىياتقا سىڭىپ كەتتى. ئۇلار ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندە يېرىم كېچىدىن ئاشقانىدى، ئۇلار بەكلا ھېرىپ كەتكەچكە، يېشىنىپلا ياتتى، ئەمما ھەر ئىككىلىسى ئۇخلىيالمىدى، ئاخىر ئايسۇن ئېغىز ئاچتى:

ـــ تاھسىن، ئەگەردە بىزنىڭ بالىمىز بولۇپ قالسا، سىز ئۇنىڭ نوپۇسىنى قانداق ھەل قىلىسىز؟ بىز دېگەن توي خېتى ئالمىغان تۇرساق، مېنى ئۇ بالىنىڭ ئاپىسى دەپ يازدۇرالامسىز؟

بۇ باش قاتۇرىدىغان ئىشلارنىڭ بىرى ئىدى. تاھسىن قانداق جاۋاب بەرسەم ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىپ قويماسمەن، دەپ بىردەم ئويلاندى ـ دە، ئاخىر ئۆزىنىڭ مۇشۇ نەچچە كۈندىن بېرى ئويلىغانلىرىنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردى:

ـــ مەلىھانى ئاجرىشىشقا كۆندۈرۈشتىن بۇرۇن بالىلىق بولساق بولماسمىكىن دەيمەن. يېزىغا قايتقاندىن كېيىن دادام بىلەن سۆزلىشىپ، مەلىھا رەت قىلالمايدىغان تەكلىپتىن بىرنى ئۇنىڭغا ئېيتاي دەيمەن. ئۇ پۇل دېسە جېنىنى بېرىدۇ. مېنىڭچە، ئۇ چوقۇم قوشۇلىدۇ. سىز تېخى ياش، بالىلىق بولۇشقا ۋاقىت بار، بۇ ئىشنى بەك ئويلاپ كەتمەڭ.

ـــ مەن كۆپ ئويلىمىغىنىم بىلەن، سىزمۇ كۆردىڭىز، باشقىلار كۆپ ئويلاپ كېتىدىكەن ئەمەسمۇ! سىز ئىشەنسىڭىز، مەن بۈگۈنكىدەك يىغىنغا قاتنىشىشتىن كۆرە، يېزىدا تۇرۇشنى خالايتتىم. خەقلەردىن شەھەرنىڭ ھەممە نەرسىسى ئوخشىمايدۇ، دەپ ئاڭلايتتىم، راست شۇنداق ئىكەن. يېزىدىكى ۋاقتىمدا مەن

سىزنىڭ ئاشنىڭىز بولۇپ قالىمەن، دەپ ئويلىماپتىكەنمەن.

كارىۋاتتا ياتقان تاھسىن ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ ئولتۇردى ۋە ئايسۇننىڭ يەلكىسىنى قاماللاپ تۇتۇپ:

— بۇنداق سۆزنى سىزنىڭ ئاغزىڭىزدىن ئىككىنچى ئاڭلاپ قالماي، — دېدى. ئايسۇن تاھسىننىڭ بۇنداق خاپا بولۇپ كېتىشىنى ئەسلا ئويلىمىغانىدى، شۇڭا ئۇ قاتتىق چۆچۈپ كەتتى، گەپلىرىمۇ قولاشماي قالدى:

— كە... چۇرۈڭ... مەن...

— بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۈگىسۇن. مەن ئەمدى سىزنى ئۇ ئايالغا بوزەك قىلدۇرمايمەن. بۇ ئىشتا مەن كۆڭۈلچەكلىك قىلىپ زىيان تارتتىم. مەن ھەممە ئىشنى سىزگە سۆزلەپ بېرەي.

شۇنىڭ بىلەن تاھسىن تاكى ئاشۇ كۈنگىچە سەۋەبلىرىنىڭ ئۆزىنى قانداق قوغلاشقانلىقىنى، بىر قېتىم كەچتە ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىۋالغانلىقىنى، تاھسىننىڭ بىر ئامالارنى قىلىپ ئۇنى ئۆيدىن چىقىرىۋەتكەنلىكىنى ناھايىتى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى.

— ئەگەر ئەرسىننى دېمىسەك، بىز ئۇنى ئاللىقاچان ئارىمىزدىن چىقىرىۋەتكەن بولاتتۇق. ئۇنىڭ بۇ قىلىقلىرىدىن باشقا ئاغىنىلەرمۇ جاق تويدى. ئەتە مەن ئەرسىن ۋە باشقا ئاغىنىلەر بىلەن سۆزلىشىپ، ئۇلارنى بىر گەپ دەڭلار دەيمەن. مەن ئۇ ئايال بار سورۇنغا قەتئىي بارمايمەن.

— مېنى دەپ ئۇزۇن يىللىق دوستلىرىڭىز بىلەن يىراقلىشىپ كەتمەڭ.

— بۇ سىز ئۈچۈنمۇ؟ چاقچاق قىلىۋاتمايدىغانسىز؟ ئۇنىڭ دېگەنلىرى بىز ئۈچۈن ھاقارەت. سىز مېنى دەپ دەيسىز، بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ سىزدە نېمە گۇناھ بار؟ مېنىڭ ئايالىم بولغانلىقىڭىز ئۈچۈنمۇ؟ بولدى ئايسۇن، ئۇ دېگەن ئاشۇنداق ئۆزىنى تۇتالمايدىغان، ھايانى بىلمەيدىغان نېمە، قىلچە ساپاسى يوق. مېنىڭمۇ ئىككى خوتۇنلۇق بولغۇم بارمۇ؟ بۇ دېگەن بىزدىكى

ئۆرپ ـ ئادەت تۇرسا، ئۇنىڭغا نېمە قىلالايتتۇق؟ ھەممىنى بىراقلا ئۇنتۇپ كېتىش ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس. سىز قاراپ تۇرۇڭ، مەن ئۇ پەسكەش ئايال بىلەن ھېسابلاشماي قويمايمەن. كەچۈرۈڭ، مەن ئۆزۈمنى باسالماي قالدىم. ئادەتتە مېنىڭ ئادەم تىللايدىغان ئادىتىم يوق ئىدى، ئاشۇ ئايالنىڭ كاساپىتىدىن تىللاپ سالدىم.

ھەر ئىككىسىنىڭ ئۇيقۇسى قاچتى، كۆڭۈللىرىمۇ بىر قىسمىلا بولۇپ قالدى. ئايسۇن تاھسىننىڭ ئوچۇق ـ يورۇقلۇق بىلەن ھەممە گەپنى سۆزلەپ بەرگىنىنى ئاڭلاپ، سەچىلىنىڭ قانداق ئايال ئىكەنلىكىنى بىلدى ـ دە، كۆڭلىمۇ ئورنىغا چۈشۈپ خاتىرجەم بولغاندەك بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كەيپىياتنى سەل ئوڭلىماقچى بولۇپ:

— تاھسىن، قورسىقىم ئاچتى. ئاچمۇ ئاتاي دېدى، مەن چاي دەملەي، ئىككى تۇخۇم پوشكىلى پىشۇراي، شۇنى يەپ ئاندىن ئۇخلايلى. ئەتە سىز ئىشقا بارمىسىڭىزمۇ بولىدۇغۇ، قانداق؟

— ناۋاتتەك گەپ بولدى، كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلدىڭىز، سىز پىشۇرغان تۇخۇم پوشكىلىنى يېمىگىلى ئۇزۇن بوپتۇ. ئېسىڭىزدىمۇ، ئاشۇ كۈنى ئەتىگەندە سىز ئۆزىڭىزنىڭ تۇخۇم پوشكىلى بىلەن مېنى ئالداپ قەپەسكە سولىۋالغانىدىڭىزغۇ؟

ئايسۇن پىخىلداپ كۈلۈپ كەتتى:

— ماڭا ئىشىنىڭ، ئۇ چاغدا مەندە ئۇنداق نىيەت يوق ئىدى، ئەمما جىددىيلىشىپ پۇت ـ قولۇم تىترەپ كەتتى، چاينى ئۇستىڭىزگە تۆكۈۋەتمىگىنىمگە خۇشال بولۇڭ، سىز دىققەت قىلدىڭىزمۇ؟

— ئەلۋەتتە، ئۇنىمۇ كۆرمەي قالامدۇ كىشى؟ ئۇ چاغدا سىز باتناپ قاپتىكەنسىز، مەن ئەزەلدىن سىزدەك باتنايدىغان قىزنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن. ئۇ چاغدا «بۇ قىز مېنى ياخشى كۆرمەيدىغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ، كۆڭلۈم بەكلا يېرىم بولغانىدى.

— جامال تاغام هايات ۋاقتىدا سىز دائىم بىزنىڭكىگە كېلىپ تۇرغان بولسىڭىزمۇ، مەن جىددىيلىشىپ سىزگە ئوبدانراق قاراپ باقمىغانىكەنمەن.

— شۇنداق، جامال مۇئەللىم مېنىڭ ئۇستازىم، شۇنداقلا ماڭا ئاغا كېلىدۇ. ياتقان يېرى جەننەتتە بولغاي، ئۇ بەك ئاق كۆڭۈل ئادەم ئىدى. مېنىڭ ئۇنىڭدىن قانچىلىك كۆپ نەرسىنى ئۆگىنىۋالغانلىقىمنى بىلمەيسىز. ئۇ چاغدا سىز تېخى كىچىك قىز ئىدىڭىز، سىزنىڭ بۇنداق چىرايلىق چوڭ بولىدىغانلىقىڭىزنى مەن نەدىن بىلەي!

ئاشخانىدىكى ئايسۇن بۇ گەپلەرگە پىخىلداپ كۈلۈۋاتاتتى. سۇ قايناۋاتاتتى. ئايسۇن چەينەككە تېز تەمى چىقىدىغان خالتىلىق چاينى سېلىپ چاي دەملىدى. ئۇ يېزىغا مانا مۇشۇنداق چايدىن ئەكەتمەكچى بولغانىدى، كەچتە چاي ئىچكۈسى كەلسە تاھىسىن كاماندىروپكىغا چىققاندا ئىشلىتىدىغان توك چەينەكنى ئىشلەتسە، چاينى بەش مىنۇتتا دەملىگىلى بولىدىكەن. دېرىزە ئالدىدىكى كىچىك ئۈستەلگە تاھىسىن داستىخاننى سېلىپ تەييار قىلىپ بولغانىدى. خېلى يىللاردىن بۇيان تاھىسىن ئۆزى يالغۇز تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلگەچكە، بۇنچىلىك ئۆي ئىشلىرى ئۇنىڭ ئۈچۈن ھېچ گەپ ئەمەس ئىدى. ھازىر ھاۋا خېلى سوۋۇپ قالغاچقا، بالكوندىكى كىچىك ئۈستەلنى ئۇلار ئۆيگە ئەكىرىپ، دېرىزە ئالدىغا قويۇپ، تاماق يەيدىغان قىلىۋالغانىدى. تۇخۇم پوشكىلىنىڭ مەززىلىك پۇرىقى ئۆينى بىر ئالدى. پوشكال پىشقۇچە داستىخان ئۈستىدە باشقا نەرسىلەر تەييار بولدى. چۈشتىن كېيىنكى ھېلىقى كۆڭۈلسىزلىكنىڭ تەسىرى يوقالغان، ئۇلار شادلىق ئىچىدە ناشتا قىلىۋاتقاندا، دېڭىز يۈزىدە تاڭ شەپىقى كۆرۈندى.

تاھىسىن يەكشەنبە كۈنىلا ئاندىن بەلگىن خانىم بەرگەن ھۆججەتلەرنى ئېسىگە ئالدى ـ دە، دەرھال سومكىسىدىن ئۇلارنى چىقاردى. ئۇلار قول قويۇشقا تېگىشلىك ھۆججەتلەر ۋە

سـۇغۇرتـغـا يوللانمـاقچى بولـغان ئـىلـتـىماسـلار ئىدى. زاۋۇتنـى ئـىككى ئىسمىـنىلـىق قىلـىش ئۈچۈن بىر تۈركۈم ئىشچىلار قوبۇل قىلىنغان، شۇڭا ئۇلارغا سۇغۇرتا رەسمىيەتلـىرىنى بىجىرىش كېرەك ئىدى. ئون ئىككى يېڭى ئىشچىنىڭ قوبۇل قىلـىنىشى يېڭى چىقىمنىڭ پەيدا بولغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. كىيىم - كېچەك زاۋۇتى ماللارنى قولدىن چىقىرىش ئۈچۈن شۇنداق قىلمىسا بولمايتتى. ئۇلار ئىشلەپ چىققان خۇرۇم كىيىملەرنى بىر چوڭ كىيىم - كېچەك سودىگىرى پۈتۈنلەي سېتىۋالغان بولۇپ، باشقا سودىگەرلەرگە داۋاملىق ئالاقىلىشىپ پۇرسەت كۈتۈشتىن باشقا ئامال قالمىغانىدى. ئۇلار يەنە ئەزىزنىڭ ئاپىسىنىڭ ماگىزىنى ئۈچۈن كىيىملەرنى تەخ قىلىشى لازىم. لايىھەلەشكە مەسئۇل يىگىت ھەممىنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشكەنىدى، ئۇ خېلى بىلىملىك، ئىقتىدارلىق، ئەدەپلىك بالا بولۇپ، باشقىلار بىلەن ناھايىتى تېزلا چىقىشىپ، گويا كونا تونۇشلاردەك كۆڭلىدىكىنى دېيەلەيدىغان بولۇپ كەتكەنىدى. تەشۋىقات ئېلىپ بارغان كۈنى، ئۇ نۇرغۇن نەرسىلەرنى خاتىرە دەپتىرىگە يېزىۋالغان بولۇپ، كىيىم لايىھەسىنى سىزىدىغان سەۋدا خانىم بىلەن تونۇشۇپ پاراڭلاشقانىدى. ئۇ باشقا خىزمەتلەرنى قىلغاندىمۇ سەۋدا خانىم بىلەن ئوبدان ھەمكارلىشىدىغان بولسا، ئۇلار ئوبدان چىقىشىپ كېتەتتى.
تاھىسىن سۇغۇرتا ئىلتىماسلىرىنى بىر - بىرلەپ ۋاراقلاپ قول قويۇشقا باشلىدى. ئۇ قول قويۇۋاتقان ئىلتىماسلارنىڭ ئىچىدىكى بىر بالىنىڭ ئىسىم - فامىلىسى ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ئۇ «جافەر سەفەر ئوغلى» دېگەن ئىسىم ئىدى، ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمى ئوسمان سەفەر ئوغلى ئىدى. ئايسۇننىڭ دادىسىنىڭ فامىلىسى «سەفەر ئوغلى» ئىدى. تاھىسىننىڭ يۈرىكى تىنىمسىز تۈلپارنىڭ تۇيىقىدەك بىردىنلا گۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى. ئايسۇن دادىسى بىلەن يېزىغا كەلگەندە كىملىك بېجىرمىگەنىدى. جامال تاغا بىلەن ھەجەر ئانىنىڭ پەرزەنتى بولمىغاچقا، ئايسۇننىڭ

دادىسى ئوسمان بىلەن سۆزلىشىپ، ئايسۇننىڭ نوپۇسىنى ئۆزلىرىنىڭ نوپۇس دەپتىرىگە ئورۇنلاشتۇرغان، ئوسمان ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن جامال مۇئەللىم ئايسۇن كەلگۈسىدە ئۆزىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى ئىزدەپ قالسا ياردىمى بولۇپ قالار دېگەن ئۈمىدتە، ئوسمانغا ئائىت بارلىق ماتېرىياللارنى بىر ماتېرىيال خالتىسىغا سېلىپ ساقلاپ قويغانىدى. تاھسىن ئايسۇن بىلەن توي قىلغاندا ھەجەر ئانا بۇ ماتېرىياللارنى تاھسىنغا بەردى. تاھسىننىڭ بۇ ماتېرىياللارنى كۆرۈپ باققۇسى كەلدى. ئەمما، ئايالىنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويماسلىقى كېرەك ئىدى. ئايسۇن شۇ تاپتا پۈتۈن زېھنى بىلەن تېلېۋىزوردىكى قايناق ھېسسىياتقا تولغان فىلىمنى كۆرۈۋاتاتتى. «بۇ دەل پۇرسىتى» دەپ ئويلىدى تاھسىن ۋە ئۇ ماتېرىياللارنى چىقاردى.

— ۋاي !

بەكلا ھاياجانلىنىپ كەتكەن تاھسىن ئىختىيارسىز ۋارقىراپ تاشلىدى. ئايسۇن دەرھال بېشىنى بۇراپ، ھەيرانلىق بىلەن سورىدى:

— نېمە بولدى؟ بىرەر ئىش بولدىمۇ؟

تاھسىن دەرھال ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى ـ دە، دەرھاللا گەپ ياسىدى:

— بەزى ھۆججەتلەرنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىپتۇ، ئۇلارنى ئۆزگەرتىش كېرەك ئىكەن، ھېلىمۇ ياخشى مەن بايقاپ قالدىم.

— مۇھىممىدى؟

— بەكمۇ مۇھىم ئەمەس، ئۆزگەرتىۋالغىلى بولىدۇ.

ئايسۇن يەنە ئالدىغا قاراپ كىنوسىنى كۆرىۋەردى. تاھسىن ئۆزى تاپماقچى بولغان نەرسىنى تاپقانىدى. فامىلىسى، دادىسىنىڭ ئىسمى، تىزىمغا ئېلىنغان ئۆلكە، ناھىيە، بارلىق نەرسىلەر توپتوغرا چىققانىدى. ئەتە ئەتىگەندە بىرىنچى بولۇپ ئۇ ئىشچى بالىنى تېپىپ، ئۇنىڭ ئائىلىسىگە ئائىت بارلىق ئەھۋاللارنى سوراش كېرەك. تاھسىننىڭ پەرىزى توغرا چىقىدىغان بولسا، بۇ

بالا ئايسۇننىڭ ئىنىسى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ ئانكىتتىكى سۈرەتكە قارىدى، ئۇنىڭدىكى بالا ئايسۇنغا قىلچە ئوخشىمايتتى. ئەمما، ئايسۇنمۇ دادىسىغا ئوخشىمايتتى. بايا ئۇيقۇسى كېلىپ، ھۆججەتلەرگە ئەسنەپ تۇرۇپ قول قويغان تاھىسىننىڭ ئەمدى ئۇيقۇسى پۈتۈنلەي قاچقانىدى. «بۈگۈن ئۇخلىمىقىم تەس ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى تاھىسىن. ئۇ باشقا ھۆججەتلەرگە ئالدىراپلا قول قويۇپ چىقتى ـ دە، ئۇلارنى قاتلاپ سومكىغا سېلىپ ئورنىدىن تۇردى، ئۇ ئۇزۇنغىچە ئۆزىنى باسالماي قالدى. بۇ ئىشنى ئايسۇنغا دەپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنىمۇ خۇشال قىلىش كېرەكمۇ؟ بۇنداق قىلسىمۇ بولمايتتى، چۈنكى بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى بىر خىل تاسادىپىي توغرا كېلىپ قېلىش بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما، قانداقتۇر بىر ئاۋاز تاھىسىنغا، سەن توغرا پاكىتنى تاپتىڭ، دەۋاتقاندەك بىلىنىۋاتاتتى.

تاھىسىن زاۋۇتقا ئەتىگەندىلا باردى ۋە قول قويۇپ بولغان ھۆججەتلەرنى بەلگىن خانىمغا تاپشۇرۇپ بەردى، بەلگىن خانىمنىڭ بۇ ھۆججەتلەرنى كۆتۈپ، تاقىتى تاق بولغانىدى.

— تاھىسىن ئەپەندى، ئىشچىلارنىڭ ماتېرىياللىرىنى تولۇق يىغىپ بولدۇم، ئەمدى سىز قول قويسىڭىزلا بولىدۇ. مەن دەرھال بېرىپ بېجىرىمەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن ئىشقا كىرگەنلەر بار، بۇ ئۇلارنىڭ سۇغۇرتا كىنىشكىسىنى تۇنجى قېتىم بېجىرىشى.

— بەلگىن خانىم، بۇ يېڭى ئىشچىلارنىڭ ئىچىدە جافەر سەفەر ئوغلى ئىسىملىك بىرسى بار ئىكەن، ئۇ كەلگەندىن كېيىن مېنى ئىزدىسۇن.

— بىرەر مەسىلە بارمىكەن، ئەپەندى؟

— ياق، ياق، مەن ئۇنىڭدىن بەزى شەخسىي مەسىلىلەرنى سورىماقچى.

جافەر چۈشتىن كېيىن كەلدى، چۈنكى ئۇ ئىككىنچى ئىسمېنىدا ئىشلەيدىكەن. ئۇ ھەربىي سەپتىن تېخى يېقىندىلا

قايتىپ كەلگەن بولۇپ، تەلىيىگە ئۇ بۇ خىزمەتكە تېزلا ئېرىشكەنىدى. غوجايىنىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغانلىقى ئۇنىڭغا تازا خۇشياقمىغاندەك قىلاتتى. جافەر ئوتتۇرا بوي، جۇدەڭگۈ، قارىمۇتۇق يىگىت ئىدى، ئىشىكتىن كىرىپلا بېشىنى ئېگىپ، جىملا تۇردى. تاھىسن ئۇنىڭغا قاراپ دەماللىققا نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى.

— جافەر، قېنى ئولتۇرغىن. مەن سەندىن بەزى ئىشلارنى سورىماقچىدىم.

جافەردىكى جىددىيلىك يوقالمىغاچقا، ئۇ ئولتۇرمىدى. تاھىسن ئۇنىڭدىكى جىددىيلىكنى يوقىتىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇپ ياندا تۇرغان ئورۇندۇقنى ئۇنىڭ يېنىغا سۈرۈپ قويدى:

— بۇ يەردە ئولتۇرغىن جافەر، جىددىيلەشمە، مەن سورايدىغان ئىشلار خىزمىتىڭ بىلەن مۇناسىۋەتسىز، مەن سەندىن بەزىبىر شەخسىي ئىشلارنى سورۇشتۇرمەكچى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ جافەر تېخىمۇ بىئارام بولدى، يۈرىكىمۇ گۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى.

— جافەر، سېنىڭ داداڭنىڭ ئىسمى ئوسمان سەفەر ئوغلىمۇ؟

جافەر بىردەم جىمىپ كەتكەندىن كېيىن جاۋاب بەردى:

— شۇنداق، ئەپەندى.

— ئۇ ھازىر يۇرتۇڭدىمۇ؟ نېمە قىلىدۇ؟

جافەر تېخىمۇ ئەنسىزچىلىككە چۆمۈپ، ئۆزىمۇ تەرلەپ كەتتى.

— دادام مەن كىچىك ۋاقتىمدا تۈگەپ كەتكەن. ئۇ ئىشلارنى مەن پەقەتلا بىلمەيمەن.

— ئۇنداقتا، داداڭنىڭ سۈرىتى بارمۇ؟

بۇ گەپلەر جافەرنى قايمۇقتۇرۇپ قويغانىدى. ئۇنىڭ قاراشلىرىدىن ھەيران بولغۇاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى:

— مەندە يوق، ئەمما مەن ئاپامدىن سوراپ باقسام بولىدۇ،

بەلكىم ئۇنىڭدا بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، كەچۈرۈڭ ئەپەندى، مېنىڭ بۇرۇنلا تۇگەپ كەتكەن دادامنىڭ سىز بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بارلىقىنى زادىلا بىلەلمىدىم.

— توغرا دېدىڭ جافەر، ئۇچۇق گەپنى دېسەم، مەن بىر قېرىندىشىمنىڭ دادىسىنى ئىزدەۋاتاتتىم. سەن توشتۇرغان سوغۇرتا ئانكېتىدىكى فامىلەڭ مېنى قىزىقتۇرۇپ قويدى. چۈنكى، سېنىڭ فامىلەڭ، داداڭنىڭ ئىسمىمۇ مەن ئىزدەيدىغان ئادەمنىڭكى بىلەن ئوخشاش ئىكەن. شۇڭا سەندىن سوراپ باقاي دېگەنىدىم. بىز ئىزدەۋاتقان ئادەم بەلكىم سېنىڭ داداڭ بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئەگەر سەندە داداڭنىڭ سۈرىتى بولغان بولسا، بۇنى بىز ئاسانلا ئايدىڭلاشتۇرغان بولاتتۇق.

— سىز ماڭا داداڭ تېخى هايات دېمەكچىمۇ؟

— هاياجانلانما، مەن مۇنداق دېگىنىم يوق. مەن هازىر ئىزدەۋاتىمەن. ئىسىملىرى ئوخشاش بولغاچقا، مەن ئاراڭلاردا بىر خىل مۇناسىۋەت بارمىكىن دەۋاتىمەن. سەن ئامال قىلىپ داداڭنىڭ سۈرىتىنى تېپىپ بەرگىن. سېنىڭ تاغىلىرىڭ بارمۇ؟ ئۇلاردىن داداڭنىڭ سۈرىتىنى تاپالىشىڭ مۇمكىن.

— دادام تۇگەپ كەتكەندىن كېيىن ئاپامنى كىچىك دادامغا ياتلىق قىلغانىكەن. مېنىڭ تۆت ئىنىم بار. بىزنى كىچىك دادام بېقىپ چوڭ قىلغان. هەدەم يېزىدا، ياتلىق بولدى. ئۈچ ئىنىم مەكتەپتە ئوقۇيدۇ. يەنە بىرسى ئاپتوموبىل كوزۇپى رېمونتخانىسىدا ئىشلەيدۇ.

— دېگىنىڭ توغرا، يېزىدا تۇل قالغان ئاياللارنى ئۆيدىن چىقارماسلىق ئۈچۈن ئۆيدىكى باشقا بويتاق يىگىتلەرگە ياتلىق قىلىدىغان ئىش بار. سىلەرنىڭ ئۆيدىمۇ شۇنداق قىلغانىكەن. ئەمدى گېپىمىزگە كەلسەك، ئەتە ئەگەر سۈرەتنى تاپالىساڭ، ئەتىگەندە قىلىدىغان بىرىنچى ئىشىڭ ئۇنى ماڭا ئەكىرىپ بېرىش بولسۇن.

— خوپ ئەپەندى، كەچتە مەن ئاپامدىن سوراپ باقاي، سۈرەت

بولۇپ قالسا ئەتە ئەتىگەندە ئەكېلىمەن.

ئەتىسى ئەتىگەندە تاھىسىن ئىشقا كەلگەندە، جافەرنىڭ كىچىك دادىسى ئۇنى ساقلاۋاتاتتى. ئۇ ئادەم ئەتىگەندىلا كېلىپ، بىر چەتتە تاھىسىننى ساقلاپ تۇرغانىكەن. تاھىسىن ئىشخانىسىغا كىرىپ، ئۇ ئادەمنى چاقىرىپ كىردى.

— كېلىڭ، شەھمۇس ئەپەندى، ئاڭلىسام سىز جافەرنىڭ كىچىك دادىسى ئىكەنسىز، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق ئەپەندى، ئەمما ئۇلار مېنى ئۆزلىرىنىڭ دادىسى دەپ بىلىدۇ. ئاخشام جافەر ھەممە گەپنى دەپ بەردى. ئەجەبا ئاكام تېخى ھاياتمىدۇ؟

— ياق، ئۇنداق ئىش ئەمەس. مەن ئۇنىڭغا بىر پارچە سۈرەتنى تېپىپ كەل دېگەنىدىم. تاپالىدىمۇ؟

تاھىسىن ئۇ ئادەمنىڭ كۆزلىرىدىنمۇ جافەرنىڭكىگە ئوخشاش ئەنسىزچىلىك چىقىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى، بۇ ئادەمگە ئۇلار بىرەر ئىشنى يوشۇرۇۋاتقاندەك تۇيۇلۇۋاتاتتى. تاھىسىن بۇ ئادەمنى تىنچلاندۇرغاندىن كېيىنلا ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكىلى بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى:

— ماڭا قاراڭ، شەھمۇس ئەپەندى، مېنىڭ سىلەر بىلەن ھېچقانداق ئاداۋىتىم يوق، قورقماڭ، مەن سىلەرگە قىلچە زىيانكەشلىك قىلمايمەن. مەن پەقەت بىر قېرىندىشىمنىڭ دادىسىنى ئىزدەۋاتاتتىم. سىز بىلىدىغانلىرىڭىزنى دەپ بېرىڭ، بەلكىم بۇ ئىش ھەممىمىزگە پايدىلىق بولۇپ قالار.

— ئەپەندى، سىز قاراشقىلا ئوبدان ئادەمدەك كۆرۈنىسىز. بىز ھەممىمىز قارا قورساق ئادەملەر، ئەمما ھەممىمىز ھالال ئەمگىكىمىز بىلەن جان بېقىۋاتىمىز، ئاكامنىڭ قىلغان ئىشلىرىغا پەقەتلا ئارىلاشمىغان.

— ئوسمان سىزنىڭ ئاكىڭىزمۇ؟ ئۇ بۇرۇن نېمە ئىش قىلاتتى؟

ئۇ ئادەمنىڭ چىرايى بىردىنلا قىزىرىپ، پېشانىسىدىن تەر

چىقىپ كەتتى.

— مەن سىزگە دېدىمغۇ، ئارىمىزدىكى پاراڭنى باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. مەنمۇ سىزنى سوراق قىلىۋاتقىنىم يوق، ئۆزىڭىزنى ئەركىن قويۇۋېتىڭ.

ئۇ ئادەم پېشانىسىدىكى تەرلەرنى قولى بىلەنلا سۈرتۈۋەتتى ـ دە، قەددىنى سەل ـ پەل رۇسلاپ، گېپىنى باشلىدى:

— ئاكام ئادەملەرنى دۆلەت چېگراسىدىن ئوغرىلىقچە ئۆتكۈزۈپ قويىدىغان ئىشلارنى قىلاتتى، ئەتكەسچىلىك بىلەن شۇغۇللىناتتى، چۈنكى ئۇ چېگرادىكى مىنا كۆمۈلگەن يەرلەرنى بەش قولدەك بىلەتتى. دادامنىڭ ئۇنى بۇنداق ئىشلاردىن توسۇش ئۈچۈن قىلمىغىنى قالمىغان، ئەمما ئۇنىڭ دېھقانچىلىق قىلغۇسى كەلمەيتتى. ئۇ دائىم: «مەن كۆپ پۇل تېپىپ بۇ يەردىن كېتىمەن» دەيتتى. بىر كۈنى ئۇ تۇيۇقسىزلا يوقاپ كەتتى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ پەقەتلا دېرىكى بولمىدى. ئۇنىڭ ئايالى بىلەن ئۈچ بالىسى باشپاناھسىز قالدى، ئۇنى ئىككى يىل ئىزدىدى، كېيىن ئۇنى چېگرادىن ئۇ تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ، دېيىشتى. مەن ئۇ چاغدا ئەمدىلا ھەربىي سەپتىن قايتىپ كەلگەنىدىم، دادامنىڭ گېپىنى يىرالماي، ئۆزۈمدىن بەش ياش چوڭ يەڭگەم بىلەن توي قىلىپ، ئۈچ بالىلىق بولدۇم. بىز ئالتە بالىنى قاتارغا قوشۇش ئۈچۈن كېچە ـ كۈندۈز دېمەي ئىشلىدۇق. بىزنىڭ بۇ يەرگە كەلگىنىمىزگە بەش يىل بولدى. ئايالىم خەقلەرنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۆي ئىشلىرىنى قىلىدۇ، تاپاۋىتى يامان ئەمەس. ئۇ ئەمگەكچان، تىنىم تاپماس، دىتى بار ئايال، پۇل تېپىشنىمۇ بىلىدۇ. مەن بىر دورا زاۋۇتىنىڭ دەرۋازىسىغا قارايمەن. بالىلارنىڭ بەزىلىرى ئوقۇۋاتىدۇ، بەزىلىرى ئىشلەۋاتىدۇ. ئۇلارمۇ ئۆزلىرىگە تۇشلۇق پۇل تېپىۋاتىدۇ. ئاكامنىڭ قىزى يېزىدا ياتلىق بولدى. جافەرنىڭ ھەربىي سەپتىن قايتىپ كەلگىنىگە ئۇزاق بولمىدى، ئۇ تەربىيە كۆرگەن، ئەمگەكچان بالا، ئۇ دادىسىغا پەقەتلا ئوخشىمايدۇ، مەن بىلەن

بىرەر قېتىممۇ قىزىرىشىپ باقمىغان. بۇ يەردىكى خىزمەتنى جافەرگە بىزنىڭ قوشنىمىز جەلال تېپىپ بەرگەن. ئۇ سىلەرنىڭ مېلىڭلارنى توشۇيدۇ، ئۇنىڭ دادىسى قاتتىق ئاغرىق، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى.

ئۇ ئادەم بارغانچە ھاياجانلىنىپ سۆزلەۋاتاتتى، نەپەسلىرىمۇ تېزلىشىپ كەتتى. ئۇ يانچۇقىدىن رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن بىر پارچە سۈرەتنى چىقاردى:

— بىز ئارانلا مۇشۇ سۈرەتنى تاپالىدۇق، بۇ سۈرەتنى ئاكام ئەسكەر بولغان چاغدا دادامغا ئەۋەتكەنىكەن. بۇنى جافەر دادامنىڭ يېنىدىن تېپىپ كەلگەنىدى. تۈنۈگۈن ئۇ بۇ ئىشنى خىجىل بولۇپ سىزگە دېمەپتۇ.

تاھسىن سۈرەتنى ھاياجان ئىچىدە قولىغا ئالدى، ئەمما ئۇ بۇ سۈرەتنى كۆرۈشتىن قورقۇپمۇ تۇرۇۋاتاتتى. سۈرەتنىڭ رەڭگى ئۆڭۈپ، ئەتراپى پۇچۇلۇپ كەتكەنىدى. ئايسۇننىڭ دادىسىنىڭ قىياپىتىنى ئۇ تازا دېگەندەك ئەسكە ئالالمايتتى. ئەمما، بۇ سۈرەتتىكى ئادەم ئايسۇننىڭ دادىسى ئەمەس ئىدى. بۇرۇن تاھسىندا ئايسۇننىڭ دادىسىغا دائىر ئۇچۇرلارنى تېپىشقا بولغان ئىشەنچ ناھايىتى زور ئىدى.

— بىز ئىزدەۋاتقان ئادەم بۇ ئەمەس. ئەمما، بۇ سۈرەت بۈگۈن مەندە قالسۇن، مەن ئۇنى بىرسىگە كۆرسىتىپ باقاي. ئەتە ئەتىگەندە سۈرەتنى جافەرگە بېرىمەن.

— ۋاي ئەپەندى، ئۇنىمۇ دېيىش كېرەكمىدۇ؟ قانچىلىك ۋاقىت تۇرسا تۇرىۋەرسۇن.

— سىز ئاكىڭىز ئوسماننىڭ يوقاپ كەتكەن ئېنىق ۋاقتىنى دەپ بېرەلەمسىز؟

— ئەلۋەتتە، ئۇ ئون يەتتە يىلنىڭ ئالدىدىكى ئىش تۇرسا.

— بىلدىم. ئۇ قايسى پەسىل ئىدى؟ يازمۇ ياكى قىشمۇ؟ ئېسىڭىزدە بارمۇ؟

— يازنىڭ ئوتتۇرىسى ئىدى، ناھايىتى ئېنىق ئېسىمدە

تۇرۇپتۇ. ئۇ يىلى قۇرغاقچىلىق بولغان، ئۈزۈم تازا دېگەندەك ئوخشىمىغان. مەن شۇ چاغدا ئەسكەرلىككە ماڭغان.

تاھسىن ئەمدى ئۇ ئىشنى ئاساسەن قىياس قىلىپ بولغانىدى. ۋاقتىمۇ دەل توغرا كېلەتتى. ھەقىقىي ئوسمان سەفەر ئوغلى، يەنى بۇ ئادەمنىڭ ئاكىسى ئون يەتتە يىل بۇرۇن نېمە ئىش ئۈچۈندۇر ئۆلۈپ كەتكەن، ئۇ ئادەمنىڭ سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى ئايسۇننىڭ دادىسىنىڭ قولىغا چۈشكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ گۇۋاھنامىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالغان. ئۇنداقتا، ئايسۇننىڭ دادىسى زادى كىمدۇ؟ نېمىشقا ئۇ ئۆز سالاھىيىتىنى باشقىلارنىڭ كىملىكى بىلەن يوشۇرىدۇ؟ ناھايىتى ئېنىقكى، ئۇ مەلۇم ئادەمدىن ياكى مەلۇم ئىشتىن ئۆزىنى قاچۇرماقچى بولغان ياكى بولمىسا ئۇ بىر قاچقۇن جىنايەتچى.

ئۇ ئادەم ئورنىدىن تۇردى:

— باشقا ئىش بولمىسا ئەپەندى، مەن ئىشقا باراي، ئەمدى ئولتۇرسام كېچىكىپ قالىمەن.

— بولىدۇ، بولىدۇ، شەھمۇس ئەپەندى، سىزنىڭ شۇنچە يولنى بېسىپ ئالاھىدە كەلگەنلىكىڭىزگە تەشەككۇر. بۇ بەلكىم ئىسمى ئوخشاش بولۇپ قالغان ئىش بولسا كېرەك. سىزگە مالال كەلتۈرۈپ ئىشقا كېچىكتۈرۈپ قويدۇم. ھە راست، مەن سىزدىن يەنە بىر ئىشنى سوراپ باقاي، ئاشۇ چاغدا يېزىدا يەنە يوقاپ كەتكەنلەر بولغانمىدى؟ ياكى چېگرادىن ئوغرىلىقچە ئۆتكەندە ئېتىلىپ ئۆلگەنلەر ياكى چېگرادىكى مىناغا دەسسىۋېلىپ ئۆلگەنلەر بولغانمۇ؟ سىز شۇنداق ئىش بولغان ـ بولمىغانلىقىنى ئەسلىيەلەمسىز؟

ئۇ ئادەم بىردەم ئويلاپ تۇرۇپ قالدى، ئاندىن بىر ئىش ئېسىگە كەلگەندەك بولدى ـ دە:

— مەن خاتا ئەسلىمىگەن بولسام ئەپەندى، بىزدە خېلىل بېگىم دەيدىغان بىرسى بولىدىغان، ئۇنىڭ كەنجى ئوغلى چېگرادىن ئۆتۈۋاتقاندا مىناغا دەسسىۋېلىپ پارتلاپ كەتكەن، —

دېدى.

— ئۇنىڭ جەسىتىنى تاپالىدىمۇ؟

— تاپتى، ئاتا ـ ئانىسى تونۇپتۇ، ساقچىخانىغا بېرىپ ئەكەلگەن. خېلىل بېگىم بۇ ئوغلىنى چەت ئەلگە ئوقۇشقا چىقارغانىدى. ئۇ بالا قايتىپ كەلگەندە بىر چەت ئەللىك قىزنى باشلاپ كەپتۇ. تازا ئېسىمدە قالماپتۇ، مەن بايا دېدىمغۇ، مەن ئەسكەرلىككە كەتكەن دەپ، بۇ ئىشلارنى مەن دەم ئېلىشقا كەلگەندە ئاڭلىغان. كېيىن ئۇ قىزمۇ ئۆلۈپ كېتىپتۇ. باشقا ئىشلاردىن مېنىڭ تازا خەۋىرىم يوق. ئەمەلىيەتتە مېنىڭ ئايالىم ئوبدان بىلىدۇ، ئەگەر سىزگە لازىم بولسا ئۇنىڭدىن سورايلى.

— بولىدۇ. رەھمەت سىزگە شەھمۇس ئەپەندى، سىزگە يەنە بىر قېتىم تەشەككۇر، خەير ـ خوش.

— ھە... ئەپەندى، بۇ ئىشلار بالىنىڭ خىزمىتىگە بىرەر دەخلىسى بولماس؟

— بۇ ئىشتىن خاتىرجەم بولۇڭ. مېنىڭ سىلەر بىلەن ھېچقانداق ئاداۋىتىم بولمىسا، مەن پەقەت ئۆزۈم ئىزدەۋاتقان ئادەم شۇمىدۇ دېگەننى بىلمەكچى.

ئۇ ئادەم چىقىپ كەتتى. تاھسىن قولىدىكى سۈرەتكە بىرپەس قاراپ تۇردى. ئۇ ئەسلىدە ھەممە ئىشلار ئوچۇقشۇق بولىدىغان بولدى، دەپ ئويلىغانىدى. ئەمدى ھەممىسى يوققا چىقتى. «يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ بىر ياخشى ئىش بولدى» دەپ ئويلىدى ئۇ. چۈنكى، ئۇ ئايالىنىڭ چىگرادىكى بىر ئەتكەسچىنىڭ قىزى بولۇپ قېلىشىنى خالىمايتتى. تاھسىنىنىڭ ئەسلىشىچە، ئوسمان ئوقۇغان، بىلىملىك، ھەممە ئىشتىن خەۋىرى بار ئادەمدەك ئىدى. شۇنداق بىر ئادەم نېمىشقا ئاشۇنداق بىر سالاھىيەتتىكى ئادەم بىلەن ئۆزىنى نىقابلىۋالىدۇ؟ ئۇ ئادەم يا ئىنىسى بولمىسا، سۈرەتتىكى ئادەم ئايسۇنىنىڭ دادىسى بولمىسىمۇ، ئەمما تاھسىن ئۆزىنىڭ ئىزدەشتىكى تۇتقان يولىنى توغرا دەپ بىلەتتى. ئۇ كەچتە بۇ ئىشلارنى ئايسۇنغا سۆزلەپ

بەرمەكچى ھەمدە ئايسۇندىن دادىسىغا دائىر ئىشلارنى سورىماقچى بولدى. بۇ خىياللارنى قىلىپ بىردىنلا تاھىسىغا كۈچ كىرگەندەك جانلىنىپ كەتتى ـ دە، ئىختىيارسىز ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەپ كەتتى: «ئەمدى ھۆججەتكە يېزىلغان ئۆلكىدىن باشلاپ تەكشۈرەي، بولۇپمۇ ئاشۇ كۈنلەردە ئۆلۈپ كەتكەن ئادەملەرنىڭ ئىسىم ـ دېرىكىنى تاپاي. ئاشۇ بوۋاينىڭ چەت ئەلدە ئوقۇيدىغان ئوغلى راستلا ئۆلۈپ كەتكەنمىدۇ؟ بەلكىم ئاشۇ بىگىم ئوغلىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن قۇرغان بىر يوشۇرۇن پىلانمىدۇ؟ بۇنداق ئېھتىماللىقنى ھەرگىزمۇ يوق دېگىلى بولمايدۇ. ئۆچ ئېلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇشنىڭ بىردىنبىر يولى ـــ ئۆلۈم. ئوسمان ياكى باشقا بىرەيلەن، ئۇمۇ مانا مۇشۇنداق يولنى تاللىغان. ھازىر جاھاندا ھەرقانداق ئىشنىڭ بولۇشى مۇمكىن. مەن ھامان بۇ ئىشنى ئېنىقلاپ چىقىمەن. ئايسۇن، سىز زادى كىمنىڭ قىزى، مەن بىر كۆرۈپ باقاي.»

# يەتتىنچى باب

تاھسىن بىلەن ئايسۇن يوق چاغدا، نازمىيە بىلەن مەلىھا بەكلا ئاپاق ـ چاپاق بولۇپ كېتىشتى، ئۇلارنى ئىچقويۇن ـ تاشقويۇن بولۇپ كەتتى دېيىشكىمۇ بولاتتى. نازمىيە ئۆلۈپ كەتكەن ئېرىنىڭ مال ـ دۇنياسىنى ئىزدەپ تاپالمىغاندىن كېيىن، پۈتۈن نىيىتى بىلەن مەلىھاغا چاپلاشتى، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئىككىنچى «ئالتۇن كانى» قىلماقچى بولدى. تاھسىن ئۆيدە بولمىغاچقا، نازمىيە بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ھەر كۈنى دېگۈدەك ھەر خىل باھانە ـ سەۋەبلەرنى تېپىپ قورۇقىدا كېلەتتى. چوڭ خانىم مەلىھاغا بۇ خوتۇندىن ھەزەر ئەيلە، دەپ تولا گەپ قىلىپ ھاردى بولغاي، ئەمدى ئانچە كارى بولمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ: «مەن دەيدىغاننى دېدىم، گەپ ئاڭلىمىسا ئۆزىنىڭ شورى» دېدى. چوڭ خانىمنىڭ بۇنداق كارى بولماسلىقى نازمىيەگە ئۆچ ئېلىشنىڭ ئوبدان پۇرسىتىنى يارىتىپ بەردى. ئۆز ۋاقتىدا ئۇ ئوسماننى ئۇندەككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئاز جاپا تارتتىمۇ؟ ئۇ ئوسماننىڭ يۈرگەن ـ تۇرغىنىنى كۆزىتەتتى، ئوسماننىڭ ئالدىدا تۇيۇقسىزلا پەيدا بولۇپ، ئۇنى ئۆزىگە جەلپ قىلىش ئۈچۈن ھەر خىل نەيرەڭلەرنى ئىشقا سالغانىدى. ئەمما، ئۇنىڭ نەيرەڭلىرى بىرەر قېتىممۇ ئەمەلگە ئاشمىدى. ئاخىر بىر كۈنى... ھەر قېتىم ئاشۇ كۈننى ئەسلىگىنىدە نازمىيەنى سوغۇق تەر باساتتى. ئۇ كۈنى ئوسمان ئادەتتىكىدەك ئۈزۈمزارغا بارغان، گۈگۈم چۈشكەندە ئۇ ئالدىراش ئۆي تەرەپكە كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ پېيىدا يۈرگەن نازمىيە ئۈزۈم باراڭلىرى ئارىسىدىن ئۆتۈپ، تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى:

— ئوسمان ئەپەندى، نېمىگە شۇنچە ئالدىراش ماڭغانىدىڭىز؟ كۆڭلىڭىزنى ئازراق ئېچىۋالامسىز؟ بىردەم پاراڭلىشايلىچۇ، مېنىڭ سىزگە دەيدىغان نۇرغۇن گەپلىرىم بار ئىدى.

ئوسمان بۇنداق بىمەھەل چاغدا ئالدىدا پەيدا بولغان بۇ ئايالغا بەكلا ئۆچلۈكى كەلدى. ئۇ نازمىيەگە نۇرغۇن قېتىم، مەن بۇنداق ئىشلارغا قىزىقمايمەن، دېگەنىدى. لېكىن، بۇ تولىمۇ بۇدۇشقاق خوتۇن ئىدى. ئۇ توغرىسىدا كەنتتە نۇرغۇن پاراڭلار تارقىلىپ، ئۇنى قېرى ئېرى بىلەن پەقەتلا چاتىقى يوق، كەچكىچە كەنتتىكى ياش يىگىتلەرگە قاش ئېتىپ يۈرىدۇ، دېيىشەتتى.

— سىزگە دەيدىغان گېپىم يوق، سىز دېگەن ئېرى بار، ئائىلىسى بار ئايال تۇرۇپ، مۇشۇ قىلغانلىرىڭىزدىن خىجىل بولمامسىز؟ سىز ئېرىڭىزنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىدىن قورقمامسىز؟

— پەقەت رازىلىق بەرسىڭىزلا، ئېرىمنىڭ ئىشىنى ئۆزۈم توغرىلايمەن.

— نېمانداق ئىزانى بىلمەيدىغان خوتۇنسەن، بارە نېرى، ئەمدى ئىككىنچى كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچى بولما!

— مېنىڭ نېرىم كەم ئىكەن؟ مەن ھەجەردىن ئون ھەسسە ئارتۇق.

— ھەجەرنى ئاغزىڭغا ئالغۇچى بولما، ئۇ دېگەن ئابرۇيلۇق، دىيانەتلىك ئايال.

— ھەي... كۈلگۈمنى كەلتۈرمىگىنە، ھەجەرنىڭ بۇگۈن سەن بىلەن يېتىپ، ئەتىسى جامال مۇئەللىم بىلەن ياتىدىغانلىقىنى پۈتۈن كەنتتىكىلەر بىلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئۇنداق ئاچ كۆز بولمىسا، سېنى ماڭا ئۆتۈنۈپ بەرسۇن، بۇ بىر يامان ئىش ئەمەسقۇ؟

بۇ خوتۇن بەكلا ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنىدى، خوتۇن كىشى دېگەن مۇشۇنداقمۇ پەسكەش، مۇشۇنداقمۇ نومۇسسىز بولارمۇ؟ ھەجەر ئوسماننىڭ قىزى ئۇچۇن مۇكەممەل ئانا ئىدى، ئوسمان بىلەن ئاچا ـ ئىنىدەك ئۆتەتتى. شۇنچە يىللاردىن بۇيان ئۇلار

ئارىسىدا بىرەر ئېغىز يىرىك گەپمۇ بولۇنغىنى يوق. شۇنداق ئاچچىقى كەلگەن ئوسمان ئۆزىنىڭ نېمە قىلمۇاتقىنىنىمۇ بىلمەي قالدى، ئۇ ئېتىنى ئۇدۇل نازمىيەگە قارىتىپ دېۋىتتى، ئات ئايالنى دەسسىۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئالدى پۇتلىرىنى كۆتۈرۈپ تىكلەندى، ئوسمان ئاتنى كونترول قىلالماي، ئاتتىن يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالدى.

— ھۇ نومۇسنى بىلمەيدىغان ئىپلاس خوتۇن، مەن ئەتە كەنت باشلىقىغا سېنىڭ بۇ قىلغانلىرىڭنىڭ ھەممىنى ئېيتىمەن، بۇلارنى ئېرىڭ ئاڭلىسا، مۇشۇنداق ھېجىيىپ تۇرالامسەنكىن. سەن بىلەن ئەتە ھېسابلىشىمەن، سېنى بۇ كەنتتىن ھەيدىتىۋېتىمەن.

ئوسمان شۇ گەپلەرنى قىلىپ بولۇپ، ئېتىنى چاپتۇرۇپ كېتىپ قالدى. كەنتتىكىلەر ئوسماننى ئالاھىدە ھۆرمەت قىلاتتى. ئۇنىڭدەك ھۆرمەتكە سازاۋەر بىر ئادەم كەنت باشلىقىغا ئەرز قىلسا، نازمىيە پۈتۈنلەي تۈگىشەتتى. ئەگەر ئېرى ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كەتسە، نازمىيە ھەممە نەرسىدىن قۇرۇق قالاتتى. ئەمدى ئۇ تېزدىن بۇ ئىشقا بىر ئامال قىلمىسا بولمىدى. نەچچە كۈندىن بېرى ئۇ، ئېرى بىلەن ئىش باشقۇرغۇچىنىڭ پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، كەنتتە بىر ياقا يۇرتلۇق پەيدا بولۇپ قالدى، ئۇ بىر ئادەمنى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپتۇ، دېيىشكەنلىكىنى، ئېرىنىڭ «ئۇلار سۈرۈشتۈرگەن ئادەم كەنتىمىزدىكى ياقا يۇرتلۇق باغۋەن ئوسمانغا ئوخشايدىكەن» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدى. نازمىيە دەرھال شۇ ياقا يۇرتلۇقنى تېپىپ، بۇ يەرگە باشلاپ كېلىشنى ئويلىدى، بەلكىم ئۇ ئادەم ئوسماندىن ئۆچ ئالغىلى كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

— ئۇ كەنت باشلىقى ئېرىم بىلەن سۆزلىشىۋەرسۇن. ئوسمان ئەپەندى، كۆرىمىز تېخى، كىم كىمنى كەنتتىن ھەيدىۋېتىدىكىن.

نازمىيە ئۇ ياقا يۇرتلۇقنى ئاسانلا تاپتى ۋە ئۇنىڭغا

ئوسماننىڭ ئۆيىنى كۆرسىتىپ قويدى. ئۈچ كۈندىن كېيىن كىشىلەر قىيالىقنىڭ ئاستىدىن ئوسماننىڭ جەسىتىنى تېپىشتى. ئۇنىڭ بېشى ئېزىۋېتىلگەن، بەدىنىنىڭ بەزى يەرلىرىنى ياۋا هايۋانلار غاجىۋەتكەچكە، تونۇغىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىكى، ئىشتىنىنىڭ يانچۇقىدىن بىر تال قىرىنداش بىلەن قىزىنىڭ سۈرىتى چىققاندى.

چاچلىرىنى چۇۋۇۋەتكەن نازىميە يوغان ئەينەكنىڭ ئالدىدا ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك تۇراتتى. ئۇنىڭ دولقۇنسىمان قاپقارا چاچلىرى يەلكىسىدە يېيىلىپ تۇراتتى، ئېگىلىپ تۇرغان قارا كىرپىكلىرى ئۇنىڭ تەكشى تېرىلغان قاشلىرى بىلەن خويمۇ ماسلاشقان، ئۇنىڭ فىگۇرىسى تولىمۇ چىرايلىق، ئاپپاق يۈزلىرىدە بىرەر تالمۇ قورۇق يوق ئىدى. ئۇ كىشىلەرگە ئۆزىنى ئوتتۇز بىر ياش دەپ قوياتتى، ئەمەلىيەتتە بولسا ئوتتۇز ئالتە ياشقا كىرگەنىدى.

ئۇ ئېغىر خورسىنىپ قويدى: «مەن ئەمدى قېرىشقا باشلاپتىمەن» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. هازىرمۇ ئۇنى قوغلىشىدىغان ئەرلەر كۆپ بولۇپ، توي قىلىش تەلىپى قويۇپ، ئۇنىڭغا يېلىنىپ يۈرۈشەتتى. نازىميە «ماقۇل» دېسىلا، ئۇلار دەرهال ئۆي - ئوچاقلىق بولالايتتى. ئەمما، ئۇنىڭ نەزىرى ئۈستۈن، باشقىچە ئويلىرى بار ئىدى. مەلىهانىڭ تويىدا مەلىهانىڭ دادىسى هۆسام بېگىم بىلەن ئۇنىڭ كۆزلىرى نەچچە قېتىم ئۇچرىشىپ قالغانىدى، ئەمما ئۇ چاغدا نازىميە قېرى ئېرى بىلەن توي قىلىپ بولغان بولغاچقا، بۇ ئىشنىڭ ئاخىرىنى چىقارمىغانىدى. مانا ئەمدى تازا پەيتى كەلگەنىدى. ئۇ مەلىها بىلەن تازا يېقىنلاشتى، مۇناسىۋىتى قويۇقلاشتى، ئەمدى نازىميە مەلىها بىلەن هۆسام بېگىمنى كۆرگىلى ئۇنىڭ كەنتىگە بارسا بولاتتى. ئۇنىڭ كىشىنىڭ كۆڭلىنى لال قىلىدىغان ئويناپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىدىغان

ئەر چىقمايتتى. ئەگەر ھوشام بىگىم ئۆزى بىلەن تويى قىلىدىغانلا بولسا، بۇ جاھاندا ئۇنىڭغا تەڭ كېلىدىغان ئايال بولمايتتى. ھازىر مەلىھا بىگىمنىڭ قىزىمەن، باياۋەچىنىڭ خوتۇنىمەن دەپ، ئۇنى تازا كۆزگە ئىلمايتتى، بۇنىڭغا نازىمىيەنىڭ قورسىقى كۆپەتتى. «مەن دىگەن مەلىھادىن چىرايلىق، ئۇنىڭدىن ئەقىللىك تۇرسام، ھازىر چىداپ، ئۇنىڭ بىلەن دوست بولۇپ ئۆتسەم، ھامان زىيان تارتمايمەن.» دەل شۇ چاغدا بىرسى ئىشىكنى چەكتى. نازىمىيە دەرھال ئىسىنى يىغىپ، چۇۋۇلغان چاچلىرىنى يىغىشتۇردى ـ دە، بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى. ئەھمەتنىڭ چوڭ ئوغلى فۇئات كەلگەنىدى. ئۇ دادىسىدىن قالغان ئات تاقىلايدىغان سايمانلارنى ئالغىلى كەلگەنىدى. ئەھمەت ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، نازىمىيە ئىرى كۆمۈپ قويغان مال ـ دۇنيانى تېپىش ئۈچۈن، ئۆي ئىچىنى، ئېغىلنى پۈتۈن كولاپ چىقتى، ھەتتا ھويلىنى، ئېغىلنىڭ تام تۈۋىنى قېزىپ باقتى، ئۆگزە، تۇرخۇن، ئوت ـ چۆپ دۆۋىسى، يەم ـ خەشەكلەرنىمۇ ئاختۇرۇپ چىقتى، ئەمما بىرەر ـ يېرىم تال تەڭگىمۇ تاپالمىدى. ئاخىر نازىمىيە ھېچقانداق مال ـ دۇنيا يوقلۇقىغا ئىشەندى. ئەھمەت ھەقىقەتەن بىچارە ئىدى، ئۇ بىكاردىن ـ بىكارلا ئۆلۈپ كەتتى. دادىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن بالىلىرى ئۇنىڭدىن ھەتتا يىغىنچىلىك نەرسىگىمۇ ئېرىشەلمىدى. ئەھمەتنىڭ بۇرۇنقى ئايالىنىڭ دادىسى نامرات ئادەم بولۇپ، ئەسلىلا ئۆزىنىمۇ تۈزۈك باقالماي كېلىۋاتقانىدى. قىزى ئېرىدىن ئايرىلىپ، ئۈچ بالىسىنى يېتىلەپ ئۇنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كەلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئائىلىسى تېخىمۇ نامراتلىقتا قېلىپ، كۈنلىرىنى يېرىم توق، يېرىم ئاچ ھالەتتە ئۆتكۈزۈپ كېلىۋاتاتتى. فۇئاتنىڭ ئاپىسى باشقىلارنىڭ ئېتىزىدا ئىشلەپ پۇل تاپاتتى، فۇئاتنىڭ بولسا تېپىۋالغان بولقا ۋە مىخلار بىلەن ئات تاقىلاپ، دادىسىنىڭ كەسپىگە ۋارىسلىق قىلغۇسى بار ئىدى. نازىمىيە فۇئاتنى ئېغىلغا

باشلاپ كىردى، بولقا، قىسقۇچ، ئىسكىنە، تاقا، مىخ ۋە ھەر خىل تاقىلار بىر بۇلۇڭدىكى ئىش كىيىمىنىڭ ئۈستىدە دۆۋىلىنىپ تۇراتتى، ئۇلارنى قىلىن توپا بېسىپ، كۆزگە چېلىقمىغۇدەك بولۇپ كەتكەندى. فۇئات ئۇلارنى كۆرۈپ، كۆزىگە ياش ئالدى. دادىسى ھايات ۋاقتىدا ئېغىل، ئىش كىيىمى پاك ـ پاكىز، ھەممە نەرسە رەتلىك تۇراتتى. فۇئات نازمىيەگە قارىمايلا:

— مۇشۇلارلىما؟ — دەپ سورىدى.

— سەن يەنە نېمە ئالماقچىدىڭ؟ ئەرۋاھقا ئايلانغان داداڭنى بىر خالتا ئالتۇننى قالدۇرۇپ كەتتى دەمسەن؟

— ئۆلگەن ئادەمنىڭ كەينىدىن بۇنداق گەپلەرنى قىلماڭ.

— ئەزمىلىك قىلماي، ئالىدىغان نەرسىلىرىڭنى ئېلىپ تېز كەت. بولمىسا نىيىتىمدىن يېنىپ، بۇ نەرسىلەرنى ئەسكى ـ تۈسكى ئالىدىغانغا سېتىۋەتمەي يەنە.

فۇئات بۇلۇڭدىكى شامالچىنى تەستە كۆتۈرۈپ ئېشەكنىڭ ئۈستىگە ئارتتى، مىخ، تاقا ۋە باشقا سايمانلار قاچىلانغان ئۈچ ساندۇقنى ئۇ يالغۇز كۆتۈرۈپ بولالمايتتى. ئۇ بېرىپ ئىنىلىرىنى چاقىرىپ كەلدى. ئۇلار ساندۇقلارنى بوۋىسىنىڭ كەپىسىگە يۆتكەپ كەتمەكچى بولدى. نازمىيە ئېغىلنىڭ ئىشىكىنى يېپىۋېتىپ:

— مېنىڭ بۇ ياردىمىمنى ئۇنتۇپ قالماڭلار، ئەمدى دادام بىزگە ھېچ نەرسە قالدۇرماپتىكەن دەپ يۈرمەڭلار، ئەمدى بېرىپ خالىغىنىڭلارنى قىلىڭلار، — دېدى ۋارقىراپ.

ئەھمەتنىڭ كەنجى ئوغلى ئاچچىقىدىن يەردىن بىر تال تاشنى ئېلىپ، نازمىيەگە قارىتىپ ئاتتى، ئەمما بۇ چاغدا نازمىيە ئاللىقاچان ئۆيگە كىرىپ كەتكەندى.

— ۋايىيەي، ئاخىر ئۇ ئەسكى ـ تۈسكى نەرسىلەردىن قۇتۇلدۇم. بېشىڭنى يەيدىغان ئەسكى ـ تۈسكى يىغقۇچى، سېنىڭ ئەسكى نەرسىلىرىڭ بولسا ئەكەلمەمسەن، سەن ئۆزۈڭچە مېنىڭ

پايدامنى كۆرمەكچى بولدۇڭ، سەن دېگەن كىم، مەندەك ئايالنىڭ لەززىتىنى ئالىمەن دەيدىغان كىمتىڭ؟ ئۇخلاپ چۈشۈڭ.

ئۆتكەندە نازىمىيە بۇ ئىككى يىلدىن بېرى يىغىلىپ قالغان ئەسكى - تۈسكى نەرسىلەرنى مەھەللىگە كەلگەن ئەسكى - تۈسكى يىغقۇچىغا سېتىۋەتمەكچى بولغانىدى، ئۇ ئادەم ساندۇقنى ئېچىپ ئۇنىڭدىكى مىخ، تاقا دېگەندەك نەرسىلەرنىڭ داتلىشىپ بىر - بىرىگە چاپلىشىپ كەتكەنلىكىنى، شامالچىنىڭمۇ چەكلىرى ئاجراپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، بۇ نەرسىلەرنى ئالغۇسى كەلمىدى، ئەمما ئۇنىڭ كۆزى ياندا تۇرغان تەنتەك ئايال نازىمىيەگە چۈشتى - دە، بۇ ئايال بىلەن ئاز - تولا كۆڭلۈمنى خۇش قىلىۋالايمەنمۇ دېگەننى كۆڭلىگە پۈكۈپ: «بۇ نەرسىلەرنى مەن هازىرلا قاچىلاپ ئەكېتەلمىگۈدەكمەن، كېلەر هەپتە مەن هارۋامنى ئەكېلەي، شۇ چاغدا ئالغۇدەك نەرسىلەر بولسا سېتىۋالاي» دېدى. ئۇ گەپ قىلىۋېتىپ نازىمىيەگە هە دەپ كۆزلىرىنى ئوينىتىپ كەتتى. ئەگەر باشقا ۋاقىت بولسا، نازىمىيە ئۇنىڭدىن ئاز - تولا پۇل ئۇندۇرۇۋېلىش ئۈچۈن بولسىمۇ ناز - كەرەشمە قىلىپ، ئۇنى ئۆزىگە تارتقانمۇ بولاتتى، ئەمما هازىر ئۇنىڭ قىلىدىغان چوڭ ئىشلىرى بولغاچقا، ئۇنداق ئەسكى - تۈسكى يىغىدىغان بىلەن هەپىلىشىشكە ۋاقتى يوق ئىدى. ئۇ دەرهال پاك ئائىلىدىن چىققان ئايال قىياپىتىگە كىرىۋالدى. ئۇ ئادەم كەتكەندىن كېيىن نازىمىيە ئەهمەتنىڭ چوڭ ئوغلى فۇئاتقا بىرسىدىن «لازىم بولسا، دادىسىدىن قالغان سايمانلارنى ئەكەتسۇن» دەپ خەۋەر بەردى. ئەسلىي نازىمىيە خېلى بۇرۇنلا ئۇ نەرسىلەرنى فۇئاتقا بېرىۋەتمەكچى بولغانىدى، ئەمما فۇئاتنىڭ ئاپىسى ئۇچرىغانلا ئادەمگە ئۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلىپ يۈرگەچكە، ئۇنىڭ ئاچچىقى كېلىپ، سايمانلارنى ئىككى يىل ساقلاپ، بۇلۇڭدا داتلاشتۇرۇۋەتكەنىدى.

فۇئات ئۇ سايمانلارنى ئالىمەن دەپ ئويلاپمۇ باقمىغانىدى،

ئىككى يىلدىن بۇيان ئۇ ئۆزى تاپقان سايمانلار بىلەن دادىسىنىڭ كەسىپىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. ئۇ ئايال بۇ سايمانلارنى ئىككى يىل بۇرۇن بەرگەن بولسا، نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ـ هە ! مانا ئەمدى ھەممىسى داتلىشىپ تۇگىشىپتۇ، شامالچىمۇ بۇزۇلۇپ كېتىپتۇ. ئۇ ئەڭ ئۇستىدىكى ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ئاچماقچى بولۇۋىدى، قاپقاقنىڭ چاتقۇچلىرىمۇ داتلىشىپ كېتىپتۇ. ئۇ يەردىن بىر پارچە ياغاچنى ئېلىپ، ئۇنىڭ قاپقىقىنى قايرىپ ئاچتى. ساندۇق ئىچىدىكى نەرسىلەرنى كۆرۈپ، ئاچچىقتىن بوغۇلۇپ قالايلا دېدى. ساندۇقتىكى مىخلار داتلىشىپ بىر ـ بىرىگە چاپلىشىپ، شەكلىمۇ ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ غەزەپتىن نېمە قىلارنى بىلەلمەي قالدى ـ دە، كەپىنىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى.

نومۇسسىز پەسكەش خوتۇن، بۇ نەرسىلەرنى ئاز ـ تولا ئىشلەتكىلى بولىدىغان بولسا، ئۇ ھەرگىز بىزگە بەرمىگەن بولاتتى، ئەسكى ـ تۈسكى يىغىدىغانلارمۇ ئالمىغاچقا بىزگە بەرگەن گەپ. مەن بۇ خوتۇن بىلەن بۇ ئىشنى ھېسابلاشماي قويمايمەن.

فۇئات ئىشىك تۈۋىدە تۇرغان پالتىنى كۆرۈپ، قولىغا ئالدى ـ دە، غەزەپ بىلەن ساندۇققا ئۇردى. ئەسلىلا چىرىپ كەتكەن ساندۇق پالتىنىڭ زەربىسىدىن پاچاق ـ پاچاق بولۇپ كەتتى، داتلىشىپ بىر ـ بىرىگە چاپلىشىپ كەتكەن مىخلار، ساپىقى چىرىپ كەتكەن بولقا، دات بېسىپ كەتكەن ئىسكىنە، ھەر خىل تاقىلار كەپىدىكى غۇۋا يورۇقتا بىر دۆۋە ئەخلەتتەك كۆرۈنەتتى. فۇئاتنىڭ قەلبىدىكى غەزەپ مانا ئەمدى ئاستا ـ ئاستا بىر خىل ھەسرەتكە ئايلانغاندەك بولدى. بۇرۇن ئۇ دادىسى بىلەن بوش قالغان چاغلىرىدا بارلىق سايمانلارنى ئوبدان سۈرتۈپ، مايلايدىغانلارنى مايلاپ قوياتتى، مىخ، تاقا دېگەنلەرنى رەت ـ رېتى بويىچە ساندۇققا تىزىپ سېلىپ قوياتتى. گەرچە ئۇلارنىڭ

ھېچقانچە پۇلى بولمىسىمۇ، كۆڭلەرنى بىرنېمىلەر قىلىپ ئۆتكۈزەتتى. كەنتتە دادىسىنى مال ـ دۇنيا تېپىۋاپتۇ، دېگەن گەپ تارقالغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا چوڭ ئۆزگىرىش بولدى. ئۇلارنىڭ بۇرۇنقى ئاراملىقى بۇزۇلدى. بەزىلەر ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئېتىزدىن بىر كوزا مال ـ دۇنيانى قېزىۋالغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكىنى دەيتتى، ئەمما ئۇنىڭ دادىسى بۇنى قىلچە ئېتىراپ قىلماي: «بۇ دېگەن بىزنى كۆرەلمەيدىغانلار ئاراملىقىمىزنى بۇزۇش ئۈچۈن تاپقان ئۆسەك سۆز» دەيتتى. بۇ جەرياندا نازمىيە دېگەن بۇ زىياندىش پەيدا بولدى. كەنتتە دادىسىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن مەخپىي ئۇچرىشىپ يۈرگەنلىكى توغرىسىدىكى گەپلەر تارقىلىشقا باشلىدى. فۇئاتنىڭ بىچارە ئاپىسى بۇ ئىشنىڭ يامان ئاقىۋىتىنى بىلىپ بولغۇچە ئالللىقاچان كېچىكىپ قالغانىدى، كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالىدىغان نازمىيە ئەھمەتنى بۇرۇنلا ئۆزىگە قارىتىۋالغانىدى، شۇنىڭ بىلەن فۇئاتنىڭ ئاپىسى ئۈچ بالا بىلەن ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىلدى، ئاپىسى ھەرقانچە يىغلاپ ـ قاقشىسىمۇ ئۇنىۋمى بولمىدى. نازمىيەنىڭ دېگىنى دېگەن بولغانىدى، ئاخىر فۇئاتنىڭ دادىسى ئاشۇ خوتۇننىڭ قولىدا ئۆلدى. دادىسىنى ئۆزى تېرىپ كەلگەن گۈمبەمەدەكنى يەپ زەھەرلىنىپ ئۆلگەن دېيىشتى، ھالبۇكى، بۇ كەنتتە سۈرۈشتۈرۈپ كەلسە، ياۋا كۆكتات، گۈمبەمەدەك تېرىشتا ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان ئادەم يوق ئىدى، ئۇ دائىم ئادەملەر بىلمەيدىغان دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى تېرىپ كېلىپ، ئۇلارنى قۇرۇتۇپ، ئاغرىپ قالغان ئات ـ ئۇلاغلارغا يېگۈزۈپ ئۇلارنى ساقايتاتتى، جاراھەتلەرگە چاپلايتتى. ساقچى باشلىقى نازمىيەنى بىر ـ ئىككى كۈن تۈرمىگە سولاپ سوراق قىلغان بولسىمۇ، ئەمما قولىدا ئىسپات بولمىغاچقا، ئاخىر يەنە قويۇۋەتتى. فۇئات ئېغىر بىر تىن تارتىپ قويدى، ئالىقىنىنىڭ كەينى بىلەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ ئورنىدىن تۇردى ۋە يەردە

چېچىلىپ ياتقان نەرسىلەرنى بىر بۇلۇڭغا پۈتى بىلەن يىغىپ قويماقچى بولدى. ئۇنىڭ كۆزى توپىغا مىلىنىپ كەتكەن ئىككى كىچىك تېرە خالتىغا چۈشتى. ئۇ ئېگىلىپ ئۇ خالتىلارنى ئالدى. خالتىلارنىڭ ئاغزى ناھايىتى چىڭ چىگىۋېتىلگەن، بىر خالتىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ قاراپ، ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەيلا قالدى. ئۇ خالتىدا نۇر چېچىپ تۇرغان ئىككى چاڭگال ئالتۇن بار ئىدى. يەنە بىر خالتىدىمۇ ئوخشاشلا ئالتۇن بار ئىدى. قارىغاندا دادىسىنىڭ مال ـ دۇنيا تېپىۋالغانلىقى راست ئىكەن. ئۇ دەرھاللا ۋارقىراپ باشقىلارنى چاقىرماقچى بولدى، ئەمما شۇ ئان ئۆزىنى بېسىۋالدى. ئەگەر بۇ ئالتۇنلار ئاشۇ مال ـ دۇنيانىڭ بىر قىسمى بولسا، ئۇنداقتا بۇنداق ئالتۇن يەنە بولۇشى كېرەك. فۇئات دەرھال باشقا ئىككى ساندۇقنىمۇ تۆكتى، ئۇلاردا سايمان ۋە ماتېرىيالدىن باشقا نەرسە يوق ئىدى. ساندۇقنىڭ ئىچى قۇرۇق بولغىنى بىلەن ئېغىر ئىدى، فۇئات بۇنىڭغا دىققەت قىلدى، كەپىنىڭ ئىچى يورۇق بولمىغاچقا، ئېنىق كۆرەلمىدى. فۇئات ساندۇقلارنى دېرىزە ئالدىغا ئەكېلىپ قارىدى. ھەرقايسى ساندۇقنىڭ ئىچىدە كېيىن مىخلاپ قويغان بىر قەۋەت تاختاي بار ئىدى. بۇنى كۆرۈپ فۇئات قاتتىق ھاياجانلاندى. ئۇ دەرھال كېيىن مىخلانغان تاختاينى قومۇردى. ھەرقايسى ساندۇقنىڭ ئاستىدا بىردىن تېرە خالتا بار ئىدى. ھېلىقى دۆت خوتۇن بۇ ساندۇقلارنى تالاي قېتىم ئاختۇرۇپ چىققان بولغىيدى، ئەمما دادىسى ئۇلارنى ناھايىتى ئوبدان يوشۇرۇپ قويغان. پەقەت ساندۇقنىڭ ئىچىدىكى ھەممە نەرسىنى تۆككەندىن كېيىن ئوبدان سەپسېلىپ قارىغاندىلا ئاندىن ئۇنىڭغا بىر قەۋەت قېتىلغانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى.

— ۋاي توۋا، مانا بۇنى ئادالەت ۋە ئادىللىق دەيمىز، — دېدى فۇئات ئۈنلۈك ئاۋازدا.

دادىسى ھايات ۋاقتىدا، ئۇ دائىم دادىسى بىلەن بازارغا

ماتېرىيال سېتىۋالغىلى باراتتى، ماتېرىياللارنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن بىللە بازار چۆرگۈلەپ، ئىستانوك، چويۇن ساتىدىغان دۇكانلارنى ئارىلايتتى. ئۇ چاغلاردا فۇئات ئۇ دۇكانلارغا قىزىقىپ، دادىسىغا:

— دادا، بىزمۇ بازارغا كۆچۈپ كېلىپ، مۇشۇنداق دۇكاندىن بىرنى ئاچساق بولامدۇ؟ — دەيتتى. دادىسى:

— سەن كۈچەپ ئىشلەپ، كۆپ پۇل تاپساڭ، بىزمۇ شۇنداق دۇكاننى ئاچساق بولىدۇ، خۇدا خالىسا بىر كۈنى تىلەكلىرىمىز ئەمەلگە ئېشىپ قالار، — دەيتتى.

فۇئاتنىڭ كەيپىياتى ئاستا ـ ئاستا تىنچلاندى، ئەمدى ئۇ بۇ ئىشنى سالماقلىق بىلەن ئويلاشقا باشلىدى. ئاخىر ئۇ بۇ ئىشنى ھەتتا ئاپىسىغىمۇ دېمەسلىك قارارىغا كەلدى. ئۇ خوتۇن خەقنى ئوبدان بىلىدۇ، ئۇلار قۇدۇق بېشىغا سۇ ئالغىلى بېرىپمۇ ئىچىدىكى ھەممە گەپنى باشقىلارغا ئېيتىۋېتىدۇ، نازمىيە بىلىپ قالسا چوڭ چاتاق چىقىدۇ. ئۇ خوتۇننىڭ بىردىنبىر ئارزۇسى مۇشۇ مال ـ دۇنياغا ئىگە بولۇش، بولمىسا ئۇ دادىسىدەك ئاشۇنداق كۆك نامرات بىلەن توي قىلاتتىمۇ؟ ئەگەر ئۇ ئۆزىنىڭ قولىدىكى ئالتۇنلارنى بىزگە بېرىۋەتكەنلىكىنى بىلىدىغان بولسا، ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتىن يانمايدۇ. ئەگەردە ئۇ قەبىھلىشىدىغان بولسا، خۇدايىم ساقلىسۇن، ياخشىسى ھېچكىمگە تىنمىغان تۈزۈك، ئۇنىڭغا بىلدۈرمەسلىك، قانداق قىلىشنى ئوبدان ئويلىۋېلىش كېرەك. فۇئات ئالتۇنلارنى دادىسى يوشۇرغانغا ئوخشاش، يەنە ئۆز ئورنىغا يوشۇرۇپ قويدى، چېقىۋەتكەن ساندۇقتىكى نەرسىلەرنى باشقا ئىككى ساندۇققا لىقلىدى. ئۇ كەيىدىن چىقىپ، چوڭ دادىسىغا ياردەملىشىش ئۈچۈن ئېتىزغا كەتتى. ئۇ قوللىرىنى كونىراپ ئەمدى يامغۇدەك يېرى قالمىغان ئىشتىنىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ ماڭدى، يول بويىدىكى ئوت ـ چۆپ ئىچىدىن بىر قۇشقاچ پۇررىدە ئۇچۇپ

كەتتى. ئۇ قۇشقاچقا تاكى كۆزدىن يىتكۈچە قاراپ تۇردى. ئۇنىڭ چىرايىدا بەخت تەبەسسۇمى جىلۋە قىلاتتى، كاللىسىدا ئاشۇ ئىستانوك ساتىدىغان دۇكانلارنى ئويلاپ ماڭدى. ئاخىر ئۇ ئىچى - ئىچىگە پاتمىغان خۇشاللىقتىن ناخشىغا كەلتۈرۈپ ئىسقىرتىشقا باشلىدى.

# سەككىزىنچى باب

مەلىھا دەسلەپتە تاھىسىننىڭ ئايسۇننى شەھەرگە ئەكەتكەنلىكىگە ئانچە ئېرەن قىلماي كەتمىدى. نازىمىيەنىڭ خۇشامەتگۇيلۇقى ئىچىدە، نازلى بىلەن ئېلىشىپ ئاخىر غەلىبە شادلىقىدا ياشىدى. ئەمما، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى، تاھىسىنلارنىڭ شەھەردە تۇرغان ۋاقتىنىڭ ئۇزىرىشى بىلەن ئۇنىڭدا بىر خىل ئەندىشە پەيدا بولدى. ئەگەر ئۇ قىز تاھىسىننىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇپ، ئۇلار شەھەردە ئولتۇراقلىشىپ قالىدىغان بولسا، مەلىھا ئېرىنى ئاران يىلدا بىر قېتىم كۆرەلەيدىغان بولۇپ قالامدۇ. ئەمما، مەلىھانىڭ مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرگۈسى يوق ئىدى، ئۇ يەنىلا بالا تۇغۇپ، قورۇقتا غوجايىن بولۇشنى پىلان قىلىۋاتاتتى. ئۇ بورۇن ئالدىدىكى توسالغۇلارنى قانداق قىلىپ بىر ـ بىرلەپ كۆزدىن يوقىتىشنى ئوبدان بىلەتتى، ئالدىدا تۇغۇلىدىغان بالىنى، ئاندىن كېيىن نازلىنى كۆزدىن يوقىتاتتى. ئۇنىڭ خىيالىغا ئابزەر كېلىشى بىلەن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى كۇنداشلىق ۋە پۇشايمان قاپلايتتى. يېقىندىن بۇيان ئابزەر كۇندە دېگۇدەك ئۇنىڭ خىيالىغا كىرىۋالىدىغان بولدى، بۇ خىيالدىن قۇتۇلاي دەپمۇ قۇتۇلالمايۋاتاتتى. ئۇ يىراقتا قارىسا گويا ئابزەر ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرغاندەك بىلىنىپ، ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا پىچىرلاپ سۆزلەپ كېتەتتى:

— سېنىڭ كاساپىتىڭدىن شۇنداق ئوبدان پىلاننىڭ يېرىمىلا ئورۇنلاندى، ئۇ ياقا يۇرتلۇق قىزنى قوغداش ساڭا تېگەمتى؟ بۇلارنى قانداق بىلىۋالغانلىقىمنى ئويلاپ باقمىغانسەن؟ مەلىھا بىلەن ئۆچەكىشىدىغان ئادەمنىڭ قانداق ئاقىۋەتكە

قالدىغانلىقىنى ئەمدى تېتىپ باققانسەن. ئەمدى سەن ئۆزۈڭدەكلا كۆك نامرات بولۇپ قالغان خوتۇنۇڭ بىلەن بەختلىك ئۆتۈۋاتامسەن؟

مەلىها ئۆزىنىڭ ئاۋازىنى ئۆزى ئاڭلاپ، سەل بىئارام بولغاندەك بولۇپ گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى. ئابزەرنى ئويلىغانسېرى ئۇزاق يىللاردىن بۇيان ئۇنىڭ قەلبىدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ھېسسىيات بارغانچە كۈچىيىپ، ئۇنى بەكلا بىئارام قىلماقتا ئىدى. ھالبۇكى، تۇرمۇشتىكى بۇ ئىشلار ئۆتۈپ كەتتى، ئارىدىن شۇنچە يىللار ئۆتتى، مەلىهامۇ رازى بولغۇدەك ئۆچىنى ئالدى، ئەمما نېمە ئۈچۈن مەلىها يەنىلا ئۆزىنى بەختلىك ھېس قىلالمايدۇ؟ ئۇنىڭ چىرايىدىن قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى ئۆزى ئىقرار قىلىشتىن قورقىدىغان بىر خىل قورقۇنچ، يەنى ئۆزىنىڭ ئابزەرنى يەنىلا ئەسەبىيلەرچە ياخشى كۆرىدىغانلىقى مانا مەن دەپلا بىلىنىپ تۇراتتى.

شەھەردە كۈنلەرنى چۈشتەكلا ئۆتكۈزۈپ، يېزىغا قايتىپ كەلگەن ئايسۇنغا يېزىنىڭ تۇرمۇشى زېرىكىشلىك، مەنىسىز بىلىنمەكتە ئىدى. يەنە ئىككى كۈندىن كېيىن تاھسىن شەھەرگە كەتسە، ئايسۇن يالغۇز، يەككە ـ يېگانە قالاتتى، ئۇنىڭغا يېزىدا كۈن ئۆتكۈزمەك بەكلا تەستەك بىلىنمەكتە. ھېلىمۇ ياخشى ئۇ دەرس ئوقۇشقا نۇرغۇن ۋاقىت سەرپ قىلاتتى، يىل ئاخىرىدا ئۇنىڭ بارلىق دەرسلىرى تۈگەيتتى، ئۇ كېلەر يىلى ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگىتىشنى ئارزۇ قىلاتتى. نازلىنىڭ ئىشى ئۆمەر بېگىم بىلەن چوڭ خانىمغا بەك قاتتىق زەربە بولدى، ۋاقىت ئۇزارغانسېرى بۇ ئىش ئۇلارنىڭ قەلبىدە ئاغرىق پەيدا قىلدى، شۇڭا چوڭ خانىم كۆپ ۋاقتىنى ئۆز خانىسىدىن چىقماي ئۆتكۈزدى، قورۇقنىڭ نۇرغۇن ئىشلىرىنى غوجىدار بىلەن ئۇنىڭ ئايالى بېجىرىپ تۇرۇۋاتاتتى. مەلىهامۇ بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ھەر خىل چارە ـ ئاماللارنى قىلىپ، قورۇقنىڭ باشقۇرۇش ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈشكە تىرىشىۋاتاتتى. بۇ

چاغدا تاھسىنمۇ دادىسى بىلەن تېزرەك سۆزلىشىپ، دادىسىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن، مەلىھاغا بىر پارچە يەر بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن تېزرەك نىكاھتىن ئاجرىشىشنى ئويلاۋاتاتتى. دادىسىنىڭ روھىي كەيپىياتى ئوبدانراق بولغان بىر كۈنى تاھسىن دادىسىغا بۇ گەپنى تەشتى:

— دادا، ئەگەر سىلى قوشۇلسىلا، مەلىھانىڭ نىكاھىمدىن ئايرىلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئازراق يەرنى بۆلۈپ بېرەيلىمىكىن دەيمەن.

ئۆمەر بېگىم ئۆزىنىڭ ئاغىنىسى ھۇسام بېگىم بىلەن تاھسىن بىلەن مەلىھانىڭ نىكاھدىن ئايرىلىشىغا قوشۇلۇشىنى سوراپ سۆزلەشكەن، ئەمما مەلىھا كەسكىن ھالدا: «مەن ئاتا ـ ئانامنىڭ ئۆيىگە ئۆلگەندىن كېيىن كېتىمەن» دەپ قاتتىق تۇرۇۋالغاچقا، بۇ گەپ بېسىقىپ قالغانىدى. مانا ئەمدى تاھسىنىنىڭ بۇ گەپنى يەنە باشقىدىن تىلغا ئېلىشى ئۇنى سەل ھەيران قالدۇردى:

— سەنمۇ بىلىسەن ئوغلۇم، مەن ئۇنىڭ دادىسى بىلەن سۆزلەشتىم. ئەمما، ھېچقانداق نەتىجىسى بولمىدى.

— بۇنىغۇ بىلىمەن دادا، ئەمما ئۇنىڭغا ئۇنى قىزىقتۇرىدىغان نەرسە بېرىشكە ۋەدە قىلساق دەيمەن، شۇڭا سىلىگە دېيىشىم.

— بۇ گېپىڭنى ئاڭلاپ مەنمۇ ھەيران قېلىۋاتىمەن. ئۇنى قىزىقتۇرىدىغان نەرسە دېگىنىڭ نېمە ئۇ؟

— مەن مەلىھاغا ئەللىك گېكتار سۇغىرىلىدىغان ئېتىز بەرسەك دەيمەن. بۇنىڭغا ئالدى بىلەن سىلى قوشۇلسىلا بولىدۇ.

ئۆمەر بېگىم تاھسىنىنىڭ بۇنچىلىك جىق يەرنى بېرىشنى ئويلاشقىنىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. شۇڭا ئۇ بۇ گەپنى ئاڭلاپ، بىردەم جىمىپ كەتتى. دادىسىنىڭ ئارىسالدىلىقتا قالغانلىقىنى سەزگەن تاھسىن دەرھاللا:

— دادا، باشقىچە ئويلاپ قالمىسىلا، مەن ھەرگىزمۇ ئاتا ـ بوۋىمىزدىن قالغان يەرلەرنى بېرەيلى دېمەكچى ئەمەسمەن. مېنىڭ ئۇنداق ھوقۇقۇم يوق. مەن ئىلاجسىز ئەھۋالدا بۇ خىيالغا

كەلدىم. مەلىھا پۇلغا ئامراق، ئۇ قوشۇلۇشى مۇمكىن. مەن ئىككى ئايال بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرەلمەيدىكەنمەن. سىلەر مېنى ئىككى ئايالغا باراۋەر مۇئامىلە قىل، بۇ دېگەن ئۆرپ ـ ئادەت، ھەرگىز ئايرىمىچىلىق قىلما، دەۋاتىسىلەر، سىلىمۇ ئوبدان ئويلاپ باقسىلا، ئىشلار مېنىڭ دېگىنىمدەك بولمايدىكەن. ئۇنى گەپكە كىرگۈزۈپ، بۇنداق قىل، ئۇنداق قىل دېگىلى بولامدۇ؟ سىڭلىممۇ ئۆزىنىڭ خاھىشى بويىچىلا ھېچبىر نامى يوق بىرسى بىلەن كەتمىدىمۇ؟ ئۇنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى جايىدا ئىمدىغۇ؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە ھازىر مەلىھا بىلەن خۇددى رەقىبلەردەك ياشاۋاتىمەن. ئۇنىڭمۇ مەندىن جاق تويغانلىقىغا ئىشىنىمەن. ئەمما، ئۇ تەرسالىق، كاجلىق قىلىپ، نىكاھدىن ئايرىلىشنى خالىمايۋاتىدۇ. مەسىلە ئۇنىڭ تۇغماسلىقىدا ئەمەس. ئەگەر بىز بىر ـ بىرىمىزنى ئوبدان چۈشىنىپ ئۆتسەك، ئۇنىڭ بىلەن ئوبدان ئۆتۈپ كېتەلەيتتىم. ئەمما، بىز توي قىلغان كۈندىن تارتىپ ئارىمىزدا ھېچقانداق مېھىر ـ مۇھەببەت بولمىدى. ئالتە يىلدىن بېرى ئۆزى ياخشى كۆرمەيدىغان، ھەتتا خالىماي توي قىلغان بىر ئايال بىلەن بىر ئۆيدە ياشاشنىڭ نەقەدەر ئازابلىق بولىدىغانلىقىنى سىلى بىلمەيلا. ئەمما، مەن يەنىلا سىلەرنىڭ دېگىنىڭلار بويىچە، تەقدىر ـ پېشانە دەپ، كۈنلەرنى ناھايىتى تەستە ئۆتكۈزۈپ كەلدىم. شۇڭا مەن خىزمەتكە تەلۋىلەرچە بېرىلدىم، ئادەمنى خورىتىدىغان شۇ خىزمەت بىلەن ئۆزۈمگە ئاسايىشلىق تاپماقچى بولدۇم. مەن ئاشۇ ئازاب ئىچىدە تۇنجۇقۇپ قالاي دېگەندە، ئايسۇنغا ئۇچراپ قالدىم. بۇنىڭ بىلەن ئىشلار ئۆزگەردى، ھاياتلىق باشقىدىن ماڭا قۇچاق ئاچتى. تۇرمۇشۇمغا مەنە قوشۇلدى. ئۆزۈمنى تۇنجى قېتىم بەختلىك ھېس قىلدىم. ئەمما، مەلىھا بۇلارغا خۇددى ئالىۋاستىدەك چاڭگال سېلىپ، ئۇنى بۇزۇشقا ئۇرۇنماقتا. قورۇقتا ھەممە ئادەمنىڭ تىنچلىقى بۇزۇلدى. ئۇنىڭ ئايسۇننى كۆزدىن يوقىتىش ئۈچۈن قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىدى.

شۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا، ئايسۇن بۇ ئىشلارغا بەرداشلىق بېرەلمەي، كېتىپ قېلىشى مۇمكىن. مەن ئايسۇننىڭ دىل ئازابى تارتىشىنى خالىمايمەن. ئەگەر سىلەر مېنى ھەقىقىي ئادەمدەك ياشىسۇن دېسەڭلار، مەلىھادىن تېزرەك ئايرىلىپ كېتىشىمگە ياردەم قىلىڭلار. مېنى بۇنداق كۆتۈرۈپ قويۇقسىز ئازاب ئىچىدە ياشاشقا مەجبۇر قىلماڭلار.

تاھسىن سۆزلەپ ـ سۆزلەپ ھاسىراپ كەتتى. ئۇ ئەزەلدىن دادىسى بىلەن بۇنداق سۆزلىشىپ قېلىشىنى ئويلىمىغان، مانا ئەمدى ئۇ قەلبىنى بېسىپ تۇرغان قايغۇ ـ ھەسرىتىنى تۆنجى قېتىم بىراقلا تۆكۈۋەتتى.

ئۆمەر بېگىم تاھسىن بىلەن مەلىھانىڭ ئەپ ئۆتمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى، ئەمما ئوغلىنىڭ بۇ دەرىجىدە ئازاب چېكىۋاتقانلىقىنى ئويلىمىغانىدى. ئۇ ئوغلىنىڭ بۇنداق قايغۇ ـ ھەسرەتتە، قاتتىق ئازابتا قالغانلىقىنى تۇنجى قېتىم ئاڭلاۋاتاتتى. ئوغلى ئەزەلدىن ئۇلاردىن ئاغرىنىپ باققان ئەمەس، ئۇ چوڭلارنىڭ دېگىنىگە ھە دەپلا ياشاپ كەلگەنىدى. بۇۋاي ئۆزىنىڭ ئوغلىغا نەقەدەر ئېغىر ئازاب كەلتۈرگەنلىكىنى مانا ئەمدى ھېس قىلىۋاتاتتى، شۇڭا ئۇ قىلچە ئىككىلەنمەيلا قارار قىلدى:

ـــ ئوغلۇم، ئۇ قوشۇلىدىغانلا بولسا يۈز گېكتار يەر بولسىمۇ بېرەيلى، ساڭا قانداق قىلىش قولايلىق بولسا شۇنداق قىلىۋەرگىن. ئەگەر ئۇ پۇل ئالىمەن دېسە پۇل، باشقا نېمە ئالىمەن دېسە شۇنى بەرگىن. بۇنى مەندىن سوراپ ئولتۇرما، مەن سېنىڭ چىرايىڭنىڭ ئېچىلغىنىنى كۆرسەملا بولدى.

بۇ گەپ تاھسىنغا ئالەمچە خۇشاللىق ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاتا قىلدى، شۇڭا ئۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ دادىسىنىڭ قولىغا ئۇرۇپ قويدى.

ـــ كۆپ تەشەككۇر دادا، سىلى مەن ئۈچۈن نەقەدەر چوڭ ساۋابلىق ئىش قىلغانلىقلىرىنى بىلمەيلا، خۇدايىم ئۇنىڭغا

ئىنساب بىرىپ نىكاھتىن ئاجرىشىشقا قوشۇلغاي، ئۇنىڭ پۇلغا قانچىلىك ئامراقلىقىنى سىلىمۇ بىلىلا. ئۇزۇنغا بارماي بىز ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ پۇل تاپالايمىز، شەھەردىكى زاۋۇتنىڭ ئىشى بەك ئوبدان بولماقتا، ئۇسكۇنە ئېلىش ئۇچۇن ئالغان قەرزنى تۆلىۋەتسەكلا، تاپقان پۇلغا يەر سېتىۋالساق بولىدۇ.

ئۆمەر بېگىم ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى:

— ئوغلۇم، بۇ گېپىڭ بولمىدى، بىز بۇرۇنلا دېيىشكەنغۇ، سەن يەنە سېنىڭ پۇلۇڭ، مېنىڭ پۇلۇم دەپ ئايرىمسەن؟ مېنىڭ بىردىنبىر ئوغلۇمنىڭ چىرايىدا كۈلكە كۆرمىسەم، پۈتۈن جاھاندىكى پۇللار مېنىڭ بولغان تەقدىردىمۇ، ماڭا بەربىر. سەندەك ئوغلۇم بولغانلىقى ئۇچۇن ئالەمچە خۇشاللىق تاپىمەن. خاتىرجەم بول ئوغلۇم، خۇدايىم ھەممە ئىشلىرىمىزنى كۆڭۈلدىكىدەك قىلغاي.

تاھىسىن دادىسىنىڭ يېنىدىن چىقتى، بۇ كۈنلەردە مەلىھا مېھمانخانا ئۆيدە تۇرۇۋاتاتتى، شۇڭا تاھىسىن ئايال خىزمەتكارنى ئۇنى چاقىرىشقا ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ ئۇنى ئۇ ئىككىسىنىڭ ھۇجرىسىدا ساقلايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ھايال ئۆتمەيلا ئۆيگە مەلىھا كىرىپ كەلدى، ئۇنىڭ چىرايىدىن بىر خىل ھەيرانلىق چىقىپ تۇرغانلىقىنى قاراپلا بىلگىلى بولاتتى.

— بۈگۈن كۈن قاياقتىن چىقتى؟ قانداق شامال سىزنى بۇ ئۆيگە بىمەھەل ۋاقىتتا ئۇچۇرۇپ كەلدى؟ مېنىڭ ئۆيۈمنى تاپالماي قېينىلىپ كەتمىگەنسىز ــ ھە؟

— تولا سېسىق گەپ قىلمىغىنا، گېپىمگە قۇلاق سال، ساڭا دەيدىغان گېپىم بار. مەن ساڭا ئوبدان بىر تەكلىپ بەرمەكچىمەن، بۇنىڭغا ھازىرلا جاۋاب بەرمەي، ئوبدان ئويلاپ جاۋاب بەرگىن، كىمدىن مەسلىھەت سورىساڭ بولىۋېرىدۇ، بۇنداق ئامەت بۇ ئۆمرۈڭدە ئەمدى كەلمەسلىكى مۇمكىن.

تاھىسىننىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپلا مەلىھا ئۇنىڭ قايسى مۇھىم گەپنى دېمەكچى بولغانلىقىنى پەملەپ بولدى. تاھىسىن مەلىھانىڭ

ئۇدۇلىدىكى سافادا ئولتۇردى:
— بۇ گەپنى بىز بۇرۇنمۇ سۆزلەشكەن، تەتۈرلۈك قىلىش ھەر ئىككىمىزگە پايدىسىز.
— ئەگەر يەنە ئايرىلىشنىڭ گېپى بولسا، مەن دەيدىغان گېپىمنى دەپ بولغان.
— مەلىھا، قارا، مەن ئەزەلدىن ساڭا سەمىمىي بولۇپ كەلدىم، غۇرۇرۇڭغا تېگىدىغان ئىشنى قىلىپ باقمىدىم. سېنىڭ بالا تۇغالمايدىغانلىقىڭنى بىلگىلىمۇ ئۈچ يىل بولدى، مەن گەرچە سېنىڭ بالا تۇغۇشۇڭدىن قىلچە ئۈمىد يوقلۇقىنى بىلسەممۇ، كۆڭلۈڭنى ئاياپ، قورۇقتىسكى ھېچكىمگە بۇ ھەقتە تىنمىدىم. دادام بىلەن ئاپام نەۋرە يۈزى كۆرۈشنى بەكلا ئارزۇ قىلىپ كەلدى. مېنىڭ كۆڭلۈم يېرىم تۇرسىمۇ، ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتە دېگەن گەپلىرىنى ئۈن - تىن چىقارماي ئاڭلاپ كەلدىم. مەن ئىككىمىزنىڭ ئورتاقلىقى بولسۇن دەپ، قىلمىغان ئامالىرىم قالمىدى، ئەمما سەن ماڭا قىلچە يول قويمىدىڭ. كۆڭلۈمنى چۈشەنمىدىڭ، مېنى ئەزەلدىن ئېرىڭدەك كۆرمىدىڭ. مېنى ئەڭ قاتتىق ئازابلىغىنى، سەن مېنى قىلچە ياخشى كۆرمەيسەن. بىزنىڭ بۇ نىكاھىمىز خاتالىشىپ بولۇپ قالغان نىكاھ، ئەمما بۇ ئىككىمىزنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس، بىزگە تەقدىرگە تەن بەرمەكتىن باشقا ئامال يوق ئىدى. ئەمما، ھازىر بىز قىلىدىغان نۇرغۇن ئىشلار بار، بىز تۇرمۇشىمىزنى باشقىدىن نورمال ھالەتكە چۈشۈرۈشكە ھېلىھەم ئۈلگۈرەلەيمىز. سەن تېخى ياش، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئايدەك جامالىڭ بار، مەن ساڭا خېلى كۆپ مال - مۈلۈك بېرەي، بۇ بىر پۇرسەت، مەن ئۈچۈن، ئۆزۈڭ ئۈچۈن بىر ئوبدان ئىش قىلىپ قوي. ئەمدى تەرسالىق قىلما، بىز ئايرىلىپ كېتەيلى. مەن ساڭا دەريا بويىدىكى ھوسۇللۇق ئېتىزدىن ئەللىك گېكتار يەر بېرەي. ئايرىلىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ سەن يەنە ئوخشاشلا باياشات تۇرمۇش كەچۈرىسەن، ھېچ نەرسىدىن غەم قىلمايسەن. ئوبدان

ئويلاپ باق، جاۋابىنى كېيىن بەرسەڭمۇ بولىدۇ. مەن ئىككى كۈن ئىچىدە شەھەرگە قايتىمەن، مەن كەتكۈچە جاۋابىنى بەرسەڭ بولىدۇ.

تاھىسىن شۇ گەپلەرنى دەپ بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆزى نەچچە يىللارنى ئۆتكۈزگەن بۇ ئۆيگە كۆز يۈگۈرتتى، ئۇ گويا بۇ ماكاندىن ئۇنىڭ قەلبىدە قالغان بىرەر گۈزەل ئەسلىمىنىڭ ئىزناسىنى تاپماقچى بولغاندەك ئىدى، ئەمما بۇ ماكان ئۇنىڭ ياشلىق باھارىدىكى ئاتەش كەبى ئوتلۇق ھېسسىياتىنى بەربات قىلىپ، ئۇنىڭ ئاشۇ گۈزەل ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى كۆپۈككە ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى. ئۇ بۇ يەردىكى تۇرمۇشنىڭ پۈتۈنلەي بەربات بولغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ھېس قىلدى. ئۇ چوڭقۇر بىر تىن تارتىپ قويدى ـ دە، ئورنىدىن ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

مەلىھا تاھىسىننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەيلا قالدى. ئەللىك گېكتار يەر، يەنە كېلىپ دەريا بويىدىكى ھوسۇللۇق ئېتىزلار. ئۇ دادىسى ئۆمەر بېگىمنى قانداق كۆندۈرگەندۇ؟ بۇنداق گەپنى ئاڭلىغان ھەرقانداق ئادەم خۇشاللىقىدىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالاتتى. ئەمما، مەلىھادەك بۇنداق تاش يۈرەك ئايالنىڭ قەلبىدىكى ھەسەتخورلۇق ئۇنىڭ ھەرقانداق ئىش ئۈستىدە توغرا قارار چىقىرىشىنى توسۇپ قالالايتتى، بۇنداق چاغلاردا ئۇ ئىش ئۆزىگە ھەرقانچە پايدىلىق بولسىمۇ، ئۇنىڭ كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى. مانا بۇ قېتىممۇ ئەنە شۇنداق بولدى.

ـــ بۇ گەپچە، تاھىسىن ئەپەندى كىچىك خوتۇنى بىلەن كۆڭۈلدىكىدەك تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن، شۇنداق چوڭ بايلىقتىن ۋاز كېچىۋېتىپتۇ ـ دە. ھۇ ئالۋاستى خوتۇن، سەنزە ئېرىڭ ئۈچۈن شۇنچىلىك مۇھىم ئىكەنسەن ـ دە. كەلگىنىڭگە تېخى يېرىم يىل بولماي، تاھىسىننى ئالىقىنىڭدا ئويناتقۇدەك بوپسەن. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى پىلانلىغان سەن. نازلىنىڭ ئىشىمۇ سېنىڭ كاساپىتىڭدىن بۇزۇلدى. مەن مۇشۇنداق

بولىدىغانلىقىنى بۇرۇنلا ئويلاپ يېتىشىم كېرەك ئىدى. سەنزە مېنىڭ كەشىمنى توغرىلاپ، بارلىق نەرسىگە ئېرىشمەكچى بوپسەن - دە. مەن تېخى ئۆلمىدىم، ساڭا ھېچ نەرسىنى بەرمەيمەن. ئەمدى مەن چىڭ تۇرمىسام بولمىدى. سېنىڭ مېنىڭدىن قۇتۇلغىنىڭنى بىر كۆرەي.

يىراقتا، ئۈزۈمزارنىڭ ئۈستىدە ئۇزۇن بىر چاقماق چېقىلدى، بۇنىڭ بىلەن كائىنات ئىككى پارچىغا بۆلۈنۈپ كەتكەندەك بولدى، ئارقىدىنلا شۇنداق قاتتىق گۈلدۈرماما ئاۋازى ئاڭلاندى ۋە شۇ ئان گويا چېلەكلەپ تۆككەندەك يامغۇر يېغىپ كەتتى. قورۇقتىكىلەر ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشىپ، ھويلىدا قالغان نەرسە - كېرەكلەرنى ئالمان - تالمان لەمپە ئاستىغا يۆتكەش ئۈچۈن پايپېتەك بولۇپ كېتىشتى. مەلىھا دېرىزە ئالدىدا مىدىر - سىدىر قىلماي، كۈنپېتىش تەرەپكە تىكىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئاشۇ كۆك كۆزلىرىدە يەنە بىر قېتىم شۇملۇقنىڭ ئالامەتلىرى چاقنىدى. مانا ئەمدى ئاسمان بىلەن زېمىن بىرلىشىپ كەتكەندەك تۇس ئالدى، قاتتىق يامغۇر يوللاردا ئېرىقلارنى پەيدا قىلىپ، شارقىراپ ئېقىۋاتقان يامغۇر سۈيى ئۆزى ئېلىپ كېتەلىگەنلىكى نەرسىلەرنى ئېقىتىپ كەتمەكتە. ئەمما، بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى مەلىھاغا تەسىر كۆرسىتەلمىدى. تۇيۇقسىز چېقىلغان چاقماق ئايرىم تۇرغان بىر تۈپ چىنار دەرىخىگە چۈشۈپ ئوتتۇرىسىدىن ئىككى پارچە قىلىۋەتتى، ھەيۋەتلىك چىنار دەرىخى كۆيۈپ يەرگە يىقىلدى. مانا شۇ ئىشلا مەلىھانى ساراسىمىگە سالغان بولسا كېرەك، دېرىزىنى ياپتى. ئۆيدىكى نەرسىلەر دېرىزىدىن كىرگەن يامغۇر سۈيىدە ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ ھۆل بولۇپ كەتكەن كىرلىك، ياستۇقنى ئۇچاق يېنىغا ئەكېلىپ قاقلاپ قويدى. دەل شۇ چاغدا ئايال خىزمەتكار كىرىپ، غىزا تەييار بولغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. مەلىھە قورسىقىم ئاچمىدى، دەپ خىزمەتكارنى چىقىرىۋەتتى. ئۇ بىر چۆگۈن سۇ قاينىتىپ چاي دەملىدى، ھەنفەنى چاقىرىپ، ئۆزىگە

بولكا ۋە پىشلاق ئەكەلدۇردى. ئاندىن ئوچاقتا يەنە ئوتۇن سالدى، ئۆي ئىچى ئەسلىلا خېلى ئىللىق ئىدى، ئەمدى تېخىمۇ ئىسسىپ كەتتى. مەلىھا كىيىملىرىنى سېلىپ كىچىلىك كىيىمىنى كىيدى. ئۇ دەملىگەن چايدىن بىر چىنە قۇيدى، توغرالغان بولكىغا پىشلاقنى سۈركەپ يېيىشكە باشلىدى، يېگەنلىرى ئىسسىق باسقان بولسا كېرەك، كەيپىياتىمۇ خېلى كۆتۈرۈلۈپ قالدى. ئۇ ئۈچىنچى چىنە چاينى ئىچىۋاتقاندا، ئۇيقۇ بېسىپ، ئەسنەشكە باشلىدى.

— ئەتە ئەتىگەندە ئالدى بىلەن نازىمىيەنى تاپاي، ئۇ ئەللىك گېگتار يەرنىڭ ئىشىغا قانداق قارايدىكىن، ئەمما ئايسۇننى ئامال بار تېزرەك كۆزدىن يوقىتىش كېرەك. ئۇ بىر كۈنلا ھايات بولىدىكەن، مېنىڭ مۇددىئايىمنىڭ ئەمەلگە ئاشمىقى تەس. ئايسۇن خانىم، ئەڭ ئاخىرىغىچە كۈلەلىگەن ئادەملا ھەقىقىي كۈلگەن بولىدۇ. سەن ھازىرچە ئېرىڭنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ تۇرغىن. ئەمما، كۈنۈڭ ئۇزۇن قالمىدى، ھېچكىم مەن بىلەن قارشىلاشمىسۇن.

مەلىھا پەتنۇس، چىنىلەرنى ئۈستەلگە قويۇپ، چەينەكنى ئوچاقتىن ئېلىۋەتتى. ئىسسىق كارىۋىتى كۆزىگە تېخىمۇ راھەت كۆرۈنۈپ چىقىپلا ياتتى. دەل شۇ چاغدا ئۇنىڭ كاللىسىدا بىر ئادەمنىڭ غۇۋا ئىزناسى پەيدا بولغاندەك بولدى، ئەمما شۇ ئان كاللىسىنى سىلكىۋەتتى. ئۇنىڭ قىلىدىغان مۇھىم ئىشلىرى بار، ئۇ ئەمدى ئەتە ئەتىگەندە نازىمىيە بىلەن كۆرۈشكەندە دەيدىغان گەپلىرىنى ئويلاشقا باشلىدى، شۇ خىياللار بىلەن يېتىپ، قانداق ئۇخلاپ قالغىنىنىمۇ بىلمەي قالدى.

سەھەردە ئۆزىنى قورۇقتا چاقىرتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان نازىمىيە سەل ھەيران بولدى، شۇنداق بولسىمۇ ئۇ دەرھال قېلىن كىيىمىنى كىيىپ ئۆيىدىن چىقتى. ئاخشام ياغقان قاتتىق يامغۇردىن يوللار بەكلا پاتقاق بولۇپ كەتكەنىدى. قورۇقتا پاتقاق كېچىپ، مىلىڭ تەستە كېتىۋاتقان نازىمىيە ھە دەپ: «بۇ قاق

سەھەردە ئۇنىڭ قانداق مۇھىم ئىشى چىقىپ قالغاندۇ؟» دېگەن سۆزنى تەكرارلايتتى.

مەلىھا ناشتىنى تۆۋەنكى تاماقخانىغا چۈشمەي، ئۆز ھۇجرىسىدىلا قىلىدى. گەرچە ئۇ ئۆزىنىڭ ناشتىغا چۈشمىگەنلىكىدىن كىملەرنىڭ بىئارام بولىدىغانلىقىنى بىلمىسىمۇ، ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ قىلىقىنى ئۇلارغا قىلغان قارشىلىق دەپ بىلدى. قورۇقتىكىلەر ئۇنىڭ بۇنداق قىلىقلىرىغا كۆنۈك ئىدى. ئۇ نازىمىيەنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ دەرھال ئىشىكنى ئېچىپ ئۇنى قارشى ئالدى. ئۆي ئىچى ئىسسىق، ئوچاق ئۈستىدە دەملەنگەن چاي بار ئىدى. نازىمىيە ئۆيگە غۇدۇرىغان پېتى كىرىپ كەلدى:

— ۋاي خۇدايىم، ھېرىپ ئۆلەي دېدىم. ھاۋا سوغۇق، يول پاتقاق، ھېرىپلا كەتتىم. قاق سەھەردە قانداق مۇھىم ئىشىڭىز بار ئىدى؟ ئۇنچە مۇھىم ئىشىڭىز بولمىسا مېنى چاقىرتمايتتىڭىز.

— ھوي، ماۋۇ گەپنى قارا، مەن خۇددى ئىشىم چىقىپ قالغاندىلا سېنى چاقىرتىدىغاندەك گەپ قىلىسەنغۇ. ئەگەر يەنە مۇشۇنداق دەيدىغان بولساڭ، خاپا بولۇپ قالىمەن جۇمۇ.

— قەدىرلىكىم، سىز بەكلا نازۇك بولۇپ كېتىپسىز، بىر چىنە چاي ئىچسەملا ئىسسىپ قالىمەن. دەيدىغان ئىشنى تېز دەڭ، ئۆيۈمدە ئادەم يوق، بۇ يەردە ئۇزاق ئولتۇرالمايمەن.

مەلىھا ئۇنىڭغا بىر چىنە چاي قۇيدى، ئۈستەلگە پىشۇرۇلغان تۇخۇم، پىشلاق، ياۋا گۈلقەنت مۇرابباسى، يېڭى سىرىق ماي ۋە يېڭى پىشۇرۇلغان بولكىلارنى تىزدى. نازىمىيە ناشتا قىلمايلا كەلگەچكە، بۇ نەرسىلەرنى ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە باشلىدى، ئۇ مەلىھانىڭ گېپىنى ئاڭلىغاچ غىزالاندى، ئەللىك گېكتار يەرنىڭ گېپى چىققاندا، ھەيران بولۇپ قاقىلىپ كېتىپ، بولكا كانىيىدا توسۇلۇپ قالغىلى تاس قالدى:

— نېمە؟ نېمە دېدىڭىز؟ ئەللىك گېكتار يەر؟ ئېرىڭىزنىڭ

كاللىسىدا ئازراق چاتاق بارمۇ يا؟ راست گەپنى قىلسام، چۈشىنەلمەيلا قالدىم، ئۇ نېمىشقا بىكاردىن ـ بىكار سىزگە شۇنچىۋالا كۆپ يەرنى بېرىۋېتىدىكەن؟ خوتۇن دېسە، ئۇ يەنە بىر خوتۇننى ئالدىغۇ؟ ئۇزۇنغا بارماي ئۇلار باللىق بولىدۇ. ھەممىسى ئۇز كۈننى خاتىرجەم ئۆتكۈزىدۇ. نېمىگە شۇنچە ئازابلىنىۋاتقانلىقىڭىزنى زادىلا بىلەلمىدىم.

— ماڭا قارا، ئۇنىڭ قانۇنلۇق خوتۇنى مانا مەن. ۋاقىت ئۆزارغانسېرى كەم بىلىدۇ، يەنە نېمە ئىشلار بولىدىغانلىقىنى. ئۆمەر بېگىم بىلەن چوڭ خانىم دائىملا بىز بىلەن بىللە تۇرالمايدۇ. ئەگەر ئايسۇن تاھسىنغا بىرەر ئىش قىلىپ قويىدىغان بولسا، مەن قىلچە يۈز ـ خاتىر قىلماي، ئۇنداق ياۋا گۈلنى قۇلىقىدىن تۇتۇپ، خۇددى قۇرۇپ قالغان ئوت ـ چۆپنى يۇلۇپ تاشلىغاندەك ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىمەن. شۇڭا ھازىر ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس ـ يادى قانداق قىلىپ ئۆز ئورنىنى قانۇنلۇق قىلىشتا. سەن بىلمەيسەن، ئۇ دېگەن بىر زەھەرلىك يىلان. نازلىنىڭ ئىشىدا تاھسىن پۈتۈنلەي شۇنىڭ دېگىنى بويىچە قىلدى.

— ئۇنداقتا، تاھسىن ھازىر ئۇنىڭ قولىدىكى ئويۇنچۇق بولۇپ قاپتۇ ـ دە؟ بىز تېخى ئۇنى كىچىك دەپتىكەنمىز، قارىغاندا ئۇ بوش نەرسە ئەمەس ئىكەن. ھېلىتىنلا مۈشۈكتەك كۆرەڭلەپ كەتسە، بىرەر باللىق بولغاندىن كېيىن تېخىمۇ ئۆزىنى بىلەلمەي قالىدىكەن ئۇ!

— شۇنى دېمەمسەن، سەن بۇنى بالدۇرراق چۈشەنگەن بولساڭ ياخشى بولاتتى. مەن سېنى مۇشۇ ئىشقا ياردەمدە بولامدىكىن دەپ چاقىرتقان. مەن ئۇ بىر نېمىگە ئۆزۈم يالغۇز تاقابىل تۇرالمىغۇدەكمەن. ئۇنى تېزدىن كۆزدىن يوقاتمىساق بولمايدۇ. بۇنىڭغا سەندەك تەجرىبىلىك ئادەم ياردەم قىلمىسا بولمايدۇ.

مەلىھانىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ نازمىيەنىڭ تازا ئاچچىقى كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما پەقەتلا چاندۇرمىدى. «ماۋۇ پەسكەش

خوتۇن ئۆزىچە مەقسەتلىك ھالدا ئېرىمىنىڭ ئۆلۈمىنى تىلغا ئېلىۋاتىدۇ. ئەمما، ھازىر ئاچچىقلايدىغان ۋاقىت ئەمەس، قارىغاندا بۇ خوتۇن ھەقىقەتەن قىيىن ئەھۋالدا قاپتۇ، شۇڭا ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلغان بولۇپ، چاقچىلىمىغا كىرگۈزۈۋالاي. مەقسىتىمگە يېتىدىغان بۇنداق ئوبدان پۇرسەتنى ئەمدى تاپمىقىم تەس.» ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتقان نازىمىيە شۇ خىياللاردىن كېيىن دەرھاللا گەپ باشلىدى:

— خاتىرجەم بولۇڭ، ئامالىنى ھامان تاپىمىز.

— سەندىن ئۆتۈنۈپ قالاي، كاللاڭنى ئىشلىتىپ، ئۆز تەجرىبىلىرىڭ بويىچە ئاشۇ ئايالدىن قۇتۇلىدىغان بىر ئامال تېپىپ چىققىن. قىلغانلىرىڭنى ھەسسىلەپ قايتۇرىمەن.

— بۇ گەپلىرىڭىز كۆڭلۈمگە تەگدى. بۇ گەپلەرنى باشقىلار ئاڭلىسا مېنى ئادەم ئۆلتۈرىدىغان تەجرىبىلىك قاتىل ئوخشايدۇ، دەپ قالامدۇ؟ ئەگەر سىز ئېرىمىنىڭ ئۆلۈمىنى دېمەكچى بولسىڭىز، ئۇ دۆت ئۆزىگە ئۆزى قىلدى. ئۇ دائىم ئەتراپتىن نېمىلىكىنى بىلمەيدىغان ھەر خىل ئوت - چۆپلەرنى تېرىپ كېلەتتى، گويا بۇلارنى بىلىدىغاندەك ئۇلارنى قاينىتىپ دورا ياسايمەن، دەپ يۈرەتتى. شۇ قېتىممۇ ئۇ تاغدىن گۈمبەمەدەك تېرىپ كەپتۇ. مەن ئۇنىڭغا: «ھەممىلا گۈمبەمەدەكنى يەۋەرگىلى بولمايدۇ، بىلىدىغانلاردىن سوراپ ئاندىن يەيلى» دېسەم، ئۇ زىنھار ئاڭلىمىدى. ئۇ: «بۇ كەنتتە گۈمبەمەدەكنى مەندەك بىلىدىغان ئادەم يوق» دەپ، ماڭا پىشۇرۇپ بەر دەپ تۇرۇۋالدى: مەن بولسام: «مەن بۇنداق بىلمەيدىغان گۈمبەمەدەكنى يېمەيمەن، يېسەڭ ئۆزۈڭ يە» دەپ يېمىگەنىدىم. نەتىجىدە ئۇ ئۆزى ئەكەلگەن گۈمبەمەدەكنى يەپ ئۆلۈپ قالدى. بۇ ئىشتا مېنىڭ نېمە گۇناھىم بولسۇن؟ ئۇنىڭ ھېلىقى ئۆلگۈر بۇرۇنقى خوتۇنىنىڭ ئارقامدىن تاپىمىغان گەپلىرى قالمىدى. ئادەمنىڭ ئاغزى باغلاپ قويغىلى بولىدىغان خالتا ئەمەس ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەگەر مەندە گۇناھ بولىدىغان بولسا ساقچى باشلىقى مېنى قويۇپ بېرەمتى!

مەلىھا گەرچە ئۇنىڭ ھەرقانداق گېپىگە ئىشەنمەيدىغان بولسىمۇ، يەنىلا ئىشەنگەندەك ئولتۇردى، نازمىيەنى خاپا بولۇپ قالمىسۇن دەپ، ئۇنىڭدىن ئارتۇق گەپمۇ سورىمىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ نازمىيەنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇردى ـ دە، قولىنى ئۇنىڭ تىزىغا قويۇپ ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلگەندەك تەسەللى بەرگىلى تۇردى:

— بولدى قىل، ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات، ئۇلارنى كۆڭلۈڭگە ئالما، ئۇ ئىشنى سېنى قىلدى دېگەندىمۇ، ئۆلگەن ئادەم تىرىلىپ قالامتى؟ سەندەك ساھىبجامال ئايال ئۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە كاتتا ئەرگە لايىقسەن. سەن بەربىر ئۇ يالاڭ تۆش بىلەن بىر ئۆمۈر بىللە ئۆتمەيتتىڭغۇ ! ئىككىمىز ئاچا ـ سىڭىلدەك يېقىن، ئارىمىزدا يوشۇرغۇدەك ھېچ ئىش يوق. ئەمدى ئوبدان ئويلاپ بىر پىلان تۈزۈيلى، ئەمەلگە ئېشىش ـ ئاشماسلىقىنى تەلىيىمىزدىن كۆرەرمىز. بۇ قېتىم ھەرگىز ئۆتكەن قېتىمقىدەك بۇزۇپ قويمايلى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ نازمىيە تۇيۇقسىزلا ئالدىغا ئېگىلدى. ئەمدى ھەممە ئىش ئۇنىڭغا ئايدىڭ بولۇۋاتاتتى. بۇ بۇرۇن ئايسۇننىڭ بالكوندىن يىقىلىپ چۈشۈشىنى تاسادىپىيلىق دەپ بىلگەنىدى، قارىغاندا بۇ ئىشنى مەلىھا قىپتۇ. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ مەلىھانى بۇنداق قەبىھ ئىشنى قىلىدۇ دەپ ئەسلا ئويلىمىغانىدى. تا بۈگۈنگىچە نازمىيە بۇ ئايالنى ئالداپ پۇلىنى ئالغىلى بولىدىغان دۆت خوتۇن دەپ بىلىپ كەلگەنىدى. قارىغاندا ئۇنىڭغا ئوبدان تاقابىل تۇرمىسام، ئېھتىيات قىلمىسام بولمىغۇدەك، بولمىسا ئاقىۋىتى خەتەرلىك ئىكەن، دەپ ئويلىدى نازمىيە.

— سىز مېنىڭ ئويلىغىنىمدىكىدىنمۇ ئەقىللىق ئىكەنسىز، دېگىنىڭىزگە قارىغاندا، سىز بۇ ئىشنى ئۆزىڭىز ھەل قىلماقچى بولۇپ بىر ئىشلارنى قىلىپ باققانىكەنسىز ـ دە، ھەي... پەستە سامان بارلىقىنى ئويلىماپسىز ئەمەسمۇ. ئۇ قىزنىڭ تەلىيى بار ئىكەن.

مەلىھا ئۆزىنىڭ ھاياجانلىنىپ كېتىپ مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ قويغانلىقىغا پۇشايمان قىلدى. ئەگەر بۇ گەپنى كەنتتىكىلەر بىلىپ قالىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ بارلىق پىلانلىرى سۇغا چىلاشمامدۇ! ئۇ دەرھال نازمىيەنى دوراپ، ئۇ ئىشلارنى يوققا چىقارماقچى بولدى.

— ئۇ نېمە ئىش ئىدى! مەن نېمىشقا ئۇنداق قىلغۇدەكمەن؟ ئۇنىڭ ھەممىسى ئاشۇ دۆت ئابزەرنىڭ نازلى بىلەن قاش - قاپاق ئېتىشىشقا بېرىلىپ كېتىپ، بالكوننى ياساشنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىدىن بولغان. شۇڭا، ئۇ قىز يۆلەنگەن ھامان يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. ھېلىمۇ ياخشى پەستە ئاپتاپقا سالغان سامان بار ئىكەن. ئەمما، كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلسام، ئۇ سامان بولمىغان بولسا بوپتىكەن، ئۇ چاغدا بىز ھازىرقىدەك كاللا قاتۇرۇپ ئولتۇرمايتتۇق.

بۇ ئىككىيلەن بىر - بىرىنىڭ كۆڭلىدە نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى ئوچۇق بىلىپ تۇرسىمۇ، ئەمما ئۆزلىرىنى بىلمىگەن قىياپەتكە كىرگۈزۈپ ئولتۇرۇشاتتى. شۇ تاپتا كىمكى بىر ئېغىز گەپ قىلسا، كۆڭلىدىكىنى ئاشكارىلاپ قويىدىغاندەك گەپ قىلىشماي بىرھازا جىم ئولتۇرۇشۇپ كەتتى. ئىش ھەر ئىككىسىگە ئايان، بۇ دېگەن چاقچاق قىلىدىغان ئىش ئەمەس، ھەرگىز چاقچاق قىلىدىغان ئىش ئەمەس ئىدى، ئۇ ئىشتىن سەللا چاتاق چىقسا، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىنى نەس باساتتى. ئەمەلىيەتتە نازمىيەنىڭ بۇ ئىشقا ئارىلاشقۇسى يوق ئىدى، ئەمما بۇنداق بىر پۇرسەت كەلگەنىكەن، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئاز - تولا پۇل تېپىۋالسا يامان ئىش ئەمەس - دە! ... «بۇ ئىش ئۇچۇن چارە - ئامال كۆرسىتىپ بەرگەنگە بىر يېرىم بىرنېمە بولۇپ قالامتى؟ بىرەر ئىش بولىدۇ دەيدىغان گەپ بولسا، بۇ ئەلۋەتتە مەلىھا ئويلايدىغان ئىش. مېنىڭ ئايسۇن بىلەن ھېچقانداق ئاداۋىتىم يوق.» ئەمما، نازمىيە بۇ ئىشتىن قانچىلىك تاپاۋەت تاپالايدىغانلىقىنى ئويلىغانسېرى، بۇ ئىشقا تەۋەككۇل قىلىپ

باقۇسى كېلىۋاتاتتى. ئۇلار ئاخىر چۈشكىچە بىر پىلان تۈزۈپ چىقىشتى. بۇ پىلان ئاددىي بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ قارىشىچە چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدىغان پىلان ئىدى. بۇ پىلان بىرىنچى قېتىمدا ئەمەلگە ئاشمىسا، ھېچقانداق ئادەمنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويمايتتى، شۇڭا ئۇ پىلاننى ئىككىنچى قېتىم، ئۈچىنچى قېتىم داۋاملىق قىلىشقا بولاتتى. كۆزلۈك يامغۇردىن كېيىن تاغدا گۈمبەمەدەك بەك كۆپ بولاتتى. ئۇلار مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلانماقچى بولدى. ئەمما، ئالدى بىلەن تاھىرنىڭ كۆڭلىنى تىنچىتىش، ئۇنىڭغا بىر جاۋاب بېرىش لازىم ئىدى. ئۇلار ئىككىسى بۇ ئىشنىمۇ باش قاتۇرۇپ پىلانلاپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن ئەتىسى ئەتىگەندە مەلىھا تاھىرنىغا سۆزلىشىدىغان گەپ بار، دەپ خەۋەر قىلدى.

تاھىر ئۆيگە كىرگەندە مەلىھا ئۆزى ئوينايدىغان رولنىڭ سۆزلىرىنى يادلاپ، رولغا پىششىق بولۇپ بولغانىدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن بىر خىل مەيۈسلۈك، ئۆز مەغلۇبىيىتىگە تەن ئالغاندەك قىياپەت چىقىپ تۇراتتى. ئۇلار ئىككىسى بىر - بىرىگە بىرھازا قاراپ تۇرۇشتى. ئارىدىكى جىمجىتلىقنى يەنىلا تاھىر بۇزدى:

— مېنى چاقىرتىپسەن، قارىغاندا بىر قارارغا كەلگەن ئوخشايسەن. خۇدايىم سېنىڭ بۇ قارارىڭنى ھەر ئىككىمىزگە پايدىلىق قىلغاي.

مەلىھانىڭ ئاۋازى شۇنداق بوش چىقتىكى، خۇددى پاشىنىڭ غوڭۇلدىشىدەكلا ئاڭلاندى:

— سىزنى نائۇمىد قويماسمەن.

— ئۇنداقتا سەن قوشۇلغان ئوخشىمامسەن؟

— شۇنداق، تاھىر، سىزنىڭ سۆزلىرىڭىزنى ئوبدان ئويلاپ باقتىم. راست، ئىككىمىز شۇنچە يىل بىللە ياشىغان بولساقمۇ، تا ھازىرغىچە بىر - بىرىمىزگە كۆڭلىمىز چۈشمىدى. مەن تا ھازىرغىچە بىرەر بالىمىز بولسا ئەر - خوتۇن ئىككىمىزنىڭ

رىشتىمىزنى باغلاپ قالارمىكىن دېگەن ئۈمىدتە كەلگەنىدىم. ئەمما، ئەمدى ئۇنىڭدىن ئۈمىد ئۈزۈلدى. ئويلاپ باقسام، سىزگە چېك ئېسىلىشۋالسامۇ بولمىغۇدەك. ئايرىلىپ كەتسەكمۇ بولىدىغاندەك تۇرىدۇ. بۇ ئىش ماڭا بىر يۈك بولۇپ، مېنى بەك هارغۇزۇۋەتتى. مەن سىزنىڭ گېپىڭىزگە قوشۇلاي، ئەمما مېنىڭ بىر شەرتىم بار.

— نېمە شەرت؟

— ماڭا ۋاقىت بېرىڭ، بىز ئەتىيازدا ئايرىلايلى. مەن ئۆزۈمنى ئوڭشىۋالاي. مېنىڭ دادامنىڭ كەتكۈم يوق. سىزمۇ بىلىسىز، ئەردىن چىققان خوتۇننىڭ ئۆز يۇرتىدا تۇرمۇش كەچۈرمىكى تەس. شۇڭا مەن ئانچە ـ مۇنچە ئامال ـ چارە قىلاي دەيمەن، ئۇنىڭغا تەييارلىق قىلمىسام بولمايدۇ. هازىرچە بۇ گەپ ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىلا بولسۇن، باشقىلارغا دەپ يۈرمەڭ. مېنىڭ تەييارلىقىم پۈتكەندىن كېيىن ئاندىن ئايرىلايلى. ئەلۋەتتە، ماڭا ئەللىك گېكتار يەر بېرىدىغان گېپىڭىزمۇ گەپ بولسۇن جۇمۇ!

— ماڭا چاقچاق قىلىۋاتمايدىغانسەن مەلىها، مەن قاچان گېپىمدە تۇرمىغان؟ بولىدۇ، شەرتىڭگە كۆندۈم. ئەتىيازنى ساقلايلى. ئۇنىڭدىن باشقا، سەن يەنە مېنى نېمە ئىش قىلىپ بەر دېسەڭ، مەن شۇنى قىلىپ بېرىمەن. بىز دېگەن دۈشمەن ئەمەس، يەنىلا ئەر ـ خوتۇن تۇرساق. بىلىپ قالىسەن، سەن بۇ قارارغا كەلگىنىڭگە هەرگىز پۇشايمان قىلمايسەن.

— بۇنىڭغا ئىشىنىمەن، — مەلىهانىڭ ئاۋازى يەنىلا پاشىنىڭ ۋىڭىلدىغىنىدەك شۇ قەدەر بوش ئىدى.

گەپ تۈگىدى. تاهىر گويا يەلكىسىنى بېسىپ تۇرغان ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك بىردىنلا يېنىكلەپ قالدى، شۇڭا ئۇ ئۇدۇل ئايسۇننىڭ يېنىغا كىردى. ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ مەلىها بىلەن سۆزلەشكەنلىكىنى، بۇ ئىشنى هازىرچە هېچكىمگە دېمەيدىغان بولۇشقانلىقىنى، ئىشلار ئەتىيازدا هەل بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئايسۇن ئۆزىنىڭ ئائىللىق سەزگۈسى بىلەن بۇ ئىشنىڭ ئۇنداق ئاسان ھەل بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ گۇمانىنى تاھسىنغا ئېيتتى:

— مەن ئۇنىڭ بۇ ئىشقا ئۇنداق ئاسان ماقۇل دەيدىغانلىقىغا ئىشەنمەيمەن.

— ئۇمۇ بۇنداق قارشىلىشىپ ياشاشتىن زېرىككەندۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ دېگەن پۇلغا ئامراق تۇرسا. ئۇنىڭدەك ئايال ئۈچۈن بۇنداق ئوبدان ئىشنى رەت قىلىش تازا ئەخمەقلىق بولىدۇ ـ دە!

— دېگىنىڭىزدەك بولغاي ئىلاھىم، ئەمما كۆڭلۈمدىكى ئەنسىزلىكتىن پەقەتلا قۇتۇلالمايۋاتىمەن.

— گۈزىلىم، ئۇلارمۇ سىزنى ئۆزلىرىدەك قىلىپ ئۆزگەرتىۋەتكەن ئوخشايدۇ، سىزمۇ ھەممە ئىشتىن گۇمانلىنىدىغان بولۇپ قاپسىز.

— بەلكىم شۇنداقتۇر، يېقىندىن بۇيان مەن نۇرغۇن غەلىتە ئىشلارنى باشتىن كەچۈردۈم. مەنمۇ قانداق ئويلاشنى بىلەلمەي قالدىم.

ئايسۇن كېلىپ ئېرىنى قۇچاقلاپ، بېشىنى ئۇنىڭ مەيدىسىگە قويدى. ئۇ مەڭگۈ مانا مۇشۇنداق ھالەتتە تۇرۇشنى بەكلا ئارزۇ قىلاتتى. تاھسىن ئۇنىڭ يېنىدا بولسىلا، ئۇنىڭ كۆڭلى ئەمىن تاپاتتى.

— سىز ئەتە كېتىسىز، مەن ھازىرلا سىزنى سېغىنىۋاتىمەن. سىز يېنىمدا بولمىسىڭىز، بەكلا يالغۇزلۇق ھېس قىلىدىكەنمەن.

— بۇ دېگەن سىزنىڭ ئۆيىڭىز، بەزى ئىشلارنى ھازىردىن باشلاپلا قولغا ئېلىشىڭىز كېرەك، كەلگۈسىدە قورۇقنىڭ بارلىق ھوقۇقى سىزنىڭ قولىڭىزدا بولىدۇ. شۇڭا سىز ھازىردىنلا ئايال غوجايىن بولۇشقا ماسلىشىشىڭىز كېيىن پايدىسى بولىدۇ.

بۇ گەپكە ھەر ئىككىسى كۈلۈشۈپ كېتىشتى. تاھسىن ئايالىغا چاقچاق قىلدى، مەقسىتى ئايسۇننىڭ كۆڭلىنى تىنچىتىش ئىدى.

— سىز ھازىر ھۆرۈن بولۇپ قالدىڭىز، ئوقۇشنى تاماملايمەن دېگەنىغۇ؟ مېنىڭ بولماسلىقىم ئوبدان ئۆگىنىشىڭىز ئۈچۈن ياخشى پۇرسەت. تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئوقۇشنى بالدۇرراق تاماملاڭ. ماڭا دىپلوم ئالغان خوتۇن كېرەك.

— ھە سىززە مېنى ئۆزىڭىزگە لايىق ئەمەس، دېمەكچىمۇ؟

— مەن بۇرۇن تۇخۇم پوشكىلى پىشۇرالايدىغان، ئوقۇمىغان يېزا قىزىنى ئەمرىمگە ئالسام بولدى، دەپ ئويلايتتىم، ئەمما سىز مېنىڭ بۇ خىياللىرىمنى ئۆزگەرتىۋەتتىڭىز، ئەمدىلىكتە سىز بۇنىڭدىن يېنىۋالماقچىمۇ؟

— كىمنىڭ يېنىۋالىدىغانلىقىنى كۆرۈپ قالىسىز. سىزمۇ ئۆزىڭىزنىڭ گېپىنى ئۇنتۇپ قالماڭ، مەن تولۇق ئوتتۇرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن مېنى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتناشتۇرىسىز.

تاھسىن خوتۇنىغا ئامراقلىقى كېلىپ ئۇنى تېخىمۇ بەكرەك قۇچاقلىدى. ئايسۇن ئۇنىڭغا مەلىھا بىلەن توي قىلىپ ئالتە يىلدىن بۇيان تېتىمىغان ئوتلۇق ھېسسىياتنى بىلدۈرۈپ، ئالەمچە لەززەتنى ھېس قىلدۇرغانىدى. ئۇلار توي قىلغاندىن بۇيان گويا ئۆزئارا بىلىشىدىغان، ئىشىنىدىغان، ئۇزۇن يىللىق ئىجىل ئاشىق - مەشۇقلاردەك شېرىن مۇھەببەتنىڭ پەيزىنى سۈرۈۋاتاتتى.

مانا ئاخىر تاھسىننىڭ ماڭىدىغان كۈنىمۇ كەلدى. ئۇ كۈنى تاھسىن ناھايىتى بالدۇر ماڭماقچى بولدى. بۇ قېتىمقى ئايرىلىش ئۇلار ئۈچۈن گويا ھىجران ئازابىدەك مۇشكۇل كەلدى، چۈنكى ئاشۇ شېرىن چۈشتەك ئۆتكەن مۇھەببەتلىك تاتلىق كۈنلەر ئۇلارنىڭ قەلبىگە مەڭگۈلۈك بولۇپ ئورناپ كەتكەنىدى. تاھسىن مېڭىش ئالدىدا ئۆز مەھبۇبىسىگە:

— ئامرىقىم، ئەتىيازنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈڭ. مېنىڭ قەلبىمدىمۇ «شۇنداق بىر كۈن كېلىدۇ» دېگەن سادا ياڭراپ تۇرماقتا، — دېدى.

ھالبۇكى، ئايسۇننىڭ كۆڭلىدىكى ئەنسىزلىك يوقالمىغان، بۇ ئەنسىزلىكنىڭ بىر سەۋەبى يېقىندىن بۇيان ھەجەر ئانىنىڭ سالامەتلىكى بارغانچە ناچارلىشىپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانىدى. چوڭ خانىم ھەر كۈنى ئايسۇننى پەيتون بىلەن ھەجەر ئانىنىڭ يېنىغا ئەۋەتەتتى، ھەتتا ئۇنىڭغا بىر خىزمەتكار قىزنىمۇ قوشۇپ قويغانىدى. چوڭ خانىم ھەجەرگە نۇرغۇن قىممەت قورۇقتا كۆچۈپ كېلىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ھەجەر پەقەتلا گەپ يېمىدى. ئايسۇن كەچتە قورۇققا قايتىپ كەلگەندە، ھەجەرنى يالغۇز قالمىسۇن دەپ ئۇنىڭ يېنىغا ئايسۇننىڭ ھاممىسى ئەسما كېلەتتى. ئايسۇن ئاپىسىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ئاجىزلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ باشقا ئامالى يوق ئىدى. ئۇ ھەر قېتىم قورۇققا كۆزلىرى يىغىدىن قىزارغان، چىرايى سارغايغان ھالەتتە قايتىپ كېلەتتى ـ دە، تاماق يېگۈسىمۇ كەلمەي يېتىپ قالاتتى. ئۇنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ ئازابلانغان چوڭ خانىم يەيدىغان نەرسىلەرنى ئايسۇننىڭ ھۇجرىسىغا ئەكىرىپ، ئۇنىڭغا تەسەللى بېرەتتى، چۈنكى مېھرىبان ئانا ئوغلى بۇ يەردە بولمىغان چاغلاردا ئايسۇنغا كۆيۈنۈشنى ئۆزىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى دەپ بىلەتتى. چوڭ خانىم بۇ ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي، پاك قىزنى ئۆز قىزىدەك ياخشى كۆرۈپ، ئۇنى بەكلا ئاسرايتتى.

ئىككى كۈندىن بۇيان قورۇقتا گۇمبەمەدەك زىياپەتتى ئۆتكۈزۈلۈۋاتاتتى. ھەر يىلى مۇشۇ پەسىلدە ئۆمەر بېگىم ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك ئادەملىرىنى تاغقا گۇمبەمەدەك تېرىپ كېلىشكە ئەۋەتەتتى، ئاندىن ئاشپەزلەرگە ھەر خىل تائاملارنى قىلدۇرۇپ، كەنتتىكى يۇز ـ ئابرۇيلۇق ئادەملەرنى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى چاقىرىپ مېھمان قىلاتتى.

جىددىيلىشىپ قويغان ـ تۇتقىنىنى بىلەلمەي قالغان مەلىھا نازمىيەنىڭ كېلىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈپ ئولتۇراتتى. ئەمەلىيەتتە، ھەممە ئىشلار ئۇلارنىڭ پىلانىدىكىدەك بولۇۋاتاتتى.

تىنچسىزلانغان مەلىھا ئۆيدە ھە دەپ ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ غوتۇلدايتتى: «بۇ خوتۇن نەگە كەتكەندۇ؟ ئەگەر بۇگۈن ئۆتۈپ كېتىدىغان بولسا، قىلغان ئەجرىمىز بىكارغا كېتىدۇ ـ دە !» دەل شۇ چاغدا ئىشىك سىرتىدىن ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى، مەلىھا دەرھال بېرىپ ئىشىكنى ئېچىۋىدى، نازىمىيە ئىكەن.

ـــ خۇداغا شۈكۈر، ئاخىر كەلدىڭ. مەن ئەتىگەندىن بېرى سېنى ساقلاپ تاقىتىم تاق بولدى. نەگە يوقاپ كەتتىڭ؟ بۈگۈنى قولدىن بېرىپ قويساق، باشقىچە پىلان قىلمىساق بولمايتتى.

ـــ بەك جىددىيلىشىپ كەتمەڭ خانىم، سىزگە لازىملىق نەرسىنى تېپىش شۇنداق ئاسان دەپ قالدىڭىزما؟ بۇ دېگەن شۇنداق ئالاھىدە گۈمبەمەدەككى، يېگەن ئادەم تىمن تارتماي ئۆلىدۇ. ھەرقانداق دورىمۇ كار قىلمايدۇ. ھەتتا بۇ گۈمبەمەدەكنى يىشۇرغان قازانىمۇ قايتا ئىشلەتكىلى بولمايدۇ، ھەرقانچە يۇغان بىلەنمۇ بىكار، باشقىدىن قەلەي يالىتىش كېرەك.

شۇنداق دەپ نازىمىيە قوينىدىن بىر بولاق نەرسىنى چىقاردى. ئۇ بىرنەچچە قەۋەت قەغەزگە ئورىلىپ، ئاندىن كەشتىلەنگەن قول ياغلىققا باغلانغان گۈمبەمەدەك ئىدى.

ـــ سىزنى پېشكەللىكتىن قۇتۇلدۇرىدىغان نىجاتكارىڭىزنى ئېلىڭ. لېكىن، بەك دىققەت قىلىڭ. مېنىڭ دېگىنىمدەك بىر چىنە سۇ بىلەن يېرىم سائەت قاينىتىڭ. بۇ گۈمبەمەدەكنى قايناتقان قازاننى ئاپىرىپ بىر قەۋەت قەلەي يالاتمىسا ھەرگىز ئىشلەتكىلى بولمايدۇ. ئەمدى بۇ گۈمبەمەدەكنى ئۇ قىزغا قانداق ئەكىرىپ بېرىش سىزنىڭ كارامىتىڭىزگە باغلىق بولۇپ قالدى. مېنىڭ قىلىدىغانلىرىم مۇشۇنچىلىك. مەن قاراڭغۇ چۈشمەستە كېتىۋالاي، شازىيە ماڭا: «بىر كېلىپ كەتسەڭ، ساڭا دەيدىغان گەپ بار ئىدى» دەپتۇ. سىزمۇ بىلىسىز، ئۇ تۇرانىنىڭ ئىشى بىلەن كۆڭلى بەك پاراكەندە. ئۇ ئېرىنى بىرەر گەپ ـ سۆزدە چاندۇرۇپ قويامدىكىن دەپ ئەنسىرەپ، ئەتىدىن ـ كەچكىچە دەككە ـ دۈككە ئىچىدە يۈرىدۇ. بۇ ئىشتىن مەنمۇ بەك ئەنسىرەپ

يۇرىمەن. مەن ئۇنىڭكىگە بىرىپ باقاي، ئۇ دۆت سىڭلىمنىڭ نىمە دەردى باركىن؟

نازىمىيە كەتتى. مەلىها دەرھال ئۆز ئىشىغا تۇتۇش قىلدى. ئۇ كۆپ پۇلغا كەلگەن بولاقنى ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن ئاچتى، ئۇنىڭ ئىچىدە ياڭاق چوڭلۇقىدا ئۈچ دانە گۇمبەمەدەك بار ئىدى. ئۇلار شۇنداق ئوماق گۇمبەمەدەكلەر ئىدىكى، ئۇلارنىڭ ئۇنداق ھەيران قالارلىق كارامىتى بارلىقىغا ئادەمنىڭ ھەرگىز ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. مەلىها گۇمبەمەدەكلەرنى دەرھال نازىمىيەنىڭ ئېيتىپ بەرگىنى بويىچە پىشۇردى، ئاندىن قازانغا تۇز كىسلاتاسىنى قۇيۇپ، قازاننىڭ قەلەي قەۋىتىنى يوق قىلىۋەتتى. ئەمدى ئەتە بۇ قازاننى ئىنىس ـ جىنغا بىلدۇرمەي، ئاشخانىدىكى قەلەي يالىتىپ كېلىدىغانغا قويۇپ قويغان قازانلار ئارىسىغا ئاستا تىقىپ قويسىلا بولاتتى. ھەممە ئىش پۈتتى. ئەمدىكى مەسىلە، بۇ گۇمبەمەدەكنى قانداق قىلىپ ھېچكىمگە بىلدۈرمەي ئايسۇنىنىڭ تامىقىغا قوشۇپ قويۇش ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن كەچ بولۇشىنى كۈتۈش كېرەك. بۇ بىرنەچچە كۈندىن بۇيان، ئايسۇن ھەر كۈنى ئاپىسى ھەجەرنىڭ يېنىغا كېتىپ، كەچلىك تاماقتىن كېيىن قايتىپ كېلەتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ كەچلىك تامىقىنى ھۇجرىسىغا ئاچىقىپ بېرىشەتتى. مەلىها ھەجەرنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ قاپتۇ دەپ ئاڭلىغان. شۇڭلاشقىمىكىن ئايسۇن سولىشىپ، ئوبدانلا ياداپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئاپىسىنىڭ كېسىلى ئۈچۈن ئازار يەۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. ھەجەر ئايسۇنىنىڭ ئۆز ئاپىسى ئەمەس تۇرۇپ بۇنداق بولۇۋاتقان يەردە، ناۋادا ئۇ تۆگەپ كېتىدىغان بولسا قانداق قىلار؟ ئۇنىڭ بۇ دۇنيادا ھېچقانداق قېرىندىشى قالمايتتى. مانا ھەجەرمۇ بۇ ئالەمدىن ۋىدالىشىدىغان بولدى. ئۇ ئايسۇننى قانداق قىلىپ تاھسىنغا باغلاپ قويىدى؟ راست، نازىمىيە توغرا دەيدۇ، بۇ قىزنىڭ تەلىيى بار ئىكەن. «ئەمدى مەن سىنىڭ قانچىلىك تەلەيلىك ئىكەنلىكىڭنى بىر كۆرۈپ باقاي. سەن بۇرۇن بىر قۇتۇلۇپ

قالـدىڭ. ئەمدى قـېچىپ قـۇتۇلالمايسەن. ھەمـمـە ئىش بـۈگـۈن ئاخشام بىر تەرەپ بولىدۇ.»

ھازىر كۈن قـىسقا بـولغاچـقـا، قاراڭغـۇمـۇ چۈشۈپ بـولـدى. كەچلـىـك تاماقـنـى بالدۇر يـېـگەچكـە، كـەلگەن مـېـھمـانـلارمـۇ كېـتـىشتـى. ئـۇزاق ئۆتمـەيلا قورۇقـتـېـكىـلـەرمـۇ ئۇخـلاشـقـا تەرەددۇتـلاندى. قـىش كـۈنى يېـزا تـۇرمۇشـىـدا بـىر كـۈن مـانـا مۇشۇنداق تېزلا ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئەتراپ شۇ ھامان تىمتاسلىقـقـا چۆمىدۇ. بىر چاغدا مەلىھا سىرتتىن كەلـگەن پەيتـونىنىڭ لاپـاس ئاستىدا توختىغانلىقىنى كۆردى ـ دە، ئەسەبىيلەشكەن ھالدا ئـۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەپ كەتتى:

ـــ ۋاي ئۆلگۈر، ئاناڭنىڭ قورسىقىدا مۇشۇنداق نەگە بارساڭ پەيتونغا ئولتۇرامتىڭ؟

مەلىھا دەرھال ئۆز ئۆيىگە كىرىپ، ئـىشىكـنى قـىيـا ئېچـىـپ قويۇپ، سـىـرتـتـىـكى ئاۋازلارغـا قـۇلاق سالدى. چـوڭ خـانىمـمـۇ پەيـتونـىـڭ كەلگـەنلـىكـىـنى ئاڭـلـىغان بـولـسا كېـرەك، ئـۆز خانىسىدىن چىقىپ، ئۆز ئۆيىگە كېتىۋاتقان ئايسۇنىنـىڭ ئالدىغا كەلدى:

ـــ قىزىم، ئاپىڭىز قانداقراق؟ ئەتە مەنمۇ سىز بىلـەن بىللـە باراي.

ئـايسۇنىـنىڭ كۆز يېـشى گـويـا يـىپى ئـۈزۈلـگەن مارجـانـدەك تۆكۈلدى. ئۇ ئېسەدەپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

ـــ ھېچقانداق ياخشىلىنىش يوق ئـاپا، ھېچـقـانچە، ئـەتىگەنـدە يامان ئەمـەس ئىدى، چۈشـتـىن كـېـيـىنلا ئـۆزگىرىـپ، مـېنىمـۇ تـونۇماس بولـۇپ قالدى. مەن ئـەسلـي بـۈگۈن قايتـىـپ كەلمـەي دېگەنىدىم، ئەمما ئەسما ھامىمام مېنى كەتكۈزۈۋەتتى.

ـــ ئەسما توغرا قىپتۇ. نەچچە كۈندىن بېرى سىز بەك ئـازاب چەكتىـڭىز، تـامـىقـىـڭىزنى يەپ تـېزرەك ئارام ئـېـلىڭ. ئـەتـە ئەتىگەندە بىللە بارايلى. بىـزنىڭ قولـىمىزدىن نېمە كـېلەتتـى؟ ئۇنىڭ ئاغرىق ئازابىنى يەڭگىللىتەلمەيمىز. ئۆزىڭىزنى روھلـۇق

تۇتۇڭ، سىز غەيرەتلىك بولمىسىڭىز بولمايدۇ.
ئايسۇننىڭ ئازابىنى يۇتماقتىن باشقا نىمە ئامالى بولسۇن؟ ئۇنىڭ ئاشۇ چىرايلىق قوڭۇر كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلۈپ تۇرغاچقا، كۆز ئالدىنى غۇۋالاشتۇرۇۋەتكەنىدى. ئۇ ئاستا ئۆز ئۆيىگە كىردى. چوڭ خانىم خىزمەتكار قىزلارغا ئاشخانىغا خەۋەر قىلىپ، ئايسۇننىڭ تامىقىنى ئۆيىگە ئاچىقىپ بېرىشىنى تاپىلىدى. ئەمما، ئايسۇنچە بولسا، ئۇ شۇ تاپتا ھېچ نەرسە يېمەي، ئۇخلىسا بولاتتى.
مەلىھا پەلەمپەينىڭ ئايلىنىدىغان يېرىدە كىمنىڭ ئۇستۇنكى قەۋەتكە چىقىدىغانلىقىنى ساقلاپ، گويا بۆكتۈرمىدىكى ئاچ كۆز يولۋاستەك يوشۇرۇنۇپ تۇردى. ئۇزاق ئۆتمەي پەتنۇس كۆتۈرگەن ھەنىفە كۆرۈندى. ئۇ كۆتۈرۈۋالغان پەتنۇستا بىر چىنە شورپا، بىر تەخسە گۆش بىلەن قورۇلغان گۈمبەمەدەك، بىر چىنە گۈرۈچ دۈملىمىسى ۋە بىر ئىستاكان ئۈزۈم شەربىتى بار ئىدى. ھەنىفەنى كۆرگەن مەلىھا گويا كۆڭلى تىنغاندەك بىر ئۇھ تارتىپ قويدى ۋە ھەنىفەنىڭ يېقىنلىشىشىنى كۈتتى. ھەنىفە پەلەمپەي دوقمۇشىغا كەلگەندە، مەلىھا ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ، ئۇنىڭغا قولىدىكى چۆگۈننى تەڭلەپ:
— دەرھال بېرىپ ماڭا بىر چۆگۈن سۇ ئەكېلىپ بەر، — دېدى.
— بولىدۇ، خانىم، مەن ماۋۇ پەتنۇسنى يېڭى خانىمنىڭ ئۆيىگە ئەكىرىپ بېرىۋېتىپلا ئەكېلىپ بېرەي.
— مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ مەن ساڭا تېزرەك سۇ ئەكېلىپ بەر دەۋاتىمەن. پەتنۇسنى ئورۇندۇققا قويۇپ قوي، مەن قاراپ تۇرىمەن، مۇشۇك ـ پۇشۇك دېگەن نەرسىلەر چىقمىلالمايدۇ. تېز بېرىپ بىر چۆگۈن سۇ ئەكېلىپ بەر.
ھەنىفە ئىلاجسىز قولىدىكى پەتنۇسنى ياندىكى ئورۇندۇققا قويدى ـ دە، مەلىھانىڭ قولىدىكى چۆگۈننى ئېلىپ، يۈگۈرگەن پېتى پەلەمپەي بىلەن پەسكە چۈشۈپ كەتتى. مەلىھا دەرھاللا

ئۆزى پىشۇرۇپ تەييارلاپ قويغان گۇمبەمەدەكنى تەخسىدىكى گۆش بىلەن قورۇلغان گۇمبەمەدەك قورۇمىسىغا ئارىلاشتۇرۇۋەتتى. بۇ ئىشلارنى قىلىۋاتقاندا ئۇنىڭ يۈرىكى گويا قېپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك قاتتىق دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى. ئاخىر ئۇ ھەممە ئىشنى پۈتكۈزدى. ئۇ ئەنسىزلىك ئىچىدە ئەتراپقا سەپسالدى، ئەتراپتا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. ئۇ پىلاننى ناھايىتى چەبدەسلىك بىلەن تەلتۆكۈس تاماملىغانىدى.

ھەنفە پەلەمپەيدىن چىققاندا، مەلىھا ئاللىقاچان ئۆزى بايا تۇرغان يېرىدە ھەنفەنى ساقلاۋاتاتتى. ئۇ ھەنفەنىڭ قولىدىن چۆگۈننى ئېلىپ:

— تاماقنى تېز ئەكىرىپ بەر، سوۋۇپ قالمىسۇن، — دېدى.

مەلىھا ئۆيىگە كىردى. ئەمما، ھاياجانلانغىنىدىن ئۆزىنى باسالمايلا قالدى. ئۇنىڭ شۇملۇق چىقىپ تۇرىدىغان كۆزلىرىدىن چاقنىغان سۇرلۇك نۇرنى كۆرگەن ئادەمنىڭ تېنى شۈركۈنەتتى. ئۇ ئۆزىنى سەل بېسىۋېلىپ ھەنفە ئەكەلگەن چۆگۈندىكى سۇنى چاي قايىنىتىش ئۈچۈن ئوچاققا قويدى. بىرھازادىن كېيىن سىرتتا پەيتوننىڭ ماڭغان ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولدى، ئاندىن يەنە ئۆمەر بېگىمنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. قارىغاندا، ئۇ ئاخىرقى مېھمانلىرىنى ئۇزاتقان چېغى. ئادەتتە بېگىم بالدۇرلا ياتاتتى، ئەمما بۈگۈن بۇ چاغقىچە ياتمىغان، گويا مەلىھانىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلەپ قويماقچى بولغاندەكلا ئىش بولغانىدى.

تاڭ سەھەردە، قورۇقتىكىلەر بىردىنلا پاتىپاراق بولۇپ كېتىشتى. ئۇ ئاۋازلارنى مەلىھا ئاڭلىغان بولسىمۇ، ئورنىدىن تۇرمىدى، چۈنكى بولۇۋاتقان ئىشلار ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئايان ئىدى. ئۇ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى ـ دە، يوتقىنىنى تارتىپ يانلىرىنى قىستۇرۇپ، باشقىدىن ئۇيقۇغا كەتتى.

ئايسۇن ھەنفە ئەكىرگەن شورپىنى ئەمدىلا ئىچىپ تۇراتتى، ئەسما ھامىمىسىنىڭ ئۇنى تېز كەلسۇن دېگەن خەۋىرى كەلدى. ھەجەر ئانا ھوشىغا كېلىپ، ئايسۇننى ئىزدىگەنىكەن. بۇ خەۋەرنى

ئاڭلىغان چوڭ خانىمنىمۇ كېلىنىنى بۇ ئازابلىق كۈندە يالغۇز قالمىسۇن دەپ، ئايسۇن بىلەن بىللە كەتتى. شۇ سەھەردە، ھەجەر ئانا ئايسۇننىڭ قۇچىقىدا خاتىرجەم جان ئۈزدى. ئايسۇن ئۆزىنى ھاياتىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر يۆلەنچۈكىدىن ئايرىلغاندەك، بۇ جاھاندا يەككە ـ يېگانە، يالغۇز قالغاندەك ھېس قىلىپ، تاھسىننى كۆرگۈسى كەلدى، ئۇنىڭ ئىللىق مېھرىگە، ئۇنىڭ تەسەللىلىرىگە تەشنا بولدى. تاھسىننىڭ ئۆزى ئۈچۈن نەقەدەر مۇھىملىقىنى يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر ھېس قىلدى، شۇ تاپتا ئۇ يېنىدا بولسا ئىدى، ئۆزىنى تاھسىننىڭ باغرىغا ئېتىپ، بېشىنى ئۇنىڭ يەلكىسىگە قويۇپ، تازا بىر پۇخادىن چىققۇچە يىغلىۋالغان بولسا بولاتتى. ھەجەر ئانا كەتتى. بۇنىڭدىن كېيىن ئايسۇن كىچىكىدىن تارتىپ چوڭ بولغان بۇ ئۆينىڭ ئىشىكى تاقىلىدۇ. بۇ رېئاللىقنى قوبۇل قىلىش، ھەجەر ئانىسىز ياشاشقا كۆنۈش ئۈچۈن ئايسۇنغا ئۇزاق مەزگىل كېتەر، ئەمما ئايسۇن ئاھ ئۇرۇپ، جاھاننى بېشىغا كىيىپ يىغلاپمۇ كەتمىدى، قاتتىق ھازىمۇ تۇتمىدى. ئۇ بارلىق ئازاب ـ ھەسرىتىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ھەممىگە بەرداشلىق بەردى. چوڭ خانىم بۇ كىچىك كېلىنىنىڭ يېشى كىچىك بولسىمۇ، بۇنچىۋالا غەيرەتلىكلىكىگە قاراپ، ئۆز ھەيرانلىقىنى يوشۇرالماي قالدى. ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئامراقلىقى كېلىپ، ئۇنىڭغا بولغان ئىشەنچى ھەسسىلەپ ئاشتى. ئۆزىنىڭ بۇ قىزنى ناھايىتى توغرا تاللىغانلىقىغا چىن كۆڭلىدىن رازى بولۇپ، كۆڭلى تېخىمۇ ئەمىن تاپتى. تاھسىنىڭمۇ ئۆز تۇرمۇشىدىن بەخت تاپقانلىقى مانا مەن دەپلا بىلىنىپ تۇراتتى.

مەلىھا ئويغانغاندا، قۇياش نەيزە بويى كۆتۈرۈلگەنىدى. ئۇچاقتىكى ئوتمۇ ئۆچۈپ قالغان، ئۆي ئىچى مۇزلاپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئىسسىق يوتقاندىن چىققۇسى كەلمەي، تازا خالىمىغان ھالدا ئورنىدىن تۇردى. بۇگۈن ئۇنىڭ كەيپىياتى ناھايىتى ئوبدان، شۇڭا ئۇنىڭ يىغلاپ ھازا ئېچىۋاتقان ئادەملەرنى ئەسلا كۆرگۈسى يوق. ئۇنىڭ ئاپىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن بۇيان ئۇ

ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆلۈمگە پەرۋا قىلمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ تاھسىننىڭ بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلىغان چاغدىكى قىياپىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ باقتى. سەندە يەنە مەندىن ئايرىلمەن دەيدىغان غەيرەت بولارمۇ؟ ئۇ لايغەزەللىك بىلەن سوزۇلۇپ كىرىلدى.

— ئايسۇن خېنىم، سىز تۇگەشتىڭىز، ئالدىدا نازلى يوق بولدى، مانا ئەمدى سىز. سىلەر ئۆزۈڭلارچە مېنى يېڭىمىز دېمەكچىمۇ؟ قاراڭلارچۇ، ئۆزۈڭلار قانداق ھالغا چۈشۈپ قالدىڭلار؟ ئەمدى مېنىڭ ئارزۇيۇمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ھېچقانداق نەرسە توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ.

مەلىھا ئورنىدىن تۇرۇپ، قىلىن كىيىملىرىنى كىيدى. ھاۋا ئوچۇق بولسىمۇ، سەل سوغۇق ئىدى. ئۇ قورۇقنىڭ ھازىرغىچە تىنچ تۇرغانلىقىغا ھەيران بولدى. «بەلكىم ئۇلار تېخى دوختۇرخانىدىن قايتىپ كەلمىگەچكە، شۇم خەۋەر بۇ يەرگە يېتىپ كەلمىگەندۇ. ياخشىسى ھەنىفەنى چاقىراي، ئۇ ئوچاققا ئوت ياقسۇن، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئاغزىدىن بەزى گەپلەرنى ئاڭلىيالايمەن.» قورۇقتا ئىيتقىپ يۈرگەن ھەرقانداق سۆز ــ چۆچەكلەر، بولۇۋاتقان ئىشلارنىڭ خەۋىرىنى ھەنىفەنىڭ ئاغزىدىن ناھايىتى ئەينەن بىلگىلى بولاتتى. ئۇ قىز ھەممە ئىشنى بىلىشكە قىزىقىدىغان بولغاچقا، ھەممىدىن خەۋەردار ئادەملەردەك پۈتۈن ئىشلارنى بىلىپ تۇرىدۇ. مەلىھا ئىشىكتىن چىقىپ، پەلەمپەيدىن چېلەك كۆتۈرۈپ چۈشۈۋاتقان ھۆرىيەنى كۆردى. ھۆرىيەنىڭ ئىككى كۆزى يىغىدىن قىزىرىپ كەتكەنىدى. خەۋەر قورۇققا يەتكەن گەپ. مەلىھا گويا ھېچ ئىشتىن بىخەۋەردەك ھۆرىيەگە ۋارقىرىدى:

— ھەنىفەنى چاقىرىۋەتكىنە، كىرىپ ئوچاققا ئوت قالىۋەتسۇن، ئاندىن ئاشخانىغا قاراپ باق، يېڭى بولكا پىشۇردىمىكىن؟

ھۆرىيە مەلىھاغا ھەيران بولۇپ قاراپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇنىڭ

بۇ قاراشلىرىغا مەلىھانىڭ دەرھال ئاچچىقى كەلدى:
— نېمە بولدى؟ ماڭا نېمىشقا گومۇشتەك قارايسەن؟ گەپلىرىمنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟
— خانىم، سىز تېخى ئاڭلىمىدىڭىزمۇ؟
مەلىھا ھېچ نەرسىنى بىلمىگەندەك ھەيران بولۇپ سورىدى:
— نېمىنى ئاڭلىماي قالغاندۇرمەن؟
ھۆرىيە ئۆزىنى تۇتالماي ئۆپكىدەپ يىغلاپ كەتتى:
— ھەنىفە ئۆلۈپ كەتتى خانىم، ئەتىگەندە جان ئۈزدى.
مەلىھاغا گويا ئاسمان كۆمتۈرۈلۈپ، جاھان ئۆڭتۈرۈلۈپ كەتكەندەك بىلىنىپ، چىرايى بىردىنلا قورقۇنچلۇق ھالەتكە كىردى، ئۇ گويا ئۆزىنىڭ تۇتقان، قويغىنىنى بىلمەيدىغان ساراڭدەك ھۆرىيەنى تارتقۇشلاپ ئاغزىغا كەلگەننى سۆزلەپ كەتتى:
— ھەنىفە ئۆلۈپ كەتتىما؟ سىلەر يالغان دەۋاتىسىلەر، ئۇ نېمىشقا سەۋەبسىزلا ئۆلۈپ كېتىدۇ؟
— ئۇ ئاخشام گۆمبەمەدەك يەپ زەھەرلىنىپ ئۆلۈپتۇ، بازاردىكى دوختۇر شۇنداق دەپتۇ.
— گۆمبەمەدەك يەپ زەھەرلىنىپ ئۆلۈپتۇ؟ باشقىلار ھېچ نەرسە بولماپتۇمۇ؟
— ياق خانىم، دوختۇر ئەگەر باشقىلارمۇ يېگەن بولسا، ئۇلارمۇ زەھەرلەنگەن بولاتتىكەن، دەپتۇ. ئەمما، باشقىلار ساق - سالامەت.
مەلىھا ھەيرانلىقتا خۇدىنى يوقاتقاندەك بولۇپ قالدى. ئۇ ئۆزى بىلمەكچى بولغان ئىشنى سوراپ بىلىش بۇياقتا تۇرسۇن، نەدىكى يوق گەپلەرنى سوراپ كەتتى، بۇنىڭغا ھۆرىيە ھەيران بولۇپ قاراپلا قالدى.
— چوڭ خانىم بىلەمدۇ؟ ئۆمەر بېگىمگە ئېيتتىڭلارمۇ؟
— ئەلۋەتتە خانىم، سەھەر ھەنىفەنىڭ ئەھۋالى ئېغىرلىشىپ كەتكەندە، بىز غوجىدار خانىم خەدىچەنى ئويغاتتۇق. ھەنىفە

بازارلىق دوختۇرخانىغا ئەكېتىۋاتقاندا جان ئۈزدى. ئاخشام چوڭ خانىم كېلىنچەك بىلەن ھەجەر ئانىنىڭ ئۆيىگە كەتكەنىدى. ھەجەر ئانىمۇ تاڭ سەھەردە جان ئۈزۈپتۇ. بۈگۈن بىر چوڭ مۇسىبەتلىك كۈن بولدى.

مەلىھانىڭ كاللىسى سەل سەگەكلەشكەندەك بولۇپ، ئىشنى سەل - پەل ئاڭقىردى - دە، سەپراسى بىردىنلا ئۆرلەپ جۇدۇنى تۇتتى، ئۇ ھەتتا ياندا ھۆرىيەنىڭ بارلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ سۆزلەپ كەتتى:

— ئاچپاقا ئۆلگۈر، سەن ئالدىڭغا كەلگەننى يەۋەرگەچكە مانا مۇشۇنداق ھالغا قالدىڭ.

مەلىھا ئۆزىگە قاراپ قېتىپلا قالغان ھۆرىيە بىلەنمۇ چاتىقى بولماي، ئىشىكنى جالاقىدە يېپىپ ئۆز ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

ھۆرىيە مەلىھانىڭ سۆزلىرىگە ھەيران بولۇپ داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالغانىدى. بىردىنلا چوڭ خانىمنىڭ ئۆزىنى ساقلاۋاتقانلىقى ئېسىگە كەلدى - دە، دەرھال بېرىپ چېلەكنى قويۇپ، كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ، ھەجەر ئانىنىڭ ئۆيىگە بېرىشقا جابدۇندى. بۈگۈن پېشىندە ھەجەر ئانىنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلەتتى. ھۆرىيە پەلەمپەيدىن چۈشۈپ كېتىۋېتىپ، مەلىھانىڭ ئىشىكىگە نەپرەتلەنگەن ھالدا قاراپ قويدى - دە، پەقەت ئۆزىلا ئاڭلىغۇدەك قىلىپ:

— زەھەرلىك چايان، ئازراقمۇ كۆڭلى يېرىم بولمىدى. خۇدايىم سېنىڭمۇ كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسىتەر، — دېدى.

مەلىھا ئۆيىدە ئىككى قولى بىلەن بېشىنى چاڭگاللاپ بەدىنىنى ئالدى - كەينىگە چايقاپ، كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا مىختەك تىكىپ ئولتۇراتتى، كۆزلىرى گويا ئولجىسىغا تىكىلگەن يولۋاسنىڭ كۆزلىرىدەك پارقىراپ كەتكەنىدى. بولغان ۋەقە ئۇنىڭغا قاتتىق تەسىر قىلغان، ئۇ ئىشنىڭ بەربات بولغانلىقىدىن پەيدا بولغان كۆڭۈل مالىمانچىلىقىنى يوق قىلىشقا تىرىشماقتا، ئۆزىنى بەزلىمەكتە ئىدى:

— ئايسۇن خانقىز، سەن قۇتۇلۇپ قالدىڭ، يەنە بىر قېتىم ئامان قالدىڭ. مەن سېنى يوق قىلىۋېتەلمەمدىم؟ سەن ئۆزۈڭچە شۇنداق ئويلاپ قالدىڭما؟ قاراپ تۇر، سېنى ئۆز قولۇم بىلەن ئۇجۇقتۇرۇۋېتىمەن. مەن ئۇنداق ئاسان مەغلۇپ بولمايمەن، — ئەمما ئۇنىڭ ئاۋازى خۇددى پاشىنىڭ ۋىڭىلدىغىنىدەك بەكلا بوش ئىدى.

بىرسى ئىشىكنى چەكتى. مەلىھا ئېسىنى يىغىپ، ئورنىدىن ناھايىتى تەستە تۇردى. سوغۇق ئۆيدە بىرنەچچە سائەت ئولتۇرغاچقا، ئۇنىڭ بەدىنى توڭلاپ ئۇيۇشۇپ كەتكەنىدى. ئىشىك ئالدىدا بىر خىزمەتكار قىز تۇراتتى. مەلىھا ناھايىتى قىينالغان ھالدا ئاۋازىنى تەستە چىقاردى:

— نېمە بولدى، بىرەر ئىش بارما؟

ئۇ قىز ھەنفەنىڭ ئۆلۈمىدىن بەكلا قورقۇپ كەتكەن چېغى، مەلىھانىڭ غەلىتە ئەلپازىغىمۇ دىققەت قىلمايلا سۆزلەپ كەتتى:

— ساقچى ئىدارىسىدىن ئادەم كەپتىكەن. ھەممەيلەننى ھويلىغا يىغىلسۇن دەيدۇ.

ساقچى دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ مەلىھانىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىغا بىر خىل قورقۇنچ ئولاشقان بولسىمۇ، ئەمما دەرھاللا ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشتى. مېنىڭ تەخسىدىكى قورۇمىغا گۇمبەمەدەكنى ئارىلاشتۇرغانلىقىمنى ھېچكىم كۆرمىگەن. شۇ تاپتا ئۇنىڭ قەلبىدە ئازراقمۇ ۋىجدان ئازابى ۋە ئۆكۈنۈش يوق ئىدى. ئۇ قىلىن پوپايكىسىنى كىيىپ، پەرۋاسىز قىياپەتتە تۆۋەنگە چۈشتى. ساقچى باشلىقى ھەنفەنىڭ ئۆلۈمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك يىپ ئۇچى تېپىش مەقسىتىدە ھەربىر ئادەمنى سوراق قىلدى، ئەمما ھەنفەنىڭ ئۆلۈمىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان ھېچقانداق جاۋابقا ئېرىشەلمىدى. ئاخشام گۇمبەمەدەكنى ھەممە ئادەم يېگەن، ھەتتا كەلگەن شۇنچە كۆپ مېھمانمۇ يېگەن، ئەمما ھېچكىم بىئاراملىق ھېس قىلمىغان. ھەنفە ئايسۇننىڭ ئۆيىدىكى پەتنۇسنى ئالغىلى كىرگەندە، ئايسۇن قوشۇقمۇ تەگكۈزمىگەن

گۆش بىلەن قورۇلغان گۇمبەمەدەك قورۇمىسىنى كۆرۈپ، يىگۇسى كېلىپ، ھەممىنى يەۋەتكەن، ئەمما بۇنى ھېچكىم كۆرمىگەن. ئاخىرىدا، ھەنىفە ئاچ كۆز بولغاچقا، سىرتتىن ئۆزى تېرىپ كەلگەن گۇمبەمەدەكنى يەپ ئۆلگەن، دېگەن نەتىجە چىقىرىلىپ، بۇ ئىش تۈگىگەن بولدى.

# توققۇزىنچى باب

قىش كىردى. ئېتىز - ئېرىقلارنى، ئۈزۈمزارنى، پۈتۈن يەر - جاھاننى ئاپئاق قار قاپلىدى. كىشىلەر سوغۇقتىن قورقۇپ، ئىشى بولمىسا سىرتلارغا چىقمايتتى. كەنتتىن بازارغا بارىدىغان يولنىڭمۇ قار بىلەن ئېتىلىپ قالغىنىغا بىر ئاي بولغانىدى. تاھسىنىنىڭ كەنتكە كەلمىگىنىگە ئىككى ئاي بولدى. ئايسۇن بىلەن تاھسىن بۇنداق ئۇزاق ۋاقىت دىدار كۆرۈشەلمىگەچكە، ھىجران ئازابى تارتىشىپ، كۈنلەرنى ناھايىتى تەستە ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. سىم يولى ئۇلانغان چاغدىلا ئۇلار تېلېفوندا سۆزلىشەلەيتتى، بىر - بىرىگە قېنىشمىغان بۇ بىر جۈپلەر كۆپ چاغلاردا تېخى كۆڭۈل سۆزلىرىنى ئېيتار - ئېيتمايلا سىم يولى يەنە ئۈزۈلۈپ قالاتتى. ئايسۇن ھەجەر ئانىسىغا بىر مەزگىل قارىلىق تۇتۇپ، كىتابمۇ كۆرمىدى، رەسىممۇ سىزمىدى. ئاخىر تەقدىرگە ئەلھۆكمىلىللا ئېيتىپ، كۈندىلىك تۇرمۇشنى ئۆز ئىزىغا چۈشۈردى. ئۇ ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقىتنى تولدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن، دەرسلەرنى تىرىشچانلىق بىلەن تەكرارلىدى. ئەمەلىيەتتە تاھسىنىڭ ئۆيدە بولماسلىقى ئايسۇن ئۈچۈن دەرسلەرنى ئوبدان تەكرارلىۋالىدىغان ياخشى پۇرسەت ئىدى. تاھسىنمۇ مېھرىبان ئايالىنى بەكلا سېغىنغانىدى، ئۇ تېلېفوندا يول ئېچىلغان ھامان ئايسۇننى شەھەرگە ئەكېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

مەلىھا بىرنەچچە ۋاقىت ئۆيدىن تالاغا تۈزۈك چىقماي، ئەتىدىن كەچكىچە دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ خامۇش ھالەتتە ئولتۇردى، تاماقنىمۇ تۈزۈك يېمەيتتى، چىرايى سارغىيىپ، ئورۇقلاپ كەتتى. كەلگەن مېھمانلار بىلەنمۇ تۈزۈك

كۆرۈشمەيتتى. بۇ ئىش چوڭ خانىمغا باشقىچە بىلىندى بولغاي، ئاخىر بىر كۈنى ئەتىگەندە ئۇ چوڭ كېلىنى مەلىھانى ئۆز خانىسىغا چاقىرتىپ سۆزلەشتى:

— قارىغىنا، مەلىھا، يېقىندىن بۇيان سەن باشقىچىلا بولۇپ قالدىڭ، يا تۇزۇك تاماق يېمەيسەن، باشقىلار بىلەنمۇ سۆزلەشمەيسەن، چىرايىڭ سارغىيىپ، جۇدەپ كەتتىڭ. بىزگە دېمىگەن بىرەر دەردىڭ بارمۇ، قانداق؟ سەن خالىساڭ، يول ئېچىلىسىلا سېنى بازاردىكى دوختۇرغا ئاپىرىپ كۆرسىتىپ باقايلى.

مەلىھا تا ھازىرغىچە تاھىسىنىڭ قايتا توي قىلىشىنى چوڭ خانىمنىڭ قىلغان ئىشى دەپ بىلىپ، ئۇنىڭغا قەھرى - غەزىپى كېلىپ، ئۇنى چايناپ يۇركۈۋەتكۇدەك بولۇپ يۈرەتتى. ئەمما، بۇ ئاچچىقىنى چىقىرىدىغان پۇرسەت بولمىغانىدى. مانا ئەمدى شۇنداق ئوبدان پۇرسەت كەلدى، ئۇ چوڭ خانىمدىن ئاچچىقىنى بىر چىقىرىۋالىدىغان بولدى:

— ئوغۇللىرى مېنىڭ ئۈستۈمگە خوتۇن ئېلىپ مېنى دەردتە قويدى، ئۇنى ئاز دەپ يەنە مەن بىلەن نىكاھتىن ئاجرىشىمەن دەيدۇ. مەن بارلىقىمنى، ياشلىقىمنى ئۇنىڭغا تەقدىم قىلدىم، قارىسىلا ئۇنىڭ ماڭا قايتۇرغىنىنى. ئادەمگە بۇنىڭدىن ئارتۇقمۇ دەرد - ئەلەم بولامدۇ؟ شۇنىمۇ بىلمەي سوراپ ئولتۇرامدىلا؟

— مەلىھا، بۇ يەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتىنى ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن، تاھىسىنىڭ شۇنچە يىللار قايتا ئۆيلەنمەي يۈرگىنىگە تۈمەن مىڭ شۈكۈر قىلساڭ بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئورنىدا باشقا ئادەم بولغان بولسا، ئاللىقاچان ئۆيلىنىپ بولغان بولاتتى.

— تاھىسىنىڭ ئەسلىدە ئۆيلەنگۈسى يوق ئىدى، سىلى ھەجەر بىلەن بىرلىشىپ ئۇنىڭ كاللىسىنى ئايلاندۇرۇپ كۆندۈردۈڭلار. ھەجەر ئۆلۈشتىن بۇرۇن قىزىنى چوڭ باينىڭ ئوغلىغا چېتىپ قويۇش ئۈچۈن نېمە ھىيلە - مىكىرلەرنى ئىشلەتكىنىنى كىم بىلىدۇ.

— ئۆلۈپ كەتكەن ئادەمنىڭ كەينىدىن بۇنداق ئاھانەت قىلساڭ يامان بولىدۇ. مەن سىنى بۇ يەرگە كۆڭلۈڭنى پاراكەندە قىلىۋاتقان نېمە ئىش بار، بولسا بىللە ھەل قىلايلى، دەپ چاقىرتقان. قارىغاندا سىنىڭدە ھېچقانداق بىر ئۆزگىرىش بولماپتۇ. سىنىڭ بىلەن ئۇرۇشماي، ئوبدان ئولتۇرۇپ سۆزلەشكىلى بولمىغۇدەك.

مەلىها قەھرى - غەزەپ بىلەن ئورنىدىن چاچراپ تۇردى - دە، چوڭ خانىمنىڭ يۇزىگە زەھەرلىك كۆزلىرىنى مىختەك قادىدى:

— سىلەرزە ئۆزۈڭلارچە ساۋابلىق ئىش قىلدۇق، جازاسىنى كۆرمەيمىز دەپ ئويلايدىغان ئوخشايسىلەر - دە، بۇ سىلەرنىڭ خام خىيالىڭلار.

ئۇ ئاچچىقى بىلەن ئىشىكنى جالاقلىتىپ يېپىپ چىقىپ كەتتى. چوڭ خانىم ئۆزىنىڭ مەلىھانى سۆزلەشكەي دەپ چاقىرتقانلىقىغا مىڭبىر پۇشايمان قىلدى. ئۇنىڭ كۆڭلى يۇمشاق بولغاچقا، كىشىلەرنىڭ دەردىگە يېتەتتى، باشقىلارنىڭ ئازابلانغانلىقىنى كۆرسە چىداپ تۇرالمايتتى. ئەمما، ھەرقانداق ئىشنىڭ چېكى بولىدۇ. چوڭ خانىم مەلىھانىڭ بۇ قىلىقىغا چىداپ تۇرالمىدى، ئۇ مەلىھانىڭ كەينىدىن ئاچچىق بىلەن ۋارقىرىدى:

— قانداق كارامىتىڭ بولسا ھەممىنى چىقارغىن. سەن ئوت بولساڭمۇ پەقەت شاپىلاقتەك يەرنىلا كۆيدۈرەلەيسەن.

ئەمەلىيەتتە مەلىھانى ھەقىقەتەنمۇ نەس باسقانىدى. ئۇ ھازىر كېچىلىرى ئۇخلىيالمايتتى، كۆزى ئەمدىلا ئۇيقۇغا بېرىشى بىلەنلا بىر پەتنۇس تاماق كۆتۈرۈۋالغان ھەنىفە چۈشىدە پەيدا بولاتتى.

— خانىم، ئۆتۈنۈپ قالاي، بۇلارنى يەڭ، بۇ پەقەت سىز ئۈچۈنلا ئەتكەن تاماق، — ھەنىفە شۇنداق دېگىنىچە پەتنۇستىكى نەرسىلەرنى ھە دەپ مەلىھانىڭ ئاغزىغا تىقاتتى. مەلىھا بولسا

ئاغزىدىكى نەرسىنى يۇتۇۋېتىشتىن قورقۇپ، خۇددى بىرسى ئۇنىڭ كانىيىنى بوغۇۋاتقاندەك تىپىرلايتتى. نەپىسى قىسىلىپ، كارىۋاتتىن ئەسەبىيلەشكەن هالدا سەكرەپ تۇرۇپ كېتەتتى. ئۇ بۇنداق قاباهەتلىك چۈشنى هەر كۈنى دېگۈدەك كۆرەتتى. ئاخىر كارىۋاتتا يېتىشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي، دېرىزە ئالدىدىكى سافادا تۈگۈلۈپ ياتاتتى. كۈندۈزلىرى بولسا، گويا ئارقىسىدا بىرسى ئەگىشىپلا يۈرگەندەك بىلىنىپ، پات ـ پات ئارقىسىغا قاراپ قوياتتى. تاماق يېگەندە كاللىسىدا كېچىسى كۆرگەن قاباهەتلىك چۈشىنىڭ تەسىرى بولغاچقا، قاچىلاردا زەهەر بارمىكىن دەپ گۇمانلىنىپ تۈزۈكمۇ تاماق يېگۈسى كەلمەيتتى. ئۇ يەنە هەنىفەنىڭ دوستلىرى ئۆزىدىن گۇمانلىنىپ قالغاندەك هېس قىلىپ، ئۇلارنىڭ كېلىپ ئۆچ ئېلىشىدىن قورقاتتى. قورۇقتىكى هەرقانداق ئادەم ئۇنىڭغا دۈشمەندەك بىلىنەتتى، شۇڭا ئىمكان بار بىرەرى بىلەن پاراڭلاشمايتتى. ئۇ روهىي جەهەتتىن كۈندىن ـ كۈنگە تۈگىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ بىلەن هېچكىمنىڭ چاتىقى بولمىدى. ئۇنىڭدىكى گۇناهكارلىق تۇيغۇسى ئۇنى قورقۇتۇپ، ئۇنى كۈندىن ـ كۈنگە بېكىنىۋالىدىغان، ئۆيگە بېكىنىۋېلىپ، يالغۇز ياشايدىغان قىلىپ قويغانىدى، بۇ خىل هالەت ئۇنى بىلىپ بولمايدىغان قانداقتۇر بىر چوڭقۇر هاڭغا قىستاپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى.

ئۇ هەتتا نازىمىيە بىلەنمۇ بۇرۇنقىدەك ئاپاق ـ چاپاق ئەمەس ئىدى. ئۇ كەلسىمۇ ئۇنىڭغا تۈزۈك گەپ قىلمايتتى، ئۇنىڭ بىلەن چاتىقى بولمايتتى. نازىمىيە دەسلەپتە بۇ ئەهۋالنى مەلىها بۇ ئىش ئۈچۈن ئاز ئەجىر قىلمىدى، نۇرغۇن پۇل خەجلىدى، شۇڭا كۆڭلى يېرىم بولۇۋاتسا كېرەك، بۇ نورمال ئەهۋال، تۈزىلىپ كېتەر، دەپ ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمىدى. شۇنداق ئوڭۇشلۇق بولغان، ئويدان پىلانلانغان ئىشنىڭ بۇنداق ئاقىۋەت بېرىشىنى كىممۇ ئويلىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شۇ چاغدا كەنتتە تاهىسىن مەلىها بىلەن ئايرىلىپ كېتىدىكەن، تاهىسىن يېڭى كېلىننى

ئېلىپ شەھەرگە كۆچۈپ كېتىدىكەن، دېگەن گەپلەر تارقالدى. نازمىيە بۇ ئىشلارنى ئويلاپ، مەلىھانىڭ غەلىتە قىلىقلىرىنى توغرا چۈشەندى. ئۇنىڭ بۇ ئىشلارنى كۆڭلىگە ئېلىپ، مەلىھا بىلەن تەتۈر قارىشىپ قالماسلىقىنىڭ يەنە بىر سەۋەبى، ئۇ ھۇسام بېگىمنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئۇنىڭ بىردىنبىر يالغۇز پەرزەنتى — مەلىھادىن پايدىلانمىسا بولمايتتى. ئەمما، كۈنلەر ئۆتىۋەردى. مەلىھانىڭ ئەھۋالىدا ئازراقمۇ ئۆزگىرىش بولمىدى، ئەكسىچە بارغانچە يامانلىشىپ كەتتى. ئۇ ھېچكىم بىلەن سۆزلەشمەيتتى، ھەممە نەرسىدىن ئۆزىنى تارتاتتى. نازمىيە ئەمدى تەقدىرى ئۆزى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان بۇ دوستىغا ياردەم قىلىپ، ئاز - تولا ئىش قىلمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى - دە، چوڭ خانىمنىڭ كۆز ئالايتىشلىرىغىمۇ پەرۋا قىلماي، ھەر كۈنى قورۇقتا كېلىدىغان بولدى. ئۇ كېلىپ مەلىھا بىلەن پاراڭلىشاتتى، ئۇنىڭغا كۆپ تەسەللى بېرەتتى. ئەمما، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىكار كەتتى، ئۇلارنىڭ ئازراقمۇ پايدىسى بولمىدى. مەلىھا ھەرقانداق گەپ - سۆزگە پەرۋا قىلمايتتى، ھېچقانداق ئىنكاس بىلدۈرمەيتتى، دائىملا شۇ بىر سۆزنى تەكرارلايتتى:

— ئۇ قىز بۇ ئىشنى ئىككىمىزنىڭ پىلانلىغىنىنى بىلىدىكەن، شۇڭا ھەر كۈنى كەچتە ئۆيۈمگە كىرىدۇ. سەن كەچتە بولغان بولساڭ كۆرەتتىڭ، ئۇ ئالدىدا مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، ئاندىن سېنى ئۆلتۈرىدۇ. نازمىيە ئۆزۈڭگە ھېزى بول، بىزنىڭ مەھشەر كۈنىمىز كەلدى.

بۇنى ئاڭلىغان نازمىيە ئاخىر ئەھۋالنىڭ ئۆزى ئويلىغىنىدىنمۇ ئېغىر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ساراسىمىگە چۈشتى. مەلىھا ئىككىسى بىر - بىرىنىڭ ئىشىنى بەك كۆپ بىلىپ كەتتى، مانا ئەمدىلىكتە بۇ خوتۇن نېرۋىسىدىن كېتىپتۇ. ئەگەر ئۇ مۇشۇنداق ھەنىفە ئۆلمىدى، ھەر كۈنى كېچىدە ئۆيۈمگە

كىرىدۇ، ئۇ مېنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولدى، دېگەندەك گەپلەرنى دەپ يۈرىدىغان بولسا ئىش چاتاق ئىدى.

ھازىرچە مەلىھانىڭ بۇ سۆزلىرىگە ھېچكىم ئىشىنىپ كەتكىنى يوق، كۆڭۈللەر ئۆزگىرىشكە ئۈلگۈرگىنى يوق، بۇ گەپ ـ سۆزلەر كەنتكە تاراپ كەتسە، ناۋادا بۇ سۆزلەر ئەسلىلا ئاز ـ تولا گۇمانى بار، سەزگۈرلۈكى ئۈستۈن ھېلىقى ساقچى باشلىقىنىڭ قۇلىقىغا يېتىدىغان بولسا، نازىمىيەنى نەس باسقىنى شۇ. ئامال قىلىپ مەلىھانىڭ ئاغزىنى يېپىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن نازىمىيە بۇ ئىش ئۈستىدە كاللا قاتۇرۇشقا باشلىدى. ئۇ ئالدى بىلەن كەنتتە مەلىھا ئېلىشىپ قاپتۇ، دېگەن گەپنى تارقاتتى. بەزىلەر بۇ نېمە ئىش ئىكەن، دەپ سوراپ قالسا، ئۇ:

— ئېرى باشقا خوتۇن ئېلىۋالغاچقا، مەلىھا چىدىماي قالايمىقان سۆزلەيدىغان بولۇپ قاپتۇ. مۇشۇنداق بولىدىغان بولسا، ئۇنى سارائىلار دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىۋەتمىسە، ئۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشى مۇمكىن، — دەيتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ قورۇققا قەدەم باسماس بولدى.

ئاي تولغان كېچە، مەلىھا ئېتىزدىن چىقىپ، چوڭ يولغا چۈشتى ـ دە، ئالدىغا كېتىۋەردى. ئۇنىڭ ئالدىدا ھەنىفە تېز ـ تېز قەدەم تاشلاپ كېتىۋاتقاچقا، ئۇ يۈگۈرۈپ دېگۈدەك ماڭمىسا، ھەنىفەگە يېتىشەلمەيتتى. مەلىھا تەرلەپ ئېقىپ كەتتى. ئۇ ماڭە ـ ماڭە، بىر چاغدا پۇتىغا يۇمشاق بىر نەرسە تەگكەندەك بولدى، بۇ يۇمشاقلىق ئۇشۇقىغا چىقتى. ئەمدى مېڭىش تەسلەشتى، ئۇ پاتقاق ئىچىدە قەدەملىرىنى ناھايىتى تەستە ئالاتتى، ئەمما ئۇنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان ھەنىفە بولسا، گويا پەي ئۈستىدە كېتىۋاتقاندەك شۇنداق يېنىك قەدەم ئالاتتى، بەزىدە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قاراپ قوياتتى:

— تېز مېڭىڭ خانىم، ئاز قالدۇق، غەيرەت قىلىڭ.

ھەنىفە مەلىھاغا ياردەم قىلماق بولۇپ قولىنى سوزدى، مەلىھا

قەدىمىنى پەقەتلا يۆتكىيەلمىدى، پاتقاق ئۇنىڭ تىزىغا چىققانىدى، ئۇ مىڭىشقا ئىنتىلگەنسېرى سازلىققا شۇنچە پېتىپ كېتىۋاتاتتى. سازلىقتىكى سۇ زۇلۇكى ئۇنىڭ پۇت ـ قولىغا چاپلىشىۋېلىپ، قېنىنى شورىماقتا، ئۇ جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىراپ ھەنفەنى ياردەمگە چاقىراتتى، ئەمما ئۇ قىز ئارقىسىغا قاراپ، يىراقتىن قولىنى سوزاتتى، ئەمما مەلىھاغا يەتكۈزەلمەيتتى. ئاخىر پاتقاق مەلىھانىڭ بوينىغىچە چىقتى، ئۇنىڭ نەپىسى قىيىنلاشتى. ئەمما، ئۇ يەنىلا پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ جېنىنىڭ بارىچە ھەنفەنى ياردەمگە چاقىراتتى:

— ھە... نفە... ھە... نفە...

مەلىھانىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ يېنىغا تۇنجى بولۇپ كەلگەن كىشى تاھسىن بولدى. تاھسىن قورۇققا قايتىپ كەلگەن كۈنىلا مەلىھانىڭ باشقىچە بولۇپ قالغانلىقىنى سېزىپ، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ، دەردىنى ئاڭلاپ باقماقچى بولغانىدى. مەلىھانىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئىچىدىن تاقاقلىق ئىدى، تاھسىن تەكرار ـ تەكرار چاقىرىپ يۈرۈپ، ئىشىكنى ئارانلا ئاچقۇزدى. مەلىھا ئاخىر ئىشىكنى ئاچتى، ئۇ قارا تەرگە چۆمگەن، چىرايى سولغۇن، چاچلىرى چۇۋۇلغان ھالەتتە ئىدى. باشقىلار ئۇنىڭ يەنە قورقۇنچلۇق چۈش كۆرگەنلىكىنى بىلىشىپ، ئۆز ھۇجرىلىرىغا كىرىپ كېتىشتى. چۈنكى، ئۇلار مەلىھانىڭ يېقىندىن بۇيانقى ئەھۋالىنى بىلگەچكە، بۇنىڭغا كۆنۈپ قېلىشقانىدى. تاھسىنىنىڭ ئۇنى مۇشۇنداقلا يالغۇز تاشلاپ قويغۇسى كەلمىدى. مەلىھا ئەمدى ياتقىلى ئۇنىمىدى. تاھسىن ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ يېنىدا تاڭ ئاتقۇچە ئولتۇرىدىغانلىقىنى ئېيتقاندىن كېيىنلا ئۇ ئاندىن رايىش بولدى. تاھسىن ئۇنىڭ پېشانىسىنى تۇتۇۋىدى، بەكلا قىزىق بىلىندى، مەلىھا بىردەم ـ بىردەم كۆزىنى ئېچىپ، تورۇسقا تىكىلەتتى، ئاندىن چۆچۈگەن ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتمەكچى بولاتتى، ئىشىكنىڭ ئېتىلگەن ـ

ئېتىلمىگەنلىكىگە قارايتتى:
— تاھسىن، ئۇ قىزنى ھەرگىز كىرگۈزمەڭ، ئۇ كىرسە مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. ھەممىڭلارنىڭ ماڭا ئۆچ ئىكەنلىكىڭلارنى بىلىمەن، ھەممىڭلار كەينىمگە چۈشكەن.
تاھسىن ئۇنىڭ بۇ تاققا ـ تۇققا گەپلىرىنى قىزنىڭمىسى بەك ئۆرلەپ كەتكەنلىكتىن بولسا كېرەك، دەپ بىلدى بولغاي، بۇ گەپلەرگە ئانچە ئېرەن قىلماي كەتمىدى.
— بولدى قىل مەلىھا، ئىشىك ـ دېرىزىلەرنى مەن ئوبدان ئېتىپ قويدۇم، خاتىرجەم بول، ھېچكىم كىرەلمەيدۇ. مانا مەن يېنىڭدا ئولتۇرۇۋاتىمەن.
مەلىھانىڭ قىزىتمىسىنى چۈشۈرۈش ئۈچۈن تاھسىن تارتمىدىن ئاسپىلىن تابلېتكىسىنى ئېلىپ، قايناق سۇ بىلەن ئۇنىڭغا ئىچۈرمەكچى بولدى. دورىنى مەلىھانىڭ ئاغزىغا سالىدىغان چاغدا، مەلىھا تۇيۇقسىز تاھسىنغا ھۆرپەيدى:
— سېنى ئۇ ئەۋەتتىمۇ؟
— كىم؟
— ئايسۇن. بۇ ئىشنى ئۇمۇ بىلىدۇ، شۇنداقمۇ؟ ئۇ ئىككىسى بىرلىشىپ مەندىن ئۆچ ئالماقچى، شۇنداقمۇ؟
تاھسىنىنىڭ شۇنداق ئاچچىقى كەلدى. ئەمما، ئۇ مېھرىبان، كۆيۈمچان، كۆڭلىدە ئازراقمۇ يامانلىقى يوق يىگىت ئىدى، شۇڭا مەلىھانىڭ بۇ سۆزلىرىدىن ھېچقانداق گۇمانلانمىدى.
— مەلىھا، گەپلىرىڭ بارغانچە چەكتىن ئېشىپ كېتىۋاتىدۇ. سەن بەك قىزىپ كېتىپسەن. ماۋۇ دورىنى ئىچىۋەت، ئارام تاپىسەن، ئەتە ئەتىگەندە سەللىمازا ساقىيىپ كېتىسەن. ھازىر دورىنى ئىچىۋەت، سېنى دوختۇرخانىغا ئاپارمىساق بولمىغۇدەك، ئەتە ئەتىگەندە بىرىنچى قىلىدىغان ئىشىمىز سېنى بازارلىق دوختۇرخانىغا ئاپىرىش، زۆرۈر بولسا شەھەرگىمۇ ئاپىرىمەن. ئەھۋالىڭ ئېغىرلاپ كېتىپتۇ. دەپ باقە، نېمە دەردىڭ بار؟

بۇ گەپلەر مەلىھانىڭ ئوغىسىنى قايناتتى. دوختۇرلار ئۇنىڭ تۇغماسلىق كېسىلىگە شىپا تاپالمىغاچقا، ئۇ ئەسلىلا دوختۇرلارغا ئۆچ ئىدى، ھەتتا ئۇلارنى دۈشمەن قاتارىدا كۆرەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ھېچقانداق دوختۇرنى كۆرگۈسى يوق. ئۇ ئەگەر دوختۇرغا كۆرۈنسەم، ھەممە ئىش ئاشكارىلىنىپ قالىدۇ، دەپ بىلەتتى. شۇڭا ئۇ كارىۋاتتا ساراڭلاردەك ئۆزىنى ئۇياق ـ بۇياققا ئاتتى:

ــــ مەن ھېچ يەرگە بارمايمەن، ئۇلارنى كۆزۈم كۆرمىسۇن. ئەجەبا، ئاشۇ دوختۇرلار ماڭا ئامال تېپىپ بەرگەنمىدى؟ مەن ھەرگىز بارمايمەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئالۋاستى. ھەممىسى يالغانچى كاززاپلار. مەن ھېچ ئىشنى بىلمەيمەن. ئۇ بىر دۆۋە سامانني دوختۇرلار شۇ يەرگە قويۇپ قويۇپتىكەن. شۇنداقمۇ؟ يا سىز قويۇپ قويغانمۇ؟ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئايسۇن پىلانلىغان، مەندە گۇناھ يوق.

قىزىتما ئۇنى شۇنداق قالايمىقان سۆزلىتىۋاتاتتى، ئاخىر ئۇ سۆزلەپ، سۆزلەپ ھاردى بولغاي جىم بولدى. بىر چاغدا كاللىسى سەگەك بولغاندەك بولۇۋىدى، ئۇنىڭغا دورا ئىچۈردى، ئۇ يەنە جىم يېتىپ قالدى. تاھىسىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى. ئۇ مەلىھانىڭ بۇنداق ئەس ـ ھوشىنى يوقاتقاندەك ھالەتكە كېلىشىنى قاتتىق ئازابتىن، ئۆزىنىڭ ئايسۇن بىلەن توي قىلغانلىقىدىن بولدى، دەپ بىلىپ، ۋىجدانى ئازابلاندى. تاڭ سۈزۈلگەندە ئۇمۇ ساقاغا قىڭغىيىپ ياتتى. سەھەردە مەلىھانىڭ قىزىتمىسى ياندى، ئۆزىمۇ سەل ئوڭشىلىپ قالغاندەك بولدى. ئۇ سافادا ئۇخلاپ قالغان تاھىسىنى كۆرۈپ، ئاخشام بولغان ئىشلارنى ئەسلەشكە تىرىشتى ۋە شۇ ھامان دەككە ـ دۈككىگە چۈشۈپ قالدى. ئۇ ئاخشام جۆيلۈگەندە بەزى ئىشلارنى دەپ سالغانمىدۇ؟ ئۇ تەمتىرەپ كەتتى. ئەمما، ئۇ ئېرىنىڭ ھەرىكەتلىرىنىڭ نورمال ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، كۆڭلى سەل

ئارامىغا چۈشكەندەك بولدى. ئۇ قورقۇنچلۇق چۈشلەرنى كۈندىن ـ كۈنگە كۆپ كۆرىدىغان بولۇپ كەتتى، بۇنىڭغا قانداق ئامال قىلىشنى بىلەلمەيلا قالدى. ئۇ ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم ئازاب تارتىشنىڭ تەمىنى تېتىدى.

قارلار ئېرىدى، ئەمما ھاۋا يەنىلا سوغۇق ئىدى. قار ئېرىگەندە پەيدا بولغان پاتقاق ئەمدى توڭلاپ، يەر يۈزىدە بىر قەۋەت مۇز قاتلىمىنى ھاسىل قىلغاچقا، دېھقانلارنىڭ يەر ئاغدۇرمىقى تەس بولغانىدى. يېزا دېگەندە دېھقانچىلىك ئىشلىرى تۈگەپ قالمايدۇ. دېھقانغا يازدىمۇ، قىشتىمۇ ئوخشاشلا قىلىدىغانغا ئىش تولا. ئۇنىڭدىن باشقا ئۆي، ئېغىل، دۇخوپكا ۋە ئوچاق ئەتراپىدا توڭلاپ قالغان مۇزلارنى چاپماي تۇرۇپ، بىر ئىش قىلماق تەس ئىدى. شامال بولمىغاچقا قوروق ھويلىسىدىكى ئىشلارنى قىلماق ئاسانراق بولسىمۇ، ئەمما ھويلىدىن چىقىپ، ئېغىل تەرەپكە ماڭغاندا، ھەممە يەرنى مۇز قاپلاپ كەتكەنىدى. ھەتتا ھەر كۈنى ئات مىنىدىغان تاھسىنمۇ سوغۇقتىن قورقۇپ، قوروقتىن چىقمىدى. ئۇ نەچچە كۈندىن بېرى ھاسان غوجىدار يىغىپ كەلگەن تېرىلەرنى ئۈچ ئاپتوموبىلغا بېسىپ زاۋۇتقا ماڭدۇرۇۋەتكەن، مانا ئەمدى قىلىدىغانغا ئىش يوق بىكار بولۇپ قالغانىدى، ئەمما شەھەردە بولغان بولسا ئالدىراشلىقتىن باش تاتىلاشقىمۇ ۋاقىت چىقىرالمايتتى. ئۇنىڭ كېتىدىغان ۋاقتى بولغان بولسىمۇ، ئەمما ماڭالمايۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئايسۇننى تاشلاپ قويغۇسى يوق، ئۇنى بىللە ئېلىپ كەتسىلا مەلىھانىڭ ئەھۋالى يامانلىشىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئۇنىڭ يەنە مەلىھادەك بۇ بالا ـ قازانى ئاتا ـ ئانىسىغا تاشلاپ قويغۇسى يوق ئىدى، چۈنكى نازلى كەتكەندىن بۇيان تا ھازىرغىچە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۇيقۇسى ئۇيقۇ بولماي، ئاغزىغا تاماق تېتىماي كېلىۋاتاتتى. ئايسۇن تىرىشىپ ئۆگىنىۋاتىدۇ، بىلمىگەنلىرىنى بولسا دائىم دېگۈدەك تاھسىندىن سورايدۇ. ھەر كۈنى چۈشتىن كېيىن رەسىم

سىزىدۇ. بۇ ئۇنىڭ دەم ئالغىنى ئىدى. بىر كۈنى تۇيۇقسىز ئايسۇنىڭ يادىغا دادىسى سىزغان ئۆزىنىڭ رەسىمى كېلىپ قالدى. ھەجەر ئانا: «داداڭدىن ساڭا ئىككى نەرسە تەۋەررۈك قالغان، بىرسى زۇننار، يەنە بىرسى مۇشۇ رەسىم دەپ، ئۇ رەسىمنى پەرداز ئىشكاپىدىن ئېلىپ بەرگەنىدى. قارا رامكىغا ئېلىنغان رەسىمدە بىر قىز ئايسۇنغا قاراپ تۇراتتى. ئايسۇن دادىسىنىڭ ئۆزىنىڭ رەسىمىنى سىزغان كۈندىكى ئەھۋالىنى ئېسىگە ئالدى. شۇ كۈنى دادىسى رەسىمىنى سىزىپ بولغۇچە ئايسۇن تاقىتى تاق بولۇپ، نەچچە قېتىم ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەنىدى. دادىسى ئۇنى ئورنىدا ئۇزاقراق ئولتۇرغۇزۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا دېڭىز بويىدا قومدىن قەلئە ياسىغان قىزنىڭ ھېكايىسىنى قانچە قېتىم ئېيتىپ بەرگەنلىكىنى ئېسىگە ئالالمىدى. ھەر قېتىم ئاڭلاپ، قىزنىڭ ئەمدىلا ياسىغان قۇم قەلئەسىنى دېڭىز دولقۇنى بۇزۇۋېتىدىغان يېرىگە كەلگەندە ئايسۇن ئىختىيارسىز كۆزلىرىگە ياش ئالاتتى. دادىسى ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساش ئۈچۈن دائىم ھېكايىسىنىڭ ئاخىرىدا:

— ئۇ قىز چوڭ بولغاندىن كېيىن دېڭىز بويىغا نۇرغۇن ئۆيلەرنى سالدۇرۇپتۇ، دېڭىز دولقۇنى ئۇ ئۆيلەرنى بۇزۇۋېتەلمەپتۇ، — دەپ قوشۇپ قوياتتى. ئايسۇننىڭ كۆزىدىن ئىككى تامچە ياش تاراملاپ چۈشتى. دەل شۇ چاغدا ئۆيگە تاھسىن كىرىپ كەلدى. ئۇ بايا قورۇقنىڭ ئىچىنى ئايلىنىپ چىققانىدى. گەرچە ئۇ خېلى قىلىن كىيىنگەن بولسىمۇ، يەنىلا توڭلاپ كەتكەنىدى. ئۇ قوللىرىنى ئۇۋۇلىغىنىچە ئوچاق ئالدىغا كەلدى. ئۇ ئايسۇننىڭ بىر پارچە رەسىمنى تۇتۇپ ئېسەنگىرەپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ھەيران بولۇپ سورىدى:

— نېمە بولدى؟ ماڭا قاراشقىمۇ رايىڭىز يوق، نېمە ئىشلار بىلەن ئۇنداق ئالدىراش بولۇپ كەتتىڭىز؟

ئايسۇن كۆز يېشىنى ئېرتىپ، ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى. تاھسىن

ئەنسىرەپ سورىدى:

— نېمە بولدى؟ نېمىشقا يىغلىدىڭىز؟

ئايسۇن ئۇنىڭغا قولىدىكى رەسىمنىڭ تارىخىنى سۆزلەپ بەردى.

— دادام ماڭا بۇ رەسىم بىلەن زۇننارنى ھەرگىز يىتتۈرۈپ قويماڭ دەپ بەك جېكىلىگەنىدى. بۇنىڭ بىرەر مەنىسى بارمىدۇ؟

— بولۇشى كېرەك، مەن كۆرۈپ باقاي.

تاھسىن رەسىمنى ناھايىتى ئىنچىكىلەپ كۆرۈپ چىقتى، يەنە رەسىمنىڭ كەينىگە، رەسىم رامكىسىغىمۇ قاراپ چىقتى. ئەمما، بىرەر ئالاھىدە يېرىنى بايقىيالمىدى. ئۇ ئادەتتىكىدەك سىزىلغان رەسىم بولۇپ، رەسسامنىڭ قويغان ئىمزاسىمۇ ناھايىتى سۇس ئىدى.

— بۇ رەسىمنى قاچان رامكىغا سالغان؟ دادىڭىز تۇگەپ كەتكەندىن كېيىنمۇ؟

— ياق، بۇ رەسىمنى دادام ئۆزى بازارغا ئاپىرىپ رامكىغا سالدۇرۇپ كەلگەن.

ئۇلار شۇ دەقىقىدە تەڭلا ئوخشاش بىر ئىشنى خىيالىغا كەلتۈردى. تاھسىن رەسىمنى رامكىسىدىن ئاۋايلاپقىنا چىقاردى. رەسىم ئارقىسىغا قويۇلغان كاردون قەغەز بىلەن رەسىمنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئىككى قاتلانغان بىر پارچە قەغەز يەرگە چۈشتى. ئايسۇنىنىڭ قوللىرى ئىختىيارسىز تىترەپ كەتتى. تاھسىن ناھايىتى تەمكىنلىك بىلەن يەردىن قەغەزنى ئېلىپ، ئۇنى ئېچىپ ئۈستەل ئۈستىگە قويدى. ئۇلار خەتنى ئوقۇدى. بۇ خەت ـ چەك قەغىزىگە ئىنگلىزچە يېزىلغان ھۆججەت ئىدى. تاھسىن بۇرۇن ئۆزىنىڭ ئىنگلىزچىنى بىلمەيدىغانلىقىدىن ئاغرىنىپ يۈرسىمۇ، ئەمما ئۆزىگە بۇگۈنكىدەك ئاچچىقلىنىپ باقمىغانىدى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا تۇرغىنى بەلكىم ئۇلارنىڭ ھاياتىنى ئۆزگەرتىۋېتىدىغان ھۆججەتتۇر، ئەمما ئۇلار ئىككىسى ئۇنىڭدىكى بىر سۆزنىمۇ

چۈشەنمەي، ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇرۇپ بىر خىل ھاياجان ئىچىدە تاڭ ئاتقۇزدى. تاھسىن ئۆزىنىڭ جافەرنىڭ تاغىسىدىن ئاڭلىغان ئىشلارنى ئايسۇنغا سۆزلەپ بەردى. ئۇلار نۇرغۇن ئاماللارنى ئويلاشتى، ئاخىر ئايسۇننىڭ ئەھۋالىنى ئەزىزگە دەپ، ئۇنىڭغا بۇ ھۆججەتنى كۆرسەتمەكچى بولۇشتى. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى بۇ ھۆججەت ئامېرىكىدىكى بىر دوختۇرخانا چىقارغان ئايسۇننىڭ تۇغۇلۇش ئىسپاتى ئىدى.

# ئونىنچى باب

ئەسكى ـ تۇسكى يىغىقۇچى فەھىمنىڭ پۈتۈن ئەس ـ يادى نازىمىيەدىلا قالغانىدى. ئۇ ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇ ئايالنىڭ ساھىبجامال رۇخسارىنى، ئادەمنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىدىغان ئۇنىڭ ئاشۇ بېقىشلىرىنى ھەرگىز ئۇنتۇيالمىدى. ئۇ كەنتتىن قايتىپ كېلىپ بىرنەچچە كۈن ئۆتكۈزۈپلا يەنە ئەسكى ـ تۇسكى يىغىشنى باھانە قىلىپ كەنتكە كەلدى، ئەمما نازىمىيە ئۇنىڭغا ئازراقمۇ يۈز ـ خاتىر قىلمىدى، ئۇ ئەسكى ـ تۇسكى نەرسىلەرنى ئۆلۈپ كەتكەن ئېرىنىڭ بالىلىرىغا بېرىۋەتكەنلىكىنى ئېيتتى. شۇنىڭدىن كېيىن فەھىم كەنتكە يەنە بارىدىغانغا باھانە ئىزدەپ باش قاتۇردى. بۇ چاغدا يولنى قار ئېتىۋالغىنىغا بىرقانچە كۈن بولغانىدى. قار ئېرىشى بىلەنلا ئۇ بازاردا كىملەرنىڭ كەنتكە بارىدىغانلىقىنى سۈرۈشتە قىلىشقا باشلىدى. ناھايەت، ئاخىر بېگىم ئۈچۈن سودىلىق قىلغىلى بازارغا كەلگەن ھاسان بىلەن ئۇنىڭ ئىككى ئادىمىنى ئىزدەپ تاپتى. شۇنىڭ بىلەن فەھىم شۇلارغا ئەگىشىپ كەنتكە كەلدى. ئۇ نازىمىيەنى ئاسان قولغا كەلتۈرگىلى بولمايدىغانلىقىنى پەملىگەچكە، بۇ قېتىم ئوبدان تەييارلىق قىلغانىدى. ئۇ بازاردىن بىر جۈپ زۇمرەت ياقۇت كۆزلۈك ئالتۇن ھالقا ۋە زۇمرەت كۆزلۈك ئالتۇن بىلەزۈك سېتىۋېلىپ نازىمىيەنىڭ ئۆيىگە كەلدى. نازىمىيە بىر قاراپلا ئۇنىڭ ھېلىقى ئەسكى ـ تۇسكى يىغىقۇچى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئەرۋاھى ئۇچتى:

— سىز ئەجەب غەرەز ئۇقمايدىغان ئادەم ئىكەنسىزغۇ؟ مەن سىزگە ساتقۇدەك ھېچقانداق نەرسە يوق دەپ نەچچە قېتىم دېدىم.

مەن ئۇ نەرسىلەرنى بالىلارغا بېرىۋەتتىم. ئاۋارە بولۇپ كېلىشۈەرمەڭ.

نازمىيە ئىشىكنى يېپىۋەتكۈچە فەھىم چاققانلىق بىلەن ئۆي ئىچىگە كىرىۋالدى. نازمىيە بۇ ئادەمنىڭ بۇنداق چاققان ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. ئۇ دەماللىققا تېڭىرقاپ قالدى، ئەمما شۇ ئان ئېسىگە كەلدى ـ دە، ئىشىك يېنىدا تۇرغان تۆمۈر گۈرجەكنى ئېلىپ ئۇنى ئۇرماقچى بولدى.

ــــ كۆزۈمدىن يوقال، بولمىسا گۈرجەك يەپ كېتىسەن.

ئەسكى ـ تۇسكى يىغقۇچى تۇرغان يېرىدە مىدىر ـ سىدىر قىلماي، ئېغىزىنى كالچايتىپ ھىجىيىپ تۇراتتى. ئۇ يەنە دەرھاللا يانچۇقىدىن بىلەزۈك بىلەن ھالقىنى ئېلىپ نازمىيەگە سۇندى.

ــــ توختاڭ قىزچاق، ئالدىراپلا بۇنداق چېچىلماڭ، مېنىڭ يامان نىيىتىم يوق. قارىڭا، مەن سىزگە بازاردىن نېمە ئالغاچ كەلدىمكىن؟ سىزگە بۇنىڭدىنمۇ ئېسىل نەرسىلەر لايىق ئىدى. ئەمما، يېنىمدا پەقەت مۇشۇلارنىلا سېتىۋالغۇدەك پۇل بار ئىكەن. ئەتىيازدا قولىمىزغا پۇل كىرىدۇ، شۇ چاغدا مەن سىزگە تېخىمۇ كۆپ، ئېسىل نەرسىلەرنى ئېلىپ بېرىمەن. قولىڭىزدىكى گۈرجەكنى قويۇڭ، ئۆيگە كىرىپ پاراڭلىشايلى.

نازمىيە ئۇنىڭ قولىدىكى پارقىراپ، يالتىراپ تۇرغان ئالتۇن ھالقا بىلەن بىلەزۈككە ھەۋىسى كەلگەنىدەك قاراپ قالدى. بۇ ئەبلەخنىڭ بۇ يەرگە مەقسەتلىك كەلگەنلىكى مانا مەن دەپلا چىقىپ تۇراتتى. قارىغاندا ئۇ مال تونۇيدىغاندەك، بۇنىڭ ئۇچۇن پۇلنىڭ كۆزىگە قارىمايدىغاندەك ئىدى. نازمىيە كۆڭلىدە ئۇنى سەل ياقتۇرۇپ قالغاندەكمۇ بولدى. بۇنداق بولغاندا، ئۇ بىر مەزگىل كۆڭلىرىنى خۇشال ئۆتكۈزەتتى، يەنە كېلىپ ئاز ـ تولا نەپكىمۇ ئېرىشەلەيتتى. ئەمدى ئۇ مەلىھا دېگەن ساراڭدىن ھېچ نەرسە ئۈندۈرەلمەيتتى، ھۇسام بېگىمنى قولغا كەلتۈرۈش خام خىيالمۇ كۆپۈككە ئايلاندى. بۇ كۈنلەردە ئەسكى ـ تۇسكى

يىغقۇچى بىلەن ئانچە ـ مۇنچە ئىچ پۇشۇقىنى چىقارسا، ھېچقانداق يامىنى بولماس. ئېرى تۇگەپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭغا بىرەر مۇۋاپىق ئەر ئۇچرىمىدى. بۇ ئادەم خېلى قائىدە ئۇقمىدىغاندەك قىلىدۇ، ئەمما ئۇنىڭغا ھازىرلا ماقۇل دەۋېتىشكە بولمايدۇ. ئۇ ئادەم كۆپكۆندۈزدىلا ئۆيگە ئۇسسۇپ كىردى، بىرەرى كۆرۈپ قالدىمۇ قانداق، بىلىپ بولمايتتى. شۇڭا نازىمىيە قولىدىكى گۇرجەكنى شۇ زامان يەرگە قويمىدى:

— يىراقراق تۇرۇپ گەپ قىل. كىم بىلىدۇ، تېخى سەن ئوغرىمۇ.

فەھىم بۇنداق ئىشلاردا ئۆتۈپ كەتكەن قاقباش بولغاچقا، بۇ ئايالنىڭ ئاللىقاچان ئۇندەككە كېلىپ بولغانلىقىنى بىلىپ بولغانىدى. ئەمدىكى ئىش پۇتۇنلەي ئۇنىڭ ئىلكىدە ئىدى. شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ ئادەتلىنىپ كەتكەن ھىيلە ـ مىكىرلىرىنى ئىشلىتىشكە باشلىدى. ئۇ بایاتىن يانچۇقىدىن چىقىرىپ كۆرسەتكەن ئالتۇن ھالقا بىلەن بىلەزۈكنى باشقىدىن يانچۇقىغا سېلىپ، كەتمەكچى بولغاندەك قىياپەتتە ئىشىك تەرەپكە قاراپ ماڭدى:

— ۋاييەي نازىمىيە خانىم، سىزمۇ بەكلا ئۇياتچان ئايال ئىكەنسىز. مەن ناھايىتى چوڭ ئۇمىدلەر بىلەن كەلگەنىدىم، ئەمما سىز مېنى قاراقچى دەپ قالدىڭىز. بوپتۇ، خالىمىسىڭىز مەنمۇ سىزنى زورلىماي. مەن قانداق كەلگەن بولسام شۇنداق كېتەي.

راستىنى ئېيتقاندا، نازىمىيە بۇ ئەبلەخنىڭ بۇنداق تېزلا ئۆزىنىڭ ئامىتىنىڭ كەلمىگەنلىكىگە تەن بېرىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى. ئەسكى ـ تۇسكى يىغقۇچى ئالتۇن بىلەزۈكنى يانچۇقىغا سېلىپ ماڭماقچى بولدى. ئەگەر نازىمىيە تېزدىن بىرەر چارە قىلمىسا، قەپەسكە سولانغان قۇش ئۇچۇپ كېتەتتى. نازىمىيە ئۇ زۇمرەت ياقۇت كۆزلۈك ھالقىنى ياقتۇرۇپ قالغانىدى. ئەمما، ئۇ ئۆزىنىڭ يەنىلا گۇرجەكنى تۇتۇپ، ئۇنى ئۇرماقچى بولغاندەك

قىياپەتتە تۇرغانلىقىنى سېزىپ، دەرھاللا قولىدىكى گۈرجەكنى قويۇپ، ئىشىككە يۆلەنگىنىچە قەھىمىنىڭ يولىنى توستى. نازىمىيە بۇ ئەسكى ـ تۇسكى يىغقۇچىنى خۇددى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك بېشىدىن ـ ئايىغىغىچە ناز ـ كەرەشمە بىلەن كۆز سالدى. ئۇنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىدە جىلۋە قىلغان بۇنداق سېھىرلىك بېقىشلار نۇرغۇن ئەرلەرنىڭ قەلبىنى لال قىلىپ، ئۇلارنى ئاياللىرىدىن تېنىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلاتتى.

— ۋاي جېنىم پالۋىنىم، سىز بەك تېرىككەك ئىكەنسىز. مېنىڭ بولمايدۇ دېگىنىم، پەقەت ھازىر بولمايدۇ دېگىنىم. سىزنىڭ ئۆيگە كىرگەنلىكىڭىزنى كىملەر كۆرۈپ قالدى، تېخى كىم بىلىدۇ. كەنت باشلىقى ئەسلىدە مېنى كەنتتىن قوغلىۋېتىش ئۈچۈن پۇرسەت كۈتۈپ يۈرەتتى. سىز ئەڭ ياخشىسى ھازىر قايتىپ تۇرۇڭ. ئاخشاملىقى قاراڭغۇ چۈشكەندە ئارقىدىكى قەبرىستان تەرەپتىن كىرىڭ. مەن ئات ئېغىلىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ قويىمەن. سىز شۇ يەردە بىردەم ساقلاڭ، ئەتراپ تىنچلانغاندىن كېيىن ئۆزۈم سىزنى ئۆيگە باشلاپ كىرىمەن.

قەھىم ئاخشاملىقى بۇ خوتۇننىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالالايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا خالىمىغان قىياپەتتە رەت قىلدى:

— نازىمىيە خانقىز، سىز بەك ياخشى ئىكەنسىز، ئادەمنى بەك مەھلىيا قىلىۋالىدىكەنسىز. ئەمما، مەن ئاخشاملىقى بازارغا قانداق قايتىپ كېتىمەن، بۇنى ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟

— ھەي، ئەسكى ـ تۇسكى يىغقۇچى، سىز ماڭا ئاھانەت قىلىۋاتىسىز. ئەجەبا بىزگە يەنە تالىشىپ ئولتۇرۇش ھاجەتمۇ؟ بوپتۇ، بۈگۈن ئاخشام سىز مېنىڭ مېھمىنىم بولۇڭ، مەن سىز ياخشى كۆرىدىغان غىزا قىلىپ تۇراي. بىز گۈزەل بىر ئاخشامنى بىللە ئۆتكۈزەيلى.

ئەسكى ـ تۇسكى يىغقۇچى بىزەڭلىك بىلەن ھىجايغىنىچە

نازمىيەگە چوڭقۇر مەنىلىك قاراپ قويدى ـ يۇ، باشقا گەپ قىلماي، بۇرىلىپ ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى. ئۇ ۋاقىت ئۆتكۈزىدىغان بىرەر جاينى تېپىپ، كەچ كىرىشىنى كۈتۈپ تۇرماقچى بولدى. سىرت سوغۇق ئىدى. ئۇ كەنتتىكى قەھۋەخانىغا كىرىپ، قەھۋە ئىچكەچ ئىسسىنماقچى بولدى. ئۇ ئاخشامنى خىيالىغا كەلتۈرۈشى بىلەنلا پۈتۈن ۋۇجۇدى قىزىپ، يۈرىكى تىنىمسىز سوقۇپ كەتتى. قەدەملىرى بارغانچە تېزلەشتى، يۈزىدىكى شەھۋانىي كۈلكە ئۈزۈنغىچە يوقالمىدى.

ئەسكى ـ تۈسكى يىغقۇچى كېتىشى بىلەنلا نازمىيە يەڭلىرىنى تۈرۈپ ئىشقا كىرىشتى. كەچ كىرىشكە ھېچقانچە ۋاقىت قالمىغانىدى. «كەچ كىرىشتىن بۇرۇن ئۆينى يىغىشتۇرۇپ، كەچلىك غىزاغا تۇتۇش قىلاي» دەپ ئويلىدى ئۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆي يىغىشتۇرۇشقا كىرىشىپ كەتتى. سافانىڭ قاپلىرىنى ئالماشتۇردى، كىيىم ئىشكاپىدىن پاكىز يوتقان، ياستۇقلارنى ئالدى، يەنە بىر ئۆيگە يۇڭ كۆرپە سالدى، كۆرپىنى كۆپتۈرۈپ يۇمشاق قىلدى. ئۇ ھەر يازدا ئۆيدىكى بارلىق يۇڭ كۆرپە، ياستۇقلارنى سۆكۈپ يۇياتتى، شۇڭا ئۇنىڭ بۇ نەرسىلىرىدىن سوپۇننىڭ خۇش پۇراق ھىدى كېلىپ تۇراتتى. ئۇ كارىۋاتقا پاكىز كىرلىكنى سالدى، كىرلىك ئۈستىگە يوتقاننى قاتلاپ قويدى. ئوچاقنى ئادالاپ پاكىزلىدى، ئوتۇننى لىقلاپ سالدى. ئەمدى غىزا ئەتسىلا بولاتتى. ئۇ يېمەكلىك ئىشكاپىدىن يېڭى ئۈيۈتۈلغان قېتىق، مېۋە شەربىتى، سېرىق ماي، ئۈزۈم شەربىتى ۋە چىلىغان كۆكتاتلارنى ئالدى. يەرگە كۆمۈپ قويغان كۆمزەكتىن پىشلاق ئالدى. توخۇ كاتىكىدىن بىرنەچچە تال يېڭى تۇخۇمنى ئالدى. قازاندىكى ئېشىپ قالغان گۆشنى چوڭ بىر قاچىغا ئۇستى، تۇخۇم پىشۇردى. ئوچاقتىكى كۈلگە بەرەڭگى كۆمدى، قېتىپ قالغان قوتۇرماچلارنى نەمدەپ، پاكىز لاتا بىلەن ئوراپ قويدى. داستىخان ئۇنىڭ كۆزىگە سەل مەينەت كۆرۈندى بولغاي، ساندۇقتىن پاكىز داستىخاننى ئېلىپ سالدى. داستىخان

ئۈستىگە تەگلىك قويدى، ئاشخانىدىن ئۈچ پەتنۇسنى ئاچىقىپ نازۇنېمەتلەرنى تولدۇرۇپ تىزدى. ئۇ خۇددى ياش قىزلاردەك ھاياجىنىنى باسالماي، ئاشخانا، يېمەكلىك قويۇلغان ئىشكاپ ۋە تاماقخانا ئارىسىدا چېپىپ، ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ئۇ مۇشۇنداق كۈنلەر كېلىپ قالسا دەپ، ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىغا بىر بوتۇلكا ئاق ھاراقنى يوشۇرۇپ قويغانىدى، ئەمدى ئۇ ھاراقنىمۇ ئالدى. ئاشخانىدىن پاكىز ئىككى ئىستاكاننى ئاچىقتى. ھەممە تەييارلىقلار تەخ بولدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايى ـ بەدىنى تەرلەپ كەتكەنىدى. ئۇ سۇ ئىسسىتىپ، ئوبدان يۇيۇندى. پاكىز ئىچ كىيىملىرىنى كىيىپ، ئۈستىگە ھېيتلىق يۇڭ كۆڭلىكىنى كىيدى، ئۇ ئوچاق ئالدىغا كېلىپ، چاچلىرىنى قۇرۇتۇپ، ئۈستىگە يۇمىلاق قىلىپ تۈرمەكلىۋالدى. ئۆي ئىچى ئىللىق بولغاچقا، ئۇنىڭ چىرايىمۇ ئانارنىڭ دانىسىدەك قىزىرىپ كەتكەنىدى. سۈتتەك سۈزۈك، سىلىق تېرىسى ئۇنى تېخىمۇ ساھىبجامال قىلىۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ بەدەنلىرى شۇنچىلىك تولغان، ئاجايىپ كېلىشكەنىدى. ئۇ ئەينەككە قاراپ، ئۆزىدىن بىرھازا ھوزۇرلىنىپ، ئۆز ـ ئۆزىگە: «مېنىڭ شەھەردىكى ئاياللاردىن نەرىم كەم؟» دېدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەينەكتىكى سىيماسىغا ھەۋەسلىنىپ قاراپ، سەل مەستانە بولغاندەك بولدى. ئۇ توساتتىن نۇرغۇن يىللار ئىلگىرىكى ئىشنى ئەسلەپ قالدى. ئەينى چاغدا ئۇنىڭغا ئاشىق شەيدا بولۇپ قالغان يىگىتمۇ ئۇنىڭغا ھەمىشە: «شەھەردىكى قىزلار سىزنىڭ قولىڭىزغا سۇمۇ قۇيۇپ بېرەلمەيدۇ» دېگەنىدى. ئۇ يىگىت كەنتتىكى قويلارنى باقىدىغان پادىچى ئىدى، ئۇ كۈچتۈڭگۈر، بەستلىك يىگىت بولغاچقا، كەنتتە ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغىنى يوق ئىدى. تاغدىكى قاراقچىلار ئۇنىڭ قويىنى سورىغاندا ئۇ بەرمىگەن، شۇنىڭ بىلەن قاراقچىلار بۆكتۈرمە ياساپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى. نازىمىيە چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ قويدى. بۇ چاغدا ئات ئېغىلىدىن غەلىتە بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قېلىن كىيىمىنى كىيىپ، ئۆيدىن

چىقتى. ئات بۇ چاقىرىلمىغان مېھماندىن ئۈركۈپ كەتكەچكە، تېپچەكلەپ كەتكەنىدى. كەچ كىرىپ، جاھاننى قاراڭغۇلۇق باسقان، ئەتراپتا ئىنس ـ جىن كۆرۈنمەيتتى. نازمىيە ئەتراپنى ئوبدان كۆزەتكەندىن كېيىن ئۇ ئادەمنى ئۆيگە باشلاپ كىردى. ئات ئېغىلدا يېرىم سائەتچە تۇرۇپ توڭلاپ كەتكەن ئەسكى ـ تۈسكى يىغقۇچى ئوچاقتا لاۋۇلداپ ئوت كۆيۈۋاتقان ئۆيگە كىرىشى بىلەنلا بەدەنلىرى ئىللىپ، تېنىگە جان كىرگەندەك بولدى، يەنە تەييارلاپ قويۇلغان تاماق ـ غىزالارنى كۆرۈپ گۇلقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى. ئۇ ئەتىگەندىن بېرى ئاغزىغا تۇزۇك بىرەر نەرسە سالمىغان بولغاچقا، قورسىقى ئېچىپ كورۇكىراپ كەتكەن، قەھۋەخانىدا ئىچكەن قەھۋە قورسىقىنى تېخىمۇ ئاچۇرۇۋەتكەنىدى. ئۇ قورۇما، غىزالارغا قاراپ، ئېغىزىغا سېرىقسۇ كەلدى. بۇ ئايال ئۇ تەسەۋۋۇر قىلغاندىنمۇ بەك ئىشچان، يارامىلىق ئىكەن.

ـــ نازمىيە خانىم، سىز مېنى بەك خىجىل قىلىپ قويدىڭىز. سىزنىڭ بۇنچە ئاۋارە بولىدىغانلىقىڭىزنى بىلگەن بولسام، ئازراق بىرنەرسە تەييارلاپ كېلەركەنمەن. مەن ھازىر بۇنداق قۇرۇق قول كېلىپ بۇ غىزالارنى يېسەم قانداق بولىدۇ؟ قانداقلا بولمىسۇن خەقلەر مېنى يەنىلا ئەسكى ـ تۈسكى يىغقۇچى فەھىم دەپ چاقىرىدىغان تۇرسا!

نازمىيە ئۇنىڭ بۇ خۇشامەتگۈيلۇق گەپلىرىنى ئاڭلاپ سەل ئوڭايسىزلىنىپ يەرگە قاراپ تۇرۇپ قالدى ـ دە، ئارانلا قىلىپ:

ـــ بۇنىڭ ئاۋارە بولغۇدەك نېمىسى بار؟ يەنە كېلىپ سىزمۇ قۇرۇق قول كەلمىدىڭىزغۇ؟ ـــ دېيەلىدى.

فەھىم بىردىنلا ئانچە مۇھىم بولمىغان ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك قىياپەتتە يانچۇقىدىن ئالتۇن زىبۇ ـ زىننەتلەرنى ئالدى. نازمىيە ئۇنىڭ قولىدىكى ئالتۇن بۇيۇملارغا ئوغرىلىقچە قاراپ قويدى.

ـــ نازمىيە خانىم، بۇلارنى سېلىپ بېقىڭا، قانچىلىك يارىشىپ

كېتەركىسىن. سىز بەك چىرايلىق بولغاندىكىن قانداق نەرسە سالسىڭىزمۇ يارىشىۋېرىدۇ...

نازىمىيە ناز ـ كەرەشمە بىلەن ئۇنىڭغا قولىنى ئۇزارتتى، ئەسكى ـ تۇسكى يىغقۇچى قاداق بېسىپ سەتلىشىپ كەتكەن يوغان قولى بىلەن نازىمىيەنىڭ قولىنى تۇتتى ـ دە، بىرھازا سىلاپ تۇرغاندىن كېيىن، ئاندىن بىلەزۈكنى ئۇنىڭ قولىغا سېلىپ قويدى، سالغاندىمۇ خېلى تەستە سالدى، ئەمما ھالقا نازىمىيەگە كارامەت ياراشتى، ياراشقاندىمۇ ھۆسنىگە ھۆسن قوشتى دېسە بولاتتى. نازىمىيەگە ھالقىنى سېلىپ قويغاندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ قولى نازىمىيەنىڭ بويۇنلىرى، مۈرىلىرىنى سىلىغىلى تۇردى. ئەسكى ـ تۇسكى يىغقۇچى نازىمىيەنى سىلىغانسېرى ھاياجانلىنىپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنى سەل بېسىۋالالماي قالغاندەك ئىدى. ئەمما، ئۇ ئەتىگەندىن ھازىرغىچە ئاغزىغا بىر كاپام نەرسە سالمىغاچقا، قورسىقى ئېچىپ كوركىراپ كەتكەندى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ يەنىلا ئىككىلىنىش ئىلكىدە تۇراتتى. شۇ ئەسنادا نازىمىيە تەييارلاپ قويغان چۆگۈن بىلەن كىچىك داسنى چاققانلىق بىلەن ئەكەلدى. فەھىم ئىسسىق سۇ بىلەن يۈز ـ كۆزىنى يۇدى، پاكىز لۆڭگىگە قوللىرىنى، يۈز ـ كۆزىنى سۈرتتى. ئەمدى ئۇلار ئولتۇرۇپ غىزالانسا بولاتتى.

نازىمىيە قۇرۇقدالغان رومكىغا يەنە ھاراق قۇيدى، يېرىم كېچە بولاي دېدى، ئۇ ئادەم نازىمىيەنىڭ بېلىدىن قۇچاقلاپ، يوتىلىرىنى سىلايتتى، يالىڭاچ بويۇنلىرىغا سۆيەتتى. نازىمىيە خىرىلداپ كۈلگىنىچە:

ـــ ئالدىرىماڭ، فەھىم ئەپەندى، ۋاقىت دېگەن تېخى ئۇزۇن، ـــ دەيتتى.

بوتۇلكىدىكى ھاراق ئازلا قالدى، ئەمما ئەسكى ـ تۇسكى يىغقۇچىغا ئازراقمۇ ھاراق تەسىر قىلغاندەك قىلمايتتى. روشەنكى، ئۇ ھاراقنى خېلى كۆتۈرىدىغاندەك قىلاتتى. نازىمىيە ئىككىنچى ئېرى ئەھمەتنى ئەسلىدى. ئۇ بىر رومكا ھاراقنى

ئىچەر ـ ئىچمەيلا قانداقتۇر بىر ئاھاڭلارغا ئىنگىشىپ ناخشا ئېيتقىلى باشلايتتى. ئۇنىڭ بىرىنچى ئېرى باشقىلارنىڭ ئۆيىگە ھاراق ئەكىرىشىگە ھەرگىز يول قويمايتتى ھەم ھاراقكەشلەرگە ئۆچ ئىدى. ئەسكى ـ تۇسكى يىغقۇچى دەل نازىمىيە ئىزدەپ يۈرگەن، مىجەز ـ خۇلقى ئۆزى بىلەن تازا كېلىشىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ ئادەم يەنە بىردەم ـ بىردەم رادىيودىكى ناخشىغا جور بولۇپ ئىڭگىشىپ قوياتتى. نازىمىيە يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىرەرى بۇ ناخشا ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالارمۇ دېگەن ئەندىشىدە يۈرىكى سۇ بولۇپ ئولتۇردى. سىرتتا لەپىلدەپ قار ياغقىلى تۇردى. قار بۇنداق ياغقىلى تۇرسا ئەتە يول يەنە ئېتىلىپ قالاتتى. يول ئېچىلغۇچە ئەسكى ـ تۇسكى يىغقۇچى بۇ يەردە تۇرۇشقا مەجبۇر بولاتتى. راستىلا شۇنداق بولىدىغان بولسا نازىمىيەمۇ خۇش بولاتتى. ئەمما، بۇ ئادەمنى ھېچكىمگە بىلىندۈرمەي ئۆيىدە بىرنەچچە كۈن ساقلاش راستىلا بىر قىيىن ئىش ئىدى. ھېلىمۇ ياخشى ئۇنىڭ ئۆيى مەھەللىدىكى تۆپىلىككە جايلاشقان، بۇ يەردە بىرنەچچە ئۆيلۈك كىشى بولۇپ، ئۆيىنىڭ ئارقىسى ئۇزۇمزارلىغا، تاغقا قارايتتى. يولنىڭ يەنە بىر تەرىپى قەبرىستان، ئۇ يەردىن كىشىلەر كەمدىن ـ كەم ئۆتەتتى. بولۇپمۇ بۇنداق قار يېغىۋاتقان سوغۇق كۈنلەردە بىرنەچچە كۈنگىچە ئادەم كەلمەيتتى. نازىمىيە ئورنىدىن تۇرۇپ، يان ئۆيدىكى ئوچاقتا ئوت ياقتى. يېرىم سائەتكە قالمايلا ئۆي ئىسسىدى. ھاراق تۇگەي دېگەندە شىرەدىكى قورۇما ـ ئىزالاردىن ھېچقانچىلىك قالمىغانىدى. نازىمىيە قۇرۇق پەتنۇسنى كۆتۈرۈپ ئاشخانىغا كىردى. فەھىم ھاجەتخانىغا چىقماقچى بولدى. خەيرىيەت، ھاجەتخانا ئات ئېغىلى بىلەن ئۆيىنىڭ ئارىلىقىدا ئىدى. نازىمىيە ئۇنىڭ ئۇچىسىغا ئۆزىنىڭ تېرە جىلىتكىسىنى ئارتىپ قويدى. يىراقتىن قارىغاندا، تېرە جىلىتكىنى كىيىۋالغان فەھىمنىڭ ئەر كىشى ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلماق تەس ئىدى. فەھىم ھاجەتخانىدىن كىرگەندە، نازىمىيە ئۆينى يىغىشتۇرۇپ، تۆشەك سېلىنغان ئۆيگە كىرىپ،

ئۇخلاشقا تەييار بولۇپ بولغانىدى. فەھىم يۈز ـ كۆزلىرىنى يۇيۇپ، بىر بوتۇلكا ھاراقنى ئىچىۋەتكەن ئادەم ئەمەستەك سەگەكلىشىپلا كەتتى. ئۇ نازىمىيەنى كېچىلىك كىيىمىدە كۆرۈپ، ۋۇجۇدىدىكى قانلار ئۆركەشلەپ، پۈتۈن بەدىنىنى ئوتلۇق ھارارەت ئىلىكىگە ئالدى. ئۇ نەچچە كۈندىن بېرى مانا مۇشۇ مىنۇتلارنى كۈتۈپ تاقىتى تاق بولغانىدى. نازىمىيەنىڭ ھەرقانداق نازلىق قىلىپ دېگەن سۆزلىرى ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى.

بىرنەچچە سائەتلىك پومداقلىشىشتىن كېيىن نازىمىيە چارچاپ ئېغىر ئۇيقۇغا غەرق بولۇپ كەتتى. بىر چاغدا ئۇ غەلىتە بىر ئاۋازنى ئاڭلىغاندەك بولدى، ئۇ ئۇيقۇلۇقتا قولىنى سوزۇپ يېنىدىكى ئەرنى ئىزدىدى. ئەمما، ئەر يوق ئىدى. ئۇ شاققىدە ئورنىدا ئولتۇردى. ئوچاقنىڭ ئوتى تېخى ئۆچمىگەن، تېخى كۆيۈپ بولمىغان ئوتۇنلار سۇس يالقۇن چىقىرىپ كۆيۈۋاتاتتى، شۇ يالقۇنلار ئۆي ئىچىنى يورۇتۇپ تۇراتتى. فەھىم بۇلۇڭدىكى سېلىنچا ئۈستىدە بەللىرىنى ئەگكىنىچە ئولتۇراتتى، ئۇ نەپىسى قىسىلىپ قالغاندەك غەلىتە نەپەسلىنىۋاتاتتى. نازىمىيە ئۇنى بالدۇر ئويغىنىپ، بۇ يەردە يەنە ئۇخلاۋاتقان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ ئورنىدىن تۇردى:

— ھەي فەھىم ئەپەندى، ئىسسىق ئورۇندا ياتماي سېلىنچا ئۈستىدە نېمىدەپ ئولتۇرىسىز؟ ئەجەبا، سىز مەندىن بىزار بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟

نازىمىيە ئۇنى ئويغاتماقچى بولۇپ، مۈرىسىدىن نوقۇدى. فەھىم ئاخىرقى قېتىم ئېغىر بىر نەپەس ئالدى ـ دە، سېلىنچا ئۈستىگە ئوڭدىسىغا يىقىلدى. ئۆي ئىچى گىرىسمەن قاراڭغۇ بولغاچقا، فەھىمنىڭ ئوچۇق كۆزلىرىنىڭ ئېقىلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ چىشلىرى كىرىشىپ كەتكەنىدى. بۇ خىل ھالەتنى كۆرگەن ھەرقانداق ئادەم قاتتىق قورقاتتى. نازىمىيەنىڭ كاللىسىدىن چاقماق تېزلىكىدە بىر خىيال يالت قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ چىراغنى ياندۇرماقچى بولۇۋىدى، چىراغ يانمىدى، ھەر

قېتىم قار ـ يامغۇر ياغقان چاغلاردا توك توختاپ قېلىپ، بىرقانچە كۈنگىچە كەلمەيتتى. نازمىيەنىڭ تەييارلاپ قويغان گازۋاي لامپىسى بار ئىدى، ئۇ پۇت ـ قوللىرى تىترىگىنىچە ئوچاق يېنىغا كېلىپ، سەرەڭگىنى ئالدى، ئاشخانىغا كىرىپ گازۋاي لامپىنى ياندۇردى. ئۇ تىترەپ تۇرغان قوللىرىدا چىراغنى فەھىمنىڭ چىرايىغا تۇتتى، فەھىمنىڭ چىرايىدا ھاياتلىقتىن ئەسەرمۇ يوق، چىرايى كۆكىرىشكە باشلىغانىدى. نازمىيە شىشىگە سۇ ئەكېلىپ، فەھىمنىڭ يۈزىگە چاچتى، ئۇنى توختىماي چاقىردى، توختىماي بىرنېمىلەرنى دېدى، نېمىلەرنى دېگەنلىكىنى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بىلمەيتتى.

ـــ بولدى پالۋىنىم، ھازىر چاقچاق قىلىدىغان چاغ ئەمەس. كۆزىڭىزنى ئېچىڭ. بۇنداق يېرىم كېچىدە ئەمدى قانداق قىلىمەن؟

نازمىيە ھودۇققىنىدىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى. ئۇ فەھىمنىڭ مۈرىلىرىدىن تۇتۇپ توختىماي سىلكىيتتى، كۆڭلىدە بولسا ئۇنىڭ تىرىلىپ قېلىشىنى تىلەيتتى. بىر چاغدا ئۇ ئاخىر ئۈمىدىنى ئۈزدى. فەھىم ئۆلۈپ قالغانىدى. نازمىيەنى تۇيۇقسىز قورقۇنچ بېسىپ قوللىرى ماغدۇرسىزلانغان ھالدا تۆۋەنگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇ ئاچچىق يىغلىۋەتتى.

ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، ئۆي ئىچى قاتتىق سوۋۇپ كەتكەنىدى. سىرتتا ھېلىھەم لەپىلدەپ قار يېغىۋاتاتتى. نازمىيە ئاستا ـ ئاستا ئۆزىگە كەلدى. ئەمما، ئۇنى يەنىلا قاتتىق قورقۇنچ بېسىپ تۇرۇۋاتاتتى. ئۇ بۇ جەسەتنى ھېچكىمگە بىلىندۈرمەي بىر تەرەپ قىلىۋەتسۇنمۇ؟ ئۇ ئەرنىڭ مۇشۇنداقلا جان ئۈزگىنىگە كىم ئىشىنەر؟ مۇبادا بىرەرى ئۇنىڭ ئۆيىدە ئۇ ئەرنىڭ جەسىتىنى بايقاپ قالسا، ئۇنىڭ تۈگەشكىنى شۇ ـ دە. نازمىيە قاتتىق ئويلاندى. ئۇ تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن بىر ئامال تېپىشى كېرەك.

ئۇ تەستە ئورنىدىن تۇردى، ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى توڭلاپ

ئۈيۈشۈپ كەتكەنىدى. ئۇ قىلىن پەلتوسىنى كىيىپ، قازناقتىن يوغان بىر كاناپ تاغارنى تېپىپ چىقتى. ئەسكى - تۈسكى يىغقۇچى خېلى بەستلىك بولغاچقا، بىر تاغارغا پاتمايتتى. نازىمىيە يەنە بىر تاغارنى تېپىپ، ئۇنى پۈتىدىن باشلاپ تاغارغا تىقتى - دە، ئارغامچا بىلەن قاتتىق باغلىدى. نازىمىيەنىڭ يۈرىكى هازىرلا قەپىسىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى، چېكىلىرى لوقۇلداپ ئاغرىپ، قۇلاقلىرى غوڭۇلداپ كەتتى. ئۇ بېشىغا يوغان بىر شارپىنى يۆگەپ، پۇتىغا يامغۇرلۇق ئۆتۈكىنى كىيدى. ئۇ ئىشىكنى ئېچىپ ئەتراپقا قارىدى. قار تېخىچە لەپىلدەپ يېغىۋاتاتتى. ھەممە يەرنى ئاپپاق قار قاپلىغان، قار ئادەمنىڭ تىزىغىچە كېلەتتى. پۈتكۈل مەھەللە قاراڭغۇلۇققا چۆمگەن، بىرەر ئائىلىنىڭمۇ چىرىغى يانمىغانىدى. ۋاقىت بارغانچە قىستاپ كەلمەكتە. نازىمىيە جەسەت سېلىنغان تاغارنى ئارغامچا بىلەن باغلاپ، ئۆيدىن تارتىپ چىققان پېتى سۆرەپ ماڭدى. نازىمىيە خېلى كۈچلۈك ئايال بولسىمۇ، قورقۇنچ بىلەن تەشۋىشتىن پۇتلىرىنىڭ پەيلىرى تارتىشىپ كېتىۋاتاتتى. بۇ قېلىن قاردا ماڭغانسېرى جەسەت قارغا چۆكۈپ، شۇنچە ئېغىرلاپ كېتىۋاتاتتى. نازىمىيە ماغدۇرسىزلىنىشقا باشلىدى. قەبرىستان تەرەپتىن ئىتنىڭ قاۋىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئىككى ئىت يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە تاغارنى پۇرىدى، ئاندىن نازىمىيەگە قاراپ قاۋىدى. نازىمىيە تاغارنى چىشلىمەكچى بولغان ئىتلارنى تىنچىتقاندىن كېيىن تاغارنى ئۆشنىسىگە ئېلىپ يۈدۈپ ماڭماقچى بولدى. ئەمما، جەسەت بەك ئېغىر بولغاچقا يۈدۈيەلمىدى. شۇ ئارىلىقتا تاغارنىڭ ئاغزىنى بوغقان ئارقان بوشاپ، تاغارنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ كەتكىلى تاس قالدى. نازىمىيە قولىدىكى تۆمۈر گۈرجەك بىلەن كىچىكرەك بىر ئىتنى ئۇردى، ئىت ئېچىنىشلىق ھاۋشىپ قېچىپ كەتتى. يەنە بىر ئىتمۇ قورقۇپ، ئۇ ئىتنىڭ ئارقىسىدىن قاچتى. نازىمىيە چوڭقۇر بىر تىنىۋالدى - دە، تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن بوشاپ كەتكەن ئارغامچىنى قايتىدىن چىگىتتى.

ئۇ ئالدىراپ ماڭغاچقا، پەلىيىنى ئۇنتۇپ قالغانىدى، مانا ئەمدى قوللىرى توڭلاپ كەتتى. ئۇ قوللىرىنى ئېغىزىغا تۇتۇپ ھورداپ ئىسسىتقاچ بىردەم ئارام ئېلىۋالدى. ئاندىن تاغارنى سۆرىگىنىچە قاردا چوڭقۇر ئىز قالدۇرۇپ ئۇزۇمزار تەرەپكە قاراپ ماڭدى. قەبرىستانلىقنىڭ ئارقا تەرىپى ئەسلىدە ھېچكىم ئاچمىغان تاشلاندۇق تاشلىق يەر ئىدى. ياقا يۇرتتىن كەلگەن باغۋەن ئوسمان مەھەللىگە كەلگەندىن كېيىن، بۇ يەرنى مول ھوسۇللۇق ئۇزۇمزارغا ئايلاندۇرغانىدى. ئۇزۇمزارغا ئەڭ يېقىن يول بىلەن بېرىش ئۇچۇن قەبرىستاندىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. ئەگەر باشقا ۋاقىت بولىدىغان بولسا نازىمىيە بىرسى ئۇنىڭ بېشىغا مىلتىق تەڭلەپ تۇرمىسىلا، ھەرگىزمۇ بۇنداق يېرىم كېچىدە قەبرىستاندىن ماڭمىغان بولاتتى. ئۇ قورقۇنچ ئىچىدە تۇرغاچقا، تاغاردىكى جەسەت تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتكەندەك بىلىنىدى. ئۇ قەبرىستاندىن تېزلا ئۆتۈپ، ئۇزۇمزارنىڭ ئىچكىرىسىدىكى قۇرۇق قۇدۇقنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇ ھاسىرىغان ھالدا توختىدى. قۇرۇپ قالغان بۇ قۇدۇقنى قار كۆمۈۋەتكەنىدى. نازىمىيە قۇدۇق ئاغزىنى گۈرجەك بىلەن ئاچماقچى بولدى. خېلى ھەپىلىشىپ، ئاخىر تاغار پاتقۇدەك بىر تۆشۈك ئاچتى. ئۇ ھېرىپ كەتكەچكە بىلەكلىرىدە جان قالمىغانىدى. پۇتلىرى توڭلاپ ئۇيۇشۇپ كەتتى. ئۇ تاغارنى ناھايىتى تەستە قۇدۇق بېشىغا ئەكەلدى ـ دە، قۇدۇققا تاشلىۋەتتى. ئۇ قۇدۇقنىڭ چوڭقۇر ئەمەسلىكىنى بىلىسىمۇ، جەسەتنىڭ قۇدۇققا چۈشكەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ، بۇ قۇدۇقنىڭ شۇنچىلىك تېيىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ ھەيران بولدى. ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. ئۇ قۇدۇقنىڭ ئاغزىنى قار بىلەن ئېتىپ، ئۈستىگە قار دۆۋىلەپ قويدى. ئاندىن ئالدى ـ كەينىگە قاراشقىمۇ ئۈلگۈرمەي تېزلا ئارقىسىغا ياندى. يول بويى بىردەممۇ توختاپ قالماي، ئۇدۇل ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. ئەگەر ئۇ سەللا دىققەت قىلغان بولسا، شۇ كۈنى ئاخشىمى قەبرىستانغا ئۇنىڭغا ناتونۇش بولمىغان يەنە بىر ئادەمنىڭ زىيارەت قىلىپ

كەلگەنلىكىنى كۆرگەن بولاتتى. توختىماي يېغىۋاتقان قار سۆرەلگەن تاغار قالدۇرغان چوڭقۇر ئىزنى يېپىۋەتتى. نازمىيە ئۆيگە قايتىپ كېلىپ خېلىغىچە ئەنسىزلىكتىن قۇتۇلالمىدى. جەسەتنى بىر تەرەپ قىلىش ئىشى ئۇنىڭ ئويلىغىنىدىنمۇ ئاسان بولدى. نازمىيە ئەمدى ئالدىراپ فەھىمنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى بىر تاغارغا تىقتى ـ دە، ئەتە ئوچاققا سېلىپ كۆيدۈرۈۋېتىشنى ئويلىدى. ئاندىن ئەمدى ئازراق كۆزۈمنى يۇمۇۋالاي دەپ ئورنىغا چىقىپ ياتتى. تاڭ ئاتقۇچە ئۇنىڭ كۆزىگە ئازراقمۇ ئۇيقۇ كەلمىدى. ئۇ ئەتىگەندە يەنىلا ئادەتتىكىگە ئوخشاش ۋاقتىدا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇلاغلارغا يەم ـ خەشەك سېلىپ بەردى. ئاخشامقى قاچا ـ قۇچىلارنى يۇدى، ئاندىن ئۇ ئىختىيارسىز ئەسكى ـ تۈسكى يىغقۇچى بىلەن ئۆتكۈزگەن مىنۇتلارنى ئەسلەپ خىيالغا پاتتى: «ئۇ ئادەمنىڭ راستلا مەن بىلەن مىجەزى كېلىشەتتىكەن. شۇغىنىسى، ئۇنىڭ ئۆمرى بەك قىسقا ئىكەن، شۇنچىلىك لەززەتكىمۇ بەرداشلىق بېرەلمىدى.» بىلەزۈك ھېلىھەم ئۇنىڭ بىلىكىدە، ھالقىمۇ ئۇنىڭ قۇلىقىدا يالتىراپ تۇراتتى. ئۇ دەرھال بىلەزۈك، ھالقىلارنى ئېلىپ، قىزىل قول ياغلىققا ئوراپ، ساندۇققا سېلىپ قويدى. ئۇنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، يۈرىكى ئېچىشتى، كۆز چاناقلىرى ياشقا تولدى. ئۇ ئىچكىرى ئۆيگە كىرىپ، ئوت قالاپ چاي قايناتتى. ئۇنىڭ ھېچ نەرسە يېگۈسى كەلمىدى، پەقەت ئۈچ ئىستاكان چاي ئىچتى ۋە ئۆز ـ ئۆزىگە:

— ھەي… مەن قانداق ئىشلارغا يولۇقۇۋاتىمەن ـ ھە؟ مەن راستلا تەلەيسىز ئىكەنمەن، — دېدى.

ئۇ بىردىنلا ئۆزىنى تۇتۇۋالماي قاتتىق يىغلاپ كەتتى، كۆز ياشلىرى خۇددى يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تاراملاپ تۆكۈلدى. ئۇ قانچە ئۇزۇن يىغلىغانلىقىنى بىلمىدى، بىر چاغدا سىرتتىكى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭدىن ئۆزىگە كەلدى، ئۇ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ، ئۆيدىن چىقتى، ئايال قوشنىلىرى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلىشقىنىچە

قەبرىستان تەرەپكە كېتىۋاتاتتى. بىر ئايال تېخى نازىمىيەگە قاراپ ۋارقىرىدى:

— نازىمىيە، تېز بولۇڭ، قەبرىستاندا بىرسى ئۆلۈپ قاپتۇ دەيدۇ. بېرىپ قاراپ باقايلى. سىزمۇ بېرىڭ.

نازىمىيە قاتتىق جىددىيلىشىپ كەتكەچكە، يۈرىكى سوقۇشتىن توختاپ قالايلا دېدى، ئۇنىڭغا ئاسمان چۆرگىلەپ، يەر پىرقىراۋاتقاندەك تۇيۇلدى، ئۇ دەرھال ھويلىدىكى سۇ ناسوسىغا يۆلىنىۋالدى. ئۇلار جەسەتنى شۇنچە تېز تېپىۋالغانمىدۇ؟ خۇداغا شۈكۈر، ئۇنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كەلگەنلىكىنى ھېلىمۇ ياخشى ھېچكىم كۆرمىگەنىدى. ئەمما، ئۇ ئەسكى ـ تۇسكى يىغقۇچى قەھۋەخانىدا قالايمىقان سۆزلەپ، بەزى گەپلەرنى دەپ سالغان بولسا، ئىشنىڭ تۈگەشكىنى شۇ، چۈنكى نازىمىيە ھېچكىمنى ئۇ ئەسكى ـ تۇسكى يىغقۇچىنىڭ ئۆزى ئۆلۈپ قالغانلىقىغا ئىشەندۈرەلمەيتتى.

— سىزگە نېمە بولدى نازىمىيە؟ جىنغا يولۇققاندەكلا بولۇپ قاپسىزغۇ؟

كۆسە چاۋۇشنىڭ سارالڭ قېتىش خوتۇنى گەپ قىلىۋاتاتتى. نازىمىيە بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشتى. ئەمما، ئۇ يەنىلا دۇدۇقلاپ كەتتى:

— مەن ئۆلۈك ئادەمنىڭ چىرايىغا قاراشقا جۈرئەت قىلالمايمەن. شۇڭا قورقۇپ كەتتىم.

— ئۆلۈپ قالغان ئادەمنى ئايال ئىكەن دەيدۇغۇ، يەنە كېلىپ ئۆلۈپ قالغان ئادەم سىزنى نېمە قىلالايتتى، ئۇنىڭ قورققۇدەك نېمىسى بار؟ ئىككى پۇتىدا ئۆرە تۇرۇپ، ھايات يۈرگەن ئادەملەردىن قورقىسىز بولىدۇ.

ئۇ خوتۇن شۇنداق دېگىنىچە نازىمىيەنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ، قەبرىستان تەرەپكە قاراپ كەتتى. ئۇنىڭ گېپى نازىمىيەنى ھەيران قالدۇردى، نازىمىيە جىددىيلىك ئىچىدە ئۇ ئايالغا ۋارقىرىدى:

— ئاياللىكەن؟ كىمكەن؟ قانداق ئۆلۈپ قاپتۇ؟

ئۇ خوتۇن ھېچنېمە ئاڭلىمىغاندەك ئالدىغا قاراپ مېڭىپ، بىر ئەگمىدىن بۇرۇلۇپ كۆزدىن غايىب بولدى.

تاڭ ئاتقاندا قار توختاپ، جەنۇب شامىلى چىقىقلى تۇردى، قارلارمۇ ئېرىشكە باشلىدى. ئۆگزىدىن تامچىلاپ چۈشۈۋاتقان سۇنىڭ ئاۋازى نازمىيەنى ئېسىگە كەلتۈردى. ئۇ ئۇلۇغ بىر تىندى، سەل توڭلىغاندەك بولۇپ، ئۆيىگە قايتىپ كىردى. ئۆلۈپ قالغان ئايال كىمدۇ؟ نازمىيە قاتتىق تەئەججۈپلەنگەندى. ئەمما، ئۇ ھەرقانچە قىلىپمۇ قەبرىستانغا بېرىپ كېلىشكە جۈرئەت قىلالمىدى. دېرىزە ئالدىدا تۇرغىنىچە كەتكەنلەرنى كۈتۈپ تۇردى.

# ئون بىرىنچى باب

ھەنىفە ئۈچىنچىسىغا كىيىۋالغان ئاق يىپەك كۆڭلەك ئوشۇقىنى يېپىپ تۇراتتى، ئۇ بېشىغا ئاق ئەتىرگۈلدىن توقۇلغان گۈلچەمبىرەك قادىۋالغانىدى، ئۇ بۇ ھالىتى بىلەن گويا چۆچەكلەردىكى مەلىكىلەرگىلا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇ يالاڭ ئاياغ، پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ مەلىھانىڭ كارىۋىتىنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە پەقەت مەلىھالا ئاڭلىغۇدەك ئاۋاز بىلەن:

— خانىم، ئويغىنىڭ، مەن كەلدىم، — دېدى.

مەلىھا شۇ زامان ئويغىنىپ كەتتى. ھەنىفە ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ تۇراتتى. مەلىھا قورققىنىدىن كارىۋاتتا ئولتۇردى. ئۇ بەكلا قورقۇپ كەتكەچكە خۇددى گېلىغا بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك ئاۋازى بەكلا بوغۇق چىقتى:

— بۇ يەردە نېمە قىلىسەن؟ سەن ئۆلمىگەنمىدىڭ؟

— ياق خانىم، مەن بايلىق ئىزدەيمەن دەپ، قورۇقتىن چىقىپ كەتكەنىدىم. مەن بايلىق ساقلانغان يەرنى تاپتىم. مەن سىزنى باشلاپ باراي.

مەلىھا چوڭقۇر بىر تىنىۋېلىپ، ئۆزىنى سەل بېسىۋالغاندەك بولدى. بۇ گالۋاڭ قىز ھېلىھەم بۇرۇنقىدەك ئۇنىڭ ئۇچۇن ئىشلىمەكچى بولۇۋېتىپتۇ ـ دە! شۇنىڭ بىلەن مەلىھا: «ئۇنىڭدىن بىكارلا گۇمانلىنىپ يۈرۈپتىمەن» دەپ ئويلىدى.

— توغرا قىپسەن، مەن بۇرۇنلا سېنىڭ ئوبدان قىز ئىكەنلىكىڭنى بىلەتتىم. شۇ ئايسۇنىڭ كاساپىتىدىن مېنى يامان كۆرۈپ قالغانىدىڭ. ئۇنىڭغا ھەرگىز ئىشەنمە. بۇ گەپچە سەن غايىب بولغان بايلىقنى تېپىپسەن ـ دە؟ باشقىلار بىلەمدۇ؟

باشقىلارغا ھەرگىز دېگۈچى بولما. بايلىقنى قولىمىزغا ئېلىۋالساق ھەممە ئادەم ئالدىمىزدا باش ئېگىدۇ. مەن سېنى بۇ قورۇقنىڭ غوجايىنى قىلىمەن.

بۇرۇنقى ئۆزگە ئىشىنىدىغان، مىجەزى كەسكىن مەلىها يەنە ئۆز ئەسلىگە كەلگەنىدى. ھەنىفە ئۇنىڭغا قولىنى ئۇزارتتى، ئۇنىڭ چىرايىدا سەممىي كۈلكە جىلۋە قىلىپ تۇراتتى. ئۇ مەلىھانىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىمىغاندەك قىلاتتى:

— خانىم، تېز بولۇڭ، ۋاقىت بىر يەرگە بېرىپ قالدى. سىز بايلىقنى قولغا ئالسىڭىزلا بۇ دۇنياغا غوجايىن بولىسىز.

مەلىها شۇ زامان كارىۋاتتىن چۈشتى. ئۆي ئىچى سوغۇق ئىدى. ئۇ قاپارتما يوللۇق كىچىلىك كىيىمىدە توڭلاپ تىترەپ كېتىۋاتاتتى. ئاخشام يېغىشقا باشلىغان قار تېخىچە توختىمىغانىدى. سوغۇق شىمال شامىلى ئۇشقىرتىپ، قار بىلەن قوشۇلۇپ بوران - چاپقۇنغا ئايلانغانىدى. بىرنەچچە كۈندىن بۇيانقى قەھرىتان سوغۇقتا يەرلەر توڭلاپ تاشتەك بولۇپ كەتكەنىدى. شۇ تاپتا ئادەمنىڭ تىزىغا كەلگۈدەك ياغقان قاردا زېمىن گويا ئاپپاق لىباس كىيگەندەك كۆرۈنەتتى. ھەنىفە ئىشىك تۈۋىدە تولىمۇ جىددىي قىياپەتتە ئۇنى ساقلاۋاتاتتى، ئۇنىڭ سەممىي تەبەسسۇم جىلۋە قىلغان چىرايى شېشىدەك سۈزۈك ئىدى. مەلىها سافادىن كەمزۇلىنى شاققىدە ئېلىپ، ئۇچىسىغا ئارتتى. يېنىك قەدەم بىلەن ساندۇق يېنىغا كېلىپ، گىلەمنىڭ تېگىدىن ئاچقۇچنى ئېلىپ ساندۇقنى ئاچتى، ساندۇقتىكى زىبۇ - زىننەتلىرىنى سېلىپ قويغان بولاقتىن كېرەكلىك نەرسىسىنى ئېلىپ، بولاقنى يەنە ساندۇققا سالدى، ساندۇقنى يېپىپ قۇلۇپلاپ، ئاچقۇچنى يەنە گىلەم تېگىگە تىقىپ قويدى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرى خۇددى تىزگىنەك بىلەن باشقۇرۇلىدىغان ماشىنا ئادەمگىلا ئوخشايتتى، ئەمما ئۇنىڭ قىياپىتىدىن ئادەمنىڭ تېنى شۈركۈنەتتى.

— تەييارلىقىم پۈتتى، ئەمدى ماڭايلى.

مەلىھانىڭ ئاۋازىنى پەقەت ھەنىفەلا ئاڭلىيالايتتى، ئۆيدە ئۇنىڭدىن باشقا ئاۋاز، مەلىھانىڭ ئاڭسىز ھەرىكەتلىرىدىن باشقا ھېچقانداق تىۋىش يوق ئىدى. ئۇ ئىككىيلەن ئۆيدىن چىقتى، ھەنىفە ئالدىدا، مەلىھا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. مەلىھامۇ يالاڭ ئاياغ بولۇپ، بېشىغا ياغلىق ئارتمىغانىدى. سوغۇق شامال مەلىھانىڭ يۈزىگە نەشتەردەك سانجىلاتتى. ئەمما، مەلىھا بۇنى پەقەتلا سەزمىگەندەك ئىدى. ئۇلار بىنادىن ئۇن - تىن چىقارماي چۈشتى، ھويلىدىن ئۆتۈپ، بۇرۇنقى قورۇق جايلاشقان يەرگە قاراپ ماڭدى. ئۇلار تام ياقىلاپ ماڭدى. مەلىھا تىزىغا كەلگۈدەك قارنى كېچىپ كېتىۋاتاتتى، ئۇنىڭ پۇتى توڭلاپ قېتىپ قالغاچقا، يول مېڭىشى قىيىنلاشتى. ئەمما، ھەنىفە قاردا خۇددى سىيرىلىپ كېتىۋاتقاندەك يېنىك كېتىۋاتاتتى. يول بويىدىكى قاردىن ئاق لىباس كىيگەن دەرەخلەر ئەرۋاھلاردەك كۆرۈنەتتى، دەرەخ شاخلىرىدىكى قارلار پات - پات ئۇلارنىڭ باشلىرىغا تۆكۈلەتتى. مەلىھا ئالدىراپ كېتىۋاتاتتى، قار ئۇنىڭ ئوچۇق ياقىسىدىن كۆكرەكلىرىگە، دۈمبىسىگە كىرىپ كېتەتتى. ئۇلار ئاخىر تاملىرى ئۆرۈلۈپ ئەبگار بولۇپ كەتكەن ھويلا تېمىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ھەنىفە تامدىن شاققىدە ئارتىلدى ۋە مەلىھانىڭ تامدىن ئۆتۈشىگە ياردەملەشتى. ھەنىفە ھېلىھەم كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى:

— تېز بولۇڭ خانىم، مانا كېلەيلا دەپ قالدۇق. سىز ھازىرلا ئالماقچى بولغان نەرسىڭىزگە ئېرىشىسىز.

تامدىن ئۆتكەندىن كېيىن ھەنىفە قەبرىستان تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇ ئەمدى بارغانسېرى تېز كېتىۋاتاتتى. مەلىھا ھاسىراپ كەتتى، ئەمما ئۇ پۇتۇن كۈچى بىلەن ھەنىفەگە يېتىشىپ ماڭماقچى بولاتتى. يىراقتا ئىت قاۋاۋاتاتتى. ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ تاغ ئېتىكىدىن بۆرىلەرنىڭ ھۇۋلىغان ئاۋازلىرى كېلەتتى. مەلىھا ھېرىپ ھالىدىن كېتەيلا دەپ قالغاچقا، پالەچ ئادەمدەك بىردەم يەردە يېتىپ قالدى. ھەنىفە دەرھال ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى:

— تېز بولۇڭ خانىم، ئازراق غەيرەت قىلىڭ، ھازىرلا يېتىپ

بارىمىز. سىز بۇ دۇنيادىكى ئەڭ كاتتا ئادەمگە ئايلىنىسىز، ھەممە ئادەمنى باشقۇرىدىغان بولىسىز. تاڭ ئاتاي دەپ قالدى، ۋاقتىنى چىڭ تۇتمىسىڭىز ھەممىدىن قۇرۇق قالىسىز.

مەلىھا ئەڭ ئاخىرقى كۈچىنى يىغىپ ئولتۇردى ـ دە، ھەنىفەگە قولىنى ئۇزارتتى، ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى ئۈيۈشۈپ قالغاندەك ھېچنېمىنى سەزمەيتتى، ئۇ ئادەتتىن تاشقىرى سېھىرلىك كۈچنىڭ تۈرتكىسىدە داۋاملىق ئالدىغا قاراپ ماڭدى. ئۇلار ئاخىر قەبرىستانغا كەلدى. ئارچا شاخلىرى ئۈستىدىكى قارلار بىلەن قوشۇلۇپ خۇددى ئاسمان قەرىگە سوزۇلغان ئاق مەرمەر تاش تۈۋرۈكلىرىدەك كۆرۈنەتتى. قەبرىستاندىكى بەزى ئابىدىلەر قىڭغىيىپ قالغانىدى. مەلىھا بىلەن ھەنىفە قەبرىلەر ئارىسىدا مەزمۇت قەدەم بىلەن كېتىۋاتاتتى، ئۇلار گويا ئېنىق نىشانى بار ئادەملەردەك ئۇدۇل قەبرىستاننىڭ ئاياغ تەرىپىگە كەلدى. ھەنىفە تېخى ئابىدە تىكلەنمىگەن بىر قەبرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئۇ گويا قار دۆۋىسىگىلا ئوخشايتتى. ھەنىفە قوللىرى بىلەن قارنى ئېچىۋىدى، ئەتراپ بىردىنلا يورۇپ كەتكەندەك بولدى. سان ـ ساناقسىز ئۈنچە ـ مەرۋايىتلار كېچىدە ئادەمنىڭ كۆزىنى چاقناتقۇدەك نۇر چېچىپ تۇراتتى.

— بىز كەلدۇق خانىم، مانا بۇ بايلىق. مەن دېگەندەك سىز ھەممىگە ئېرىشتىڭىز.

مەلىھا يەرگە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، قوللىرىنى ئەتراپقا نۇر چېچىپ تۇرغان بايلىققا سوزدى. ئۇنىڭ ئارزۇسى ئاخىر ئەمەلگە ئاشقانىدى، چىرايىدا بەخت كۈلكىسى جىلۋە قىلدى. گەرچە بەدىنى توڭلاپ كۆكىرىپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا بەدىنىنى قارغا چاپلاپ ئولتۇراتتى. ئۇ سوغۇقنى پەقەتلا سەزمەيتتى. دەل شۇ چاغدا كېچە ئاسمىنىنى يورۇتۇۋاتقان ئۈنچە ـ مەرۋايىتلار مىدىرلىدى، ئەتراپقا نۇر چېچىۋاتقان باشلىرىنى كۆتۈرۈشتى، ئۇزۇن تىللىرىنى چىقىرىپ، زەھىرىنى مەلىھانىڭ توڭلاپ قېتىپ قالغان قولىنىڭ قان تومۇرىغا سانجىدى، ئاندىن

ئۇن ـ تىنسىز زېمىن قوينىغا كىرىپ غايىب بولۇشتى، ئۇلار مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا پاتتى، ئۇلار پانىي ئالەمدىكى ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ بولغاچقا، ئەمدى قايتا چىقمايتتى. مەلىھانىڭ توڭلاپ كەتكەن بەدىنى توساتتىن مىدىرلىدى، ئۇنىڭ تومۇرلىرىدىكى قان بەدىنىدە ئاخىرقى قېتىم ئايلاندى، قان پۈتۈن بەدەن ھۈجەيلىرىگە تارالدى. توساتتىن بىر توپ كىشلەر پەيدا بولۇپ قالدى. مەلىھا ئارچا دەرىخى ئاستىدا ئاپىسىنى كۆرۈپ، ئۇنى چاقىرماقچى بولدى، ئەمما ئاۋازى چىقمىدى. بىر چاغدا ئۇنىڭ يېنىدا بەستلىك، قارىمۇتۇق ئابزەر پەيدا بولۇپ قالدى، ئەمما ئۇمۇ ھايال ئۆتمەيلا كېتىپ قالدى. يىراقتا تاھسىن بىلەن ئايسۇن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. باياتىن بىرى مىدىرلىماي جىم ئولتۇرغان ھەنىفە ئەمدى مەلىھانىڭ يېنىغا ئاستا كەلدى ـ دە، مەلىھانىڭ ئوچۇق ئالىقىنىغا قانداقتۇر بىرنەرسىنى قويدى، ئۇ پەقەت مەلىھالا ئاڭلىيالىغۇدەك ئاۋاز بىلەن:

— سىز بۇ نەرسىنى ماڭا ساقلاپ بەر دەپ بەرگەنىدىڭىز، خانىم، ئەمدى بۇنى ئۆزىڭىز ئېلىڭ، — دېدى.

مەلىھا توڭلاپ كەتكەن بارماقلىرىنى ئاخىرقى كۈچى بىلەن يىغىپ، قولىدىكى نەرسىنى مەھكەم چاڭگاللىدى، ئاندىن خېلى ۋاقىتلاردىن بۇيان بولۇپ باقمىغان بىر خىل خاتىرجەملىك ئىچىدە ئۇيقۇغا كەتتى.

كەچقۇرۇن بىردىنلا قار ياغدى، قار ئەتىسى ئەتىگەندە توختىدى. قىش قۇياشى تارقىلىشقا باشلىغان بۇلۇتلار ئارىسىدىن چىرايىنى نامايان قىلدى، شىمال شامىلىمۇ جەنۇب شامىلىغا ئۆزگەردى، شۇنىڭ بىلەن بىر كىچە ياغقان قار ئېرىشكە باشلىدى. قېرىلار بۇنداق تۇيۇقسىز ئۆزگىرىشنى ئاشۇ كۈندىكى تېمپېراتۇرىنىڭ تۇنجى قېتىم ئۆرلىگەنلىكىدىن بولدى، دەپ قاراشتى. كۈنگەي تەرەپتىكى ئېرىگەن قارلار، ئايۋانلاردىن، دەرەخلەردىن تامچىلىغان قار سۇلىرى ۋە يەردە ئېرىگەن قار سۇلىرى يەرنى پاتقاق قىلىۋەتكەنىدى.

ئەتىگەندە، بىر يەردىن كېلىۋاتقان ئىتنىڭ توختىماي قاۋىغان ئاۋازى پادىچىدا گۇمان پەيدا قىلغانىدى. كىشىلەر ھەنىفەنىڭ تېخى ئابىدە تىكلەنمىگەن قەبرىسىنىڭ ئالدىدا مەلىھانىڭ توڭلاپ قالغان جەسىتىنى تېپىشتى. بىرىم سائەت ئۆتمەي پۈتۈن كەنتتىكىلەر بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، قەبرىستانغا يىغىلدى. ئۆلار ئۆلۈپ قالغان ئادەمنىڭ كىملىكىنى ئېنىق كۆرگەندىن كېيىن شۇ ھامان قورۇقچىغا خەۋەر بېرىپ، ژاندارمىلارنى چاقىرىپ كېلىشتى. بۇ خەۋەر قورۇقنى پاتىپاراق قىلىۋەتتى. قورۇقتىكىلەر مەلىھانىڭ غەلىتە ئىش ـ ھەرىكەتلىرىگە ئادەتلىنىپ قالغاچقا، ئۇنىڭ خېلى ۋاقىتقىچە ئۆيدىن چىقمىغانلىقىغا ئېرەن قىلمىغان، ئۇنىڭ ئۆيدە يوقلۇقىغىمۇ دىققەت قىلمىغانىدى. كىشىلەر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، دەسلەپتە ئىشەنمىدى، بۇنى يوق گەپ دەپ بىلدى، ھەتتا چوڭ خانىممۇ بىر خىل تەمكىنلىك بىلەن:

— ئۇنىڭ ئۆيگە قاراپ بېقىڭلار، ئۇ جەزمەن يەنە ئىشكىنى ئىچىدىن تاقىۋېلىپ ئولتۇرغان بولسا كېرەك، — دېدى.

چوڭ خانىم قىز خىزمەتكارلارنى مەلىھانىڭ ئۆيىگە ئەۋەتتى، ئۇلارغا ئىشىكنى چوقۇم ئېچىشنى تاپىلىدى. ئەمما، قىز خىزمەتكارلار ھايال ئۆتمەيلا قايتىپ كېلىپ، مەلىھانىڭ ئىشىكى ئوچۇق ئىكەنلىكىنى، ئۆيدە ھېچكىمنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتتى. چوڭ خانىم شۇندىلا ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى ھېس قىلىپ، غوجىدار ھاسان بىلەن ئايالى خەدىچەنى خەۋەر ئەكەلگەن ئادەم بىلەن قەبرىستانغا بېرىپ، ئۇ جەسەتنى تونۇپ كېلىشكە ئەۋەتتى. ئۆزى ئۆمەر بېگىم بىلەن خەۋەر كۈتۈپ قالدى. تاھسىن قار يېغىشتىن ئىككى كۈن بۇرۇنلا شەھەرگە قايتىپ كەتكەنىدى. ئايسۇنغا ئۇنى كېلەر قېتىمدا شەھەرگە ئاپىرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنى كەنتتە قالدۇرۇپ قويغانىدى. تاھسىن مەلىھانى ئايرىلىشقا قوشۇلىدۇ، دېگەن ئۈمىدتە ئىدى. ئايسۇنمۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ دەرھال چوڭ خانىمنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى.

ئۆمۇ بۇ خەۋەرنىڭ خاتا بولۇشىنى، مەلىھانىڭ ھايال قالمايلا قايتىپ كېلىشىنى، ئىمكان بار ئۆزىنى ئەندىشىگە سالدۇرماسلىقنى تىلىدى. بىر سائەتتىن كېيىن غوجىدار ئايالى بىلەن ئالاقزەدىلىك ئىچىدە قايتىپ كەلدى. ئۇلار جەسەتنى كۆرەلمىگەنىدى. ئەمما، كەنت باشلىقى جەسەتنى كۆرۈپ، جەزملەشتۈرگەن، ژاندارمىلار مەلىھانىڭ ئۆلۈمىدىن گۇمانلىنىپ، جەسەتنى بازارغا ئەكەتكەنىدى. ھاسان غوجىدارنىڭ چىرايىدىن بىرنەرسىدىن ئەندىشە قىلىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ئۆمەر بېگىمنىڭ يېنىغا كېلىپ، پەس ئاۋازدا:

— بېگىم، بىز ياندىكى ئۆيگە چىقىپ پاراڭلىشايلى، سىلىگە دەيدىغان گېپىم بار ئىدى، — دېدى.

ئۆمەر بېگىم ھاساننىڭ چىرايىغا تىكىلىپ قاراپ قويۇپ، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي، ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ياندىكى ئۆيگە چىقتى. غوجىدارمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كىردى.

— خوش، سۆزلە ھاسان، بۇ زادى نېمە ئىش ئىكەن؟

— ۋاي ئىسىت بېگىم، دەل شۇ ئىكەن. مەن كەنت باشلىقى بىلەن سۆزلەشتىم، ئۇنىڭ خوتۇنى ۋە باشقا ئاياللارمۇ مەلىھانى تونۇپتۇ. ئۇ بېشىغا ياغلىق چىگمەپتۇ، يالاڭ ئاياغ ئىكەن. ئۇچىسىدا كېچىلىك كىيىمى بىلەن ئىكەن. ئۇ شۇنچە كەچتە قەبرىستاندا نېمە ئىش قىلار ئىدى بېگىم؟ يەنە كېلىپ ئۇ شۇ تۇرقى بىلەن نېمىدەپ قەبرىستانغا بارغان بولغىيدى؟ ئەگەر كۈندۈزى بولغان بولسا جەزمەن بىرەرى كۆرۈپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى، يەنە كېلىپ ئۇ شۇنداق كىيىنىپ قورۇقتىن قانداق چىققاندۇ؟

— ئۇ قانداق ئۆلۈپ قاپتۇ؟ ئۇلار ئۇنى قانداق تېپىپتۇ؟ بۇنداق قەھرىتان سوغۇقتا ئۇ نېمىشقا چىقىپ كەتكەندۇ؟ ئېيتقىنا غوجىدار، بىز يولۇققان بۇ ئىشقا نېمە دېسەك بولار؟

— نېمە دېسەم بولار بېگىم؟ بۇ ئىشنى مەنمۇ بىلەلمەي قالدىم. ئۇ ئۆزلىرىنىڭ قىزلىرىدەكلا ئىدى. ئۇنىڭ ئۆلۈمى بەكلا

غەلىتە بولدى. ئۇلار تېخى ئۇنىڭ ئالىقىنىدىن قانداقتۇر بىر نەرسىنى تاپقانىمىش. ئۇ نەرسە ھازىر ژاندارمىلاردا ئىكەن. بەزىلەر ژاندارما باشلىقىنى ئەتە كەنتتىكى ھەممە ئادەمنى سوراق قىلىدىكەن دېيىشىۋاتىدۇ. كەنت باشلىقى: «بېگىمگە ئېيتىپ قوي، ئۇمۇ تەييارلىق قىلىپ قويسۇن» دېدى. مەن ئەتە ژاندارما باشلىقىغا نېمە دەيدىغانلىقىمىزنى بىلمەيۋاتىمەن.

— ئۇلار كەلسە كېلىۋەرسۇن. بىز كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر ئادەملەر. بىز نېمە ئىشنى بىلسەك شۇنى دەيمىز. ئۇلارمۇ پەرماننى بېجىرىدىغان ئادەملەر، ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىدۇ. سەنمۇ چىقىپ تەييارلىق قىلىپ قوي، ۋاقتى كەلگەندە تەمتىرەپ قالما.

ئۆمەر بېگىممۇ قورۇقتىكى باشقا كىشىلەرگە ئوخشاش قانداق قىلىشنى بىلمەيتتى. ئۇ ئىشنى ئېنىق بىلمەي تۇرۇپ، ھېچ نەرسە قىلمىغان تۈزۈك، دەپ ئويلىدى. ھاسان غوجىدار بېگىمنىڭ يېنىدىن خىيالغا پاتقان ھالدا چىقىپ كەتتى. ئاياللار ئۇنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتاتتى. ئالدى بىلەن چوڭ خانىم ئۇنى چاقىردى:

— غوجىدار، بېرى كېلىڭ.

— بولىدۇ، خانىم.

— ئېيتىڭا، بېگىم بىلەن نېمىلەرنى دېيىشتىڭلار؟ بىزدىن ھېچنېمىنى يوشۇرماڭ، مەيلى قانداق ئىش بولسۇن، بىز ئىشنىڭ ئېنىقىنى بىلەيلى.

غوجىدار دەماللىققا ئۇلارغا نېمە دېيىشنى بىلەلمەي دېلىغۇل بولۇپ تۇرۇپ قالدى، ناھايەت، ئۇلارغا ھەممىنى دېمەكچى بولدى. ئۇ بىلىدىغانلىرىنىڭ ھەممىنى ئۇلارغا دەپ بېرىۋىدى، ئۇلار تۇرغان يېرىدە قېتىپلا قېلىشتى. ھېچكىم بىرەر ئېغىز گەپ قىلالمىدى. گەپنىڭ توغرىسىنى ئېيتقاندا، ھەممە ئادەمنىڭ كۆڭلىدە ئوخشاش گۇمان بار ئىدى. ئۇلار ئۆلگەن ئادەم جەزمەن مەلىھا ئەمەس، ھەقىقىي ئەھۋال كېيىن ئېنىقلىنىدۇ، دېگەن

ئۆيدا ئىدى. شۇڭا ھېچكىم بۇ خەۋەرنى تاھسىنغا دېيىشنى خالىمىدى، مەلىھانىڭ دادىسى ھۇسام بېگىمگىمۇ ئېيتىشنى راۋا كۆرمىدى.

قورۇقتىكى خىزمەتكارلار مەلىھانىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلاپ دەسلەپتە ھەيران بولۇشتى، كېيىن سەل خۇش بولۇشقاندەك بولدى. ھېچكىم ئۇنىڭ ئۈچۈن يا ئازابلانمىدى، يا ھەسرەتلەنمىدى. ھەممىسى بۇ ئىشقا قىزىقسىندى، خالاس. ئەلياتقۇدا، مۇشۇنداق قېلىن قار يېغىۋاتقاندا، مۇشۇنداق بوران – چاپقۇندا ئۇ يالاڭ ئاياغ، بېشىغا ياغلىقمۇ ئارتماي ھەنىفەنىڭ قەبرىسىدە نېمە ئىش قىلىدۇ؟...

تاھسىنغا بۇ خەۋەر كەلگەندە، ئۇ كىيىم لايىھەلىگۈچى ئەرول بىلەن يېڭى كىيىملەرنىڭ پاسونى توغرىسىدا پاراڭلىشىۋاتاتتى. ئۇ بۇ كىيىم ـ كېچەكلەرنى ئەزىزنىڭ ئاپىسىنىڭ دۇكىنى ئۈچۈن تىكتۈرمەكچىدى. بۇنداق چاغدا كەلگەن تېلېفوندىن كاللىسى پىرىدە قېيىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بارلىق ئىشلىرىنى تاشلاپ، كەنتكە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇ يولدا تولىمۇ جاپا تارتتى، يولدا ھە دېسىلا بىرنەچچە سائەت ساقلاپ تۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. ئاخىر ئۇ قورۇققا تاڭ سەھەردە يېتىپ كەلدى. ئۇ ئۇيقۇسىزلىقتىن قاتتىق چارچاپ كەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا شۇ ھامان دادىسىنى ئويغىتىپ، ئىشنىڭ پۈتۈن جەريانىدىن خەۋەر تاپتى. ئۇمۇ باشقىلارغا ئوخشاش ئۆز ـ ئۆزىدىن شۇ سوئاللارنى سورايتتى: ئەلياتقۇدا، شۇنداق قېلىن قاردا، شۇنداق بوران – چاپقۇندا، ئۇ يالاڭ ئاياغ، بېشىغا ياغلىقمۇ ئارتماي، كېچىلىك كىيىمدە ئۇ يەرگە قانداق بارغاندۇ؟ نېمىدەپ ئۇ يەرگە باردۇ؟ ئەتىسى تاھسىن ژاندارما باشلىقى ۋە تەپتىش ئەمەلدارى بىلەن كۆرۈشتى. ئەمما، ئۇ ئۇلاردىن ھېچقانداق بىر ئېنىق خەۋەرگە ئېرىشەلمىدى. ھەممىسى جەسەت تەكشۈرۈش دوكلاتىنى كۈتۈپ تۇرۇشقانىدى. ئۇلار تاھسىنغا: كەنتتىن كەتمەي تۇرۇڭ، زۆرۈر تېپىلغاندا سىزدىن بەزى ئىشلارنى سورايمىز، بۇ ئىشتا سىز

ياردەم قىلىشىڭىز كېرەك، دېدى. ئىش بۇ دەرىجىگە يەتكەندە تاھسىن بۇ ئىشتا مېنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتىم بار، دەپ بىلدى. ئۇ: مېنىڭ ئايسۇن بىلەن توي قىلماقچى بولغانلىقىمغا مەلىھا پەقەتلا قوشۇلمايتتى. شۇڭا ئۇ ھار ئېلىپ، ئەقلىدىن ئاداشقان گەپ، دەپ بىلىپ، مەلىھانىڭ كېيىنكى بىرنەچچە كۈندىن بۇيانقى جىمى غەلىتە ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى مۇشۇ نۇقتىغا يىغىنچاقلىدى. ئۇ كۆڭلىدە توختىماي ئۆزىنى ئەيىبلەيتتى: مەن مەلىھانىڭ بۇنداق ھالىتىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن نىكاھتىن ئايرىلىپ كەتمەكچى بولدۇم! بىر ـ بىرىمىزگە ھەرقانچە كۆڭلىمىز چۈشمىسىمۇ، ئارىلىقىمىز ھەرقانچە يىراق بولسىمۇ، مەلىھا مېنىڭ خوتۇنۇم تۇرسا، يەنە كېلىپ مەلىھانىڭ ئۆلۈشىگە دەل مەن سەۋەبچى بولدۇم.

ئۇ ئەنە شۇنداق ئۆز ـ ئۆزىنى ئەيىبلەش ئىچىدە قالدى، ئايسۇننىڭ نەسىھەتلىرىمۇ زىنھار كار قىلمىدى.

# ئون ئىككىنچى باب

ژاندارما ئەترەت باشلىقى باش سېرژانت ئابباس بۇ قېتىم قاتتىق نىيەتكە كېلىپ، تەپتىش ئەمەلدارى بىلەن بىللە پۈتۈن كەنتتىكىلەرنى ئۈچ كۈن بىر - بىرلەپ سوراق قىلىپ، مەلىھانىڭ ئۆلۈمىنىڭ سىرىنى يېشىپ چىقماقچى بولغانىدى، ئەمما ئازراقمۇ يىپ ئۇچىغا ئېرىشەلمىدى. ئۆلار كۈتكەن جەسەت تەكشۈرۈش دوكلاتىمۇ كەلدى: مەلىھا زەھەرلىنىپ، توڭلاپ ئۆلۈپ قالغانىدى. بۇ زەھەرلىنىش بىر خىل گۆمبەمەدەكتىن زەھەرلىنىشكە ئوخشايتتى؛ بېغىشىدىكى يىلان چېقىۋالغان ئىزنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھېچقانداق مەجبۇرلانغان، تاياق يېگەن ئىزلار يوق؛ ئۆلگۈچىنىڭ قەبرىستانغا ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن بارغانلىقى ئېنىق ئىدى؛ ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۆلگۈچىنىڭ ئالقىنىدىن قول ياغلىقتا ئورالغان يېرىم قۇرۇپ قالاي دېگەن بىر پارچە زەھەرلىك گۆمبەمەدەك بايقالغانىدى. ئۇ گۆمبەمەدەك جەسەت بىلەن بىللە ماددىي پاكىت سۈپىتىدە تەپتىش مەھكىمىسىگە يوللاپ بېرىلدى. تەپتىش ئەمەلدارى مەلىھانىڭ بۇ يەسلىدە بۇ خىل گۆمبەمەدەكنى نەلەرگە بېرىپ تېرىپ كەلگەنلىكىنى ياكى ئۇنىڭ بۇ گۆمبەمەدەكنى كىمدىن ئالغانلىقىنى تەكشۈرۈپ بېقىشنى تەلەپ قىلدى، ئىش بارغانسېرى مۇرەككەپلىشىپ، قالايمىقانلىشىپ كەتتى. ئاخىر مەلىھانىڭ ئاخىرقى بىرنەچچە كۈندىكى غەلىتە يۈرۈش - تۇرۇشىنى نەزەرگە ئېلىپ، بۇ ئايال بىر بولسا زەھەرلىك گۆمبەمەدەكنى ئۇقماي يەپ سالغان، بىر بولسا ئۇ ئۆلۈۋېلىش غەرىزىدە بۇ زەھەرلىك گۆمبەمەدەكنى يېگەن، دېگەن خۇلاسىگە كەلدى. ئەمما، ھېچكىم

ئۇنىڭ مۇشۇنداق چاغدا ئاشۇنداق كىيىنىپ، قەبرىستانغا نېمىدەپ بارغانلىقىغا بىرنېمە دەپ بېرەلمىدى. شۇنداق قىلىپ بۇ دېلو شۇنداق ئاياغلاشقان بولدى. ئەمما بۇ چاغدا...

ئەسكەر ژاندارما ئەترەت باشلىقى ئاباسنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ دوكلات قىلدى:

— باشلىق، كەنتتىكى كۆسە چاۋۇش ئايالى بىلەن ئەتىگەندىن بېرى ئىشىك ئالدىدا ساقلاپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇلار قانداقلا بولمىسۇن سىز بىلەن سۆزلىشىمىز دەيدۇ.

— ئۇلار مەن بىلەن نېمىنى سۆزلىشىدىكەن؟ كىم بىلىدۇ، ئۇلار يەنە شۇنداق ئەرزىمەس ئىشلار بىلەن كەلدىمۇ؟ ئۇلارنى كەتكۈزۈۋەت، ئۇلارغا باشلىق ئالدىراش دە.

— باشلىق، مېنى شۇنداق دېمىدى دەمسىز؟ ئۇلار ئەتىگەندىلا ئىشىك ئالدىدا ئولتۇرۇۋالغانىدى. ئۇلار كەنتتىكى ھېلىقى ئايال توغرۇلۇق سۆزلىشىدىغان گەپ بار دەيدۇ.

— قايسى ئايال توغرۇلۇق؟

— ھېلىقى ئايالچۇ؟... باشلىق، ھېلىقى بىر ئايال بار ئىدىغۇ؟

— كىم؟ نېمە ئايال؟ تولا تىلىڭنى چاينىماي گەپ قىلە. ھېزى بول، ھېلى بىكار تاياق يەيسەن.

— ھېلىقى ئېرىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بىر ئايال بار ئىدىغۇ؟

— نازمىيەمۇ؟

— توغرا، دەل شۇ ئايال بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن.

— ھەي كالۋا، يەنە نېمىگە ساقلاپ تۇرىسەن، ئۇلارنى تېز كىرگۈزۈۋەت.

باش سېرژانت ئاباس شاققىدە ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتى خۇددى بىر ھىدنى پۇراپ قالغان ئىتقىلا ئوخشايتتى. ئۇنى بىردىنلا بىر خىل ھاياجان ئىسكىگە ئالدى، قەلب دۇنياسىدىكى بىر سادا ئۇنىڭغا: بۈگۈنگە قەدەر تەكشۈرۈپ ئېنىقلانمىغان ھەممە مەسىلە ئەمدى ئايدىڭلىشىدىغان بولدى، دەپ

نىدا قىلماقتا ئىدى.

كۆسە چاۋۇش ئوغلى ئۆلۈپ قالغاندىن كېيىن ساراڭ قېتىش بولۇپ قالغان خوتۇنى بىلەن بىللە غال ـ غال تىترىگىنىچە كىرىپ كەلدى. باش سېرژانت شۇ ھامان ئۇلارنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئايال يەردىن بېشىنى كۆتۈرمىدى، ئەرمۇ بەكلا جىددىيلىشىۋاتقاندەك قىلاتتى. باش سېرژانت ئاببا ئىشىك يېنىدىكى ئەسكەرگە ئىككى ئىستاكان چاي ئەكىرىشنى بۇيرۇپ، ئۆزى ئۇستەلگە كېلىپ ئولتۇردى. خېلى ئۇزۇنغىچە ھېچكىم گەپ قىلمىدى. بۇ چاغدا چاي كەلتۈرۈلدى. ئۇ ئىككىيلەننىڭ چاي ئىچكۈدەك ماجالى يوقتەك قىلاتتى. ئۇلار ئىشنى تېزرەك پۈتكۈزۈپ دەرھال كېتىدىغاندەك ئەلپازدا ئىدى. ناھايەت، ئاببا جىمجىتلىقنى بۇزدى:

ــــ خوپ، قېنى دەڭلار، قانداق مۇھىم ئىش ئىدى ئۇ؟

ئەر قارىماققا بۇ يەرگە كەلگىنىگە پۇشايمان قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ جىددىيلىشىپ كەتكەچكە پېشانىسىدىن پۇرقىراپ تەر چىقىپ كەتتى. ئۇ قولى بىلەن پېشانىدىكى تەرلەرنى سۈرتتى:

ــــ ئۇ... باشلىق... ئايالىم ئۇنىڭ قانداقتۇر بىر ئىشلىرىنى كۆرۈپ قالدىم دەيدۇ، ئۇ ئىشلارنى سىزگە دېگۈسى بار ئىكەن.

ــــ ھەدە، قېنى دەڭە، نېمىلەرنى كۆردىڭىز؟

ئايال ھېلىھەم يەرگە تىكىلىپ، مىدىر ـ سىدىر قىلماي، خۇددى باشقا بىر دۇنيادا ياشاۋاتقاندەك ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئېرى سەل تاقەتسىزلەنگەندەك بولدى ـ دە، بىلىكى بىلەن ئايالىنى نوقۇدى:

ــــ ھەي خوتۇن، گېپىڭنى دېمەمسەن، بۇ بىرنەچچە كۈندىن بېرى تولا ۋالاقلاپ مېنى خويمۇ بىزار قىلدىڭ. ئەمدى باشلىق ئالدىڭدا تۇرۇپتۇ، سەن كۆرگەن ئىشلىرىڭنى دېسەڭچۇ. باشلىق، ئۇنى ئەيىبكە بۇيرۇماڭ. بۇ ئايالنىڭ كاللىسىنىڭ ئازراق دەردى بار. سىزنى ئاۋارە قىلىپ قويدۇق. بىرقانچە كۈن بولدى، ئۇ بۇ

يەرگە كېلىمەن دەپ غەلۋە قىلىپلا تۇرۇۋالدى. ئۇ مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر مەن ئەھۋالنى باشلىقتا دەيمەن، بىگىمنىڭ كېلىنى ئۆلۈپ قالغان ئاخشىمى نازىمىيەنىڭ چوڭ بىر تاغارنى سۆرەپ قەبرىستان تەرەپكە كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردۇم، دەيدۇ. قاراڭ، ئۇنىڭ ئەمدى ئاغزىنى يۇمۇۋالغانلىقىنى. دەيدىغان گېپىڭ تۈگىگەن بولسا يۇر، بىز قايتىپ كېتەيلى.

ئابباسنىڭ ھاياجاندىن نەپسى توختاپ قالايلا دەپ قالدى، ئۇ تەشنا بولۇۋاتقان كۆن ئاخىر يېتىپ كەلگەنىدى... ئۇ نازىمىيەنى تۇتۇشتا بۇنىڭدىنمۇ ياخشى پۇرسەت يوق ئىدى. ئۇ نازىمىيەنىڭ ئېرىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىگە قەسەم قىلىپ بېرەلەيتتى، پەقەت پاكىت تولۇق بولمىغاچقىلا ئۇ ئايالنى قويۇۋېتىشكە مەجبۇر بولغانىدى. ئەمدى ئاببىاسنىڭ قولىغا چوڭ بىر پاكىت چۈشتى. شۇڭا ئۇ ئالدىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى:

— توختاپ تۇرۇڭ، كۆسە چاۋاش، ئۇنى قىستىماڭ، ئۇ سەل ئۆزىنى بېسىۋالسۇن. سىز شۇ كۈنى ئاخشىمى نازىمىيەنىڭ قەبرىستانغا كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم دېمەكچىمۇ؟ شۇنداقمۇ ھەدە؟

ئايال گەپ قىلماسلىقتا قەسەم قىلغاندەك تۇراتتى. ئۇ پەقەت بېشىنى لىڭشىتىپلا قويدى. بۇ ئابباس ئۇچۇن يېتەرلىك ئىدى، ئۇ بۇنداق ئىشلاردا سەۋرچان ئىدى. تولىمۇ روشەنكى، بۇ ئايال مەزكۇر دېلوغا پايدىلىق بەزى ئىشلارنى كۆرگەنىدى. ئاببىاس ئۈستەلدىكى سوۋۇپ قالغان چاينى ئېلىپ ئايالغا سۇندى:

— ھەدە، ئاۋۋال ئازراق چاي ئىچىڭ، ئاندىن پاراڭلىشايلى.

ئايال قولىغا تۇتقۇزۇپ قويغان چاينى بىر كۆتۈرۈپلا ئىچىۋەتتى. ئەمدى ئۇ كۆزىنى يەردىن ئالدى. ئىشخانىغا ئەمدىلا كىرگەن چاغدىكىدەك قىياپەت بىلەن ئاببىاسنىڭ كۆزىگە قاراپ سۆزلەشكە باشلىدى، ئۇنىڭ ئاۋازى گويا يىراقتىن كېلىۋاتقاندەك ئاڭلىناتتى:

— شۇ كۈنى ئاخشىمى يەنە بېشىم ئاغرىپ كەتتى، ھەرقانچە

قىلىپمۇ ئۇخلىيالمىدىم. شۇنىڭ بىلەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ سۇ ئىچمەكچى بولۇپ، ھوجرامدىن چىقتىم. بۇ چاغدا ئىتنىڭ قاۋاۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم. قار ياغقان كۈنلەردە تاغدىن بۆرە چۈشۈپ، قوتاندىكى قوي ـ قوزىلارنى بوغۇپ ئەپقاچاتتى. مەن ئىت بۆرىلەرگە قاۋاۋاتقان بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ، دېرىزە پەردىسىنى قايرىپ سىرتقا قارىدىم. سىرتتا لەپىلدەپ قار يېغىۋېتىپتۇ. ھەممە يەر ئاپپاق. نازىمىيەنىڭ ئۆيى بىزگە يېقىن، مەن ئۇنىڭ ئات ئېغىلىنىڭ يېنىدا بىر كۆلەڭگىنى كۆردۈم. سىنچىلاپ قاراپ، ئۇنىڭ نازىمىيە ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئۇ چوڭ بىر تاغارنى سۆرىگىنىچە قەبرىستان تەرەپكە كېتىۋاتاتتى. ئۇ بۇرۇلۇپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ قايسى تەرەپكە كەتكەنلىكىنى كۆرەلمىدىم. مەن دېرىزە ئالدىدا بىر سائەتكە يېقىن ساقلاپ تۇرغاندىن كېيىن ئۇ قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ قولىدا ھېلىقى تاغار يوق ئىدى. ئەتىسى خەقلەر قەبرىستاندىن بېگىمنىڭ كېلىنىنىڭ جەسىتىنى بايقاپتۇ. چوپانلار ۋارقىراشقاندىن كېيىن مەنمۇ بېرىپ كۆرۈپ كەلدىم. مەلىھانىڭ قولىدا چىڭ چاڭگاللىۋالغان قول ياغلىق نازىمىيەنىڭ.

ئابباس خۇشاللىقىدىن يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇ ئايالنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ قويغۇسى كېلىپ كەتتى. ئۇ قاتتىق ھاياجانلانغىنىچە ئۇ ئايالنىڭ قولىنى تۇتۇپ:

— سىز بۇ ئىشلارنى نېمىشقا بۇرۇن تەپتىش ئەمەلدارىغا دېمىدىڭىز ھەدە؟ — دېدى.

— ئېرىم سۆزۈمگە ئىشەنمىدى. ئۇ: «سەن چۈش كۆرۈپسەن، قالايمىقان گەپ قىلما، ئۆزىمىزگە ئاۋارىگەرچىلىك تېپىۋالمايلى» دېدى. بۇ بىرنەچچە كۈندىن بېرى ئۇ مېنى ئىزچىل گەپ قىلغىلى قويمىدى. مەن مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بۇ ئىشنى سىزگە دەيمەن دەپ تۇرۇۋالدىم. شۇنىڭ بىلەن ئېرىم سىزنىڭ ھۇزۇرىڭىزغا باشلاپ كەلدى.

— رەھمەت سىزگە ھەدە، سىز ناھايىتى ياخشى ئىش

قىلدىڭىز، بەلكىم سىزنىڭ بۇ گەپلىرىڭىز بىلەن بۇ بىرنەچچە خوتۇن دېلوسىنىڭ سىرىنى يېشەلىشىمىز مۇمكىن. سىز هازىر دېگەن گەپلىرىڭىزنى تەپتىش ئەمەلدارىغا يەنە بىر قېتىم سۆزلەپ بېرىڭ. قالغان ئىشلارنى بىز قىلىمىز.

ئەر ـ ئايال ئىككىسى كەتكەندىن كېيىن ئابباس دېرىزىدىن يىراقلارغا قارىغىنىچە چوڭقۇر خىيالغا پاتتى. ئۇنىڭ دادىسى مۇشۇنداق بىر ئايال بىلەن قېچىپ كەتكەندە ئۇ تېخى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتاتتى. ئىككى يىلدىن كېيىن يىراق بىر كەنتتىن دادىسىنىڭ مۇسىبەت خەۋىرى كەلدى. دادىسىنى بىرسى ئوۋ مىلتىقى بىلەن ئېتىۋەتكەنىدى. ئۇنى قانداق ئېتىۋەتكەنلىكى، نېمە ئۈچۈن ئېتىۋەتكەنلىكى ئېنىق ئەمەس ئىدى. ئاباس دادىسىنىڭ قەبرىسىگە بېرىپ بىر تامچىمۇ ياش تۆكمىدى، ئۇ ھېلىھەم دادىسىنى كەچۈرمەيتتى. ئۇ ئەھمەتنىڭ باللىرىنىڭ هالىدىن ئۆزىنىڭ ئەينى چاغدىكى باللىق چاغلىرىنى كۆرگەندەك بولدى. ئۇنىڭ نازىمىيەگە قاتتىق ئۆچمەنلىكى بار ئىدى. مانا، ئۇ كۈتكەن كۈن ئاخىر يېتىپ كەلگەنىدى. ئۇ ئۆزىنى خۇددى ئەھمەتنىڭ باللىرى بىلەن ئۆزىنىڭ ئۆچىنى ئالىدىغاندەك هېس قىلدى. ئۇ يىراقلارغا قاراپ ۋارقىرىدى:

— ھەي پەسكەش خوتۇن، سەن ئەمدى قولۇمغا چۈشتۈڭ. قېنى، ئەمدى ئالدىمدا يەنە داپشاقلىق بىلەن ھىجىيىپ تۇرالامدىكەنسەنكىن.

نازىمىيە تۈرمىدىكى ياغاچ سافانىڭ بىر چېتىدە قارىكۆل كەمزۇلىغا ئورىنىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ چىرايلىق قوي كۆزلىرىنىڭ ئەتراپى قارىداپ كەتكەن، ئۇ ئىككى كۈندىن بېرى هېچقانداق شىكايەتنى تەن ئالمىدى. ئۇ گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالدى. ئەگەر باشقا ئايال بولغان بولسا، ئاللىقاچان ھەممىنى دەۋەتكەن بولاتتى. ئەمما، نازىمىيە قەيسەر ئايال ئىدى. ئۇ ئۆتكەن قېتىم نېمە دېگەن بولسا، هازىرمۇ شۇنداق دېدى. ئۇ ئىككى كۈن

ئىلگىرى ژاندارمىلارنى كۆرگەندە، ئەسكى ـ تۇسكى يىغقۇچىنىڭ جەسىتى بايقىلىپ قالغانمىدۇ دەپ، سەل ئەندىشە قىلغانىدى، ئەمما كېيىن ئۇلار مەلىھانىڭ قولىدىكى قول ياغلىقنىڭ ئۇنىڭ قول ياغلىقى ئىكەنلىكىنى دەپ، تەپتىش ئەمەلدارىنىڭ ئۇنى يەنە بىر قېتىم سوراق قىلماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇ سارالڭ خوتۇن نېمىشقا ئاشۇ بىر تال گۇمبەمەدەكنى يوشۇرۇپ قويغان بولغىيدى؟ ناھايىتى روشەنكى، ئۇ بۇ گۇمبەمەدەكنى كېيىن يەنە ئىشلىتىپ قالىمەن دەپ ئويلىغان چېغى. «مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار ئۇ ئايالنىڭ قولىدىن مىڭ تال قول ياغلىقمنى تېپىۋالسىمۇ، مېنى ھېچنېمە قىلالمايدۇ. مەن مەلىھا ئۇ قول ياغلىقمنى ياخشى كۆرۈپ قالغاچقا، ئۇنىڭغا بەرگەنىدىم دەيمەن» دەپ ئويلىدى ئۇ. ئۇ شۇنداق ئويلاپ كۆڭلىنى تىنچىتتى. ئەمما، ئۇنىڭ كۆڭلىدە بىر سادا: «بۇ قېتىمقى ئىش ئالدىنقى قېتىمقىدەك ئۇنداق ئاددىي ئەمەس» دەيتتى. ئۇ تۇمۇر ئىشىكنىڭ قۇلۇپىنىڭ ئېچىلغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئېسىگە كەلدى. بىر ژاندارما ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ ۋارقىرىدى:

— تېزرەك تەييارلىق قىل، بىز تەپتىش ئەمەلدارى بىلەن كۆرۈشكىلى بارىمىز.

نازمىيە ھارغىنلىق بىلەن تەستە ئورنىدىن تۇردى. ئىككى كۈندىن بۇيان ئۇ ئوبدان ئۇخلىيالمىدى. مۇشۇ ياغاچ سافادا كىرپىدەك تۈگۈلۈپ ياتقاچقا، ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى قېتىشىپ، سىرقىراپ ئاغرىيتتى. ئۇ كۆڭلىدە بۇ ھېكايىنى چوقۇم تولۇق ئېيتىشىم كېرەك، دەپ ئويلىدى. ئۇ كىيىملىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، ئەسكەر بىلەن تەپتىش ئەمەلدارىنىڭ ئىشخانىسىغا قاراپ ماڭدى. ئۇلار تەپتىش ئەمەلدارىنىڭ ئىشخانىسىغا كىردى.

— باشلىق، مەن ھېلىقى ئايالنى ئېلىپ كەلدىم.

ئاباسمۇ شۇ يەردە ئىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە كۈلكە ئويناپ تۇراتتى. نازمىيە يەنە تۇرانىنىڭ دادىسى كۆسە چاۋۇش بىلەن

ئۇنىڭ ئايالىنىڭمۇ ئۇ يەردە ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇلارنىڭ مەلىھەسانىڭ ئۆلۈمى بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى باردۇ؟ ئەجەبا، ئۇنىڭ سارالىڭ قىيتىش سىڭلىسى شازىيە بەزى ئىشلارنى ئاشكارىلاپ قويغانمىدۇ؟ نازمىيە سەل سارالىسىمىگە چۈشتى. ئۇ ئۆزىنى ئىمكانقەدەر تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشقان بولسىمۇ، ئەمما جىددىيلەشكەنلىكىنى يوشۇرالمىدى. ئۇ بەزى ئىشلارنىڭ ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇنىڭ قۇلاقلىرى ۋىڭىلداپ كەتتى. ئۇ ئولتۇرۇش بۇيرۇقىنى كۈتۈپ ئۆرە تۇراتتى. ئاخىر تەپتىش ئەمەلدارى بىر ئورۇندۇقنى كۆرسەتتى:

— ئولتۇرۇڭ، نازمىيە خانىم. قاراڭ، بۇ ئايالىنىڭ دېگەنلىرىگە قانداق جاۋاب بېرىسىزكىن؟ ھەدە، سىز كۆرگەن ئىشلارنى يەنە بىر قېتىم سۆزلەپ بېرىڭ.

تەپتىش ئەمەلدارى تۇرانىنىڭ ئاپىسىغا قارىغىنىچە قولىدىكى قەلەمنى ئويناۋاتاتتى. ئۇ ئايال يەرگە قاراپ، مىدىر - سىدىر قىلماي ئولتۇراتتى. تەپتىش ئەمەلدارىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئېسىگە كەلگەندەك بولدى. ئۇ دەيمۇ - دېمەيمۇ دېگەندەك قىلىپ، نازمىيەگە ئېھتىيات بىلەن قاراپ قويدى. ئاخىر غەيرەتكە كېلىپ، تەمكىن تەلەپپۇز بىلەن ئىككى كۈن ئىلگىرى ئاباساقا دېگەن گەپلىرىنى يەنە بىر قېتىم ئېيتىپ بەردى. ئۇ ئايال سۆزلىگەنسېرى نازمىيەنىڭ قۇلىقى تېخىمۇ ۋىڭىلداپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ خالتا كوچىغا قانچىلىك ئىچكىرىلەپ كىرىپ قالغانلىقىنى پەملەۋاتاتتى. ئۇ ئايال گېپىنى دەپ بولۇپ، يەنە يەرگە قاراپ ئولتۇردى. نازمىيە جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكتىن بۇ سوراقنى تەپتىش ئەمەلدارى قىلىۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇپ باش سېرژانت ئاباساقا قاراپ سۆزلەپ كەتتى:

— باش سېرژانت، سىز بۇ سارالىڭ خوتۇننىڭ گېپىگە ئىشەنمەيدىغانسىز، شۇنداقمۇ؟ مەلىھا دېگەن مېنىڭ ئەڭ يېقىن دوستۇم. قورۇقتىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ماڭا قانچىلىك ئامراق ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ. مەن نېمىدەپ ئۆزۈمنىڭ

جان دوستۇمنى ئۆلتۈرۈۋەتكۈدەكمەن؟

باش سېرژانتنىڭ چىرايىدا رازىمەنلىك ئالامەتلىرى پەيدا بولدى:

— بۇنى تەپتىش ئەمەلدارى بىلەن دېيىشىڭ.

نازىمىيە رەقىبىنىڭ ئۆزىدىن كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، شۇڭا ئۇ تەپتىش ئەمەلدارىغا قاراپ، ئۇنى ئۆزىگە ئىشەندۈرمەكچى بولدى. ئۇ كۆسە چاۋۇشنىڭ خوتۇنىنىڭ ئوغلى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن نېرۋىسى ئېلىشىپ قالغانلىقىنى، ئۇنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسى پۈتۈنلەي توقۇلما ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرمەكچى بولدى، ئەمما تەپتىش ئەمەلدارى بۇ كەنتتە يۈز بەرگەن بىرنەچچە قېتىملىق خۇن دېلوسىنىڭ ھەممىسى ئاشكارىلىنىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى سەزگەنىدى. شۇڭا ئۇنىڭ بۇ يىپ ئۇچىنى ھەرگىزمۇ قويۇپ بەرگۈسى يوق ئىدى. تەپتىش ئەمەلدارى قاتتىق تەلەپپۇز بىلەن نازىمىيەنىڭ ئاغزىنى يۇمدۇردى:

— بولدى، ئاغزىڭىزنى ئۇپراتماڭ، سوراقتا كۈچىڭىزنى ئاياپ قىلىڭ، بۇ سىز ئۈچۈن ئىنتايىن زۆرۈر. قېنى، بۇ قېتىم سىز قانداق قۇتۇلۇپ چىقىدىكەنسىزكىن؟

ئۇ ئىشىك يېنىدا تۇرغان ژاندارمىنى چاقىرىپ، نازىمىيەنى سوراقخانىغا ئەكىرىڭلار، دەپ بۇيرۇق قىلدى. نازىمىيە يەنە تىركەشمەكچى بولدى. ئۇ ئاداققى كۈچىنى يىغىپ تۇراننىڭ دادىسىغا قاراپ:

— ھەي، كۆسە چاۋۇش، سەن دېگىنە، خوتۇنۇڭنىڭ نېرۋىسى چاتاقمۇ، قانداق؟ مەن سەندىن ئۆتۈنۈپ قالاي، — دېدى.

كۆسە چاۋۇش ئۇنىڭ گەپلىرىگە ئېرەن قىلمىدى. ئەھمەت ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ ئىزچىل نازىمىيەگە غەزەپلىنىپ، چىشلىرى قېرىشىپ كەلگەنىدى.

— مېنىڭ بۇ ئىشقا قورىبىم يەتمەيدۇ، سەن ئۆلتۈرگەن بولساڭ، جازاسىنى تارتىسەن. سەن بېگىمنىڭ كېلىنىدىن نېمىگە ئېرىشمەكچىدىڭ؟

نازمىيە ئۇنىڭ ئۆزى ئۇچۇن گەپ قىلمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، شۇ ھامان ئەرۋاھى ئۇچۇپ ۋارقىرىدى:

— ئۇ خوتۇننىڭ ساراڭلىقى توغرىسىدا دوختۇرنىڭ ئىسپاتى بار. سىلەر ئۇ خوتۇننىڭ گېپى بىلەن مېنى سولاپ قويساڭلار بولمايدۇ. مەلىھا مېنىڭ ئەڭ يېقىن دوستۇم. كەنتكە بېرىپ كىمدىن سورىساڭلار شۇنداق دەيدۇ.

ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ دېگەنلىرى توغرا ئىدى. كەنتتىكى ھەممە ئادەم كۆسە چاۋۇشنىڭ خوتۇنىنىڭ ئوغلى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ھەممە يەردە لاغايلاپ يۈرىدىغانلىقىنى، ئادەملەر بىلەن گەپلەشمەيدىغانلىقىنى، پات - پات يىقىلىپ چۈشۈپ ھوشىدىن كېتىدىغانلىقىنى بىلەتتى. مەيلى تەپتىش ئەمەلدارى بولسۇن ياكى باش سېرژانت ئاbباس بولسۇن بۇ پۈرسەتنى قولدىن بېرىپ قويغۇسى يوق ئىدى. ئەگەر بۇ ئايال بۇ خۇن دېلوسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا، جەزمەن تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش كېرەك ئىدى. نازمىيەگە ژاندارمىلارنىڭ كۈچى يەتمىگەچكە، باش سېرژانت ئاbباس ئوتتۇرىغا چىقتى:

— مېنى زورلۇق ئىشلىتىشكە مەجبۇر قىلماڭ، بولمىسا پۇشايمان يەپ قالىسىز. ماقۇل دەپ سوراقخانىغا كىرىڭ. كىم ساراڭ، كىم سىزنىڭ دوستىڭىز، شۇ يەرگە كىرىپ دەڭ.

نازمىيەنىڭ ئىككى بىلىكى خۇددى بېغىشىدىن ئاجراپ كەتكەندەك ساڭگىلاپلا قالدى. ئۇ پۇتلىرىنى ئارانلا سۆرەپ ئەسكەرلەرگە ئەگىشىپ چىقىپ كەتتى.

نازمىيە ئۆزىنىڭ قانچىلىك پالاكەتچىلىككە يولۇقىدىغانلىقىنى كۆڭلى سېزىپ بولدى، ئەسكى - تۈسكى يىغقۇچىنىڭ ئىشى ھامان ئاشكارىلىناتتى، بۇ ئۇنىڭغا ئېنىق ئىدى. ئۇ، ئەگەر مەلىھانىڭ قولىدىكى قول ياغلىقىنىڭ ئىشى بولمىغان بولسا، ئىش ئىككى يىلدىلا بېسىقاتتى، ئۇمۇ ئەركىنلىككە چىققان بولاتتى. ئەگەر بىرەرى ئۇ قول ياغلىقىنىڭ مەلىھانىڭ قولىغا قانداق چۈشۈپ قالغانلىقىنى تەكشۈرۈپ قالسا،

ئمش تېخىمۇ مۇشكۇللىشىپ كېتىدۇ، دەپ ئويلىدى. ئۇ سوراقخانىدا نېمە دەيدىغانلىقىنى ئوبدان ئويلىۋېلىپ، ئۇلارنى ئەستە چىڭ تۇتۇۋالماقچى بولدى. ئۇنىڭ بېشى يېرىلىپ كەتكۇدەك ئاغرىپ كەتتى، قۇلىقىدىكى ۋىڭىلدىغان ئاۋاز بارغانچە كۈچەيدى، قورساقلىرىمۇ تولغاپ ئاغرىپ كەتتى.

ناھىيەلىك ئايالالار تۈرمىسىنىڭ ئىشىكى ئېچىلدى. تۈرمە قاراۋۇلى ئىچىگە قاراپ ۋارقىرىدى:

— نازىمىيە گۈزەل، سوراق ۋاقتى توشتى. تەييار بولدۇڭمۇ؟

ئىچى تەرەپتە تۆۋەن تۆشەكتە ئولتۇرغان، بېشىغا قارا ياغلىق چىگىۋالغان بىر ئايال ناخۇشلۇق بىلەن ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ناھايىتى قاتتىق ھالسىراپ كەتكەندەك قىلاتتى. ئاۋازىمۇ ھارغىن چىقاتتى:

— بولدۇ، مانا ھازىر.

نازىمىيە مۈرىلىرىنى قىسىپ قويدى، ئۇنىڭ چىرايلىق قوي كۆزلىرىنىڭ ئەتراپى تېخىمۇ قارىداپ كەتكەن، لەۋلىرىنىڭ ئەتراپىدىكى قورۇقلار تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ كەتكەندى. ئۇ بېشىدىكى ياغلىقنى ئېلىپ قايتىدىن چىگدى. بوستان چاچلىرىدا تال ـ تال ئاق چاچلار پەيدا بولغانىدى. نازىمىيە بۇ يىگىرمە كۈندە يىگىرمە يىل بۇرۇن قېرىپ كەتكەندەك بولۇپ قالغانىدى. ئۇ تېرە كەمزۇلىنى كىيىپ، تۈرمە قاراۋۇلىغا ئەگىشىپ ماڭدى. ئۇ خالىمىغان ھالدا پۈتىنى سۆرەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ بارلىق ئۈمىدلىرى يوققا چىققانىدى. ئەمدى ئۇ تەقدىرگە تەن بەرگەندەك قىلاتتى. ئۇ بۈگۈن ئاخىرقى قېتىملىق سوراق قىلىناتتى، سودىيە ئۇنىڭغا ئاخىرقى ھۆكۈمنى ئېلان قىلاتتى. ئۇنىڭ قۇلىقىنىڭ ۋىڭىلدىشى تېخىمۇ كۈچەيدى. ئۇ ئۈچ كۈنلۈك سوراققا ئاران چىدىدى. سوراق قىلغۇچىلار تولىمۇ تەجرىبىلىك، كىشى كۆڭلىدىكىنى بىلىۋالىدىغان ئادەملەر ئىدى. ئۇلار نازىمىيەنىڭ بىر ئىشنى يوشۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ قېلىشتى ـ دە، نۇرغۇن مۇرەككەپ سوئالالارنى سوراپ،

ئۇنىڭ كاللىسىنى ئىملەشتۈرۈۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن نازمىيە خاتالاشتى، گەپلىرى زىددىيەتلىك چىقىپ قالدى. ئۇلار گەپنىڭ بېشىنى تۇتۇۋېلىپ، گويا بىر تال يىپنى ئۈزۈلۈپ كەتكەن پايپاقنىڭ پۈتۈن يىپىنى سۆكۈۋەتكەندەك، ئىشنىڭ ھەقىقىي جەريانىنى ھېچقانچىلىك ۋاقىت سەرپ قىلمايلا بىلىۋېلىشتى. ھەممە ئىش ئاشكارىلاندى. بۈگۈنكى سوتتا ئۇ ئۆزى قىلغان ھەممە ئىشنى يەنە بىر قېتىم سۆزلەپ چىقاتتى. ئۇلار نۇرغۇن ئەجىر قىلغان بولسىمۇ، ئەمما نازمىيەنى ئېرىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىككە ئىقرار قىلدۇرالمىدى. ئۇ مەلىھانىڭ قاتىللىق قىلىشىغا ياردەملەشكەچكە، ئۇنىڭغا نەچچە يىل تۈرمىدە يېتىشقا توغرا كېلەتتى. يەنە ئۇنىڭ جەسەتنى يوشۇرغان جىنايىتىمۇ بار ئىدى. ھېلىمۇ ياخشى ئۇ ئۆز ئەجلى بىلەن ئۆلگەنىدى. ئەگەر تۇراننىڭ قىزنى ئەپقاچماقچى بولغان ئىشى ئاشكارىلانمىغان بولسا، ئۇنىڭ جازا مۇددىتى تېخىمۇ قىسقىراق بولاتتى. نېمە ئامال، ئۇنىڭ سارالڭ قېتىش سىڭلىسى شازىيە نازمىيە مەلىھادىن بەرگەن تىزىق تىللالارنى زەنجىر قىلىپ ئېسىۋېلىپ، ھەممە يەردە كۆز ـ كۆز قىلىپ يۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىغانىدى. شازىيەنىڭ ئېرى ئۇنى قاتتىق ئۇرۇپ قىيىن ـ قىستاققا ئالغاچقا، ئۇ ھەممىنى دەۋەتكەنىدى.

سوت زالىنىڭ ئىچى كىشىلەر بىلەن تولغانىدى. زالغا نازمىيە كىرىشى بىلەن زالدىكى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ كۆچىيىپ كەتتى. نازمىيە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا سەپسالدى، تاھسىنمۇ كەنت باشلىقى بىلەن بىللە ئەڭ ئالدىنقى رەتتە ئولتۇراتتى. نازمىيەنىڭ تاھسىن ئايالى مەلىھانىڭ قەبىھ قىلمىشلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن چىرايىدا قانداق ئالامەتلەر بولىدىغانلىقىنى تولىمۇ كۆرگۈسى بار ئىدى. تۇراننىڭ ئاتا ـ ئانىسىمۇ بار ئىدى. پۈتۈن كەنتتىكىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كەلگەنىدى. بەزىلەر نازمىيەنى مەسخىرە قىلاتتى، بەزىلەر ئۇنىڭغا تەھدىت سالغاندەك

ھەرىكەتلەرنى قىلاتتى. ئەگەر نازمىيە ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدىغان بولسا، ئۇلار ئۇنى نەق مەيداندىلا قىيما ـ چىيما قىلىۋەتكەن بولاتتى. ئاخىر سودىيە سوتنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېچىلىشى ئۈچۈن بىر قىسىم كەنت ئاھالىسىنى سوت مەيداندىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىشكە مەجبۇر بولدى. تۇراننىڭ ئاپىسى بۇ قېتىم نازمىيەگە تىكىلىپ قاراۋاتاتتى، قارىغاندىمۇ نازمىيەنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىگە سەپسېلىپ قاراۋاتاتتى، ئۇ گويا نازمىيەنىڭ ھەربىر ئېغىز سۆزىنى قالدۇرماي ئاڭلاۋاتقاندەك، ئۇنىڭ ئىقرارىنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلىدى. نازمىيە ئۆزىنىڭ مەلىھا بىلەن بىللە ئايسۇنىنى قانداق ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىقىنى، ئەمما ئىش ئۇلار ئويلىغاندەك بولمىغانلىقىنى، قىز خىزمەتكارنىڭ زەھەرلىك غىزانى يەپ ئۆلگەنلىكىنى، ئۆزلىرىنىڭ تۇرانغا قانداق پۇل بېرىپ ئايسۇنىنى ئېلىپ قاچۇرۇۋەتمەكچى بولغانلىقىنى ناھايىتى تەمكىنلىك بىلەن سۆزلىدى. ئايسۇننىڭ بالكوندىن يىقىلىپ چۈشۈپ كەتكەن ئىشىنىمۇ مەلىھانىڭ ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى بىر ـ بىرلەپ بايان قىلدى. تاھسىن ئاڭلىغانسېرى قورقۇپ كەتتى، مەلىھانىڭ كۆڭلىدىكى ھەسەت ۋە نەپرەت نېمىدېگەن كۈچلۈك، ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق ئايال بىلەن ئالتە يىل ئۆي تۇتقانلىقىنى ھەرقانچە قىلىپمۇ تەسەۋۋۇر قىلالمىدى. ئۇ تەرلەپ، كىيىملىرى ھۆل بولۇپ كەتتى. ئۇ نازمىيەنىڭ ئىقرارىنى ئاڭلىغانسېرى ئۆزىنىڭ ھىماتسىز قالغان ئايسۇننى نەقەدەر خەتەرلىك مۇھىتتا يالغۇز تاشلاپ قويغانلىقىنى تېخىمۇ ئېنىق ھېس قىلدى. ئۇ خۇددى بىرسى گېلىنى سىقىۋاتقاندەك، نەپەس ئېلىشمۇ قىيىنلىشىۋاتقاندەك بولدى. ئۇ بۇ يەردە يەنە ئولتۇرۇۋېرىشنىڭ ھاجەتسىزلىكىنى ھېس قىلىپ، سوت ئاخىرلاشماستىنلا چىقىپ كەتتى. ئۇ سالقىن باھار شامىلىدىن ھۇزۇرلىنىپ نەپەسلەندى. بۇ قۇياش نۇرى پارلاپ تۇرغان باھار كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ تۈنجى قېتىم ئەركىنلىككە چىققاندەك بولدى. ئۇ بىردىنلا

ئايسۇننى سېغىنىپ، كۆرگۈسى كەلدى. مەلىھا ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ دائىم ئايسۇننىڭ ھالىدىن ئۇبدان خەۋەر ئالالمىدىم، دەپ ئۆزىنى ئەيىبلەپ يۈردى، ئەمما ئايسۇن يېشى كىچىككىنە يېشىدىن يېتىم قالغان ۋە ھەممىنى چۈشىنىدىغان سالاپەتلىك ئايالدەك تاھىرىغا تەسەللى بېرىپ، ئۇنىڭ ئازابىنى يېنىكلەتمەكچى بولدى. تاھىر ئاخىرىغا ماڭماقچى بولۇپ، بىر كىچىك بالاغا ئوخشاش يۈرۈپ كەتتى، چىرايىدا بەختسىزلىك تەبەسسۇمى چىقىپ تۇراتتى، قەلبىدە بولسا ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر خىل ھاياجان ۋە ئاسايىشلىق ئۆرتەيتتى.

سوت ئاخىرلاشتى، سودىيە ھۆكۈمنى ئېلان قىلدى. سوت، مەلىھا قىز خىزمەتكارنىڭ جېنىغا زامىن بولغان، شۇڭا ۋىجدان ئازابىدىن قۇتۇلالماي، قاتتىق ئازاب ئىچىدە قىز خىزمەتكارنىڭ قەبرىسىگە كەلگەن، ئۇمۇ ئوخشاشلا زەھەرلىك گۈمبەمەدەك يېگەن، دەپ قارىدى. بۇ دېلو مۇشۇنداق ئاياغلاشتى. نازىمىيەنىڭ كېيىنكى ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمى تۈرمىدە ئۆتىدىغان بولدى. سوتنى ئاڭلىغۇچىلار بۇ ھۆكۈمگە رازى بولماي، غۇلغۇلا قىلىشتى. ژاندارمىلار نازىمىيەنىڭ قولىغا كويزا سېلىپ، ئۇنى ئىشىك تەرەپكە ئېلىپ ماڭدى. ئۇلار نازىمىيەنى سوتتىن تېزرەك ئېلىپ چىقىپ كەتمەكچى بولغانىدى. شۇ ئەسنادا ئويلىمىغان بىر ئىش يۈز بەردى. كۆسە چاۋۇشنىڭ ئايالىنىڭ نازىمىيەگە يېقىن بېرىۋالغانلىقىغا ھېچكىم دىققەت قىلمىغانىدى، ئۇ نازىمىيەگە يولۋاستەك ئېتىلدى. سوت زالىدا ئادەم قورققۇدەك ئاۋاز ئاڭلاندى:

— پەسكەش خوتۇن، سەن نېمىدەپ مېنىڭ ياۋاش ئوغلۇمغا زىيانكەشلىك قىلىسەن؟!

ئادەتتىن تاشقىرى تېزلىك بىلەن نازىمىيەگە ئېتىلغان ئايال نازىمىيەنى تاتىلاپ قىيما ـ چىيما قىلىۋەتكىلى تاسلا قالدى. نازىمىيەنىڭ قولىدا كويزا بولغاچقا، ئۆزىنى قاچۇرۇشقا ئامالسىز قالدى. ئۇ پەقەت ۋارقىراشتىن باشقا ھېچنېمە قىلالمىدى.

هوشىنى تاپقان ژاندارمىلار نازمىيەنى كۆسە چاۋۇشنىڭ ئايالىدىن ئاجرىتىۋالدى. ئۇ نازمىيەنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىنى تاتىلاپ قانىتىۋەتكەنىدى. ئۇ خوتۇننىڭ تىرناقلىرى چوڭقۇر پېتىپ كەتكەچكە، نازمىيەنىڭ يۈزلىرىدە تىرناق ئىزى قېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ ئايالنىڭ تىرناقلىرىمۇ قان بولۇپ كەتكەن، قولىدا نازمىيەنىڭ بىر تۇتام چېچىمۇ تۇراتتى. ئۇ يەنىلا ئاچچىقىدىن يانماي، ھە دەپ ژاندارمىلارنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ، نازمىيەگە ئېتىلماقچى بولاتتى، نازمىيەگە ھە دەپ تەھدىت سالاتتى:

— ئالدىراپ خۇش بولۇپ كەتمە، سەن تۈرمىدىن چىققاندا، سەندىن ئۆز قولۇم بىلەن ئۆچ ئالىمەن. ھاياتلا بولىدىكەنمەن، بۇ دۇنيادا بولغىنىڭنى كۆرەي.

كېيىن ئۇ ئايال سەل پەسكويغا چۈشكەندەك جىم بولۇپ قالدى، قوللىرىنى چۈشۈرۈپ يەرگە قاراپ تۇردى.

# ئون ئۈچىنچى باب

يەنىكۆي دېڭىز بويىدىكى داچىنىڭ بالكونى. بوۋاي چاقلىق ئورۇندۇقتا خىزمەتكارى تەڭشەپ بەرگەن ماروژنىلىق ۋىسكىنى ئىچىپ ئولتۇراتتى. ئۇ تىزىغا شوتلاندىيەدە ئىشلەنگەن ئەدىيالنى يېپىۋالغان، ئۈچىسىغا قېلىن يۇڭ پوپايكا كىيىۋالغانىدى. قۇياشنىڭ ئاداققى نۇرلىرى دېڭىز بوغۇزىنىڭ قارشى تەرىپىدىكى دېرىزە ئەينەكلىرىنى يورۇتۇپ تۇراتتى، ئەينەكلەردىن قىزىل نۇر چاقنايتتى. بوۋاي تاكى قۇياشنىڭ ئاداققى قىزىل شەپەق نۇرلىرى غايىب بولغۇچە قارشى قىرغاقنىڭ مەنزىرىسىدىن ھوزۇرلىنىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن چوڭقۇر غەمكىنلىك بىلىنىپ تۇراتتى. يېقىنقى بىرنەچچە كۈندىن بۇيان ھاۋا ئاستا ـ ئاستا ئىللىۋاتاتتى، ئەمدى ئۇ كۈندۈزلىرى سىرتتا ئولتۇرسا بولاتتى، ئەمما چۈشتىن كېيىن ھاۋا سوۋۇپ كېتەتتى. ئۇ سەل توڭلىغاندەك بولۇپ، ئەدىيالنى ئۇستىگىرەك تارتىپ، قۇرۇق رومكىنى يېنىدىكى كىچىك شىرەگە قويۇپ قويدى، چاقلىق ئورۇندۇقنى بۇراپ، ئۆيگە قاراپ ھەيدىدى. ۋەسەل ئۇزاق يىللاردىن بېرى ئىزچىل بۇ غوجايىنىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ، خىزمىتىدە بولۇپ كېلىۋاتاتتى، شۇڭا ئۇ ئادىتى بويىچە دەرھال بوۋاينىڭ يېنىدا ھازىر بولۇپ، چاقلىق ئورۇندۇقنى تام مەشنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئورۇندۇقنىڭ يېنىغا ئەكەلدى:

— بېگىم، سىلى سىرتتا بۇنداق ئۇزاق تۇرسىلا بولمايدۇ. سوغۇق تېگىپ ئاغرىپ قالىدىلا. ھازىر تېخى ئەتىياز، ھاۋا يەنىلا سوغۇق، ئاپتاپ چىقتى، ھاۋا ئىللىدى دەپ قالمىسىلا.

— توغرا دەيسەن ۋەسەل، ئۇزۇن قىشنى ئۆتكۈزۈپ، ئازراق

ئاپتاپ چىقسىلا ياز كەلدى دەپ، كۆڭلىمىزنى خۇش قىلىدىكەنمىز. ئەمما، قەلبىمدە يەنىلا قىش، قاراڭغۇلۇق بېسىپلا تۇرىدۇ. بەلكىم مەن ئالەمدىن ئۆتكۈچە شۇنداق بولىدىغان ئوخشايدۇ.

— بۇنداق نائۇمىدلىك سىلىگە زىنھار ياراشمايدۇ بېگىم، شۇنچە كۆپ مۇشكۇلاتلارنى يېڭىپ، ئۆزلىرى ۋە ئائىلىلىرى ئۈچۈن يېڭى تۇرمۇش ياراتتىلا.

— ئائىلەمدىكىلەر ئۈچۈن؟ ئۇلار قەيەردە؟ شۇنچە چوڭ جەمەتتىن يەنە كىملەر قالدى؟

بوۋاي ئىشكاپ ئۈستىدىكى كۈمۈش رەڭلىك رامكىغا ئېلىنغان سۈرەتنى ئېلىپ، گويا ئۇنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك ئۇنىڭغا ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق قاراپ كەتتى. سۈرەتتە بەستلىك، قارا بۇدۇر چاچلىق بىر يىگىت قولىنى پۇلاڭلىتىپ كۈلۈپ تۇراتتى. بۇ دېڭىز بويىدىكى كەچكى شەپەقتە تارتىلغان سۈرەت ئىدى. بۇ ئۆمەرنىڭ ئامېرىكىغا يېڭى بارغاندا ئەۋەتكەن سۈرىتى ئىدى. بوۋاي سۈرەتنى ئالغان كۈننى ئەسلىدى. ئۆمەرنىڭ ئاپىسى شۇ چاغدا خۇشاللىقىدىن يىغلاپ كەتكەنىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى تۇمان ئىچىدە غايىب بولغاندەك بولدى.

— ئوغلۇمنىڭ ئۆلۈك ـ تىرىكىنى بىلمەيمەن. بەلكىم ئۇ بىرەر يەردە ماكان تۇتۇۋالغاندۇ. ئەمما، ماڭا ھېچكىم ئېيتىپ بەرمىدى. سەن مېنىڭ نېمە ئۈچۈن بۈگۈنگىچە مۇشۇنداق تەرسالىق بىلەن ياشاپ كېلىۋاتقانلىقىمنى بىلەمسەن؟ بۇنىڭ سەۋەبى، ئوغلۇمنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى بىلىش.

— توغرا دەيلا بېگىم، ھەرقانداق ئادەم ئۈمىد بىلەن ياشاش كېرەك، سىلىنىڭ ئۈمىدلىرى ھامان بىر كۈنى ھاسىل بولغاي.

بوۋاي جاۋاب بەرمەي، چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتىپ قويدى. ئۇ قولىدىكى سۈرەتنى ئىككى قولى بىلەن چىڭ تۇتۇپ، كۆكرىكىگە باستى. ئۇ پەقەت ئۆزىلا ئاڭلىيالىغۇدەك پەس ئاۋاز بىلەن:

— بالام، مەن سېنىڭ تۇرمۇشۇڭنى ۋەيران قىلىۋەتتىم،

ۋەيران قىلىۋەتتىم، ــ دېدى.
ئەرول ئۇستۇنكى قەۋەتكە ئۇچقاندەك چىقىپ مېھمانخانىغا كىرىۋىدى، باياتىنقى ئادەمنى بۇرۇقتۇم قىلىدىغان كەيپىيات بىردىنلا يوقالدى. بوۋاي قولىدىكى سۈرەتنى ئاستا ئىشكاپ ئۈستىگە قويۇپ قويدى، ئۇنىڭ ئاۋازى ۋە ھەرىكىتىگە جان كىرگەندەك بولدى:
ــ خۇش كەلدىڭ بالام، بۈگۈن بالدۇر كەپسەن ـ ھە!
ــ شۇنداق بوۋا، تاھسىن ئەپەندىنىڭ ئىشى چىقىپ قېلىپ، بۈگۈنكى يىغىن قىسقا ئېچىلدى. سىلى بۈگۈن نېمە قىلدىلا؟ كۆنبويى تاغامنىڭ سۈرىتىنى تۇتۇپ ئولتۇرمىغانلا؟ سىلىمۇ بىلىدىلا، ھەسرەتلىنىشنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق. يەنە كېلىپ ئۆلگەن ئادەم تىرىلمەيدۇ. دوختۇر سىلىگە: «ئەمدى سىز يۈرەك كېسىلىڭىزنىڭ قايتا قوزغىلىشىغا بەرداشلىق بېرەلمەيسىز» دېگەنىدىغۇ!
ــ ئەنسىرىمە بالام، مەن ياشىنىپ قالغان بولساممۇ بەرداشلىق بېرەلەيمەن. ئۇنداق ئاسان بەل قويۇۋەتمەيمەن.
ــ ئۇنداق دېمىسىلە بوۋا، كۆرۈپ تۇرۇپلا، بۇنچىۋالا چوڭ داچىدا پەقەت ئىككىمىزلا قالدۇق. مومام ھايات ۋاقتىدا سىلى ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلايتتىلا، سالامەتلىكلىرىگە دىققەت قىلاتتىلا. ھازىر قارىسام، سىلى ۋەسەل تاغامنىڭ گېپىگە زىنھار قۇلاق سالمايدىكەنلا.
ۋەسەل قۇرۇق رومكىنى ئاچىقىپ كەتتى. مېھمانخانىدا بوۋاي بىلەن نەۋرىسى قالدى. گۇگۇم ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ئىككىيلەن ئاستا ـ ئاستا قاراڭغۇلۇق ئىچىگە كىرىپ كېتىۋاتقان دېڭىز قىرغىقىنىڭ قارشى تەرىپىگە قاراپ جىم ئولتۇرۇشتى. بىر چاغدا ئەرول جىمجىتلىقنى بۇزدى:
ــ بۈگۈن جانەردىن تېلېفون كەلدىمۇ؟
ــ ھە، كەلدى. ئۇ ئىككى سائەت ئىلگىرى تېلېفون قىپتىكەن. ئۇ: «بوۋا، مەن سىلىنى بەك سېغىندىم، ئاكامنىمۇ

سىغىنىدىم. ئەمما، دەرس تەكرارلاش بىلەن بەك ئالدىراش بولۇپ كېتىۋاتىمەن، ھەتتا يەكشەنبە كۈنلىرىمۇ كۇرسقا بېرىۋاتىمەن. ئىمتىھاننى تۈگىتىپلا سىلەرنى يوقلاپ بارىمەن. ياز ئاخىرلاشقۇچە يېنىڭلاردا تۇرىمەن» دېدى.

— ئۇنداق بولسا بەك ياخشى بولغۇدەك. مەنمۇ ئۇنى سېغىندىم. ھېلىمۇ ياخشى ئۇ دەرس تەكرارلاۋېتىپتۇ. راستىنى دېسەم، مەن ئۇنىڭ بۇنداق ئۆگىنىدىغانلىقىنى راستىلا ئويلىماپتىكەنمەن. ئۇ روببىرت ئىنگلىز مەكتىپىگە ئۆتەلەمدۇ — يوق، قاراپ باقارمىز.

— ئەگەر ئۇ ئۆزى دېگىنىدەكلا تىرىشىۋاتقان بولسا ئىمتىھاندىن چوقۇم ئۆتۈپ كېتىدۇ.

— قاراپ باقارمىز، ئىمتىھانغا كۆپ ۋاقىت قالمىدى.

— ھەپتە ئاخىرىدا دوستلىرىڭ بىلەن بىرەر ئىشقا كېلىشىپ قويما. كاپىتان موسا مۇراسىمدىن كېيىن داچىسىدا زىياپەت بەرمەكچى. ئۇنىڭ يېڭى كېمىسىنىڭ سۇغا چۈشكەنلىكىنى تەبرىكلەيدىكەنمىز. ئۇ ساڭا بەك ئامراق. سېنى چوقۇم كەلسۇن دېدى.

— بولىدۇ. بۇنىڭدىن مېنىڭمۇ خەۋىرىم بار. ئاڭلىسام ئۇ يەنە ئەزىز تاغامنى، تاھسىن ئەپەندىنى ۋە ئۇنىڭ يېڭى خانىمىنى تەكلىپ قىپتۇ. زاۋۇتتا تاھسىن ئەپەندى تۇنجى ئايالىدىن پەرزەنت كۆرەلمىگەچكە، قايتا ئۆيلىنىپتۇ. ئەمما، ئۇنىڭ ئايالى بۇنىڭغا چىدىماي ئۆلۈۋاپتۇ، دېگەن گەپلەر تارقىلىپ يۈرىدۇ. بەزىلەر بۇ خەۋەرنى گېزىتكە بېسىپتۇ، دېيىشىۋاتىدۇ. ئەمما، مەن كۆرمىدىم، بوۋا سىلى كۆردىلىمۇ؟

— ئېسىمدە يوق. يېقىندىن بۇيان بۇنداق خەۋەرلەر ھەقىقەتەن كۆپ بولۇپ كەتتى. ئادەم قايسىسىنى كۆرۈشنى بىلەلمەي قالىدىكەن. يەنە كېلىپ نېمىنى كۆرسە، شۇنىڭغا ئىشەنگىلى بولمايدۇ. كىشىلەر ھەمىشە پاكىتنى مۇبالىغە قىلىپ، ھەممە يەردە قالايمىقان سۆزلىشىپ، بۇنداق گەپلەرنىڭ قانداق نەتىجە

بىرىدىغانلىقىغىمۇ پەرۋا قىلمايدۇ. سەن دېگەن ئىشلاردىن قارىغاندا، تاھسىن ئۇنچە يامان يىگىت ئەمەستەك قىلىدۇ. مەن ئۇنى نەچچە قېتىم كاپىتان موسانىڭ داچىسىدا كۆرگەنىدىم. ئۇ چاغدا ئۇ تېخى ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقانىكەن. ئۇ ئەزىز بىلەن بىللە دەرس تەكرارلايدىكەن، تىرىشچان، ئېغىر - بېسىق بالا ئىكەن، قىياپىتى مۆتىۋەرلەرگىلا ئوخشايدىكەن. ئەمما، ئىشنىڭ قانداقلىقىنى كىم بىلىدۇ. بالام، ئۇنداق قۇرۇق گەپ - سۆزلەردىن يىراق تۇر.

— خاتىرجەم بولسىلا بوۋا، مەن ئاڭلاپلا قويدۇم، خالاس. باشقىلارنىڭ شەخسىي تۇرمۇشىنىڭ بىز بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق. تاھسىن ئەپەندى يۇقىرى ئابرۇيلۇق، تولىمۇ ئادىل، مۆتىۋەر ئادەم. ئۇنىڭ زاۋۇتىنىڭ ئىش باشلىغىنىغا ئالتە ئاي بولاي دەپ قالدى. ئەمما، مەن ئۇنىڭ نامۇۋاپىق ھەرىكىتىنى بىرەر قېتىممۇ كۆرمىدىم. ئۇ تېخى ئەتراپىدا ئىشلەيدىغان كىشىلەرگە بەك كۆيۈنىدىكەن.

— بېگىم، غىزا تەييار بولدى.

ۋەسەل يەنە ئىشىك ئالدىدا تىۋىشسىز پەيدا بولدى. ئەرول بوۋىسىنىڭ چاقلىق ئورۇندۇقىنى ئىتتىرىپ، تاماقخانىغا ئەكىردى. ئۇزۇن تاماق ئۈستىلىنىڭ بىر تەرىپىگە ئىككى كىشىلىك تەخسە، قاچا، ۋىلكا - پىچاق قويۇلغانىدى. بۇرۇن بۇ شىرەدە ئۇلار مومىسى، ئاپىسى، ئىنىسى ۋە ئۆگەي دادىسى بىلەن بىللە غىزا يەيتتى، ئۇلار غىزا يېگەچ پاراڭلىشاتتى. ئۇنىڭ ئاپىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئارقىسىدىنلا كېسەلچان مومىسىمۇ كەتتى. بۇ ئۈستەلدە غىزا يەيدىغان تۆتلا ئەر قالغانىدى. يەنە بىر مەزگىلدىن كېيىن ئۇنىڭ ئۆگەي دادىسى باشقىدىن توي قىلىپ، ئىنىسى جانەرنى ئېلىپ، ئەرەنكۆيدىكى بىر بىناغا كۆچۈپ كەتتى. بوۋىسى جانەرنى داچىدا قالسۇن دېگەن بولسىمۇ، بىراق جانەرنىڭ دادىسى ئۇنىمىدى. ئوقۇش مەزگىلىدە جانەر ۋاقتى بولسىلا داچىغا كېلىپ بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ كېتەتتى. ئۇنىڭ

دېيىشىچە، ئۇ ئۆگەي ئاپىسى بىلەن ئوبدان ئۆتمىدىكەن. جانەر كىچىك چاغلىرىدىن باشلاپلا ياۋاش، گەپ ئاڭلايدىغان بالا ئىدى. ئەگەر ئۇ روبېرت ئىنگلىز مەكتىپىگە ئۆتەلىسە، ھەپتە ئاخىرىدا داچىغا كېلەلەيتتى. شۇنداق بولىدىغان بولسا، ئەرول بىلەن بوۋاي ئىنتايىن خۇشال بولغان بولاتتى.

ئايال خىزمەتكار تاماقنى كۆتۈرۈپ كىردى. ۋەسەل ئۇلارغا غىزا ئۇستى. بوۋاينىڭ قاچىسىغا سۇدا پىشۇرۇلغان كۆكتات بىلەن بىر چۆمۈچ سۈيۇقئاش ئۇسۇپ بەردى. بوۋاي ئەرولنىڭ تەخسىسىگە قاراپ قويۇپ، نارازى بولدى:

— سىلەر مېنى كېسەل ئادەم كۆرۈۋاتىسىلەر. دوختۇرخانىدىكى غىزامۇ بۇ يەردىكى غىزادىن ياخشىكەن. تاڭ ئاتقۇچە قورسىقىم ئېچىپ كوركىراپ، ياخشى ئۇخلىيالمايمەن. ماڭىمۇ ئەرولنىڭكىدەك غىزادىن ئۇسۇپ بەرگىن. بىر قېتىم بولسىمۇ قورسىقىمنى تويدۇرۇپ قوي.

— ئەمما بېگىم، سىلىمۇ بىلىدىلا، دوختۇر يېمەك - ئىچمەكتىن چەكلەۋاتىدۇ. شۇنداق بولسا سىلى ئورۇقلايلا، بوگۈن ئاخشامقى قورۇما تىزىملىكى مانا مۇشۇ. ئەرول، سەن ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ قويغىنا.

— ۋەسەل تاغام توغرا دەيدۇ. بوۋا، سىلى ئورۇقلىمىسىلا بولمايدۇ. سىلى قايتىدىن پىيادە مېڭىشنى داۋاملاشتۇرۇپ ئورۇقلاشلىرى كېرەك.

— سىلەرزە دوختۇر بىلەن بىرلىشىپ مېنى قەستلەپ ئۆلتۈرىدىغان ئوخشايسىلەر. مەن ئاچ قورساق قانداق ماڭالايمەن؟ ماڭا ئازراق بەرگىن. مەن ئەتىدىن باشلاپ ئورۇقلاي.

— دوختۇر سىلىنى يېمەك - ئىچمەكنى ئاز يېسۇن دېگەن، ئامال يوق. سىلىنىڭ كەچلىك غىزالىرى مۇشۇنچىلىك.

ۋەسەل شۇنداق دەپ بولۇپ، ئايال خىزمەتكار بىلەن تاماقخانىدىن چىقىپ كەتتى. بوۋاي ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن خاپا بولۇپ غۇدۇرىدى:

— سەنلەر ھەرگىز باي بولماسلىقىڭلار دېيىشمە. سەنلەرمۇ كۆرۈشتۈڭ، پۇلى بار ئادەم ئۆز داستىخىنىدىمۇ تويغۇدەك بىر ئەرسە يېيەلمىسە. يېمەك ـ ئىچمەكنى بەلگىلەپ بەرسە، ئاشۇ دوختۇرلارنىڭ ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان ئادەم ياخشى كۈنگە قالمايدىكەن.

نېمە ئامال، ئالدىدىكى غىزانىلا يېيىش كېرەك. بوۋاي نارازى بولغان ھالدا غىزاسىنى يېدى، ئۇنىڭ سول قولى تازا كارغا كەلمەيتتى. يۈرەك كېسەللىكى قوزغالغاندىن بۇيان تۇرۇپلا ئۇيۇشۇپ قالىدىغان، سول پۇتى بىلەن سول بىلىكى جانسىز بولۇپ قالغانىدى. ھەر كۈنى فىزىكىلىق داۋالاش قىلىپ يۈرۈپ، ئازراق ياخشى بولغان، ئەمما ئۇنىڭ بەدەن ئېغىرلىقى نورمال ھالەتتىن ئون بەش كىلوگىرام ئېشىپ كەتكەچكە، ئۇنىڭ يول مېڭىشى تولىمۇ قىيىنلىشىپ كەتكەنىدى. شۇڭا، دوختۇر ئۇنىڭ يېمەك ـ ئىچمىكىگە قاتتىق چەك قويغانىدى. ئۆيدىكىلەر ھەر ۋاقىت غىزاغا ئولتۇرغاندا بۇ گەپلەرنى تولا دېيىشىپ ئادەتلىنىپ كەتكەنىدى.

# ئون تۆتىنچى باب

ئايسۇن بالكوننىڭ سالاسۇنىغا يۆلەنگىنىچە ئالدىدىكى دېڭىزغا قاراپ، چوڭقۇر خىيالغا پاتقانىدى. ئۇنىڭ خىيال كەپتەرلىرى يىراق - يىراقلاردا پەرۋاز قىلماقتا، كۆندۈزى قۇياش نۇرى چاقناپ تۇرغاچقا، ھاۋا خېلى ئىللىپ قالاتتى. ئەمما، كەچ كىرىشى بىلەنلا سوغۇق بولۇپ كېتەتتى. سوت ئاياغلاشقاندىن كېيىن ئۇ تاھسىن بىلەن شەھەرگە قايتىپ كەلگەنىدى. تاھسىننىڭ خىزمىتى ئالدىراش بولغاچقا، يېزىغا قايتىشقا پۇرسەت بولمىدى. ئەمما، ئۆمەر بېگىم بىلەن چوڭ خانىم تېلېفوندا دائىم ئۇلارنى تولىمۇ سېغىنغانلىقىنى ئېيتىپ، قاچان كېلىدىغانلىقىنى سورايتتى. بۇ يەردە ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن ئۆزلىرىنى تولىمۇ بەختلىك سېزەتتى. ئۇلار قاباھەتلىك چۈشتەك كۈنلەرنى ئۆتكۈزۈپ، مانا ئەمدى ھەقىقىي شېرىن ئاي كۈنلىرىنى ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. ئۇلار بىر - بىرىنى كۈندىن - كۈنگە چۈشىنىپ، بىر - بىرىگە بولغان مۇھەببىتى تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىۋاتاتتى. ئايسۇن ئۆزىگە كەلگەن بۇ بەختكە ئىشەنمەيلا قالغانىدى. تاھسىن بولسا تەقدىرنىڭ ئوڭ كېلىۋاتقانلىقىغا، ئۆزى ئىزدەۋاتقان بەختنى تاپقانلىقىغا ئىشىنەتتى. شۇڭا ئايسۇننى قەۋەتلا ئاسرىغۇسى، قوغدىغۇسى كېلەتتى. دېڭىز تەرەپتىن كەلگەن مەيىن شامالدىن ئايسۇن سەل توڭلىغاندەك بولدى - دە، ئۆيگە كىرىپ قېلىن پوپايكىسىنى كىيىۋالدى. ئۇ تاھسىن قايتىپ كەلگۈچە بالكوندا دېڭىزغا قاراپ تۇردى. ئۇ ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان يېرىنى ئەسلىدى. تاھسىن ئايسۇنغا شۇ يەرگە بېرىپ، ئاپىڭىزنىڭ ئۆيىدىكىلىرىنى ئىزدەپ

تاپىمىز دەپ ۋەدە بەرگەنىدى. سۈرەتنىڭ كەينىدىن چىققان ئىسپات ھۆججىتىگە قارىغاندا، ئايسۇن لوس ئانژېلېستىكى بىر دوختۇرخانىدا تۇغۇلغان، ئاپىسى ئامېرىكىلىق، دادىسىنىڭ ھەقىقىي ئىسمى ئۆمەر بولۇشى كېرەك ئىدى. ئايسۇننىڭ ھاياتىغا دائىر سىرنىڭ بىر ئۇچى يېشىلگەنىدى. ئۇنىڭ دادىسى رەھمەتلىك ئوسماننىڭ سالاھىيىتى بىلەن مەھەللىدە ئۇزۇن يىل ياشىغان. ئۇ كىشىلەرگە ئايالىم تۇغۇتتا ئۆلۈپ كەتتى، دېگەنىدى. ئەمما، تاھىسىن ئوسمان تۇرۇۋاتقان بازارغا بېرىپ تەكشۈرۈپ، ئايسۇننىڭ دادىسى ئەسلىدە ئۇ رايوندا كېپى ئۆتمىدىغان پۇلدار بىر بېگىمنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۇ ئۆچمەنلىشىپ قالغانلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ئۇچۇن چېگرادىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا مىنا دەسسىۋېلىپ پارتلاپ ئۆلۈپ كەتكەنىدى. ئەمەلىيەتتە ئۆلگەن ئادەم ئوسمان ئىدى. ئەمما، تاھىسىننىڭ تەكشۈرۈشى قارشى تەرەپنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تاھىسىننىڭ كەينىگە چۈشتى. تاھىسىنمۇ تەكشۈرۈشنى توختاتتى. تاھىسىن بىلەن ئايسۇن تەكشۈرۈلگەن ئەھۋالدىن ھەم ھەيران قالدى، ھەم تەشۋىشلەندى. ئۇلار ئايسۇننىڭ ئاپىسىغا ئائىت كۆپ ئەھۋالنى بىلەلمىدى. پەقەتلا ئۇنىڭ ئامېرىكىلىق ئىكەنلىكىنى، قورۇقتىكى بىر قېتىملىق زور ئوت ئاپىتىدە ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى بىلدى. ئۇلارنىڭ قولىدا تۇغۇت ئىسپاتىدىن باشقا ماتېرىيال يوق ئىدى. پەقەت مۇشۇ تۇغۇت ئىسپاتىنى ئېلىپ ئامېرىكىدەك ئۇنداق چوڭ دۆلەتتە ئاپىسىنىڭ ئائىلىسىدىكىلىرىنى ئىزدەش خۇددى دېڭىزدىن يىڭنە ئىزدىگەندەكلا بىر ئىش ئىدى. ئەمما، تاھىسىننىڭ بۇنىڭ بىلەنلا بولدى قىلغۇسى كەلمىدى. ئۇ ھەرقانچە زور بەدەل تۆلىسىمۇ ئايسۇننىڭ ئائىلىسىدىكىلىرىنى تېپىش نىيىتىگە كەلگەنىدى. ئەمما، ئۇ ھازىرچە بۇ ئىشنى يوشۇرۇپ كەلگەچكە، ئۆمەر بېگىم زىنھار بىلمەيتتى. بۇ ئىشتا ئۇلار ئەزىزنىڭ چوڭ ياردىمىگە مۇيەسسەر بولدى. ئامېرىكىدىكى

تەكشۈرۈشنىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە قىلماقچى بولدى. هازىر ئەزىز ئۇلارنىڭ ئۆيگە تۇخۇم پوشكىلى يىگىلى دائىم كېلىپ تۇراتتى. ئايسۇن غىزالار ئىچىدە تۇخۇم پوشكىلىنى ئەڭ ياخشى كۆرەتتى. ئۇلار بالكوندا كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇپ تۇخۇم پوشكىلى يەيتتى، ئەمما ئىككى سائەت ئۆتۈپلا ئۇلارنىڭ قورسىقى ئېچىپ كوركىراپ كېتەتتى. ئۇلار كوچىغا چىقىپ، مەيلى قەيەردە بولسۇن ئوچۇق ئاشخانا بولسىلا كىرىپ قورسىقىنى ئوبدان تويدۇرۇپ كېلەتتى. ئەزىز ئۇلارنى جۇمە كۈنى كەچتە بوۋىسىنىڭ داچىسىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان سورۇنغا تەكلىپ قىلدى، ئايسۇن ئەزىزنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن تۇنجى قېتىم كۆرۈشىدىغان بولغاچقا، سەل جىددىيلەشتى، مەسۇلاتلارنى تونۇشتۇرۇش سوغۇق يېمەكلىكلەر يېغىنىدىكى شۇ ئىشتىن كېيىن ئايسۇن ئادەم كۆپ يەرگە بېرىشنى خالىمايدىغان بولۇپ قالغاندى. بوش ۋاقتى بولسىلا ئۆيدە چېرتيوژ سىزاتتى. بۇ چېرتيوژلار ئەرولنىڭ يېڭى مەھسۇلاتلارنى تونۇشتۇرۇشىدا ناھايىتى زور ياردىمى بولدى. بۇ ئىش ئايسۇن ئۇچۇن ۋاقىت ئۆتكۈزۈش پۇرسىتى بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئىقتىدارى بارغانسېرى ئېشىپ بېرىۋاتاتتى: ئەرول ئۇنىڭغا كەسپىي مەكتەپلەرگە كىرىپ ئوقۇش تەكلىپىنى بەردى. ئەمما، ئايسۇن هازىر ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈش ئىمتىھانىغا تەييارلىق قىلىۋاتاتتى. شۇڭا باشقا هېچقانداق نەرسە ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتالمايتتى. ئايسۇن ئەينەك ئالدىدا كىيىملىرىنى بىر - بىرلەپ سىناپ كۆرۈۋاتاتتى، ئۇنىڭ كىيىم سىناۋاتقىنىغا يېرىم سائەت بولدى. ئەمما، قايسى كىيىمنى كىيىشنى بىلەلمىدى. كۆڭلەكلىرىنىڭ بەزىلىرى بەك ئادەتتىكىچە، بەزىلىرى بولسا بەكلا پۇزۇر ئىدى. هېچقايسىسى ئۇنىڭ كۆڭلىگە ياقمىدى، ئۇ كارىۋاتتا نېمە قىلارىنى بىلەلمەي پەرىشانلىق بىلەن خىيال سۇرۇپ ئولتۇرغاندا تاھسىن كىرىپ كەلدى. ئۇ ئايسۇننىڭ كارىۋاتتا بىر دۆۋە كۆڭلەكلەر ئارىسىدا ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ هەيران قالدى.

— ۋوي نېمە بولدى. تېخىچە تەييارلىق قىلماپسىزغۇ؟
— مەن قايسى كۆڭلەكنى كىيىشنى بىلەلمەيۋاتىمەن.
— سىز بۇ ئىشنى بەك چوڭ بىلىپ كېتىپسىز، بۇ دېگەن ناھايىتى شۇ چۈشتىن كېيىنلىك بىر ۋاقىتلىق زىياپەت. قاراڭ سىياقىڭىزغا، باشقىلار بىزنى تەكلىپكە بىنائەن دىپلوماتىيە يىغىنىغا قاتنىشىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ قالامدۇ؟!
— توغرا دەيسىز، بىز سەھرادىكى چېغىمىزدا ھەر جۈمە كۈنى قوشنىلارنىڭ ئۆيىدە زىياپەتكە قاتنىشاتتۇق.
— بولدى، بۇنداق چاقچاق قىلماڭ، سىز ئۇ يەرگە بېرىپ، ئۆزىڭىزنىڭ ئارتۇقچە ئەندىشە قىلغانلىقىڭىزنى بىلىپ قالىسىز. ئۇلار ھەممىسى چىقىشقاق ئادەملەر، كېلىڭ، قايسى كۆڭلەكنى كىيىشىڭىزنى بىللە تاللايلى.
ئۇ ئايسۇنىنىڭ قولىدىن تارتىپ، مېنىڭ چىرايلىق خوتۇنۇم قانداق كۆڭلەكنى كىيسىمۇ يارىشىۋېرىدۇ، دەپ كارىۋاتتىن تۇرغۇزۇپ، ئۆزگە تارتىپ ئۇنى چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن سۆيۈپ قويدى.
— سىزگە كۈندىن ـ كۈنگە ئامراق بولۇپ كېتىۋاتىمەن. سىزدىن پەقەتلا ئايرىلغۇم كەلمەيدۇ. ئېيتىڭا، سىز بۇنىڭدىن بۇرۇن نەدە ئىدىڭىز؟
— مەن ئىزچىل سىزنىڭ يېنىڭىزدا ئىدىم، ئەمما سىز ماڭا دىققەت قىلمىغان.
— توغرا دەيسىز. ئاشۇ ئورۇق، كىچىك قىزنىڭ بۇنداق نازاكەتلىك ساھىبجامال بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى كىم بىلىپتۇ؟
— مەن يەنىلا ئورۇق. مەن يەنە ئون، ئون بەش كىلوگىرام سەمرىمىسەم. قاراپ تۇرۇڭ، مەن قانداق بولۇپ كېتەرمەن ـ ھە؟
— ھەرگىز ئۇنداق ئويلىماڭ.
— ئەمىسە، ئۇ بالىنى سىز تۇغۇڭ.
تاھسىن بىردىنلا ئۆز قولاقلىرىغا ئىشەنمەي تۇرۇپلا قالدى ۋە دۇدۇقلاپ سورىدى:

— ني... مە... دېدىڭىز؟ بالامـۇ؟ ئايسۇن، ئـەجەبا... سـىز... نېمە دېدىڭىز؟ بالامۇ؟
— شۇنداق جېنىم، مېنىڭ بويۇمدا قاپتۇ.
— نېمىشقا بالدۇرراق دېمەيسىز؟
— مـەن ئۆزۈمگە ئـىشەنچ قـىلغاندىن كېيـىن ئانـدىن دەي دېگەن.
تاھىـر خۇشاللـىقىدا نېمە قـىلارىنى بىـلەلمەي ھـاڭۋېقىـپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇ ئېسىگە كېلىپ ئايسۇننى لىككىدە قۇچاقلاپ كۆتۈرۈۋالدى ـ دە، ئۆي ئىچىدە پىرقىراتقىلى تـۇردى. كېيىـن بېشى قېيىپ كەتكەندە ئـايسۇننـى كارىۋاتقـا قويدى. ئايـسۇننىڭ بېشى سەل قايغان بولسىمۇ، ئەمما ئۆزىنى شۇنچىلىك بـەختلىك ھېس قىلدى:
— تاھىـر، سىزدىـن ئۆتۈنۈپ قـالاي، بۇ ئىشـنى ھازىـرچە باشقىلارغا دېمەي تۇرۇڭ. مەن تۇنجى قېتىم بويۇمدا قالغانلىقىنى دېگەنـدە ھەممەيـلەن خۇشال بـولۇپ كېتىشكەنىدى. ئەمـما... كېيىن... بۇنى بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن دەيلى.
— مېنىڭ نىگارىم، مەن ھەمـمە ئىشتا سۆزىڭىزنى ئاڭلايمەن. ئەمـما، دۈشەنبە كـۈنى ھەمـمە ئىشـنى تاشلاپ دوختـۇرخانىغا بارايلى، بىز ھەممە ئىشنى دوختۇرنىڭ تەكلىپى بويىچە قىلايلى.
— بولىدۇ جېنىم، مەندە ھېچقانداق بىئاراملىـق يوق، تۇنجـى قېتىمقىسىدا ئىچىم بەك ئېلىشىپ، بېشىم قېيىپلا يۈرگەنىدىم. خۇدايىم بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ھازىرقىدەك قىلغاي.
— دېگىنىڭىزدەك بـولسۇن جـېنىم، يـامـان ئىشـلارنى ئويلىماڭ، ھەممە ئىش ئوڭۇشلۇق بولىدۇ.
تۇغۇلۇش ئـالدىدا تۇرغـان بالىنـى ئويلاپ، ئۇلار ۋاقىتنىـڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنىمۇ سەزمەي قالدى. ۋاقىت بىـر يەرگـە بارغانىدى. ئەمدى ئۇلار ماڭىمىسا زىيـاپەتكە كـېچىكىـپ قالاتتـى. ئايسۇن ئاخىر ئاپپىلسىن رەڭلىك يىپەك كۆڭلىكىنى كىيىدىغان بولدى. بوينىغا دادىسى قالدۇرغان زۇننـارنى ئېسىـپ، بىلـىكىگە

تاھسىننىڭ تۇنجى سوۋغىتى — قول سائىتىنى تاقىدى. ئەمما، سائەتنىڭ ئالماس كۆزى بىلەن بويىندىكى زۇننار پەقەتلا ماسلاشمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بويىنغا تاق يوللۇق ئالماس كۆزلۈك ئالتۇن زەنجىر ئاستى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تېخىمۇ گۈلدەك ئېچىلىپ كەتتى. تاھسىنمۇ ناھايىتى چىرايلىق ياسانغانىدى. ئۇ مېغىز رەڭ بۇرۇلكىسىغا پار قىلىپ قەھۋە رەڭ چاپان، ئىچىگە سۇس مېغىز رەڭ كۆڭلەك كىيىپ، كۆڭلىكىگە ماسلاشتۇرۇپ گالستۇك تاقىغانىدى. ئۇلار داچىغا كەلگەندە دېرىزە ئالدىغا نۇرغۇن كىشىلەر يىغىلغانىدى. ئۇ ئاپتوموبىل توختىتىدىغان ئورۇننى ناھايىتى تەستە تاپتى. چۈنكى، ھەپتە ئاخىرى بولغاچقا، دېڭىز بويىغا كېلىدىغانلار ناھايىتى كۆپ ئىدى. ئۇلار پىكاپنى ئالدى تەرەپتىكى بىر كوچىغا توختىتىپ قويۇپ، قايتىپ كەلدى.

باھار كۈنلىرى، ئىللىق قۇياش نۇرىدا گۈل ـ گىياھلار ئېچىلىپ، دەل ـ دەرەخلەر ياشناپ، يەنىكۆي داچىسىدىكى گۈللۈكنى جەننەت كەبى گۈلزارلىققا ئايلاندۇرغانىدى. تەكشى قىرقىلغان چىملىق خۇددى رەڭدار گىلەمگە ئوخشايتتى. ئەتىرگۈللەرنىڭ خۇشبۇي ھىدى تاملارغا ئارتىلىپ ئۆسكەن كاككۇكگۈلىنىڭ خۇش پۇراقلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ئادەمنى مەست قىلاتتى. گۈللۈك ئىچىدە ئادەم كۆپ ئىدى. باھارنىڭ راھەتبەخش ئېتىدىغان ھاۋاسىدا مېھمانلار دېڭىز بويىغا قويۇلغان شىرەلەرنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ قىزغىن پاراڭلىشىۋاتاتتى، گۈزەل مەنزىرىلەردىن قانغۇچە ھوزۇرلىنىۋاتاتتى. ئەزىز دەرۋازا ئالدىدا ئۇلارنى كۈتۈۋالدى، ئايسۇن قورقۇنچ ئىچىدە ئەتراپقا قارىدى. ئۇ يەنىلا ئادەم كۆپ يەردە بىئاراملىق ھېس قىلاتتى. بۇنى سەزگەن ئەزىز كەيپىياتنى ئوڭشاش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قولىدىن تۇتۇپ يېتىلەپ، شىپاڭدىكى شىرەگە باشلاپ كەلدى.

— كېلىڭلار، تېز كېلىڭلار، كاپىتان مۇسا سىلەرنى ئەتىگەندىلا ساقلاپ تۇرغانىدى. مەن سىزنى تۇخۇم پوشكىلىنى

بەك تەمەلىك پەشۇرىدۇ، دەپ ماختاۋەرگەچكە، بۇنى داچىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىلىپ كەتتى.
ئايسۇننىڭ يۈزى ۋىللىدە قىزىرىپ، دەرھال بېشىنى تۆۋەن سېلىۋالدى. گۈللۈكنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى دەرەختىن ياسالغان شىپاڭدا كاپىتان مۇسا، قوشنىسى خەلىل ئەپەندى بىلەن ئۆزىنىڭ سالامەتلىكى توغرىسىدا قىزغىن پاراڭلىشىۋاتقاچقا، ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلگەنلىكىنىمۇ سەزمىدى.
— بېگىم، تاھسىن ئەپەندى بىلەن ئۇنىڭ چىرايلىق ئايالى كەلدى.
كاپىتان مۇسا خۇشال ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ، تاھسىن بىلەن خۇددى قەدىناس دوستلاردەك قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.
— ئوھۇي، تاھسىن، مەرھابا، مەرھابا، كۆرۈشمىگىنىمىزگە ئۇزۇن بوپتۇ، سىزنى بەك سېغىنىدىم.
— ھەقىقەتەن ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولدى، كاپىتان تاغا. ئىشلىرىمىز ئەمدىلا باشلانغاچقا، ھەپتە ئاخىرىدىمۇ ئىشلەپ كەتتۇق، بولمىسا مەن كېلىپ سىزنىڭ تەمەلىك قات - قاتلىرىڭىزنى يېمەي قالامتىم؟
كاپىتان مۇسا تاھسىنغا قاراپ كۆزىنى قىسىپ قويدى.
— بولدى، بولدى، مېنىڭ مەززىلىك قات - قاتلىرىمنى يېيىشنى كىمنىڭ ئۇنتۇلدۇرۇپ قويغانلىقىنى بىر قاراپلا بىلدىم.
چىن كۆڭۈلدىن چىققان بۇنداق دوستانە كۈتۈۋېلىشتىن ئايسۇن خېلى يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلدى. ئۇ تاھسىن بىلەن كاپىتاننىڭ گەپلىرىنى بىر خىل خۇش تەبەسسۇم ئىچىدە ئاڭلاپ ئولتۇردى. شۇ ئەسنادا كاپىتان مۇسا ئايسۇنغا قاراپ:
— سەت بولدى، قىزىم، مەن بۇ ۋاپاسىز بىلەن پاراڭلىشىپ كېتىپ، سىزنى ئۇنتۇپلا كېتىپتىمەن. مەرھابا، مەرھابا، بۇنىڭدىن كېيىن سىزمۇ ئارىمىزدىكى بىر ئەزا بولدىڭىز. بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق پاراڭلارنى پات - پات ئاڭلاپ تۇرىسىز، —

دېدى.

ئايسۇن كۆلگىنىچە بېرىپ، ئۇنىڭ ئۇزارتقان قولىنى تۇتۇپ كۆرۈشتى:

— تەشەككۇر، سىزنىڭ تەكلىپ قىلغىنىڭىزغا تەشەككۇر، داچىڭىز بەك چىرايلىق ئىكەن.

— توغرا دەيسىز، گۈزەللىكتە بۇ داچىغا، بۇ دېڭىز بوغۇزىغا تەڭلەشكۈدەك جاينى دۇنيانىڭ ھەرقانداق يېرىدىن تاپقىلى بولمايدۇ. ئەمما، ناھايىتى ئەپسۇس. كىشىلەر ھازىر بۇ داچىلارنى ساپلا بۇزۇپ، چېقىپ، سېمونت تاملارنى قوپۇرۇۋاتىدۇ. ۋاقتىڭلار بولسا كېلىپ غىزا يەپ كېتىڭلار، مەن سىلەرنى باشلاپ داچىلارنى ئايلاندۇرىمەن. يەنە ئۆزۈم يىغىپ ساقلىغان كېمە ـ پاراخوت مودېللىرىنى كۆرسىتىمەن.

— بەك ياخشى بولغۇدەك، بىز جەزمەن كېلىمىز.

شۇنىڭ بىلەن ساھىبخانا بىلەن مېھمان ئوتتۇرىسىدىكى يېتىرقاش يوقالدى. شىپاڭدىكى چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان بوۋاي كۆزىنى ئايسۇندىن نېرى قىلالماي قالدى. كاپىتان مۇسا ئۇلارنى قوشنىسىغا تونۇشتۇردى:

— ھۆرمەتلىك خەلىل ئەپەندى، بۇ ئىككىيلەن ئەزىزنىڭ ئەڭ يېقىن دوستلىرى، بۇلار تاھسىن بىلەن ئۇنىڭ ئايالى ئايسۇن بولىدۇ. تاھسىننى بىلسىڭىز كېرەك بەلكىم، ئەرولدىن ئاڭلىغان بولۇشىڭىز مۇمكىن. ئۇ خۇرۇم زاۋۇتىنىڭ غوجايىنى يەنى ئەرولنىڭمۇ غوجايىنى بولىدۇ. بۇياق مېنىڭ ئون بەش يىللىق قوشنام خەلىل ھانجى ئوغلى بولىدۇ.

خەلىل بوۋاي خۇددى ئېسىنى يوقاتقان ئادەمدەك ئايسۇندىن كۆزىنى ئۈزەلمەيلا قالدى. ئۇ ساق قولىنى سوزۇپ، ئۇلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى ۋە ناھايىتى تەستە:

— سىلەر بىلەن تونۇشقانلىقىمدىن بەك خۇش بولدۇم، بالىلىرىم، ئەرول ھەمىشە سىلەرنىڭ گېپىڭلارنى قىلىدىغان. شۇڭا مەن سىلەرنى بۇرۇنلا تونۇيدىغاندەك تۇيغۇدا بولۇۋاتىمەن.

— سىلەرنى تونۇشتۇرۇشۇم مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن، ئەمدى ئۇسسۇزلۇقۇڭلارنى ئىچىپ ئايسۇن بىلەن بىللە گۈللۈكنى ئايلىنىپ كېلىڭلار، مەن سىلەرنى غىزاغا تەكلىپ قىلىمەن، راست دەۋاتىمەن. سىلەر كېتىشتىن بۇرۇن ھەممىمىزگە قولايلىق كېلىدىغان كۈننى بېكىتىۋالايلى.

ئەزىز دوستلىرىنى باشلاپ كەتتى. ئەمما، خەلىل بوۋاي ھېلىھەم ئۇلارغا قاراۋاتاتتى، ئۇنىڭ نەپەسلىنىشى سەل قىسىلىۋاتقاندەك بولدى. ئۇ دەرھال يانچۇقىدىن بىر تال دورىنى ئېلىپ، تىلىنىڭ ئاستىغا سالدى. كاپىتان مۇسا ئەنسىرەپ قالدى:

— خەلىل ئەپەندى، نېمە بولدىڭىز؟ مىجەزىڭىز يوقمۇ؟ دوختۇرىڭىزنى چاقىرايمۇ؟

— ياق، ياق، ئۆتۈپ كەتتى، دوختۇرۇمنى چاقىرىش ھاجەتسىز. مەن سەل ھاياجانلىنىپ قالدىم، مەن تاھسىنىنىڭ ئايالىنى كۆرۈپ، شەھناز ماڭا قاراۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى. ھەي، ئۇ ئىككىيلەن نېمىدېگەن ئوخشايدۇ ـ ھە؟

— ۋاي، سىز مېنى ئەجەب قورقۇتۇۋەتتىڭىز. ھېلىمۇ ياخشى بولۇپ قالدىڭىز، كىشىلەر بۇ دۇنيادا ھەممە ئادەمنىڭ ئۆزىگە قويۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان ئادىمى بولىدۇ، دەيدىكەن.

— راستلا شۇنداق ئىكەن، ئوخشاش سۇس قوڭۇر رەڭ كۆزلەر، ئوخشاش چاچلار، ئەرولىنىڭ دېيىشىچە، بۇ تاھسىنىنىڭ ئىككىنچى خوتۇنى ئىكەن. خۇددى شەھەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەندەك، پەقەتلا سەھرالىق قىزلارغا ئوخشىمايدىكەن.

— ئەزىزمۇ شۇنداق دەيدۇ. ئۇ ناھايىتى ياخشى تەربىيە كۆرگەن قىز ئىكەن. ئاپىسى ئۇنى تۇغقۇچە ئۆلۈپ كەتكەنىكەن. دادىسى ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا تۈگەپ كېتىپتۇ. مەھەللىدىكى تۇغۇت ئانىسى بىلەن مۇئەللىم ئۇنى بېقىپ چوڭ قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئوقۇشتىن توختاپ قاپتۇ. ئۇ ھازىر مەكتەپ سىرتىدا ئوقۇپ پۈتكۈزۈش ئىمتىھانىغا تەييارلىق

قىلىۋېتىپتۇ. ئەزىز بۇ قىزنى تولىمۇ ئىرادىلىك، يۈرەكلىك ئىكەن، مۇشۇنداق بولسا ئۇ ئۇنىمۇ ئېرىستېتىنىمۇ ئوقۇپ تاماملىيالىغۇدەك، دەيدۇ.

— ئەرولمۇ شۇنداق دېگەن. ئۇ رەسىمنى ناھايىتى چىرايلىق سىزىدىكەن. ئەرول بىلەن بىللە كېلىنىڭىزنىڭ دۇكىنىغا سالىدىغان ماللارنى لايىھەلەۋېتىپتۇ. ئەجەب غەلىتە قىز ئىكەن ئۇ. قارىماققا قورقۇنچاقتەك كۆرۈنىدىكەن، ئەمەلىيەتتە ئۆزىگە ئىشەنچى بار، كەسكىن قىز ئىكەن. تاھسىننىڭ بىرىنچى ئايالىمۇ مۇشۇ قىز سەۋەبىدىن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋاپتىكەن.

— تاھسىننىڭ بىرىنچى ئايالى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانمىكەن؟

— زاۋۇتتا نۇرغۇن گەپ تارقىلىپ يۈرۈپتۇ. گېزىتكىمۇ بېسىلدى دېيىشىدۇ. بۇ توغرۇلۇق مېنىڭ بىلىدىغانلىرىممۇ كۆپ ئەمەس. بىرىنچى خوتۇنى تۇغماس بولغاچقا، تاھسىن بۇ قىزنى توقاللىققا ئاپتۇ، شۇڭا ئۇنىڭ بىرىنچى ئايالى بۇ ئىشقا چىدىماي ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋاپتىمىش، ئەمما ئەرول بۇ گەپ ـ سۆزلەرگە پەرۋا قىلماي يۈرۈپتۇ.

— قىزىق! ئەزىز بۇنداق گەپلەرنى پەقەتلا قىلمىدى. ئەجەبا ئۇ بىلمەمدىكىنە؟ راستىنى دېسەم، مەنمۇ تاھسىننىڭ بۇنداق ئىشلارنى قىلىدىغانلىقىنى ئويلىماپتىمەن.

— مېنىڭچە ئۇنداق ئەمەس، ئەزىز جەزمەن بىلىدۇ. ئۇلار بىر ئىشتاننى تەڭ كىيىپ چوڭ بولغان دوستلار تۇرسا. بەلكىم سىزنىڭ دوستىغا باشقىچە قاراشتا بولۇپ قېلىشىڭىزدىن ئەنسىرەپ دېمىگەن بولۇشى مۇمكىن، سەھرانىڭ قانۇنى شەھەرنىڭكى بىلەن ئوخشىمايدۇ. كاپىتان، سىز سەھرادا تۇرۇپ باقمىغاچقا، بۇلارنى چۈشەنمەيسىز. سەھرادىكى باي ـ بېگىملەرنىڭ ئەۋلادى ئۆكسۈپ قالسا، ئۇلارنىڭ ھەيۋىسى قالمايدۇ. سەھرادىكىلەرگە قارايدىغان يۈزىمۇ قالمايدۇ. سەھرانىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى شۇنداق، ئايالى قوشۇلسۇن، قوشۇلمىسۇن ئېرى ھامان خوتۇن ئالىدۇ. بۇ ئامالسىزلىقتىن بولىدىغان ئىش.

— پۈرسەت بولغاندا مەن بۇنىڭ زادى قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى سورايمەن، ئەزىز نېمە دەيدىكىن. مەن بۇ ئىشقا قىزىقىپ قالدىم. تۇيغۇم خاتا بولمىسا، بۇ ئىشنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى بۇنىڭدىنمۇ قىزىق بولۇشى مۇمكىن.

— سىلەر كۆپچىلىكتىن يىراق يەرگە كېلىۋېلىپ ئوغرىلىقچە نېمە دېيىشىۋاتىسىلەر؟

ئۇلار ئەرولنىڭ يېنىغا كەلگەنلىكىگە دىققەت قىلمىغانىدى. شۇڭا ئىككىيلەن چۆچۈپ كېتىشتى، گەپلىرى ئۈزۈلۈپ قالدى.

— بىلدىم، سىلەر يەنە بىركىملەرنىڭ يامان گېپىنى قىلىۋېتىپسىلەر ـ دە!

— كېلە بالام، بىز ھېچكىمنىڭ يامان گېپىنى قىلمىدۇق. بايا تاھسىن ئەپەندى ئايالى بىلەن كەلگەنىدى. بىز تاھسىن ئەپەندىنىڭ ئايالى سىڭىنىڭ موماڭغا بەك ئوخشايدىكەن، دېيىشتۇق. سەن دىققەت قىلمىدىڭمۇ؟

— راستلا شۇنداق ئىكەن بوۋا، ماڭىمۇ باشتا كونا تونۇشتەكلا بىلىنگەنىدى. ئەمدى سىز بۇنداق دېسىڭىز ماڭا ئۇلار تېخىمۇ ئوخشىشىدىغاندەك بىلىنىپ كېتىۋاتىدۇ. بولۇپمۇ كۆزلىرى بەك ئوخشىشىدىكەن. بىر كۈنى ئۇلارنى ئۆيگە چاقىرايلى، ئۇلار موماڭنىڭ ياش چېغىدىكى سۈرىتىنى كۆرۈپ باقسۇن. ئايسۇنمۇ ئۆزىنىڭ موماڭغا شۇنداق ئوخشايدىغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالار.

— مەنمۇ ئۇلارنى ئۆيگە چاقىرساقمىكىن دەپ ئويلاۋاتىمەن، ھازىر تاھسىن ئەپەندى بۇ يەردە بولغاندىكىن، بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا دەپ، ئۇلارغا مۇۋاپىق كېلىدىغان بىر كۈنى كەچلىك تاماققا تەكلىپ قىلايلى.

— بولىدۇ بوۋا، ئەمىسە سىلەر گېپىڭلارنى قىلىشىۋېرىڭلار. مەن بېرىپ ئەزىز تاغام بىلەن تاھسىن ئەپەندىنى تاپاي.

ئەرول ئۇلارنىڭ يېنىدىن كېتىپ، گۈللۈكتە غايىب بولدى. تاھسىن بىلەن ئايسۇن ئەزىزنىڭ ئاپىسى بىلەن دۇكانغا

سالىدىغان يازلىق كىيىملەرنىڭ پاسونى توغرىسىدا پاراڭلىشىۋاتاتتى، ئۇ ئەرولنى كۆرۈپلا قولىنى پۇلاڭلىتىپ ئۇنى چاقىردى.

— ھېلىمۇ ياخشى كەلدىڭ ئەرول، بىز سېنىڭ گېپىڭنى قىلىشىۋاتاتتۇق. بىز نەرگىز خانىم بىلەن ياز كۈنلىرى نېمە ئىشلارنى قىلالايدىغانلىقىمىزنى دېيىشىۋاتاتتۇق. سېنىڭ نېمە ئويۇڭ بار؟ بىز ئايالچە سومكا بىلەن ئاياغنى ئاساس قىلايلىمىكىن، دەپ ئويلىشىۋاتىمىز. سېنىڭچە بولارمۇ؟

— بولىدۇ. نېپىز خۇرۇمدىن تىكىلگەن ئايالچە تاسمىلىق كۆڭلەك تىكسەكمۇ بولىدۇ.

مېھمانلار گۇللۇكنىڭ ھەممە يېرىدە ئۇچتىن - تۆتتىن بولۇشۇپ پاراڭلىشىۋاتاتتى. كۈن ئولتۇرۇپ قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن ئاندىن تارقىلىشتى. تاھسىن بىلەن ئايسۇن خېلى كەچ قايتتى. ئۇلار قايتىشتىن ئىلگىرى كاپىتان مۇسا ۋە ئەرولنىڭ بوۋىسى خەلىل ئەپەندى بىلەن تاماق يەيدىغان كۈننى ئايرىم - ئايرىم بېكىتىپ كەتتى. ئۇلار يولدا بىرھازاغىچە جىم مېڭىشتى، ئۇلار تۇرمۇشىدىن تولىمۇ مەمنۇن بولغاندەك چىرايلىرىدا تەبەسسۇم جىلۋە قىلاتتى.

ياز كىرىشى بىلەنلا ئايسۇن كۈندۈزنى كېچىگە ئۇلاپ، تىرىشىپ ئۆگىنىپ ھەممە ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ، ئوتتۇرا مەكتەپ دىپلومىنى ئالدى. بىر كۈنى ئاخشىمى ئۇلار ئەزىز بىلەن ئەرولنى چاقىرىپ، ئايسۇننىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى تەبرىكلەشتى. ئۇلار تاڭ ئاتقۇچە ئوينىدى. ئايسۇن بىر تەرەپتىن ئوقۇش پۈتكۈزگەنلىكىدىن ھاياجانلانسا، يەنە بىر تەرەپتىن تۇغۇلۇش ئالدىدا تۇرغان بالىسى ئۈچۈن تەييارلىق قىلدى. شۇڭا، ئۇنىڭ لايىھە سىزىدىغان ۋاقتى كۆپ قالمىغانىدى. ھەممىسى ئۇنىڭ بۇنداق تالانتىغا تولىمۇ ھۆرمەت قىلاتتى، ئۇنىڭ تېخىمۇ كەسىپچانلىقىقا ئىگە لايىھەلەرنى سىزىپ چىقىشىغا تەشنا بولۇۋاتاتتى. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ ھەر كۈنى

ئەتىگەندە تاھسىن بىلەن زاۋۇتقا بېرىپ، تاكى چۈشتىن كېيىنگىچە ئەرولىنىڭ لايىھە سىزىشىغا ياردەملىشەتتى. ئۇ ئىككىيلەن ئەزىزنىڭ ئاپىسى — نەرگىز خانىمنىڭ دۇكىنىغا ئالاھىدە لايىھەلەرنى سىزىپ بەردى، شۇنداقلا يەنە يۇقىرى تەبىقىدىكىلەردىن بەزى زاكازلارنىمۇ قولىغا كەلتۈردى، زاۋۇتتىكىلەر ئۇچ ئىسمىنا بويىچە ئىشلەۋاتقان بولسىمۇ، يەنىلا ئېھتىياجنى قاندۇرالمايۋاتاتتى. تاھسىننىڭ ئىشى ئوڭدىن كېلىپ، ئۇنىڭ كۆپ يىللىق ئەجرىمۇ ئاخىر مېۋە بەردى. ئايسۇننىڭ ھامىلدار بولغانلىقىنى ئاخىر يوشۇرغىلى بولمىدى، ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى سەمىمىيلىك بىلەن بالىنىڭ تۇغۇلۇشىغا تەشنا بولۇۋاتاتتى.

ئوقۇش باشلاشتىن ئىلگىرى ئايسۇن ھەر كۈنى زاۋۇتتا ئىشلىدى. ئوقۇش باشلانغاندىن كېيىن تاكى بالا تۇغۇلغۇچە كەچلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرىپ، بىر قىسىم دەرسلەرنى ئوقۇپ تۈگىتىۋالماقچى بولدى. بۇ ئىشتا تاھسىن ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى قوللىغۇچىسى ئىدى. تاھسىن ئايسۇننىڭ ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈش جەريانىدا نامايان قىلغان ئارمانى بىلەن ئىرادىسىنى بىلىپ، ئۇنىڭ تېخىمۇ كۆپ ئىشلارنى قىلالايدىغانلىقىغا ئىشەندى. شۇڭا، بۇ ئىشتا ئايسۇنغا پۈتۈن كۈچى بىلەن مەدەت بەرمەكچى بولدى.

يەنە بىر تەرەپتىن كەنتنىڭ ئەھۋالى ئادەمنى بىئارام قىلاتتى. نازلىننىڭ ئىچىنىشلىق ھالدا قورۇقتىن كېتىشى، مەلىھانىڭ تۇيۇقسىز ئۆلۈپ قېلىشى ۋە كېيىنكى سوت ئۆمەر بېگىم بىلەن چوڭ خانىمغا ئىنتايىن قاتتىق زەربە بولدى، ئۇلارنىڭ يۈرىكىنى يارا قىلدى، بۇ ئىشلاردىن كېيىن تاھسىن ئايسۇننى قورۇقتا قالدۇرغۇسى كەلمەي، شەھەرگە ئېلىپ كەتتى. ئۇلار كېتىشى بىلەن قورۇقنىڭ بۇرۇنقى خۇشاللىقى يوقىلىپ، زېرىكىشلىك ھالەت پەيدا بولدى. ئۆمەر بېگىم بىلەن چوڭ خانىم ئادەتتە مۇھىم ئىشى بولمىسا ئۆيدىن چىقمايتتى ھەم ھېچ

يەرگىمۇ بارمايتتى. قورۇقنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى غوجىدار ھاسان بىلەن ئۇنىڭ خانىمى قىلاتتى. ئەمما، شەھەرنىڭ ئەھۋالى تامامەن باشقىچە ئىدى. تاھسىن ئەمدى ئۆزى قارار قىلىش لازىملىقىنى ھېس قىلدى. ئەمما، بۇنى ئىمكانقەدەر ئايسۇنغا بىلدۈرمەسلىككە تىرىشتى. ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى شۇنچە يىللار تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن نەۋرىسىنىڭ قورۇقتا كۆز ئېچىشىنى خالايتتى. ئەمما، ئايسۇن بالىنى شەھەردە تۇغسام دەيتتى، سەھرادا ئۇنىڭ ئۈچۈن ھېچقانچە خۇشاللىق ئەسلىمىلىرى بولمىغاچقا، ئۇنىڭ سەھراغا قايتقۇسى يوق ئىدى.

يېقىنقى بىرقانچە كۈندىن بېرى، زاۋۇتتىكى ئىش بارغانسېرى جىددىيلىشىپ كەتتى. ئىش مىقدارىمۇ نورمىدىن ئېشىپ كەتتى. ھەممەيلەن ئەڭ ياخشى ئىش ئۈنۈمى يارىتىش ئۈچۈن تىرىشۋاتاتتى. مۇھسىن ئەپەندى، تاھسىن، ئايسۇن ۋە ئەروللار ھەر كۈنى كەچ كىرگۈچە ئىشلەيتتى. ئۇلار يېڭى پاسونلارنى تەكشۈرەتتى. خاتالىق بايقالسا نەق مەيداندىلا تۈزىتىپ، ئىشنىڭ سۈرئىتىنى تېزلىتەتتى. ھەممىسى دېگۈدەكلا بەك ھېرىپ كەتكەندى. ئۇلار ئايسۇننىڭ ئۆيگە قايتىپ كېتىشىنى قايتا ـ قايتا ئېيتقان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا كەتمەي ئۇلارغا ياردەم قىلدى. شۇ كۈنى ئەتىگەندە ئۇ يەنە تاھسىن بىللە زاۋۇتقا كېلىپ، ئۆزى لايىھەلىگەن پەلتونىڭ نۇسخىسىنى كۈتۈپ تۇردى. مۇھسىن ئەپەندى بىلەن ئارتىن ئۇستام چاتاق چىققان بىر ئۇسكۈنىنى تەكشۈرۈۋاتاتتى. ئەرول ئۆز ـ ئۆزىگە گەپ قىلغىنىچە كىرىپ كەلدى:

ـــ قانداق ئىش بولۇپ كەتتى ئەمدى؟ مەن ماي قاچىلاش پونكىتلىرىنى ئىككى سائەت ئايلاندىم، ھەممىسىدە بېنزىن يوق ئىكەن. تاھسىن ئاكامنىڭ پىكاپىدىن ئازراق بېنزىن ئېلىپ ئاندىن قايتىپ كېلەلىدىم.

بىرقانچە كۈندىن بېرى ئايسۇن رادىيودىن بۇ يېڭى خەۋەرنى ئاڭلاپ سەل ئەندىشە قىلغانىدى. بېنزىن مەسىلىسى بۇ دەرىجىگە

يەتكەندىكىن ئەلۋەتتە ئۇ خاتىرجەمسىزلىنىدۇ ــ دە.

ــ تاھىسىنىڭ دېيىشىچە، مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، زاۋۇتقا ئىشلىتىدىغان توك بىر مەسىلە بولۇپ قالغۇدەك. سىز دەڭە، شۇنداق بولارمۇ؟ بەك قورقۇپ كېتىۋاتىمەن.

ئەرول ئۆزىنىڭ بايا دېگەن گەپلىرىگە پۇشايمان قىلىپ قالدى. ئۇنىڭ ئايسۇننى ئەنسىزلىككە سېلىپ قويغۇسى يوق ئىدى. شۇڭا ئۇ دەرھال گېپىنى يۆتكەپ، جىددىي كەيپىياتنى پەسەيتمەكچى بولدى.

ــ ئۇنچىلىكمۇ بولۇپ كەتمەس. ئاشۇ ئىچكى ئەھۋاللارنى بىلىدىغان ئەربابلارنىڭ ئېيتىشىچە، «بۇنداق ئەھۋاللار ۋاقتىنچە بولىدىكەن»، بۇ ئىشنى بەك ئويلاپ كەتمەڭ، جىنىمىزنى كۆپرەك ئويلاڭ.

شۇ ئەسنادا تاھىسىنمۇ پىكاپىنى توختىتىپ كىرىپ كەلدى. ئەرول ئۇنىڭ يەنە شۇنداق گەپلەرنى قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، تاھىسىنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ، ئۇنى سىرتقا ئاچىقىپ كەتمەكچى بولدى:

ــ يۈرۈڭ، تاھىسىن ئاكا. بىز چاتاق چىققان ئۇسكۇنىنى كۆرۈپ باقايلى.

تاھىسىن نېمە ئىش بولغانلىقىدىن خەۋىرى بولمىسىمۇ، يەنىلا ئەرول بىلەن بىللە چىقىپ كەتتى.

ــ نېمە بولدى، ئەرول؟ نېمىدەپ مېنى ئىشخانىدىن ئالدىراپ ئاچىقىپ كېتىسەن؟

ئەرول باياتىنقى ئىشنى تاھىسىنغا ئاددىيلا قىلىپ سۆزلەپ بەردى.

ــ بىز بۇنىڭدىن كېيىن ئايسۇنىنىڭ يېنىدا گەپ قىلغاندا دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. ئۇ ئوڭايلا ئەنسىرەپ كېتىدۇ، ھاياتقا بەك ئەھمىيەت بېرىدىغان ئادەم. ئۇنىڭغا ئاز-تولا ئەقىل ئۆگەتمىسەك بولمايدۇ.

— ۋايىـەي مەن ئۇنى مـۇنداقلا دەپ قويـغانـدىـم. ئۇنـىـڭ بـۇ گەپنى بۇنچىۋالا كۆڭلـگە ئالـدىغانلىقىـنى نەدىن بـىلـەي، توغـرا دەيسەن. بۇنىڭدىن كېيىـن ئۇنىڭ يېنىـدا تېخىمۇ دىققەت قىلىسـاق بولغـۇدەك. دوختۇر ئۇنـىڭغـا تـەسىر قـىـلىدىـغـان ئىشـلار يـۈز بەرمىسۇن، ئۇنى ئىمكانقەدەر ھاياجانلاندۇرماڭلار، دېگەن. تۈنجـى بالا بويىدىن ئاجراپ كەتكەچكە خەتەرلىك بولىدىكەن. بـۇنىڭدىـن كېيىن ئىمكانقەدەر ئۇنى ئۆيدە قالدۇرۇپ قوياي. بولمىسا ئىشنى ئۆيدە قىلسۇن. شۇنداق قىلساق ئۇ زاۋۇتنىڭ ئىشلىرىدىن يىراق بولىدۇ.

ئۇلار ئەمدى پەلەمپەينىڭ بىرىنچى كەلگەندە ئايسۇن ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ۋارقىرىدى:

— توختاپ تۇرۇڭلار، مەنمۇ سىلەر بىلەن بىللە بارىمەن.

ئايسۇن ئىشخانىدا ئۆزى يالغۇز قالغاچقا، تۇرغـۇسى كەلمـەي ئۇلار بىلەن بىللە سېخقا كىرىپ كۆرۈپ كەلمەكچى بـولغانـدى. ئـىـككـىيـلـەن ئايسـۇننى ساقـلاپ تۇردى، بۇ چـاغـدا بىرەر ئـىـش بولىدۇ دەپ كىم ئويلىغان؟ يېڭى پاسونلۇق كىيىمنى كىـيدۇرۇپ قويغان مودېل تۇيۇقسىز ئايسۇن تەرەپكە ئۆرۈلۈپ چۈشتـى ـ دە، ئايسۇن بـىلـەن بىـللە پەلـەمپەيدىـن دومىلاپ چـۈشـتى. ئايـسۇن دەرھال پەلەمپەي سالاسۇننى تۇتۇۋالدى. مودېل بولسا، دومـىلاپ چۈشكىـنىچە پـەلەمپەي پـەشتىقـىدا پارە ـ پارە بـولۇپ كەتـتـى. تاھىـىـر بىلـەن ئەرول شۇ ھامـان ئايسـۇنـنىڭ يـېـنىغـا بـاردى. تاھىر ئايالىنى قۇچاقلاپ ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزدى.

— بـىـر يېرىـڭىز ئاغـرىـدىمۇ؟ ھـېـچ ئىش بـولـمـىغـانـدۇ؟ ئەستاغپۇرۇللا، نېمە ئىش ئـەمدى؟ سەۋەبسىـزلا قانداقـچە بۇنچـە چوڭ مودېل سىزگە يىقىلىپ چۈشىدۇ؟

بىچارە ئايسۇن قورقۇپ كەتكەچكە ئۆزىگە كېلەلـمەي، ئۇنـىـڭ گېپىگە جاۋاب بېرەلمىدى. ئۇ يەنىلا غالىلداپ تىـترەپ تۇراتتـى. ئۇنـىڭ تىزى سـۈرۈلۈپ كەتـكـەندىن بـاشـقا ھېـچقانداق يـېـرى يارىلانمىغانىدى، ئۇنى ئىشخانىغا ئەكىرىپ سافاغا ئولتۇرغۇزۇپ،

سۇ ئىچۇردى.

— مېنىڭ زۇننارىم، زۇننارىم ئۈزۈلۈپ كېتىپتۇ، ئۇ نەگە كەتكەندۇ؟

تاھسىننىڭ بۇ قېتىم سەل ئاچچىقى كەلدى.

— قاراڭ، مۇشۇنداق چاغدا نېمىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈپ يۈرسىز؟ ئۇنىڭ بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن. سىزگە ھېچ ئىش بولمىغاندۇ؟ سىز بۇرۇن ساخاۋەتلىك ياخشى ئىشلارنى كۆپ قىلغانىدىڭىز. بىلمەيلا قالدىم، ئۇ مودېل قانداقسىغا ئۈزۈلۈپ كەتتى؟

ئويلىمىغان يەردىن مۇشۇنداق چوڭ ئىش يۈز بەرگەن بولسىمۇ، ئايسۇننىڭ ئازراقلا يېرى سۇركۈلۈپ كەتكەنىدى، ئەمما، ئۇ بۇ ئىشنىڭ ئېغىرلىقىنى بىلىپ يەتمىگەنىدى، ئۇنىڭ ئەكسىچە ئايسۇننى زۇننارىنىڭ يىتىپ كەتكەنلىكى بەكرەك بىئارام قىلدى.

— نېمىدەپ كۆڭلۈم يېرىم بولمىغۇدەك؟ سىزمۇ بىلىسىز، ئۇ دېگەن دادامدىن قالغان بىردىنبىر تەۋەررۇك تۇرسا.

— كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، مەن ئادەم ئەۋەتىپ ئىزدىتىپ باقاي. زۇننارنى تاپقاندىن كېيىن سىزنى ئۆيگە ئاپىرىپ قوياي، بولدى، قايتا تالىشىپ يۈرمەيلى. بۇنداق ھاياجانلانماڭ. دوختۇرنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى سىزمۇ بىلىسىز.

ئايسۇننىڭ تالاشقۇدەك مادارى قالمىغانىدى. ئۇ تىنچلىنىپ ئىشنىڭ جەريانىنى ئويلىدى. ئۇ تىكىلەپ قويغان مودېلنى تەكشۈرۈۋاتقاندا، ئۇنىڭ زۇننارىنىڭ زەنجىرى مودېلنىڭ ئۈچىسىدىكى چاپاننىڭ تۈگمىسىگە ئىلىشىپ قالغانىدى. شۇڭا ئۇ ئالدىراپ ماڭغاندا مودېل ئۇنىڭغا يىقىلىپ چۈشكەنىدى. ئۇ مودېل بىلەن پەسكە دومىلىغاندا ئايسۇن پەلەمپەي سالاسۇنىنى تۇتۇۋالغان، مودېل تۆۋەنگە دومىلاپ كېتىۋەرگەن، زەنجىر ئۈزۈلۈپ، زۇننار بىلەن نەگە كەتكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى، ئايسۇننىڭ بويىندا پەقەت زەنجىرلا قالغانىدى. يېرىم سائەتتەك

ئىزدەپ ئاخىر زۇننارنى تېپىشتى، ئۇ بۇزۇلۇپ كەتكەنىدى. ئايسۇن يارىلانمىغاچقا، تاھسىننىڭ كۆڭلى ئورنىغا چۈشتى. ئەمما، ئايسۇن بەك ھەسرەتلەندى. ئەرول بوۋىسىنىڭ بىر كونا داغلىق زەرگەرنى تونۇيدىغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى. ئۇ ئايسۇنغا مەن كەچتە ئۆيگە قايتقۇچە زەنجىر بىلەن زۇننارنى شۇ دۇكانغا ئاپىرىپ بېرەي، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئايسۇن خاتىرجەم بولۇپ، ئۆيگە قايتىشقا ماقۇل بولدى.

يەنە بىر تەرەپتىن سەچىل مەھسۇلات تونۇشتۇرۇش يىغىنىدىكى ئېچىنىشلىق مەغلۇبىيىتىنى ئۇنتۇيالمىغانىدى، گەرچە ئۇلار شۇنىڭدىن كېيىن قايتا يۈز كۆرۈشمىگەن بولسىمۇ، ئەمما سەچىل ئۈچ ئېلىش پۇرسىتىنى كۈتۈپ كەلدى. مەلىھانىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدىكى ھەر خىل سۆز - چۆچەكلەرمۇ ئۇنىڭ قۇلىقىغا يەتكەنىدى. ئۇ مۇخبىر ئىنىسىدىن پايدىلىنىپ، ئۇ ۋەقەنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى بىلدى. ئەمدى ئۇنىڭغا پۇرسەت كەلگەنىدى. ئەمدىكى ئىش مۇۋاپىق پەيتنى تېپىپ، بۇ ئۇچۇرلاردىن پايدىلىنىش ئىدى. ئۇ بىرنەچچە كۈندىن بۇيان تاھسىننىڭ ئۆيى ئەتراپىدا كۈتۈپ تۇرغانىدى. ئۇ ئايسۇننىڭ ئۆزى يالغۇز شوپۇر بىلەن بىللە قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، قەۋەتلا خۇش بولۇپ كەتتى. ئۇ ئۇزۇندىن بۇيان تەشنا بولۇۋاتقان پۇرسەت ئاخىر كەلگەنىدى. ئۇ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن بېرىپ ئىشىكنى چەكتى. ئايسۇن ئىشىكنى ئېچىپ، بۇ چاقىرىلمىغان مېھماننى كۆرۈپ، زىنھار خۇش بولمىدى، ئەكسىچە ھەيرانلىق ھېس قىلدى. سەچىل ئىشىك ئالدىدا ھىجىيىپ بۇرۇنقىدەك پەرۋاسىز ھالەتتە قاراپ تۇراتتى. ئايسۇن بۇنداق داپشاق قىزنىڭ قاپ يۈرەكلىكىدىن سەل بىزار بولدى:

— قايسى يۈزىڭىزنى كۆتۈرۈپ بۇ يەرگە كەلدىڭىز؟

— مېنىڭ سىزگە دەيدىغان گېپىم بار.

ئايسۇن ئۇنى ئۆيگە تەكلىپ قىلمىدى. چۈشتىن بۇرۇنقى قورقۇنچى تېخى تۈگىمىگەنىدى، شۇڭا ئۇ سەچىلنىڭ يەنە ئۆزىگە

بىئاراملىق تېپىشىدىن ئەنسىرىدى:
— سىز بىلەن دېيىشكۈدەك گېپىم يوق.
— ئەمما گېزىتلەردە ئۇنداق يېزىلمىغان.
سەچىل قولىدىكى قىيما گېزىتلەرنى ئايسۇنغا بەردى. بۇ قىيما گېزىتلەر يەرلىك كىچىك گېزىتلەردىن كېسىۋېلىنغانىدى. ھەممىسى مەلىھانىڭ ئۆلۈمى توغرۇلۇق يېزىلغان قالايمىقان ئوبزورلار ئىدى. ئايسۇن دەمەللىقتا نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى.
— كىرىڭ، ئەمما مېنى ھەرگىزمۇ سىزدىن قورقتى دەپ قالماڭ. سىز كۆپ ئەجىر قىلىپ شۇنچە كۆپ نەرسىلەرنى يىغىپسىز. خوش، قېنى، ئىشىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى دەپ بېقىڭا.
سەچىل يۈزىنى داپتەك قىلىپ ئۆيگە كىردى. ئۇ مېھمانخانىنىڭ پاكىزلىقىنى، بالكوندىن كۆرۈنۈپ تۇرغان گۈزەل مەنزىرىلەرنى كۆرۈپ، كۆڭلى راستلا بىر قىسىم بولۇپ قالدى.
— ئوھۇي، شۇنچە ئۇزاق كۆرۈشمەي، تاھسىنىنىڭ قىزىقىشىدا ناھايىتى زور ئۆلگىرىلەش بوپتۇ - دە!
— بۇ گەپلىرىڭىزنى قويۇپ تۇرۇڭ، دەيدىغان گېپىڭىزنى دەڭ، دەپ بولۇپ كېتىڭ. مېنىڭ قىلىدىغان ئىشىم بار.
— كەچۈرۈڭ. ئىشىڭىزنىڭ ئالدىراشلىقىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. ئەمدى سىز ئۇ نەيرەڭۋازلىقىڭىزنى يىغىشتۇرۇڭ. سىز پەقەت تاھسىنىنىلا ئالدىيالايسىز. سىزنىڭ قانداق نەيرەڭلەرنى ئويناپ، مەلىھانىڭ ئىرىنى ئۇندەككە كەلتۈرۈۋېلىپ، ئۇنىڭغا كىچىك خوتۇن بولغانلىقىڭىزنى، ئۇ خوتۇننى ياشاشتىن بىزار قىلىپ، ئۆلۈۋېلىشقا مەجبۇر قىلغانلىقىڭىزنى كىم بىلىدۇ. ئەمدى كۆڭلىڭىز ئارام تاپقاندۇ؟ ئەمما، بۇ دۇنيادا بىكار ئىش يوق. بىچارە مەلىھانىڭ ئۆچىنى مانا مەن ئالىمەن. كۆپەيتىلگەن بۇ ماتېرىياللارنى كۆردىڭىزمۇ؟ بۇلار سىزنىڭ ئەخمىقانە نەيرەڭۋازلىقلىرىڭىزنى ئېچىپ تاشلايدۇ.

سىزنىڭ زادى قانداق ئادەم ئىكەنلىكىڭىزنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ، — سەچىل شۇنداق دەپ بىر خىل غالىبلارچە قىياپەت بىلەن قولىدىكى قىيما گېزىتلەرنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىلىرىنى ئۈستەلگە تاشلىدى:

— مەن بۇلارنى تاھسىننى تونۇيدىغانلارنىڭ ھەممىسىگە ئەۋەتىپ بېرىمەن. ھەتتا ئۇنىڭ خېرىدارلىرىغىمۇ ئەۋەتىمەن. شۇ چاغدا ھەر ئىككىمىز يۇخادىن چىققان بولىمىز.

ئايسۇن بىردىنلا بەكمۇ ھارغىنلىق ھېس قىلىپ يېنىدىكى سافاغا ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭدىكى كۈچ ـ قۇۋۋەت يوقاپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ ئاۋازىدىكى تىترەكنى بېسىشقا تىرىشتى:

— سىز نېمىشقا بۇنداق قىلىسىز؟ سىز شۇنچە كۆپ تەكشۈرۈپسىز. سوت ھۆكمىنى كۆرگەن بولغىيدىڭىز؟ ۋەقەنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى بىلگەنسىز؟ بۇلار كىشىلەر كۆرمەيدىغان گېزىتلەرنىڭ ئىرازىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ۋەقە ئايدىڭلىشىشتىن ئىلگىرى توقۇپ چىققان كوچا خەۋەرلىرى. سىز نېمىشقا بۇنداق خەۋەرلەر بىلەن مېنى قورقۇتماقچى بولىسىز؟

سەچىل خۇددى ئولجىغا ئېتىلىش ئالدىدىكى يولۋاستەك ئۆزىنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىدىن ئىنتايىن خۇشاللىنىپ كەتتى. ئۇ ئەمدى ئايسۇننى بۇلۇڭغا قىستاپ قويغانىدى.

— توغرا، سىز توغرا دېدىڭىز، مەن ۋەقەنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى بىلىمەن. مەلىھانىڭ قانداق زەھەرلىك خوتۇن ئىكەنلىكىنىمۇ بىلىمەن، ۋەقەنىڭ قانداق بولغانلىقى بىلەن كارىم يوق، ئەمما بۇ كوچا خەۋەرلىرى ماڭا لازىم. بۇلارنىڭ مەقسىتىمگە يېتىشكە ياردىمى بار. ھېچكىممۇ سەچىلگە ئاھانەت قىلالمايدۇ. بۇنى سىزمۇ ھېس قىلغانسىز؟

ئايسۇننىڭ بېشى قېيىپ، كۆڭلى ئېلىشقاندەك بولدى.

— ھېچكىم ماڭا ئاھانەت قىلالمايدۇ دەمسىز؟ بۇ دېگەن ئۆزىڭىز تاپقان ئىش. سىز باشقىلارنىڭ ئارامىنى بۇزماقچى

بولدىڭىز، ئەمەلىيەتتە ئاھانەتكە قالغان ئادەم مەن. بەلكىم سىز بۇنى ئۇنتۇپ قالغان ئوخشايسىز.

— سىزنىڭ تاھسىن بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئارىلىقىغا قىسىلىپ كىرىۋالغانلىقىڭىز تېخى يەتمەمدا؟ يەنە كېلىپ، ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ جېنىغا زامىن بولدىڭىز. سىز پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى ئىككىمىز شۇنچىلىك كۆڭۈللۈك ئۆتەتتۇق.

— سىز يالغان سۆزلەۋاتىسىز. مەن سىزنىڭ تاھسىنغا چاپلىشىۋالغانلىقىڭىزنى بىلىمەن. تاھسىننىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشەلمىگەنلىكىڭىزنىمۇ بىلىمەن. تاھسىن ھەممىنى ماڭا دەپ بەرگەن.

ئەسلىدە كۆڭلىدە دەردى بار سەچىل ئۆزى ئېرىشكەن غەلىبىگە مەپتۇن بولۇپ، قالايمىقان سۆزلىگىلى، ئەسەبىيلەرچە كۈلگىلى تۇردى:

— ۋاي جانانىم، ئېرىڭىز سىزنى بەك ئالدايدىكەن. ئىككى كۈن ئىلگىرى ئۇ تېخى مەن بىلەن بىللە ئىدى.

ئايسۇن ئۇنىڭ بىلەن تاكاللىشىپ ئولتۇرۇشنى خالىمىدى، ئۇنىڭ بېشى تېخىمۇ قېيىپ كەتتى، چىرايى تاتىرىپ، دۈمبىسى تەرلەپ كەتتى. ئۇ ئاخىرقى كۈچىنى يىغىپ ئۈستەلدىكى گېزىتلەرنى سەچىلنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى - دە، بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى:

— ھازىرلا ئۆيۈمدىن يوقىلىڭ. خالىغىنىڭىزنى قىلىڭ، ئەمما مېنىڭ سىزنى يەنە كۆرەر كۆزۈم يوق.

سەچىل گېزىتلەرنى سومكىسىغا سېلىپ، گويا زەپەر قۇچقان سانغۇندەك ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى.

— ئۆزۈم ئېرىشەلمىگەنگە سىزنىمۇ ئېرىشتۈرمەيمەن، ھەي، سەھرالىق گۈزىلىم، قېنى قاراپ تۇرۇڭ.

— بۇ بىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق يۈز كۆرۈشۈشىمىز بولۇپ قالسۇن.

ئايسۇن شۇ گەپنى دەپ بولۇپ ئىشىكنى ياپتى - دە، ئارانلا

ھاجەتخانىغا كىرىپ قەي قىلدى، ئاندىن سەل ئارام تاپقاندەك بولدى. ئەمما، بىردىنلا قورسىقى تولغاپ ئاغرىپ كەتتى. ئاغرىققا چىدىماي قالغان ئايسۇن تۇگۇلۇپ قالدى. ئۇ تېلېفوننى ئېلىپ، كۆچىنى يىغىپ زاۋۇتقا تېلېفون بەردى.

# ئون بەشنچى باب

— ئەپەندى، سىز ئاۋۇ تەرەپتىكى كارىۋاتتا يېتىپ بىردەم ئۇخلىۋېلىڭ. يېرىم كېچىدىن ئېشىپ كەتتى، ئايالىڭىزنىڭ ئەھۋالى ناھايىتى ياخشى، ئۇمۇ ئۇخلاۋاتىدۇ. بىرەر نەرسە كېرەك بولسا، بىز ماۋۇ تەرەپتە، بىزمۇ پات ـ پات كېلىپ قاراپ تۇرىمىز.

سېسترا قىز تاھسىننى ئازراق ئۇخلىۋالسۇن دەپ ئۇنىڭغا كۆپ نەسىھەت قىلدى. تاھسىن ھېرىپ كەتكەچكە، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئازاب تارتقاچقا، كۆزلىرىنىڭ ئەتراپى قارىداپ كەتكەندى. تاھسىن سافادىن تۇرۇپ، قوللىرىنى سوزۇپ كېرىلدى. ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتكەچكە، پۇتۇن بەدىنى ئۇيۇشۇپ قالغانىدى. نەچچە سائەتتىن بېرى ئۇ ئايسۇنىنىڭ كارىۋىتى يېنىدا قاراپ ئولتۇردى. دوختۇر ئۇنىڭغا، خوتۇنىڭىزنىڭ ئەھۋالى ياخشىلاندى، ئەمدى ئۆيگە قايتىپ ئارام ئالسىڭىز بولىدۇ دېسىمۇ، تاھسىن دوختۇرلارنىڭ گېپىنى زادىلا ئاڭلىمىدى. ئۇ چۈشتىن كېيىن زاۋۇتتا تېلېفوننى ئېلىپ كۆز ئالدى بىردىنلا قاراڭغۇلىشىپ كەتتى. ھېلىمۇ ياخشى بەلگىن خانىم ئۆزىنى تۇتۇۋالغاچقا، دەرھال تېلېفون بېرىپ جىددىي قۇتقۇزۇش ئاپتوموبىلى چاقىرتقانىدى. ئۇلار ئۆيگە كەلگەندە، جىددىي قۇتقۇزۇش ئاپتوموبىلىمۇ كېلىپ بولغانىدى. دوختۇرلار ئەڭ چوڭ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ بالدۇر تۇغۇلۇپ قالغان قىزى پەقەت ئىككى سائەتلا ھايات تۇرالىدى. ئايسۇندىنمۇ كۆپ قان چىقىپ كەتتى، ئەمما ھازىر ئۇنىڭ ئەھۋالى ياخشى ئىدى. دوختۇرلار ئۇنىڭ تەن سالامەتلىكى

ياخشى ئىكەن، تېزلا ئەسلىگە كېلىدۇ، ئەمما بىر مەزگىل تىنىچ كۈتۈنۈشى كېرەك، دېدى. ئىككىنچى بالىمۇ مانا مۇشۇنداق يوق بولدى. بۇ ئىش تاھسىنىنى ھەم ئازابلىدى، ھەم قاتتىق مەيۈسلەندۈردى. كەچ كىرگەندە بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان دوستلارنىڭ ھەممىسى دوختۇرخانىغا كېلىشتى. كېسەلخانا ئىچى يىغىلىش سورۇنىغا ئوخشاپ قالغانىدى. ئەزىز تاھسىنىنىڭ يېنىدا بىرەر نەرسە لازىم بولۇپ قالارمىكىن دەپ خېلى كەچكىچە تۇردى. دوختۇر ھەممە ئىش ئوڭۇشلۇق ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. تاھسىنغا باشقىلار قايتا ـ قايتا نەسىھەت قىلغاندىن كېيىن ئۇمۇ ئارام ئالماقچى بولدى. ئەمما، سەچىلىنىڭ تاھسىنىنىڭ ئۆيىگە كەلگەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى.

— توغرا دېدىڭىز، سىېستىرا خان قىز، مەن بىردەم ئۇخلىۋالاي، ئۇمۇ تاتلىق ئۇخلاپ كېتىپتۇ. قارىغاندا بىرەر يېرى ئاغرىمىغان ئوخشايدۇ.

— ئەنسىرىمەڭ، بىز ئاغرىق توختىتىش دورىسى ئىشلەتتۇق ھەم تىنچلاندۇرۇش ئوكۇلى سالدۇق. شۇڭا، ئۇ تاڭ ئاتقۇچە مۇشۇنداق تاتلىق ئۇخلايدۇ. بۇ ئارىلىقتا سىزمۇ ئوبدان ئارام ئېلىۋېلىڭ. بۈگۈن ئاخشام دوختۇرلار بەك ئالدىراش بولۇپ كېتىدۇ. تۇغدۇرىدىغان سەككىز بالا بار، ئۇنىڭ ئىچىدە مەسىلە بار بالىنى قورساقنى يېرىپ ئالىمىز. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇن يارىلانغانلارنى جىددىي داۋالاش كېرەك. زور قاتناش ۋەقەسى يۈز بېرىپتۇ. مەستلەر ئاپتوموبىلنى يولدا تەتۈر يۆنىلىش بويىچە ھەيدەپتۇ. دۆڭدىن چۈشۈۋاتقان يۈك ئاپتوموبىلى تورمۇز تۇتالماي، بىرقانچە مېتىر يەرگىچە سۆرىلىپ بېرىپتۇ. سوقۇلغان ئىككى پىكاپتا ئۈچ ئادەم ئۆلۈپ، بەش ئادەم ئېغىر يارىلىنىپتۇ. يارىلانغانلار ئىچىدە ياش بىر ئايال بار ئىكەن، ئۇ ھازىر ئۆسۈملۈك ئادەمگە ئايلىنىپ قالدى، ئۇ ئايالدا ئۈمىد چوڭ ئەمەس. ئەزا يۆتكەش ئوپېراتسىيەسى قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئىمزا قويۇشى كېرەك ئىكەن، ئاڭلىساق ئۇنىڭ

بىر مۇخبىر ئىنىسى بار ئىكەن، ھازىر ئۇنى ئىزدەۋېتىپتۇ. ھەي، بۇ ياشلارزە شۇنچە كۆپ ھاراق ئىچىپ، يەنە نېمىشقا ئاپتوموبىل ھەيدەيدۇ؟ مەن زادى چۈشىنەلمىدىم. ئۇلارنىڭ ئۆيىدىكىلەر ھازىر زالدا ئازابلىنىپ ئولتۇرىدۇ.

— توغرا دەيسىز، بەلكىم ئىسپىرت ئادەمگە بىر خىل زۆرۈر بولمىغان جاسارەت ئاتا قىلسا كېرەك. ياش تۇرۇپلا ھاياتىنى ئىككى قەدەھ ھاراقىقا تېگىشىۋېتىپتۇ. خۇدايىم، يارىلانغانلار ياخشى بولۇپ كەتكەي. قارىغاندا بۇگۈن كېچە بەك ئالدىراش بولۇپ كەتكۈدەكسىلەر.

سېستىرا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن تاھسىن ئايسۇننىڭ يېنىدىكى كارىۋاتقا ياتتى. ئۇ بىر كۈننى تولىمۇ ھارغىنلىق ئىچىدە ئۆتكۈزگەنىدى. ئۇ يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئويلىماقچى بولدى، ئەمما ھېرىپ كەتكەچكە، كۆزلىرى يۇمۇلۇپ، بىردەمدىلا قاتتىق ئۇيقۇغا كەتتى.

# ئون ئالتىنچى باب

بىر ھەپتىدىن كېيىن قولىدا بىر قۇتىنى كۆتۈرۈۋالغان ئەرسىن زاۋۇتقا تاھسىننى ئىزدەپ كەلدى. ئۆزىنىڭ بىردىنبىر قېرىندىشى، سۆيۈملۈك ھەدىسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئۇ بىردىنلا چوڭ ئادەم بولۇپ قالغاندەك بولدى. ئۇ قولىدىكى قۇتىنى تاھسىنغا بەردى.

— بۇنى ھەدەمنىڭ ئۈستىلىدىن تاپتىم. تېخى ئەۋەتىشكە ئۈلگۈرەلمەپتىكەن. مەن سېنى بۇ نەرسىلەرنى كۆرۈپ قېلىپ، بىكاردىن ئەندىشە قىلمىسۇن، دەپ ئەكەلدىم. مەن ھازىرغىچە ھەدەمنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلغانلىقىنى بىلەلمىدىم.

تاھسىن قۇتىنى ئاچتى، قۇتا ئىچىدە، يۈز نەچچە كونۋېرت بار ئىدى، كونۋېرتلارنىڭ ئۈستىگە تاھسىننىڭ دوستلىرى ۋە خېرىدارلىرىنىڭ ئىسمى يېزىلغانىدى. تاھسىن بۇ خەتلەرنى كۆرۈپ، چىرايى بىردىنلا تاتىرىپ كەتتى. قولىدىكى خەتلەرگە قاراپ تۇرۇپلا قالدى.

ئۇ سەچىلىنىڭ زەھەرخەندە ئايال ئىكەنلىكىنى بىلسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ بۇنداق قىلىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى. ئۇ ھەممە ئىشنى چۈشەندى، بارلىق مەسىلىلەر ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئايان بولغاندەك بولدى. ئايسۇن دوختۇرخانىدا ھوشىغا كەلگەندە، توختىماستىن سەچىلىنىڭ ئىسمىنى چاقىرغانىدى. تاھسىن ئايسۇننىڭ ھېلىقى كۈنى يۈز بەرگەن ئىشنى تېخىچە ئۇنتۇپ قالمىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئەمما، ئۇ بولغان ئىشنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى بىلگەنىدى. ئەرسىن مۇرىسىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ ئورنىدىن تۇردى، كۆزلىرىدە لىققىدە ياش، ئىشىك

تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

— ئۇنى ئەپۇ قىلغىن. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئانچە ئەسكى ئەمەس.

تاھسىن قوللىرى بىلەن بېشىنى قامالاپ، كۆزلىرىنى ئاشۇ خەتلەرگە تىكىپ ئولتۇراتتى. شۇڭا، ئۇ جاۋاب قايتۇرمىدى.

ئەرسىن ئۆيدىن چىقىپ پەلەمپەيدىن چۈشۈپ كېتىۋاتقاندىلا، تاھسىن ئېسىگە ئېلىپ، تېزدىن ئەرسىننىڭ كەينىدىن چىقتى. ئىككى دوست قۇچاقلىشىپ كەتتى.

— رەھمەت ساڭا، ئەرسىن. سەن مېنىڭ ياخشى دوستۇم ئىكەنسەن. بۇنىڭدىن كېيىن ھېچكىم بىزنىڭ ئارىمىزدىكى دوستلۇقنى بۇزۇۋېتەلمەيدۇ، — دېدى تاھسىن.

# ئون يەتتىنچى باب

دىكران زەرگەر كاپالى بازىرىدىكى دۇكىنىدىن بالدۇرراق چىقىپ، يەنىكۆيدىكى داچىغا ئۆزىنىڭ قەدىناس دوستى، يۇرتدىشى، سەپدىشى خەلىل ئەپەندىنى كۆرگىلى كەلدى. ئۇ يەنە رېمونت قىلىشقا بەرگەن زۇننارنى ئالغاچ كەلگەنىدى. خەلىل ئەپەندى بۇ مېھماننى تولىمۇ خۇشال كۈتۈۋالدى.

— ئوھۇي، دىكران ئۇستام، مەرھابا، مەرھابا، سىزنى بۇ يەرگە قايسى شاماللار ئۇچۇرۇپ كەلدى؟

— تەشەككۇر، خەلىل بەگ. ئەرول ئاپارغان زۇننارنى رېمونت قىلىپ قويغانىدىم، سىلىنى يوقلىغاچ شۇنى ئالغاچ كەلدىم.

— مېنىڭ ئازراقمۇ خەۋىرىم يوق ئىكەن. ئۇ سىزنى ئىزدىگەنمۇ؟ ھەي، ئۇ ھەمىشە ئۆيدە بولمايدۇ، پاراڭلاشقۇدەك ۋاقتىمۇ يوق. ئۇ يېقىندىن بۇيان بەك ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ غوجايىنىنىڭ خوتۇنى ئاغرىپ يېتىپ قاپتىكەن، شۇڭا ئۇنىڭ ئىشىنىمۇ ئەرول قىلىدىكەن. ھەتتا يەكشەنبىدىمۇ ئىسمېنا قوشۇپ ئىشلىدى. ھازىرچە زۇننارنىڭ ئىشىنى قويۇپ تۇرايلى. ئۆيىمىزگە تېلېفون بېرىۋېتىڭ، بۈگۈن ئاخشام سىز مېنىڭ مېھمىنىم، سىزنى كەتكىلى قويمايمەن. ۋەسەل بىزگە بالكونغا كەچلىك غىزا تەييارلاپ بېرىدۇ. مەنمۇ سىز بولغاچقا ئوبدان بىر ۋاخ غىزا يەۋالىمەن.

— سىلىنى ئاۋارە قىلماي خەلىل بەگ، مەن بىرەر ئىستاكان قەھۋە ئىچىپلا قايتاي. ئۆيدە ئايالىمنىڭ تۇغقانلىرى بار ئىدى، بىللە غىزا يەيمىز دېگەن، مېنى كۈتۈپ قالىدۇ. ئۇلار ھەپتە ئاخىرى كەتمەكچى، كېلەر قېتىم بولسۇن، كېلەر ھەپتە

بولسۇن. سىلىگە قايسى كۇنى تېلېفون قىلاي؟
— بوپتۇ ئەمىسە، سىزنى ئايالىڭىزنىڭ ئەيىبلىشىگە قويماي. مەن كېلەر ھەپتە سىزنى ساقلايمەن. راستىنى دېسەم مەن زېرىكىپ ئۆلەيلا دېدىم. سىزدەك قەدىناس دوستۇمنى كۆرگەندە سىزنى زادىلا كەتكۈزگۈم كەلمەيۋاتىدۇ.
ۋەسەل پەتنۇستا قەھۋەنى كۆتۈرگىنىچە كىرىپ كەلدى. ئىككىيلەن قەھۋە ئىچىشتى، ئەمما پاراڭ سىلىشمىدى. كەچكى قۇياش نۇرى قارشى قىرغاقتىكى داچىلارنىڭ ئەينەكلىرىگە چۇشۇپ تۇراتتى. بىر يۇك پاراخوتى قارا دېڭىز تەرەپكە قاراپ ئاستا كېتىۋاتاتتى. بۇ يىل دېڭىزدا گاسكۇن بېلىقى ناھايىتى كۆپ بولغاچقا، دېڭىز بوغۇزىدا تۇرلۇك بېلىقچى كېمىلىرى كۆپ ئىدى. يەنە تېخى بەزى بېلىق تۇتۇش ھەۋەسكارلىرى كېچىدە پانۇس ياندۇرۇپ، قولۋاقلىرىنى ھەيدەپ تاكى تاڭ ئاتقۇچە كارىپ بېلىقى تۇتاتتى. بۇ مەنزىرىلەرنى ھەقىقەتەن ئادەم كۆرۈپ قانمايتتى. دىكران ئۇستام قەھۋەنى ئىچىپ بولۇپ، يانچۇقىدىكى قەغەزگە ئوراقلىق زۇننارنى خەلىل ئەپەندىگە بەردى.
— ئەرول دۇكانغا ئەكېلىپ شاگىرتلارغا بېرىپتىكەن. بۇنى غوجايىنىمنىڭ ئايالىنىڭ زۇننارى دەپتىكەن، ئەمما، باللار خاتا ئاڭلاپ قالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. مەن ئۆزۈم سوققان نەرسىنى قانداقمۇ تونۇماي قالاي. مەن ئۇنىڭ قولۇپىنى ئېچىش – ئاچماسلىقنى بىلەلمىدىم. بۇ نەرسە مىجىلىپ كېتىپتۇ، ئاچقۇچنى ئەكېلىڭ، ئېچىپ قاراپ باقايلى. مەن بەك ھەيران قالدىم. ئۇ قانداقسىغا بۇنداق بولۇپ كەتكەندۇ؟
خەلىل قولىدىكى قەغەز بولاقنى ئېھتىيات بىلەن ئاچتى، ئۇنىڭغا قاراپ، تىنىقى تۇتۇلۇپ، يۈرىكى سوقۇشتىن توختاپ قالغاندەك بىلىندى. ئۇنىڭ ئالىقىنىدىكى زۇننار يۇلتۇزدەك چاقناپ تۇراتتى. بۇ ئۇنىڭ ئايالىغا ئالايىتەن بۇيرۇتۇپ سوقتۇرغان زۇننار ئىدى. كەنتتىن قېچىپ چىقىدىغان چاغدا بۇنى خوتۇنى ئوغلى ئۆمەرگە بەرگەنىدى.

# ئون سەككىزىنچى باب

بوۋاي چاقلىق ئورۇندۇقتا مىدىرلاپ قويدى، ئەرول بوۋىسىنى راھەترەك ئولتۇرسۇن دەپ، دۈمبىسىگە كىچىك ياستۇق قويۇپ بەردى. ئەمما، خەلىل ئەپەندىنىڭ راستىلا راھەتلىنىدىغان يېرى دەل ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسى ئىدى. مانا بۈگۈن ئۇ بۇ پۇرسەتنى تاپقانىدى. ئۇ ئۇزاق يىللاردىن بۇيان ئىچىدە ساقلاپ كەلگەن سىرىنى بۈگۈن ئاچماقچى، شۇنچە يىللاردىن بۇيان زىممىسىنى بېسىپ تۇرغان يۈكتىن بۈگۈن خالاس بولماقچىدى. ئۇ دېرىزىدىن يىراق - يىراقلارغا نەزەر سېلىپ ئۆتمۈش ئەسلىمىسىگە غەرق بولدى. ئۇ ئۇلۇغ بىر تىنىغىنىچە ئايسۇنىنىڭ قولىنى چىڭ تۇتتى. ئۇنىڭ پۈتكۈل ھاياتى خۇددى كىنو لېنتىسىدەك كۆز ئالدىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتكىلى تۇردى.

— مەن سىلەرنىڭ شەھناز موماڭلارنى ئەپقېچىپ توي قىلغاندا ئاران ئون سەككىز ياشتا ئىدىم.

خەلىل ئەپەندى بوش ئاۋازدا سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەمدى ۋاقىت پۈتۈنلەي توختاپ قالغاندەك ئىدى. بارلىق ئىشلار ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا خۇددى كىنو ئېكرانىدەك بىر - بىرلەپ نامايان بولماقتا.

— بىزنىڭ ئۇ يەردە بەگلەرنىڭ ئوغلى قىز ئەپقېچىپ توي قىلىدىغان ئىشلار كۆپ بولمايتتى. چۈنكى، ئۇ ئەتراپىدىكى ھەرقانداق بىر ئائىلىنىڭ قىزىنى ئالالايتتى، شۇڭا ھېچكىممۇ بۇنداق ئىش قىلىشنى ئويلاپ قويمايتتى، ئەمما شەھنازنى تۇزلەڭلىكتىكى بىر جەمەتكە بېرىشكە پۈتۈشۈپ قويغانىكەن. قىز - يىگىت يۈگەكتىكى چاغدا قىلىشقان شۇ ۋەدىلەر بىزنىڭ

مۇھەببىتىمىزنى توسۇپ قالالمىدى. بىز بۇنداق مۇھەببەتنىڭ ئاخىرى چىقمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرساقمۇ، يەنىلا پات - پات ئوغرىلىقچە كۆرۈشۈپ تۇردۇق، ئەمما بىر كۈنى ئۇنىڭ ئاكىسى گۇمانلىنىپ قېلىپ، شەھنازنى ئۆيگە سولاپ قويۇپتۇ. تېخى بىرسىدىن ماڭا: «يۈتۈڭنى ئوبدان باشقۇر. چاقچاق قىلمىۋاتمايمەن، بولمىسا كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسىتىمەن» دەپ گەپ ئەۋەتىپتۇ، ئون سەككىز ياشقا كىرگەن بىر يىگىت بۇنداق گەپنى ئاڭلىسا ئۆزىنى باسالماي قالاتتى، بۇ گەپ ماڭىمۇ شۇنداق تەسىر قىلدى. مەن شەھنازنى چىن يۈرىكىمدىن ياخشى كۆرۈپ قالغاچقا، ئۇنىڭ نۇرلۇق قوڭۇر رەڭ كۆزلىرى خىيالىمدىن زادىلا كەتمەيتتى. ئۇزاق ئۆتمەي، ئاي قاراڭغۇسى بولغان بىر كېچىسى مەن دوستۇم بىلەن شەھنازنى ئۆيىدىن ئەپقېچىپ تاغقا چىقىپ كەتتىم.

ھەقىقىي قىيىنچىلىق شۇنىڭدىن كېيىن باشلاندى. بىز تاغدا ئالتە ئاي يوشۇرۇنۇپ تۇردۇق. نەچچە كۈندە دېگۈدەك تۇرغان ئورنىمىزدىن يۆتكىلىپ تۇراتتۇق. دادام بىزگە پۇل - پۈچەك، ئوزۇق - تۈلۈك ئەۋەتىپ تۇراتتى، تۇزلەڭلىكتە بولۇۋاتقان ئىشلاردىن خەۋەرلەندۈرۈپ تۇراتتى. شەھنازنىڭ لايىقى قورallıق كىشىلەرنى ئەگەشتۈرۈپ، بىزنى بىرنەچچە ئاي قوغلاپ ئىزدىدى. بىزمۇ بىرنەچچە ئاي يوشۇرۇنۇپ يۈردۇق، شۇ قېچىپ يۈرگەن كۈنلەردە شەھنازنىڭ بويىدىن ئاجراپ كەتتى. بىز كۈندىن - كۈنگە ئاجىزلاپ كېتىۋاتاتتۇق. دەسلەپكى ئارزۇ - ئارمانلىرىمىز ئاستا - ئاستا كۆپۈككە ئايلىنىۋاتاتتى. بىزنى قوغلاپ يۈرگەنلەرنىڭ ئەھۋالىمۇ بىزدىن ئانچە پەرقلەنمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى، ئۇلارنىڭ تۇزلەڭلىكتىكى ئىناۋىتىمۇ چۈشۈپ كەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ بىزنى تېپىشتىكى ئۈمىدى يوقالغان كۈنلەرنىڭ بىر كېچىسى ئۇلار بىزنىڭ قورۇققا ھۇجۇم قىلىپ، سىڭلىمنى ئەپقېچىپ كەتتى. دادامغا «چىشىڭنى چاققانىنىڭ چىشىنى چاق دەپتىكەن، بۇ سىلەرنىڭ تارتقۇلۇقۇڭلار» دېگەن

گەپنى قالدۇرۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ ئىش تۈگىگەن بولدى. بۇ ئىش تۈگىگەندىن كېيىن، بىز تەۋەككۈل قىلىپ، قورۇققا قايتىپ كەلدۇق. قارىماققا جىمى ئىش بېسىققاندەك قىلاتتى. بۇ خۇددى بوران ـ چاپقۇن يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇنقى تىنچلىقتەك تىنچ ئىدى. ھەر ئىككىلا تەرەپ بىر ـ بىرىنى ئوغرىلىقچە كۈتۈۋاتاتتى. ھەرقانداق بىر كىچىككىنە ئىشنىڭ ئەتراپنى قان دېڭىزىغا ئايلاندۇرۇۋېتىشى مۇمكىن ئىدى. بىر چاغدا سىڭلىم ئاغرىپ قالدى. بىز ناھايىتى زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولساقمۇ، ئۇنى قۇتۇلدۇرالمىدۇق. ئۇنىڭ ئۆلۈمىدىن ئاپام قاتتىق ھەسرەتتە قالدى. مېنى زىنھار كەچۈرمىدى، ئەمما شەھنازنى ئۆلۈپ كەتكەن قىزى ئورنىدا كۆردى، ئۇلار خۇددى ئانا ـ بالىدەك بىر ـ بىرىگە ئامراق بولۇپ كەتتى، تاكى ئاپام ئالەمدىن ئۆتكۈچە ئۇلار ئىككىسى بىرەر ئېغىز گەپمۇ تالىشىپ قالمىدى. تۇنجى ئوغلۇم ھاسان تۇغۇلغاندا مەن ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەش يېشىغا توشقانىدىم. مەن يۇرتقا قايتىپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئىككىنچى ئوغلۇم ھەيدەر بۇ دۇنياغا كۆز ئاچتى. بۇ مەزگىلدە ئاپام تۈگەپ كەتتى. ئىككى يىلدىن كېيىن دادام تۈگەپ كەتتى. ئاكام جەلىل جەمەتبېگى بولدى. جەلىل خوتۇنغا، مەي ـ شارابقا ئامراق ئىدى. ئۇ ئىككى خوتۇنىدىن سەككىز بالا كۆردى. دادام ھايات چاغدا ئۇ ئۆزىنى ئانچە ـ مۇنچە كونترول قىلىپ يۈرەتتى. ئەمدى ئۇ دادام يوق ھېچكىمدىن تەپ تارماس بولدى. ئۇ بىزنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرىمىزنى قىرىغىمۇ ئېلىپ قويمايتتى. جەمەتىمىزدىكى چوڭلارنىڭ نەسىھەتىگىمۇ قۇلاق سالمايتتى. ئۇنىڭ ئەسكىلىكلىرى پۈتۈن تۈزلەڭلىككە پۇر كەتكەچكە، كىشىلەر ئۇنىڭدىن نارازى ئىدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە خۇدايىم ئۇرغاندەك ئىش بولدى. بىر كۈنى كېچىسى ئۇ ھاراق ئىچىپ ئۆيگە قايتىپ كېلىۋېتىپ، يولدا ئۆستەڭگە چۈشۈپ كېتىپ، تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپ قالدى. جەسىتى ئىككى كۈندىن كېيىن تېپىلدى. بۇ ئىش تۈزلەڭلىكنىڭ كەيپىياتىنى يەنە

جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى. بۇ مەزگىلدە ھەممە يەردە ھەر خىل سۆز - چۆچەكلەر تارقىلىپ يۈردى. بەزىلەر: «ئۇ ئېغىر مەست بولغاچقا، كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا دىققەتسىزلىكتىن ئاتتىن ئۆستەڭگە چۈشۈپ كېتىپتۇ» دېسە، يەنە بەزىلەر: «ئۇ بۇ يەرنى پىششىق بىلىدۇ. كۆزىنى تېڭىپ قويسىمۇ ئۆيىگە كېلەلەيدۇ، چوقۇم بىرسى ئۇنىڭ مەستلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئاتقىسىدىن ئۆستەڭگە ئىتتىرىۋەتكەن گەپ» دېيىشەتتى. بۇنداق سۆز - چۆچەكلەر خېلى ۋاقىتلارغىچە تارقىلىپ يۈردى. ئىشنىڭ راستى قانداقلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى، ئەمما شۇنىڭ بىلەن ئىككى جەمەتنىڭ مۇناسىۋىتى تېخىمۇ يىرىكلىشىپ كەتتى. ھەممە ئادەم يېنىدىن قورال ئايرىمايدىغان، ھېچكىممۇ قارشى تەرەپنىڭ يېرىگە يېقىنلاشمايدىغان بولۇپ كەتتى. ھەممە مەسئۇلىيەت مېنىڭ زىممەمگە چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن، مېنىڭ بۇرۇنقى تەرسا مىجەزلىرىم ئاللىقاياقلارغا يوقالدى. يېشىم كىچىك تۇرۇپلا بىر جەمەتنىڭ ئېغىر - بېسىق بېگى بولۇپ قالدىم. بۇ چاغدا مېنىڭ قىزىم تۇغۇلدى، ئۇنىڭغا سىڭلىم گۈلغىدانىنىڭ ئىسمىنى قويدۇق. ئۇ ھاممىسىغا ئوخشاش ئورۇق، زىلۋا، چاققان قىز بولدى.

ئەرول ئاپىسى توغرىسىدىكى بۇ ئىشلارنى ئاڭلاپ، ئورنىدا ئولتۇرالمايلا قالدى. ئۇ چوڭقۇر بىر تىنىپ قويۇپ:

— بوۋا، جېنىم ئاپام بۇرۇندىن شۇنداق ئۆتۈپ كەتكەن - دە، شۇنداقمۇ؟ ئۇ شۇنچە ھېسسىياتچان، ئاق كۆڭۈل، كۆيۈمچان - ھە! دادام مېنى ئىنژېنېر بولسۇن دەپ قىستىغان چاغدا ئۇ ھامان ماڭا مەدەت بېرىپ: «ئوغلۇم، ئادەم ئۆزى ياقتۇرىدىغان كەسىپ بىلەن شۇغۇللانسا بەختلىك بولىدۇ ھەم مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدۇ» دېگەنىدى. مەن ئۇنىڭ ئىلھامى بىلەن سەنئەت مەكتىپىنىڭ رەسىم فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىندىم. ئۇنىڭ دېگەنلىرى راستلا پۈتۈنلەي ئەمەلگە ئاشتى. مەن خىزمىتىمدىن ئالەمچە خۇشاللىق تاپىمەن. كەچۈرۈڭ بوۋا، گېپىڭىزنى

بۆلۇۋەتتىم، ئەمما ئاپامنىڭ گېپى چىققاچقا گەپ قىلماي تۇرالمىدىم، — دېدى.

— مەنمۇ ئارام ئېلىۋالاي دەپ تۇرغانىدىم بالام، ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ساقلىنىپ كەلگەن كۆڭۈل سىرلىرىنى دېيىش ئادەمنى تولىمۇ چارچىتىدىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ سىرلار پۈتۈنلەي ئازاب بىلەن تولغاچقا، ئادەمنى تولىمۇ هالسىزلاندۇرۇۋېتىدىكەن، — بوۋاي مىدىرلىتالايدىغان قولىنى ئاستا كۆتۈرۈپ، ئايسۇنىنىڭ چاچلىرىنى سىلىدى.

— سىزنىڭ چېچىڭىز مومىڭىزنىڭ چېچى بىلەن ئوپئوخشاش ئىكەن، ئۇنىڭ چاچلىرىمۇ بۇدۇر ئىدى، كۆزلىرىمۇ قوڭۇر رەڭ ئىدى. هەي ئىسىت، تەقدىر بىز بىلەن ئاجايىپ قېرىشتى، — ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، ئۇنىڭ نەزىرىدە ئۆيدە پەقەت ئايسۇنىلا باردەك ئىدى، — دادىڭىز تۇغۇلغاندا مەن ئوتتۇز ياشقا كىرگەن، يىشىپ يېتىلگەن جەمەتېگى بولۇپ قالغانىدىم. دادىڭىز باشقا ئاكىلىرىغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايتتى. ئۇ چېۋەر، ئېغىر ـ بېسىق هەم زېرەك ئىدى. ئۇنىڭ مەكتەپكە كىرىشتىن بۇرۇنلا ساۋاتى چىقىپ بولغان، رەسىمنى ئىنتايىن چىرايلىق سىزاتتى، باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىسىنىڭ تەكلىپى بىلەن دادىڭىز باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتكۈزۈشى بىلەنلا ئۇنى بىز ياتاقلىق ئىنگلىز مەكتىپىگە ئاپىرىپ بەردۇق، ئۇ ياز كۈنلىرى ئۆيگە قايتىپ كېلەتتى، ئۇ كۆپ گەپ قىلمايتتى. ئۇ يەر ـ بۇ يەرگە بېرىپ رەسىم سىزاتتى. باغۋەنچىلىككە، ئۈزۈمچىلىككە خۇشتار ئىدى. دېهقانچىلىق بىرلەشمە ئۇيۇشمىسىدىن ئۈزۈم كۆچىتى ئەكېلىپ تىكتى، بۇ تېخنىكىنى دېهقانلارغا ئۆگەتتى، ئۇ يۇقىرى سۈپەتلىك، كۆپ مەهسۇلاتلىق ئۈزۈم ئۆستۈرۈش ئۈچۈن تۇرلۇك چارىلەرنى سىناپ كۆردى. ئۇ ئۇنىۋېرسىتېتقا چىقىدىغان چاغدا ئامېرىكىغا بېرىپ ئاگرونوملۇق كەسپىدە ئوقۇشنى نىيەت قىلدى. ئەمما، ئاپىسى ۋە بىرقانچە ئاكىسى دەسلەپتە بۇ ئىشقا قارشى تۇردى. ئاپىسى يىغلاپ تۇرۇپ: «يات

يۇرتقا بارغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز يۇرتىنى ياقتۇرمايدىغان بولۇپ قالىدىكەن. شۇڭا ئۇلار يۇرتىغا قايتىپ كەلمەيدىكەن» دېگەنىدى. ئەگەر ئۇ ئەينى چاغدا يۇرتتا قالغان بولسا ياخشى بولاتتىكەن. بىزمۇ بۇنچىۋالا كۆپ ئىشلارغا يولۇقمىغان بولاتتۇق. بىز ئۇنىڭ قەتئىي ئىرادىسىنى كۆرۈپ، ئاخىر ئامال قىلالماي ماقۇل بولدۇق. ئۇ بىزگە پات - پات خەت يېزىپ تۇردى، سۈرەتلىرىنى ئەۋەتتى. ئاپىسىنى خاتىرجەم بولۇشقا ئۈندەيتتى. ئۇ خەتتە، بىر يىلدىن كېيىن يۇرتقا قايتىمەن. ئامېرىكا پۈتۈنلەي ئۆزگىچە بىر دۇنيا ئىكەن، مەن ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن ئامېرىكىدا ئۆگەنگەن بىلىملىرىمنى ئىشلىتىپ، دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل ئۈزۈمزار بەرپا قىلىمەن. يۇرتۇمنى جەننەتتەك تۈسكە كىرگۈزىمەن، دەپ يازغانىدى. ئامېرىكا ئۆمەردە زور ئۆزگىرىش پەيدا قىلغان. ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئىشەنچىنى ئاشۇرغانىدى. بۇرۇنقى چاغلاردا ئۇ جەمەتىنىڭ ئىشلىرىغا زىنھار كۆڭۈل بۆلمىگەنىدى، ئەمدى ئۇ بەزى ئۆرپ - ئادەت، قائىدە - يوسۇنلارنى سورايدىغان، بەزى ناچار ئىللەتلەرنى بار مەسلىھەت بىلەن تۈگىتىشنى ئۈمىد قىلىدىغان بولغانىدى. ئەمما، بىزنىڭ ئۇ يەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ئۆزگەرتىش ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى. بىز نۇرغۇن رىيازەت چەككەن، پەرىشان بولغان بولساقمۇ، ئەمما زېمىن بىلەن زىچ باغلانغاندۇق. ئۆمەرنىڭ كۆپ ۋاقتى يىراق چەت ئەلدە ئۆتكەچكە، بۇ ئىشلارنى ئاسانلا ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ، دەپ ئويلاپ قالغانىدى. ئۇمۇ نۇرغۇن رىيازەت تارتقاندىن كېيىن ئاندىن ئۆزىنىڭ خاتا ئويلىغانلىقىنى بىلىپ يەتتى.

ئايسۇنغا ۋاقىت بىر ئىزىدا توختاپ قالغاندەك بىلىندى. ئۇ ھەسرەت - نادامەت ئىچىدە ئورۇندۇقتا قېتىپ قالغاندەك، بوۋاينىڭ ئورۇقلاپ، كۈچلىرى قاچقان تارىشىدەك قوللىرىغا قاراپ ئولتۇراتتى، ئۇ گويا مىدىرلاپ قويسىلا بارلىق ۋەقەلەر بىراقلا يوقاپ كېتىدىغاندەك، مىدىر - سىدىر قىلماي

ئولتۇراتتى. ئەمما، تاھسىن ئادەمنى ھاياجانغا سالىدىغان بۇ ھېكايىنىڭ ئاخىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەكچى بولۇپ، بوۋاينىڭ ھەربىر ئېغىز گېپىنى مېڭىسىدە چىڭ تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن تىرىشاتتى.

— شۇ بىرقانچە يىلدا يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار بىزنىڭ ئۇ يەرگە پات - پات كېلىپ كۆزدىن كەچۈرۈپ تۇردى. شۇنداق بىر قېتىملىق كۆزدىن كەچۈرۈش جەريانىدا بۇ رايوندىكى پارلامېنت ئەزالىرى ئىككى جەمەت ئوتتۇرىسىدىكى ئاداۋەتنى يوقىتىش ئۈچۈن، ئىككى تەرەپتىكى يۈز - ئابرۇيلۇق كىشىلەرنى چاقىرىپ بىر يەرگە جەم قىلدى. ئۇلار ئىككى تەرەپنى مەسلىھەتلىشىپ، ئىككى تەرەپنىلا رازى قىلىدىغان چارە تېپىپ چىقىپ، بۇ مەسىلىنى ئۇزۇل - كېسىل ھەل قىلماقچى بولۇشتى، قىز ئەپقېچىش تۇپەيلىدىن ئىككى تەرەپنىڭ قايتا قۇدا بولغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، مەسىلىنى كۆڭۈلدىكىدەك ھەل قىلماقچى بولدى. شۇ قېتىملىق يىغىننى ئاچقاندا ئوغۇللىرىم ئىچىدە پەقەت ئۆمەرلا بويتاق ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭغا شەھمۇز بېگىمنىڭ قىزى مېھرىبان بىلەن چاي ئىچۈرۈلگەنىدى. بۇ مېنىڭ ھاياتىمدىكى ئىككىنچى چوڭ سەۋەنلىكىم ئىدى. ئەينى چاغدا مەن بۇ ئىش بىلەن ئائىلەمنى ھالاكەت گىردابىغا ئىتتىرىۋېتىدىغانلىقىمنى ھەرگىزمۇ ئويلىمىغانىدىم. ئۇن ئالتە ياشلىق مېھرىبان زېرەك، چىرايلىق بولۇپ، بۇ ئەتراپتا داڭقى بار ساھىبجامال ئىدى. قوشنا كەنتتىكى بىر بېگىم ئىككى كەنتنى تويلۇق مېلى قىلىپ بېرەي دېگەن بولسىمۇ، مېھرىباننىڭ دادىسى ئۇنىمىغانىدى. ئۆمەرنىڭ بۇ توي ئىشى بۇ رايوندا قايتىدىن زورىيىۋاتقان بىزنىڭ جەمەتىمىز ئۈچۈن ناھايىتى ئوبدان بىر پۇرسەت ئىدى. ئۆمەر ئۇ چاغدا ئامېرىكىدا ئاخىرقى يىلدىكى ئوقۇشىنى ئوقۇۋاتاتتى. ئۇ يازدا قايتىپ كېلەتتى. ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا بىزنىڭ قارارىمىزنى دەپ، توينىڭ ۋاقتى توغرىسىدا سۆزلەشمەكچى

بولدۇق، شۇڭا خەتتە بۇ ئىشنى تىلغا ئالمىغانىدۇق.
بوۋاي سۆزلەۋاتقاندا سەل دېمى سىقىلغاندەك بولدى. زىيادە ھاياجاندىن ئۇنىڭ يۈرىكى سەل بىئارام بولدى. ئۇنىڭغا قاراپ ئەرول ئۇنى ئەمدى سۆزلەتمىسەك بولغۇدەك دەپ ئويلىدى.
ــ بوۋا، بولمىسا سەل دەملىرىنى ئېلىۋالسىلا، بىردەمدىن كېيىن ئاندىن سۆزلەپ بەرسىلە.
ــ بۈگۈن تەقدىر ماڭا ئوڭ كۆزى بىلەن قارىدى. ماڭا يەنە بۇنداق پۇرسەت بولامدۇ يوق، بىلمەيمەن، ماڭا ئاۋۇ بەش تارتمىلىق ئىشكاپتىكى دورىنى ئەكېلىپ بەرگىنە.
ئەرول يېرىم ئىستاكان سۇ قۇيۇپ، سۇغا شىشىدىكى دورىدىن بەش تېمىم تېمىتىپ بوۋىسىغا بەردى.
ــ بوۋا، سىلىدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، بەك چارچاپ كەتتىلە، تاھىسىن بىلەن ئايسۇن بۈگۈن كەچتە بۇ يەردە قونىدۇ. سىلى ھازىر دەم ئېلىۋالسىلا، كەچلىك غىزادىن كېيىن سۆھبىتىمىزنى داۋاملاشتۇرايلى.
ئەمما، بوۋاي قارىماققا ناھايىتى كەسكىندەك كۆرۈنەتتى.
ــ بالام، نۇرغۇن يىللاردىن بۇيان مەن بۇ يۈكنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ يەتكۈچە ئازاب تارتتىم. بىلەمسەن، مەن سۆزلىگەنسېرى ئۆزۈمنى شۇنچە يېنىك ھېس قىلىۋاتىمەن. ۋۇجۇدۇمدىكى گۇناھلىرىمنى يۇيۇۋەتكەندەك سېزىۋاتىمەن. مەن بۇ دەردلىرىمنى دېيەلمەي ئالەمدىن ئۆتۈپ كېتەرمەنمۇ، دەپ ۋايىم يەپ كەلگەنىدىم. ئەمدى كۆزۈم يۇمۇلسىمۇ خاتىرجەم كېتىدىغان بولدۇم، ــ ئۇ سۆزىنى ئاستا داۋام قىلدى، ئاۋازىدىن ھارغىنلىق چىقىپ تۇراتتى، ــ ئۆمەر كەنتتىكە قايتىپ كەلدى. ئۇ ئۆزى بىلەن بىللە تۇغقانلىرىغا ئويلىمىغان بىر ئىشنى ئېلىپ كەلگەنىدى. ئۇ ئاۋغۇستنىڭ بىر كۈنى ئىدى. ھاۋا ئىنتايىن ئىسسىق. زىرائەتلەرمۇ پىشقان، ئۈزۈملەرنىڭمۇ ئۈزىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. ئامېرىكىنىڭ بىر ئاپتوموبىلى قورۇققا كىرىپ كەلگەندە ھەممەيلەن ھەيران بولۇپ، گەپ قىلالمايلا قالدى. ئۆمەر

ھېچ نەرسىنى بىلمىگەچكە، بىزگە خوتۇنى بىلەن قىزىنى تونۇشتۇرماقچى بولدى، ئۇ كۆپچىلىكنىڭ نىمە ئۈچۈن بۇنداق ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالغانلىقىنى بىلەلمەيلا قالدى. ئۇ پەقەت ئامېرىكىدىن ئۇلارغا بىر كېلىن ئېلىپ كەلدىغۇ، خالاس. ئۇ خوتۇنىغا تۇزلەڭلىك توغرىسىدا نۇرغۇن ــ نۇرغۇن گەپلەرنى سۆزلەپ بەرگەن، ئۇ قىزمۇ خۇددى بىز بىلەن كونا تونۇشلاردەكلا قىلاتتى. ئۇ قىز يەنە يەرلىك تىلىمىزنىمۇ ئانچە ــ مۇنچە ئۆگىنىۋاپتۇ. ئۇ بىز بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇلار كەلگەندىن بۇيان پەيدا بولۇپ قالغان قاتمال ھالەتنى نورماللاشتۇرماقچى بولاتتى.

كارول بەستلىك، ئالتۇندەك سېرىق چاچلىرى بۇدۇر، زەڭگەر كۆزلىرى چاقناپ تۇرىدىغان چىرايلىق قىز ئىدى. ئۇ ئۆمەر پىراكتىكا قىلغان ھاراق زاۋۇتى غوجايىنىنىڭ قىزى ئىكەن. ئۇ يەردە بىرنەچچە يۈز مو يەردە ئۈزۈمزارى بار ئىكەن. ئۇ تال قويۇشنى ۋە ئۈزۈم ھارىقى ئىشلەشنى تولىمۇ ئوبدان بىلىدىكەن. ئۇلار شۇ يەردە تونۇشۇپ، مۇھەببەتلىشىپ توي قىپتۇ. ئۇ ئۆمەر مەكتەپ پۈتكۈزگەندىن كېيىن كەنتكە قايتىپ كېلىپ ئولتۇراقلىشىشقا قوشۇلغانىكەن. ئۇلار قورۇقنى زامانىۋى، كاتتا دېھقانچىلىق مەيدانى قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، بۇ رايوننىڭ ئۈزۈم سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۈزۈمنىڭ مەھسۇلات مىقدارىنى ئاشۇرماقچى بولغانىكەن.

بۇ خەۋەر ناھايىتى تېزلا تۈزلەڭلىككە تارقىدى. پۈتكۈل رايون يۈز بېرىش ئالدىدا تۇرغان ئىشلارنى ئەنسىزلىك بىلەن كۈتۈپ تۇراتتى، مەن نەچچە قېتىم شەھمۇز بېگىمگە ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشماقچى بولغانلىقىمنى بىلدۈردۈم. ئەمما، ئۇ پەقەتلا قوشۇلماي، ماڭا «خاتالىق مەندە ئەمەس، ئەمدى ھەممە ئاقىۋەتنى ئۆزلىرى ئۈستىگە ئالسىلا» دېگەن گەپنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تۈزلەڭلىكنىڭ ۋەزىيىتى بىردىنلا جىددىيلىشىپ كەتتى. يۈز بېرىش ئېھتىمالى بار ئىشلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرسىلا ئادەمنىڭ تېنى شۈركۈنەتتى. شۇنىڭ بىلەن

بىز كەنتنىڭ ئەتراپىغا قوراللىق پوست تۇرغۇزدۇق. چوڭ ئوغلۇم ھاسان ئىنىسىنى بۇ يەردىن بالدۇرراق كەتكۈزۈۋېتىش ئۈچۈن چېگرادىكىلەر بىلەن ئالاقىلەشتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن قورۇقتىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى قوراللاندۇردى.

تۆت كۈندىن كېيىنكى بىر يېرىم كېچىدە ئۇلار بىزگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قوزغىدى. مىلتىق ئوقلىرى قۇلاق تۈۋىمىزدىن ۋىشىلداپ ئۇچۇپ تۇراتتى. قاراڭغۇ كېچىدە كىمنىڭ دۈشمەن، كىمنىڭ ئۆز ئادىمىمىز ئىكەنلىكىنى ئايرىغىلى بولمايتتى. قورۇقتا يەنە قاتتىق پارتلاش ئاۋازى ئاڭلاندى، ئارقىدىنلا ئوت كەتتى. ئوت يالقۇنى ئۆگزىگە تۇتاشتى. يېرىم سائەت ئۆتمەيلا قورۇقنىڭ يېرىمى كۆيۈپ بولدى، ئوت تاڭ ئاتقاندا ئاندىن ئۆچتى. ئەتراپ جەڭگاھقا ئايلىنىپ قالغانىدى. زىيان بەك چوڭ ئىدى، ئىككىنچى ئوغلۇم ھەيدەر ۋە ئۇنىڭ ئىككى قىزى، ئامېرىكىلىق كېلىنىم كارول ئوتتا ئىستىن تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپ كەتتى. ئېتىشىشتا يەنە گۇلغىداننىڭ ئېرى ئوق تېگىپ ئۆلۈپ كەتتى. قورۇقتا ئىشلەيدىغانلاردىن تۆتەيلەنمۇ ھاياتىدىن ئايرىلدى. قالغان ئادەملەرمۇ گويا پىكىر قىلىشنى، سېزىمنى يوقاتقان ئادەملەردەك پاتىپاراق بولۇشۇپ نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالغانىدى. شەھناز بىر تەرەپتىن ئۆلۈپ كەتكەنلەرگە ھازا ئاچسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆمەرنى تېزرەك كەتكۈزۈۋېتىش پىلانىنى تۈزدى. ئۆمەر خوتۇنىدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن قاتتىق ھەسرەتتە قالغانىدى. ئۇ ئوت ئىچىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىققان قىزىنى چىڭ قۇچاقلىۋېلىپ قويۇۋەتمەيتتى. نۇرسىز كۆزلىرى بىلەن ئەتراپقا ئەنسىز قارايتتى. ئۇ بۇ ئىشلارغا ئۆزۈم سەۋەبچى، ئايالىمنىڭ جېنىغىمۇ مەن زامىن بولدۇم دەپ، ئۆزىنى بەك ئەيىبلەپ كەتتى. ئۇ قاتتىق ئازاب ئىچىدە بىر كېچىدىلا قېرىپ كەتكەندەك بولۇپ، قاپقارا بۇدۇر چاچلىرى ئاقىرىپلا كەتتى. بىر كۈنى كېچىسى ئۆمەر ھەممەيلەن بىلەن خوشلىشىپ

خورجۇننىڭ بىر بېشىغا تېخى بىر ياشقا تولمىغان قىزىنى، يەنە بىر بېشىغا ئاپىسى بەرگەن بىر خالتا ئالتۇننى سېلىپ، كەنتتىن ئايرىلدى. بۇ بىزنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشۈشىمىز ئىدى. چۈشكە يېقىن چېگرا تەرەپتىن مىلتىق ئاۋازى ئاڭلاندى. كېيىن مىنانىڭ پارتلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئەتىسى ئەتىگەندە ژاندارمىلار بىزنى جەسەتنى تونۇۋېلىڭلار دەپ چاقىردى. جەسەتنىڭ يېرىمى دېڭىزدەك پارتلاپ كەتكەنىدى. مەن ئوغلۇمنىڭ جىلىتكىسىنى تونۇدۇم، ئەمما چىرايىنى تونۇيالمىدىم، شۇ ئەسنادا شەھناز: «باشلىق مەن تونۇدۇم، ئۇ مېنىڭ ئوغلۇم ئىكەن» دەپ ۋارقىراپلا ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى. بىز بالا بىلەن ئالتۇننى تىلغا ئالمىدۇق. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار پوتونلەي يوقالغان بولدى. بىز بۇ كەنجى ئوغلىمىزنى باشقىلارنىڭ يېنىغا دەپنە قىلدۇق. بىزنىڭ بۇ يەردە تۇرغۇمىز كەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن نەرسە ـ كېرەكلىرىمىزنى سېتىپ باشقا يەرگە كۆچۈپ كەتمەكچى بولدۇق. ئەمما، ھاسان مەن چوقۇم ئۆچ ئالىمەن دەپ ئۇ يەردىن كەتكىلى ئۇنىمىدى. مەن ئۇنىڭغا بۇنداق ئىش توگىمەيدۇ، ئادەم ياش چېغىدا ئۆتكۈزگەن گۇناھىنىڭ دەردىنى بىر ئۆمۈر تارتىدۇ، بۇ ئىش سەۋەبلىك ھەر ئىككىلا تەرەپتىن نۇرغۇن ئادەم ھاياتىدىن ئايرىلدى، دەپ نۇرغۇن سۆزلەپ، ئاغزىم ئۇپراپ كەتتى. شەھمۇزنىڭ ئىنىسى، ئوغلى ۋە باشقا يەتتەيلەننى ژاندارما چاقىرىپ سوراق قىلدى، ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى بىلەن باشقا تۆتەيلەنمۇ ئاشۇ ئېتىشىشتا ئۆلدى، بۇ ئۆچمەنلىكنى بۇرۇنلا توختىتىش كېرەك ئىدى، دېدىم. ئەمما، پايدىسى بولمىدى، قان ھاسانىنىڭ كۆزلىرىنى توسۇۋالغانىدى. شەھمۇز ئوۋ ئوۋلاشقا تولىمۇ ئامراق ئىدى، بىز ياش چاغلاردا بىرنەچچە قېتىم بىللە ئوۋ ئوۋلىغىلى بارغان، ئۇ ناھايىتى مەرگەن ئىدى. مەن ئۇنىڭ بىرەر قېتىممۇ ئوقنى زايە قىلىۋەتكەنلىكىنى كۆرمىگەنىدىم. ئەنە شۇنداق ئوۋلارنىڭ بىرىدىن قايتىپ كېلىۋاتقاندا شەھمۇز ئۆلگۈرەلمەي قاپتۇ، ھاسان

دەريا قىنىنىڭ ئەڭ تار يېرىگە يوشۇرۇنۇۋېلىپ شەھمۇزنىڭ پېشانىسىگە ئاتقانىدى. باشقىلار ئۆزلىرىنىڭ بېگىگە قانداق ئوق تەگكەنلىكىنى بىلىپ بولغۇچە، ھاسان ئاللىقاچان ئۇ يەردىن كەتكەنىدى. ئەمما، ئۇلار چېگراغا يېقىن يەردە ھاسانغا يېتىشىۋېلىپ، ئۇنى ئېتىۋەتتى. بىزنىڭ قول - پۇتىمىز سۇندى. قانىتىمىز ئۇزۇلدى. شەھنازنىڭ سول تەرىپى پالەچ بولۇپ قالدى، ھاسانىنىڭ خوتۇنى بىز بىلەن مېڭىشقا ئۇنىماي ئۇچ قىزىنى ئېلىپ، ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە كەتتى. بىز ئۇنىڭغا ئىككى يۈز مو يەرنى قالدۇرۇپ قويدۇق. قالغان يەرلەرنىڭ ھەممىسىنى سېتىپ، گۈلغىدان بىلەن ئەرولنى ئېلىپ بۇ يەرگە كەلدۇق.

بۇلارنى سۆزلەۋېتىپ، بوۋاي شۇ چاغدىكىگە ئوخشاشلا يەنە بىر قېتىم ئازابلاندى. ئۇ ئورۇندۇقتا تۈگۈلۈپ قالغان، دېمى سىقىلىپ ھاسىراپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن يان تەرەپتىكى ئۇستەلدىن ئىستاكاننى ئېلىپ، سۇ ئىچتى. ئايسۇن ئېقىۋاتقان ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ بۇ يەرگە تۇنجى قېتىم مېھمان بولۇپ كەلگەن كۈننى ئەسلىدى، ئۇ شۇ چاغدا دېرىزىدىن كۆرۈنىدىغان مەنزىرىگە مەپتۇن بولۇپ قالغانىدى. ئۇ كىچىك چاغلىرىدا دادىسى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەرگەن ھېكايىلەردە، ھامان دېڭىزغا قارايدىغان بالكون ياكى گۈللۈك بار ئىدى. «بىچارە دادامنىڭ ئايالى بىلەن تىنچ ئوكيانىنىڭ قارشى قىرغىقىدا ئۆتكۈزگەن ئاشۇ بەختلىك كۈنلىرىنى نەقەدەر ئەسلەيدىغانلىقىنى كىممۇ بىلەر؟ كەنتتە ئۇ دائىم تۆپىلىكتىكى ئۈزۈمزارغا قارىغىنىچە چوڭقۇر خىيالغا چۆكۈپ كېتەتتى. مەن نەچچە قېتىم ئۇنىڭ كۆزىدىن ياش ئاققانلىقىنى كۆردۇم، سورىسام ‹كۆزۈمگە قۇم كىرىپ كەتتى› دېگەنىدى. ئۇلار ئامېرىكىدىن نەقەدەر گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلار بىلەن قايتىپ كەلگەن - ھە! تەقدىر بۇ ئائىلىگە شۇنداق رەھىمسىزلىك قىلغانىدى. ئازاب بىلەن تولغان ھايات» دەپ

ئويلىدى ئايسۇن. قارشى قىرغاقتا كەچكى شەپەق نۇرى كۆرۈنمەيتتى، ئۇنىڭ ئورنىنى قاراڭغۇلۇق ئالغانىدى. داچىدىن چىققان چىراغ نۇرى دېڭىزغا چۈشۈپ، دېڭىزدا يول - يول نۇرلارنى ھاسىل قىلغانىدى. تاھسىن ئايالىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنى تولۇپ تاشقان مۇھەببەت بىلەن قۇچاقلىدى. ئايسۇن گويا ماغدۇرىدىن كەتكەندەك ئېرىگە يۆلەندى، ئۇلار شۇنداق ھالەتتە سىرتتىكى مەنزىرىگە قاراپ تۇرۇشتى. ئۇلار ھاياتىدا خۇددى يېڭى بىر سەھىپە ئېچىلغاندەك بۇ بىرقانچە كۈندىن بۇيان بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلىمەكتە ئىدى.

— خەلىل بېگىم، غىزا تەييار بولدى.

ئۇلار خىزمەتكارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندىن كېيىنلا ئاندىن ئۆزىگە كەلدى.

ھېچكىم خىزمەتكارنىڭ كىرگەن تىۋىشىنى ئاڭلىمىغانىدى. ئەمما، ئۇ ھەممە گەپلەرنى ئاڭلاپ، يەنە بىر قېتىم ئاشۇنداق كۆنلەرنى ئۆتكۈزگەندەك بولدى، ئۇ كۆزلىرىگە ياش ئالغىنىچە خەلىل ئەپەندىگە قارىدى. خەلىل ئەپەندى ئورۇندۇقتا رۇس ئولتۇرۇش ئۇچۇن تىرمىشىۋاتاتتى.

— ۋەسەل، بىز بۇگۇن كەچرەك غىزا يەيمىز. ئاشپەزگە دەپ قوي، ئۇلار شۇ بويىچە تەييارلىق قىلسۇن.

— خوپ بېگىم، شۇ تاپتا سىلىگە بىرەر نەرسە كېرەكمىكىن؟

— ماڭا بىر ئىستاكان سۇ ئەكېلىپ بەرگىنە.

خىزمەتكار ئەينەك قاچىدىن بىر ئىستاكان سۇ قۇيۇپ، خەلىل ئەپەندىنىڭ يېنىدىكى شىرەگە قويۇپ قويدى.

— ساڭا تەشەككۈر، ۋەسەل.

— سىلىگە ھەم تەشەككۈر، بېگىم.

ۋەسەل خانىدىن ئۇنسىز چىقىپ كەتتى، ئارىدىكى جىمجىتلىقنى يەنىلا خەلىل ئەپەندى بۇزدى:

— مەن بۇ يەرگە كېلىپ، سەپدىشىم رېفكىنى تېپىۋالدىم. ئۇ

مەن بىلەن بىر روتىدا ئەسكەر بولغان. ئۇنىڭ دادىسىنىڭ بىرنەچچە چوڭ مەرمەر تاش كانلىرى بولۇپ، مەرمەر تاشلارنى دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەرگە ئېكسپورت قىلاتتى. دادىسى نۇرغۇن كۈچ سەرپ قىلىپ رېفكىنى ئوبدان ئوقۇتماقچى بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئۆزىگە ئوخشاش بىر توپ قۇرۇق سۆلەت بايۋەچچىلەر بىلەن ئارىلىشىپ، تولۇق ئوتتۇرىنى ئارانلا پۈتكۈزدى. ئەسكەرلىككە بارغۇچە ئاپىسى ئۇنىڭغا ئوغرىلىقچە بېرىپ تۇرغان پۇللار بىلەن كەيپ ـ ساپا سۈرۈپ كەلدى. ئۇنىڭ بىرەر ھۈنىرى يوق ئىدى. ئەمما، ئەسكەرلىك ھاياتى ئۇنىڭدا ناھايىتى زور ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى. ئۇ ھەربىي لاگېردا تۇرمۇشنىڭ ھەقىقىي چىن مەنىسىنى بىلىپ يەتتى. بىز ناھايىتى ياخشى دوستلاردىن بولۇپ قالدۇق، ھەربىي سەپتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇ دادىسىنىڭ پۇتىغا پۇت، قولىغا قول بولدى. قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە شىركىتىنىڭ بارلىق باشقۇرۇش خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولۇپ، ياخشى بىر كارخانىچى بولۇپ يېتىشتى. بىز ھەربىي سەپتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن پات ـ پات كۆرۈشەلىمىدۇق. ئۇ ماڭا ناھايىتى زور ياردەم قىلدى. مېنىڭ بۇنداق چوڭ شەھەردە ماكان تۇتۇپ، ئۆز ئىگىلىكىمنى تىكلىشىم تامامەن ئۇنىڭ ياردىمىدىن بولدى.

بىز شۇنچىۋالا كۆپ ئاپەتلەرنى بېشىمىزدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن بۇ يەردە تىنچ تۇرمۇش كەچۈردۇق. بۇ مەزگىلدە گۈلغىدان يەنە توي قىلدى. بىر يىلدىن كېيىن جانەرنى تۇغدى. ئەرولمۇ چوڭ بولۇپ، ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقتى. بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى شەھنازغا بەك ياقتى، ئۇ ماڭالايدىغان، ئۆز ئىشلىرىنى ئۆزى قىلالايدىغان بولدى. بەزىدە ئۆيگە بېكىنىۋېلىپ، ھېچكىم بىلەن كۆرۈشمەيتتى، بىر قېتىم مەن ئۇنىڭ ئوغلىمىزنىڭ سۈرىتىگە قاراپ سۆزلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. مېنىڭ ئۆيدە ئىكەنلىكىمنى بىلمىگەچكە ئۆز ـ ئۆزىگە: «ئوغلۇم، سەن نەدە؟ سەن ھاياتمۇ؟ مېنىڭ بەكلا بىلگۈم بار. سەن نېمىشقا ماڭا بىرەر

پارچە خەت يازمايدىغانسەن؟» دېدى. مەن ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ھەيرانلا قالدىم. دېمەك، ئوغلۇم تېخى ئۆلمەپتىكەن ـ دە، شەھناز بۇنى بىلىسىمۇ، شۇنچە يىللاردىن بۇيان مېنىڭدىن ئىزچىل يوشۇرۇپ كەلگەنىكەن. مەن ئۇنىڭدىن سورىسام، ئۇ ئوغلىمىزنى ھايات ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، بىز قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى قىلىشىمىز كېرەك، بىز ئۇنى يۇرتىمىزغا دەپنە قىلدۇق. ئەمما، جەسەت ئۇنىڭ ئەمەس. باشقىلار شۇنداق دەپ يۇرسۇن، دېدى، بىز بۇ گەپنى كېيىن قايتا تىلغا ئالمىدۇق. بۇ مەزگىلدە مېنىڭ سوداممۇ زورايدى. مەن دەسلەپتە بىر پىششىقلاپ ئىشلەش دۇكىنى ئاچقان، كېيىن ئۇنى ئۆكرە زاۋۇتىغا ئۆزگەرتتىم. شۇنىڭ بىلەن يەنە پېچىنە ـ پىرەنىك ئىشلەش ئىشىنىمۇ قىلدىم. مەن جان تىكىپ تىرىشىپ ئىشلىدىم. مەن پەقەت ئىشلىگەن چاغدىلا بالىلارنى ئاز ـ تولا ئۇنتۇيتتىم. بىزنىڭ تەقدىرىمىزدە ئەمدى بۇرىلىش بولىدىغان بولدى دەپ يۈرگەن چاغدا، تەقدىر بىزگە يەنە بىر قېتىم زەربە بەردى. گۈلغىدان ساقايماس كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ قالدى، لوندون، ئامېرىكىلاردىكى نۇرغۇن دوختۇرخانىلارغا بېرىپ داۋالانغان بولسىمۇ، داۋالاش ئۈنۈم بەرمىدى. بىز پۈتۈن ئۈمىدىمىزنى ئۈزگەنىدۇق، قىزىمىز كۆز ئالدىمىزدا كۈندىن ـ كۈنگە ئورۇقلاپ كېتىۋاتاتتى. گۈلغىدانىنىڭ ئۆلۈمى بىزنىڭ ھايات يولىمىزنى ئۈزۈپ قويدى، بىز تۆت بالىمىزدىن ئايرىلدۇق. شۇنىڭ بىلەن مەن جىمى كارخانا، كۆچمەس مۈلۈكلىرىمنى سېتىۋەتتىم، مېنىڭ خىزمەت قىلغۇدەك ماغدۇرۇم قالمىغاچقا، بىر بۇلۇڭغا كىرىپ، كىرىپىدەك تۈگۈلۈپ، ئۆلۈمنى كۈتۈپ تۇردۇم. شەھناز بىزنى تاشلاپ كەتتى. مەنمۇ بۇ ئورۇندۇققا باغلىنىپ قالدىم. ئەمما، نېمىلا دېگەنبىلەن ھايات يەنىلا داۋاملىشىۋاتاتتى. نەۋرىلىرىم كۈندىن ـ كۈنگە چوڭ بولدى. ئۇلارنىڭ مۇھەببىتى بىزنى يەنە تۇرمۇش قوينىغا قايتۇرۇپ كەلدى.

ئەرول بىلەن جانەر بوۋىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، بوۋىسىنىڭ قوللىرىنى تۇتتى. بوۋىسىمۇ ئىككى نەۋرىسىنى ئۆزىگە تارتىپ باغرىغا باستى.

— بالىلىرىم، مەن ئەسلىدە هاياتىمدا پەقەت مۇشۇ ئىككى تال دەرەخ شېخىلا قالدى دەپ ئويلاپ يۈرەتتىم، ئەمما مەن يەنە يوغان بىر تۇپ دەرەخكە ئېرىشتىم.

ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەۋاتاتتى. ئۇ كۆتۈرەلمەيدىغان قولىنى تولىمۇ تەستە ئايسۇنغا ئۇزارتتى، ئايسۇننىڭ هەسرەتلىك قوڭۇر كۆزلىرىدە ياش لىغىلدايتتى. ئايسۇن ئۇلارنىڭ يېنىغا ئاستا كېلىپ، بوۋاينىڭ ئۇزارتقان قولىنى تۇتۇپ، بېشىنى بوۋاينىڭ تىزىغا قويدى. ئۇزاقتىن بۇيان قىلماقچى بولغان سۆزىنى ئاخىر دېدى:

— بوۋا...

تاهسىن ئاستا بالكونغا چىقتى، ئۇ بۈگۈن نۇرغۇن ئىشلارنى ئاڭلاپ، مېڭىسى قېتىپلا قالدى. ئۇ چوڭقۇر نەپەس ئالدى، سالقىن هاۋا ئۇنى سەگەكلەشتۈردى. كېچە، سىرت تىنچ ئىدى. ئەمما، بىردىنلا يان تەرەپتىكى گۈللۈكتىن بىر كاككۇك خەندان ئۇرۇپ سايرىدى.

# ئون توققۇزىنچى باب

ئالتۇن شاردەك تاۋلانغان قۇياش ئورما ئوروۋاتقان دېھقانلارنى رەھىمسىزلەرچە كۆيدۈرەتتى. ئىپتىزلىقتا ئەمگەك قىلىۋاتقان دېھقانلار باشلىرىدىكى ياغلىقلىرىنى ئېلىپ، يۈز ـ كۆزلىرىدىكى تەرلىرىنى سۈرتەتتى. ئابزەر بېلىنى رۇسلاپ بىردەم دېمىنى ئالدى، تەر ۋە توپا ـ چاڭ بىلەن كىر بولۇپ كەتكەن ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن يۈزى، بويۇنلىرىدىكى تەرلىرىنى سۈرتتى. ئۇنىڭ قورسىقى خېلى بۇرۇنلا ئاچقانىدى. ئۇ ئېتىزنىڭ ئۇ تەرىپىدە ئىشلەۋاتقان خوتۇنىغا قاراپ قويدى. خوتۇنى ئورغاقنى قولاشمىغاندەك تۇتۇپ ئورما ئوروۋاتاتتى. ئەمما، ئەتىگەندىن ھازىرغىچە ئاران كىچىككىنە بىر يەرنى ئوروغانىدى، راستىنى دېگەندە نازلى ئابزەر ئەندىشە قىلغاندەك ئەمەس ئىدى، ئۇ ئىشلارغا ھامان ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە سەۋرچانلىق ۋە كەسكىنلىك بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. ھەرگىز قولىنى سوغۇق سۇغا سېلىپ باقمىغان زەردار ئائىلىنىڭ قىزىغا ئوخشىمايتتى. ئۇلار بۇ چەت، يىراق كەنتكە كەلگەندىن بېرى نازلى بىر قېتىممۇ زارلىنىپ باقمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئارقىغا قايتىشقا بولمايدىغان يولغا قەدەم باسقانلىقىنى بىلگەچكە، ئېرىگە، ئائىلىسىگە پۈتۈن نىيىتى بىلەن بېرىلگەنىدى. ئېرىنىڭ ئاپتاپتا كۆيگەن چىرايىدىن بەخت كۈلكىسى ئۆچمەيتتى. ئابزەر ئورغىقىنى ئۆنچە ئۈستىگە قويۇپ قويۇپ، نازلىنىڭ يېنىغا قاراپ ماڭدى. نازلىمۇ ئۇنى كۆرۈپ قولىدىكى ئورغىقىنى قويۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ، يۈز ـ كۆزلىرىدىكى تەرلەرنى سۈرتتى. ئۇلارنىڭ چوڭ ئوغلى ئۇلارنىڭ ئولتۇرۇپ دەم ئېلىۋاتقانلىقىنى

كۆرۈپ دادىسىغا قاراپ توۋلىدى:

— دادا، بىزمۇ دەم ئالامدۇق؟

— ئاۋۋال دەم ئېلىپ، قورساقنى تويدۇرۇۋېلىپ، ئاندىن ئىشلەيلى.

ئوغلىمۇ دادىسىغا ئوخشاش بۇغداي ئۆڭ، ئېگىز بوي ئىدى. ئۇ ئەمدىلا ئون تۆت ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، بويى دادىسىغا يېتىشىپ قالاي دېگەنىدى. كەنتتە ئوتتۇرا مەكتەپ بولمىغاچقا، ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن ئوقۇشتىن توختاپ قالغانىدى. ئەمما، ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئۇنى ھەقسىز ياتاقلىق مەكتەپتە ئوقۇسۇن دەپ كۆپ سۆزلىگەن بولسىمۇ، دادىسى بولمىغاچقا ئاپىسى قوشۇلمىغانىدى. دادىسى مۇشۇ قىشتا بازارغا كۆچۈپ بېرىپ، ئۇنى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتماقچى بولدى. دادىسى ئاشلىق ساتقان پۇلغا بازاردا بىر ئۆي ئىجارە ئېلىپ، ياغاچچىلىق دۇكىنى ئېچىشنى نىيەت قىلغانىدى. ئۇ چاغدا ئوغلى مەكتەپتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن دادىسىغا ياردەملىشەلەيتتى. بالا يۈز ـ كۆزلىرىدىكى تەرلەرنى سۈرتۈپ، دادىسىنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇچەيلەن ئېتىز بېشىدىكى دەرەخ سايىسىغا قاراپ ماڭدى. ئۇلار دەرەخ سايىسىغا يېقىن كېلەي دېگەندە ئىككى دەرەخ ئارىسىغا ئېسىلغان سەگەنچۈكتىن بالىنىڭ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. نازلى يۈگۈرۈپ بېرىپ سەگەنچۈكتىكى بالىنى قۇچىقىغا ئالدى. بالىنىڭ قورسىقى ئېچىپ، تەرلەپ ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ نازلىنىڭ بېشىدىكى ياغلىقنىڭ ئۇچىنى ئېمىپ كەتتى. ئەمما، ئۇنىڭدىن سۈت چىقمىغاچقا بالا يەنە قاتتىق يىغلاپ كەتتى. نازلى دەرەخ سايىسىدا دەرەخكە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، پۇلتىيىپ چىققان كۆكسىنىڭ توپچىسىنى بالىنىڭ ئېغىزىغا سالدى. بالا نازلىنىڭ كۆكسىنى تاقەتسىزلىك بىلەن ئېمىشكە باشلىدى.

ئابزەر ئوغلى تېرىپ كەلگەن شاخ ـ شۇمبىلار بىلەن ئوت ياقتى. توشتۇرۇپ سۇ قۇيۇلغان چۆگۈنگە ئازراق چاي سېلىپ

ئوتقا قويدى. چۆگۈن ئاللىبۇرۇنلا ئىسسىشىپ قارىداپ كەتكەنىدى. ئۇ دەرەخ سايىسىغا قويۇپ قويغان كورۇشكىدىكى سۇنى قانغۇچە ئىچتى. بۇ چاغدا ئوغلى قازانغا پىياز توغراۋاتاتتى. قازانمۇ ئوخشاشلا ئىسسىشىپ قارىداپ كەتكەنىدى. بوۋاق قانغۇچە ئەمگەندىن كېيىن، تاتلىق ئۇيقۇغا كەتتى. نازلى بوۋاقنى ئاستا سەگەنچۆككە ياتقۇزۇپ، بېشىنى مېھرىبانلىق بىلەن سىلاپ قويدى. ياستۇق يېنىدىكى داكىنى ئېلىپ ئۇنىڭ باش - كۆزىدىكى تەرلەرنى سۈرتۈپ قويدى. ئۇ تاھسىنىغا ئوخشايتتى. «ئوغۇل تاغىسىغا ئوخشايدۇ، دېگەن گەپ بىكار دېيىلمەپتىكەن» دەپ ئويلىدى نازلى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قەلبىدە يەنە ئوتلۇق سېغىنىش پەيدا بولدى. نازلى ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ، ئوچاق يېنىغا كېلىپ، پىياز سېلىنغان قازانغا ئازراق ياغ قۇيدى. چاي قاينىغانىدى. ئۇ چۆگۈننى ئېلىپ بىر چەتكە قويدى. قورۇلغان پىيازنىڭ مەززىلىك پۇرىقىدىن ئابزەرنىڭ قورسىقى تېخىمۇ ئېچىپ كەتكەندەك بولدى، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئېشەكنىڭ دۈمبىسىگە ئارتىپ قويۇلغان خۇرجۇندىن بولكىنى ئېلىپ ئىككى پارچە ئوشتۇپ يېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئېچىرقاپ كەتكەن قارنى سەل بېسىققاندەك بولدى. ئاندىن قولىدىكى ناننى يەنە ئوشتۇپ، چوڭ بىر پارچىسىنى ئوغلىغا سۇندى. ئوغلى يېمەيمەن دېگەندەك قىلىپ بېشىنى چايقىدى.

— يەۋەرگىن دادا. قورسىقىم ئاچمىدى.

ئوغلى ئاپىسى كەتكەندىن بۇيان ئانچە گەپ قىلمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئاپىسى ئانىسىنىڭ ئۆيىگە بارغاندىن كېيىن، ئىنىسىنى ئەگەشتۈرۈپ بىر سودىگەر بىلەن قېچىپ كەتتى. دادىسى سىرتقا مەدىكار ئىشلىگىلى ماڭىدىغان چاغدا ئۇنىڭغا: «مەن ئاپاڭ بىلەن ئىنىڭنى ساڭا تاپشۇردۇم» دەپ تاپىلىغانىدى. ئەمما، ئۇ بىر ئەر كىشى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئاپىسىنى تۇتۇپ قالالمىدى. دادىسى نازلىنى ئېلىپ مەھەللىگە كەلگەندە ئۇ

بىرقانچە كۈنگىچە دادىسىنىڭ چىرايىغا قارىيالمىدى. ئۆگەي ئاپىسىنىڭ قايتا ـ قايتا ئىلھاملاندۇرۇشى بىلەن ئاندىن دادىسىنىڭ قولىنى سۆيۈپ، ياخشى بولۇشتى. ئۇنىڭ كىچىككىنە سەبىي يۈرىكىدە ھامان مەن خاتا قىلدىم، دېگەن تۇيغۇ ھۆكۈم سۈرەتتى. ئەمما، ئابزەر بۇرۇنقى خوتۇننى ئاللىبۇرۇن ئۇنتۇپ كەتكەندەك قىلاتتى. ئۇ قايتىپ كەلگەن چاغدا مەھەللىدىكىلەرنىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن ئۇ قورال ئېلىپ، ئۇلارنى قوغلىماقچى بولغانىدى. ئەمما، نازلىنىڭ چىڭ تۇرۇۋېلىشى بىلەن ئۇ بۇ نىيىتىدىن يانىدى. ئەگەر ئابزەر تۈرمىگە كىرىپ قالسا، نازلى ئۆزىنىڭمۇ كىملەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى، شۇنىڭ بىلەن ئابزەر مەھەللىدىكىلەرنىڭ مەسخىرە گەپلىرىنى ئاڭلىماي دەپ، مەھەللىدىكى قەھۋەخانىغا بارمايدىغان بولدى. ئۇنىڭدا بازارغا كۆچۈپ بېرىش ئويى پەيدا بولدى. نازلىمۇ ئاممىۋى مائارىپ ئاچقان تىككۈچىلىك كۇرسىغا قاتنىشىپ، ئۆيىدە ئازدۇر ـ كۆپتۇر تىككۈچىلىك ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇشنى ئويلىدى. ئۇلار ئايسۇن بەرگەن تىللالارنى تېخى نەق پۇلغا ئالماشتۇرمىغانىدى.
نازلى ئايسۇننى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشى بىلەنلا كۆڭلىدە قاتتىق پۇشايمان ئۇنى بىئارام بولاتتى. ئايسۇن قورۇقتا يېڭى كېلىن بولۇپ كەلگەن چاغلاردا نازلى ئۇنىڭغا كۆپ ئەسكىلىكلەرنى قىلغان. ئەمما، ئايسۇن مېھرىبان، ھېچكىمگە يامانلىق قىلمايدىغان قىز ئىدى. ئۇ مەلىھا، نازلىلار بىلەن ياخشى دوستلاردىن بولۇپ قېلىشقا كۆپ تىرىشتى. ھېلىمۇ ياخشى ئۇنىڭ ئاپىسى ـــ چوڭ خانىم ئايسۇننى ھىمايىسىگە ئېلىپ، نازلىنىڭ تېخىمۇ كۆپ ئەسكىلىكلەرنى قىلىشىغا يول قويمىدى.
نازلى قورۇقتىن ئايرىلغان چاغدا ئايسۇن قول ياغلىققا ئورالغان تىللالارنى ھېچكىمگە تۇيدۇرماي ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇپ قويغانىدى. بۇ مەنزىرىلەرنى نازلى ھەمىشە چۈشىدە كۆرەتتى، ئويغانغان چاغدا پۈتۈن ئەزايى چىلىق ـ چىلىق تەرگە چۆمۈپ كېتەتتى. كۆڭلى

ئەنسىزلىككە تولاتتى. قورۇقتا مەلىھانىڭ يەنە قانداق ھىيلە ــ مىكىر، نەيرەڭلەرنى ئويناۋاتقانلىقىنى كىم بىلىدۇ؟ پۇرسەت دېگەن ئۇنىڭغا بار. تاھسىن نېمىشقا كاللىسىنى ئىشلىتىپ، ئايسۇننى شەھەرگە ئېلىپ كەتمەيدىغاندۇ؟

قورۇقتا مەلىھالا بولىدىكەن، ھېچكىمگە ياخشى كۈن يوق. نازلىنىڭ ھەممىدىن بەك سېغىنىدىغىنى ئۇنىڭ دادىسى ئىدى. دادىسى بىلەن ئاخىرقى قېتىم دىدارلىششقا پۇرسەت بولارمۇ؟ ئوچاقتىكى قازان قايىنىدى، شورپا توۋاقتىن تېشىپ كەتكەندىلا نازلى خىيالدىن ئويغاندى. بىر پارچە ئەسكى لاتا بىلەن قازاننى تۇتۇپ، ئوچاقتىن ئالدى. ئوتقا تامغان ياغنىڭ پۇرىقى ئەتراپنى بىر ئالدى.

ــــ ۋاي ئانامەي، ئوت بەك ئۇلۇغ ئىكەن ئەمەسمۇ. مەن بىلمەپتىمەن.

ئابزەر خاپا بولغان ھالدا ئورنىدىن تۇردى:

ــــ ھەي نازلى، سىز بىزنى ئاچ قويماقچىمۇ؟ قاراپ تۇرۇپ غىزانى كۆيدۈرۈپ قويدىڭىز. تولا قالايمىقان خىيال سۈرمەڭ، بىز تېخى بۇغدايىنىڭ يېرىمىنىمۇ ئورۇپ بولالمىدۇق، باشقىلار خامانلىرىنىمۇ تېپىپ بولۇپ، ئاشلىقلىرىنى ئامبارلىرىغا توشۇپ بولدى، ئەگەر يامغۇر يېغىپ قالسا تۆگەشكىنىمىز شۇ.

بۇ چاغدا بوۋاق يەنە يىغلاپ كەتتى.

ئوغلى دەرھال ئولتۇرغان جايىدىن قوپۇپ ئوچاق ئالدىغا كەلدى.

ــــ سىز بالىغا قاراڭ، تاماقنا مەن قاراي.

نازلى چۆمۈچنى ئوغلىغا بېرىپ، ئورنىدىن تۇردى.

ــــ رەھمەت ھامىد، ئۇ تەرەت قىلىۋەتكەن ئوخشايدۇ. ئەتىگەندىن بېرى ئۇنىڭ لاتىسىنى ئالماشتۇرمىغانىدىم.

بوۋاقنىڭ تەرىتى بەكمۇ جىق كەلگەنىدى. نازلى مىڭبىر جاپادا بوۋاقنىڭ بەدىنىنى سۈرتۈپ تازىلىدى. بوۋاقنىڭ بەدىنىگە ئىسسىقلىق ئۆرلەپ كەتكەنىدى. ئۇ بالىنىڭ كاسىسىنى يۇدى.

شۇنىڭ بىلەن بوۋاق ئارام تاپقاندەك بولدى. نازلى بوۋاققا ئازراق سۇ ئىچۈردى. ئاندىن ئاغزىغا ئېمىزگۈ سېلىپ قويۇۋىدى، بوۋاق يەنە ئۇخلاپ قالدى. بۇ بالا قورسىقى توق، تېگى قۇرۇق بولسىلا، زىنھار يىغلىمايتتى، تولىمۇ ياۋاش ئىدى. نازلى بەش ئاي ئىلگىرى ئۇنى ناھايىتى تەستە تۇغقان، تۇغۇپ بىرقانچە كۈنگىچە ئېسىگە كېلەلمەي، ئورنىدىن تۇرالمىغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ ھەممىسى ئېتىزدا ئالدىراش ئىشلەۋاتقاچقا، ئۇنىڭغا ھېچقانداق ياردەملىشەلمىگەنىدى. بۇ چاغدا ئۆيدە، ئېتىزلىقتا ھەممىدىن بەك ئالدىراش بولۇۋاتقان ئادەم ئابزەرنىڭ چوڭ ئوغلى ھامىد ئىدى. نازلى يېڭى كەلگەن چاغدا ھامىدنىڭ تۇرقىغا قاراپ يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى. نازلى دادا ـ بالا ئىككىيلەننىڭ ماي تارتىشىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئاپىسى قېچىپ كەتسە بالىدا نېمە گۇناھ، دەپ ئويلىدى. مەھەللىدىكى بالىلارمۇ ئۇنى دائىم بوزەك قىلاتتى، مەسخىرە قىلاتتى. بالا تەڭتۇشلىرى بىلەن ئوينىمايتتى. ئەتىدىن ـ كەچكىچە بۇلاقتىن سۇ توشۇيتتى. نازلىنىڭ ئېغىر ئىشلىرىنى قىلىشىپ بېرەتتى. ئەگەر ئۇلار بازارغا كۆچۈپ بارسىلا بالىغىمۇ ئوبدان بولاتتى. مەكتەپتە ئوقۇيالايتتى، باشقىلارنىڭ بوزەك قىلىشىدىن قۇتۇلاتتى. ئابزەرمۇ بازاردا دۇكان ئاچىمەن دېگەنىكەن، بۇ ئىشنى كېچىكتۈرۈشنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق ئىدى، ئۇ چاغدا نازلىمۇ ئاممىۋى تەربىيە كۇرسىغا قاتنىشالايتتى. ئەگەر ئۇ تىككۈچىلىك ھۈنىرىنى تېخىمۇ ئۆستۈرەلىسە، ئەتراپتىن ئاز ـ تولا ئىش تېپىپ قىلىپ، ئۆيىنىڭ ئۇششاق ـ چۈششەك خىراجەتلىرىنى قامدىيالايتتى.

— ئىلاھىم، يامغۇر يېغىشتىن بۇرۇن زىرائەتلەرنى يىغىۋالارمىز، — دېدى نازلى چوڭقۇر تىنىپ.

غىزا پىشقانىدى، نازلى كىچىك ياغاچ سوغىدىن بىرقانچە پىيالىگە قېتىق بۆلدى. داستىخاننى سالدى. ئۇلارنىڭ قورساقلىرى ئېچىپ كەتكەچكە، جىم ئولتۇرۇپ غىزالاندى، نازلى

ئېشىپ قالغان قېتىقنى ھامىد بىلەن ئابزەرگە بۆلۈپ بەردى، ئۇ قاچا ـ قۇچىلارنى يىغىشتۇرۇپ، داستىخانغا يۆگەپلا ئېشەككە ئارتىقلىق خۇرجۇنغا سالدى. ئالغاچ كەلگەن سۇ بىلەن بوۋاقنىڭ كاسىسىنى يۇيۇۋەتكەچكە سۇ قالمىغانىدى. ئەمدى ئۆيگە قايتقۇچە ئۇسسۇزلۇقتا چىداشقا توغرا كېلەتتى. بۇ چاغدا ئابزەر دەرەخ سايىسىدا ئولتۇرۇپ ئەڭ ئاخىرقى بىر ئىستاكان چاينى ئىچكەچ تاماكا چېكىۋاتاتتى. ئۇ نازلى بىلەن ئوغلىنىڭ ئېتىزلىقتا چۇشۇشكە ئۆزىنى ساقلاپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، تاماكىسىنى بىر شوراپ، كۆتىكىنى توپىغا پاتۇردى. ئۇلار كەچ كىرگۈچە توختىماي ئىشلىدى. نازلى بەزىدە بالىسىنى ئېمىتەتتى، ئابزەرمۇ بەزىدە توختاپ تاماكا چېكەتتى. ئەمما، ئوغلى توختىماي ئورما ئورۇدى، ئۇنچىلەرنى تاغدەك دۆۋىلىۋەتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن خىيالى بازارغا كۆچۈپ كېتىشتە بولغاچقا، ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنىمۇ بىلمىدى. ئۇ دادىسىنىڭ چاقىرغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىنلا ئاندىن ئۆزىگە كەلدى.

— بولدى، ئوغلۇم، ئەمدى ئارام ئالايلى.

دادىسى بىلەن نازلى ئېشەك يېنىدا ئۇنى ساقلاپ تۇراتتى. ئۇ بەللىرىنى رۇسلىدى. ئۇنىڭ بېلى بۇرۇنلا ئاغرىپ كەتكەنىدى. ئۇ تەرلىرىنى سۈرتتى. ئورغاقنى مۈرىسىگە ئارتىپ، ئۇلارغا قاراپ ماڭدى. ئۇلار ئورغاقلارنى ئېشەككە تاڭدى، بوۋاق ئويغىنىپ، ئۇلارغا قاراپ كۈلدى. ھامىد نازلىنىڭ قۇچىقىدىن بوۋاقنى ئالدى، ئىنىسى ئاپىسى بىلەن كەتكەندىن بۇيان ئۇ ئۆزىنىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتىنى بۇ بوۋاققا بەرگەنىدى. ئۇ بوۋاقنى كۆتۈرۈپ ماڭدى، ئابزەر ئوغلىغا قاراپ پەخىرلەنگىنىچە دېدى:

— يىگىت دېگەن شۇ ـ دە.

نازلى شۇ زامان رەددىيە بەردى:

— بۇ گەپنى باشقىلار ئاڭلاپ قالسا، سىزنى يۈز ـ كۆزلىرىنى ئاپپاق ساقال ـ بۇرۇت باسقان بوۋاي ئوخشايدۇ، دەپ

قالامدۇ؟

— شۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟ مەن ئۇنىڭدەك ئىون تۆت ياشلىق بالا ئەمەس، قىرىققا كىرەي دەپ قالدىم.

— بولدى، بولدى، ۋايساۋەرمەڭ، بىز تېخى بازارغا كۆچۈپ بېرىپ سودا قىلمىدۇق. ئەگەر سىز ھازىرلا قېرىپ قالدىم دېسىڭىز، بىز سودا قىلىمىز دېگەن خىيالنى قىلمىساق بولغۇدەك، مەن سىزگە كىچىك كۆرپە تىكىپ بېرەي، سىز بۇلۇڭدا ئۇنى ئاستىڭىزغا قويۇپ سەگۈنچەكنىڭ يىپىنى قاراڭغۇ چۈشكۈچە تارتىپ ئولتۇرۇڭ، بولامدۇ؟

ئابزەر نازلىنىڭ چاقچىقىنى ئاڭلاپ، خۇشاللىقتىن يۇمۇلۇپ كەتكەن كۆزلىرىدە نازلىغا قارىدى ۋە مۇلايىم تەلەپپۇزدا:

— مەن بۇلۇڭدا ئولتۇرۇپ سەگەنچۈكنى قانداق تەۋرىتىشنى سىزگە كۆرسىتىپ قويسام بولاتتى، ئەمما تولىمۇ ئەپسۇس بۇ يەر مۇۋاپىق ئەمەس ئىكەن، — دېدى.

نازلى يالغاندىن خاپا بولدى:

— ئېغىزىڭىزنى يۇمۇڭ، بالىمىز ئاڭلاپ قالىدۇ. ئۇ ھازىر چوڭلا ئادەم بولۇپ قالدى. ئادەمنى ئىزا تارتقۇزۇپ دېگەن گېپىنى قارا.

ئوغلى ئۇلارنىڭ ئالدىدا خېلى يىراقتا كېتىۋاتاتتى. ئۇ كىچىك ئىنىسىنى ئوينىتىش بىلەن ئاۋارە بولغاچقا، ئۇلارنىڭ گېپى قۇلىقىغا كىرمەيتتى.

ئېتىز مەھەللىگە ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۆيى مەھەللىدىكى مەكتەپكە يېقىن ئىدى. مەكتەپ دەرۋازىسىغا توپلىنىشۋالغان بىر توپ ئادەم يىراقتىنلا كۆرۈندى. بۇ چاغدا ئادەتتە بازاردىن ياكى ئۆلكىدىن ئادەم كەلمەيتتى. ئەمما، بۈگۈن كىم كەلگەندۇ؟ ئۇلار يېقىنراق كېلىپ، مەھەللىدىكىلەرنىڭ چوڭ بىر قارا پىكاپنى ئورىۋېلىشقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە بىرنېمە دەۋاتقاندەك قول ئىشارىسى قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

ئابزەر بىر قاراپلا بىلدى:

— ئۇلار بىزنى چاقىرىۋاتقان بولسا كېرەك. نېمە ئىش بولغاندۇ؟ — ئۇ قەدەملىرىنى تېزلەتتى، مەھەللىدىكىلەر ئۇنىڭغا قاراپ تووۋلاشتى:

— ئابزەر، بىرسى سىزنى ئىزدەپ كەپتۇ.

ئابزەر بىلەن نازلى جايىدا تۇرۇپلا قالدى، ئۇلار يۈرەكلىرى گېلىغا كەپلىشىپ قالغاندەكلا بولۇۋاتاتتى، ئۇلار بارلىق قەرزلىرىنى ئۈزۈۋەتكەن تۇرسا، يەنە نېمە ئىش بولغاندۇ؟ ئەمما، باشقا ئامال يوق ئىدى. كەلگەن ئادەم كىم بولسا بولمامدۇ. بىزنى ئۇرۇپ كەتمەس، ئابزەرنىڭ بەدىنى غۇژژىدە بولۇپ كەتتى. بازاردىكى جازانىخورغا پۇل تۆلەيدىغان چاغدا ئۇ ئابزەرنىڭ بېشىغا مىلتىق تىرەپ تۇرۇپ: «ئەگەر سېنى يەنە قىمارخانىدا كۆرۈپ قالىدىغان بولسام، قىلچە رەھىم قىلماي ئېتىۋېتىمەن» دېگەنىدى. شۇ كۈنىدىن باشلاپ ئابزەر قىمار ئوينىمىدى. ئەجەبا، ئۇلار كونا ھېسابنى يەنە سۈرەپ چىققانمىدۇ؟ ئابزەر بىلەن نازلى يەرگە مىخلاپ قويغاندەك تۇرۇپلا قالدى. ئۇلار ھەم ماڭالمىدى، ھەم گەپ قىلالمىدى. بۇ چاغدا توپ ئىچىدىن ئالىپتە كىيىنگەن بىر ئادەم ئۇلارغا قاراپ كەلدى. نازلى دەسلەپتە چۈش كۆرۈۋاتسام كېرەك دەپ قالدى. كېيىن ئۇ ئادەمگە قاراپ جېنىنىڭ بارىچە يۈگۈردى. كىشىلەر ھەيرەت نەزەرلىرى بىلەن ئۇلارغا قاراپ قېلىشتى، ئاكا ـ سىڭىل ئىككى قېرىنداش چوڭقۇر سېغىنىش ئىستىكى بىلەن قۇچاقلاشتى. نازلى ھوشىدىن كېتىشتىن بۇرۇن ئەڭ ئاخىرقى كۆرگەن نەرسىسى تاھىسىنىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان چىرايى ئىدى.

# يىگىرمىنچى باب

## بەش يىلدىن كېيىن

بۇ يىل ئاناتولىيەنىڭ ھەممە يېرىدە قۇرغاقچىلىق بولدى. چېگرا لىنىيەسىدىكى سىم تور تارتىلغان يەرلەر چاك ـ چاك بولۇپ يېرىلىپ كەتكەنىدى. ئېتىزلاردىكى بۇغدايلار باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ تۇرۇشاتتى. مەھسۇلات مىقدارى ئۆتكەن يىلنىڭ يېرىمىغىمۇ يەتمەيدىغاندەك تۇراتتى، قۇياش پوتكۇل زېمىننى ئوتتەك قىزدۇرۇپ، قارشى تەرەپتىكى قىيا تاشلىق ئارقىسىغا غايىب بولۇش ئالدىدا تۇراتتى. تاغ باغرىدىن بىر ئاتلىق ئادەم چىقىپ، كەنتتىكى تاشلاندۇق قەبرىستانغا قاراپ ماڭدى، ئۇ تېقىر دوپپىسىنى بېسىپ كىيىۋالغان، تېقىر دوپپىسىنىڭ ئەتراپىدىن چىقىپ تۇرغان چاچلىرى ۋە ساقاللىرى سەل ئاقارغانىدى. ئاپتاپتىن قارىدىغان چىرايىدا يول ـ يول قورۇقلار بار ئىدى. ئۇ ئەتراپتا ئادەم يوقلۇقىنى جەزملەشتۈرگەندىن كېيىن، ئاتتىن چۈشۈپ، قەبرىستان تەرەپكە قاراپ ماڭدى، رەت ـ رەت قەبرە ئابىدىلىرىنىڭ بەزىلىرى سۇنۇپ كەتكەن، بەزىلىرى قىڭغىيىپ قالغان، قەبرە بېشىدىكى ئوت ـ چۆپلەرمۇ سارغىيىپ، قۇرۇپ كەتكەنىدى. ئۇ ئاخىر بىر يەرگە قويۇلغان ئىككى قەبرە ئالدىغا كېلىپ توختىدى. بىر قەبرە ئابىدىسىگە «كارول ھانجى ئوغلى» دەپ، يەنە بىر قەبرە ئابىدىسىگە «ئۆمەر ھانجى ئوغلى» دەپ يېزىلغانىدى. ئۇ ئاستا يۈكۈنۈپ ئولتۇردى. مۈرىسىدىن خۇرجۇننى ئېلىپ، ئۇنىڭدىن سولىشىپ قالغان بىر باغلام ئاق ئەتىرگۈلنى ئېلىپ، بىر قەبرىنىڭ ئالدىغا قويدى ۋە

مىدىر ـ سىدىر قىلماي بىردەم گويا كۆز نۇرلىرى بىلەن بۇ قەبرە تېشىنى تېشىۋېتىدىغاندەك جىمجىت ئولتۇردى، ئاندىن پەس ئاۋاز بىلەن گەپ باشلىدى:

ـــ سۆيۈملۈكۈم، مەن يەنە كەلدىم. مەن سىز ئىنتايىن ئامراق ئاق ئەتىرگۈلنى ئەكەلدىم. مەن ھاياتلا بولىدىكەنمەن، سىزگە ئۆزۈلدۈرمەي ئاق ئەتىرگۈل ئەكېلىپ تۇرىمەن، تۇرمۇش بىزگە قاتتىق رەھىمسىزلىك قىلدى. ئەمما، بىز ئاجايىپ ئۇلۇغۋار غايە بىلەن بۇ يەرگە كەلگەنىدۇق. بىلەمسىز، مەن سىزنى، قىزىمىزنى، بىللە ئۆتكەن گۈزەل چاغلارنى شۇنچىلىك سېغىنىدىم. مەن پەقەت بىزنىڭ بىردىنبىر بالىمىزنىڭ قانداق ئۆتۈۋاتقانلىقىنى بىلىش ئۈچۈنلا بۇ دۇنيادا ياشاۋاتىمەن. بىلەمسىز، بىزنىڭ قوشكېزەك نەۋرىمىز بار ئىكەن، ئۇلارنىڭ بىرسىگە سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى قويۇپتۇ. سىزنىڭ ئاتا ـ ئانىڭىز شۇلار بولغاچقىلا، سىزگە بولغان سېغىنىشىنى بېسىپ كېلىۋېتىپتۇ. تاھسىن مەن تەسەۋۋۇر قىلغاندىنمۇ بەك زېرەك، سەمىمىي ئىكەن. ئۇ ئىككى يىل ئىچىدە چاندۇرماي ئىزدەپ مېنى تاپتى. مەن ھازىر ئۇنىڭ ياردىمىدە قىزىمىز بىلەن نەۋرىمىزنى يىراقتىن بولسىمۇ كۆرەلەيدىغان بولدۇم، سىز يەر قوينىدا. مەن بولسام ئۇستىدە، ئەمما بىز ئايرىلالمايدىغان ئادەملەر.

ناتونۇش ئادەم مىدىر ـ سىدىر قىلماي يەرگە قاراپ ئولتۇرۇپ، تۇپراق بېشىدىكى توپىنى قامالىدى. ئۇ شۇ يەردە نەچچە سائەت ئولتۇردى. ئۇ پات ـ پات پەس ئاۋاز بىلەن بىرنېمىلەرنى دەيتتى. كەچ كىرىپ قاراڭغۇ چۈشتى، يۇلتۇزلار چاراقلاپ تۇرغان ئاسماندا تولۇن ئاي ئېسىلىپ تۇراتتى، بۇ ناتونۇش ئادەم ئاستا ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزلىرى ياش بىلەن ھۆل بولۇپ، مەڭزىدە يول ـ يول توپا ئىزلىرىنى قالدۇرغانىدى. ئۇ كۆڭلىكىنىڭ پېشى بىلەن يۈزىنى سۈرتتى ۋە خۇرجۇننى ئۈشىنىسىگە ئارتتى. ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، بوغۇق

ئاۋازى بىلەن دېدى:

— سۆيۈملۈكۈم، مەن كەتتىم، يول تېخى ئۇزۇن، بىلەمسىز. سىزدىن ئايرىلىش نەقەدەر قىيىن ـ ھە! مەن سىزنى ئىنتايىن سۆيىمەن: مەن سىزنى مەڭگۇ سۆيىمەن.

ئۇ تېز ـ تېز مېڭىپ قەبرىستاندىن چىقتى. ئېتىغا مىنىپ، قانداق كەلگەن بولسا يەنە شۇنداق يورۇپ كەتتى ۋە ئاستا ـ ئاستا تۈن قوينىدا غايىب بولدى.

NIEDERSÄCHS.
STAATS- U. UNI.-
BIBLIOTHEK
GÖTTINGEN

بۇ كىتاب جۇڭگو مۇھاجىرلار نەشرىياتىنىڭ 2010 ـ يىلى 2 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2010 ـ يىلى 2 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据中国华侨出版社2010年2月第1版，2010年2月第1次印刷本翻译出版。

بۇ كىتاب ئايشىگۈل ئۆزەرنىڭ ئىجازىتى بويىچە چىقىرىلدى

# غايىبتىن كەلگەن باغۋەن

ئاپتورى: ئايشىگۈل ئۆزەر (تۈركىيە)
تەرجىمە قىلغۇچى: دىلشات سۇلتان
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئىلدانە ئابدۇرېھىم
مەسئۇل كوررېكتورى: سەنەۋەر ئىبراھىم
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
تېلېفون: 0991 − 2827472
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830001
باسقۇچى: بېيجىڭ شۈنچېڭ رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى: 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 13.25
نەشرى: 2015 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
باسمىسى: 2015 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1 − 3000
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 − 7 − 228 − 18774 − 4
باھاسى: 37.00 يۈەن